ئادىل ياقۇپوف (ئۆزبېكىستان)

# ئۇلۇغبېگ خەزىنىسى

تەرجىمە قىلغۇچى : ئارسلان ئابدۇللا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

乌鲁克别克宝库 /〔乌孜别克斯坦〕亚克夫著；阿尔斯兰·阿布都拉译. 一 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.3 （2013.11 重印）

ISBN978 7-228-09935-1

Ⅰ.乌. ..Ⅱ.① 亚. .② 阿. ..Ⅲ. 乌孜别克 — 生平事迹 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.K835.126.14

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第023551号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 穆纳尔江·托合塔洪 |
| 编　　辑 | 帕提古丽·米吉提 |
| 责任校对 | 古丽夏尔·尼格买提 |
| 封面设计 | 买买提·努巴提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 15 5. |
| 插　　页 | 2 |
| 版　　次 | 2006年3月第2版 |
| 印　　次 | 2013年11月第3次印刷 |
| 印　　数 | 4001 7000 |
| 定　　价 | 32.00 元 |

# قىسقىچە مەزمۇنى

«ئۇلۇغبەگ خەزىنىسى» رومانى ئىككى قىسىمدىن ئىبارەت بولۇپ، بىرىنچى قىسىمدا بۈيۈك ئۆزبېك ئالىمى مىرزا ئۇلۇغبەگ ھاياتىنىڭ ئەڭ پاجىئەلىك چاغلىرى تەسۋىرلەنگەن. ئىككىنچى قىسىمدا بولسا، ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئىلمىي مىراسىنى ئاسراپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئېلىپ بارغان مەردانىلارچە كۈرەش ھېكايە قىلىنغان. رومان ئۇلۇغبەگ دەۋرىنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى توغرىسىدا ۋە ئاددىي خەلق ۋەكىللىرىنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە كەڭ تەسەۋۋۇر بېرىدۇ.

# بىرىنچى قىسىم

## 1

ۋاقىت تۈن يېرىمىدىن ئاشقان . رەسەتخانا[1] قاتتىق ئۈيقۇدا . ئادىتى بويىچە شۇ كېچىسىمۇ ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان مەۋلانە ئالائىددىن ئەلى ئىبنى مۇھەممەت قۇشچى ئاز-راق كەيپسىزلىنىپ ئورنىدىن تۇردى . لېكىن ، ئۇ قولىدىكى ئەس-ۋابلارنى ئۆز جايىغا قويۇپ بولغۇچە ، يۇقىرىدا — بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە ئاياغ تاۋۇشلىرى ئاڭلاندى . بۇ تاۋۇشلار رەسەتخانىدىكى تالىپى ئىلىملەرنىڭ[2] شەپىسىز قەدەملىرىگە ئوخشىمايتتى ، بەلكى لەشكەرلەرنىڭ تەكەللۇپسىز قەدەملىرىنى ئەسلىتەتتى . مەۋلانە سە-گەكلىشىپ ، تۈڭلۈكتىن ئۈستۈنكى قەۋەتنىڭ نەقىشلىك ئىشىكىگە تىكىلدى . تۇم قاراڭغۇ رەسەتخانىدا بوم ھەم قوپال ئاۋاز جاراڭلى-دى :

— مەۋلانە ئەلى ئىبنى مۇھەممەت قۇشچى ھەزرەتلىرى ! قۇد-رەتلىك شاھىم مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆرەگانى ھەزرەتلىرى بۇيرۇق قىلىدۇلەركى ، كۆكسارايدا دەرھال ھازىر بولغايسىز !

ئەلى قۇشچى قولىنى قاشلىرى ئۈستىگە ئېلىپ ، نۆكەرلەرنى ياخشىراق كۆرۈۋېلىشقا تىرىشتى . بىراق ، نۆكەرلەر مەشئەللىرىنى باشلىرى ئۈستىدە تۇتۇپ تۇرغاچقا ، پەقەت ئۇلارنىڭ قويۇق ساقال باسقان يۈزلىرىلا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

---

① رەسەتخانا — ئوبسېرۋاتورىيە ، يەنى مەخسۇس ئەسۋابلار بىلەن ئاسمان جىسىملى-رى ۋە مېتېئورولوگىيىلىك ھادىسىلەرنى كۆزىتىدىغان ئىلمىي ئورۇن ۋە ئۇنىڭ بىناسى .

② تالىپى ئىلىم — ئىلىم ئالغۇچى ، ئوقۇغۇچى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئـازراق ۋاقىت بەرگـەيسىز ، ئەسۋابـلارنى يىغىشتۇرۇۋالاي ، — دېدى ئەلى قۇشچى .

غۇۋا رەسەتخانىدا يەنە بايىقى ئاۋاز ياڭرىدى :

— ۋاقىت قىس ، ئاتلىرىمىز شاش مەۋلانە !

نۆكەرلەر ناھال قىقىلغان قوپال ئۆتۈكلىرى بىلەن مەرمەر پەلەمپەيلەرنى گۇرس ـ گۇرس دەسسىشىپ ئارقىسىغا يېنىشتى . قوللىرىدىكى مەشئەللەرنىڭ شولىسى تاملارنىڭ ھەل بېرىلگەن نەقىشلىرىنى يالاپ غۇۋالاشتى ، رەسەتخانا يەنە قاراڭغۇلاشتى . پەقەت تورۇستىكى تۈڭلۈكتىن ئاسماندا ئاجايىپ چاقناۋاتقان ئاپئاق ، يوغان يۇلتۇزلارلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . بۇ تۈڭلۈك شۇنداق ياسالغانىدىكى ، ئۇنىڭ ئاستىغا ئورنىتىلغان سېكستانت[1] يۈزىدە ئاسماندا سەيلە قىلىۋاتقان يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەتلىرى كۆزىتىلەتتى .

ئەلى قۇشچى قىسقىغىنا ئۆچكە ساقىلىنى تۇتاملاپ ، تۈڭلۈككە تىكىلگەن پېتى بىردەم تۇرۇپ قالدى .

ئۆتكەن كۈنى سەھەردە ، ئۇستاز مىرزا ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىغا قەدەم تەشرىپ قىلغانىدى . ئۇ يولۋاس تېرىسى يېپىلغان ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ ، تۇم قارا ئاسمانغا سىنچىلاپ قارىغان پېتى ئۇزاق خىيال سۈرگەنىدى .

ئەلى قۇشچى شۇنى بىلەتتىكى ، بۇ يىل ساھىبقىران[2] ئەمىر تۆمۈر تۇغۇلغان يىلدىكىدەك ، پەلەك قازىسى مۇشتىرى[3] بىلەن زۆھرە[4] يۇلتۇزىنىڭ بىر ـ بىرىگە يېقىن كېلىشى كۈتۈلۈۋاتقانىدى . كۆڭلى غەش بولۇۋاتقان دۆلەتپاناھ[5] بولسا ، بۇنىڭغا قانداقتۇر ئۈمىد باغلاپ ، نېمىنىدۇر كۈتەتتى .

مانا ، بىر ـ ئىككى يىل بولۇپ قالدى . خاقانى سەئىد دەپ

---

① سېكستانت — ئاسترونومىيىدە ئىشلىتىلىدىغان بۇلۇڭ ئۆلچەش ئەسۋابى .
② ساھىبقىران — بەخت ئىگىسى .
③ مۇشتىرى — يۇپىتېر .
④ زۆھرە — ۋېنېرا .
⑤ دۆلەتپاناھ — مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سۈپىتى بولۇپ ، دۆلەتنى ئۆز پاناھىغا ئالغۇچى دېگەن مەنىدە .

ئاتالغان شاھرۇھ مىرزىنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەر يىراق ھىرئىتىن تارقالغاندىن بۇيان ، ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراسان ئاسمىنى قارا بۇلۇتلاردىن خالىي بولمىدى . تەخت ۋە سەلتەنەت ئىشقىدا ئوت بولۇپ يانغان تۆمۈرىلەر شاھزادىلىرى تىغ كۆتۈرۈپ ، قىلىچ ئوينىتىشتىن قول ئۈزمىدى . نىھايەت ، ئۇلۇغبەگ قىلىچ كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ، مەغرىبتىن - مەشرىققىچە كېڭەيگەن بۇ پايانسىز سەلتەنەت تىنچ تاپقاندى . لېكىن ، تاجۇ تەخت ۋەلىئەھدى شاھزادە ئابدۇللىتىپ ئۆز ئاتىسىغا قارشى قىلىچ كۆتۈردى .

رەجەپ ئېيىنىڭ باشلىرىدا ھەزرىتى ئالىيلىرى لەشكەر تارتىپ ، جەيھۇن[1]تەرەپكە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولدى . بىراق ، دۆلەتپاناھ جەيھۇن بويلىرىغا بارغىنىدا ، پايتەختتە پەيدا بولغان پىتنە - پاساتلار ئۇنى سەمەرقەندكە قايتىشقا مەجبۇر قىلدى . مانا ئەمدى ، ئۈچ - تۆت كۈندىن بېرى : «شاھزادە لەشكەرلىرى جەيھۇندىن ئۆتۈپ كېشكە[2]يېقىنلىشىپ قاپتۇ ...» دېگەنگە ئوخشاش ۋەھىمىلىك مىش - مىش گەپلەر شەھەردە تارقىلىپ يۈرمەكتە .

توغرا ، ئۆتكەن كۈنى سەھەردە رەسەتخانىغا كەلگەن ئۇستاز بۇ توغرىلىق سۆز ئاچمىدى . ئۇ قولىدا ئۇستۇرلاپ تۇتقان ھالدا ئاسماننى كۆزىتىپ ئۇزاق ئولتۇردى ، كېيىن مەرمەر پەلەمپەيىنىڭ تىك باسقۇچلىرىدا ھارغىن قەدەم تاشلاپ ، ئۈچىنچى قەۋەتتىكى كۇتۇپخانىغا چىقتى . ئۇ چىرايى سولغۇن ، پەرىشان ھالدا نەقىشلىك كىتابدانلارغا تىزىلغان كىتابلارنى ، سەل كەم قىرىق يىل دەۋران سۈرۈپ يىغقان نادىر قولليازمىلارنى بىرمۇبىر كۆزدىن كەچۈردى . ئۇنىڭ ئىسىگە ئۇستاز قازىزادە رۇمى كەلدى بولغاي ، ئۇنىڭ «رىيازىيات»[3]ناملىق ئەسىرىنى ۋاراقلاپ ئۇزاق تۇردى ، كېيىن بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ، لام - جىم دېمەي ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەتتى . ئۇ ھەتتا ئەلى قۇشچى بىلەنمۇ خوشلاشمىدى . ھەزرىتى

---

[1] جەيھۇن — ئامۇ دەريا .
[2] كېش — سەبىز شەھىرى .
[3] رىيازىيات — ماتېماتىكا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالىيلىرىنى هويلىغا ئۆزىتىپ چىققان ئەلى قۇشچىغا ئۇستاز گويا رەسەتخانا بىلەن ۋىدالاشقىلى كەلگەندەك تۇيۇلدى ـ دە، يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. ئىككى كۆنگىچە ئۇستازنىڭ غەمكىن چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەي، غەمكىن بولدى، كۆكسارايغا بىر نەچچە قېتىم تەمشەلدىيۇ، لېكىن جۈرئەت قىلالمىدى. مانا ئەمدى، ئۇنى كۆكسارايغا ئۇستاز ئۆزى چاقىرتىپتۇ.

ئەلى قۇشچى قارا دۇخاۋا تەقىيىسى ئۈستىدىن مۇدەررىسلىك سەللىسىنى ئوراپ، ئۇچىسىغا كىمخاب پەشمەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاق تونىنى كىيدى ـ دە، تىك پەلەمپەيلەر ئارقىلىق يۇقىرىغا چىقىشقا باشلىدى…

## 2

ئاسمان سۇرتۇلگەن چىنىدەك تىنىق بولۇپ، يۇلتۇزلار جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. لېكىن، بارات ئېيى بولغاچقا، تاغ تەرەپتىن سوقۇۋاتقان سوغۇق شامالدا دەرەخلەر دەريادەك شاۋقۇنلىناتتى. قېرى ئۇجمە ۋە سېدە دەرەخلىرى نالە قىلىشقاندەك چىرقىرىشاتتى ۋە غىچىرلىشاتتى.

ئەلى قۇشچى هويلىغا چىقىشى بىلەنلا، ئوڭ تەرەپتىكى بىنادىن كىمدۇر بىرسى «لاپ» قىلىپ چىقىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ يولىنى توستى.

— توختاڭ، ئۇستاز! بۇ نۆكەرلەرنىڭ مۇددىئاسى زادى نېمە؟ نەگە ئېلىپ بارماقچى سىزنى؟

ئەلى قۇشچى سۆيۈملۈك شاگىرتى مىرەم چەلەبىنى تونۇپ، ئۇنى ئۆز باغرىغا ئالدى.

— قورقما، ئىنىم، هەزرىتى ئالىيلىرى چاقىرتىپتۇ، تېزلا قايتىپ كېلىمەن.

ئەلــى قۇشچى رەسەتـخانىنىڭ ئـاچقۇچـىنى مىرەم چەلەبىگە تاپشۇرۇپ، هويلىدىن چىقتى. نۆكەرلەردىن بىرى قاراڭغۇدا تاقەت-

سىزلىكتىن تىپىرلاپ تۇرغان ئارغىماقنى تەييارلاپ ، ئەلى قۇشچىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىمەكچى بولدى . لېكىن ، ئەلى قۇشچى ئۈزەڭگىگە پۇتىنى ئېلىپ ، تىپىرلاپ تۇرغان ئاتقا ئۆزى چەبدەسلىك بىلەن مىندى ـ دە ، چۇلۋۇرنى تۇتتى . ئۇ «قۇشچى »① دېگەن نامنى بىكارغا ئالمىغانىدى . ئۇ ھەزرىتى ئالىيلىرى بىلەن ئوۋغا چىققان چاغلاردا نى ـ نى شاش ئاتلارنى بىردەمدىلا كۆندۈرۈۋالاتتى ...

كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازلىرى بۇزدى . نۆكەرلەردىن بىرى ئالدىدا ، يەنە بىرى ئەلى قۇشچى بىلەن يانمۇيان ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى . ئاتلىقلار سىيابدىن ئۆتۈپ ، دۆڭگە چىققاندا ، «شاھىزىندە» قەبرىستانلىقىنىڭ قورغىنى ۋە قورغان ئارقىسىدىكى قاتار كەتكەن قەبرىلەرنىڭ ئېگىز گۈمبەزلىرى كۆرۈندى . تۈن قاراڭغۇ بولسىمۇ ، يۇلتۇزلار ئەكس ئېتىپ تۇرغان كۆپكۆك گۈمبەزلەر كۆكۈچ جىلۋە قىلىپ ، ئاجايىپ يالتىراپ تۇراتتى . قەيەردىندۇر يىراقتىن ، قۇسەم ئىبنى ئاbbas مەقبەرىسى تەرەپتىن تىلاۋەت قىلىۋاتقان قارىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . مۇڭلۇق كۈيگە ئوخشاش بۇ ئاۋاز ، گويا باشقا ئالەمدىن كېلىۋاتقان بىھىساب نالىلەرگە ئوخشايتتى . ئۇ قېرى سېدە دەرەخلىرى ئارقىسىدىكى چوڭ قەبرىستانلىقتا ۋە قاراڭغۇدا تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنگەن گۈمبەزلىك قەبرىلەرگە قانداقتۇر ئىلاھىي روھ بەخش ئېتىپ ، ھەممە نەرسىنى سىرلىق ۋە سۈرلۈك كۆرسىتەتتى .

ئاتلىقلار قەبرىستانلىقتىن ئۆتۈپ ، جۇمە مەسچىتىگە يېقىنلاشقاندا ، تەرەپ ـ تەرەپلەردە گۈلخان يېقىپ ئولتۇرۇشقان قاراۋۇللار ئۇچرىدى . ئۇلار ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازلىرىنى ئىشىتىپ ، ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇشتى . لېكىن ، ئالدىدا كېتىۋاتقان ياساۋۇلنىڭ ئەمرى بىلەن يولنى ئېچىپ ، ئاتلىقلارنى ئۆتكۈزۈۋەتتى .

قۇملۇق ئالدىدىكى كەڭ مەيدان لەشكەرلەر بىلەن تولۇپ كەت-

① قۇشچى — بۇ يەردە ماھىر ئوۋچى مەنىسىدە .

www.uyghurkitap.com

كەندى ، سەرۋازلار ھەر ئون كىشى بىر بولۇپ ، گۇلخان يېقىپ ئولتۇرۇشاتتى . مىرزا ئۇلۇغبەگ مەدرىسىسى ئۇدۇلىدىكى خانىقالاردىن زىكىر قىلىشىۋاتقان قەلەندەرلەرنىڭ ئاۋازلىرى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى :

*يا ئاللا دوست ، يا ئاللا !*
*ھەق دوست ، يا ئاللا !*

پۈتۈن شەھەرنى سۈر باسقانلىقتىن بولسا كېرەك ، قەلەندەرلەرنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن «ھۇ - ھۇ» لاپ زىكىر قىلىشلىرى ۋەھىمىلىك ئاڭلىناتتى . گويا ئۇلار ئاللاغا مەدھىيە ئوقۇماستىن ، ئەكسىچە كىمگىدۇر تەھدىت سېلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى .

ئۇستى يېپىقلىق تار رەستىلەر كەينىدىكى چوڭقۇر خەندەك بىلەن ئورالغان كۆكسارايىنىڭ كۇنگۈرىلىك تاملىرى قاراڭغۇدا چوڭ قىيادەك ھەيۋەتلىك تۇيۇلاتتى . قەلئەنىڭ تاملىرى ئارقىسىدىكى ساراي گۈمبەزلىرى قەدىمىي قەبرىلەردەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . قەلئەمۇ خۇددى چوڭ گۆرىستاندەك سىرلىق ھەم جىمجىت ئىدى . سارايدا ھېچقانداق چىراغ يورۇقى كۆرۈنمەيتتى . بۇ يەردە ھەتتا قاراۋۇللارمۇ گۇلخان ياقمىغان بولۇپ ، ھەممە ياق قاپقاراڭغۇ ئىدى . ئاتلىقلار پەقەت گور ئەمىر تەرەپتىكى مەيدانغا چىققاندىلا ، ئۇلارنىڭ يولىنى پانۇس تۇتقان قاراۋۇللار توستى . قاراڭغۇدا ئۇلارنىڭ قالقانلىرى يالتىراپ ، پۆپۈكلۈك نەيزىلىرى كۆزگە چېلىقاتتى . قاراۋۇللاردىن ئۆتۈپ ، ئىككى يېنىدىكى مۇنارلارغا توپ ئورنىتىلغان يوغان دەرۋازا ئالدىغا بارغىنىدا ، ئۇلارنىڭ يولىنى يەنە قىلىچ يالىڭاچلىغان سىپاھلار توستى . ئالدىدىكى ياساۋۇل نەيچە قىلىپ ئورنىۋالغان يارلىقنى كۆرسىتىپ دەرۋازىخانىغا كىردى . سەل ئۆتكەندىن كېيىن ، قۇلۇپ ۋە زەنجىرلەرنىڭ شاراقلىشى ئاڭلىنىپ ، گور ئەمىر تەرەپكە قارىغان قوش قاناتلىق قويما دەرۋازىنىڭ يان ئىشىكى ئاستا غىچىرلاپ ئېچىلدى - دە ، ئىچكىرىدىن پانۇس كۆتۈرگەن تونۇش دەرۋازىۋەن چىقتى .

ئاتتىن سەكرەپ چۈشكەن ئەلى قۇشچى ياساۋۇللاردىن بىرىگە ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ دەرۋازىدىن كىردى .

دەرۋازىۋەن پانۇسنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە ئۇدۇلىدىكى ئىشىكنى ئېچىپ ، ئۇنىڭغا يول بەردى .

ئېگىز كۇنگۇرىلىك تام بىلەن ئورىلىپ ، ئاسمانغا بوي تارتقان مۇنارلىرىغا توپ ئورنىتىلغان ، ئوردىغا ئوخشاش كەڭ ھويلىنىڭ تۆت تەرىپىدە تاش پانۇسلار پىلىلداپ تۇراتتى . ھويلىنىڭ سول تەرىپىدە ئانچە ئېگىز بولمىغان بىنالار سەپ تارتىشقان بولۇپ ، بۇ ، دىۋانخانا ئىدى . دىۋانخانىنىڭ ئارقىسىدا ئېگىز تام بىلەن توسۇلغان ھەرەم بىنالىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى ، ئوڭ تەرىپىدە ئىككى - ئۈچ قەۋەتلىك ھەشەمەتلىك بىنالارنىڭ رەڭدار گۈمبەزلىرى ۋاللىداپتتى . ھويلىمۇ گۆرىستاندەك جىمجىت بولۇپ ، پەقەت يەر تېگىدىن ئاللىقانداق گۇرس - گۇرس قىلغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى . ئېھتىمال ، ساراي ئاستىدىكى يەر ئاستى ئۆيلەردە ئۇستىلار قورال - ياراغ ياساۋاتقان بولسا كېرەك .

دەرۋازىۋەن بىلەن ئەلى قۇشچى ئەتراپى ئاچا بىلەن ئورالغان ، ئوتتۇرىسىغا كۈمۈش فونتان ئورنىتىلغان مەرمەر كۆلچەكنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ، ئېگىز پەشتاقلىق بىناغا يېقىنلاشتى . بۇرجەكلىرىگە تىللا تاسما قېقىلغان نەقىشلىك ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىدا تۇرغان ياساۋۇللاردىن بىرى چەبدەسلىك بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ ، ئۇلارغا يول بەردى .

ئۇلار غۇۋا ، تار كارىدوردىن ئۆتۈپ ، ئالتۇن شامدانلاردىكى شاملار بىلەن يورۇتۇلغان ئۆيگە كىردى . ئاستىغا قىزىل تۈركمەن گىلەملىرى سېلىنغان ، تاملىرى كۆكۈچ كاھىش بىلەن قاپلانغان بۇ ئۆينىڭ تۆرىدە ، ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىدىغان مەرمەر پەلەمپەي كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

ئۇلارنى ئىشىكتە كۈتۈۋالغان سوغۇق چىراي تونۇش سارايۋەن ئەلى قۇشچىنى يۇقىرىغا باشلىدى .

ئىككىنچى قەۋەتتىكى چوڭ ھەم ئۇزۇنچاق ئۆيمۇ بوش ئىدى .

سارايۋەن ئەلى قۇشچىغا شۇ يەردە كۇتۇپ تۇرۇشنى ئىشارەت بىلەن ئۇقتۇرۇپ، ئۇدۇلدىكى ئىشىك بىلەن ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ سالامخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئىشىك ئېچىلغاندا ئۇستازنىڭ غەزەپلىك بوغۇق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئىشىك يېپىلىشى بىلەن يەنە جىمىدى.

ئەلى قۇشچى ئۆيدە يالغۇز قېلىشى بىلەنلا كۆڭلى بۆلەكچە بولۇپ كەتتى. يەرگە ئېسىل كۇل رەڭ گىلەملەر سېلىنغان، تورۇستىكى ئالتۇن قەندىللەردە بىھېساب شاملار يېنىپ تۇرغان بۇ كەڭ ـ كۇشادە، يوپيورۇق ئۆينىڭ تاملىرى ئۇستازنىڭ ئوۋ ئولجىلىرى، ئوۋ بۇيۇملىرى بىلەن بېزەلگەنىدى. ئەنە، ئۇدۇلدىكى چوڭ دېرىزىنىڭ ئۇستىگە قىزىل ياقۇت ۋە ئۇنچىلەر قادالغان، غۇلاچ يەتمەيدىغان ئارقار مۈڭگۈزى ئېسىلغانىدى. بۇ ئارقارنى ئۆتكەن يىلى كۇزدە ھىسار تاغلىرىغا ئوۋغا چىققاندا، ئۇستاز ئۆزى ئېتىۋالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇنى ھەمىشە دېگۈدەك ئاجايىپ پەخىر بىلەن تىلغا ئېلىپ تۇراتتى. ئارقار مۈڭگۈزىنىڭ يېنىدا يا ئوقلىرى قاچىلانغان، قىزىل كۆندىن تىكىلگەن ساداقنىڭ ئۇستىگە يولۋاس تېرىسى ئېسىلغانىدى. بۇ يولۋاسنى ئۇستاز خۇراسان يۇرۇشىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، جەيھۇن بويىدىن ئېتىۋالغانىدى.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان جاپالىق يۇرۇشتىن ھېرىپ ـ چارچىغان دۆلەتپاناھ سەمەرقەندكە چاپارمەن ئەۋەتىپ، ئەلى قۇشچىنى جەيھۇن بويلىرىغا چاقىرتقانىدى. بۇ شىكارغا ئەلى قۇشچىنىڭ ئايغى ياراشقانىدى. چۈنكى، ئوۋ ۋاقتىدا تۆگە بويى كېلىدىغان قومۇشلۇقتىن ئۇشتۇمتۇت شۇ يولۋاس چىقىپ قېلىپ ئۇستازغا خىرىس قىلغاندا، كامانغا ئوقنى بەتلەپ، ئۇستاز بىلەن يانمۇيان كېتىۋاتقان ئەلى قۇشچى چەبدەسلىك بىلەن ئوق ئۈزگەنىدى. ئۇنىڭ ئوقى ھۆركىرەپ ئېتىلغان يىرتقۇچنىڭ كۆزىگە تېگىپ، ھەزرىتى ئالىيلىرى ئامان قالغانىدى. شۇڭا، ئۇستاز ئۇنى كۆرگەندە، «نىجاتكارىم» دەپ چاقچاق قىلاتتى...

ئەلى قۇشچى بۇ ھەشەمەتلىك ۋە جىلۋىدار ئۆينى زوقمەنلىك

بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقىنىدا ، خىيالىغا بىر پىكىر كەلدى ـ دە ، مەيۈس ھالدا كۈلۈمسىرەپ قويدى . بىر چاغلاردا ، ئۇ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ پەرمانى بىلەن بۇ ئالىي قەسىرگە تۇنجى قېتىم قەدەم قويغىنىدا ، ۋۇجۇدىنى شۇنچىلىك غايەت زور ھاياجان باسقانىدىكى ، بايىقى مەرمەر كۆلچەكلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ پۇتلىرى تىترەپ كەتكەنىدى . بۇ كۆركەم ، ئۇلۇغۋار سارايىنى ساھىبقىران دەپ ئاتالغان ئەمىر تۆمۈر كۆرەگانى بەرپا قىلدۇرغانلىقىنى ، تامىلىرىغا ھەل بېرىلگەن بۇ ئاجايىپ ئۆيلەردە جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بۇ غالىب ـ مۇزەپپەر ئىستىقامەت قىلغانلىقى ۋە شۇ يەردە تۇرۇپ ، پۈتكۈل جاھاننى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن مەخپىي پىلانلار تۈزگەنلىكىنى ئويلىغىنىدا ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قانداقتۇر بىرخىل تىترەك باسقانىدى . ھەيھات ! ... مانا ، ئۇ ھازىرمۇ يەنە شۇ ئالىي قەسىردە ، چوڭ جاھانگىرنىڭ تۇرار جايىدا ئولتۇرۇپتۇ . بىراق ، ئۇنىڭدا نە قورقۇنچ ، نە ھاياجانلىنىش بولسۇن ! ئۇ پەقەت چىن كۆڭلىدىن ئېچىناتتى . بۇ ئېچىنىش ، سەبىي چاغلىرىدا ئۇنى ھەيران قالدۇرغان بۇ ھەشەمەتلىك قەسىرلەرنىڭ ۋەيران بولۇۋاتقانلىقىدىن ئەمەس ، بەلكى سۆيۈملۈك ئۇستازىغا كۆيۈنگەنلىكىدىن ، ئۇنىڭ قارا تۇمان ئارىسىدا قالغىنىغا ئېچىنغانلىقىدىن بولغان ، خالاس ! نېمە ئۈچۈن ، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولدى ؟ نېمە ئۈچۈن فەلەكىيات ئىلمىگە[1] ئەقلى يەتكەن ، ئۆتكۈر تەپەككۇرى بىلەن كائىنات سىرلىرىنى ئېچىپ ، يېڭى يۇلتۇزلارنى ئىختىرا قىلالىغان ئالىملار كارۋىنىنىڭ بۇ سەردارى تەخت ۋە سەلتەنەتنىڭ رەھىمسىزلىكىنى بايقىيالمىدى ؟ نېمە ئۈچۈن ، ھەممە دەۋرى ـ دەۋران ، ھەممە دۆلەت ، ھەممە شاھ ۋە غالىبلارنىڭ تارىخىنى بەش قولىنى بىلگەندەك پىششىق بىلىدىغان بۇ ئاقىل ـ دانىشمەن تاج ۋە ھاكىمىيەتنىڭ ھېچبىر كىشىگە ۋاپا قىلمايدىغانلىقىنى چۈشەنمىدى ، ياكى چۈشەنسىمۇ ، ئۇنى تەرك ئېتىشكە بەل باغلىيالمىدى ؟ نېمە ئۈچۈن ، ھاكىمىيەت دەپ ئاتالمىش بۇ ساختا شان ـ شەۋكەتتىن

[1] فەلەكىيات ئىلمى — ئاسترونومىيە .

ۋاز كېچىپ ، پۈتۈن تەپەككۇرى ، ئۆتكۈر زېھنى ۋە پۈتۈن ئىستېداتىنى ئىلىم ـ پەنگە ، ئىنسانىيەت ئۇلۇغلىقىغا ئىلىم ـ مەرىپەتكە بەخش ئەتمىدى؟ نېمە ئۈچۈن؟ ...

ئىشىك ئېچىلىپ ، ئەلى قۇشچىنىڭ خىيالىنى بۆلىۋەتتى . ئىچكىرىدىن شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىننىڭ تونۇش ، زىل ئاۋازى ئاڭلاندى :

— ئەسسەلاتىن زىللەللاھۇ فىل ئەرز ! ھەزرىتى ئالىيلىرى شەرئى سۇلتانىمىزدۇر . بەس ! سۇلتانىمىزنىڭ ئالىي پەرمانى بارچىغا ئەمرى ۋاجىپتۇر !

ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ ، ئۇنىڭ ئاۋازى بېسىققاندىن كېيىن ، ئۇستازىنىڭ بوغۇق ، قوپال ئاۋازى جاراڭلىدى :

— بەس ! ئالىي پەرمان ئەمرى ۋاجىپتۇر ! ئەمىر سۇلتانشاھ بەرلاس ! ... ئەمىر سۇلتان جاندار تارخان ! سىز ئوڭ قانات قوشۇن بىلەن ئالدى قىسىم قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن يۈرگەيسىز . نېسىپ بولسا ، داۋاندا ئۇچرىشارمىز . مەسلىھەتىڭىزلەر ئۈچۈن تەشەككۇر . ھەربىي كېڭەش تامام !

ئىشىكتە شەھەر دورغىسى مىرانشاھ ، ئۇنىڭ كەينىدىن قىلىچ ھەم شەمشەر ئاسقان ئەمىرلەر ، قىزىل كىمخاب تون كىيگەن دىۋانبېگى بىلەن ساراي مەھرەملىرى كۆرۈندى . ئۇلارنىڭ قاپاقلىرى سېلىنغان ، چىرايلىرى تۇتۇلغانىدى . زەرباپ تون كىيىپ ، كەمىرىگە ئالتۇن دەستىلىك شەمشەر ئاسقان مىرانشاھ دورغا ئەلى قۇشچىغا يەر تېگىدىن بىر قاراپ قويدى ـ دە ، رېپىدىگە ئوخشايدىغان كەڭ يۈزىنى باشقا ياققا ئۆرۈپ ، مەرمەر پەلەمپەيلەرنى گۈرسىلدىتىپ دەسسەپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى . قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن ، قاپقارا ساقىلى ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقان ئەمىر سۇلتان جاندار تارخان ، كۈمۈش كەمىرىگە ئېسىلغان ئەگرى قىلىچىنى ئېتىكىگە شاراق ـ شۇرۇق تەگكۈزگەن پېتى مىرانشاھنىڭ كەينىدىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى . ئۈستىگە قىزىل ، كۆك ، يېشىل موۋۇت ياكى كىمخاب تون كىيىپ ، قارا قاما تەلپەك ۋە بۆكلىرىنى

بېشىغا چۈكتۈرۈپ كىيىۋالغان باشقا ئەمىرلەرمۇ ناھاللىق ئۈتۈكلىرى بىلەن مەرمەر پەلەمپەيلەرنى «گۇرس - گۇرس» دەسسىشىپ پەسكە چۈشۈپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئەلى قۇشچى بىلەن سالاملاشمىدى، پەقەت شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن بىر پەس توختاپ، تەسۋى تۇتقان ئىنچىكە ھەم ئاپئاق قوللىرىنى كۆرۈشۈش ئۈچۈن سۇندى.

شەيخۇلئىسلام پەسكە چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۈي چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمدى، ھەتتا سالامخانىدىنمۇ ھېچقانداق سادا چىقمايتتى ۋە شاھ ئالىيلىرىدىنمۇ دېرەك يوق ئىدى. بېشىغا چۈشكەن غەم - ئەندىشىلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ، شاگىرتىنى چاقىرتقانلىقى ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلگەنمىدۇ؟ ... دەل شۇ پەيتتە سالامخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ئۇستاز كۆرۈندى. ئۇستىگە ئادەتتە سارايدا كىيىپ يۈرىدىغان زەرباپ تون ئورنىغا يېشىل مووۇت تون، بېشىغا رەسەتخانا ۋە مەدرىسىدە كىيىدىغان ئۈچلۈك قارا دوخاۋا قالپاق، پۇتىغا ئىنچىكە ئاغمىخان تېرىسى ئېلىنغان ئۇزۇن قونچلۇق ئىسسىق ئۆتۈك كىيگەن ئۇستاز بوسۇغىدا توختاپ، شاگىرتىغا قانداقتۇر بىرخىل سىناش نەزىرى بىلەن قارىدى.

ئۇنىڭ سەل ئورۇقلاشقا باشلىغان ئىنچىكە كەلگەن بەدىنىدە، مىستەك قارامتۇل، ئۇزۇنچاق يۈزىدە ۋە قويۇق قاشلىرى ئاستىدىن تىكىلىپ قاراۋاتقان ئويچان كۆزلىرىدە، تۆمۈر ئەۋلادلىرىغا خاس كىشىنى جەلپ قىلارلىق شىجائەت ۋە قانداقتۇر يوشۇرۇن مەجرۇھلۇق ئالامەتلىرى بار ئىدى.

ئەلى قۇشچى ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ ئەدەپ - ھۆرمەت بىلەن سالام بەردى. لېكىن، مىرزا ئۇلۇغبەگ تەمكىنلىك بىلەن ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى توختاتتى - دە، ئاستىنقى قەۋەتتىن چىقىپ كەلگەن سارايۋەنگە بۇرۇلدى:

— باقاۋۇللار[1] دەم ئېلىۋاتامدۇ؟

---

[1] باقاۋۇل — پادىشاھ - ئەمىرلەرگە تەييارلانغان تائاملارنى تەكشۈرىدىغان ۋە تاماق تەييارلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل مەنسەپدار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىگە تەيياردۇر .
— تائام ۋە شاراب ! — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ سارايۋەننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ، ئاندىن ئەلى قۇشچىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قو-يۇپ ، تۆردىكى نەقىشلىك كۇرسىغا باشلىدى .
— يۈر ، ئوغلۇم . مەسلىھەت بار …
مىرزا ئۇلۇغبەگ ئادەتتىمۇ شاگىرتىنى «ئوغلۇم» دەپ ئاتايت-تى . لېكىن ، بۈگۈن ئۇستازىنىڭ ئاۋازىدىن ، شاگىرتىنى باغرىغا ئېلىپ سۆزلىشىدىن بۆلەكچە بىر مۇھەببەت ، سەمىمىيەت ، چوڭ-قۇر غەم - ئەندىشە چىقىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ قارامتۇل ، سوزۇنچاق يۈزى سولغۇن كۆرۈنەتتى ، كەڭ پېشانىسىدىكى ۋە سەل ئىلمەك بۇرنىنىڭ ئىككى يېنىدىكى قورۇقلىرى كۆپىيىپ قالغانىدى . قىس-قىسى ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ، كەڭ ئالىقانلىرىنى تىزىغا تاشلاپ ھارغىن ئولتۇرۇشىدا قاتتىق تەشۋىش ، ئىزھار قىلىش قىيىن بولغان چوڭقۇر مۇڭ - زار بار ئىدى .
ئەلى قۇشچىنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ ، تەسەللى بېرىشكە ئەمدىلا تەمشەلگىنىدە ، مىرزا ئۇلۇغبەگ خۇددى ئۆزىگە - ئۆزى گەپ قىلىۋاتقاندەك :
— ئۆتكەن كېچە … ئۆتكەن كېچە چۈشۈمدە … ئۇستازىمنى كۆردۈم … — دېدىيۇ ، يەنە خىيالغا چۆمدى .
ئەلى قۇشچى بۆلەكچىلا بولۇپ كەتتى - دە ، ئاشۇ ئىللىق باھار كۈنى كۆز ئالدىغا كەلدى . ئۇلۇغبەگ مەدرىسىسىنىڭ سەينا-سىدىكى مەرمەر سەھنىگە ۋە رەسمىي يوپۇرماق چىقارغان نەۋقىران چىنار ئەتراپىغا ، ئاپتاپتا خۇددى گۈلدەك كۆرۈنىدىغان قىزىل گىلەملەر سېلىنغانىدى . ئەڭ ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىپ ياسى-نىۋالغان مەدرىسە تالىپلىرى چەكسىز ھاياجان ئىلكىدە ئىدى . چۈنكى ، بۈگۈن ئۇلار دەۋرىنىڭ ئەپلاتونى ھېسابلانغان مەۋلانە سالا-ھىددىن مۇسا ئىبنى مەھمۇد قازىزادە رۇمى بىلەن ئۇچرىشىپ ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولىدۇ ! …
ئەلى قۇشچى مەۋلانە رۇمى توغرىسىدا كۆپلىگەن ئاجايىپ -

غارايىپ رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى بۇ تەۋەررۇك زات يارانقان ۋە رىيازىيات ئىلمىنىڭ چىگىش مەسىلىلىرىگە بېغىشلىغان رىسالىلىرىنى ئوقۇپ ھەيران بولۇپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ، بۇ ھېكمەت ئىگىسىنى قانداقتۇر ناھايىتى سالاپەتلىك ھەم تەكەببۇر ئادەم دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئەلى قۇشچى چاچ ـ ساقاللىرى ئاپئاق، ئاجىز بىر بوۋاينى كۆردى.

ياشانغان بۇ ئالىمنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىلا ئەمەس، قاش ـ كىرپىكلىرى، بېشىدىكى كۇلاھقا ئوخشايدىغان ئۈچلۈق تەقىيىسى، ئۈستىدىكى تونى، قىسقىسى، ھەممە يېرى قاردەك ئاپئاق ئىدى.

ئاشۇ ئىللىق باھار كۈنى، مەۋلانە قازىزادە رۇمى ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويغان، مىرزا ئۇلۇغبەگ بولسا ئۇنىڭ كۆكسارايغا قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى ئېھتىرام بىلەن ئىلتىماس قىلغاندى... مانا، بۇ ۋەقەلەر بولغىنىغا بىرقانچە يىللار بولدى. لېكىن، ئەلى قۇشچى كۆزىنى بىر دەم يۇمسىلا، پېشقەدەم ئالىمنىڭ نۇرانە چېھرىسىنى كۆرەتتى، پېشانىسىدە ئۇنىڭ لەۋلىرىنى، يۈزىدە ئۇنىڭ مەيىن ساقاللىرىنى سېزەتتى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ بېشىنى چايقاپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— چۈشۈمدە... جەننەت ماكان ئۇستاز كەمىنىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. بۇ بىۋاپا سەلتەنەتنى دەپ ئىلىم ـ پەندىن يۈز ئۆرۈدۈڭ، تەخت ساھىبى بولىمەن دەپ، شۇنداق يېتۈك تالانتىڭنى زايە قىلدىڭ، دېدى.

ئەلى قۇشچى ئورنىدىن بىر قىمىرلاپ قويۇپ، «يارەببى!» دەپ تاشلىدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ شاققىدە بۇرۇلۇپ قارىدى، چوڭقۇر پاتقان ئويچان كۆزلىرىدە سوئال ئالامىتى جىلۋە قىلدى.

— پاناھدار ئۇستاز، ئەپۇ قىلغايسىز، — دېدى ئەلى قۇشچى ئوڭايسىزلىنىپ، — مەنمۇ بىر ـ ئىككى دەقىقە بۇرۇن دەل شۇ پىكىرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزگەنىدىم...

مىرزا ئۇلۇغبەگ ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك تاقالغان ئوت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرانچى بارمىقى بىلەن نەقىشلىك خان تەختىنى چەككىنىچە يەنە جىم بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ ، قويۇق قاشلىرى ئارىسىدا بىر تېرەن سىزىق پەيدا بولدى . ئەلى قۇشچى بولسا تەسەللى بېرىش ئورنىغا ، ئۇنىڭ ئەلەملىك قەلبىنى تېخىمۇ ئۆرتىگەنلىكىنى سېزىپ ، ئوڭايسىزلانغان ھالدا تامىقىنى قىردى .

— مەۋلانە ئەلى ! — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆزلىرىنى بىر نۇقتىدىن ئۈزمەي ، — كەمىنە ئاجىز بەندە ماۋەرائۇننەھرگە سەل كەم قىرىق يىل يولباشچىلىق قىلدىم . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، قانداقمۇ بۇ جەھەتتىكى ئەمگىكىمنى زايە كەتتى دەپ ئويلايسەن ؟ قانداقمۇ ئىلىم يولىدا ، ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئاسايىشلىقى يولىدا پايدىلىق ئىش قىلمىدى دېگەن ئويدا بولىسەن ؟

ئۇستازنىڭ غەم ـ قايغۇلۇق ئاۋازى پەۋقۇلئاددە تىترەپ چىققانلىقتىن ، ئەلى قۇشچى ئۆزىنىڭ بىئەدەپلىك قىلغانلىقىنى سېزىپ ، لېۋىنى چىشلەپ قالدى . ئۇستازنىڭ بېشىدا قارا بۇلۇتلار ئەگىۋاتقان بىر پەيتتە ، بۇ نازۇك گەپلەرنى تەگەپ ، ئۇنىڭ دىلىنى ئاغرىتىش ئىنساپ جۈملىسىدىنمۇ ؟ ئەلى قۇشچى ئۆز خاتالىقىنى تۈزىتىشكە ئالدىرىدى :

— كەچۈرگەيسىز ، ئۇستاز ، بۇ جەھەتتە سىز ھەزرىتىمنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى شۇنداق ئۇلۇغدۇركى ، بۇنىڭدا شەك ـ شۈبھە يوقتۇر ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ تاقەتسىزلىك بىلەن باش چايقىدى .

— كەمىنە ھەممىنى چۈشىنىدۇ ، ئەلى ! ئەمما ، ھادىسىلەر تەرەققىياتى شۇنداقكىم ، بۇنى ئىلىم ئەھلى ئىدراك ئېتىشتا ئاجىزلىق قىلىدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى ، پازىللارنىڭ ئەقلى شاھلارنىڭ ئەقلىدىن كەم بولغانلىقتىن ئەمەس ، ياق ! ئەكسىچە ، ھەقتائالا سىزلەرگە شۇنداق پاكلىق ئاتا قىلغانكى ، شاھلار ھاياتىنىڭ مىسلىسىز رەزىللىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىسىزلەر !

مىرزا ئۇلۇغبەگ بوغۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك تامىقىنى سىلاپ ئۇھ تارتتى ـ دە ، گويا شاگىرتى بىلەن مۇنازىرىلىشىۋاتقاندەك قول

شىلتىپ :

— ياق ! — دەپ خىتاب قىلدى ، — مەن سەلتەنەتتىن ئايرىلىشتىن قورقمايمەن . پەقەت ئەلگە قىرىق يىل باش بولۇپ توپلىغان بايلىقىم — مەدرىسىيۇ ، رەسەتخانام ، نادىر خەزىنەم — يىغقان كىتابلىرىم ۋە نىھايەت يازغان ئەسەرلىرىم ، پەقەت مۇشۇلارنىڭ ۋەيران قىلىنىشىدىن قورقىمەن . ھەئە ، پەقەت شۇنىڭدىنلا قورقىمەن . يەنە بىر نەرسىدىن — كەلگۈسى ئەۋلادلار مەن ئاجىز بەندىدىن ھەزەر قىلارمۇ ، دەپ قورقىمەن . مىرزا ئۇلۇغبەگدەك كائىنات سىرلىرىنى ئاچماقنى نىيەت قىلغان ۋە پازىللىقنى دەۋا قىلغان مەۋلانە ئاخىر بارلىق شاھ ۋە تەخت ئىگىلىرىدەك ھوقۇقنى دەپ ، ئۆز پۇشتىدىن بولغان پەرزەنتى بىلەن تاجۇ تەخت تالىشىپتۇ دېگەن نامنى قالدۇرماقتىن قورقىمەن ، مەۋلانە ئەلى !

ئەلى قۇشچىنىڭ يۈرىكى تىكەن سانجىلغاندەك بولۇپ كەتتى - دە :

— كەلگۈسى ئەۋلادلار تارىخقا قاراپ ھۆكۈم قىلىدۇ ، ئۇستاز ! — دېدى ، — تارىخ بولسا ، ئىلىم ئەھلى تەرىپىدىن يېزىلىدۇ . ئىلىم ئەھلىلىرى سىزنىڭ مەرىپەت يولىدا قىلغان خىزمەتلىرىڭىزنى ئەسلىرىدىن چىقارماس . بۇنىڭغا ئىشەنگەيسىز ، ئۇستاز ! ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ بېشىنى ئاستا مىدىرلىتىپ ، دەردلىك كۈلۈمسىرەپ قويدى :

— رەھمەت ، ئەلى ...

شۇ ئەسنادا گۈرسىلدىگەن ئاياغ تاۋۇشلىرى ئاڭلىنىپ ، ئالدىدا سارايۋەن ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇۋۇغا چىققاندا كاۋاپچىلىق قىلىدىغان سېمىز باقاۋۇل كۆرۈندى . باقاۋۇلنىڭ قولىدىكى كۈمۈش پەتنۇستا مەي تولدۇرۇلغان نەقىشلىك نازۇك كوزا بىلەن نەپىس ئىشلەنگەن جۇڭگو پىيالىلىرى تىزىلغانىدى . سېمىز باقاۋۇلنىڭ كەينىدىن ئىسسىق ھورلىرى پۇرقىراپ تۇرغان كاۋاپلار ۋە مەززىلىك پۇراۋاتقان تۇرلۇك نازۇ نېمەتلەر بىلەن لىق تولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىگەنلەرنى كۆتۈرۈپ ياردەمچىلىرى كىرىپ كېلىشتى. باقاۋۇللار قوللىرىدىكى لىگەنلەرنى شىرەگە قويۇپ چىقىپ كەتكۈچە، مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ جىم ئولتۇردى، كېيىن سارايۋەنگە قاراپ:

— مەۋلانە مۇھەممەدتىن چاپارمەن ئەۋەتىلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— چاپارمەنلەر قايتىپ كەلدى، ئۇلۇغ شاھىم.

— خوش؟

— مەۋلانە مۇھەممەدتىن ئېغىر كېسەلمىش، ئۇلۇغ شاھىم...

— ھىم... — مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭغا «خوپ، كېتىۋەر» دەپ ئىشارەت قىلدى ـ دە، قاپىقىنى سالغىنىچە سىرلىق گىرۋەكلىك پىيالىلەرگە شاراب قۇيغاچ:

— كېسەلـمىش، — دەپ قـويدى، — بـۇنىڭدىن خەۋىرىڭ بارمۇ، ئەلى؟

— يوق، ئۇستاز...

— نېمە ئۈچۈن؟

ئەلى قۇشچى ئوڭايسىزلىنىپ، ئورنىدا قىمىرلاپ قويدى.

— ئېھتىمال، ئاڭلىغانسىز، ئۇستاز. بۇ يىل ئەتىيازدا مەۋلانىنىڭ قىزىنى قەلەندەر قەرناقى دېگەن ياش مۇدەررىسكە لايىق كۆرۈپ، ئەلچىلىككە بارغانىدىم. مەۋلانىنىڭ ئاتىسى خوجا سالاھىددىن زەرگەر مېنى قاتتىق رەنجىتىپ قايتۇردى... قالغىنىنى بىلەرسىز، ئۇستاز.

مىرزا ئۇلۇغبەگ نەپىس پىيالىلەردىكى ئالتۇن رەڭ شارابقا تىكىلگىنىچە جىم ئولتۇراتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ «قالغىنىنى بىلەر» ئىدى. ئەلى قۇشچى دېگەن ئەلچىلىك ئىشىدىن سەل كېيىنلا مەۋلانە مۇھەممەدتىن قىزىنى ئەمىر ئىبراھىمبەگ تارخاننىڭ كەنجى ئوغلىغا ياتلىق قىلغانىدى. بۇ ھەشەمەتلىك تويغا مىرزا ئۇلۇغبەگمۇ قاتناشقانىدى. لېكىن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا مىرزا ئۇلۇغبەگ ئوغلى ئابدۇللىتىپقا قارشى لەشكەر تارتىپ، جەيھۇن بويلىرىغا

كەتكەندە، سەمەرقەندتە قالغان شاھزادە ئابدۇل ئەزىز ئەمىر ئىبراھىمبەگنىڭ ئوغلىنى قەتل قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ياش ئايالىنى ئۆز ھەرىمىگە ئېلىپ كىرىۋالغانىدى. شاھزادىنىڭ بۇ رەزىل قىلمىشى ئەمىرلەر ئارىسىدا قاتتىق نارازىلىق پەيدا قىلغانىدى...

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆز ئالدىغا، بۇنىڭدىن بىر - ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ھەرەمدە ئۇچراتقان ياش نازىنىن كەلدى. ئۇ نازىنىن نېپىز شاپتۇل چېچىكى رەڭ پەردە ئارقىسىدا باش ئېگىپ تۇرغان بولسىمۇ، مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭ ئاجايىپ ھۆسنىگە، يادەك قاشلىرىنىڭ چىرايلىقلىقىغا، ئېگىز قاڭشىرى يېنىدىكى يوغان، قارا مېڭىگە، ئاق شايى كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە چۈشۈپ تۇرغان مەيىن چاچلىرىنىڭ گۈزەللىكىگە ھەيران بولغانىدى.

— قىزىم، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭ مەسۇم ۋە قانداقتۇر مەيۈسانە چېھرىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي، — بولۇر ئىش بولۇپ بوپتۇ. ئەمدى سارايدا قالامسىز ياكى كېتەمسىز، ئىختىيار ئۆزىڭىزدە...

نازىنىن لەۋلىرىنى بىلىنەر - بىلىنمەس قىمىرلىتىپ:

— ئىجازەت بەرگەيسىز. مەن كەتسەم، ھەزرىتىم، — دېدى - دە، يۈزىنى قولى بىلەن توسۇپ يىغلىۋەتتى.

ئۇنىڭ پىل سۆڭىكىدىن ياسالغاندەك ئاپئاق قوللىرى، خىنە يېقىلغان نازۇك بارماقلىرى مىرزا ئۇلۇغبەگكە مەۋلانە مۇھىددىنىڭ بىر جۈملە سۆزىنى ئەسلەتتى: «قىزىم خەتتاتلىقتا تەڭداشسىز، ئۇلۇغ شاھىم. خالىسىڭىز، رىسالىلىرىڭىزنى كۆچۈرۈپ بېرىدۇ».

مىرزا ئۇلۇغبەگ شۇ چاغدا بۇ گەپكە ئانچە ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، تارىخىي رىسالىلىرىدىن بىرىنى ئۇنىڭغا بەرگەنىدى، لېكىن بىر ئايدىن كېيىن، يىپەك قەغەزگە كۆچۈرۈلگەن ئۆز رىسالىسىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانىدى. رىسالە ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ ھۆسنخەت ۋە پاساھەت بىلەن كۆچۈرۈلگەنىدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۈنسىز تىترەپ يىغلاۋاتقان نازىنىننىڭ قول-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىرىنى كۆرگەندە ، بۇ پەرىزاتنىڭ ھۆسنخېتىنىڭ خىنە يېقىلغان بارماقلىرىدەك نازۇك ھەم گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئەسلىدى .

مىرزا ئۇلۇغبەگ بۇ سەنەمگە رۇخسەت بەردى ـ دە ، ئۆزى شاھزادىگە دەرھال ئادەم ئەۋەتتى . لېكىن ... نە چارە ؟ چىققان كۆز ئورنىغا چۈشمەيدۇ ـ دە !

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇزۇن چۈش كۆرۈپ ئويغانغان ئادەمدەك كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئەلى قۇشچىغا قارىدى .

— ھەقتائالا شاھىت ، بۇ كۆڭۈلسىز پاجىئەدە گۇناھسىز مەن ، مەۋلانە . ئەمما ، ئۆز بارمىقىڭنى ئۆزۈڭ كېسەلمەيدىكەنسەن . قانداق قىلاي ، ئۆز يىلىكىمدىن بولغان پەرزەنتىم ...

— بىلىمەن ، ئۇستاز .

— قەلەندەر قەرناقى قانداق بولدى ؟ مەدرىسىنى تەرك ئېتىپ ، دەرۋىشلىكنى ئىختىيار قىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم . بۇ گەپ راستمۇ ؟

— راست ، ئۇستاز . ناھايىتى قابىلىيەتلىك يىگىت ئىدى . ئەپسۇسكى ، ئاشۇ تويدىن كېيىن ئۈچىنچى جەندە ، بېشىغا كۇلاھ كىيىپ ، مەدرىسىنى تەرك ئەتتى . ھازىر كوچىمۇكوچا يۈرۈپ ، دىۋانىلىك قىلىۋېتىپتۇ .

مىرزا ئۇلۇغبەگ لېۋىنى چىشلەپ ، يەنە جىم بولۇپ قالدى . نەقىشلىك پىيالىلەردىكى شارابلار قۇيۇلغان پېتىچە تۇراتتى . كۈمۈش لىگەندىكى كاۋاپلارمۇ سوۋۇپ قالغانىدى . ئۇستاز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېسىدىن چىقىرىپ ، پايانسىز خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغانىدى . ئاخىر ئۇ چوڭقۇر تىنىپ :

— ئاھ ، گۇناھكار بەندىلەر ، بەندىلەر ! — دەپ قويدى . كېيىن ، — تالىپى ئىلىملەر ئارىسىدىن ئىشەنچلىك يىگىتلەر تېپىلارمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— تېپىلىدۇ ، ئۇستاز ...

— تېپىلسا ... مۇددىئاغا كېلەيلى ، مەۋلانە ، — مىرزا ئۇلۇغبەگ قولىنى ئەلى قۇشچىنىڭ تىزىغا قويۇپ ، ئۇنىڭ كۆزىگە قادى-

لىپ قارىدى ، — ئېھتىمال ، بايقىغانسەن . ماۋەرائۇننەھر ئاسمى-
نىنى قارا بۇلۇتلار قاپلىماقتا . شاھزادە ئابدۇللىتىپ جەيھۇندىن
ئۆتۈپ ، كېشكە يېقىنلاپ كەلمەكتە . بۇگۈن سۇلتان پايتەختى
سەمەرقەندمۇ خەۋپ ئاستىدا تۇرۇپتۇ ... بۇنىڭدىن خەۋىرىڭ باردۇ ؟
— خەۋىرىم بار ، ئۇستاز . ئەمما ... سۇلھى قىلىشنىڭ چارى-
سى تېپىلماسمۇ ؟ ئەگەرچەندە ، سىز شاھزادىنىڭ گۇناھىدىن كەچ-
سىڭىز ...
مىرزا ئۇلۇغبەگ تاقەتسىزلىنىپ :
— ھەيھات ! — دەپ خىتاب قىلدى ، — ئەگەرچەندە مەسىلە
شاھزادىنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشتىلا بولسا ، يۇرتنىڭ تىنچلىقى
ئۈچۈن مەن سۇلھى قىلىشتىن باش تارتماس ئىدىم . بىراق ، سەن
شاھزادىنى بىلمەيسەن ، ئەلى . ئۇنى چۈشەنمەيسەن ! — مىرزا
ئۇلۇغبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۆينى بىر ئايلىنىپ
چىقتى ، — مەقسەتنى چۈشەندىڭمۇ ؟ — دېدى ئۇ توختاپ ، — ھە ،
سېنى بۇ دەرگاھقا چاقىرتماقتىن مەقسەت شۇلكى ، قىرىق يىل
سەلتەنەت سۈرۈپ توپلىغان بايلىقىم ، رەسەتخانا ۋە كۇتۇپخانام ،
يېزىپ بولغان ۋە تېخى يېزىپ بولالمىغان رىسالەيۇ ، كىتابلىرىم ،
ھەممىسى سېنىڭ قولۇڭدا . قىسقىسى ، بۇ خەزىنىنى ئايىنىغان
جاھىللاردىن ، مۇتەئەسسىپ ئۇنسۇرلاردىن قوغداپ قېلىش ، يالغۇز
سېنىڭ ئىختىيارىڭدىدۇر . ئەمما ... — مىرزا ئۇلۇغبەگ قوللىرى-
نى كۆكسىگە ئېلىپ ، شاگىرتىغا سىناش نەزىرى بىلەن تىكىل-
دى ، — ئەمما ئېسىڭدە بولسۇنكى ، بۇ تولىمۇ خەتەرلىك ئىش !
— بىلىمەن ، ئۇستاز .
— بىلسەڭمۇ ، يەنە ئويلىنىپ كۆر ، ئەلى .
ئەلى قۇشچى سەل قىزىرىپ كۈلۈمسىرىدى .
— پېقىردىن گۇمان قىلىۋاتامسىز ، ئۇستاز !
— ياق ! ئەگەر گۇمان قىلسام ، بۇ سىرنى ئاشكارىلىماس
ئىدىم ، ئەلى . ئەمما ... سېنىڭ جېنىڭغا زامىن بولماقچى ئەمەس-
مەن . چۈنكى ، ئالىم ـ ئۆلىما دەپ ئاتالغان كالتە پەم مەدداھلار-

نىڭ ئىلىم ئەھلىگە چىشلىرىنى بىلەپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋىرىڭ باردۇ؟ ...

— خەۋىرىم بار، — ئەلى قۇشچى يېقىندا «مازارى شەرىف» تە يۈز بەرگەن بىر كۆڭۈلسىز ۋەقەنى ئېسىگە ئالدى.

ئۇلۇغبەگ مەدرىسىسىنىڭ تالىپلىرىدىن يىگىرمىدەك كىشى ئېغىر كېسەل بولۇپ قازا تاپقان بىر تالىپنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن، «مازارى شەرىف» كە بارغانىدى. ئۇلار تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ، قەبرىستان قورغىنىغا يېقىنلىشىپ قالغاندا، دەرۋازىدىن بىر توپ مۇرىت ۋە دەرۋىشنىڭ ھەمراھلىقىدا شەيخ نىزامىددىن خامۇش ھەزرەتلىرى چىقىپ كەلدى ـ دە، قولىدىكى نەقىشلىك ھاسىسىنى پۇلاڭلىتىپ:

— يوقال! — دەپ ۋارقىرىدى، — ئاللانى ئۇنۇتقان دىيانەتسىز دەھرىيلەر بۇ مۇقەددەس تۇپراقنى مەكرۇھ قىلما! مەكرۇھ!...

تاۋۇتنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان ئەلى قۇشچى ئېتىراز بىلدۈرمەكچى بولۇپ ئالدىغا ماڭغانىدى، شەيخ ھەزرەتلىرى يەنە ھاسىسىنى پۇلاڭلىتىپ:

— سەنمۇ يوقال، ئىنساپسىز! — دەپ ۋارقىرىدى، — مەۋلانە ئالائىددىن ئەلى! شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى، ھەمدۇسانى ئېسىدىن چىقىرىپ، كاپىرلىققا يۈز تۇتقان بارچە پەن ئىگىلىرىنىڭ ھالى شۇ بولىدۇ، شۇ! ...

— خوش، نېمىشقا ئويلىنىپ قالدىڭ، ئەلى؟

ئەلى قۇشچى نېمە ئۈچۈندۇر بىر قىمىرلاپ قويدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭ قېشىدا ھامان قول قوۋۇشتۇرۇپ، كۆزلىرى قىسىلغان ھالدا تۇراتتى. ئەلى قۇشچى ئۆز كۆڭلىگە ئارام بېرىپ:

— ئۇستازىمىنىڭ پەرمانى شاگىرتى ئۈچۈن ئەمرى ۋاجىپتۇر، — دېدى.

— ياخشىراق ئويلاندىڭمۇ؟ كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالماسەنمۇ؟

— ئۇستاز ! ...
— بەللى ! — مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆزلىرىدىكى سىناش ئالامەتلىرى ئىللىق مېھىر بىلەن ئالماشتى .
— قېنى ئەمىسە ، كەينىمدىن ماڭ ، ساڭا دەيدىغان يەنە بىر گېپىم بار ! — مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇدۇلدىكى سالامخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ، ئىچكىرىگە كىردى .

## 3

سالامخانا قاپقاراڭغۇ بولۇپ ، تۆرىگە قويما ئالتۇندىن ياسالغان نەقىشلىك كۇرس ئورنىتىلغانىدى . تورۇستىكى ئالتۇن قەندىلدە نىمە ئۈچۈندۇر پەقەت بىرنەچچىلا شام يېنىپ تۇراتتى . بۇ شاملارنىڭ شولىسىدا كۆپكۆك فارفورلار بىلەن قاپلانغان تاملار ، تورۇستىكى يېرىم شار شەكىللىك نازۇك بېزەكلەر قانداقتۇر مۇڭلۇق تاۋلىنىپ ، سالامخانىغا ئاللىقانداق سىرلىق تۇس بېرىپ تۇراتتى . ئەلى قۇشچىنىڭ ئېسىگە ئىختىيارسىز ھالدا بەخت ئىگىسى دەپ ئاتالغان ئەمىر تۆمۇر كەلدى . بۇ سىرلىق ھەم قاپقاراڭغۇ خانىدا ، تۆردىكى قويما ئالتۇندىن ياسالغان نەقىشلىك تەختتە ، بىر زامانلاردا بەخت ئىگىسى ئەمىر تۆمۇر ئولتۇرغانلىقى كۆز ئالدىغا كېلىپ ، ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى - دە ، گويا ئۇنىڭ تىنچسىز روھى بۇ خانىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقاندەك ، بۇ روھ گويا ئۇنىڭ ئەزىز دەرگاھىغا ئەلى قۇشچىغا ئوخشاش نامرات ئالىمنىڭ كىرگەنلىكىدىن نارازى بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى .

مىرزا ئۇلۇغبەگ تەختنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ، تامغا ئېسىلغان قارامتۇل يىپەك پەردىنى ئاچتى . پەردە ئېچىلغاندا ، بىر ئادەم ئارانلا پاتىدىغان ، بۇرجەكلىرىگە مىس تاسما قېقىلغان كىچىككىنە ئىشىك كۆرۈندى .

مىرزا ئۇلۇغبەگ بېلىدىكى كەڭ كەمىرىگە ئېسىلغان ئاچقۇچنى ئېلىپ ، ئىشىكنىڭ قۇلۇپىنى شاراقلىتىپ ئاچتى ، ئاندىن

www.uyghurkitap.com

قۇبىسسمان تەكچىدىن بىر دانە شامنى ئېلىپ ، ئەلى قۇشچىغا بەردى ، ئۆزىمۇ بىرنى ئېلىپ ياندۇردى ـ دە ، ئالىقىنى بىلەن ئىشىكنى ئىتتىردى .

تۆمۈر قاپلانغان يوغان ئىشىك ئاستا غىچىرلاپ ئېچىلدى ـ دە ، قاراڭغۇ بوشلۇق كۆرۈندى .

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىشىكتىن سەل ئىگىشىپ كىردى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرگەن ئەلى قۇشچى قاپقاراڭغۇ قۇدۇقنى كۆردى . ئۇنىڭ دىمىغىغا زەي پۇرىقى ئۇرۇلدى . مىرزا ئۇلۇغبەگ بىر قولىدا شام تۇتۇپ ، بىر قولى بىلەن قۇدۇقنىڭ تېيىلغاق تاملىرىنى سىلاپ ـ سىيپاپ ، تىك پەلەمپەيلەر ئارقىلىق پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى . ئاخىر ئۇ قۇدۇقنىڭ تېگىگە يەتتى بولغاي ، يەنە بىر ئىشىكنى ئېچىپ ، ئورىغا ئوخشايدىغان يەر ئاستى ئۆيگە كىردى .

بۇ ، تاملىرى قارا مەرمەر بىلەن قاپلانغان ، ئۈستى پەس ، تارغىنا تۆت چاسا ئۆي بولۇپ ، ئىچى مۇزدەك سوغۇق ئىدى . ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىدا تۆت تۆمۈر ساندۇق تۇراتتى . ساندۇقلار يوغان زەنجىرلەر بىلەن قوزۇقلارغا باغلانغانىدى .

مۇدھىش گۆرگە ئوخشايدىغان بۇ ئۆيمۇ ناھايىتى سۈرلۈك بولۇپ ، گويا ساندۇقلارنىڭ كەينىدە ، شاملارنىڭ شولىسى يورۇتال-مىغان قاراڭغۇ بۇلۇڭلاردا كىملەردۇر مۆكۈپ ياتقاندەك ۋە سۈكۈت ئىچىدە ئۇلارنى غەزەپ بىلەن كۆزىتىپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى …

مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ۋە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بىردەم تۇردى . ئۇ ئېھتىمال تىلاۋەت قىلدى بولغاي ، لەۋلىرى مىدىرلاپ ، ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى سىلىدى ، ئاندىن ئۇدۇلىدىكى ساندۇقنىڭ قۇلۇپىغا ئاچقۇچ سالغاچ ، ئەلى قۇشچىغا قاراپ ، «يار-دەملەشكىن» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى .

ساندۇقنىڭ قاپقىقى شۇنداق ئېغىر ئىدىكى ، ئىككىيلەن بىر-لىشىپ ئاران كۆتۈردى . ساندۇقنىڭ ئاغزى ئېچىلىشى بىلەنلا ، غۇۋا ئۆينىڭ ئىچى يورۇپ كەتكەندەك بولدى .

يوغان ساندۇق ۋال ـ ۋۇل پارقىراۋاتقان ئالماس ،

لەئەل ـ ياقۇت ، ئۈنچە ـ مەرۋايىت ۋە ۋالىلداۋاتقان قىممەت باھالىق ئېسىل تاشلار بىلەن لىق تولغانىدى .
مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭدىن بىر تۇتامنى ئېلىپ ، زوقمەنلىك بىلەن قارىدى . بۇ قىممەت باھالىق تاشلار كۆك ، قىزغۇچ ، يېشىل ۋە ھاۋارەڭ نۇر چېچىپ تۇراتتى . بۇ نۇرلار بىر ـ بىرىگە قوشۇ-لۇپ ، ئاجايىپ بىر مەنزىرە ھاسىل قىلاتتى .
— باغدات ۋە قاھىرە خەزىنىلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن ، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئويچان ھالدا ، — بۇ بوۋام ئەمىر تۆمۈر سۇلتان بايەزىدنى تارمار قىلغاندا ئېلىپ كەلگەن ئولجىلىرى . لېكىن ، بۇنىڭدىن يىرگەنمىگىن . ئەسلىنى سۈرۈشتۈرسەڭ ، بۇ-لارنىڭ ھەممىسى پۇقرالارنىڭ مۈلكىدۇر . ئۇنىڭدىن بىر خالتا ئېلىۋالغىن .
ئەلى قۇشچى ھەيران بولۇپ ، ئۇستازىغا قارىدى .
— بۇلارنى نېمە قىلارمەن ، پاناھدارىم ؟ ...
— ساڭا بايلىق كېرەك ئەمەس ، بۇنى مەن بىلىمەن . ئەمما ، بۇ جاۋاھىرلارنى بايا مەن دېگەن ياخشى ئارزۇ ـ تىلەك يولىدا ئىشلىتەرسەن !
مىرزا ئۇلۇغبەگ شۇنداق دەپ ساندۇقتىكى جاۋاھىرلارنى بىر چەتكە سۈردى . ئىم قاراڭغۇ ئۆي تېخىمۇ يورۇپ كەتتى . قىممەت باھالىق تاشلارنىڭ ئاستىدىكى قۇيما ئالتۇنلار ۋالىلداپ كەتتى . يۇپيۇمىلاق قېلىپلاردا قۇيۇلغان ئالتۇنلار خۇددى دۆم كۆمتۈرۈل-گەن پىيالىلەردەك ، ساندۇق تېگىدە قاتار تىزىلغانىدى .
مىرزا ئۇلۇغبەگ قۇيما ئالتۇندىن بىرنى ئېلىپ ، قولىدا دەڭ-سەپ كۆردى ۋە :
— دەل ئۈچ قاداق كېلىدۇ ، — دېدى ، — بۇلار جەننەت ماكان بوۋامنىڭ ماڭا قالدۇرغان ئۈلۈشى . مەن ئۆز ئۈلۈشۈمنى جاھانگىرلىك ئۈچۈن ئەمەس ، يۇرتنى ئاۋات قىلىش ، مەدرىسىلەر قۇرۇپ ، ئىلىم ـ پەننى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىش نىيىتىدە ئىدىم . ھېلىمۇ شۇ نىيەتكە سەرپ بولغاي ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىرزا ئۇلۇغبەگ ساندۇقنىڭ تېگىدىن قىلىن، قىزىل كۆن خالتىنى ئېلىپ، پىيالە چوڭلۇقىدىكى قۇيما ئالتۇندىن ئوننى خالتىغا سالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، گۆھەر - مەرۋايىتلاردىن بەش - ئالتە ئوچۇم ئېلىپ، خالتىغا سالدى - دە، ئەلى قۇشچىغا قارىدى:

— ئال!

ئەلى قۇشچى كۆن خالتىنى ساندۇقتىن ئېلىپ، يەرگە قويدى. خالتا ناھايىتى ئېغىر ئىدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ خىيال سۈرۈپ، ساقىلىنى سىلىدى.

— توغرا، سەن بۇ ئالتۇنلارنى ئىشلىتىشنى بىلمەسلىكىڭ مۇمكىن، — ئۇ بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن، — مۇبادا بۇلارنى تەڭگىگە ئالماشتۇرۇش لازىم بولسا، خوجا سالاھىددىن زەرگەرگە مۇراجىئەت قىلغىن. ھە راست، زەرگەر بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى مەۋلانە مۇھىددىننىغا ھەم سالىمىمنى، ھەم ئۆزرەمنى يەتكۈزگىن. بۇ مۇشكۇل ئىشتا ئىشەنگەن بىر تېغىم سەن بولساڭ، يەنە بىر تېغىم مەۋلانە مۇھىددىندۇر ... شاھزادىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرسۇن، سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قوي، ئەلى، — دېدى.

— باش ئۈستىگە، ئۇستاز ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ياپقاچ:

— قالغىنى شاھزادە ئابدۇل ئەزىزنىڭ ئۈلۈشى بولۇر، — دېدى ۋە گويا بۇ گېپى ئۈچۈن ئەلى قۇشچىدىن ئۆزرە سورىغاندەك، قوشۇمچە قىلدى، — بىلىسەنغۇ، شاھزادىنىڭ تېنى ئاجىز، دىلى سۇنۇق ...

ئۇستاز قوشۇن تارتىپ جەيھۇن بويلىرىدا يۈرگەن چاغلاردا، سەمەرقەندتە قالغان شاھزادە ئابدۇل ئەزىزنىڭ مۇناپىقلىقلىرى ئېسىگە كەلگەن ئەلى قۇشچى: «ئاھ، ئۇستازىم، ئۇستازىم! — دېدى ئىچىدە، — نېمە ئۈچۈن بۇ پەرزەنتىڭىزگە شۇنچىۋالا ئامراقتۇرسىز؟ سىزنىڭ بېشىڭىزغا كەلگەن كۈلپەتلەرنىڭ ھەممىسى شۇ ئامراق پەرزەنتىڭىز دەستىدىن بولغان ئەمەسمىدى؟ سىز

ئۇنىڭ تېنى ئاجىز ، دىلى سۇنۇق دەيسىز . بىراق ، ئۇ سىزنىڭ ئورنىڭىزدا سەمەرقەندتە قالغاندا ، سەركەردىلىرىڭىزگە بېسىم ئىشلەتتى ، ئەمىر ئىبراھىمبەگنىڭ ئوغلىنى قەتل قىلدۇرۇپ ، ھەممە لەشكەر باشلىقلىرىنى سىز بىلەن دۈشمەنلەشتۈردى ... » .

مىرزا ئۇلۇغبەگ گويا ئەلى قۇشچىنىڭ ئويلىغانلىرىنى بىلىۋالغاندەك ، خورسىنغان ھالدا مۇنداق دېدى :

— مەن ئۆزۈمدىن قورقمايمەن ، ئەلى . ھەقتائالا ئىنئام قىلغان ئۆمۈرنى ياخشى بولسۇن ، يامان بولسۇن ، ئۆتكۈزدۈم . بۇ تار دۇنيانىڭ لەززىتى شۇنچىلىك ئىكەن . ئەمما ، ئۆز پۇشتۇمدىن بولغان بۇ پەرزەنتىمنىڭ تەقدىرى قانداق بولۇر ؟ ئاكا ـ ئۇكا بىر ـ بىرىنى نېمە قىلىشۇر ؟ بۇنى ئويلىسام يۈرىكىم مۇجۇلىدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭ تېنى ئاجىز ، دىلى سۇنۇق ، ئەلى !

ئەلى قۇشچى گويا ئۇستازىغا ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويغاندەك ھېس قىلىپ ، ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىدىن كۆزىنى قاچۇردى .

— بەس ! مۇشكۇلىمىزنى ئاللاتائالا ئۆزى ئاسان قىلغاي ! — مىرزا ئۇلۇغبەگ ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى سالدى ـ دە ، شامنى قولىغا ئېلىپ ، ئالدىغا ئۆتتى . سالامخانىغا چىققاندىن كېيىن ، ئىشكلەرنى ئېچىپ ، باشقا ئۆيلەرگە قارىدى ۋە ھېچكىم يوقلۇقىنى بايقاپ ، ئەلى قۇشچىغا بۇرۇلدى .

— كۆكسارايدىن بۇ جاۋاھىراتنى ئېلىپ چىققانلىقىڭنى ھېچكىم بىلمەسلىكى كېرەك ،— دېدى ئۇ ، — بەلۋاغ بىلەن بېلىڭگە ئىككى قاتار قىلىپ تېڭىۋال !

ئەلى قۇشچى باش لىڭشىتىپ ئۇستازىغا تىكىلدى .

— كەمىنىگە يەنە نېمە تاپشۇرۇقىڭىز بار ، ئۇستاز ؟

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ ، چىرايىدا خىيال ئارىلاش بىر شىجائەت ئالامىتى پەيدا بولدى .

— ھەممە تىلىكىمنى بايا ئېيتتىم . مەن تاجۇ تەختنى ئەمەس ، ئىلىم ـ مەرىپەت يولىدا قىلغان خىزمەتلىرىمنى ، يازغان ئەسەرلىرىمنى ، توپلىغان ئىلىم خەزىنىسىنى ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي بايلىقى

دەپ ھېسابلايمەن . بۇ بىباھا خەزىنىنىڭ تەقدىرى سىنىڭ قولۇڭدى-دۇر ، ئەلى . بۇ خەزىنە پۈتكۈل ماۋارەئۇننەھرنىڭ ، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بايلىقىدۇر . مۇبادا ، ھەقتائالا كەمىنە ئاجىز بەندى-سىنى سەلتەنەتتىن جۇدا قىلىپ ، ئەلدە خۇراپاتلىق ئەۋج ئالسا ، بۇ خەزىنىنى كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ساقلاپ قېلىش سىنىڭ زىممەڭدىكى ئىشتۇر . ئۇنى تاغقا ئېلىپ چىقىپ ، ئېنىق بىر جايغا بوشۇرۇپ قويساڭمۇ بولىدۇ ، لېكىن ئېھتىيات قىلىش شەرت . بۇگۈنلا ئۇستا تېپىپ ، ئون - ئون بەشچە پولات ساندۇق ياسىتىپ قويۇش كېرەك .

— چۈشەندىم ، ئۇستاز ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ قوللىرىنى شاگىرتىنىڭ مۈرىسىگە قويدى .

— ھەقتائالاغا شۈكرىكىم ، ئۆز پۈشتۈمدىن بولغان پەرزەن-تىمدىن كۆڭلۈم سۇ ئىچمىگەن بولسىمۇ ، سەندەك شاگىرتنى ماڭا ئاتا قىلدى ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئەلى قۇشچىنى قۇچاقلاپ ، پېشانىسىگە سۆيدى .

ئەلى قۇشچى نېمە ئۈچۈندۇر يەنە ئاشۇ ئىللىق باھار كۈنىنى ئەسلىدى . كۆز ئالدىغا خېلى ياشنىپ قالغان ، ئاق ساقاللىق مېھرىبان ئۇستاز قازىزادە رۇمى كەلدى . ئۇنىڭ مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئوخشاش پېشانىسىگە سۆيگەنلىكى ، يۈزىگە تەگكەن ئاپئاق ھەم يۇمشاق ساقىلى يادىغا كېلىپ ، دىلى يايراپ كەتتى .

— خۇدا ھەققى ، پېقىرمۇ ئاللاغا شۈكۈر دەيمەنكى ، سىزدەك مېھرىبان ئۇستازنى ئاتا قىلدى ، — ئەلى قۇشچىنىڭ كۆزىگە ئىختىيارسىز ھالدا ياش كەلدى ، — ئەگەر تەقدىر باشقا يولنى ئىختىيار قىلغان بولسا ، مەن كىم بولاتتىم ؟

مىرزا ئۇلۇغبەگ يوغان ئالتۇن ئۈزۈك ئاقالغان كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ، توساتتىن دەردلىك ئاۋاز بىلەن :

— مەن سەندىن ئەبەدىلئەبەد رازى ، — دېدى ، — مۇبادا دىدار

كۆرۈشۈش نېسىپ بولمىسا، رازى بولغايسەن، ئوغلۇم.
ئۇ بۇگۇن ئەلى قۇشچىنى ئىككىنچى قېتىم «ئوغلۇم» دېدى.
— پېقىرمۇ رازى، ئۇستاز، مەڭگۇ رازىمەن...
ئۇستاز بىلەن شاگىرت كۆز يېشىدىن تىللىرى لال بولۇپ، قاتتىق قۇچاقلاشقان هالدا قىمىر قىلماي قېتىپ قېلىشتى.

## 4

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەلى قۇشچىنى بىرىنچى قەۋەتكىچە ئۇزىتىپ قويۇپ، ئوۋ ئولجىلىرى بىلەن بېزەلگەن ئۆيگە قايتىپ كىردى. بۇ هەشەمەتلىك سارايدىكى سان ـ ساناقسىز ئۆيلەر ئارىسىدا مىرزا ئۇلۇغبەگ مۇشۇ كەڭ ـ كۇشادە ئۆيىنى بەكرەك ياقتۇراتتى. سالام-خانىدا ئولتۇرۇپ چارچىغاندا ۋە هۆكۈمەت ئىشلىرىدىن زېرىككەن-دە، ئۇ كۆپىنچە شۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ دەم ئالاتتى ۋە ئوقۇش هەم تەتقىقاتتىن لەززەتلىنەتتى.
ئۆينىڭ تۆرىدىكى شىرەدە كۈمۈش لىگەنلەرگە سېلىنغان كا-ۋاپ ۋە نانلار، نازۇك هەم نەقىشلىك پىيالىلەرگە قۇيۇلغان شارابلار ئۆز پېتىچە تۇراتتى.
مىرزا ئۇلۇغبەگ كۇرسىدا ئولتۇرۇپ، شارابتىن بىر يۇتۇم ئىچمەكچى بولۇپ، پىيالىنى قولىغا ئالدى. لېكىن، دەل شۇ چاغدا مەرمەر پەلەمپەيلەردە گۇرسىلدىگەن ئاياغ تاۋۇشلىرىنى ئىشتىپ، پىيالىنى جايىغا قويدى. ئۆيگە سوغۇق چىراي سارايۋەن كىرىپ تەزىم قىلدى.
— بابا هۇسەيىن باهادىر...
— قېنى؟ ئېيت، كىرسۇن!...
مىرزا ئۇلۇغبەگ سۆزىنى تۈگىتىپ بولغۇچە، ئىشىك ئالدىدا تۇنۇگۇن كېشكە چاپارمەن قىلىپ ئەۋەتىلگەن سۆيۈملۈك نۆكىرى بابا هۇسەيىن باهادىر كۆرۈندى.
ئېگىز، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن هۇسەيىن باهادىر قول

قوۋۇشتۇرۇپ پەگادا يۈكۈندى . ئۇنىڭ بېشىدىكى ئۈچلۈق دۇبۇلغىسى ئاستىدىن ئاققان تارام ـ تارام تەر تامچىلىرى يۈزىنى يۇيۇپ ، قاپقارا ساقال ـ بۇرۇتلىرىغا تامچىلايتتى . مىس ساۋۇت ئىچىگە يوشۇرۇنغان كەڭ كۆكرەكلىرى تۆمۈرچىنىڭ كۆرۈكىدەك بىر كۆتۈرۈلۈپ ، بىر چۈشۈپ تۇراتتى . مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ ، ئورنىدىن تۇردى .

— نېمىشقا گاچىدەك جىم تۇرسەن؟ سۆزلە !

— ئۇلۇغ شاھىم ، ئەپۇ قىلغايسىز . سىز قۇدرەتلىك شاھىمنى خۇش قىلغۇدەك خەۋەر كەلتۈرەلمىدىم …

— سۆزلە ! — ۋارقىرىۋەتتى مىرزا ئۇلۇغبەگ .

— ئەپسۇس ، كېش قولدىن كەتتى ، ئۇلۇغ شاھىم . قەلئە دورغىسى ئەمىر كامالىددىن كېشنىڭ ئاچقۇچىنى شاھزادىگە قارشىلىقسىزلا قوش قوللاپ تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ !

— ئەمىر ئارسلان قەيەردە ؟

— ئەمىر ئارسلان ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن داۋاندا تۇرۇپتۇ …

مىرزا ئۇلۇغبەگ قوللىرىنى كەينىگە قىلغىنىچە ئۆيىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ ، بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى لىپىلداشقا باشلىدى ؛ جاغ پەيلىرى بۆرتۈپ چىققان قارامتۇل يۈزىدە ، قىسقىسى ، پۈتۈن كەيپىياتىدا شەپقەتسىزلىك ئالامىتى پەيدا بولدى . جىمجىتلىق ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەچكە ، سارايۋەن ھۈسەيىن باھادىرنى ئاستا نوقۇپ قويدى . ھۈسەيىن باھادىر تامىقىنى قىرىپ :

— ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا تەييارمەن ، — دېدى .

مىرزا ئۇلۇغبەگ بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرىنى نۆكىرىگە تىكتى ، بىراق نۆكىرىنى كۆرمىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ خىيالى باشقا يەردە ئىدى .

— نېمە دېدىڭ ؟ ھە !؟ تاڭ سەھەر بىلەن قوشۇن تارتىپ ، يولغا چىقىمىز . ئات ـ ئۇلاغلار ھازىرلانسۇن !

— ئەمىر - پەرمانلىرى ۋاجىپتۇر ، ئۇلۇغ شاھىم ، ۋە لېكىن بىر ئىلتىماسىم بار…

— سۆزلە !

— ئىلتىماسىم شۇكى ، چېرىك[1] يىغساق .

— چېرىك ؟

— پۇقرالار سىزگە سادىقتۇر ، كارامەتلىك شاھىم ! ئىجازەت بەرسىڭىز ، بەش - ئون مىڭ چېرىك يىغاتتۇق .

مىرزا ئۇلۇغبەگ ساقىلىنى سىلاپ ئۇزاق ئولتۇردى ، ئاندىن ئاستا باش چايقاپ :

— ياق ، — دېدى ، — لەشكەر تەڭ كېلەلمىگەن يەردە چېرىك نېمە قىلالايدۇ ؟ بېرىپ دەم ئالغىن ، بابا ھۇسەيىن …

سارايۋەن بىلەن بابا ھۇسەيىن باھادىر كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىشتى . مىرزا ئۇلۇغبەگ شاراب تولدۇرۇلغان پىيالىنى قولىغا ئېلىپ ، شارابنى بىر ئوتلىشىدا ئىچىۋەتتى …

ھەيھات ، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۇمىدىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى . ئۇ شاھزادە ئابدۇللەتىپنىڭ زور قوشۇن بىلەن جەيھۇندىن ئۆتۈپ ، كېشكە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ ، بۇ مۇستەھكەم قەلئەنىڭ ئۇنىڭ چاڭگىلىغا ئۇرۇش - توقۇنۇشسىزلا كىرىپ كېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى . ئۇ ئەمىر كامالىددىنغا ئىشىنەتتى . ئۇنىڭ قەلئە ئاچقۇچىنى شاھزادىگە قارشىلىقسىزلا تاپشۇرۇپ بېرىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى . چۈنكى ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ سادىق كىشىلىرىدىن بىرى دەپ ھېسابلايتتى ! … بەس ، ئەمىر كامالىددىن چېغىدا سانقۇنلۇق قىلغان بولسا ، ئەمدىلىكتە كىمگە ئىشىنىش ، كىمگە تايىنىش كېرەك ؟ ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا بوۋىسىنىڭ بىر گېپىنى ئېسىگە ئالدى .

ئەمىر تۆمۈر ھىراتتىكى «باغى جاھان» دا شاھرۇھ مىرزا بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ، ئوغلىنىڭ مەلۇم بىر ئەمىرنىڭ ساداقەتلىكى توغرىسىدا قىلغان گېپىگە ئاچچىق كۈلۈپ : «بۇ ئە-

[1] چېرىك — بۇ يەردە پىدائىي قىسىملار مەنىسىدە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىرلەرگە ئىشەنمىگىن ، ئوغلۇم ! ئۇلارنى سادىق بولسۇن دېسەڭ ، قىلىچىڭنى قولۇڭدا مەھكەم تۇت ! » دېگەنىدى .

دەرھەقىقەت ، مانا ئۇ ماۋەرا ئۇننەھرگە سەل كەم قىرىق يىل شاھ بولۇپ ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى ، مۇرۇۋۋەتلىك ، خەلقپەرۋەر شاھ بولۇشقا تىرىشتى ، پۈتۈن كۈچى ۋە ئىقتىدارىنى مەملىكەت خەلقىنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلدى ، ئەمما بۈگۈن بېشىغا كۈن چۈشكەندە ، نە بىر يۆلەنچۈكى ، نە بىر سىرداشى بولسۇن ! ... تەقدىر ئۇنىڭغا شۇنداق كاجلىق قىلدىكى ، ئۇ ئۆزۈش - ماجىرادىن زادىلا قۇتۇلالمىدى . يا ... ئەل قىساسۇمىنەل-ھەق ! بوۋىسى ئەمىر تۆمۈرنىڭ قانلىق قىرغىنلىرى ئۈچۈن تەقدىر ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىۋاتامدۇ ؟ يا شەپقەتسىز خۇراسان يۇرتىدە ئۇنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا تۆكۈلگەن قانلار ئۈچۈن ھەقتائالا ئۇنى ئۆز مېھرى - شەپقىتىدىن مەھرۇم قىلدىمۇ ؟ ئۇ شۇ خىياللار بىلەن ئاتىسى شاھرۇھ مىرزا ۋاپاتىدىن كېيىن ھىراتقا بارغىنىدا يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنى ئېسىگە ئېلىپ ، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى تىترەپ كەتتى .

جۈمە كۈنى ئىدى . مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ھىراتقا كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن بارلىق دىن پېشىۋالىرى ، ھەربىي ئەمەلدارلار ۋە دۆلەت ئەربابلىرى جۈمە مەسچىتكە يىغىلغانىدى . مىرزا ئۇلۇغبەگ ھىراتنىڭ ئەمەلدار - بايلىرى ھەمراھلىقىدا شاھرۇھ مەدرىسىسىدىن چىقىپ ، قەلەندەرلەر خانىقاسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ، چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن مەجنۇن سۈپەت بىر دەرۋىش پەيدا بولدى - دە ، خۇددى زىكىر قىلىۋاتقاندەك غەلىتە ھەرىكەتلەرنى قىلىپ ، نۇرسىز كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئۇنىڭ يولىنى توستى .

ئالدىدا كېتىۋاتقان ئاتلىقلار دەرۋىش تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ، ئۇنى يولدىن قوغلىۋېتىشكە ئۇرۇندى . لېكىن ، مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىشارەت بىلەن ئۇلارنى قايتۇرۇپ ، دەۋرىشنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولغانلىقىنى بىلدۈردى . شۇنىڭ بىلەن ، تەلۋە

دەرۋىش جۆل ـ جۆل بولۇپ كەتكەن جەندىسىگە ئېسىلغان كىچىك قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ ، غەلىتە قىلىقلارنى قىلغىنىچە مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇ قوۋۇزلىرىنى كۆپۈرۈپ : «يائاللا دوست ، يائاللا ، ھەق دوست يائاللا !» دەپ زىكىر قىلاتتى ۋە زىكىر ئارىسىدا قانداقتۇر بىر نىمىلەرنى دەيتتى . دەرۋىش غودۇڭشىپ گەپ قىلغاچقا ، مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئارانلا چۈشىنەتتى .

تەلۋە دىۋانە مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ ھىرات ئەتراپىدىكى قىشلاقلارنىلا ئەمەس ، ھەتتا يوقسۇللار ۋە دىۋانىلەرنىڭ خانىقالىرىنىمۇ تالان ـ تاراج قىلغانلىقىدىن شىكايەت قىلاتتى ھەمدە بۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن پۈتۈن تۆمۈرىلەر ئەۋلادى ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى ... مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۆزىنى ئانچە پەرۋا قىلمىغانغا سېلىپ ، تېز يۈرۈپ كەتتى . لېكىن ، شۇنىڭدىن بۇيان تەلۋە دەرۋىشنىڭ مۇدھىش بېشارىتى ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقمايتتى . مانا ، ھازىرمۇ شۇ مەنزىرە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىپ ، تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى ...

دۇرۇس ! بۇ ئاپەتلىك خوراسان يۈرۈشى ئۇنىڭ بېشىغا كۆپ سەۋدالارنى سالدى . باشتا ئۇنى بۇ يۈرۈشكە دەۋەت قىلغان ئەمىرلەر بولسا ، غەلىبىسىز يۈرۈشتىن كېيىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ، تىرناقتىن كىر ئىزدىمەكچى بولۇشقانىدى . لېكىن ، نە چارە؟ ئاتىسى شاھرۇھ مىرزا ۋاپاتىدىن كېيىن (مەرھۇمنىڭ ياتقان جايى جەننەت بولغاي ! ) ۋالىدەئى مېھرىبانى[1] گۆھەرشات بېگىمنىڭ ناباب قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھىرات سارىيىدا بۆلگۈنچىلىك ئەۋج ئېلىپ ، تەختداشسىز سەلتەنەت خەۋپ ئاستىدا قالدى !

مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆزىنى يۇمۇپ ، بېشىنى ئاستا چايقىدى . ئۇ ئانىسىغا نىسبەتەن ئۆز قەلبىدە ئىللىق بىر تۇيغۇ ئورغۇتۇشقا ئۇرۇندى ، لېكىن كۆز ئالدىدا ئېگىز بويلۇق ، كۆك يىپەكتىن كۆڭلەك كىيگەن ، قولىدىن تەسۋى چۈشۈرمەيدىغان ھاكاۋۇر بىر

---

[1] ۋالىدەئى مېھرىبانى — مېھرىبان ئانا .

خوتۇن پەيدا بولدى . ئۇ قاش ـ كۆزلىرى قاپقارا ، بۇرنى سەل ئىلمەك ، چىرايلىق بىر ئايال بولسىمۇ ، مېھرى سوغۇق ئىدى . بوۋىسى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگانى شاھادەت شارابىنى ئىچكەندىن بۇيان ، گۆھەرشات بېگىم بۇ كىيىمنى ، يەنى كۆك يىپەك كۆڭلەكنى بىلەن كۆك رومىلىنى تاشلىماي ، خۇددى بەخت ئىگىسى ئەمىر تۆمۈرگە تاكى ئۆلگۈچە ماتەم تۇتىدىغاندەك ۋە بۇنىڭ بىلەن ، بۇ دۇنيا ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ ، ئۇ دۇنيانىڭ غېمىنى يەۋاتقاندەك قىلاتتى . ھەيھات ! ئەمىر تۆمۈر ئاللا رەھمىتىگە يول ئېلىپ ، خۇراسان تەختىگە شاھرۇھ مىرزا ئولتۇرۇشى بىلەنلا ، گۆھەرشات بېگىم تاج ـ تەختنى ئۆز قولىغا ئالدى ، سارايىنى جاھىل ئۇنسۇرلار ۋە خاقانى سەئىدنى كۆرەلمەيدىغان قارا نىيەتچىلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى ، نەتىجىدە ھىراتنى پىتنە ـ پاساتچىلار ئۇۋىسىغا ئايلاندۇردى . شاھرۇھ مىرزىنى ئازدۇرۇپ ، سەئىدلەرنى قەتل قىلدۇرغان ، شاھزادىلەر ئارىسىغا ئاداۋەت سالغان ، سۆيۈملۈك نەۋرىسى ئالاۋۇددەۋلە بىلەن ئابدۇللىتىپنى دۈشمەنلەشتۈرۈپ ، قىرغىنچىلىق پەيدا قىلغانمۇ ئەنە شۇ مېھرىبان ئانا ـ گۆھەرشات بېگىم بولدى ! … ئۇ بۇ پىتنىخورلۇق ، قانخورلۇقتىن ھېچ نەتىجە چىقىرالماي ، ئۆز ئوغلى مىرزا ئۇلۇغبېگكە «بۇزۇق شاھ» دېگەن بەتنامنى چاپلاپ ، شاھزادە ئابدۇللىتىپنى ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەشتۈردى . شاھزادە بولسا ، سوپا ـ دەرۋىشلەر جامائەسىنىڭ ئاقساقلى شەيخ نىزامىددىن خامۇشقا ئوخشاش دىن پېشۋالىرىنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالغانىدى . ئېھ ! خۇراپات پاتقىقىغا پېتىپ قالغان جاھىل ئۆلىمالار ! ئىلگىرى مىرزا ئۇلۇغبېگنىڭ تەختى مۇستەھكەم چاغلاردا ، ئۇلار نائىلاج چىشلىرىنى چىشلەپ بولسىمۇ چىداپ يۈرگەنىدى . بىراق ، مىرزا ئۇلۇغبېگ خۇراسان يۈرۈشىدىن غەلىبىسىز قايتىشى بىلەنلا ، ئۇلار قۇتراشقا باشلىدى . مىرزا ئۇلۇغبېگ ئىشەنگەن لەشكەر باشلىقلىرى ، يەنى يۇكسەك مەرتىۋە ، شانۇ شەۋكەت ۋە زىبۇ زىننەتكە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدىغان بۇ ئەمىر ـ سەركەردىلەر بولسا ، پەقەت تەخت ساھىبى قۇدرەتلىك چاغدىلا قول قوۋۇش-

تۇرۇپ تۇرىدۇ ، ھاكىمىيەت سەل تەۋرەنسىلا ، ئۇلار دەرھال يۈز ئۆرۈيدۇ . قىسقىسى ، كىمنىڭ قىلىچى ئۆتكۈر بولسا ، ئۇلار شۇ-نىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ .

ھەئە ، خۇراسان يۇرۇشىدىن كۆپلىگەن بايلىق ، يۇقىرى مەر-تىۋە ۋە شان - شۆھرەت تەمە قىلغان سەركەردىلەرنىڭ ھەممە ئۈمىدلىرى ئەمەلگە ئاشمىغانىدى . نە چارە؟ بۇ جاپالىق يۇرۇش نەتىجىسىز بولغانىدى . كېيىنچە مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۆز ئوغلى ئاب-دۇللىتىپقا قارشى قوشۇن تارتىپ جەيھۇن بويلىرىغا ئاتلانغاندا ، سەمەرقەندتە قالغان شاھزادە ئابدۇل ئەزىز نۇرغۇنلىغان ئەسكىلىك-لەرنى قىلىپ ، بىرمۇنچە نوپۇزلۇق ئەمىرلەرنى ئۇنىڭغا قارشىلاش-تۇرۇپ قويىدى . ئۇرۇشتىن زارلانغان پۇقرالارمۇ ئۇنىڭدىن سوۋۇ-دى . ئاقىۋەت ، مانا ، قىرىق يىللىق ئەمگىكى خەۋپ ئاستىدا تۇرۇپ-تۇ ! ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ بۇ خىياللاردىن بېشى گاڭگىراپ پېشانىسىنى سىلىدى ۋە يەنە بىر پىيالە شاراب ئىچتى . لېكىن ، ئۇ ئۆز قايىنمى-غا تارتىۋاتقان شاۋقۇنلۇق خىيال گىردابىدىن چىقالمىدى .

ئۇ شاگىرتى ئەلى قۇشچىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى چىن كۆڭلىدىن ھېس قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ بايىقى گەپلىرى يادىغا كېلىپ ، يۈرىكى ئېچىشتى . ئاقىۋەت ، ئۇنىڭ شۇنچە خىزمەتلىرى ، ئىلىم - مەرىپەت يولىدا تارتقان جاپالىرى ، سەرپ قىلغان بايلىقلى-رى ، پۇقرالار ئۈچۈن سالدۇرغان مۇنچا - ھاماملىرى ، چاپتۇرغان ئۆستەڭلىرى ، قىسقىسى ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېتىبارغا ئېلىنماس-مۇ؟ كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۇنى باشقا شاھ ۋە تەخت ئىگىلىرىدىن پەرقلەندۇرمەسمۇ؟ ئەلى قۇشچى : «مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەگەر ھا-كىمىيەت تالاشماستىن ، تاج - تەختنى شاھزادىلەرگە تاشلاپ بېرىپ ، ئىلىم - مەرىپەت يولىغا ماڭسىلا ، شاھزادىلەر ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىدۇ ، شۇ چاغدا ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋېرىدۇ . ئۇلار يەنە رەسەتخانا ۋە مەدرىسى-لەرنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ» دەپ ئويلايدۇ . ھەيھات !

ئەگەر پانىي ئالەمنىڭ ئىشلىرى ئەلى قۇشچى ئويلىغاندەك ئاسان بولسا ، مىرزا ئۇلۇغبەگ بۇ ۋاپاسىز ھاكىمىيەتتىن ئاللىقاچانلا ۋاز كېچىپ ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى سۆيۈملۈك ئىشىغا بېغىشلىماسمىدى ؟ بېشىدىكى تاج ۋە ئاستىدىكى تەختنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئۈچۈن لازىم ئىكەنلىكىنى دېمىسە ، بۇ سۇرلۇك سارايدىن ، ھېسابسىز گۇناھلار بىلەن تولغان بۇ ھەرەمدىن ، شان ـ شۆھرەت ۋە مەنسەپ ئىشقىدا ھەرقانداق رەزىللىكلەرنى قىلىشتىن يالتايمايدىغان بۇ ئەمىر ـ سەركەردىلەردىن ، سارايۋەنلەردىن ، خۇراپات ۋە تەئەسسۇپ پاتقىقىغا پاتقان دىن پېشۋالىرىدىن ۋاز كېچىپ ، سۆيۈملۈك تالىپلىرى ئارىسىغا ۋە مەرىپەت دەرگاھىغا كەتمەسمىدى ؟ بۇ يىرگىنچلىك تاج ـ تەختنىڭ ، بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىن ھاكىملىق قىلىش ئىستىكى شۇنداق كۈچلۈك بولىدۇكى ، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ پاك نىيەتلىك ئىكەنلىكىگە كىم ئىشىنەر ؟ كىممۇ ئۇنىڭ سەمىمىيىتىگە ، ھاكىمىيەتتىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ۋاز كەچكەنلىكىگە ئىشىنىپ ، ئۇنى تىنچ قويار ؟ ئەگەر ئۇنىڭغا ئىشەنسە ، ئىشىنىپ ، ئۇنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن خاتىرجەم شۇغۇللىنىشىغا ئىمكان بەرسە ، ئۇ ھازىرمۇ بۇ ۋاپاسىز ھاكىمىيەت ۋە تاج ـ تەختتىن ئۇزۇل ـ كېسىل ۋاز كېچەتتىغۇ ...

يۈرىكىنى لەرزىگە سالغان بۇ تەشۋىشلىك ئويلار ، ئەلەملىك قەلبىدىكى بۇ بوران ھەرقانچە دەھشەتلىك بولسىمۇ ، ئۇ كېچىنى ھارغىنلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ ، ئۆز ئىشىنى قىلدى . ئۇ بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە قويۇشى بىلەنلا ، كۆزلىرى يۇمۇلۇشقا باشلىدى ، لېكىن ئۇنىڭ كاللىسىدا يەنە شۇ خىياللار كەچتى . مۇبادا شاھزادە ئۇنىڭ تەلىپىگە ھۆرمەت قىلسا ، ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھاكىمىيەتتىن ۋاز كېچىپ ، بارلىقىنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە بېغىشلاشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى . لېكىن ، تاڭ سەھەر بىلەن سارايغا يىغىلغان سەركەردىلەر ئۇنى ئويغاتقاندا ، ئۇ كېچىسى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان ئەھدى ـ پەيمانىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيلا ، ئالتۇن كەمىرىنى بېلىگە چىڭ باغلاپ ، بوۋىسى

ئەمىر تۆمۈر تەقدىم قىلغان ئالتۇن دەستىلىك پولات شەمشىرىنى ئېسىپ، شىددەتلىك جەڭگە ئاتلاندى. مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئۆز ئىرادىسىدىنمۇ قۇدرەتلىكرەك بىر كۈچ ئۇنى تەخت ۋە سەلتەنەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ بۇ كۈچكە بويسۇندى …

## 5

ئەلى قۇشچى ئىتىنىڭ چۇلۋۇرىنى دەرۋازا ئالدىدا ئۇنى كۈتۈۋالغان قاراۋۇلغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ قورۇغا كىردى. سىرتتا ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئۇنى ئۇزىتىپ كەلگەن سىپاھلارنىڭ ئارقىغا قايتقانلىقىنىڭ شەپىسى ئىدى.

ئەلى قۇشچى رەسەتخانىغا قاراپ ماڭغاندا، قاراۋۇل بوۋاي:

— ئانىڭىز كەپتۇ، مەۋلانە، — دېدى.

— قېنى؟

— كىتابدارنىڭ ھۇجرىسىدا.

«كىتابدار» مىرەم چەلەبى بولۇپ، ئۇ كېچە - كۈندۈز كىتابخانىدىن چىقمايدىغان بولغاچقا، شۇ نام سىڭىپ قالغانىدى.

«ئانام بۇ يېرىم كېچىدە نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟» ئەلى قۇشچىنىڭ خىيالى يەنىلا كۆكسارايدا، ئۇستازىدا ئىدى. ئۇ كۈتۈپخانىغا ئالدىرايتتى. ئۇ يەردە تەنھا ئولتۇرۇپ، ئۇستازىنىڭ گەپلىرىنى يەنىمۇ ئويلىنىپ كۆرگۈسى كېلەتتى ۋە يالغۇز قېلىشنى خالايتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا رەسەتخانىنىڭ ئارقىسىدىكى تالىپلار ئولتۇرىدىغان بىر قەۋەتلىك بىناغا بۇرۇلدى.

مىرەم چەلەبى بىنانىڭ ئەڭ چېتىدىكى تار ئۆيدە ئولتۇراتتى. ئۆيدە پەقەت بىرلا شام پىلىلداپ تۇرغان بولۇپ، مىرەم چەلەبى ئۆزى يوق ئىدى. ئەلى قۇشچىنىڭ ئانىسى تىللابىبى خىرە ئۆينىڭ تۆرىدە تىزىنى قۇچاقلىغىنىچە مۈگدەپ ئولتۇراتتى.

ئەلى قۇشچى ئىشىكنى ئاستا يېپىپ، ئارقىسىغا قايتماقچى

بولدى ، لېكىن تىللابىبى ئويغىنىپ كېتىپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، قۇشتەك كېلىپ ئوغلىنى بويىنىدىن قۇچاقلىۋالدى .

— قەيەرلەردە يۈرۈۋاتىسەن ، قوزام ؟

سەھرايى مەنغىت ئۇرۇغىدىن بولغان تىللابىبىنىڭ ئىسىل سۆزى «قوزام» ئىدى . ئەلى قۇشچى كۇلۇمسىرەپ ئانىسىنىڭ يەلكىسىنى سىلىدى .

— ئۆزىڭىزچۇ ، بۇ يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا قەيەردىن كېلىـ شىڭىز ، جېنىم ئانا ؟

— مېنى قويۇپ تۇرۇپ ئۆزۈڭدىن گەپ ئاچساڭچۇ ، جېنىم بالام . نېمە كارامەتلەر بولۇۋاتىدۇ ؟

— نېمىسىنى سورايسىز ، جېنىم ئانا ؟

— سۇلتان ئۇلۇغبەگ تەختتىن چۈشۈپتۇ ، بارلىق دوست ـ بۇرادەرلىرى ۋە شاگىرتلىرى قەتل قىلىنغۇدەك دېگەن شۇم خەۋەر ھەممە يەردە تارقىلىپ يۈرىدىغۇ ...

موماي كۆز چاناقلىرىدا تىترەپ تۇرغان ياش تامچىلىرىنى سۈرتۈپ تاشلاپ ، دەردكە تولغان كۆزلىرى بىلەن ئوغلىغا تىكىلـ دى . چاچلىرى ئاپئاق ئاقارغان ، يۈزلىرىنى قاتمۇقات قورۇق باسـ قان بۇ ۋۇجىككىنە مومايىنىڭ قاراشلىرىدىن چەكسىز مېھرىبانلىق ۋە غەم ـ ئەندىشە چىقىپ تۇراتتى .

ئەلى قۇشچىنىڭ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ ، ئانىسىنى ئاستا قۇچاقلىدى ۋە ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ، ئۆزى پەرۋاسىز ھالدا كۈلگەن بولۇۋالدى .

— نېمىشقا كۈلىسەن ؟ پۈتۈن ئەل ـ يۇرت شۇنداق دېيىشىۋاتـ مامدۇ ، بالام . رەھمەتلىك ئاتاڭ ، سۇلتانلاردىن يىراق يۈرۈش كېرەك ئىكەن ، جاھانگىرغا قىرىق يىل خىزمەتكار بولۇپ نېمە تاپتىم ؟ بېشىمغا بالا تاپتىم ، خالاس ... دېگەنىدى .

— قورقماڭ ، جېنىم ئانا ...

— قورقماي قانداق قىلاي ؟ سۇلتان ئۇلۇغبەگكە شاگىرت بولمەن دەپ نېمە پايدا ئالدىڭ ، بالام ؟ ئالغىنىڭ كىتابمۇ ؟ كىـ

تاب ، كىتاب دەپ ، پـەرزەنتىسىز ، بويتـاق ئۆتەمسەن ، بـۇ ئالەم-
دىن؟ ...
— نېسىپ قىلسا ، بولۇپمۇ قالار ، ئانا ...
— قاچان؟ ئاناڭ ئۆلگەندىمۇ؟
ئادەتتە تىللابىرىنىڭ بۇنداق گەپلىرى ئەلى قۇشچىنىڭ ئاچچى-
قىنى كەلتۈرۈپ قوياتتى . ئۇ بەزىدە ھەتتا مومايىنى سىلكىۋېتەتتى ،
لېكىن بۇگۈن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى ...
تاڭغا يېقىن ئابىرەھمەت تەرەپتىن خورازلارنىڭ چىللاشلىرى ،
ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلاندى ، لېكىن ئاسمان يەنىلا يۇلتۇزلار
بىلەن تولغانىدى .
ئەلى قۇشچى ئويچان ھالدا قەدەم تاشلاپ رەسەتخانىغا كىردى
ۋە ئىشىك ئۇستىدىكى تەكچىدىن شامنى ئېلىپ ياقتى - دە ، تىك
پەلەمپەيلەر بىلەن ئۇچىنچى قەۋەتكە چىقتى . ئەجەبا ، ئۇ كۇتۇپخانى-
نىڭ ئىشىكىنى ئېچىشى بىلەنلا قەلبىنى چۇلغىۋالغان غەم - غۇس-
سە قەيەرگىدۇر غايىب بولۇپ ، خىيالىنى قانداقتۇر يۇكسەك بىر
تۇيغۇ ئەسىر قىلىۋالدى . ئۇ گويا كۇتۇپخانىغا ئەمەس ، بۇ يىر-
گىنچلىك ئالەمدىن تامامەن باشقا ، ھاياتنىڭ تۇرلۇك تەشۋىشلىرى-
دىن يىراق ، غۇبارسىز دۇنياغا پەرۋاز قىلغاندەك بولدى ...
جامىئۇل ئۇلۇم[1] دەپ ئاتالغان بۇ خەزىنە ئۇچىنچى قەۋەتنىكى
ئىككى چوڭ ئۆيىنى ئىگىلىگەن بولۇپ ، نازۇك نەقىشلەر بىلەن
بېزەلگەن ۋە يەردىن تورۇسقا تاقىشىپ تۇرىدىغان جاۋەنلەر كىتاب
ھەم قولىيازمىلارغا لىق تولغانىدى . ئەلى قۇشچى بېلىدىكى ئالتۇن
ۋە جاۋاھىرلارنى ئوتتۇرىدىكى كۇرسىغا شاراقلىتىپ تاشلىدى -
دە ، قولىغا شامنى ئېلىپ ، جاۋەنلەرنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن
كەچۈردى . مانا ، ئوڭ تەرەپتە ئۈچ قۇر رەتلىك تىزىلغان قارا كۆن
مۇقاۋىلىق چوڭ ھەم قېلىن كىتابلار تۇراتتى . بۇ كىتابلار يىراق
قاھىرەدىن ئېلىپ كېلىنگەنىدى . يەنى بەخت ئىگىسى ئەمىر تۆمۈر
كۆرەگانى سۇلتان بايەزىد ئىلدىرىمگە قارشى يۈرۈش قىلغاندا ، شۇ

[1] جامىئۇل ئۇلۇم — ئىلىم خەزىنىسى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياقتىن ئېلىپ كەلگەنىدى . بىراق ، بۇ كىتابلار ھازىرغىچە ياخشى تەتقىق قىلىنمىغان ۋە شەرھلەنمىگەن .

ئۇستاز مىرزا ئۇلۇغبەگ جاھاننىڭ تىنچىشىنى كۈتەتتى . ئۇ قاھىرەدىن ، باغدات ۋە دەمەشق مەدرىسىلىرىدىن ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ ، بۇ كىتاب ۋە نادىر قولىيازمىلارنىڭ مېغىزىنى چاقتۇرۇش ھەم ئۇلارنى شەرھلەتمەكچى ئىدى ...

يىراق مىسىردىن ئېلىپ كېلىنگەن بۇ قولىيازمىلارنىڭ يېنىدىكى جاۋەنلەرگە باغداتتىن ، ھېكمەت خەزىنىسى دەپ ئاتالغان «ھىزانەتۇل ھېكمەت» تىن ئېلىپ كېلىنگەن كىتاب ۋە قولىيازمىلار تىزىلغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ كۆك ، قىزىل ، يېشىل رەڭلىك خۇرۇم مۇقاۋىلىرىدىكى زەر گۈللۈك بېزەكلەر شامنىڭ شولىسىدا ئاجايىپ نەپىس جىلۋىلىنىپ تۇراتتى .

ئۇلاردىن سەل نېرىراقتا ، قىرغاقلىرىغا ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ سۈرىتى ئويۇلغان نەقىشلىك جاۋەنلەرگە جۇڭگو ۋە ھىندىستاندىن ئېلىپ كېلىنگەن قىممەتلىك كىتابلار تىزىلغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى كۆك ۋە سېرىق يىپەك رەختلەر بىلەن ئوراپ قويۇلغانىدى .

بۇنىڭدىن بەش ـ ئالتە يىل ئاۋۋال ، يەنى شاھرۇھ مىرزا ۋاپاتىدىن بۇرۇن ، ئۇستاز بىرمۇنچە ئالتۇن سەرپ قىلىپ ، ھىندىستان ۋە جۇڭگودىن ئىككى كاتتا ئالىمنى چاقىرتىپ كەلگەنىدى . ھىندى ئالىمى ئۇزۇن ئۆتمەيلا پانىي ئالەمنى تاشلاپ كەتتى . ئۇ ھەتتا ھىندى مۇنەججىملىرى يازغان مەشھۇر «سىدھەئىتە» [1] نىڭ تەرجىمىسىنىمۇ تۈگىتەلمىگەنىدى . جۇڭگودىن كەلگەن سۆزمەن ، كوسا ئالىم بولسا ، ئۇلۇغبەگ مەدرىسىسىدە پارس تىلى بىلەن تۈركىي تىللارنى بىرقانچە يىل ئۆگەندى ، ئەرەبچىدىن ساۋات چىقاردى ، ئاخىر تۈركىي تىلدىمۇ سۆزلىيەلەيدىغان بولدى . كېيىن ، جۇڭگودىن ئېلىپ كېلىنگەن بىرقانچە كىتابنى پارسچە ۋە تۈركچىگە تەرجىمە قىلدى . بىراق ، ئۇمۇ ئىشنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇر-

---

[1] «سىدھەئىتە» — ئاسترونومىيىگە ئائىت مەشھۇر ئەسەر .

مايلا ۋەتىنىمنى سېغىندىم دەپ ، جۇڭگوغا ئاتلانغان سودا كارۋانلى-
رى بىلەن بىللە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى . ئۇنىڭ قالدۇرغىنى ،
قەدىمكى جۇڭگو مۇنەججىملىرىنىڭ پارسچىغا تەرجىمە قىلىنغان
ئۈچ جىلدلىق كىتابى بولدى .
ئۆينىڭ تۆرىدىكى قىرغاقلىرى ئالتۇن تاسمىلار بىلەن قاپلاندى-
غان جاۋەنلەرنى ماۋەرائۇننەھر ئالىملىرىنىڭ كىتابلىرى ۋە نادىر
قولىيازمىلىرى ئىگىلىگەنىدى . بۇ كىتاب ۋە قولىيازمىلارنىڭ ھەر-
بىرى ئالاھىدە سەنئەت بىلەن ئىشلەنگەن يېشىل ۋە ھاۋارەڭ خۇ-
رۇمدا مۇقاۋىلانغان بولۇپ ، مۇقاۋىسىغا ئاپتورنىڭ مۇبارەك ئىسمى-
شەرىپلىرى ھەل بىلەن شۇنداق قالتىس يېزىلغانكى ، مانا ھازىرمۇ
شامنىڭ شولىسىدا گويا ئۆچمەس يۇلتۇزلاردەك پارقىراپ تۇراتتى .
ئەنە ، ئەڭ ئۈستىدە ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەت ئىبنى مۇسا
خارەزمىنىڭ ئالتە توملۇق تەۋەررۇك ئەسىرى قاتار تىزىقلىق تۇرۇپ-
تۇ . ئىپتىشلارغا قارىغاندا ، بۇ ئەسەرنىڭ ئۈچ تومىنى ئالىملار
شاھى مەۋلانە ئەل خارەزمى ھەزرەتلىرى ئۆزىنىڭ مۇبارەك قولى
بىلەن يازغان بولۇپ ، ئۇلار گۈزەل باغداتتىن ، مەشھۇر «بەيتۇل
ھېكمەت» تىن ئېلىپ كېلىنگەنىكەن ... ئۇنىڭ يېنىدا ، جامىئۇل
ئۇلۇم دەپ نام ئالغان ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا ھەزرەتلىرىنىڭ
تېبابەتچىلىككە ئائىت يىگىرمە توملۇق ئەسىرى — «كىتاب
ئۇش - شىپا» ، ئون توملۇق «كىتاب ئۇن - نەجات» ناملىق
ئەسىرى ۋە ئۈچ توملۇق شېئىرىي ئەسىرى تىزىلغانىدى ...
ئۇلارنىڭ يېنىدا مەۋلانە ئەل فارابىنىڭ ئون ئالتە توملۇق پەلسەپە
ئەسىرى ۋە ئۇلۇغ ، پەزىلەتلىك ئالىم ئەبۇ رەيھان بىرونى ھەزرەتلى-
رىنىڭ قىزىل خۇرۇم مۇقاۋىلىق كىتابلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ
تۇراتتى . بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ پەقەت بىرلا ئەسىرى ، يەنى كائىنات
سىرلىرى توغرىسىدىكى «ئەل قانۇنئەل مەسئۇدى» دېگەن ئەسىرىلا
كۆك مۇقاۋىلىق ئىدى . چۈنكى ، ئۇستاز بۇ بۈيۈك ئالىمنىڭ مۇشۇ
كىتابىنى كۆپ ئوقۇيتتى . شۇڭا ، ئۇنى كىتابلار ئارىسىدىن تېز
تېپىش ئۈچۈن ، كۆك خۇرۇمدا مۇقاۋىلاتقانىدى ... ئۇنىڭ ئاستىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دانىشمەنلەر سەردارى ئەھمەت ئىبنى ئابدۇللا مەرۋەزى ، رىيازىيات ئىلمىنىڭ پىرى ئەھمەت ئىبنى مۇھەممەت فەرغانى ۋە مەۋلانە ئوبۇل ۋەفائەس سەمەرقەندى ، مۇنەججىملەر سەردارى غىياسىددىن جەمشىت ۋە نەسرىددىن تۇسلەرنىڭ ئەسەرلىرى ؛ ئۇلارنىڭ يېنىدا پەزىلەتلىك ئۇستاز قازىزادە رۇمىنىڭ ھېكمەتلىك ئەسەرلىرى تىزىلغان ...

مەۋلانە قازىزادە رۇمى (مەرھۇمنىڭ پاك روھى جەننەت گۈلشەنىدە خۇشال بولغاي ! ) بۇ ئىلىم كانىغا ھەر قېتىم قەدەم تەشرىپ قىلىپ ، شۇ جاۋەن ئالدىغا كەلگەندە ، كىتابلارغا قول تەگكۈزۈشتىن ئاۋۋال كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، لەۋلىرىنى قىمىرلىتىپ دۇئا قىلاتتى . كېيىن ، ئۆزى تاللىغان كىتابنى ئېلىپ ، قاش ـ كۆزلىرىگە سۈرتەتتى ۋە لەۋلىرىگە تەگكۈزەتتى ، ئاندىن كىتابنى ئېچىپ ئوقۇشقا كىرىشەتتى . ئۇستاز ئۆزى شۇنداق قىلىپلا قالماي ، بۇ يەرگە قەدەم باسقان ھەربىر تالىپتىن شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى .

مەۋلانە ئەلى قۇشچىنىڭ كۆز ئالدىغا يەنە ئاشۇ ئىللىق باھار كۈنى كەلدى . ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە ، مەۋلانە قازىزادە رۇمىنى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۆزى باشلاپ كەلگەنىدى . ئۇ چاغلاردا مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرى راسا كۈچىگە تولغان ، ياش ، ئىقتىدارلىق يىگىت ئىدى . ئۇ بەدىنىدىكى زەرباپ كىيىملىرى ، بېشىدىكى ئاپئاق سەللىسى ، سۈرلۈك قىياپىتى بىلەن يېنىدىكى ھەممە ئەمەلدارلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى . شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك ، ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ قېشىدا ئۇستاز قازىزادە رۇمى تېخىمۇ ۋىجىك ھەم ئاجىز كۆرۈنەتتى . لېكىن ، بۇ ۋىجىككىنە ، ساقاللىرى ئاپئاق بوۋاينىڭ تۇرقىدىن قانداقتۇر بىرخىل تالانت ۋە كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئاجايىپ بىر مېھرىبانلىق چىقىپ تۇراتتى .

مەۋلانە بىلەن مىرزا ئۇلۇغبەگ چىنار سايىسىدىكى ئېگىز كۈرسىلاردىن ئورۇن ئېلىشتى . كېيىن ، قازىزادە رۇمى ھەزرىتى

ئالىيلىرنىڭ ئىلتىماسى بىلەن، زەربابقا ئورالغان قىلىن كىتابنى ئېچىپ، رىيازىيات ئىلمى ۋە بۇ ئىلىمنىڭ فەلەكىياتنى ئۆگىنىشتىكى ئەھمىيىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزدى. ئەلى قۇشچى ئۇستازنىڭ رىيازىيات ئىلمىگە بېغىشلىغان بۇ ھېكمەتلىك ئەسەرىنى مەدرىسىدە كۆپ قېتىم ئوقۇغانىدى. بىراق، ئۇنى ئۆزى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ ئالغان ھوزۇرى بىر ئۇلۇش بولسا، مەۋلانىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ ئالغان ھوزۇرى بىر ئۇلۇش بولدى. ئۇستاز مۇرەككەپ رىيازىيات مەسىلىلىرىنى شۇنداق يېقىملىق ئاۋازدا، شۇنداق ئېنىق مەنتىقىي چۈشەنچىلەر بىلەن يېشىپ بەردىكى، ئەلى قۇشچى گويا كىتاب ئەمەس، ئاجايىپ يېقىملىق مۇزىكا ئاڭلاۋاتقاندەك ئېرىپ كەتتى... ئەلى قۇشچىلا ئەمەس، مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن بىللە كەلگەن بارچە ئەمەلدار ۋە ئىلىم ئەھلى ھەتتا ئىلىم ـ پەندىن خەۋەرسىز دۆلەت ئەربابلىرىمۇ باشلىرىنى ئېگىپ، جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى.

نىھايەت، ئۇستاز كىتابنى يېپىپ قويۇپ، ھەزرىتى ئالىيلىرىغا قارىدى. ھەزرىتى ئالىيلىرى مەۋلانىگە تەشەككۇر بىلدۈرۈپ، يەنىلا جىمجىت ئولتۇرغان ئەمەلدار ۋە تالىپى ئىلىملەرگە بۇرۇلدى ـ دە، چىرايىغا سۆلەت بېغىشلىغان قىسقا ھەم قويۇق ساقىلىنى سىلاپ، ئۇستازنىڭ نۇتقىنىڭ چۈشىنىشلىك بولغان ـ بولمىغانلىقىنى سورىدى. بىراق، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سوئالىغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى، مەدرىسە سەھنىسىگە توپلانغان خالايىقلارنىڭ ھەممىسى باشلىرىنى سېلىپ جىم ئولتۇرۇشتى. مەۋلانە قازىزادە رۇمى سەل خاپا بولغاندەك باش چايقىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ بولسا، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. شۇ پەيتتە، ئەلى قۇشچى ئەيمىنىپكىنە ئورنىدىن تۇردى ۋە قىسىنىپ ـ تارتىنىپ تۇرۇپ، ئۆزىگە ھەممە نەرسە ئايان بولغانلىقىنى ئېيتتى.

مەۋلانە قازىزادە رۇمىنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگ بولسا، رىيازىيات ۋە ھەندىسا[①] توغرىسىدا ئۇستى ـ ئۇستىلەپ سوئال سورىدى.

① ھەندىسا — گېئومېترىيە.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەلى قۇشچى دەسلەپتە تارتىنغان بولسىمۇ ، كېيىن دادىللىق بىلەن ھەممە سوئالغا جاۋاب بەردى . شۇنىڭ بىلەن ، مىرزا ئۇلۇغ-بەگ ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ ، نەسىل - نەسەبىنى ، قايسى مەدرىسى-دە ، كىملەردىن تەلىم ئالغانلىقىنى سوراۋاتتى . ئۇستاز قازىزا-دە رۇمى بولسا ، يۇمشاق ساقاللىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ پېشانىسىگە سۆيدى …

ئەلى قۇشچى بۇ ئەسلىمىدىن كۆڭلى باشقىچە بولۇپ ، يۇقىرى تەرەپتىكى ئۆيگە كىردى . بۇ ئۆيىنىڭ تاملىرىغىمۇ بىزەكلىك جاۋەن-لەر ئورنىتىلغان بولۇپ ، تۆۋەندىن - يۇقىرىغىچە پۈتۈنلەي كىتاب تىزىلغانىدى . پەقەت قىبلە تەرەپتىكى تامغا جاۋەن ئورنىتىلماي ، ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ كائىنات جەدۋەللىرى ئورنىتىلغانىدى . قا-ھىرەدىن ئېلىپ كېلىنگەن قېلىن يىپەك قەغەزگە سىزىلغان زەر نۇقتىلار ، يەنى يۇلتۇزلار سۈرىتى قاراڭغۇدا خۇددى ئاسماندىكى راست يۇلتۇزلاردەك چاقناپ ، ئاجايىپ بىر مەنزىرە پەيدا قى-لاتتى …

جەدۋەلنىڭ تېگىدىكى ئالتۇن سۈيى بىلەن يېزىلغان ئىزاھاتلار ۋە ھەرخىل كۆرسەتكۈچلەر سىمابتەك پارقىراپ تۇراتتى .

ئۆيىنىڭ تۆرىدىكى ھەرخىل ئۇستۇرلاپلار يېنىغا ئېگىز يۆلەن-چۈكلۈك بىر جۈپ يۇمشاق ئورۇندۇق قويۇلغانىدى . مىرزا ئۇلۇغ-بەگ كېچىلىرى شۇ يەردە ئولتۇرۇپ مۇتالىئە قىلىشنى ياقتۇراتتى ۋە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان جەدۋەللەرنىمۇ شۇ يەردە ئىشلەيتتى . ئەلۋەتتە ، تۆردىكى تامدا ئاجايىپ مەنزىرە پەيدا قىلىپ ، ۋاللىداپ تۇرغان بۇ كائىنات سۈرىتىنىڭ ۋە بۇ مۇرەككەپ جەدۋەلنىڭ بار-لىققا كېلىشىدە ئەلى قۇشچىنىڭمۇ تۆھپىسى بار ! … يالغۇز ئۇلا ئەمەس ، بۇ بىباھا خەزىنىنى ، يەنى خۇددى دېڭىزدىن ئۈنچە - مەرۋايىت ئىزدىگەندەك جاپا - مۇشەققەت بەدىلىگە كەلگەن بۇ ھېكمەتلىك ئەسەرلەرنى توپلاشتىمۇ ئەلى قۇشچىنىڭ ئەمگىكى ۋە ھەسسىسى بار !

ئەنە ، جەدۋەللەرنىڭ يېنىدا ، يەنى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ بۇ-

لۆگدىكى جاۋەنگە تىزىلغان ئالتە توملۇق تارىخىي ئەسىرىنىڭ يېنىدا ئەلى قۇشچىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ تۇرۇپتۇ ! ··· شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ بۇ بىباھا خەزىنىدىن، ئۆمرىنىڭ ئەڭ بەختلىك، ئەڭ مەنىلىك چاغلىرىنى ئۆتكۈزگەن، ئۇنىڭغا ئۆگىنىش لەززىتىنى بەخشەندە قىلغان، ساختا دۇنيادىكى غۇربەتچىلىكنى ئېسىدىن چىقىرىپ، فەلەكىيات ئالىمىدە ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن بۇ ئېسىل ماكاندىن قانداقمۇ ئايرىلالىسۇن؟ !

بايا ئۇستاز تىلغا ئالغان بىدئەتچىلەر ۋە خۇراپات سەپسەتىچىلىرى ئۇنى : «كۇپۇرلۇق قۇچىقىدا قالغان گۇناھكار بەندە» دەپ ئويلىشىدۇ. ئەلى قۇشچى بولسا ئاشۇ دەرگاھنى، شۇ ئىلىم جەۋھەرلىرىنى دەپ، پانىي دۇنيانىڭ ھەممە لەززەتلىرىدىن ۋاز كەچتى. ھەتتا ئاجىز ئانىسىنى يۇم - يۇم يىغلىتىپ، ئۆيلىنىش ۋە پەرزەنت كۆرۈش بەختىدىنمۇ مەھرۇم قالدى ··· ئەمدىلىكتە يېشى قىرىقتىن ئېشىپ، سۇدەك ئېقىپ كېتىۋاتقان ئۆمرىنىڭ ئاخىرى كۆرۈنۈپ قالغاندا، بۇ ئىلىم ماكانىدىن قانداقمۇ ئايرىلسۇن؟ ئايرىلىپ نېمە قىلۇر؟ قېرىغاندا نەگىمۇ بارۇر؟

ئەلى قۇشچىنىڭ قەلبىنى گويا مۇڭلۇق كۈي ئەسىر قىلىۋالغاندەك بولدى. بۇ قايغۇ، بۇ مۇڭلۇق كۈي ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ نازۇك تارلىرىنى ئاستا چېكىپ، كۆڭلىدە قانداقتۇر بىرخىل جاراھەت ۋە ئامالسىزلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلدى. ئۇ گويا بۇ يورۇق دۇنيادا يالغۇز قالغاندەك، ھەممە نەرسە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەندەك، ھەممە ئادەم ئۇنى تاشلاپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى ··· تۇساتتىن ئۇ لەۋلىرىدە ئاچچىق بىرخىل تەم سېزىپ، ئەس - ھوشىنى يىغدى - دە، قولىدىكى شامنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەتراپىغا قارىدى : كىتابلار، كىتابلار، كىتابلار ! ··· ياق، بۇ كىتابلار ئون - ئون بەش ساندۇققا ئەمەس، يۈز ساندۇققىمۇ سىغمايدۇ ! بەس ! ئۇستاز بۇ بىباھا ئەسەرلەر ئىچىدىكى ئەڭ نادىرلىرىنى، قىممەت باھالىق تاشلار ئىچىدىكى لەئەل ۋە ئۈنچىلەرنى كۆزدە تۇتۇپتۇ. بىراق، ئۇلارنى قاچىلايدىغان ساندۇقلارنى كىمگە ياسى-

تىش كېرەك؟ ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلارنى قانداق سەرپ قىلىش كېرەك؟ بۇ ئىسـىل خەزىنىنى نـەگە يوشۇرۇش كـېرەك؟ ئەلى قۇشچى ئويلاپ - ئويلاپ، ئاخىرى بۇگۇنلا مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى خوجا سالاھىددىن زەرگەر بىلەن مەسلىھەتلىشىش قارارىغا كەلدى.

ئۇ ئويچان ھالدا قەدەم بىسىپ تاشقىرىقى ئۆيگە چىقتى. ئۇ بەلۋىغىغا تۇگۈلگەن ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلارنى شىرەدىن ئېلىۋاتقىنى. دا پىيالىدەك كېلىدىغان قۇيما ئالتۇنلار قولىدىن سىيرىلىپ چۇ. شۇپ، گىلەم ئۇستىدە دۇگىلـەپ كەتتى. چېچىلىپ كەتكـەن لەئەل ۋە ئۇنچە - مەرۋايىتلار قاراڭغۇ ئۆينى يورۇتۇۋەتتى...

ئەلى قۇشچى بۇ بايلىقلارنى قەيەرگە يوشۇرۇشنى ئويلاپ ئۇزاق تۇردى، ئاخىر ئۇلارنى ئىشىك ئۇستىدىكى قىلىن كىتابلار ئارقى. سىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، تاشقىرىغا چىقتى ۋە تاھارەت ئالدى. بالدۇرراق بولسىمۇ ناماز بامداتنى ئوقۇپ، چاپىنىنى كىيدى - دە، ئانىسىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى قاراۋۇلغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، رەسەتخانىدىن چىقتى.

## 6

ئۇپۇقتا كۆرۈنگەن تاغلارنىڭ ئۇستى سەل - پەل ئاقارغان بولسىمۇ، ئـاسمانـدا، شـالاڭ بۇلۇتلار ئارىسىدا يەنىلا يۇلتۇزلار پىل - پىل يېنىپ تۇراتتى. جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامال يول بويىدىكى دەل - دەرەخلەرنى تىنىمسىز ئىرغاڭلىتىپ، خۇددى ئۇدۇلدىكى «باغى مەيدان» دەرياسىدەك شاۋقۇنلىتاتتى.

ئادەتتە ئاۋغۇست ئېيىدا بۇنچىلىك سوغۇق بولماي، سەمەر. قەند باغلىرى نەپىس قىزغۇچ رەڭگە كىرىپ، گويا ئەركىلەۋاتقان. دەك، ئىللىق كۇز ئاپتىپىدا ئاجايىپ تاۋلىنىپ تۇراتتى... ھەر كۇنى مۇشۇ چاغلاردا چىتەنلىك هارۋىلارغا قوغۇن - تاۋۇز باسقان دېھقانلار، ئېشەكلىرىگە سېۋەت - سېۋەت ناۋات رەڭ ئۇزۇم ئارتقان

باغۋەنلەر ، يوغانلىقى چەينەكتەك كېلىدىغان ئانار ۋە نەشپۈتلەر قاچىلانغان سېۋەتلەرنى باشلىرىغا قويۇۋالغان يىگىتلەر بازارغا ئال-دىراپ ئۆتۈشەتتى . بەزىدە قوتان - قوتان قويلار ، گاھىدا قوڭغۇ-راقلىرىنى جىرىڭلىتىپ تۆگە كارۋانلىرىمۇ ئۆتەتتى … بىراق ، بۈگۈن چوڭ كوچىلا ئەمەس ، چىتەن ۋە سوقما تاملار بىلەن قور-شالغان باغلار ، هويلىلار ، ئۆيلەر ، قىسقىسى ، ھەممە ياق جىمجىت ئىدى . خۇددى پايتەخت سەمەرقەندنىڭ خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقىنى ئادەملەرلا ئەمەس ، بارلىق جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى سەزگەندەك ، نە قۇشلارنىڭ سايرىشى ، نە قوي - قوزىلارنىڭ مەرەشلىرى ئاڭلان-مايتتى ، ھەتتا ئىتلارمۇ ئۇۋا - تۆشۈكلىرىگە كىرىپ كەتكەندەك قىلاتتى .

ئەلى قۇشچى قۇسەم ئىبنى ئاببا‌س مەقبەرىسىدىن ئۆتۈپ ، سول تەرەپكە بۇرۇلغاندا ، بىاياۋان تەرەپتە ، ياق ، ئۇنىڭمۇ نېرى-سىدا — كۆكساراي مەيدانىدا ناغرا - دۇمباق ئاۋازلىرى ياڭراپ كەتتى . ناغرا - دۇمباق ئاۋازلىرىغا كانايلارنىڭ نەرىسى قوشۇ-لۇپ ، يەر - جاھاننى لەرزىگە سالدى …

«شاھ ئالىيلىرى ئاتلىنىپتۇ ! …» دەپ پەرەز قىلغان ئەلى قۇشچى ئۇستازىغا قۇتلۇق تىلەپ ، دۇئا قىلدى . ئۇ تاش يېيىل-تىلغان چوڭ كوچىغا چىقىپ ، جۇمە مەسچىتكە بۇرۇلغاندا ، ئارقىسىدىن - شاھىزىندە قەبرىستانلىقىنىڭ ئۇدۇلىدىكى خانىقا تەرەپتىن : «يائاللا دوست ، يائاللا ! …» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلى-نىپ ، بىر توپ دەرۋىش كۆرۈندى .

ئۇچىسىغا جەندە ، باشلىرىغا ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۇچلۇق كۇلاھ كىيگەن ، قوللىرىدا ئىسرىق ياندۇرۇلغان ئىسرىق-دان تۇتقان دەرۋىشلەر كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، باشلىرىنى بىردەك چايقىشىپ ، زوق بىلەن زىكىر قىلىپ كېلىۋاتاتتى :

*يائاللا دوست ، يائاللا !*
*ھەق دوست ، يائاللا …*
*پانىي دۇنيا دېگەنلەر ،*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*تەۋانى تەرك ئەتكەنلەر .*
*ھەمدۇ سانا دىمەستىن ،*
*كەيپ - ساپا سۈرگەنلەر .*
*گۇناھلىرى ھېسابسىز ،*
*قىيامەتتى مەددەتسىز .*
*يائاللا دوست ، يائاللا ،*
*ھەق دوست ، يائاللا !*

قەلەندەرلەر ئىسرىقنىڭ ئۆتكۈر ھىدىنى تارتىپ ۋە بىردەك چايقىلىپ ، «ياھۇ - ھۇ» دېگىنىچە ئەلى قۇشچىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىشتى .

ئەلى قۇشچى ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ، ئۇلارنى ئۆتكۈزۈۋەتتى . ئۇ ئەڭ كەينىدە كېتىۋاتقان ، قاپقارا ساقاللىرى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرغان بەستلىك دەرۋىشنىڭ بۇرۇلۇپ ئۆزىگە قارىغانلىقىنى كۆر-دى - دە ، يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كەتتى . بۇ ھېلىقى كۈنى كېچىسى ئۇستاز سورىغان قەلەندەر قەرزاقى دېگەن دەرۋىش ئىدى ... قەلەندەر قەرناقى ئۇنىڭغا باش لىڭشىتىپ ، بىلىنەر - بىلىنمەس تەزىم قىلغان بولدى .

ئەلى قۇشچى ئۇنىڭ كۈچكە تولغان قاۋۇل بەستىگە ۋە جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن كىيىم - كېچەكلىرىگە قارىغىنىچە توختاپلا قالدى ، ئاندىن بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ ، جۈمە مەس-چىتىنىڭ يان تەرىپىدىكى تار كوچىغا بۇرۇلدى ...

قەلەندەرلەرنىڭ : «يائاللا دوست ، يائاللا» سى يىراقلاپ كې-تىۋاتقان بولسىمۇ ، دەرۋىشنىڭ ساقاللىق يۈزى ، دەردلىك چىرايى ئەلى قۇشچىنىڭ كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمىدى .

قەلەندەر يىراق يەسسى شەھىرىدىن ، توغرىراقى ، يەسسى شە-ھىرىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى قەرناق قەلئەسىدىن ئىدى . ئۇ بۇنىڭ-دىن تەخمىنەن يىگىرمە يىل بۇرۇن ، يەنى قىپچاق خانى بەراق ئوغلان سىغناق ۋە يەسسىنى بېسىۋالغان يىلى بىر توپ يىگىت بىلەن مىرزا ئۇلۇغبەگدىن مەددەت تىلەپ كەلگەنىدى .

قەلەندەر ئاشۇ يىلى سەيھۇن بويلىرىدا بولغان بەراقخانغا قارشى ئۇرۇشتا مىسلىسىز باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، ئۇستازنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. بىراق، شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۇنىڭ ئەڭ ئەزىز دوستلىرى — يەسسىلىك ۋە سىغناقلىق يىگىتلەر هالاك بولغانىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ، ياكى مىرزا ئۇلۇغبەگ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، يەسسى رەقىبلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقتىنمۇ، ئىشقىلىپ قەلەندەر ئەسكەرلىكتىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى ئىلىم - پەنگە بېغىشلىغانىدى.

ئۇ هەربىيچە كىيىملىرىنى مەدرىسە تالىپلىرىنىڭ سەرپايىغا ئالماشتۇرۇپ، بېشىغا سەللە ئوراپ، ئۇلۇغبەگ مەدرىسىسىدە ئەلى قۇشچى بىلەن مەۋلانە مۇهەددىسىدىن تەلىم ئالدى. ئۇ ئىلىم ساهەسىدىمۇ كۆپلىگەن ئۇتۇقلارنى قازىنىپ، ئۇستازلىرىنىڭ مېهرىگە مۇيەسسەر بولدى. خۇسۇسەن، تۈركىي تىلدا نۇرغۇن ياخشى شېئىرلارنى يازدى. لېكىن، شۇ ئارىلىقتا (پەلەكنىڭ بۇ ئويۇنىنى قاراڭ!) ئۇ ئۆز ئۇستازى مەۋلانە مۇهەددىسنىڭ قىزى خۇرشىدە بانۇغا كۆيۈپ قالدى.

مەۋلانە مۇهەددىس ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن شاگىرتىنى كۈيئوغۇل قىلىشقا رازىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاتىسى خوجا سالاهىددىن زەرگەر بۇ نامرات شائىرنى سۆيۈملۈك نەۋرىسىگە لايىق كۆرمەي، شائىرنىڭ رايىنى قايتۇردى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ خۇشخۇي، كۆڭۈلچەك شائىر توساتتىن هەممىدىن ۋاز كېچىپ، بىر زاهىتقا ئايلاندى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ مەدرىسىنىمۇ تاشلاپ گادايلىققا يۈزلەندى ... بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئەلى قۇشچى ئۇنى بىرنەچچە قېتىم ئۇچراتقانىدى. لېكىن، قەلەندەر ئۇستازىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، كۆزلىرىنى يۇمغان هالدا كۆلاھ كىيگەن بېشىنى چايقاپ، زىكىر قىلغىنىچە ئۆتۈپ كەتتى. بىراق، ئۇ بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر بۇرۇلۇپ قارىدى، باش لىڭشىتىپ، تەزىم قىلغاندەك قىلدى. بۇ تەزىم ئىشارىتى هۆرمەتتىنمۇ ياكى تەهدىتتىن بېشارەتمۇ؟

يىراقتا ، كۆكساراي تەرەپتە يەنىلا ناغرا ـ كاناي ئاۋازلىرى ياڭرايتتى . كوچا ۋە رەستىلەردە يەنىلا ئادەمزات يوق ، جىمجىتلىق هۆكۈم سۈرەتتى . ئادەتتە مۇشۇ چاغلاردا يوغان كۆن چىلەكلىرىنى بوينىغا ئېسىۋالغان تازىلىقچىلار كوچىلارغا سۇ چېچىپ ، ھەممە ياقنى يالىسا تىلغا توپا يۇقمىغۇدەك قىلىپ سۈپۈرۈپ قويۇشاتتى . كېيىن كوچىنىڭ ئىككى چېتىدىكى قاتار كەتكەن دۇكانلار ئېچىلىپ ، تۆمۈرچىلەر ئوچاقلىرىغا سۆكسۆك ۋە كۆمۈر قالاپ ، گۈپۈلدىتىپ بازغان ئۇرۇشاتتى ؛ بەستىلىك ھەم پالۋانلاردەك چەبدەس تاقىچىلار ئاسمانغا قاراپ چاپچىغان شاش ئاتلارنى ئاچچىق كىشنىتىپ تاقىلايتتى ؛ تاشچىلار مەرمەر تاشلارنى ئويۇپ ، تۈرلۈك نەقىشلىك بۇيۇملارنى ياسىشاتتى ؛ چاقچىلار ئوت ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ ، پىچاق ۋە ئايپالتىلارنى چاقلايتتى ، دەستىچىلەر قىلىچ ۋە خەنجەرلەرگە قىممەت باھالىق دەستىلەرنى تاقايتتى . قىسقىسى ، گىلەمچىلەر ، كەشتىچىلەر ، ساندۇقچىلار ، بۆشۈكچىلەر ، كۈلاللار ، تۇنىكىچىلەر ۋە مىسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىشقا كىرىشىپ ، ھەممە ياق «تاراق ـ تۇرۇق» بولۇپ كېتەتتى . شۇنداقلا ، ناۋايلار نان يېقىشقا ، ھالۋىچىلار ھالۋا ئېتىشكە ، سامسىپەزلەر سامسا ، كاۋاپچىلار كاۋاپ پىشۇرۇشقا كىرىشىپ كېتەتتى . ئىسسىق نان ۋە سامسىلارنىڭ ، پىياز ۋە كاۋاپلارنىڭ ھور ھەم بۇس ئارىلاش ئاچچىق ۋە مەززىلىك پۇراقلىرى ھەممە ياقنى چاڭ كەلتۈرۈۋېتەتتى . ھازىرچۇ ، دۇكانلار ئېتىك ، ھەممە ياق جىمجىت .

ئەلى قۇشچى بۇ رەستىلەرنى ياخشى كۆرەتتى . قولى بوش كۈنلىرى ياكى كىتاب ئوقۇپ چارچىغان چاغلىرىدا كۆپىنچە مۇشۇ يەرگە كېلىپ ، ئۇستىلارنىڭ ئىشلىرىغا زېھىن قويۇپ ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشنى ياقتۇراتتى . ئەمدىلىكتە بولسا ، تىنچ ئاققان سۇدەك ئۆتۈۋاتقان بۇ ھايات نېمە ئۈچۈن دەھشەتلىك قارا بورانغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ ؟ بۇ ئۇزۇن رەستىلەر ، بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن چوڭ ـ كىچىك دۇكانلار ۋە ئۇستىخانىلار نېمە ئۈچۈن خانىۋەيران بولدى ؟ ...

ئەلى قۇشچىنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ ، قەدىمىنى تېزلەت-تى . ئۇ تار يولدىن ئۆتۈپ ، كىچىكرەك بىر تۆت كوچىغا چىقتى . كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شاخلىرى قۇرۇپ كەتكەن بىر تۇپ شاتۇت دەرىخى بار ئىدى . شاتۇتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بالىخانىسى كوچىغا قارىتىلىپ سېلىنغان ھەشەمەتلىك بىر بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . بالىخانىنىڭ ئاستىدا قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازا ، دەرۋازىنىڭ ئوڭ قانىتىدا ئىشىك بار ئىدى . مەيدانىنىڭ ئەتراپى خىشتا سېلىن-غان قاتار ئۆيلەر بىلەن ئورالغان . بۇ سالاھىددىن زەرگەرنىڭ دۇكانلىرى بولۇپ ، ئۇلارمۇ تاقاقلىق ئىدى . ھەربىر ئىشىكتە ئاتنىڭ كاللىسىدەك يوغان قۇلۇپ ئېسىقلىق تۇراتتى .

ئەلى قۇشچى دەرۋازا ئالدىدا توختاپ ، يوغان مىس ھالقىلارنى شاراقلاتتى . بىردەمدىن كېيىن ئىچكىرىدىن :

— سودا قىلمايمىز ، دۇكان ئېچىلمايدۇ ! — دېگەن بوغۇق ، خىرقىراق ئاۋاز ئاڭلاندى .

— كەمىنە ئۇلۇغبەگ مەدرىسىسىدىن ، مەۋلانە مۇھەددىننى زىيارەت قىلغىلى كەلدىم ... كىرىپ ئېيتىڭ ، بۇرادىرىڭىز ئەلى قۇشچى كەپتۇ ، دەڭ .

ئىچكىرىدە گۇرسىلدىگەن ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى . سەل ئۆت-كەندىن كېيىن ئىشىك قىيا ئېچىلىپ ، بىلىگە قىلىچ ئاسقان نېگىر سۈپەت قارا يىگىت كۆرۈندى .

ئەلى قۇشچى ئۇستى يېپىق قاراڭغۇ كارىدورغا كىردى ۋە تار ئارىلىقتىن ئۆتۈپ كەڭ ھويلىغا چىقتى . ھويلىنىڭ تۆت تەرىپى ئالدى ئايۋانلىق بىنا بولۇپ ، بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەنىدى . ئاچ قىزىل ۋە توق كۆك رەڭدە نەپىس سىرلانغان ئېگىز پەشتاقلار ، ئايۋانلارنىڭ نەقىشلىك تورۇسلىرى ، بېزەكلىك ئىشىك - دەرۋازى-لار كۆز ئاپتىپىدا چاقناپ ، كەڭ قورۇنى ئاجايىپ نۇرلاندۇرۇۋەت-كەنىدى .

ئەلى قۇشچى ھويلىغا كىرگەندە ، ئوڭ تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئاستا ئېچىلىپ ، بېشىغا ھاۋارەڭ يىپەك رومال سالغان ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇچىسىغا ئوشۇقىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان ھاۋارەڭ شايى كۆڭلەك، پۇتىغا ياقۇت قويۇلغان ئىسىل خۇرۇم ئاياغ كىيگەن، تال چىۋىق-تەك نازۇك بىر قىز چىقتى. قىز ئەلى قۇشچىنى كۆرۈپ، يۈزىنى نېپىز ھاۋارەڭ رومىلى بىلەن توسۇۋالدى ۋە ئاھۇنىڭ كۆزلىرىدەك يوغان، ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆزلىرىنى يەرگە قاداپ، قولىنى كۆكسىگە ئالغىنىچە ئېگىلىپ سالام بەردى.

— ئەسسالام، ئۇستاز ...

«تاۋا خۇدايىم، بۇ نېمە كارامەت، بىرنەچچە مىنۇتنىڭ ئىچىدىلا ھەر ئىككى ئاشىق - مەشۇقنى كۆرۈپ قالدىم دېسە!»

خۇرشىدە بانۇ ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغان ئەمەسقۇ، ئۇنى ئۇستاز دېگىلى ...

ئەلى قۇشچىنىڭ كۆڭلى ئېرىپ:

— ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولغاي، قىزىم، — دېدى، — داداڭ ئۆيدىمۇ؟

— ئۆيدە، مەرھەمەت قىلىڭ، ئۇستاز ... — خۇرشىدە بانۇ قولىنى كۆكسىگە ئالغىنىچە كەينىگە يېنىپ، ئۇنىڭغا يول بەردى. بانۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئۆزىنىڭ جامالىدەك يېقىملىق ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى تېگى - تېگىدىن يېرىم ئىدى.

ئەلى قۇشچى ئايۋانغا چىقىپ، ئاۋۋال دەھلىزگە، ئاندىن سول تەرەپتىكى ئۆيگە كىردى. يەرگە خوتەن گىلەملىرى سېلىنغان، تورۇسقا ئالتۇن قەندىل ئېسىلغان بۇ تۆت تۈۋرۈكلۈك كەڭ ئۆي مەۋلانە مۇھەددىنىڭ دەم ئېلىش ئۆيى ئىدى.

ئۆينىڭ تۆرىدىكى قات - قات شايى كۆرپىلەر ئۈستىدە بېشىنى پەر ياستۇققا چۆكۈرۈپ ياتقان مەۋلانە مۇھەددىن ئۇنى كۆرۈپ، ئورنىدىن قوزغالدى.

— قوزغالماڭ، بۇرادىرىم، قوزغالماڭ! ... — ئەلى قۇشچى تېزلىك بىلەن بۇرادىرىنىڭ قېشىغا ئۆتۈپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

مەۋلانە مۇھەددىن قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى، قاش - كۆزلىرى قىزىنىڭ قاش - كۆزلىرىدەك قاپقارا، چىرايى ئاق

سىرىق كەلگەن ، نازۇككىنە ، ئېگىز بويلۇق ئادەم ئىدى . ئۇ پېشا-نىسىنى كىچىككىنە شايى ياغلىق بىلەن تېڭىپ ، بېشىغا ئۇچلۇق قارا تەقىيە كىيىپ ، موۋۇت بىلەن تاشلانغان ئېسىل سۆسەر جۇۋىغا ئورىنىۋالغانىدى . مەۋلانە قوش - قوش ئالتۇن ئۈزۈكلەر تاقالغان ، ئۇزۇن ، ئىنچىكە قوللىرىنى ئەلى قۇشچىغا سۇنۇپ كۆرۈشتى - دە ، ياستۇققا قىيسايدى .

— خۇدا شىپالىق بەرگەي ! — ئەلى قۇشچى دۇئا قىلىپ ، بۇرادىرىگە قارىدى ، — قانداقراق ، تېۋىپقا كۆرۈندىڭىزمۇ ؟

مەۋلانە «ھەئە» دەپ باش لىڭشىتتى - دە ، كۆزىنى يۇمدى .

ئۆيگە تالىپلارغا ئوخشايدىغان ياش خىزمەتكار كىرىپ ، ئوتتۇرىغا داستىخان سالدى ۋە كۈمۈش لىگەنلەردە ئىسسىق نان ، سامسا ، پىياز پوستىدەك نېپىز چىنە تەخسىلەردە ھەسەل ، بادام ۋە قۇرۇق ئۈزۈملەرنى ئېلىپ كىرىپ قويدى .

ئەلى قۇشچىغا ئۆيدە نېمىدۇر بىرنېمە كەمدەك تۇيۇلۇپ ، ئەتراپىغا قارىدى - دە ، بىردەم ھاڭۋېقىپ قالدى . كىتابلار بىلەن لىق تولۇپ تۇرىدىغان ئىككى تەرەپتىكى يا شەكىللىك جاۋەنلەردە نە بىر پارچە كىتاب ، نە بىر قولىيازما بولسۇن ! ئۇلارنىڭ ئورنىغا يۇختا ئىشلەنگەن جۇڭگو چىنىلىرى ، قىرغاقلىرىغا ئالتۇن سۈيى يالىتىلغان نەقىشلىك پىيالىلەر ، گۈللۈك كۈمۈش تەخسە - تاۋاقلار ، نازۇك بېزەكلىك ئاپتۇۋا - چەينەكلەر ، چوڭ - كىچىك ، رەڭگارەڭ كوزىلار تىزىلغان بولۇپ ، ۋال - ۋۇل پارقىراپ ، كەڭ ئۆينى ئاجايىپ چاقنىتىۋەتكەنىدى .

ئەلى قۇشچى ھەيران بولۇپ ، مەۋلانە مۇھەممەدنىڭغا قارىدى . مەۋلانە مۇھەممەدنى يەنىلا كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە يانپاشلاپ ياتاتتى . ئەلى قۇشچى ئۆز كۆڭلىدە پەيدا بولغان ئاللىقانداق يامان تۇيغۇنى بېسىپ :

— تۈنۈگۈن ئۇستاز چاقىرتقانىكەن ، كۆكسارايدا بولدۇم ، — دېدى .

مەۋلانە مۇھەممەدنى ئورنىدا بىر قىمىرلاپ ، يۆتىلىپ قويدى .

— كەمىنىگىمۇ چاپارمەن ئەۋەتكەنىكەن . ئەپسۇسكى ، ئاغرىپ قىلىپ بارالمىدىم .

مەۋلانە مۇھىددىن نېمە ئۈچۈندۇر قىزىرىپ ، ئەلى قۇشچىنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى . ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى ، ئۇ ئۇستاز توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى .

— ئۇستاز سىزگە سالام ئېيتتى...

— ئـەبـەددىـلـئەبـەد سـالامـەت بولغـاي . مـەرھەمـەت ، نازۇنېمەتلەردىن ئالغايسىز ، بۇرادىرىم ... — مەۋلانە مۇھىددىن ئالدىراپ ـ تېنەپ ناننى سۇندۇرۇپ ، ئەلى قۇشچىنى يەنە داستىخانغا تەكلىپ قىلدى . ئەلى قۇشچى سوغۇق كۇلۇمسىرەپ :

— ئۇستاز سىزگە سالام يوللاش بىلەن بىللە بىر مۇھىم ئىشنى تاپشۇردى ، — دېدى .

مەۋلانە مۇھىددىنىنىڭ نان سۇندۇرۇۋاتقان نازۇك بارماقلىرى ھەرىكەتتىن توختاپ ، ھاۋادا مۇئەللەق تۇرۇپ قالغاندەك بولدى .

— نېمە ئىشكەن ؟

— خەۋىرىڭىز باردۇ ، دوستۇم ، بۈگۈن تاڭ سەھەر بىلەن ھەزرىتى ئالىيلىرى ماۋەرائۇننەھر چېگرىسىغا قوشۇن تارتىپ كىرگەن شاھزادىگە قارشى يۈرۈش باشلىدى ... ئىنشائاللا ، قىرىق يىل شاپـائـەت قىلغان تـەڭـرىتائـالا بۇ قېتىممۇ ئۆز ئىنايىتىنى ئايىماس... ۋە لېكىن ... — ئەلى قۇشچى ئۇستازنىڭ غەمكىن چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، بىر «ئۇھ» تارتتى ، — ۋە لېكىن ، غاپىل بەندە ھەقتائالانىڭ ئىختىيارىنى بىلمەكتىن ئاجىزدۇر . ئەگەردە بەخت قۇشى شاھزادىنىڭ بېشىغا قونۇپ ، يۇرت ئاسايىشلىقى بۇزۇلسا ، رەسەتخانىدىكى بارچە نادىر كىتابلارنى ، كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان بارچە قولىيازمىلارنى ساقلاپ قالماق سىز ھەم بىزگە يۈكلىنىدۇ ، ئەزىز بۇرادىرىم ...

مەۋلانە مۇھىددىن شاققىدە بۇرۇلۇپ ، ئەلى قۇشچىغا قارىدى .

— ساقلاپ قالماق ؟ ... بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلماق كېرەك ؟ ئەقلىمگە سىغمايدۇ ...

— بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئىبسىل قولىيازما ۋە كىتابلارنى رەسەت-
خانىدىن ئېلىپ چىقىپ، ئىشەنچلىك جايغا يوشۇرماق كېرەك ...
— ئىشەنچلىك جاي؟ ... بۇ دەرگاھنى دېمەكچىمۇ؟
مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ چىرايىدا شۇنداق بىر ساراسىمىلىك پەيدا بولدىكى، ئەلى قۇشچى كۆلۈمسىرەپ باش چايقىدى.
— ياق، بۇرادەر، بۇ دەرگاھ مۇۋاپىق كەلمەس. گەپ بىر - ئىككى كىتابتا ئەمەس، بەلكى بەش - ئالتە تۆگىگە يۈك بولىدىغان خەزىنە ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ ...
مەۋلانە مۇھەممەدنى ئالتۇن ئۈزۈكلەر تاقالغان ئىنچىكە قوللىرى بىلەن داستىخاننى يىغىشتۇرغان پېتى جىم بولۇپ قالدى.
— بىزنىڭ دەرگاھىمىز مۇۋاپىق كەلمىسە ... كەمىنە نېمە قىلاي؟ مەقسىتىڭىزنى چۈشەنمىدىم ...
— نېمىشقا چۈشەنمەيسىز، دوستۇم؟ — دېدى ئەلى قۇشچى زەردىسى قايناپ، — ئۇستاز سىز بىلەن مېنى ئەڭ يېقىن شاگىرت-لىرىم دەپ بۇ ئىشنى تاپشۇردى. پېقىر ھۇزۇرىڭىزغا مەسلىھەت سوراپ كەلدىم.
مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ ئاق سېرىق يۈزى قىزىرىپ كەتتى.
— ئەپۇ قىلغايسىز، — دېدى ئۇ تەمتىرەپ، — بۇ تولىمۇ مۈشكۈل ئىشكەن، كەمىنە بۇئىشقا قىبلىگاھىمدىن بىسوراق قول تىقالمايمەن. ئىجازەت بەرسىڭىز، ئول زاتتىن مەسلىھەت سوراپ كۆرەي.
ئەلى قۇشچى «ماقۇل» دېگەن مەنىدە باش لىڭشىتتى.
مەۋلانە مۇھەممەدنى ئالدىراپ - تېنەپ ئورنىدىن تۇردى - دە، قوشۇقا ئوخشايدىغان پارقىراق قارا خۇرۇم ئايىغىنى پۇتىغا ئى-لىپ، «شىپ - شىپ» دەسسەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
ئەلى قۇشچى قولىدىكى گۈللۈك پىيالىنى ئايلاندۇرغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى.
مەۋلانە مۇھەممەدنى ئۇلۇغبەگ مەدرىسىسىگە مۇدەررىس قىلىپ تەيىنلەنگەن يىلى، سالاھىددىن زەرگەر مۇشۇ قورۇدا پۈتۈن سەمەر-

قەندتىكى ئىلىم ئەھلىگە زىياپەت بەرگەنىدى. زىياپەتكە پەزىلەتلىك ئۇستاز قازىزادە رۇمى بىلەن ھەزرىتى ئالىيلىرىمۇ قەدەم تەشرىپ قىلغانىدى. شۇ چاغدا سالاھىددىن زەرگەر سۆيۈملۈك ئوغلى مەۋلانە مۇھىددىن ئۇچۇن يىغقان ئېسىل قولىيازمىلارنى كۆز ـ كۆز قىلىپ، ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغانىدى. ئەسلىدە سالاھىددىن زەرگەر بۇ مەرتىۋە، بۇ ئابرۇي، بۇ بايلىقلارنىڭ ھەممىسىگە مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سايىسىدە ئېرىشكەنىدى. ئۇستاز شاگىرتى مەۋلانە مۇھىددىننى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ بىلىمىگە ۋە قابىلىيىتىگە شۇنداق يۇكسەك باھا بەرگەنكى، ئۇنى ياش بولسىمۇ مۇدەررىسلىككە كۆتۈرۈپ، ناھايىتى كۆپ بايلىقلارنى ئاتا قىلدى. ئوغلىغا بولغان بۇ ئىززەت ـ ھۆرمەت تۈپەيلىدىن، ئاتىسى خوجا سالاھىددىن زەرگەر «تارخان» دېگەن نامغا ئېرىشتى. مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭغا سودا ئەھلىدىن ھېچبىرىگە بەرمىگەن ئىمتىيازلارنى بەردى، ھەتتا ئۇنى ئالاھىدە سېلىقتىنمۇ ئازاد قىلدى. قىسقىسى، سالاھىددىن زەرگەر ماۋەرائۇننەھرىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق كىشىلەردىن بىرىگە، ئەڭ چوڭ سودىگەرگە ئايلاندى. ئەمدىلىكتە ... ھەيھات! ئەلى قۇشچى ئاياغ تىۋىشىنى ئىشىتىپ، بېشىنى كۆتۈردى.

بوسۇغىدا پىل چىشىدىن ياسالغان ئاپئاق ھاسىغا تايىنىپ، خوجا سالاھىددىن زەرگەر تۇراتتى. ئۇ ئۇستىگە قىزىل مووۋۇتتون، بېشىغا زەر باسقان ئۇچلۇق گىلەم دوپپا كىيگەن ھالدا پەگادا توختاپ، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىغا يوشۇرۇنغان ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئەلى قۇشچىغا تىكىپ تۇراتتى.

يەتمىشكە كىرىپ قالغان بۇ بوۋاينىڭ قەددى ـ قامىتىدىن، ئاپئاق، سوزۇنچاق يۈزىدىن، ھەتتا كىيىنىشلىرىدىنمۇ ئالىلىقانداق يوشۇرۇن بىر گۈزەللىك چىقىپ تۇراتتى. ئۆزى ۋىجىككىنە بولسىمۇ، زوۋۇلىسى پىششىق، كۆزلىرى ئۆتكۈر ئىدى.

ئەلى قۇشچى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا كەمتەرلىك بىلەن سالام بەردى.

بوۋاي پىل چىشىدىن ياسالغان، دەستىسىگە دۇر ۋە ياقۇت ئورنىتىلغان ھاسىسىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، تۆردىكى كۆرپىگە كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئەلچى قۇشچى بىلەن ئوغلىغا ئىككى يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى.

بايا داستىخان ھازىرلىغان ياش خىزمەتكار شەپىسىز قەدەم بېسىپ كىرىپ، ئوتتۇرىدىكى كۈمۈش لىگەننى ئېلىپ چىقىپ كەتتى ۋە بىردەمدىن كېيىن ئالتۇن تاۋاقلاردا يېڭى مېۋە-چېۋىلەرنى ئېلىپ كىردى. تاكى بۇ ئىشلار بەجا كەلتۈرۈلۈپ بولغۇچە سالاھىددىن زەرگەر زۇۋان سۈرمەي جىم ئولتۇردى. ياش خىزمەتكار كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن يەنە ئەلچى قۇشچىغا تىكىلدى.

— ئۇزۇن بولدى، نامرات ئۆيىمىزگە قەدەم باسمىغانىدىڭىز، ئەمدى خۇش كەپسىز، مەۋلانە! ...

ئەلچى قۇشچى ئۇنىڭ «نامرات ئۆيىمىز» دېگىنىگە ئىچىدە كۈلۈپ قويدى.

— رەھمەت سىزگە. ھۇزۇرىڭىزغا بىر مەقسەت بىلەن كەلگەنىدىم، تەقسىر. مەۋلانە مۇھەممەددىن ئېيتقاندۇ ...

سالاھىددىن زەرگەر «ئېيتتى» دېگەن مەنىدە باش لىڭشىتتى. كېيىن، پىيالىدىكى خۇش پۇراقلىق چاينى ئىچكەچ، ئاستا گەپ باشلىدى.

— بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلماقتىن بۇرۇن سىزگە دەيدىغان بىر ئېغىز گېپىم بار، مەۋلانە ... سىزنىڭ مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرىنىڭ تاج-تەختتىن ئايرىلغانلىقىدىن خەۋىرىڭىز بارمىكىن؟

بوۋاينىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىغا يوشۇرۇنغان چېقىر كۆزلىرى ئەلچى قۇشچىغا تىكەندەك قادىلىپ تۇراتتى.

— ياق! كەمىنە تۇنۇگۈنلا ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىدىم. شاھ ئالىيلىرى بۈگۈن تاڭ سەھەر بىلەن لەشكەر تارتىپ ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سالاھىددىن تارخان تاقەتسىزلىنىپ، گەۋدىسىنى قىمىرلىتىپ قويدى.

— سىزگە مەلۇم بولۇپ قالغايكىم، بەختىيار شاھزادە مىرزا ئابدۇللىتىپنىڭ لەشكەرلىرى ھازىر داۋاندا تۇرۇپتۇ. ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ جىمىكى سەركەردىلىرى تەختىمىزنىڭ ۋارىسى ئابدۇللىتىپقا تەسلىم بولغانمىش...

ئەلى قۇشچى بۇنى ئۇستازىنىڭ تۇنۇگۇنكى روھىي چۈشكۈنلۈكىدىنلا سەزگەنىدى. بىراق، سالاھىددىن زەرگەرنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا بۇ قەدەر قىزىقىشى ئۇنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. مەۋلانە مۇھىددىن گويا بۇ شۇم خەۋەردىن يۈرىكى مۇجۇلۇپ كېتىدىغاندەك، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە تۇگۇلۇپ ئولتۇراتتى.

— ئەمدى سىزدىن شۇنى سورىماقچىمەن. مەۋلانە، بۇ مۇشكۇل ۋەزىيەتتە جەزم قىلغان ئىشىڭىزنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆردىڭىزمۇ؟

سالاھىددىن زەرگەر قولىدىكى پىيالىنى ئوغلىغا سۇنۇپ، ئەلى قۇشچىغا تىكىلىپ قارىدى. ئەلى قۇشچى: «ھەئە، مۇلاھىزە قىلىپ كۆردۇم» دېمەكچى ئىدى، لېكىن بوۋاي ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ:

— يەنە شۇ نەرسە مەلۇم بولغايكىم، — دېدى، — سىز يوشۇرۇپ قالماقچى بولغان ئىلىم جەۋھەرلىرى ئوتتا كۆيدۈرۈلمەككە پەتىۋا قىلىنغان!...

ئەلى قۇشچى چۆچۈپ كەتتى.

— بۇ قايسى جاھىلنىڭ پەتىۋاسىكىن؟

— بۇ سۆزدىن خۇلاسە شۇلكىم، — دېدى سالاھىددىن زەرگەر ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي، — كۇتۇپخانىنى ساقلاپ قېلىپ، كۆپۈر كىتابلارنى يوشۇرماقنى نىيەت قىلغان گۇناھكار بەندىمۇ شۇل كىتابلار گۇلخانىدا كۆيمىكى ھەقتۇر! بۇنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ كۆردىڭىزمۇ، ئوغلۇم؟

بوۋاينىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى تەھدىتلىك ئاھاڭدا ئېيتىلغان

بولغاچقا، ئەلى قۇشچى ئىختىيارسىز ھالدا شۇركۇنۇپ كەتتى. كۆپنى كۆرگەن، ھەم بۇ دۇنيا لەززىتىنى تېتىغان، ھەم ئۆمرىدە كۆپ جاپا چەككەن بۇ ئۆكتەم بوۋاينىڭ سەممىيلىكىدە شەك يوق ئىدى. بىراق، بۇ گەپلەر نېمە ئۈچۈن ئەلى قۇشچىنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلدى؟ نېمە ئۈچۈن ئاخشام ئۇستاز خېيىم – خەتەردىن سۆز ئاچقاندا چۆچۈمىگەن بۇ ئادەم ئەمدى چۆچۈدى؟ يا ئۇ چاغدا ئىشنىڭ بۇنچىلىك يامان بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەنمىدى؟ بەس! بىلگەن بولسا قانداق قىلاتتى؟ ماڭغان يولىدىن قايتارمىدى؟ ئىلىم – پەندىن ۋاز كېچىپ، تەقۋادارلىق يولىغا ئۆتەرمىدى؟ ئۇلۇغبەگ مەدرىسىسىنى، رەسەتخانىنى تاشلاپ مەسچىتكە بېرىۋا-لارمىدى؟ مۇدەررىسلىك تەقىيىسىنى تاشلاپ، بېشىغا ئىماملىق سەللىسىنى ئورىۋالارمىدى؟

ئەلى قۇشچىنىڭ ئويلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن سالاھىددىن زەرگەر:

— ئوغلۇم ئەلى، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن، — ئاللاتائالا شاھىت، مەن سىزنى ئۆز بالامدىنمۇ ياخشى كۆرىمەن. سىزنىڭ بېشىڭىزغا كەلگەن دەرد – ئەلەم ئۆز ئوغلۇمنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد – ئەلەم دېمەكتۇر. بۇ ئىشتا بەكمۇ ئېھتىياتچان بولمى-غىنىڭىزنى ئاتا ئورنىدا تىلەيمەن...

بوۋاينىڭ سۆزلىرىدىكى سەممىيلىك ئەلى قۇشچىنىڭ كۆڭ-لىگە ياقتى. ئۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە تەمشەلدىيۇ، ئۇستازى يەنە ئېسىگە كېلىپ، ئۆزىدىن نارازى بولدى.

— ھېكمەتلىك نەسىھىتىڭىز ئۈچۈن تەشەككۇر، تەقسىر، — دېدى ئەلى قۇشچى، — پېقىر سىزنىڭ نەسىھەتلىرىڭىزنىڭ سەممى-مىي ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ئەمما ... — ئەلى قۇشچى ھاياجان-لىنىپ، «غۇرت» قىلىپ يۇتۇندى، — ئەمما، گەپ ئاددىي جەۋ-ھەرلەر، يەنى ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلار ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئىلىم جاۋاھىرلىرى ئۈستىدە بولۇۋاتىدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ يېتۈك پەرزەنتلىرى بەرپا قىلغان خەزىنە ئۈستىدە بولۇۋاتىدۇ. سىزگىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايانكى ، ئۇستاز مىرزا ئۇلۇغبەگ بۇ خەزىنىنى سەل كەم قىرىق يىلدا توپلىغان . مەن بولسام ئۇستاز مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ مېھرى - شەپقىتى بىلەن ئادەم بولغانمەن . ئۇستازىمىزنىڭ ئاش - نېنىنى ، بەرگەن ئىلمىنى ئۇنتۇغان شاگىرتنىڭ كۆزى كور بولۇر ، تەقسىر ، بەس ! كەمىنە ئۆز جېنىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇستازنىڭ رايىنى قايتۇرغاندىن كۆرە ، سىز ئېيتقان خۇراپات گۇلخاندا كۆيمەكنى ئەۋزەل كۆرىمەن !

ھاياجاندىن نەپسى قىسىلغان ئەلى قۇشچى چوڭقۇر تىنىدى - دە ، مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ يوشۇرۇن كۆز تاشلىدى . مەۋلانە مۇھەممەدىن يەنىلا بايىقىدەك لام - جىم دېمەي ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ دۇخاۋا تەقىيە كىيىلگەن بېشى تېخىمۇ ساڭگىلاپ كەتكەنىدى .

— مەۋلانە ئەلى قۇشچى ، — دېدى بوۋاي ئاپئاق قاشلىرىنى سىلاپ ، — سىز ناھايىتى غۇرۇرلۇق ، تولىمۇ ئۇلۇغ سۆزلەرنى قىلدىڭىز . ئەمما ، پېقىر ئاجىز بەندىنى كەچۈرگەيسىز ، بۇ سۆزلەرنى سىزدەك كۆپنى كۆرگەن دانىشمەن مەۋلانە ئەمەس ، ئىلىم دەرگاھىغا ئەمدىلا قەدەم قويغان ئون بەش ياشلىق تالىپ قىلسا يارىشۇر ئىدى... — سالاھىددىن زەرگەر ئەلى قۇشچىنىڭ گەپ قىلماقچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ ، قول سىلكىدى ، — سۆزۈمنى تۈگەل ئېيتماققا ئىجازەت بەرگەيسىز ، مەۋلانە ! سىز ھەزرىتى ئالىيلىرىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىڭىز بىلەن سۆزلىدىڭىز . دۇرۇس ، ئۇل زاتى شەرىپىنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى ئۇنۇتماق تۇز كورلۇقتۇر . ئەمما ، سىزگە بىر سوئالىم بار ...

— مەرھەمەت ، تەقسىر ...

— سىزنىڭ سۆيۈملۈك نەۋرەم خۇرشىدە بانۇنى ئەمىر ئىبراھىمبەگنىڭ كەنجى ئوغلىغا نىكاھلاپ بەرگىنىمدىن خەۋىرىڭىز باردۇر ؟

— خەۋىرىم بار ، ئەمما ...

— ئەمما ، بۇ ئاجىزەمىزنىڭ شاھزادە ئابدۇل ئەزىز تۈپەيلى بەختى قارا بولغانلىقىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ ؟ — دېدى سالاھىددىن

زەرگەر كۆزىگە توساتتىن ياش ئېلىپ ، — بىلمىسىڭىز ، بىلىپ قويۇڭ ، مەۋلانە ، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى شاھزادە ئابدۇل ئەزىز كۈيئوغلىمىزنى قەتل قىلدۇرۇپ ، بىر مۆمىن بەندە-نىڭ ھالال جۈپتىنى تارتىۋالدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەك-رۇھ دەپ بىلگەن ھەرەمخانىغا دىدەك قىلدى ... بىز دۆلەتپاناھ مىرزا ئۇلۇغبەگدىن خەير - ساخاۋەت كۆرگەن بولساقمۇ ، ئۇنىڭ پۇشتىدىن مىسلىسىز خورلۇق تارتتۇق ، مەۋلانە ئەلى ! ...

بوۋاي يانچۇقىدىن ئەنبەر ھىدى پۇراپ تۇرغان يىپەك ياغلىقى-نى ئېلىپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى . مەۋلانە مۇھىددىنىنىڭمۇ يىغلا-ۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەلى قۇشچى ئۇلاردىن كۆزىنى قاچۇردى ۋە ئۇستازىنىڭ : «ئۇنىڭ تېنى ئاجىز ، دىلى سۇنۇق ... » دېگەن گەپلىرىنى ئېسىگە ئالدى .

ئەستاغپۇرۇللا ! «تېنى ئاجىز ، دىلى سۇنۇق» بۇ شاھزادە ئۇلۇغ ئاتىسىنىڭ بېشىغا نېمە كۈلپەتلەرنى سالمىدى ؟ سەمەرقەندتە بىر - ئىككى ئاي قالغاندا ، بىر مۇنچە ئەمىرلەرگە زورلۇق قىلدى ، ئۇلارنى ھەززىتى ئالىيلىرىغا دۈشمەنلەشتۈردى . ئۇستاز بولسا ، ئاتا بولغانلىقتىن ئۇنى تېنى ئاجىز ، دىلى سۇنۇق دەپ قان يۇتۇپ يۈرىدۇ ! ...

— ئۇستاز شاھزادىنىڭ بۇ رەزىل قىلمىشلىرىدىن خەۋەرسىز ئىكەن ، ئەپۇ سورىدى ، - دېدى ئەلى قۇشچى .

سالاھىددىن زەرگەر تەرىنى تۈرۈپ ، قول سىلكىدى .

— ئەپۇدىن نېمە پايدا ؟ بولار ئىش بولۇپ بولدى ، مەۋلانە ...

ئەلى قۇشچىنىڭ كۆز ئالدىدا يولدا ئۇچراتقان قەلەندەر قەرنا-قى پەيدا بولۇپ ، ئېرىگەن كۆڭلى قايتا مۇزلىدى .

— ئەپسۇسكى ، چىققان كۆز ئورنىغا چۈشمەيدۇ ، ۋە لېكىن ... شاھزادىنىڭ بۇ يامان قىلمىشلىرى ئۇچۇن ئۇستازدىن يۈز ئۆرۈمەك ئىنساپلىق ئىش بولماس ، تەقسىر .

سالاھىددىن زەرگەر ئەسەبىيلىشىپ ، ئورنىدىن بىر قوزغى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىپ قويدى .

— مەۋلانە ئەلى ، ھەممە مۆمىن بەندىنىڭ ئەركى - ئىختىيارى ئۆزىدىدۇر . سىز بۇ خەتەرلىك ئىشقا قول تىقىشقا بەل باغلاپسىز ، ئىختىيار ئۆزىڭىزدە . ئەمما ، سىز تەرىپلىگەن بۇ مىسلىسىز خەزىنىنى دەپ ، بارلىقىمىزنى ، ئەۋلاد - ئەجدادىمىزنىڭ ھايات - ماماتلىق مەنپەئىتىنى قۇربان قىلماقنى لازىم كۆرمەيمەن ، ۋەسسالام !

«بۇ قىرى تۈلكە ئاخىر كۆڭلىدىكى ھەممە گەپنى ئېيتتىغۇ !» ئەلى قۇشچى ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان تىترەكنى ئاران بېسىپ بوۋايغا قارىدى .

— سىز بۇ خەتەرلىك ئىشتىن چۆچۈمىسىڭىزمۇ بولاتتى ، تەقسىر . ھۇزۇرىڭىزغا كەلمەكتىن مەقسەت ، ئازراق پۇل ۋە مەسلىھەت سوراش ئىدى ، خالاس !

— پۇل ؟

— قورقماڭ ، تەقسىر ! — دېدى ئەلى قۇشچى ، «پۇل» سۆزىنى ئاڭلىغان سالاھىددىن زەرگەرنىڭ دەرھال سەگەكلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ، — ئۇستاز بۇ ئىشتا لازىم بولۇر دەپ ئازراق ئالتۇن - جاۋاھىر قالدۇردى ...

سالاھىددىن تارخان ئالدىراپ :

— جاۋاھىر ؟ — دەپ سورىدى ، — قانداق جاۋاھىركەن ؟

— كەمىنە بۇ جاۋاھىرلارنىڭ قىممىتىنى بىلمەيدىكەنمەن . ئەمما ، ئۇستاز بۇ جاۋاھىرلارنىڭ بوۋىسى ئەمىر تۆمۈردىن قالغانلىقىنى ئېيتتى ...

سالاھىددىن زەرگەرنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ ، چوڭقۇر پاتقان كۆزلىرى چاقناپ كەتتى ...

— بەخت ئىگىسى ئەمىر تۆمۈردىن قالغان جاۋاھىرلار ؟ ... بۇ جاۋاھىرلارنى ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ ، يا يوشۇرۇپ قويدىڭىزمۇ ، مەۋلانە ؟

— يوشۇرۇپ قويدۇم ...

— قەيەرگە ؟ — دېدى بوۋاي پىچىرلاپ ، — ئىشەنچلىك جايمۇ ؟ ئەلى قۇشچى كىتاب تىزىلغان جاۋەنلەرنى كۆز ئالدىغا كەلـ ـتۇرۇپ ، ئىچىدە كۈلۈپ قويدى .

— ھەئە .

— ئەمىر تۆمۈرنىڭ جاۋاھىرلىرى بولسا ئېھتىيات قىلماق كېرەك ··· زادى ئېھتىيات قىلماق كېرەك . ئەجەب ئەمەسكىم ، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ جەۋھەرلىرىنى بوۋىسى ئەمىر تۆمۈرنىڭ شۇ جاۋاھىرلىرى ساقلاپ قالالىسا ! ئەمما ··· — بوۋاي ئەلى قۇشچى تەرەپكە ئېڭىشىپ ، يەنە پىچىرلىدى ، — بۇ گەپنى يالغۇز مەنلا ئاڭلىدىم ، مەۋلانە . باشقا بىراۋ ئاڭلاپ قالمىسۇن ، ھەتتا ئوغلۇممۇ ئاڭلىمىسۇن !

سالاھىددىن زەرگەرنىڭلا ئەمەس ، مەۋلانە مۇھىددىننىڭمۇ چىـ ـرايلىرى ئۆڭۈپ ، كۆزلىرى ئاللىقانداق چەكچىيىپ كەتكەنىدى . بۇنى كۆرگەن ئەلى قۇشچىنىڭ كۆڭلىدە : «بۇ سىرنى ئاشكارىلاپ قويغىنىم بولمىغان ئوخشايدۇ » دېگەن ئوي كەچتى . شۇ سەۋەبتىنـ ـمۇ ياكى سالاھىددىن زەرگەرنىڭ تەھدىتلىك سۆزلىرى قاتتىق تەسىر قىلغانلىقتىنمۇ ، ئىشقىلىپ ، ئەلى قۇشچى بۇ ئاتا ـ بالا بىلەن خوشلاشقاندا ، كاللىسىدا ۋەھىمە پەيدا بولدى ـ دە ، نېمە ئۈچۈندۇر ، ھۇجرىدا مەيۇس ھالەتتە ئولتۇرغان ئانىسى تىللاببىبى ئېسىگە كېلىپ يۈرىكى ئۆرتەندى .

## 7

مىرزا ئۇلۇغبەگ بۇلتۇر باغدات خەلىپىسى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەن ئاق ئەرەب ئېتىدا خىيالچان ھالدا كېتىۋاتاتتى . ئەمىر جاندار بىلەن ئەمىر سۇلتانشاھ بەرلاس باشچىلىقىدىكى ئالدى قىـ ـسىم چوڭ قوشۇندىن ئىلگىرىلەپ كەتكەنىدى . بىرنەچچە تۈمەن كىشىلىك سول قانات قوشۇن بىلەن مەركىزىي قوشۇن لەشكەرلىـ ـرى ئارقىدا كېتىۋاتاتتى . لەشكەرلەرنىڭ كەينىدىن قورال ـ ياراغ

ئارتىلغان تۆگە ۋە قېچىرلار، ئاشپەزلەر بىلەن ساراي خىزمەتكار-لىرىنىڭ سايىۋەنلىك ھارۋىلىرى ماڭغانىدى. پۈتۈن قوشۇن بىر - ئىككى تۈمەن كىشىدىن ئاشمىسىمۇ، پايانسىز دەشت - چۆل لەشكەرلەر بىلەن تولۇپ كەتكەندەك، سىپاھلار سان - سانaق-سىزدەك كۆرۈنەتتى. ئاتلارنىڭ كىشنىشى، ئېشەك - قېچىرلار-نىڭ ھاڭراشلىرى ۋە تۆگىلەرنىڭ بوزلاشلىرى يەر - جاھاننى لەرزىگە سالاتتى.

ئادەتتە بۇنداق يۈرۈشلەردە ھەزرىتى ئالىيلىرىنى ئوراپ ئال-دىغان ئەمىرلەر، تۈمەنبېشىلىرى ۋە ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىلەر بۇگۈن گويا مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋېتىشنى خالىمى-غاندەك خېلى كەينىدە كېتىۋاتاتتى. پەقەت شاھزادە ئابدۇل ئەزىز ئۈستىگە يولۋاس تېرىسى يېپىلغان شاش ئارغىمىقىنى ئاچچىق قامچىلاپ، گاھ ئالدىغا، گاھ ئەتراپتىكى دۆڭلەرگە چاپتۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى خاتىرجەم، بىپەرۋا كۆرسىتىشكە ئۇرۇنسىمۇ، لېكىن كېسەلمەنلىكى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى ئەندىشىلىك چاقناپ، پە-رىشانلىقى، ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانلىقى سولغۇن، تاتارغان چىرايىدىن ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگ بولسا، ئوغلىغا قاراپمۇ قويماي، يەنىلا تىنىمسىز خىيال گىردابىدا تولغى-ناتتى.

جەيھۇن يۈرۈشىدىن قايتقاندىن بۇيان قاڭتۇرۇپ قويۇلغان بۇ ئەرەب ئاق تۇلپىرى كۈمۈش يۈگەننى چايناپ، تىنىمسىز تېپىرلە-غىنىچە يۇلقۇناتتى. ئۇنىڭ كەڭ دالىدا قوشتەك ئۇچقۇسى كېلەت-تى. ئاق تۇلپار يۇلقۇنۇپ سەكرىگەندە، ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى يالىغا ئېسىلغان ئالتۇن قوڭغۇراقلار يېقىملىق جىرىڭلايتتى ۋە كۈمۈش ئىگەرگە ئورنىتىلغان نازۇك ھالقىلاردىن چىققان ئاۋازلار-غا جور بولاتتى. بىراق، بۇ ئاۋازلارنىڭ ھېچقايسىسى مىرزا ئۇلۇغ-بەگنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ ھەتتا سۆيۈملۈك ئاق تۇلپىرى-نىڭ يۇلقۇنۇپ، ئالغا ئىنتىلىۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەي، ئىختىيار-سىز ھالدا قولىدىكى يىپەك تىزگىننى چىڭ تۇتۇپ ئولتۇراتتى.

ئالدىنقى كۈنى كېچىسى غەم ـ قايغۇدىن ئۇيقۇسى قاچقان مىرزا ئۇلۇغبەگ قەدىمىي كىتابلارنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ، ئاجايىپ بىر ھېكايىنى كۆرۈپ قالغانىدى: كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئالەمگە مەشھۇر ھىندى پادشاھى ئەڭ يېقىن كىشىلىرى بىلەن ئوۋغا چىققانىكەن، ھەمراھلىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ يالغۇز ئوغلىمۇ بار ئىكەن. پادشاھ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قارا بۈركۈتىنى مۈرىسىگە قوندۇرۇپ، دەريا بويلاپ ئات چاپتۇرۇپ مېڭىپتۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەمىرلەر بىلەن نۆكەرلەر ئات چاپتۇرۇپتۇ. پادشاھنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن نۆكەرلەردىن بىرى: «پادشاھى ئالەم، توختاڭ! بۇ يەر خەتەرلىك، قومۇشلۇقتا يولۋاس بار!» دەپ ۋارقىراپتۇ. لېكىن، پادشاھ ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، ئارغىمىقىنى راسا قامچىلاپ، قومۇشلۇقتا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېرىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئات تۇياقلىرى ئاستىدىن ئىككى كۈلرەڭ تۈلكە چىقىپ قېچىپتۇ. پادشاھ ئارغىمىقىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ راسا قوغلاپتۇ. تۈلكىلەر دەسلەپتە تۆت، كېيىن سەككىز بولۇپ قاپتۇ. تۈلكىلەرنىڭ بەزىلىرى خۇددى ئۇنى مازاق قىلىۋاتقاندەك كەينىگە قاراپ ھىجىيىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادشاھ قاتتىق غەزەپلىنىپ، قاناتلىرىنى قېقىپ خىرىس قىلىۋاتقان سۆيۈملۈك بۈركۈتىنى قويۇپ بېرىپتۇ. بىراق، بوشىنىۋالغان بۈركۈتى ئات تۇياقلىرى ئەتراپىدا ايناقشىپ يۈرگەن تۈلكىلەرگە ئەمەس، پادشاھنىڭ ئۆزىگە خىرىس قىپتۇ. پادشاھنىڭ ئوغىسى قايناپ، خەنجىرىنى ئېلىپ بۈركۈتكە چىپىپتۇ. لېكىن، بۈركۈت ئۆزىنى يانغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىنى چوقۇۋاپتۇ ـ دە، سول كۆزىگىمۇ چاڭگال سالماقچى بوپتۇ. پادشاھ ۋارقىرىغان پېتى سىڭار كۆزى بىلەن شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، قارا بۈركـۈت بۈركۈت ئەمەس، قارا تون كىيىپ، قارا بۈركـۈت قىياپىتىگـە كىرىۋالغـان ئۆز ئـوغلى ئىكەن...

مانا، ئىككى كۈن بولدى. بۇ ھېكايە ئۇنىڭ خىيالىدىن نېرى كەتمىدى. ئۇ ھازىرمۇ شۇ ھېكايىنى ئەسلەپ كېتىۋاتاتتى. نېمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچۇندۇر ، بۇنىڭدىن چارەك ئەسىر ئىلگىرى قىپچاق خانى بەراق-خان ئۇنىڭغا قارشى باش كۆتۈرۈپ چىققاندا كۆرگەن يامان بىر چۈشى توساتتىن ئېسىگە كەلدى . ئۇنىڭ بۇ چۈشى سەيھۇن بويلىرى-دا بولغان يەسسى ۋە سىغناق شەھەرلىرىنى قوغداش جېڭىدە ئەمەلىيەتكە ئايلانغانىدى ... مانا ، شۇ چۈشىنى كۆرگىنىگە سەل كەم چارەك ئەسىر بولدى ، لېكىن ئۇ تا ھازىرغىچە ئېسىدىن چىقمايتتى...

يېشى ئون بەشكە تولمايلا ماۋەرا ئۇننەھر تەختىگە ئولتۇرغان مىرزا ئۇلۇغبەگ يەسسى شەھىرىدە خوجا ئەخمەت يەسسەۋى مەقبە-رىسى ئۇستىدە ئويناپ يۈرگەنىكەن . توغرىسىنى ئېيتقاندا ، ئۇ يىرگىنچلىك خوتۇنى ئوغە بېگىمدىن قېچىپ مەقبەرە ئۇستىگە چىقىۋالغانىكەن . جۇڭگو يىپىكىدىن تون كىيگەن ، قولاقلىرىغا يوغان ھىندى ھالقىسى ئېسىۋالغان ، بىلەكلىرىگە ئالتۇندىن ياسال-غان باغدات بىلەزۈكى سېلىۋالغان ، بۇرنى پۇچۇق ، بەتبەشىرە ئوغە بېگىم مىرزا ئۇلۇغبەگنى قوغلاپ كېلىپ مەقبەرە ئۇستىگە چىقىپ-تۇ ۋە مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ ، ئۇنى زىنا قىلىشقا قىستاپتۇ . مىرزا ئۇلۇغبەگ بولسا ئۆزىنى ھاۋارەڭ گۈمبەز ئۇستى-دىن يەرگە ئېتىپتۇ . بىراق ، ئۇ يەرگە يىقىلىپ چۈشمەي ، قانات چىقىرىپ قۇشتەك ئۇچۇپ كېتىپتۇ . ئوغە بېگىم بولسا كالخاتقا ئايلىنىپ ، ئۇنى يەنە قوغلاپتۇ ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ يەسسى باغلىرىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ ، لېكىن كالخات قىياپىتىگە كىرگەن ئوغە بېگىم دەرھال باغ ئۇستىدە پەيدا بوپتۇ . مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭدىن قېچىپ ، يەنە ھاۋارەڭ گۈمبەز ئۇستىگە قونۇپتۇ . دەل شۇ چاغدا ، مەقبەرە ئوتتۇرىسىدىكى خوجا ئەھمەد يەسسەۋى قەبرىسى يېرىلىپ ، ئىچىدىن ساقاللىرى كۆكسىد-گە چۈشۈپ تۇرغان ، سالاپەتلىك بىر ئادەم چىقىپتۇ . بۇ ئادەمنى ئەھمەد يەسسەۋى دەپ ئويلىغان مىرزا ئۇلۇغبەگ : «پاك روھلىرى جەننەت گۈلشەنىدە خۇشال بولغاي» دەپتۇ ۋە ئېھتىرام بىلەن سالام بېرىپ ئۇچۇپ كەتمەكچى بوپتۇ . دەل شۇ پەيتتە ، قەبرىدىن بوۋىسى

ئەمىر تۆمۈرنىڭ قوپال ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:
— ھەي شاھزادە ۋەلىئەھدىم مۇھەممەت تەرەغەي! نەگە قاچ-ماقچىسەن؟ توختا!
مىرزا ئۇلۇغبەگ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، قەبرە ئۇستىدە تۇرغان خوجا ئەخمەت يەسسەۋى ئەمەس، بوۋىسى ئەمىر تۆمۈر ئىكەن! ئۇ ئۇستىگە قارا موۋۇت تون، بېشىغا ئۇچى نەيزىسىمان مىس دۇبۇلغا كىيگەن، بېلىگە ئالتۇن دەستىلىك قىلىچ ئاسقان ھالدا قاپىقىنى تۈرگىنىچە غەزەپلىنىپ تۇرارمىش.
— سۇلتان مۇھەممەت تەرەغەي! — دەپتۇ ئۇ قاپىقىنى ئاچ-ماي، — مەن سېنى ئون تۆت يېشىڭدا ماۋەرائۇننەھر تەختىگە شۇ ئۈمىد بىلەن ئولتۇرغۇزغانمىدىم؟ قېنى ئېيتچۇ، ماۋەرا ئۇننەھر سۇلتانى، مەن بۇ پايانسىز دەشت - باياۋاندا خوجا ئەخمەت يەسسە-ۋىگە بۇ ھەشەمەتلىك مەقبەرىنى نېمە ئۈچۈن ياساتتىم؟ مۇددىئايىم نېمە ئىدى مېنىڭ؟
ئۇنى ھەمىشە ئەركىلىتىپ گەپ قىلىدىغان بوۋىسىنىڭ ئاۋازى-دىكى بۇ قەھر - غەزەپ مىرزا ئۇلۇغبەگنى تەمتىرەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ جاۋاب بېرىپتۇ:
— بۇ ئۇلۇغۋار مەقبەرىنى ياسىتىشتىكى مەقسىتىڭىز، ئۇلۇغ ئۇستاز خوجا ئەخمەت يەسسەۋى ھەزرەتلىرىنىڭ پاك روھىنى شاد ئەتمەكتۇر، قىبلىگاھىم...
— پاك روھىنى شاد ئەتمەك؟! — دەپ زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپتۇ ئەمىر تۆمۈر، — بۇ مەقبەرىنى ياساتماقتىن مۇددىئايىم شۇلكى، بىرىنچىدىن، قارا خەلقنى، ئىككىنچىدىن، ئالتۇن ئوردا بىلەن قالماق ۋە دەشتى قىپچاق خاقانلىرىنى تىترەتمەك!...
قۇترىغۇر قارا خەلق بۇ ئۇلۇغۋار مەقبەرىنى كۆرۈپ ۋەھىمىگە چۈشسۇن، كىچە - كۈندۈز تىز پۈكۈپ تاۋاپ قىلسۇن، كونا رەقىبلىرىم بولغان ئالتۇن ئوردا بىلەن قالماق خاقانلىرى مېنىڭ چېگرام مۇشۇ ھەيۋەتلىك مەقبەرە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئارقىسىغا قايتسۇن ۋە بۇ يەردىن بېسىپ ئۆتۈشتىن قورقسۇن دەپ بەرپا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلغانىدىم بۇنى ! ئەستاغپۇرۇللا ! ئالتۇن تەختىمنى ساڭا ئىشە-
نىپ تاپشۇرغىنىم قېنى؟ ئەنە پەسكە قارا ، قوزغۇن بەراقبەگنىڭ
چەۋەندازلىرى شەھەرنى ئىشغال قىلىپ ، مۇقەددەس زېمىننى خار
ۋە دەپسەندە قىلماقتا !

تىترەك باسقان بوۋىسىنىڭ قىيسىق كۆزلىرىدىن ئوتلار چاق-
ناپ ، شاھزادىگە ئىما قىپتۇ .

مىرزا ئۇلۇغبەگ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا ، شەھەر كوچىلى-
رىدا ، ئىككى تەرىپى رەستە مەھەللە ـ كەنتلەردە قالماق چېراي
چەۋەندازلار ، ياسىمان ئەگرى قىلىچلىرىنى ئوينىتقان ياساۋۇللار
چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈشكىنىچە ئات سېلىپ يۈرەرمىش ۋە ئۆي-
لەرگە ئوت قويۇۋاتقانمىش . قىسقىسى ، ھەممە ياق ئىس ـ تۈتەك
ۋە ئوت ئىچىدە قالغانمىش .

— ماۋەرائۇننەھر ئوت ئىچىدە قالدى !— دەپ ۋارقىراپتۇ
بوۋىسى ، — سەن بولساڭ ، ئۇياتسىز خوتۇنۇڭ بىلەن بۇ مازار
ئۈستىدە ئار ـ نومۇسنى بىلمەي ، شەرمەندىلەرچە ئوينىشىپ يۈرى-
سەن . بىلىپ قويغىنكى ، بۇ تاجنى بېشىڭغا مەن قوندۇرغان ، يەنە
مەن ئېلىپ تاشلايمەن ! ... يا بۇ بەتبەختلەرنى زېمىنىمدىن قوغلاپ
چىقىرىسەن ، يا بۇ تاجىمنى قايتۇرۇپ بېرىسەن !

ئەمىر تۆمۈر غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ ، مىرزا ئۇلۇغ-
بەگ قاتتىق ھودۇقۇپ كەينىگە يېنىپتۇ ...

چۈش كۆرۈپ دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، مىرزا ئۇلۇغبەگ
خۇددى دوزاخقا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ ئويغىنىپ كېتى-
دۇ ... لېكىن ، ئۇنى بۇ قورقۇنچلۇق چۈشتىنمۇ بەكرەك ھەيران
قالدۇرغان نەرسە شۇ بولغانكى ، تاڭ سەھەر بىلەن ئۇن نەپەر يىگىت
يىراق يەسسىدىن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ، سەيھۇن بويلىرىدا
كۆچمەن بولۇپ يۈرگەن بەراقبەگ باتۇرنىڭ يەسسى ۋە سىغناق
شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ، شەھەر ئەتراپىدىكى گۈلدەك
يېزىلارنى تالان ـ تاراج قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ .

بۇ خەۋەردىن ھەيران بولغان مىرزا ئۇلۇغبەگ شۇ زاماتلا

لەشكەر تارتىپ ، بەرەقخانغا قارشى يۈرۈش قىلىدۇ . تاسادىپىيلىق سەۋەبىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ، سىغناق ئەتراپى ۋە سەيھۇن بويلىرىدا بولغان دەھشەتلىك جەڭدە چۈشى راست بولۇپ چىقىدۇ . ئەگەر ، ئاخشام ئەلى قۇشچى دېگەن ھېلىقى قەلەندەر قەرناقى ئۆز يىگىتلىرى بىلەن دەشتى قىپچاقلار سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ ، ئېتىدە-نىڭ چۇلۋۇرىدىن تارتىپ ئېلىپ چىقىپ كەتمىگەن بولسا ، مىرزا ئۇلۇغبەگ ئېھتىمال ، ئۆز رەقىبى بەرەقخاننىڭ ئەسىرىگە ئايلىـ-نىپ ، شەرمەندە بولغان بولاتتى ...

يا رەببى ! بۇ چۈش ، بۇ سەپەر ، بۇ ھېكايە ! ئەڭ دەھشەتلىكى بۇ ھېكايە ! بىر كۆزنى چوقۇۋېلىپ ، يەنە بىر كۆزىگە چاڭگال سالغان قارا بۈركۈت ! ئىشقىلىپ ، ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن ، خۇ-داۋەندە كەرىم !

مانا ، بىر ھەپتىدىن بېرى ئۇ ھەر كۈنى كېچىسى يۇلتۇزلار ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ، ئۆز تەقدىرىنى بىلمەكچى بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ئېنىق بىر پىكىرگە كېلەلمىدى ، ئىلگىرى ئايدىڭدىكىدەك ئوچۇق كۆرۈنىدىغان نەرسىلەر ئەمدىلىكتە ئاللىقانداق تۇمان ئىچىد-دە قالغاندى ... بۇ ، يا كۆكنىڭ ئۇنىڭغا ئۆز سىرىنى ئاشكارىلاش-نى خالىمايۋاتقانلىقىدىن ، يا ئۇنىڭ ئەقىل كۆزىنىڭ خىرەلىشىپ قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك .

گاڭگىراپ قالغان مىرزا ئۇلۇغبەگ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى . ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلىغان بولۇپ ، قۇياش كۆرۈن-مەيتتى . دالىلار ، ئېدىرلار ، بوغداي ئېتىزلىرى ۋە يىراق - يېقىندىكى باغلاردا بىرەرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى ، گويا مىرزا ئۇلۇغ-بەگنىڭ قوشۇنى ئەمەس ، قاراقچىلار قوشۇنى باستۇرۇپ كېلىۋات-قاندەك ، جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى ئۇۋۇلىرىغا قېچىپ كىرىپ كې-تىشكەندى . بۇ قوشۇن ، يولنى چاڭ كەلتۈرۈپ ، قىر ۋە ئېدىر-لاردا پادىدەك سۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان بۇ لەشكەرلەر كىمنىڭكى ؟ مەرىپەتپەرۋەر شاھ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭمۇ ياكى شاھزادە ئابدۇللە-تىپنىڭمۇ ۋە ياكى باشقا بىر شەپقەتسىز خاقاننىڭ بولاڭچى چەۋەن-

دازلىرىمۇ ؟ پۇقرالارنىڭ بۇنى بىلگۇسى كەلمەيتتى . چۈنكى ، ئۇلار ئۇرۇشتىن چارچىغان ، شاھلارنىڭ قەتل ـ قىرغىنلىرىدىن بىزار بولغان ! ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ قاتتىق خورسىنىپ ، ئالدى تەرەپتە كۆكۈچ بۇلۇتلار ئارىسىدا غىل ـ پال كۆزگە چېلىققان تاغلارغا تىكىلدى . ئىلگىرىلەپ كەتكەن قوشۇن كۆرۈنمەيتتى ، پەقەت ئالدىدىكى دۆڭ ۋە ئېدىرلاردا ئات ئوينىتىپ يۈرگەن چەۋەندازلار كۆزگە تاشلىناتتى ، خالاس .

كۆكۈچ بۇلۇتلار ئارىسىدا غىل ـ پال كۆرۈنگەن داۋاننىڭ ئارقىسى ئەجدادلارنىڭ يۇرتى ئىدى . رەھمەتلىك بوۋىسى ئەمىر تۆمۈرنىڭ ۋە مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كىشكە بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتى بەكمۇ كۈچلۈك ئىدى . چۈنكى ، كىشتە ، ئەمىر تۆمۈرنىڭ پەرمانى بىلەن بەرپا قىلىنغان ئاقساراي مەقبەرىسىدە بەرلاس ئۇرۇقىدىن بولغان ئېسىلزادىلەرنىڭ قەبرىلىرى بار ئىدى . بوۋىسى ئەمىر تۆمۈر بىرىنچىدىن ، سۇلتان پايتەختى سەمەرقەندنى ، ئىككىنچىدىن ، ئۆزىنىڭ ئانا شەھىرى كىشنى ئاۋات قىلغان ، تۇمان ئارىسىدا ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغنىڭ ئېتىكىدە بولسا ، ئادەم كىرسە ئادىشىپ قالىدىغان «باغى بېھىش»نى بىنا قىلدۇرغانىدى . ھەقىقەتەنمۇ بېھىشكە ئوخشايدىغان بۇ باغدا ، يىراق مىسىردىن ئېلىپ كېلىنگەن خورما ، خۇشبۇي جۇڭگو ئالمىلىرى ، ھىندىستاننىڭ ئاجايىپ ئېگىز دەرەخلىرى ئۆستۈرۈلگەنىدى . باغدا ، تاغ ئېتىكىدىكى ئارچىزارلىقتا مۆڭگۈزلىرىگە غۇلاچ يەتمەيدىغان ئاق ئارقارلار ، شوخ كېيىكلەر ، كۆزلىرى سۇزۇك بۇلاقتەك ئاھۇلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ يۈرەتتى . تىنىق ، سۈپسۈزۈك بۇلاقلاردا ، چۆرىسى مەرمەردىن ياسالغان كۆللەردە ئالتۇنبېلىقلار ئۈزۈشەتتى ... بىراق ، ھازىر بۇ باغدا ئۇنىڭ قوشۇنى تۇرۇۋاتقانمىدۇ ياكى ئۇنى شاھزادە ئابدۇللىتىپنىڭ لەشكەرلىرى ئىگىلىۋېلىپ ، ھەممە ياقنى ۋەيران قىلىۋاتقانمىدۇ ؟ ... بايا پېشىندە ئەمىر سۇلتانشاھتىن خەۋەر ئۇققىلى كەتكەن سۆيۈملۈك نۆكىرى بابا

ھۆسەيىن باھادىر تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى ...

كىمدۇر بىرسى ئارقىسىدىن كېلىپ، ئۇنىڭ تىزىغا قولىنى قويدى.

— ئۇلۇغ شاھىم، ئەپۇ قىلغايلا، قونماق كېرەك، ناماز ئەسىر قازا بولۇپ كېتىدۇ ...

كۈن ئولتۇرغان بولسا كېرەك، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ قالغان ۋە ھاۋا سالقىنلاپ، يەنە ئاخشامقىغا ئوخشاش بەدەننى تىلغۇدەك سوغۇق شامال چىقىشقا باشلىغانىدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ نەزىرى شاھزادە ئابدۇل ئەزىزگە چۈشتى. بايا ئات ئوينىتىپ يۈرگەن شاھزادە ئەمدى قاما ياقىلىق سۆسەر جۇۋىسىغا ئورىنىپ، ئات ئۈستىدە دۈگدىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەزەلدىنلا شۇنداق، بىردەمدىلا خۇشاللىقىدا قىن - قىنىغا سىغماي يايراپ كەتسە، بىردەمدىلا غەم - ئەندىشىگە چۆمۈپ، مەجنۇن سۈپەت بولۇپ قالاتتى.

— سارايۋەن قېنى؟— دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئوغلىغا، — توختاشقا پەرمان بەر!

بىردەمدىن كېيىن ئارقا تەرەپتە دۇمباق ئاۋازى ياڭرىدى. لەشكەرلەر چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۈزلەڭلىكتە توختىدى. ئۇندىن، يۈزدىن بۆلۈنگەن قوشۇن جاي - جايلارغا تارقاپ، گۈلخان يېقىپ تاماق ئېتىشكە كىرىشتى. ھاۋادا تېزەك ۋە شىۋاق پۇراقلىرى تارقاپ، سوغۇق شامالنى سەل - پەل باسقاندەك بولدى.

شاھ ئالىيلىرىنىڭ يۈز كىشىلىك يىپەك چېدىرى يولنىڭ سول تەرىپىدىكى «قاراقچى تۆپە» دېگەن دۆڭنىڭ ئېتىكىگە جايلاشتى. ئۇنىڭ سەل تۆۋەن تەرىپىگە ساراي خىزمەتچىلىرىنىڭ چېدىرلىرى تىكىلدى. ئاشپەزلەر ئوت قالاپ، نەيزىدەك ئۇزۇن زىخلارغا قوزىلارنى پۈتۈن - پۈتۈن ئۆتكۈزۈپ، كاۋاپ پىشۇرۇشقا باشلىدى. ئادەتتە بۇنداق يۈرۈشلەردە ئاخشىمى بارچە ئەمەلدارلار، بەگلەر، سەركەردىلەر ۋە باشقا كاتتا ئەمەلدارلار شاھ ئالىيلىرىنىڭ يۈز كىشىلىك يىپەك چېدىرىغا تەكلىپ قىلىناتتى. ئاشپەزلەر داستى-

خانلارنى ئەڭ ياخشى تائاملار بىلەن تولدۇراتتى . ئالتۇن قەدەھ ۋە كوزىلاردا مەي ھەم قىمىز ئىچىلەتتى . بەزىدە نەغمىچىلەر ۋە ئۇسسۇلچىلار تەكلىپ قىلىنىپ ، بەزمە ئۇيۇشتۇرۇلاتتى ، لېكىن ھازىر مىرزا ئۇلۇغبەگكە ھېچنىمە خۇشياقمايتتى . ئۇ ناماز ئەسىردىن كېيىن يالغۇز شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن ھەزرەتلىرىنى تاماققا تەكلىپ قىلدى . شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن قىرىق ياشلارغا بېرىپ قالغان ، چاچ ـ ساقاللىرىغا بىر تالمۇ ئاق كىرمىگەن ، قارىماققا ئاجىزدەك كۆرۈنسىمۇ ، خېلى ئىقتىدارلىق ئادەم ئىدى . ئۇ ئاتىسى شەيخۇلئىسلام ھىساملىددىندەك دانا ھەم بىلىملىك زاتلاردىن بولمىسىمۇ ، ھەر ھالدا مىرزا ئۇلۇغبەگ تەرەپتە تۇرۇپ ، ئۇنى مۇتەئەسسىپ شەيخلەرنىڭ پىتنە ـ ئىغۋالىرىدىن قوغداپ كەلگەنىدى .

شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن بىدە ئۇستىگە سېلىنغان گىلەمنى يېنىك دەسسەپ تۆرگە ئۆتتى . ئالتۇن قەندىلدىكى شاملاردىن يورۇپ كەتكەن چېدىردا يالغۇز ئاتا ـ بالا ئىككىسىلا ئولتۇرۇشقان بولۇپ ، مىرزا ئۇلۇغبەگمۇ ، شاھزادە ئابدۇل ئەزىزمۇ باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ ، خىيال دېڭىزىغا شۇڭغۇغانىدى .

شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغاچ :

— سىزگە نېمە بولدى ، ئۇلۇغ شاھىم ؟ — دېدى ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىغا تىكىلىپ .

مىرزا ئۇلۇغبەگ بېشىنى كۆتۈرۈپ ، شەيخۇلئىسلامغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى .

— ئەسسەلاتىن زىللەللاھۇ فىل ئەرز ! — دېدى شەيخۇلئىسلام ، — يەنىكى ، سۇلتانلار ئاللانىڭ يەردىكى سايىسىدۇر . ئىنشائاللا ، ئىشىڭىز ئوڭدىن كېلۇر . بۇنداق قايغۇ ـ ھەسرەت سىزدەك بەخت ساھىبلىرىغا ياراشمايدۇ ، ئۇلۇغ شاھىم !

«بۇلار مېنى ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى دەپ پەرەز قىلىدۇ ، تاج ـ تەختتىن ئايرىلىشتىن قورقىدۇ دەپ ئويلايدۇ . ھەي خام سۈت ئەمگەن بەندىلەر ! ...» مىرزا ئۇلۇغبەگ شۇ پىكىرنى كۆڭلى-

دىن ئۆتكۈزدى ۋە ئوغلى ئابدۇل ئەزىزگە يەر ئاستىدىن كۆز تاشلاپ قويۇپ، گويا ئۇنىڭدىن خىجىل بولغاندەك:

— ھەسرەت چەكمەي نە چارە، تەقسىر؟ — دېدى، — پېقىر گۇناھكار بەندە ئۆز پەرزەنتىم بىلەن ئۇرۇشۇۋاتسام ۋە ھاكىمىيەت تالىشىۋاتسام...

شەيخۇلئىسلام يوغان سەللىسىنىڭ پەتتىسىنى ئارقىسىغا تاشلاپ، ئاستا باش چايقىدى.

— ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىرادىسى، پەرزەنت ئۈچۈن پەرزدۇر. ئۇنىڭ ئىرادىسىگە باش ئەگمىگەن پەرزەنت ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارماق، ئاتا ئۈچۈن ھەم پەرز ھەم قەرزدۇر، ئۇلۇغ شاھىم!

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۆزىمۇ شۇنداق ئويلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، شەيخۇلئىسلام بىۇرھانىددىننىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە سەل - پەل ئارام بەرگەندەك تۇيۇلدى ۋە ئاتىسى شاھرۇھ مىرزىدىن ئاڭلىغان بىر ھېكايە ئىختىيارسىز ھالدا ئېسىگە كەلدى:

بوۋىسى ئەمىر تۆمۈر «پىرىم» دەپ ئىخلاس قىلغان سەئىد بەركەت ھەزرەتلىرى جاھانگىرنىڭ يۈرۈشلىرىدە ھەمىشە بىللە بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەمنەپەس بولار ئىكەن. ئەمىر تۆمۈر يىراق ئورال ساھىللىرىدا توختامىشخان بىلەن جەڭ قىلغاندا، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئالتۇن ئوردا لەشكەرلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپتۇ. شۇنداق شارائىتتا، سەئىد بەركەت ھەزرەتلىرى بىر تۇتام ئۇششاق تاشنى ئېلىپ ئاتقا سەكرەپ مىنىپتۇ - دە، تەكبىر ئوقۇپ ۋارقىرىغىنىچە قولىدىكى تاشلارنى دۈشمەن تەرەپكە ئېتىپ، ياۋ سېپىگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بارلىق لەشكەرلەر «دۈشمەن قاچتى» دېگەن چۇقان - سۈرەن بىلەن ياۋ سېپىگە ئات سېلىپ كىرىپتۇ - دە، دۈشمەننى سۈر - توقاي قىپتۇ.

شەيخۇلئىسلام گويا ئۇنىڭ ئويىنى چۈشەنگەندەك:

— تاج - تەخت قولىڭىزدا بولىدىكەن، چىڭ تۇرۇشىڭىز كېرەك، ئۇلۇغ شاھىم، — دېدى تەمكىنلىك بىلەن، — تاڭ سەھەردە يولغا چىقتۇق، تا ھازىرغىچە كېشتىن چاپارمەن كەلمى-

دى . ئالدى قىسىملارنىڭ ئەھۋالى نېچۇك؟ بىخەۋەرمىز ...

شەيخۇلئىسلام تېخى گېپىنى تۈگەتمەيلا تاشقىرىدا ئات تۇياق-لىرىنىڭ دۈپۈرلىشى بىلەن قاراۋۇللارنىڭ تەھدىتلىك تۋۋلاشلىرى ئاڭلاندى . بىردەمدىن كېيىن كىمدۇر بىرسى چېدىرغا كىرىپلا پەگادا دومىلاپ كەتتى . ئۇنى بىردىنلا تونۇيالماي قالغان ھەزرىتى ئالىيلىرى شەيخۇلئىسلامنىڭ : «ئەمىر جاندار تارخان !؟» دېگىنىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى .

شەيخۇلئىسلامنىڭ دېگىنى توغرا چىقتى . يالاڭۋاش ، بىلىدى-كى شەمشىرى بىر تەرەپكە سۆرۈلۈپ كەتكەن ئەمىر سۇلتان جاندار پەگادا دومىلاپ ياتاتتى .

مىرزا ئۇلۇغبەگنى تىترەك بېسىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە غەلىتە بىر ئاۋاز بىلەن :

— لەشكەر؟ — دەپ ۋارقىرىدى ، — ئالدى قىسىملار قانداق بولدى؟

ئەمىر جاندار قەددىنى رۇسلىغان بولسىمۇ ، لېكىن مىرزا ئۇلۇغبەگكە تىك قاراشقا جۈرئەت قىلالماي ، قىلىچ ئىزى قالغان تاقىر بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە :

— ئۇلۇغ شاھىم ، بىر قوشـۇق قېنىمنى تىلـەيمـەن ، — دېدى ، — ئالدى قىسىملار قاپقانغا چۈشۈپ قالدى .

— سۆزلە !

— ئۇلۇغ شاھىم ! — دېدى ئەمىر جاندار ، — بەختىيار شاھزادە كەم دېگەندە ئون مىڭ ئەسكەرنى پىستىرمىغا قويۇپ ، داۋاندا يوشۇرۇنۇپ ياتقانىكەن ، قوشۇنىمىزنى قاپقانغا چۈشۈرۈپ لەھەڭدەك يۇتۇپ كەتتى ...

— ئەمىر سۇلتانشاھ قېنى؟

— قەسەم ئىچىمەنكى ، ئەمىردىن خەۋىرىم يوق ، ئۇلۇغ شا-ھىم ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ قارا قاما تەلپەك كىيگەن يوغان بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپلا قالدى . تۆپىدىكى

شاملارنىڭ شولىسىدا ئۇ قىيا تاشتەك كۆرۈنەتتى . بېشىدىكى ئۇچ-لۇق ، دۇر قادالغان قاما تەلپىكى ، ياڭاقلىرى بۆرتۈپ چىققان مىستەك قارامتۇل يۈزى ، ئىلمەك بۇرنى ، ھەتتا سەل بۇدۇر ، قويۇق ساقاللىرىمۇ تاشتىن ياسالغاندەك كۆرۈنەتتى .

— كۆتەكتەك ياتماي تۇر ئورنۇڭدىن ، ئەمىر ! — دېدى ئۇ ئەمىر جاندارغا ، — بېشىڭدىكى ئەمىرلىك بەلگەڭ قېنى ؟ بېلىڭدى-كى قىلىچىڭنى رۇسلا ! باركاللا ، سەنلەردەك سەركەردىلەرگە !— مىرزا ئۇلۇغبەگ ھاسىراپ سۆزىنى توختاتتى . ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا بوۋسىنىڭ قېنى ئۇرغۇيتتى ، قەلبىدە بوۋىسىنىڭ ھېسسىياتى دولقۇنلىناتتى ، — توخۇ يۈرەك ئەمىرلەر ! ئەگەر سەنلەر شاھزادى-دىن قورقساڭلار ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم ئېلىشىمەن !

ئەمىر جاندار كەينىچە مېڭىپ چېدىردىن چىقىپ كەتتى . مىرزا ئۇلۇغبەگ شاققىدە بۇرۇلۇپ ئوغلىغا قارىدى . شاھزادە ئابدۇل ئەزىز چىرايى تاتارغان ۋە كۆزلىرى ئەندىشە بىلەن تەلمۈرگەن ھالدا ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ ئىڭەكلىرى غەلىتە تىترەيتتى . مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ :

— ماڭ ! — دېدى ، — لەشكەر بېشىغا ئېيت . بارچە ئەمىر-لەرگە ، ئەمەلدار - سەركەردىلەرگە پەرمان بەرسۇن ، دەرھال چې-دىرغا يىغىلسۇن ! ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى . ئۇ يەنىلا تىترەيتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چاقنىشىدىن ، بۇرنىنىڭ لىپىلدى-شىدىن ئاجايىپ بىر قەتئىيلىك ۋە غەزەپلەنگەنلىكى چىقىپ تۇرات-تى . شەيخۇلئىسلام بۇرھانىدىن ئاستا ئىڭىشىپ ، ئۇنىڭ تىزىغا قولىنى قويدى .

— ھەزرىتى ئالىيلىرى ، نېمە قىلىش قارارىغا كەلدىڭىز ؟

— ئۇرۇش ! — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ كەسكىنلىك بى-لەن .

— ئىنشائاللا ، ئىشىڭىز ئوڭ بولغاي !— دېدى شەيخۇلئىس-لام ، — ئەمما ... پېقىر ئاجىز بەندىنىڭ مەسلىھەتى شۇدۇركىم ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر ـ ئىككى تۈمەن لەشكەرنى ئىشەنچلىك ئەمىرلەرگە تاپشۇرۇپ، قالغان لەشكەرلەر بىلەن سەمەرقەندكە قايتماق لازىم. قەلئە مۇستەھكەم، پۇقرالار سىزگە سادىق، ئۇلۇغ شاھىم...

مىرزا ئۇلۇغبەگ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— كىملەرنى ئىشەنچلىك ئەمىرلەر دېگىلى بولۇر؟

— ئەمىر سۇلتانشاھ بار، ئەمىر جاندار بار، ئۇلۇغ شاھىم...

— يەنچۇ؟

— ئويلاپ كۆرمەك لازىم... بۇ مەسىلە پېقىر ئاجىز بەندىدىن كۆرە سىزگە ئاياندۇر، ئۇلۇغ شاھىم.

مىرزا ئۇلۇغبەگ لام ـ جىم دېمىدى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، چېدىرغا لەشكەر باشلىقلىرى، تۈمەنبېشى ۋە ھەزار سەركەردىلىرى[1]، ساراي مەھرەملىرى بىر ـ بىرلەپ كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار ساراي رەسمىيىتى بويىچە ئۆز مەنسەپلىرىگە قاراپ ئورۇن ئېلىشتى.

بىرىنچى بولۇپ ئوڭ قانات قوشۇن سەركەردىسى ئەمىر ئىدرىس تارخان كىرىپ كەلدى. بۇرۇنقا ئوخشايدىغان قاشلىرى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بۇ تۇكلۇك ئەمىر قاپىقىنىمۇ ئاچمايلا تەزىم قىلدى ـ دە، مەغرۇر قەدەم تاشلاپ شەيخۇلئىسلامنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭ كەينىدىن سېمىزلىكىدىن ھاسىراپ كەتكەن، دوگىلەككىنە ئەمىر ئىسكەندەر بەرلاس كىردى ـ دە، قول قوۋۇشتۇرغىنىچە ئايلىنىپ بېرىپ تۆردىكى قاراڭغۇ بۇلۇڭغا تىقىلدى. ئەمىر ئىسكەندەر بەرلاستىن كېيىن ئەمىر جاندار كىردى. ئۇ بېشىغا ئالتۇن بىلەن پەردازلانغان ۋە ئەمىرلىك بەلگىسى قادالغان پولات دۇبۇلغا، ئۇچىسىغا قىزىل موۋۇت تون كىيىۋالغان، بېلىگە ئالتۇن دەستىلىك قىلىچ ئېسىۋالغان بولۇپ، يۈرۈش ـ تۇرۇشىدا بايىقى تەشۋىش ۋە قورقۇنچ يوقىلىپ، يەنە ئەمىرلەرگە خاس سالاپەت ۋە كىبىر پەيدا بولغان-

---

[1] ھەزار سەركەردىسى — مىڭ كىشىلىك قوشۇن قوماندانى.

دى . ئۇ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئىشارىتى بىلەن شەيخۇلئىسلامنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى .
ھەممە سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇراتتى . مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇيقۇ-سىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرى بىلەن ئەمىر ۋە سەركەردىلەرگە بىرمۇ بىر قاراپ چىقتى . ئەنە ، ئۇنىڭ ئىشەنگەن تاغلىرى ! ھەممى-سىنىڭ ئۈچىسىدا مۇۋۇت تاشلىق سۆسەر ۋە تۈلكە جۇۋا ، قىممەت باھا كىمخاب تون ، باشلىرىدا لەئەل ۋە ئۈنچە بىلەن زىننەتلەنگەن قاما تەلپەك ، ئالتۇن بىلەن پەردازلىغان ئۈچلۇق دۇبۇلغا ، بەللىرى-دە كۈمۈش ۋە ئالتۇن كەمەر ، دەستىلىرى پىل سۆڭىكىدىن ياسى-لىپ ، دۇر ئورنىتىلغان قىلىچ ۋە خەنجەر ... ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغبەگ دەۋرىدە ھەربىي ئەمەلدار ۋە دۆلەت ئەربابلىرىدىن بو-لۇشتى ، يۇكسەك مەرتىۋىگە ئېرىشتى . لېكىن ، بۈگۈن بېشىغا كۈن چۈشكەندە ، ئۇلارنىڭ قايسىبىرىگە ئىشىنىش كېرەك ؟ قايسى-بىرىگە تايىنىش كېرەك ؟ بۇنى ھەزرىتى ئالىيلىرى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى ! ...
نىھايەت ، مىرزا ئۇلۇغبەگ تامىقىنى قىرىپ :
— شەۋكەتلىك زاتى ئالىيلار ! — دېدى ھەربىر سۆزنى سال-ماق بىلەن تەلەپپۇز قىلىپ ، — سىزلەرنى مەسلىھەتكە چاقىرماق-تىن مەقسەت ، بىر شۇم خەۋەرنى يەتكۈزمەكتۇر . ئالدىدا كەتكەن قوشۇنلار داۋانىدا مۆكۈپ ياتقان شاھزادىنىڭ قاپقىنىغا چۈ-شۈپ قاپتۇ ! ... — مىرزا ئۇلۇغبەگ بۇ سۆزلەرنىڭ ئەمىرلەرگە قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ ، ئۇلارغا يەنە بىرمۇ-بىر قاراپ چىقتى ، لېكىن كۆزىنى ھېچكىمنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچ-راشتۇرالمىدى . چۈنكى ، ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ جىم ئولتۇرۇشاتتى ، — بۇ يوقىتىشنىڭ سەۋەبى شۇلكى ، بىز ئىشەنگەن لەشكەر باشلىقلىرى مىسلىسىز رەزىللىك قىلىپ ، شاھزادىگە سېتىلىپ كەتكەن ... بۇ يامان خەۋەرنى يەتكۈزمەكتىن يەنە بىر مۇددىئا شۇلكى ، كىمكى ۋۇجۇدىدا شۈبھە ۋە قورقۇنچ سەزسە ، ئۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرمايلا شاھزادە تەرەپكە ئۆتسۇن ! خۇدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەققى ، بەرگەن ئاش ـ نېنىمغا ، ئىنئام قىلغان ئالىي مەرتىۋەمگە رازىمەن !

ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى . مىرزا ئۇلۇغبەگ كىنايىلىك كۈلۈمسىرەپ :

— ھەممەيلەنگە مەلۇم بولۇپ قالسۇنكى ، — دېدى ، — شاھزادە ئابدۇللىتىپنىڭ لەشكىرى قىرىق مىڭدىن ئاشىدۇ …

ئەمىر جاندارنىڭ غەلىتە پۇشۇلداپ نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن مىرزا ئۇلۇغبەگ شاققىدە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى .

— ئەمىر جاندار ، سىز قانداق مەسلىھەت بېرىسىزكىن ؟

ئەمىر جاندار يوغان گەۋدىسىگە ماسلاشمايدىغان ئاجايىپ بىر چاققانلىق بىلەن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ باش ئەگدى :

— ئۇلۇغ شاھىم نېمىنى لازىم كۆرسە ، بىز شۇنىڭغا بويسۇنىمىز .

— ئەمىر ئىسكەندەر بەرلاس ! ؟

ئەمىر ئىسكەندەر قىسقا قوللىرىنى دومباق قورسىقى ئۈستىگە قويۇپ بىلجىرلاپ كەتتى :

— ئەمىر جاندار ھەق گەپنى قىلدى ، ھۆكمىڭىزگە بويسۇنىمىز ، ئۇلۇغ شاھىم !

— ھۆكمىڭىزگە بويسۇنىمىز ! ؟ … ئۆز كاللاڭلار قەيەردە ؟

— كاللىمىز سىزنىڭ قولىڭىزدىدۇر ، ئۇلۇغ شاھىم …

— ھەئە ، كاللاڭلار مېنىڭ قولۇمدا ، ئەمما ئىختىيارىڭلار كىمنىڭ ئىلكىدە ؟ ئەپسۇسكى ، بۇنىڭدىن بىخەۋەرمەن ! — مىرزا ئۇلۇغبەگ يەر ئاستىدىن بىر ئەمىر ئىدرىس تارخانغا ، بىر شەيخۇلئىسلامغا قاراپ قويدى ۋە قاپىقىنى تۈرگىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — خاھىشىم شۇلكى ، ھەقتائالادىن مەدەت تىلەپ ، جەڭ قىلىمىز ! باشقا قانداق مەسلىھەت بار ؟

ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى . شەيخۇلئىسلام ئورنىدىن بىر قوزغىلىپ قويدىيۇ ، ئۈندىمىدى .

مىرزا ئۇلۇغبەگ شىددەت بىلەن قول شىلتىپ :

— چەناقى تامان ، — دېدى ، — قوشۇنلار هازىرلىنىپ تۇر-سۇن . سىزلەرگە رۇخسەت ، زاتى شەرىپلەر ...

ئەمىرلەر خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ، «گۇر» قىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە قوتاندىن چىقىرىلغان قويلاردەك بىر - بىرىنى قىستىشىپ سىرتقا چىقىشتى . بىردەمدىن كېيىن چېدىردا پەقەت شەيخۇلئىسلام بىلەن شاهزادە ئابدۇل ئەزىز قالدى .

مىرزا ئۇلۇغبەگ چېدىرنى بىر ئايلىنىپ ، يەنە ئۆز ئورنىغا باردى . ئۇ تېخى ئولتۇرمايلا ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى-نى ئىشىتىپ ، كۆرپە ئۈستىدە توختىدى .

چېدىرغا بابا هۇسەيىن باهادىر كىرىپ كەلدى - دە ، پەگادا تىزلىنىپ ، سەجدىگە باش قويدى . ئۇ تىزلانغاندا چەۋەندازلىق كى-يىمىنىڭ هالقىلىرى ۋە ئېتىكىگە تەگكەن قىلىچى شاراقلاپ كەت-تى . ئۇنىڭ بېشىدىكى دۇبۇلغىسى بىر تەرەپكە قىيسايغانىدى . سوزۇنچاق ، قاپقارا بۇرۇت - ساقال باسقان ، كۆپچىگەن يۈزى قارا تەرگە چۆمۈلگەن بولۇپ ، ئۆزى هاسىراپ چوڭ - چوڭ نەپەس ئالاتتى .

مىرزا ئۇلۇغبەگ بىر چامداپلا سۆيۈملۈك نۆكىرىنىڭ قېشىغا كەلدى .

— خوش ؟ سۆزلە !

— قۇدرەتلىك شاهىم ... ئالدى قىسىملارنى شاهزادىنىڭ دامىغا چۈشۈرگەن ئەمىر سۇلتانشاھ تارخاننى ئىككى ئوغلى بىلەن قولغا چۈشۈردۇق ...

— قېنى ؟

— يولدا كېلىۋاتىدۇ . قاچماقچى بولۇۋاتقاندا تۇتۇۋالدۇق . ئەمىر قاتتىق يارىلانغان ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ ، «مانا ، ئىپلاسلارنىڭ ئاقىۋىتى» دېگەندەك قىلىپ ئوغلىغا قارىدى . سۇلتانشاھ تارخان ئەمىر ئىبراهىمبەگ-نىڭ قېيناغىسى ، شاهزادە قەتل قىلغان بەگنىڭ تاغىسى ئىدى...

شاهزادە ئابدۇل ئەزىز ئاتىسىنىڭ غەزەپلىك قاراشلىرىدىن

تېپىرلاپ گەپ تاپالماي قالدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇھ تارتىپ، سۆيۈملۈك نۆكىرىنىڭ هار-غىن چىرايىغا تىكىلدى.

— خوپ، ئەمىرنى قولغا چۈشۈرۈپسەن، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازا-سى بېرىمىز. لېكىن، بۇنىڭ نېمە پايدىسى!؟ زور قوشۇن بەربىر قاپقانغا چۈشتى ... ئەمدى نېمە قىلماق كېرەك؟ دەپ باقچۇ، بابا هۇسەيىن!

بابا هۇسەيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، مىرزا ئۇلۇغبەگكە تىك قارىدى.

— پايتەختكە قايتماق لازىم، ئۇلۇغ شاھىم، — دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن، — شاھزادە قابىلىيەتلىك لەشكەر بېشىدۇر. ئۇ هازىر ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىۋاتىدۇ. ئىش مۇشۇ تەرىقىدە بولىۋەرسە، ھەممىمىزنى دامىغا چۈشۈرىدۇ، ئۇلۇغ شاھىم.

— پايتەختكە قايتساق دامىغا چۈشمەسمىزمۇ؟

— پايتەخت مۇستەھكەم، — دېدى بابا هۇسەيىن، — زۆرۈر تېپىلسا، قەلئە يېنىدا جەڭ قىلىمىز. ئاللانىڭ پاناھىدا غەلىبە قىلساق، تېخىمۇ ياخشى، مەغلۇپ بولساق، قەلئەگە كىرىۋېلىپ، دەرۋازىلارنى ئېتىۋالىمىز، ئۇلۇغ شاھىم ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ شەيخۇلئىسلامغا يەر ئاستىدىن قاراپ قوي-دى. شەيخۇلئىسلام هۇسەيىن باھادىرنىڭ سۆزلىرىنى ماقۇللىغان-دەك باش لىڭشىتتى. شاھزادە ئابدۇل ئەزىز بولسا ئەنگەكلىرى تىترىگەن هالدا:

— بولىدىغان مەسلىھەت، — دېدى دۇدۇقلاپ.

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كاللىسىدا: «ئۇ ئاكىسىدىن قورقىدۇ» دېگەن خىيال كەچتى. ئۇنىڭ قەلبىدە يەنىلا بىر - بىرىگە زىت تۇيغۇلار لاۋۇلدايتتى. لېكىن بۇ تۇيغۇلار ئۆچۈشكە باشلىغان ئوتقا ئوخشاش هارارىتى تۆۋەنلىگەنىدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ نۆكىرىگە قارىمايلا قول شىلتىپ:

— خوپ ... قوشۇنلارغا بۇيرۇق بەر، باھادىر، ئارقىمىزغا

قايتىمىز ! — دېدى .

بابا ھۇسەيىن بېشىدىكى دۇبۇلغىسىنى رۇسلاپ ، قولىنى كۆكسىگە ئالغىنىچە چېدىردىن چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ كەينىدىن شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىنمۇ قوزغالدى . شاھزادە بولسا يۈزىنى تۆۋەن قىلىپ يېتىۋالدى ، بۇنى كۆرگەن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ يۈرىكى ئۆرتىنىپ تالاغا چىقتى .

شەرق تەرەپ سەل - پەل ئاقىرىشقا باشلىغان بولسىمۇ ، ئاسمان يەنىلا غۇژمەك - غۇژمەك يۇلتۇزلار بىلەن تولغانىدى . كېچىسى سەھرادا لاۋۇلداپ يانغان گۇلخانلار ئۆچۈپ ، لەشكەرلەر قاراڭغۇدا غايىب بولغانىدى ، پەقەت ئۇ يەر - بۇ يەردىكى چېدىرلار غىل - پال كۆرۈنەتتى . چۆلدە ، خۇسۇسەن ، كۈنچىقىش تەرەپتە ئوتلاپ يۈرگەن ئاتلار ، تۆگىلەر ۋە قېچىرلار كۆزگە چېلىقاتتى . قاراڭغۇدا كىشەنلەرنىڭ شاراقلىشى ، جېسەكچىلەرنىڭ جاڭ ئۇرۇشلىرى ، ئۇزاپ كېتىۋاتقان ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرى ئاڭلىناتتى...

مىرزا ئۇلۇغبەگ قولىنى قوۋۇشتۇرغىنىچە ئاسمانغا تىكىلىپ ئۇزاق تۇردى .

ئېھ ، يۇلتۇزلار ... يۇلتۇزلار ! ... مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇلارغا ئەللىك يىل شەيدا بولدى . نۇرغۇنلىغان كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ ، ھەربىر سەييارە ، ھەربىر يۇلتۇزنىڭ بۇرچىنى ، يەنى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدىكى چەمبەر يولىنى كۆزەتتى . ھەيھات ! قىرىق يىللىق ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ ، يۇلتۇزلار سىرىنى ، كائىنات سىرىنى بىلدىيۇ ، زېمىن سىرىغا ، ئىنسانلار ھاياتىغا كەلگەندە غەپلەتتە قالدى . ئۇ كائىنات سىرلىرىنى بىلسەم ، زېمىن ۋە ھاياتنىڭ سىرلىرىنىمۇ بىلەرمەن دەپ ئويلىغانىدى . بىراق ، ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى ! ئۇ كائىنات سىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەل - پەل ئاچقان بولسىمۇ ، ئىنسانىيەتنىڭ ، ھەتتا ئۆز پۇشتىدىن بولغان پەرزەنتىنىڭ نىيىتى قانداق ؟ مەقسىتى نېمە ؟ بۇنى بىلەلمىدى ...

ئەنە ، ئۇپۇقتا ، ئاسمان ئاقىرىشقا باشلىغان يەردە ئۇ ياخشى كۆرىدىغان زۆھرە يۇلتۇزى پارلاپ تۇرۇپتۇ ! ئۇنىڭدىن يۇقىرىراق-تا ، سەل نېرىدا مۇشتىرى سولغۇن يالتىرىماقتا . مۇنەججىملەر ئۇنىڭ بوۋىسى ئەمىر تۆمۈر بۇ ئىككى يۇلتۇز بىر - بىرىگە يېقىن كەلگەن يىلى تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ، بېشىغا بەخت قۇشى قونغان دېيىشىدۇ . مانا ، بۇ ئىككى يۇلتۇز يەنە بىر - بىرىگە يېقىن كەلدى . بىراق ، قېنى شۇ مۇنەججىملەر دېگەن بەخت قۇشى ؟ يا ئۇ شاھزادىنىڭ بېشىغا قونارمۇ ؟ ...

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ خىيالىنى ناغرا - كانايلارنىڭ نەرە - سۈرەنلىرى بۆلىۋەتتى . يورۇشقا باشلىغان دەشتى - چۆلدە ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەن ئادەملەر كۆرۈندى . قارارگاھ خۇددى ھەرە ئۇۋىسى چۇۋۇۋېتىلگەندەك پاتىپاراق بولۇپ كەتتى .

مىرزا ئۇلۇغبەگ تاھارەت ئېلىۋېلىپ چېدىرغا قايتىپ كىر-دى .

سەل ئۆتكەندىن كېيىن ، ھازىرلانغان قوشۇن ئارقىسىغا — پايتەخت سەمەرقەندكە قاراپ يول ئالدى .

## 8

شەيخ نىزامىددىن خاموش قەلەندەر قەرناقىنى ناماز بامدات بىلەن كېلىشكە چاقىرتقانىدى . ھازىر كۈن پېتىپ ، ناماز ئەسىرگە ئەزان ئېيتىلدى . لېكىن ، شەيخ ئۇنى تېخىچىلا ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلمىدى .

شەيخنىڭ ئىچكىرى - تاشقىرى ھويلىسى «مازارى شەرىف» كە يېقىن بولۇپ ، ئىچكىرىكى ھويلىسىدىكى ئۆي - ئىمارەتلىرى مەسچىتكە يانداش ئىدى . لېكىن ، شەيخ ھەزرەتلىرى بۈگۈن مەس-چىتكىمۇ چىقمىدى ، كۈن بويى ھۇزۇرىدىن ئادەم ئۈزۈلمىدى . چاپارمەنلەر ئۈستى - ئۈستىلەپ كېلىپ ، دىن ئەربابلىرى ، دۆلەت ئەركانلىرى ، كاتتا ئەمەلدار - تۆرىلەر ۋە ئەمىرلەرنىڭ ئايغى

ئۆزۈلمەي قەدەم تەشرىپ قىلىشتى. قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازا بىردەممۇ يېپىلمىدى.

قەلەندەر قەرناقى تاشقىرىقى هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، چۆرىسى مەرمەردىن ياسالغان چوڭ كۆلچەكنىڭ بويىدىكى كاتتا سۇپىدا ئولتۇرۇپ، كەلگەن ـ كەتكەنلەرنى كۆزەتتى. نەچچە كۈندىن بېرى سەمەرقەندنى يالاپ ـ يامىداپ چىقىۋاتقان ئىزغىرىن شامال كۈندۈزى سەل پەسەيسىمۇ، كەچ كىرىشى بىلەن يەنە كۈچىيىپ، كۆلچەك ئەتراپىدىكى چىنار ۋە ئاق تېرەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ئۇچۇرتاتتى. شامالدا شاخلىرىدىن ئۈزۈلگەن يوپۇرماقلار كۆلچەكتىكى تىنىق سۇ يۈزىگە، كۆلچەك ئەتراپىدىكى گۈللۈككە ۋە يەرگە گىلەمدەك يېيىلىپ كېتەتتى. باشلىرىغا ئۇچلۇق، چەمبەرسىمان قالپاق كىيگەن ياش مۇرىتلار تۆكۈلگەن يوپۇرماقلارنى تىنماي سۈپۈرۈپ تاشلايتتى ۋە مېهمانلار ئۆتىدىغان يوللارنى يالىسا تىلغا توپا يۇقمىغۇدەك قىلىپ تازىلىۋېتەتتى.

چۈشكىچە كەلگەن مېهمانلارنىڭ كۆپىنچىسى تونلىرىنىڭ ئىچىگە ساۋۇت كىيگەن، بەللىرىگە قىلىچ ۋە خەنجەر ئاسقان، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدىن مەغرۇرلۇقى چىقىپ تۇرىدىغان سۇۋارىلار، بەگ ۋە بەگزادىلەر ئىدى. چۈشتىن كېيىن، ئۇچىسىغا زەرباپ تون، باشلىرىغا سۆسەر تۇماق ۋە قارا قاما تەلپەك كىيىشكەن بىر توپ ئېسىلزادىلەر هەمراهلىقىدا پايتەخت دورغىسى مىرانشاھ كىرىپ كەلدى. مىرانشاھ ئاتمىشلاردىن ئاشقان، بەستلىك ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ يۇپيۇمىلاق قىزىل يۈزى ۋە ئالاق ـ جالاق بولۇپ تۇرغان كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىرخىل تەشۋىش ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. مىرانشاهتىن كېيىن جۇۋىلىرىنىڭ تېشىدىن ئاق شايى تون كىيگەن، باشلىرىغا ئاپئاق يىپەك سەللە ئورىۋالغان بىر توپ ئۆلىما مەغرۇرانە قىياپەتتە، گويا ئاق غازلاردەك گىدىيىپ مېڭىپ كىرىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەمەرقەند قازىسى خوجا مىسكىنمۇ بار ئىدى. كۆزلىرى ئۆتكۈر، چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان قازى ئالدىغا چىققان مۇرىتلارنىڭ سالاملىرىنىمۇ ئىلىك

ئالماي ، ھاسسىنى توكۇلدىتىپ ئىچكىرىدىكى ھويلىغا كىرىپ كەتتى .

قەلەندەر قەرناقى يەنىلا كۆلچەك بويىدا ساقلاپ قالدى . يا ئۇنى چاقىرتقانلىقى شەيخ ھەزرەتلىرىنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنمىدۇ ؟

قەلەندەر قەرناقى شەيخ بىلەن ئاشۇ يىلى ئەتىيازدا ، يەنى خۇرشىدە بانۇدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ، شاھىزىندە خانىقاسىدىكى دەرۋىشلەرگە قوشۇلغان چاغلىرىدا ئۇچراشقانىدى ... قەلەندەر قەرناقى دەرۋىشلىك كىيىمىنى كىيگىنىگە پۇشايمان قىلىپ يۈرگەن كۈنلەر ئىدى .

قەلەندەر قەرناقى مەدرىسىدە تەلىم ئېلىپ يۈرگەن چاغلىرىدا ، پانىي دۇنيانىڭ لەززىتىدىن ۋاز كېچىپ پەقەت ئۇ دۇنيانىلا ئويلايدىغان ، كىيىملىرى جۇل - جۇل بۇ دەرۋىشلەرگە ھەۋەس قىلغانىدى . بىر بۇردا قاتتىق نان ، بىر پىيالە سوغۇق سۇغا قانائەتلىنىپ ، كوچىمۇ كوچا ھەمدۇسانا ئوقۇپ يۈرىدىغان بۇ گادايلار ئۇنىڭ كۆزىگە پەرىشتىدەك كۆرۈنگەنىدى . كېيىن بىلگۈدەك بولسا ، كۈندۈزى باشلىرىغا كۇلاھ ، ئۇچىسىغا جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن جەندە كىيىپ ، كوچىمۇكوچا «ھۇ - ھۇ» قىلىپ ۋە بازار - رەستىلەردە ئىشىكمۇ ئىشىك دوقۇرۇپ يۈرىدىغان بۇ گادايلار ، ناماز شام بىلەن خانىقاغا قايتىپ كېلىپلا تامامەن باشقىچە ئىش كۆرىدىكەن . تار خانىقادا نەشە پۇراقلىرى بۇرۇقسىپ ، قارا چۆگۈنلەر پاراقلاپ قايناپ كېتىدىكەن . بەزىلەر كۆكنار يانچىسا ، بەزىلەر جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن بەلۋاغلىرىنى يېشىپ قارا دورىلىرىنى چىقىرىشىدىكەن ، ئاندىن غەيۋەت - شىكايەت ، كەيپ - ساپا ، گاھىدا ئۇرۇش - ماجىرا باشلىنىپ كېتىدىكەن ... بۇ قىلمىشلارغا ھەيران بولغان قەلەندەر قەرناقى بۇ يەردىن قېچىپ كەتمەكچىمۇ بولدى . بىراق ، كېيىنچە : «بۇمۇ ئاللانىڭ بىر سىنىقىدۇر» دېگەن ئويغا كېلىپ سەۋر قىلدى ۋە خانىقانىڭ ئەڭ خىلۋەت يېرىگە كىرىۋېلىپ تەرىقەت بىلەن مەشغۇل بولدى .

شەيخ بىلەن ئۇچرىشىدىغان كۈنمۇ ، قەلەندەر خانىقانىڭ ئەڭ چېتىدىكى تورۇسى پەس ، قاراڭغۇ بىر يېرىدە جىمجىت ئولتۇرۇپ تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى . توساتتىن ۋاراڭ - چۇرۇڭلار بېسىقىپ ، خانىقا بىردىنلا جىمىپ كەتتى . قەلەندەر قەرناقى بۇنى سەزگەن بولسىمۇ ، كۆزىنى يۇمغان پېتى ئاستا تەۋرىنىپ زىكىر قىلىۋەر- دى . دەل شۇ پەيتتە كىمدۇر بىرسى ئۇنى قاتتىق نوقۇدى .

— بۇ قانداق گالۋاڭلىق ؟ نېمىدېگەن ئەدەپسىزلىك ؟ !

قەلەندەر ئاستا بېشىنى كۆتۈردى . خانىقانىڭ ئىشىكىدە بېشى- دىن ئايىغىغىچە ئاق كىيىم كىيگەن بىر توپ مۇرىت ئارىسىدا ئاپئاق ساقىلى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرغان ، ئېگىز بويلۇق ، ناھايى- تى كېلىشكەن بىر بوۋاي ئۇنىڭغا ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى . ئۇنى نوقۇغان قەلەندەرلەر باشلىقى — «بۆرە» لەقەملىك ئالغاي دەرۋىش كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ ۋارقىرىدى :

— ئەدەپسىز بەڭۋاش ! تۇر ، ئورنۇڭدىن ! نېمەتلىك پىرىمىز شەيخ نىزامىددىن خامۇش ھەزرەتلىرى غېرىب خانىقايىمىزغا مۇبا- رەك قەدەملىرىنى باستى ...

قەلەندەر قەرناقى ئورنىدىن تۇرماقچى بولىۋېدى ، بېشى تو- رۇسقا تېگىپ ئېگىلىشىپ قالدى . شەيخ ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي ، نام - نەسەبىنى سورىدى .

— ئىلاھ دەرگاھىنىڭ گادىيىمەن ، — دېدى قەلەندەر ئىسمى- نى ئېيتقۇسى كەلمەي .

شەيخ قەلەندەرنىڭ كۆچ - قۇۋۋەتكە تولغان قاۋۇل گەۋدىسىگە يەنە بىر قېتىم باشتىن - ئاياغ سەپسالدى - دە ، ئۇندىمەي خانىقا- دىن چىقىپ كەتتى . ئەتىسى شەيخ ئۇنى «باغدات قىشلىقى»نىڭ يېنىدىكى يازلىق قارارگاھىغا چاقىرتىپ ، بۇلاق بويىدىكى ياش سېدىلەرنىڭ سايىسىدە ، كۆل رەڭ گىلەملەر سېلىنغان يوغان سۇ- پىدا ئولتۇرۇپ ، قەلەندەر بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتى . پايتەختكە قاچان ، قانداق ئارزۇ - تىلەك بىلەن كەلگەنلىكىنى ، نەسىل - نەسەبى ، ئەۋلاد - ئەجدادلىرىنى بىرمۇ بىر سۈرۈشتۈردى . ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پانىي دۇنيانى تەرك ئېتىپ، گادايلىق يولىنى تالللىۋالغانلىقىنى ماقۇل كۆردى ۋە خىلمۇ خىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن مېهمان قىلىپ كۆڭلىنى ئالدى. كېيىن، شاھزادە خانىقاسىدىن «مارازى شەرىف» يېنىدىكى دەرۋىشلەر خانىقاسىغا كېلىۋېلىشىنى ۋە ئەتراپقا كۆز - قۇلاق بولۇپ قويۇشنى تاپشۇردى. چۈنكى، شاھ دەھرىي بولغانلىقتىن، پايتەختتە ديانەتسىز ۋە ئىنساپسىز كىشىلەر كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇردى. بۇنىڭدىن بىر - ئىككى ئاي ئىلگىرى شەيخ ئۇنى يەنە چاقىرتتى. بۇ قېتىم «مازارى شەرىف» خانىقاسىدىن گور ئەمىر يېنىدىكى قەلەندەرخانىغا كۆچۈپ بېرىپ، كۆكسارايدىكى ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشنى تاپشۇردى.

شەيخنىڭ بۇ تاپشۇرۇقلىرى قەلەندەرنى تۇرۇپ ھەيران قىلسا، تۇرۇپ تەشۋىشكە سالاتتى. ئەپسۇس! ئۇ زاھىتلىقتا يۈز تۇتۇپ، گادايلىق يولىغا ماڭغاندا، بۇ دۇنيا ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ، كېچە - كۈندۈز تەرىقەت بىلەن بەند بولارمەن دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، شەيخ ئۇنىڭغا، تەرىقەتنى تاشلاپ پايلاقچىلىق قىل، دەھرىي شاھنىڭ پېيىگە چۈش، دېدى. قەلەندەر گەرچە مەدرىسىنى تەرك ئەتكەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرىگە ھېچقانداق يامانلىق ساقلىمىغانىدى. ئەكسىچە، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ھامان دولقۇنلاپ تۇراتتى، شۇڭا پايلاقچىلىق قىل دېگەن تەلەپنىڭ ئۆزىلا قەلەندەرنى يىرگەندۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ كۆڭلىدە كەچكەنلەرنى شەيخقە بىلدۈرمەي، گور ئەمىر يېنىدىكى خانىقاغا كۆچۈپ باردى. بىراق، شەيخنىڭ دېگەنلىرى بويىچە ئۇ كېچىلىرى زىكىر قىلىپ، كۆكساراي ئەتراپىدا شۈمشىيىپ يۈرمىدى ... مانا ئەمدى، كۆلچەك بويىدىكى يوغان سۇپىدا كەلگەن - كەتكەنلەرنى كۆرۈپ ئولتۇرغان قەلەندەر قەرىنى، شەيخنىڭ ئۇنى نېمە مەقسەتتە چاقىرتقانلىقىنى پەرەز قىلدى، شەيخ بەلكى ئۇنىڭدىن نارازى بولغاندۇ ياكى بولمىسا، بۇ ئىككى ئايدىن بېرى نېمە ئىشلار قىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرمەكچى بولغاندۇ. سورىسا نېمە دېيىش كېرەك؟ قانداق جاۋاب بەرمەك كېرەك؟

ئاخىر ئېچكىرىدىكى ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ، بېشىدىن ئايىغىغىچە ئاق كىيىم كىيگەن ئۆلىمالار ئارىسىدا پايتەخت قازىسى خوجا مىسكىن جانابلىرى كۆرۈندى. لېكىن، قازى جانابلىرىنى ئۇزىتىپ چىققان مۇرىتلار دەرۋازىنى تاقاپ بولغۇچە، دەرۋازا يەنە تاقىلداپ قالدى.

قەلەندەر قەرناقى قىزىقسىنىپ دەرۋازا تەرەپكە قارىدى ـ دە، يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كەتتى. چۈنكى، دەرۋازىدىن خوجا سالاھىدىن زەرگەر كىرىپ كېلىۋاتاتتى...

ئۇچىسىغا كىمخاب تاشلىق ئاغمىخان تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا، بېشىغا ئۇچىغا دۇر قادالغان قاما تەلپەك كىيىۋالغان زەرگەر ئۆزى ۋىجىككىنە بولسىمۇ، قەددىنى تىك تۇتۇپ، پىل چىشىدىن ياسالغان ھاسىسى بىلەن يەرنى «توك ـ توك» ئۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ قەلەندەرنى كۆرمىدى، ھەتتا قەرناقى ئولتۇرغان تەرەپكە قاراپمۇ قويمىدى. قارىغان تەقدىردىمۇ، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، ئۇستىگە جەندە، بېشىغا كۇلاھ كىيگەن بۇ نامرات دەرۋىشنى تونۇيالايتتىمۇ؟

قەرناقىنىڭ ئېسىگە مەۋلانە ئەلى قۇشچىنىڭ ئەلچىلىككە بارغانلىقى ۋە بۇ تەكەببۇر بوۋاينىڭ قىلغان گەپلىرى كەلدى: «بۇ مۇساپىر شائىر مەدرىسىدە ئوقۇيمەن دەپ ئەقلىدىن ئادىشىپتۇ... بۇ گاداي سالاھىددىن زەرگەرنىڭ نەۋرىسىگە ئۆيلىنىمەن دېگۈچە، ئاۋۋال قورسىقىنى تويغۇزسۇن! ...»

قەرناقى بۇ گەپلەرنى مەۋلانە ئەلى قۇشچىدىن ئەمەس، باشقا ئادەملەردىن ئاڭلىغانىدى. ئەلچىلىكتىن قايتىپ كەلگەن ئۇستاز بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە، ھەرخىل ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنى بەزلەشكە تىرىشتى. لېكىن، ئۇستازنىڭ مەيۈس چىرايىدىن شۇنداق بىر تەشۋىش چىقىپ تۇراتتىكى، قەرناقى گەپ ـ سۆزسىزلا ھەممىنى چۈشەندى. مەۋلانە مۇھىددىنچۇ؟ ئۇ بولسا، بىرنەچچە كۈنگىچە شاگىرتىنىڭ يۈزىگە قارىيالماي، ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. لېكىن، بۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى

بولسۇن؟ قەلەندەرنى بۇنچىلىك يەرگە قارىتىپ، خار قىلىدىغان ئادەم باشتا ئۇنى نېمىشقا شاگىرتلىققا ئالىدۇ؟ نېمىشقا خار قىلىدىغان قىزلار ئۇچۇن دەرسخانا ئېچىپ، خۇرشىدە بانۇنىڭ ئوقۇشىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ؟

ئېھ، ئاشۇ كۈنلەر! مەۋلانە مۇھەممەددىننىڭ كىتابقا لىق تولغان تىپتىنچ ئۆيىدە ئۆتكەن بەختلىك مىنۇتلار! ... خۇرشىدە بانۇ يۈزىنى ھەمىشە زەر تالالىرى چېچىلىپ تۇرىدىغان نېپىز يىپەك ياغلىق بىلەن يېپىپ، بىجىرىم ھەم نازۇك ئاياغلىرى بىلەن يېنىك قەدەم باسقىنىچە دەرسخانىغا ئاستا كىرىپ كېلەتتى. بانۇ دەرسخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تارتىلغان نېپىز پەردىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئولتۇراتتى. ئۇ دەسلەپتە ناھايىتى ئەيمىنىپ، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە دىققەت بىلەن دەرس ئاڭلايتتى، لېكىن ئوقۇش داۋامىدا ئېچىلىپ - يېيىلىپ كېتەتتى. ئۇ يۈزىنى توسۇپ تۇرغان يىپەك رومىلىنى قايرىپ قويۇپ، ھايا ۋە ھاياجاندىن ۋال - ۋۇل يېنىپ تۇرغان ۋە مۇلايىملىقى جىلۋىلىنىپ تۇرغان جامالى، چاقناپ تۇرغان ئاھۇ كۆزلىرى، ياشلىققا خاس لاتاپىتى، ئىپپەت - نومۇسى ۋە خىيالىي گۈزەللىكى بىلەن نامايان بولاتتى... قەلەندەر قەرناقى ئۆزىنىڭ دەسلەپكى شېئىرىنى ئاشۇ دەرسخانىدا يازغان ۋە بىرىنچى قېتىم خۇرشىدە بانۇغا ئوقۇپ بەرگەنىدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇنى شائىر قىلغانمۇ ئاشۇ دىلبەر، ئاشۇ ئەقىللىق قىز ئىدى ... ھەئە، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىپ كۆرمىگەن، ئۇن گۈلىنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغان بۇ نازۇك قىز، يېشى قىرىققا بېرىپ قالغان، تارتمىغان جاپاسى، كۆرمىگەن كۈنى قالمىغان قەلەندەرنىمۇ داناراق ئىدى. قەلەندەر قەرناقى قىزغا ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ، ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتقان ئاخشىمى، ئۇنىڭدىن كىچىك بىر پارچە مەكتۇپ تاپشۇرۇۋالدى. قىز ئۇنىڭ بىلەن خىلۋەت بىر جايدا ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلغانىدى.

ئۇلار مەۋلانە مۇھەممەددىننىڭ بېغىدا، ئازگال بويىدىكى قېرى

ياڭاق دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئۇچراشتى .
ئۇرگۈت تاغلىرىدىن غۇر ـ غۇر شامال ئۇرۇپ تۇرغان ئىللىق باھار كۈنى ئاخشىمى ئىدى ...
پۈتىغا قونچى گۈللۈك قىزىل خۇرۇم ئۆتۈك ، ئۈستىگە ئاچ قىزىل شايى كۆڭلەك ، سىرتىدىن بېلى تار جىلىتكە كىيىپ ، بېشىغا ئاق تىۋىت ياغلىق سالغان خۇرشىدە بانۇ تۇگۈنچەك كۆتۈر-گەن ھالدا ياڭاق تۈۋىگە دېگەن ۋاقىتدا يېتىپ كەلدى . بانۇنىڭ كېلىشىگە تېخىچە ئىشەنمەي ، تىترەپ تۇرغان قەرناقى ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ گاڭگىراپلا قالدى . بانۇ بولسا ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ، دەرھال قېچىشنى ، سەمەرقەندنى تاشلاپ باشقا جايغا كېتىشنى ئىلتىماس قىلدى . بىراق ، قەلەندەر ... (ئېھ ، ساددا ، ھەقتائالا دۇۋدەك بوي بېرىپ ، ئەقىل بەرمىگەن سەھرالىق ئەخ-مەق ! ) قەلەندەر بولسا ، ئۇستازىنى ئويلىدى . ئۇستازىنى رەنجى-تىش ئاتا ـ ئانىسىنى رەنجىتكەنلىك بىلەن باراۋەر دېگەن گەپلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ۋە بانۇغا : «ئاۋۋال ئەلچى كىرگۈزەي ، ئەگەر رەت قىلسا ، ئاندىن قاچايلى» دېگەن گەپلەرنى قىلدى . بانۇ ئۇنىڭ گەپلىرىنى جىم تۇرۇپ ئاڭلىدىيۇ ، توساتتىن ھويلا تەرەپكە قاراپ ماڭدى . لېكىن ، ئۈچ ـ تۆت قەدەم مېڭىپلا ، نېمىگىدۇر پۇتلى-شىپ يىقىلىپ چۈشتى . تۇرغان يېرىدە قوزۇقتەك قېتىپلا قالغان قەلەندەر ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ بانۇغا قاراپ يۈگۈردى . بانۇ ئاستا ئىڭرىغىنىچە دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدا تېپىرلاپ ياتاتتى . ئۇنىڭ رومىلى چۈشۈپ ، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەنىدى . قەلەندەر ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ تىزلىنىپ ، بېلىدىن تۇتۇپ كۆتۈرمەكچى بولدى . بانۇ : «قويۇۋېتىڭ» دېدى ـ دە ، ئۆپكىسى تىقىلىپ يىغلىۋەتتى .
— بانۇ !
— تۇتماڭ !— بانۇ قولىنى تارتىۋېلىپ ، بوينىدىكى زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى شاراقلاتقىنىچە ھويلا تەرەپكە ئاقسىغان پېتى يۈگۈر-دى . سەل ئۆتكەندىن كېيىن ، باغنىڭ ئىشىكى تاراقلاپ يېپىلدى .
قەلەندەر ئۈمىد ئۈزەلمەي ئىشىك ئالدىغا باردى ، ئىچكىرىدىن

www.uyghurkitap.com

بانۇنىڭ يىغىسى ئاڭلاندى . ئۇنىڭ يىغىسى خۇددى ھاقارەتلەنگەن قىزچاقنىڭ يىغىسىدەك مۇڭلۇق ئىدى . قەلەندەر تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى ئىشىكنىڭ يوچۇقىغا تەگكۈزۈپ ئاستا چاقىردى :

— بانۇ ، ئەزىزىم ! ...

جاۋاب ئورنىغا ئىشىك ھالقىلىرىنىڭ شاراق ـ شۇرۇق قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

قەلەندەر مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ كېلىۋېتىپ ، بايا بانۇ يىقىلغان يەردىكى شاخ ـ شۇمبىلار ئارىسىدا يالتىراپ تۇرغان بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدى . ئېڭىشىپ قارىغۇدەك بولسا ، ئالىقانچىلىك بىر دەپتەر ئىكەن .

قىزىل دۇخاۋىغا ئورالغان بۇ دەپتەرنىڭ مۇقاۋىسىغا (قەلەندەر بۇنى كېيىن مەدرىسىگە قايتقۇچە كۆردى ) مۇنۇ مىسرالار ھەل بىلەن يېزىلغانىدى :

*«نىگارىم يولىدۇر ، كەلگەيمۇ دەپ ، زىنھار بىلمەيسەن ،*
*كۆڭۈل ئاھىن ، بىلۇرمۇ دەپ ، كۇتەرمەن ، يار بىلمەيسەن .*
*تىپىپ يالغۇز ، دىلىم رازىن بايان ئەتمەككە ئاجىزمەن ،*
*ئۆزۈن تۈنلەر خىيالىڭدا ئۆتەر بىدار[1] ، بىلمەيسەن ! »*

قەلەندەر نىگارىدىن ئايرىلىپ ، قويىنىدىكى ئالىقانچىلىك دەپتەر بىلەنلا قالدى . لېكىن ، بۇنىڭغا نېمە ئامال بولسۇن ، ئەيىب ئۆزىدە ... ئاۋۋال ئەلچى ئەۋەتىپ ، ئەگەر رەت قىلىنسا ئاندىن قاچماقچىمىش تېخى ... ئەلچى قايتۇرۇلغاندىن كېيىن ، سالاھىددىن زەرگەرنىڭ ئىشىكى قەلەندەر ئۈچۈن دائىم يېپىق تۇردى . خۇرشىدە بانۇ تۇگۇل ئۇنىڭ باسقان ئىزلىرىنىمۇ كۆرەلمىدى ! ... كېيىنچە ؟ كېيىن ، پايتەخت كوچىلىرىنى لەرزىگە سالغان ناغرا ـ كاناي سادالىرى ئىچىدە ، ئەمىر ئىبراھىمبەگ ئوغلى ئات ئويىنىتىپ سالاھىددىن زەرگەرنىڭ دەرگاھىغا يېتىپ كىردى .

---

[1] بىدار — ئۇيقۇسىز .

شۇ ئاخشىمى ناغرا ـ كانايلار ياڭراپ، ئەمىر ئىبراھىمبەگ ئوغلى دەبدەبە ۋە ھەيۋە بىلەن سالاھىددىن زەرگەرنىڭ ھويلىسىغا ئات ئوينىتىپ كىرگەندە، ئۇلۇغبەگ مەدرىسىسىنىڭ جىمجىت ئۆيىدە مەيدىسىنى يەرگە يېقىپ ياتقان قەلەندەر قەرناقى مۇدەررىسلىك كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، ئورنىغا جەندە كىيدى، سەللىسىنى بىر بۇلۇڭغا تاشلىۋېتىپ، بېشىغا كۇلاھ كىيدى ـ دە، گادايلار خانىقاسىغا راۋان بولدى ...

بۇ كۆرگۈلۈكلەردىن يۈرىكى ئۆرتەنگەن قەلەندەر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئەتراپقا تەلۋىلەرچە بىر قاراپ قويۇپ يەنە ئولتۇردى.

دەل شۇ چاغدا، ئىچكىرىدىكى ھويلىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، بىر توپ مۇرىت ئارىسىدا خوجا سالاھىددىن زەرگەر كۆرۈندى. خەيرىيەت، بوۋاي يەنىلا بايىقىدەك قەددىنى خادا يۇتۇۋالغاندەك تىك تۇتۇپ، ئالتۇن دەستىلىك ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ، قەلەندەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ئالتۇن قۇتراتقان رەھىمسىز! قەلەندەرنىڭ قانتىنى سۇندۇرۇپلا قالماستىن، سۆيۈملۈك نەۋرىسىنىڭمۇ بەختىنى قارا قىلدى! ئەگەر قەلەندەر خۇرشىدە بانۇنى قولغا كەلتۈرەلىگەن بولسا، ئۇنى ھەرگىزمۇ تەلۋە شاھزادىنىڭ ھەرىمىگە يولاتماس ئىدى. ياق! ئۇنىڭ قولىدا ئۆلسە ئۆلەتتىكى، سۆيگىنىنى خار قىلماس ئىدى! ...

— ھەي، كۆزۈڭنى ئاچ، دىۋانە! ئۇيقۇڭنى خانىقايىڭدا ئۇخلا، شەيخ ھەزرەتلىرى سېنى چاقىرىۋاتىدۇ!

بېشىغا كىگىز قالپاق، پۇتىغا چورۇق كىيگەن ياش مۇرىت ئۇنى ئىچكىرىكى ھويلىغا باشلىدى.

ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ تۆرىدە ئالدى ئايۋانلىق كۆركەم بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا نەقىشلىك شىپاڭ بولۇپ، شىپاڭنىڭ ئەتراپىدىكى كۈمۈش چاچراتقۇلاردىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇلار چىنە ياتقۇزۇلغان كىچىك ئېرىققا قۇيۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لاتتى . تۆۋرۆكلەرگە قاتار ئېسىلغان پانۇسلارنىڭ شولىسىدا ئېتىد-لىپ چىققان سۇلار ھەسەن - ھۈسەندەك تاۋلىنىپ ، ئاجايىپ بىر مەنزىرە پەيدا قىلاتتى .

قەلەندەر قەرناقىنى باشلاپ كىرگەن ياش مۇرىت ئۇنى دېرىزد-لىرىگە يىپەك پەردە تارتىلغان ئۇدۇلدىكى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى . دەھلىزگە كىرگەندە ئوڭ تەرەپتىكى نەقىشلىك ئىشىكنى كۆرسد-تىپ : «كىرىۋەر !» دېدى .

قەلەندەر سەل ھودۇققاندەك بولۇپ ئىشىكنى ئاچتى .

شەيخ نىزامىددىن خاموش تاملىرىغا قىزىل تەكە تۈركمەن[1] گىلەملىرى ئېسىلغان كەڭ ئۆينىڭ تۆرىدە قات - قات شايى كۆرپە-لەر ئۈستىدە ، پەر ياستۇققا بېشىنى چۆكۈرۈپ ، قىيسىيىپ ياتات-تى . ئۇ بېشىغا ئاق سەللە ئورىغان ، ئۈستىگە قارا مەخمەل تون ، ئېشىدىن قاردەك ئاپئاق پەرىجە كىيگەن ، يوغان تەسۋى تۇتقان ھالدا كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، مۈگدەپ ياتقان بولسىمۇ ، قەلەندەر ئىشىكتە توختاپ سالام بېرىشى بىلەنلا قەددىنى رۇسلاپ ئولتۇردى ۋە ئاپ-ئاق ، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىن سىناش نەزىرى بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىنى قەلەندەردىن ئۈزمەي :

— كەل ، ئاللانىڭ گاداي بەندىسى ،— دېدى ، — تارتىنما ، بالام ، يۇقىرى ئۆت ! — شەيخنىڭ ئاۋازى خۇددى نۇر يېغىپ تۇرغان يۈزىدەكلا يېقىملىق ئىدى .

قەلەندەر قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا بىر - ئىككى چامداپلا شەيخنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ تىزلاندى . ئىشىك يەنە ئېچىلىپ ، ئىككى مۇرىت بىرى داستىخان ، بىرى كۈمۈش پەتنۇستا ئىسسىق نان ، ھەسەل ، مېۋە - چېۋە ئېلىپ كىردى . شەيخ يەنە كۆزىنى يۇمۇپ ، تا مۇرىتلار چىقىپ كەتكۈچە ئۈندىمەي جىم ئول-تۇردى ، ئاندىن :

— ئەھۋالىڭ نېچۈك ، دەرۋىش؟ — دەپ سورىدى ، — تەلپىڭ بولسا دېگىن !

[1] تەكە تۈركمەن — تۈركمەن قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى .

قەلەندەر بېشىنى كۆتۈرمەي بىر قىمىرلاپ قويدى .

— خۇداغا شۈكۈر ، پىرىم ، ئاللانىڭ گادىيىدا نېمە تەلەپ بولسۇن ! ئۈستۈپشىم پۈتۈن ، قورسىقىم توق ، پىرىم ...

— بارىكاللا ، ئوغلۇم ! ئىنشائاللا ، مۇرادىڭغا يەتكەيسەن ! ئال ، بالام ، ئاللانىڭ نازۇ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بول ! ...

قەلەندەر تەشەككۈر بىلدۈردى ۋە شەيخنىڭ ئۇندىمەي تەسۋى سىيرىشكە كىرىشكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئۆيگە يەر ئاستىدىن يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى . ئۆينىڭ ھەممە تېمىدا گۈلدەك پارقىراق گىلەم ، دېرىزىلەردە بىر قات شايى پەردە ئۈستىگە مەخ- مەل پەردىلەر ، ئېسىل بوياقلاردا ئاجايىپ سەنئەت بىلەن بويالغان گۈللۈك تورۇستا ئالتۇن قەندىل ، نەقىشلەنگەن ياسىم- ان تەكچىلەردە رەڭدار كوزا - لوڭقىلار ، ئالتۇن لىگەن - تەخسىلەر ...

«توۋا ! گادايلارنىڭ ھەممىسى پىرىم دەپ يۈرگەن شەيخ ھەز- رەتلىرىگە ، بۇ ھەشەمەت ، بۇ زىبۇ زىننەتلەرنىڭ نېمە كېرىكى باردۇ ؟ »

*دۇنيا مېنىڭ دېگەنلەر ،*
*جاھان مالىن ئالغانلار .*
*ئاچ كۆز قۇشتەك بولۇبان ،*
*ئۇل ھارامغا پاتقانلار .*

— نېمە دەپ پىچىرلاۋاتىسەن ، دەرۋىش ؟

شەيخنىڭ بوم ئاۋازىدىن چۆچۈگەن قەلەندەر :

— ئاللاغا تەكبىر ئېيتىۋاتىمەن ، پىرىم ،— دەۋەتتى ۋە ،— گۇناھكار بەندەڭنى ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن ، پەرۋەردىگارىم !— دەپ قويدى .

— بالام !— دېدى شەيخ يەنە بايىقىدەك مۇلايىملىق بىد- لەن ،— سېنى چاقىرماقتىن مەقسەت ، ساڭا بىر ئىشنى تاپشۇرماق ئىدى . ئەمما ، بۇ ئىشنى تاپشۇرۇشتىن ئاۋۋال سەندىن بىر نەرسە-

نى سورىماقچىمەن ، ئاللانىڭ گادىيى ...
قەلەندەرنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كەتتى . «تۈنۈگۈنكى ئىشنى سورىسا نېمە دەرمەن ؟»
— بالام قەلەندەر ! سەن پانىي دۇنيا لەززىتىدىن ۋاز كېچىپ ناھايىتى ساۋابلىق ئىش قىلدىڭ . ئىلاھ دەرگاھىنىڭ گادىيى ، ھەقتائالانىڭ سۆيۈملۈك بەندىسىدۇر . بىراق ، راست گەپنى قىل ، كۆڭلۈڭدە بۇ يولغا مېڭىپ توغرا قىلدىممۇ ـ يوق ، دېگەن گۇمان بارمۇ ؟ ...
قەلەندەر قەرناقى دەسلەپتە يىلان چاققان ئادەمدەك يۈرىكى سىرغىپ كەتتى . شەيخ بۇنى سەزگەندى .
— نېمىشقا جىم ئولتۇرىسەن ، دەرۋىش ؟
قەلەندەر بېشىنى ئاستا كۆتۈردى . شەيخ سەل ئېگىشىپ ، ئۆسكىلەڭ قاشلىرىنى تۈرۈپ ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى . ئۇ-نىڭ قىزىل يۈزىدىن بۆلەكچە بىر كەسكىنلىك ۋە كىشىنى جەلپ قىلىدىغان سېھرىي كۈچ چىقىپ تۇراتتى .
قەلەندەر ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ ، باش چايقىدى .
— ياق ، پىرىم ، كۆڭلۈمدە ھېچقانداق گۇمان يوق ، ۋە لېكىن ...
— سۆزلە !— دېدى شەيخ .
— ۋە لېكىن ، زاھىتلارنىڭ قىلمىشلىرى كىشىنى رەنجىتىدۇ ، پىرىم . كۆپلىگەن كىشىلەر گادايلىقنى ئىختىيار قىلغان بىلەن گادايلىقتا باش ئەگمەيدۇ ۋە گۇناھ بولۇشىدىن قورقماي ، نەشە چېكىدۇ ، غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىدۇ ، قىمار ئوينايدۇ ، پىرىم...
— ئىننەللاھۇمەئەسسابىرىن ، يەنىكى ، ئاللا سەۋر قىلغانلار بىلەن بىرگەدۇر . سەۋر قىلغايسەن ، دەرۋىش !
شەيخ قاتتىق خورسىنىپ ، بىر تەۋرىنىپ قويدى .
— دىلىڭدىن بۇل گۇماننى يوقىتىپ ، ئىستىغپار ئەيلىگەي-سەن . كىمكى گۇناھ قىلسا ، ئاخىرەتتە جازاسىز قالمىغاي ! پەر-

ۋەردىگارى ئالەم ئالدىدا شاھ بىلەن گاداي باراۋەردۇر ، ئوغلۇم . مانا ، دەھرىي شاھ مىرزا ئۇلۇغبەگ ! ئەسسەلاتىن زىللاللاھۇ فىل ئەرز ! يەنى مەن خۇدانىڭ يەردىكى سايىسىمەن دەپ تەكەببۇرلۇق قىلدى . بوۋىسى ئەمىر تۆمۈر ··· خۇداۋەندە كەرىم زاتى تەۋەررۇكنى بۇ دۇنيادا ساھىبى تاج قىلغاندەك ئاخىرەتتىمۇ مۇقەررىبى دەرگاھ قىلغاي ! ··· ساھىبقىران بوۋىسىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئىلىك ئال- ماي ، دىن ئەھلىنى ئاياغ ئاستى قىلدى ، دەھرىيلىك يولىنى تۇ- تۇپ ، پانىي دۇنيا لەززىتىگە مەستانە بولدى . ئاقىۋەت ، ئىككى دۇنيا ئاللانىڭ غەزىپىگە دۇچار بولدى ··· ھەقتائالا ھېچبىر بەندە- سىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمەيدۇ ··· ئەسسەۋابۇ بىغەزلىھى ۋەل ئۇقا- بۇ بىئەدلىھى ۋەلە يەدجىبۇ ئەلەيھى شەيئۇن ··· دەھرىي شاھنىڭ لەشكەرلىرى قەتل ـ قىرغىن قىلىنىپتۇ . تەختىمىزنىڭ ۋارىسى مىرزا ئابدۇللىتىپنىڭ قوشۇنلىرى بۈگۈن ـ ئەتە پايتەخت سەمەر- قەندكە كىرىپ كېلىدۇ ، بالام ···

قەلەندەر شەيخنىڭ ئۆزىگە قاراپ گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ، ئۆ- زىدىن جاۋاب كۈتۈۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ ، بېشىنى كۆتۈر- مىدى . ئۇ نېمە دېيىشىنى ، شەيخ ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ گەپلىرىگە قانداق جاۋاب بېرىشىنى بىلمەيتتى . ئۇ مىرزا ئابدۇللىتىپنىڭ قوشۇن تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان بولسىمۇ ، شەيخ ھەزرەتلىرىنىڭ دېگەنلىرى ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلىۋەتتى . بۇ نېمە ئۇچۇن ؟ يا دەھرىي شاھقا غەزەپلەنگەنلىكتىن شۇنداق بولۇۋا- تامدۇ ؟ ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن ، پەرۋەردىگارى ئالەم ۋە لېكىن ··· بۇ شەيخ نېمىلەرنى دەپ يۈرىدۇ ؟ ئاجىز بەندىنىڭ قايسىبىرى دەھرىي ، قايسىبىرى ئىمانى كامىل مۇسۇلمان ، بۇ يالغۇز ئۆزۈڭگە ئايان ئەمەسمۇ ، خۇداۋەندە كەرىم ؟ ···

— نېمىشقا گەپ قىلمايسەن ، دەرۋىش ؟

— سۆزلىرىڭىزنى مۇلاھىزە قىلماقتىمەن ، پىرىم . ھەقىقە- تەنمۇ ھەقتائالا ئالدىدا شاھ بىلەن گاداي باراۋەردۇر ···

— كەماھۇ ۋە ھۇقۇقھۇ ! — دېدى شەيخ ، — ئىنشائاللا ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمدىلىكتە دەھرىي شاھنىڭ گۇناھ ئىشلىرىغا چەك قويۇلۇر . دىيا-
نەتسىز ئالىملار ، ئىنشائاللا ، ماۋەرائۇننەھر تۇپرىقىدىن ھەيدىلۇر .
ماۋەرائۇننەھردە ئىسلام دىنى كامال تاپىدۇ ! ئىلاھىي ئامىن ! —
شەيخ دۇئا قىلىپ بولۇپ ، يەنە قەلەندەرگە قارىدى .

— ئوغلۇم قەلەندەر ! — دېدى ئۇ بىردەم خىيال سۈرۈپ جىم
تۇرغاندىن كېيىن ، — مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ گۇناھلىرىدىن بىرى
رەسەتخانىنى بەرپا قىلغانلىقىدۇر . ئۇ رەسەتخانىدىكى ئاتەشپەرەس-
لەر ۋە دىنسىزلارنىڭ كۆپۈر كىتابلارنى يېزىشىغا يول قويدى ،
بالام . بىزگە ئېنىق خەۋەر كەلدىكى ، ئۇل دىيانەتسىز شاھ بۇ
كۆپپار دەرگاھىغا يىغىلغان دىنسىزلار كىتابلىرىنى يوشۇرماقنى
نىيەت قىلغانمىش ، ھەم بۇل گۇناھى ئەزىم ئىشنى بىتەۋپىق شا-
گىرتى ئەلى قۇشچىغا تاپشۇرغانمىش . يەنە شۇل خەۋەر كەلدىكى ،
مىرزا ئۇلۇغبەگ بۇل ئىش ئۇچۇن ئەلى قۇشچى دېگەن ئىپلاسقا
كۆپلىگەن ئالتۇن ۋە باشقا بايلىقلارنى ئىنئام قىلغانمىش ! ...
بۇلاردىن خەۋىرىڭ بارمىكىن ؟

قەلەندەر شاققىدە بۇرۇلۇپ قارىدى . شەيخ ھەزرەتلىرى ئالدىغا
ئىڭىشكىنىچە ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇراتتى .

— ياق ، پىرىم ، قەسەم قىلىمەنكى ، بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىم
يوق ...

شەيخ نىزامىددىن خامۇش ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزۈپ ، باش
لىڭشىتتى .

— سىنى چاقىرتماقتىن مەقسەت شۇلكىم ، بۇل پەرىشتەسىز
دەرگاھقا ۋە ئىمانسىز ئەلى قۇشچىغا كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرغاي-
سەن . سەۋەب شۇلكىم ، جەننەت ماكان ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئالتۇنلى-
رىنى دەھرىي شاھنىڭ مەكروھ كىتابلىرىنى يوشۇرۇش ئۇچۇن
سەرپ قىلىشقا يول قويماق گۇناھى ئەزىمدۇر . مانا ! — شەيخ
ھەزرەتلىرى ياستۇقنىڭ تېگىدىن ئىككى پۈكلەنگەن بىر پارچە
قەغەزنى ئېلىپ كۆرسەتتى ، - كارامەتلىك پىرىمىز ئىشان ئەبەي-
دۇللا خوجا ئەھرار ھەزرەتلىرى شاشتىن مەكتۇپ ئەۋەتىپ ، بۇ

ئىشنى قاتتىق تاپىلاپتۇ . ئۇل شەيخ ھەزرەتلىرى بۈگۈن ـ ئەتە پايتەختكە كەلمەكچىكەن ... نېمىشقا زۇۋان سۈرمەيسەن ؟

شەيخنىڭ سۈرلۈك ئاۋازىدا شۇنداق بىر قەتئىيلىك ، ئەلپازىدا شۇنداق بىر شىددەت ، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە شۇنداق بىر سىر بار ئىدىكى ، قەلەندەر تەمتىرەپ كېتىپ :

— پېقىر ئاجىز بەندە نېمە دەيتتىم ؟ پىرىمنىڭ ئەمرى ۋاجىپ-تۇر ! — دەۋەتتى .

شەيخ ھەزرەتلىرى باش لىڭشىتىپ ماقۇللىدى ـ دە ، چىرايى-نى ئۆزگەرتمەي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى .

— بۇ ئىشتا بىپەرۋارلىق قىلىشقا بولمايدۇ . رەسەتخانا ئەترا-پىدىن كېچە ـ كۈندۈز نېرى كەتمىگەيسەن ! ئەلى قۇشچى دېگەن بۇ ۋەھشىي كۆزۈڭدىن غايىب بولمىسۇن !

«يا رەببى ! قايسى گۇناھىم ئۈچۈن بېشىمغا بۇ سەۋدالارنى سالدىڭ ؟ ھەمدۇ سانا ئوقۇپ ، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا يۈرمەك ئورنى-غا پايلاقچىلىق قىلامدىمەن ! ؟ مۇساپىرچىلىقتا بېشىمنى سىلىغان ئۇستازلارنىڭ ياخشىلىقىغا يامانلىق قايتۇرامدىمەن ؟ ! »

— ھەممە ئىش مەخپىي بولمىقى لازىم ، — دېدى شەيخ ، — چۈنكى ، شاھزادە ئابدۇللىتىپ پايتەختنى ئېلىپ ، تەختتە مۇقىم ئولتۇرۇپ بولغۇچە بۇل سىرنى بىراۋ بىلىپ قالمىسۇن . بۇل سىردىن بىراۋ خەۋەردار بولۇپ قالسا ، خۇسۇسەن ، بۇنى ئەلى قۇشچى بىلىپ قالسا ، دوزاخقا مەھكۇم بولىسەن ، قەلەندەر ! گې-پىمنى چۈشەندىڭمۇ ؟

— چۈشەندىم ، پىرىم ...

— ئاللا ساڭا مەددەت بەرگەي ، ئىلاھە ئامىن ! — شەيخ دۇئا قىلىپ بولۇپ ، داستىخاننى كۆرسەتتى ، — ئىسسىق ناندىن ئېلى-ۋال ، دەرۋىش !

قەلەندەر ئىنتائەتچانلىق بىلەن داستىخاندىن ئىككى ناننى ئې-لىپ قوينىغا سالدى ـ دە ، ئارقىچە مېڭىپ يورۇق ئۆيدىن چىقتى .

بايىقى ئىزغىرىن شامال پەسەيگەن بولسىمۇ ، ھاۋا يەنىلا سو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غۇق ئىدى. خىيالى ھەر تەرەپكە چېچىلغان قەلەندەرنىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، تۇۋرۇككە يۆلىنىپ قالدى. «ئەستاغپۇرۇللا! شەيخ نېمە ئۈچۈن ماڭا چاپلىشىۋالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ ناپاك ئىشنى ماڭا يۈكلەيدۇ؟»

شەيخنىڭ ئۇنى تۈنجى قېتىم كۆرگەندىلا گۇمانلانغانلىقى ۋە گۇمانلانغان ئادەملەرنى شۇ يول بىلەن سىناپ بېقىش ئادىتى بارلىقىنى بىلمەيدىغان قەلەندەر، خىيال قايىنىمىدا دەلدەڭشىپ ھويلىدىن چىقتى.

شۇ پەيتتە، سىرتتا: «يائاللا دوست، يائاللا!» دەپ زىكىر قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، دەرۋازىدىن بىر توپ دەرۋىش كىرىپ كەلدى. قەلەندەر ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ئۇلارغا يول بەردى ۋە ئالدىدا ئاقساپ كېتىۋاتقان «بۆرە» لەقەملىك ئالىغاي دەرۋىشنى تونۇپ قالدى. بۆرىمۇ ئۇنى تونۇغان بولسا كېرەك، قاراڭغۇدا كۆلەڭنى لىككىلدىتىپ ھىجىيىپ قويدى.

قەلەندەر قەرناقى دەلدەڭشىگەن پېتى ھويلىدىن چىقتى ـ دە، قانداقتۇر بىر ئىچكى ھېسسىياتقا ئەسىر بولۇپ، «مازارى شەرىف» تەرەپكە يول ئالدى.

قاراڭغۇدا قەبرىستاندىكى چىنارلار، پورلىشىپ كەتكەن قېرى شاتۇت ۋە سېدە دەرەخلىرى قانداقتۇر چارسىلداپتتى. گويا ئۇلارنىڭ كاۋاكلىرىغا جىن ـ شەيتانلار يوشۇرۇنۇۋېلىپ بەزمە قىلىۋاتقاندەك، كۆلكە، يىغا ئاۋازلىرى، قىسقىسى، ھەرخىل قورقۇنچلۇق ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. كىملەردۇر قەبرىستاننىڭ بىر چېتىدە قىرائەت قىلىۋاتاتتى، مەسچىت تەرەپتىن دەرۋىشلەرنىڭ «ھۇ ـ ھۇ» لىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

قەلەندەر مەرمەردىن ياسالغان مەقبەرىلەر، ئۆڭكۈردەك ئويۇلۇپ كەتكەن قەبرىلەر ئارىسىدا ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ قاياققىدۇر كېتىۋاتاتتى ۋە ئۆز كۆڭلىدە ئاللاغا يېلىناتتى: «گۇناھكار بەندەڭنى كەچۈرگەيسەن، ئەي پەرۋەردىگارى ئالەم! پېقىر بۇ دۇنيانىڭ لەززەتلىرىنى تەرك ئېتىپ، ھەقىقەت يولىغا ماڭغاندا، تەرىقەت

ئورنىدا بۇنداق ناپاك ئىشلارنى قىلىمەن دەپ ئويلىغانمىدىم؟ مۇساپىرلىق ۋە يوقسۇللۇق دەردىنى تارتىۋاتقىنىمدا، بېشىمنى سىلاپ باشپاناھلىق قىلغان ئۆز ئۇستازىمنىڭ ئارقىسىدىن پايلاقچىلىق قىلىمەن دەپ ئويلىغانمىدىم؟ ... مەۋلانە ئەلى قۇشچى دەھرىيمۇ ياكى ئىمانى كامىل بەندەڭمۇ، بۇنى بۇ تەكەببۇر شەيخ قانداق بىلىدۇ. تەڭرىم؟»

*موللا، مۇپتى بولغانلار،*
*ناھەق دەۋا قىلغانلار.*
*ئاقنى قارا قىلغانلار،*
*ئۇل دوزاختا كىرمىشلار ...*

«ناھەق دەۋا قىلغانلار ...» شەيخنىڭ سۆزلىرى ناھەق دەۋا ئەمەسمۇ، ئەي ياراتقۇچى ئىگەم؟...

مانا، تار يولنىڭ ئايىغىدا قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن يوغان چىنار كۆرۈندى. چىنار تۈۋىدە ئۇستىگە ئارقار مۈڭگۈزى ئورنىتىلغان ھەيۋەتلىك مەقبەرە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قەلەندەر قەرناقى قەبرىنىڭ باش تەرىپىگە ئۆتۈپ سەجدە قىلدى ۋە پىرى باھاۋۇددىن نەقشبەندىگە خىيالەن ئىلتىجا قىلدى: «بۇ ئاجىز گادايغا ئۆزۈڭ مەدەت بەرگەيسەن، ئەي نىمەتلىك ئاتا! ئۇ دەرۋىشلىك يولىغا ماڭغاندا پانىي دۇنيا ئىشلىرىنى ئەمەس، تەرىقەت بابىدا كېچە - كۈندۈز ئىبادەت قىلىشنى مەقسەت قىلغانىدى ... ئەي، پۈتكۈل ئەھلى جۇنۇنلار، مۇساپىر - سەرگەردان، گاداي - يوقسۇللار ھامىيسى بولغان خوجا باھاۋۇددىن نەقشبەندى! ئەي، پەرۋەردىگارى ئالەم! گۇناھكار بەندەڭنى ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن! ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن، تەڭرىم! ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن!»

قەلەندەر قەرناقى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، چوغدەك قىزىق پېشانىسىنى مۇزدەك قەبرىگە ياقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



مىرزا ئۇلۇغبەگ يەنىلا تۇنۇگۈنكىدەك ئات ئوينىتىپ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى . ئۇ مىنگەن ئەرەب تۇلپىرىنىڭ كەڭ كۆكرىكىدىكى ياقۇت ۋە لەئەل قادالغان ئالتۇن قالقانچىسى ئاپتاپتا چاقناپ ، كۆزنى قاماشتۇراتتى ، ئۇستىدىكى زەرباپ يېپىنچىسى چوغدەك ۋاللىدايتتى ، پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان يالىدىكى مارجان تىزىقلىرى سىلكىنىپ ، كۈمۈش ئىگەرنىڭ ئالتۇن ھالقىلىرى يېقىملىق جاراڭلايتتى . بىراق ، يېقىملىق مۇزىكىدەك بۇ سادا مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى ، ئۇ ھامان خىيال دېڭىزىدا شۇڭغۇپ يۈرەتتى .

ئاخشام مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قەلبىدە كۆتۈرۈلگەن شاۋقۇن بۇگۈن پەسىيىپ ، دىلىنى قانداقتۇر بىر بىپەرۋالىق تۇيغۇسى بەند قىلىۋالغانىدى . ئۇ پەقەت بىرلا نەرسىگە ، يەنى پاتراق جەڭ بولمىغانلىقىغا ، ئوغلىنى بىر كۆرەلمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلاتتى .

تۇنۇگۈن ئۇ جەڭ قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغاندىن بېرى نېمە ئۈچۈندۇر كاللىسىدىن مۇنۇ خىيال نېرى كەتمىدى : «ئۇرۇش بولسا ، شاھزادە بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇچراشسام ، ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىسام ، مۇددىئاسىنى بىلسەم ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەيلى ، ئۇنىڭ قولىدا ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق ! ... ئۇ قايسى يۈزى ، قايسى ۋىجدانى بىلەن ئۆز ئاتىسىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىۋاتىدۇ ؟ شۇنى بىلسەم ، بەس ! كېيىن ، مەيلى ، نېمە قىلىمەن دېسە ، ئىختىيار شاھزادىنىڭ ئۆزىدە ! ... »

مىرزا ئۇلۇغبەگ بۇ ئوغلىنى نېمە ئۈچۈندۇر بالا چاغلىرىدىلا ياخشى كۆرمەيتتى ، «ئوغلۇم» دېگەندە ، يۈرىكى «پىژ» قىلمايتتى ، ئۇنىڭغا مېھرى يوق ئىدى ... شاھزادە تۇغۇلۇپلا يىراق ھىراتتا — ئانىسى گۆھەرشات بېگىمنىڭ تەربىيىسىدە بولدى . گۆھەرشات بېگىم ئۇنى ھىرات سارىيىدا ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەپ ۋايىغا يەتكۈزدى . بىراق ... خۇدا پاناھ بەرسۇن ! ... بىۋۇسى

شاھرۇھ مىرزا ۋاپاتىدىن كېيىن ، شاھزادە ئالائىددەۋلە بىلەن تاج ـ تەخت تالاشقان ئابدۇللىتىپ ، ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئانىسى گۆھەرشات بېگىمنى تۇتقۇن قىلىپ قاماپ قويدى . مىرزا ئۇلۇغبەگ بۇنى ئاڭلاپ ، قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۆز پۇشتىدىن بولغان پەرزەنتى بولغاچقا ، يەنىلا سەۋر قىلدى . لېكىن ، شاھزادە ئالائىددەۋلە ئابدۇللىتىپنى تۇتۇۋېلىپ ، ئىختىيارىددىن قەلئەسىگە قاماپ قويغاندا ، ئۇ زادىلا چىداپ تۇرالماي ، قوشۇن تارتىپ خۇراسانغا باردى ... مىرزا ئۇلۇغبەگ شۇ چاغدا نېمە ئۇچۇن ئابدۇللىتىپقا بولۇشتى ؟ نېمىشقا بەلخنى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلدى ؟

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەلەملىك بۇستىن نەپسى قىسىلىۋاتقاندەك ئۇھ تارتتى ـ دە ، بېشىنى كۆتۈردى . ئاخشامقى ئىزغىرىن شامال پەسىيىپ ، قۇياش دەرەخ بويى كۆتۈرۈلگەنىدى .

چوڭ كارۋان يولىنىڭ ئىككى يېنىدىكى كىچىك ئېدىرلارنى چېرىكلەر ئىگىلىگەن بولۇپ ، ھەممە ياق ئېشەك ، قېچىر ، تۆگىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى . ئالدىدىكى نۆكەرلەر ۋە ياساۋۇللار ئات ئوينىتىپ ، يولدىكى چېرىكلەرنى چەتكە ھەيدەيتتى ، ئېشەك ۋە قېچىرلارنى راسا قامچىلايتتى . قىلىچ ئورنىدا ئايپالتا ۋە تاياق ـ توقماق كۆتۈرگەن ، چېرىكچە كىيىم ئورنىدا باشلىرىغا كىگىز تەلپەك ، ئۇستىگە ئەسكى چەكمەن چاپان ۋە كەڭ شالۋۇر كىيگەن نامرات دېھقانلار ئالدىرىماي ـ تېنىمەي ، ئۆزلىرىچە كاپىشىپ ، ئاستا يول بوشىتاتتى ...

قورال ئورنىدا تاياق ـ توقماق كۆتۈرگەن ، ئۆمرىدە جەڭ ـ جېدەل كۆرمىگەن بۇ بىئازار دېھقانلار شاھزادىنىڭ سەل كەم ئەللىك مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا تاقابىل تۇرالامتى ؟ ئۇلارنى كىم ، نېمە ئۈچۈن يىغدى ؟

مىرزا ئۇلۇغبەگ سارايۋەننى چاقىرىپ ، چېرىك باشلىقىغا دېھقانلارنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈشنى تاپشۇردى ـ دە ، تاقەتسىزلىكتىن يۇلقۇنۇۋاتقان ئاق تۇلپىرىنى قام-

چىلاپ، ئىلگىرىلەپ كەتتى ...
پېشىنىگە يېقىن ئالدى تەرەپتە قىزغۇچ تۇس ئالغان باغلار ئارىسىدا دىمىشىق قىشلىقى كۆرۈندى. دىمىشىقتىن تاكى سەمەرقەندكىچە بولغان ئارىلىقتا باغلار بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، پۈتۈن جاھان گويا سان - ساناقسىز گۈلخان ئارىسىدا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. دىمىشىقتىن سەل ئۆتكەندە، ئاپتاپتا ئاجايىپ مەنزىرە ھاسىل قىلىدىغان بىبىخانىم مەقبەرىسىنىڭ ھاۋارەڭ گۈمبىزى كۆرۈندى، ئۇنىڭ سەل بېرىسىدا ئۇلۇغبەگ مەدرىسىسىنىڭ ئېگىز پەشتاقلىرى ۋاللىداپ تۇراتتى، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە كۆككە تاقاشقان گور ئەمىر مۇنارلىرىنىڭ تىللا رەڭ بوياقلىرى نەپىس جىلۋىلىنىپ تۇراتتى ... مىرزا ئۇلۇغبەگ باغلار ئارىسىدا غىل - پال كۆرۈنۈپ تۇرغان سۆيۈملۈك شەھىرىگە زوقلىنىپ قارىغىنىدا، كۆزىگە ئىختىيارسىز ھالدا ياش كەلدى، داد! كىمنىڭ قېنى تۆكۈلگەن، بەختلىك بالىلىق دەۋرى ئۆتكەن ۋە ئاۋات قىلىمەن دەپ بارلىقىنى بەخشەندە قىلغان بۇ سۆيۈملۈك شەھىرى قولدىن كېتەرمۇ؟ پۈتكۈل جاھانغا مەشھۇر رەسەتخانىسىچۇ؟ پەخرى - ئىپتىخارى بولغان مەدرىسىسىچۇ؟ ئەپسۇس! ئۇنىڭ ئىلىم - مەرىپەت يولىدىكى قىرىق يىللىق ئەجرى بىكارغا كېتەرمۇ؟ قىرىق يىل توپلىغان نادىر خەزىنىسىچۇ؟ شاگىرتلىرىچۇ؟ ئۇلارنىڭ تەقدىرى قانداق بولار؟ قىرىق يىل ئۇرۇش كۆرمىگەن بۇ ئەل - يۇرتنىڭ، پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھرنىڭ كېلەچىكى قانداق بولار؟
يۈرىكى ئوت بولۇپ يانغان مىرزا ئۇلۇغبەگ ئارغىمىقىنى ئاچچىق قامچىلىدى. قامچىسىزمۇ تاقەتسىزلىنىپ تېپىرلاپ تۇرغان ئاق تۇلپار يۈگىنىنى چىشلىگىنىچە بۇركۇتكە ئوخشاش يەر بېغىرلاپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەلەم دولقۇنلىرىدىن خەۋەرسىز ئەمىر - سەركەردىلەر ھەيران بولۇشۇپ، بىر - بىرىگە قاراشتى - دە، ئۇلارمۇ ئاتلىرىنى قامچىلاشتى. دىمىشىقتا يېتىپ بارمايلا، ئوڭ تەرەپتىكى تۈزلەڭلىكتە «باغى جا-

ھان» كۆرۈندى، ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان بۇ چوڭ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۇتتەك ئاپئاق ھەيۋەتلىك بىنا كۆزگە چېلىقتى. بوۋىسى ئەمىر تۆمۈر چوڭ يۈرۈشلەردىن قايتقىنىدا سەمەرقەندكە كىرىشتىن ئاۋۋال مۇشۇ باغدا قوناتتى ... ئالدىدا ئۇچقاندەك كېتىدۋاتقان مىرزا ئۇلۇغبەگ قانداقتۇر بىر تۇيغۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئېتىنىڭ بېشىنى «باغى جاھان» تەرەپكە بۇرىدى.

دەرۋازىدىن باشلانغان كەڭ يولدا غازاڭدىن قىزغۇچ پاياندار سېلىنغانىدى. شاخلىرىدىن «چىرىس - چىرىس» ئۈزۈلۈپ چۈشۈۋاتقان يوپۇرماقلار ھاۋادا ئۇنسىز ئۇچۇپ، يەرگە خۇددى قۇشلاردەك نازاكەت بىلەن قوناتتى. كۆركەم بىنا ئالدىدىكى گۇلزار ۋە گۇلزار ئوتتۇرىسىدىكى چۆرىسى مەرمەردىن ياسالغان كۆلچەك غازاڭغا تولغان بولۇپ، پەقەت ئۈزۈم يوپۇرماقلىرىلا تېخى تۆكۈلمىگەنىدى. ئېگىز بېدىشلەردىكى شاخلاردا، ھەربىر سېپى ئاتنىڭ كاللىسىدەك كېلىدىغان ئۈزۈملەر قارا مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇراتتى ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالدىغا چىققان ياساۋۇلغا ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقۇزدى - دە، كەينىدە كېلىۋاتقانلارنى كۈتۈپ تۇرمايلا چوڭ يولنى بويلاپ ماڭدى. يولنىڭ ئايىغىدىكى ئانارلىق دۆڭنىڭ يانباغرىدا سۇپسۇزۇك بۇلاق سۈيى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتاتتى ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ بۇلاق بويىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، مۇزدەك سۇدا تاھارەت ئالدى ۋە موۋۇت تونىنى بۇلاق بويىدىكى سارغىيىشقا باشلىغان چىملىققا يېيىپ ناماز پېشىنىنى ئوقۇدى. كېيىن نېمە ئۈچۈندۇر مەيۈسلەنگەن ھالدا خىيال سۈرۈپ ئۇزاق ئولتۇردى ۋە بالىلىق چاغلىرىنى ئەسلىدى.

ئۇ تېخى كىچىك بالا ئىدى. بىر قېتىم، ئۇزۇن سەپەردىن قايتقان بوۋىسى بۇ باغدا بىر - ئىككى ھەپتە تۇردى. سۆيۈملۈك مومىسى سارايمۇلك خانىمنىڭ ھاۋارەڭ يىپەك چېدىرى دەل مۇشۇ بۇلاقنىڭ بويىغا تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا كۆك، ئاچ قىزىل، قىزىل رەڭلىك كىچىك چېدىرلار جايلاشقان بولۇپ، ئۇلاردا خۇش-

www.uyghurkitap.com

خوي ، نازاكەتلىك ياش كېنىزەكلەر ۋە باقاۋۇللار تۇرۇشاتتى . چېدىرنىڭ كەينىدىكى بېدىلىكتە ئاق بايتاللار باغلاقلىق تۇراتتى . بايتاللاردىن سەل نېرىراقتا ، كېيىككە ئوخشايدىغان تايچاقلار كىشنىشىپ يۈرەتتى . مومىسى سارايمۈلك خانىم ھەر كۈنى ئەتىگەندە مۇھەممەت تەرەغەينى شۇ تايچاقلارنىڭ يېنىغا ئېلىپ باراتتى . سارايمۈلك خانىم يۈزى كەڭ ، بۇرنى تۈگمىدەك ، كۆزلىرى قىسىق ئايال بولسىمۇ ، ئۇنىڭ سېمىز بەدىنى ، ئۇستىۋېشىدىكى ئېسىل كىيىملىرى ۋە نازۇك زىننەت بويۇملىرى ھەم گەپ - سۆزلىرىدىن ئاجايىپ بىر غۇرۇر ۋە ئىپتىخار چىقىپ تۇراتتى . ھەممىسى ئۇنىڭدىن ھېيىقاتتى ، ئۇنىڭ گېپى گەپ بولاتتى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ مامۇقتەك يۇمشاق قوللىرى ، ياقۇت كۆزلۈك قوش - قوش ئالتۇن ئۈزۈكلەر سېلىنغان ئۈزۈن ، ئاپئاق بارماقلىرى مىرزا ئۇلۇغبەگكە بۆلەكچىلا ياقاتتى . مومىسى شۇ قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ باشلىرىنى سىلاپ ئەركىلەتكەندە ، ئۇ ئېرىپ كېتىپ ئۆزىنى مومىسىنىڭ قوينىغا ئاتاتتى .

بەزىدە مومىسى پەشتاما تارتىپ ، چېدىر يېنىدىكى سېمىز بايتاللارنى ئۆزى ساغاتتى . سۈتنى ئالاھىدە تورسۇققا قاچىلاپ ، قىيامىغا يەتكۈزۈپ قىمىز ئېچىتاتتى ۋە ئۇنى مۇزدەك بۇلاققا تاشلاپ قوياتتى . گاھىدا بوۋىسى ئەمىر تۆمۈرمۇ بۇ قىمىزنى ئىچكىلى ھاۋارەڭ چېدىرغا كىرەتتى . ئۇ خېلى ئاقسىسىمۇ ، ھاسا تايانماي ، قەددىنى يىگىتلەردەك تىك تۇتۇپ ، خۇددى بىر ياققا ئالدىراۋاتقاندەك تېز ماڭاتتى . ئۇ ھېچقاچان ئېسىل كىيىنمەيتتى ، تومۇز كۈنلىرىمۇ تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان سارغۇچ چاپىنىنى كىيىپ يۈرەتتى . ئولتۇرغاندا چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن ئاقساق پۇتىنى يېپىپ تىزىنى سىلايتتى . بوۋىسى ئەمىر تۆمۈر ئات يۈزلۈك ، ئىلمەك بۇرۇن ، كەكە ساقال كىشى بولۇپ ، ئۇنىڭدىن ھەممىسى ھېيىقاتتى . ئۇ شالاڭ قاشلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ ، ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قارىغاندا ، ھېچكىم ئۇنىڭغا تىك باقالماي كۆزىنى قاچۇراتتى . ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھەرقانداق

ئادەم تۇرغان يېرىدە قول قوۋۇشتۇرغىنىچە تۇرۇپلا قالاتتى . لې-
كىن ، شۇنىسى قىزىقكى ، شاكىچىك مەھەممەت تەرەغەينى كۆرگەن-
دە ، بوۋىسىنىڭ قاپاقلىرى ئېچىلىپ ، چىرايىدىكى سۇر بۆلەكچە
بىر مۇلايىملىق بىلەن ئالمىشىپ ، ئۆتكۈر كۆزلىرىدە شوخ ئۇچقۇن-
لار چاقنايتتى . ئادەتتە ئۇ نەۋرىسىنى ئېتىگىدە ئولتۇرغۇزۇپ
ئەركىلىتەتتى ، بەزىدە مۇدەررىسلەرنى چاقىرتىپ كېلىپ ، نەۋرى-
سىنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى سورۇشتۇراتتى . مۇدەررىسلەر ئۇ-
لۇغبەگنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى ماختاشسا ، بوۋىسى نەۋرىسىنىڭ كەڭ
پېشانىسىگە سۆيۈپ كۈلۈپ قوياتتى ۋە :
— باركاللا سىزگە ! ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادىدىنمۇ هارۇن رە-
شىتتەك بىر ئالىم پادىشاھ چىقسۇن ـ دە !— دەپ قوياتتى . بەزىدە
بۇنىڭ ئەكسىچە نەۋرىسىنىڭ كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قال-
سا ، قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ ، نۆكىرىگە :
— ئېلىپ چىق ، بۇنى ! ئات مىنسۇن ! قىلىچۋازلىق قىل-
سۇن ! — دەپ بۇيرۇق قىلاتتى ۋە قاپاقلىرىنى تۇرۇپ ، نەۋرىسى-
نىڭ مەشقىنى دىققەت بىلەن كۆزىتەتتى . ئۇلۇغبەگ ئاتنى چەبدەس-
لىك بىلەن مىنەلمىسە ياكى قىلىچۋازلىقتا كالاڭپايلىق قىلىپ
قويسا ، دەرغەزەپكە كېلىپ ، ئاددىيغىنا پولات غىلىپىدىن قى-
لىچىنى ئالاتتى ـ دە ، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ ، يېنىدا كىم
بولسا ، شۇنىڭ بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشقا چۈشۈپ كېتەتتى ...
... مىرزا ئۇلۇغبەگ بىر توپ سۇۋارىنىڭ چوڭ يولدىن ئات
چېپىپ ئۆتكەنلىكىنى سېزىپ ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى ـ دە ،
ئەجەبلەنگەن هالدا ئەتراپىغا قاردى ۋە ماڭا نېمە بولغاندۇ ؟ مۇشۇن-
داق خەتەرلىك پەيتتە ، ئەجەبا ، بالىلىق چاغلىرىمنى ئەسلەپ ئول-
تۇرۇپ قاپتىمەنغۇ ؟ هاكىمىيەت غېمىنى يېمەي ، شېرىن خىيال
قاينىمىدا ئۈزۈپ يۈرۈپتىمەنغۇ ؟ دەپ ئويلىدى .
مىرزا ئۇلۇغبەگ قىزغۇچ پاياندار سېلىنغان يول بىلەن ئاستا
مېڭىپ قايتىپ كېتىۋېتىپ ، دەرۋازىنىڭ يېنىدا قارا تەرگە چۈمۈل-
گەن بىر نەچچە ئاتنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى . بىنادىن چىققان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شاھزادە ئابدۇل ئەزىز بىلەن قولىدا مەكتۇپ تۇتقان شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن ئالدىراپ - تېنەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

«يەنە شۇم خەۋەر!» دەپ ئويلىدى مىرزا ئۇلۇغبەگ.

— قەيەرگە يۈردىڭىز كىن، ئۇلۇغ شاھىم؟— دېدى شەيخۇلئىسلام ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، — ئەمىر ئىسكەندەر بەرلاس چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ.

— يەنە قانداق خۇش خەۋەر؟ — مىرزا ئۇلۇغبەگ توختاپ، مەكتۇپقا قول ئۇزاتتى. سىرىق قەغەزگە ئالدىراپ يېزىلغان بۇ خەتتە، ئەمىر ئىسكەندەر شاھزادە ئابدۇللىتىپنىڭ ئالدى قوشۇنلىرى پىستىرمىدىن چىقىپ، مەركىزىي قوشۇنلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلغانىدى. ئەمىرنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، شاھزادىنىڭ قوشۇنىدا پىلمۇ بارمىش. بۇ پىللار ئۇنىڭ چەۋەندازلىرىغا تەھدىت سالغانلىقتىن، ئۇ پايتەخت تەرەپكە چېكىنىشنى مۇۋاپىق كۆرگەنمىش...

مىرزا ئۇلۇغبەگ خەتتىن كۆزىنى ئۈزۈپ، ئوغلى بىلەن شەيخۇلئىسلامغا قارىدى ۋە ئەمدىلا بىنانىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرغان بىر توپ ساراي مۇلازىملىرىنى كۆردى. مۇلازىملار ئارىسىدا مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ جىيەنلىرى — شاھزادە ئابدۇللا بىلەن ئەبۇ سەئىد مىرزىمۇ تۇراتتى. زەرباپ تونىنىڭ ئىچىگە ئاتلىق ئەسكەرلەرگە خاس ساۋۇت، باشلىرىغا ئالتۇن كانارىلىق دۇبۇلغا كىيگەن بۇ ئىككى شاھزادىنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ئىككىلىنىش، ھەرىكەتلىرىدىن تاقەتسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

ئەجەبا، سۇۋارىچە ساۋۇتلارنى كىيىپ، كەڭ كەمەرلىرىگە ئالتۇن قىلىچ ئاسقان بۇ ساراي ئەھلىلىرى نېمىشقا بۇنچىۋالا تىترەيدۇ، نېمىدىن قورقىدۇ؟ ئەگەر شاھزادىدىن قورقسا، نېمىشقا ئەمىر سۇلتانشاھ تارخانغا ئوخشاش شاھزادىگە تەسلىم بولمايدۇ؟...

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئاۋازىنى قەستەن يۇقىرى كۆتۈرۈپ:

— شاھزادىنىڭ لەشكەرلىرى ھۇجۇم باشلاپتۇ؟— ئۇنىڭ قو-

شۇندا پىلمۇ بارمىش؟ — دەپ سورىدى

شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن چىرايى تاتىرىپ، بېشىنى قىمىر-لىتىپ قويدى.

— قۇدرەتلىك شاھىم، قانداق پەرمان بېرۇرسىز؟

مىرزا ئۇلۇغبەگ مىيىقىدا كۇلۇپ قويدى.

— ئاللاتائالا پېشانىمىزگە نېمىنى پۇتكەن بولسا، شۇنى كۆ-رۇرمىز، تەقسىر.

— ئىنشائاللا، تەلىيىڭىز ئوڭدىن كەلگەي ۋە ئىللا ...

— ئۇرۇشىمىز! ...

شەيخۇلئىسلام كەكە ساقىلىنى تۇتاملاپ باش چايقىدى ۋە باش-قىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك قىلىپ:

— پايتەختكە قايتماق لازىم، ئۇلۇغ شاھىم! — دېدى ئاستا، — قەلئە مۇستەھكەم ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەسەبىيلىشىپ:

— ھەيھات! — دېدى، — شاھزادىدە پالاخمان[①] بار، تەقسىر! پۇتۇن شەھەر ۋەيران بولىدۇ! پۇتۇن شەھەر!

— ۋەللاھى ئەلەم بىسسەۋاب! ۋە لېكىن شەھەرنى ئالالماس، سۇلتانىم! جىمىكى مەسچىتلەردە خۇتبە ئوقۇتىمەن. بارچە پۇقرا ھەرىكەتلىنىدۇ، قۇدرەتلىك شاھىم! ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ جاۋاب بەرمىدى. ئۇ شەيخۇلئىسلام بۇرھا-نىددىنىنىڭ سەمىمىيلىكىدىن گۇمان قىلمايتتى ۋە ھازىرقى بۇ يامان ۋەزىيەتتە سەمەرقەندكە چېكىنىپ بېرىپ، دەرۋازىلارنى ئېتىۋېلىش-تىن باشقا ئامالنىڭ يوقلۇقىنىمۇ بىلەتتى. شۇنداقلا، ئوزۇق-تۇلۈك تەل قىلىنماي تۇرۇپ، شەھەرنىڭ زور قوشۇن تەرىپىدىن ئۇزاق مۇددەت قامال قىلىنىشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنەتتى. بىراق، ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا بوۋىسىنىڭ قېنى ئېقىپ تۇراتتى، قىلىچ يالىڭاچلاپ جەڭ قىلغۇسى، بۇ ساتقۇن لەشكەر

---

① پالاخمان — قەدىمكى زاماندا چوڭ ئۇرۇشلاردا ئىشلىتىلىدىغان تاش ئېتىش قورالى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشلىقلىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەمىر تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئاسانلىقچە جان بەرمەيدىغانلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويغۇسى، شاھزادە بىلەن يۈزمۇ يۈز ئۇچراشقۇسى ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكۈسى كېلەتتى.

شاھزادىنىڭ ئالدى قوشۇنلىرى داۋاندىن ئۆتۈپ ھۇجۇم باشلىغانمىش! ... بوۋىسى ئەمىر تۆمۈر بۇنداق شارائىتتا ئاۋۋال دۈشمەننىڭ ئالدى قوشۇنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئاندىن ئوڭ ۋە سول قانات قوشۇنلىرى بىلەن ئۇلارنى قورشىۋېلىپ قاپقانغا چۈشۈرەتتى. ئەگەر دۈشمەن قوشۇنلىرىغا ياردەم كەلسە، زاپاس تۇرغان قوشۇنلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بىراقلا قىرىپ تاشلايتتى ... لېكىن، ئۇچۇ ... ھەيھات! ئۇ ھېچقاچان قابىلىيەتلىك سەركەردە بولغان ئەمەس! ۋە لېكىن ... ياق، ئۇمۇ جەڭ قىلىدۇ! ئۇرۇشماي تۇرۇپ جان بەرمەيدۇ! ...

— قۇدرەتلىك شاھىم ...

— ئويلاپ كۆرمەك لازىم، تەقسىر! — مىرزا ئۇلۇغبەگ قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە بىناغا قاراپ ماڭدى. يولدا تۇرغان شاھزادىلەر ئالدىراپ - تېنەپ ئۇنىڭغا يول بەردى. بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى تاملىرى ھاۋارەڭ ساپال پارچىلىرى بىلەن بېزەلگەن چوڭ ئۆيگە شايى كۆرپىلەر سېلىنىپ، ئوتتۇرىغا شىرە - ئۇستەللەر قويۇلغانىدى. شىرەلەر مايلىق نان، مېۋە - چېۋە، پىشۇرۇلغان غاز ۋە كاۋاپلار بىلەن تولغانىدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ: «ئۆلۈشتىن ئاۋۋال بەزمە جەمشىت!» دەپ ئويلىدى ۋە مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

ئۇ تۆردە، بىر زامانلاردا بوۋىسى ئەمىر تۆمۈر ئولتۇرغان جايدا ئولتۇرۇپ، پەگادا تەزىم قىلىپ تۇرغان باقاۋۇلغا قاراپ:

— مەي كەلتۈر، — دەپ بۇيرۇدى. لېكىن، مەينى ئىچىش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى.

باقاۋۇل چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەمدىلا رۇسلىنىپ ئولتۇرۇشى بىلەن، سارايۋەن كىرىپ يەنە بىر مەكتۇپ-

نى سۇندى . بۇ مەكتۇپنى سۆيۈملۈك نۆكىرى بابا ھۇسەيىن ئەۋەتـكەن بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى خەۋەر بايىقى مەكتۇپتىكىدىنمۇ ۋەھىمىلىك ئىدى . يەنى شاھزادىنىڭ ئوڭ ۋە سول قانات قوشۇنلىرى ھۇجۇمنى تېزلىتىپ ، ئەمىر سۇلتان جاندار بىلەن ئەمىر ئىسكەندەر بەرلاسنىڭ قوشۇنلىرىنى قاپقانغا چۇشۇرمەكچى بولۇۋاتقانـكەن . ئەڭ يامىنى ، ئەمىر سۇلتان جاندار قاياققىدۇر قېچىپ كېتىپ ، قوشۇندا يالغۇز ئەمىر ئىسكەندەر بەرلاس قالغانىكەن . بابا ھۇسەيىن بۇنى مەلۇم قىلىپ ، مىرزا ئۇلۇغبەگكە سەمەرقەندكە چېكىنىشنى مەسلىھەت بەرگەن ، ئۆزى ئەمىر ئىسكەندەر بەرلاس بىلەن بىرلىكتە دىمىشق ئەتراپىدا ئۇرۇش قىلىپ ، شاھزادىنىڭ لەشكەرلىرىنى توسۇپ تۇرماقچى بولغانىكەن .

ئەھۋالدىن قارىغاندا ، شاھزادىنىڭ قوشۇنلىرى ئىككى ـ ئۈچ پەرسەخ[1] يەرگە كېلىپ قالغان . مىرزا ئۇلۇغبەگ قانداقلا بولمىسۇن بىر قارارغا كېلىشى ۋە ئۇنى دەرھال ئىجرا قىلىشى لازىم ئىدى . لېكىن ، ئۇ ··· ئۇ يەنىلا ئۇرۇش قىلىش ، شاھزادە بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇچرىشىش ئىستىكى بىلەن ئۆرتىنەتتى . لېكىن ، بابا ھۇسەيىن ئەۋەتكەن خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن ، كاللىسىدا باشقا بىر خىيال كەچتى : پايتەختتە قايتىپ بېرىپ دەرۋازىلارنى تاقىۋېلىپ ، شاھزادە بىلەن سۇلھى شەرتنامىسى تۈزسەم قانداق بولۇر ؟ ياق ، شاھزادە مېنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشۇمغا كۆنمەيدۇ . بىراق ، ماڭىمۇ تاج ـ تەخت ئەسلا كېرەك ئەمەس ! شاھزادە مېنىڭ رەسەتخانام ۋە مەدرىسىلىرىمگە تەگمىسە ، مېنىڭ مەرىپەت يولىدىكى ئىشلىرىمنى مەنئى قىلمىسا ۋە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ئىلىم ـ پەن بىلەن مەشغۇل بولۇشۇمغا يول قويسا ، شۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ! ماڭا بۇلاردىن باشقىسىنىڭ يەنە نېمە كېرىكى ؟

بىراق ، شاھزادىنى بۇ شەرتلەرگە كۆندۈرۈش ئۈچۈن پۇقرالارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ ، مۇداپىئەگە ئۆتۈش لازىم .

مىرزا ئۇلۇغبەگ بارچە ئىككىلىنىشلەرگە خاتىمە بېرىپ ،

---

[1] پەرسەخ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى ، تەخمىنەن يەتتە ـ سەككىز كىلومېتىرغا تەڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۆرده جىم ئولتۇرغان ئەمىر ئىدرىس تارخانغا قارىدى .
— سىز دىمىشقتا قىلىپ ، ئىسكەندەر بەرلاسنىڭ لەشكەرلە-
رىگە ياردەم بەرگەيسىز ، ئەمىر ! كاللىڭىز كەتسىمۇ ، بۇگۈن شاھ-
زادىنىڭ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرگەيسىز . پەرمانىم ئايان بولغاند-
دۇ ؟
— ئايان بولدى ، ئۇلۇغ شاھىم ! — ئەمىر ئىدرىس تارخان تونىنىڭ ئىچىگە كىيىۋالغان ساۋۇتىنىڭ ھالقىلىرىنى شاراقلىتىپ تەزىم قىلدى .
مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن يۇمۇلغان كۆزلىرى چاقناپ ، ئوغلى ئابدۇل ئەزىزگە قارىدى .
— سەن ئىككى شاھزادىنى ئېلىپ ، دەرھال پايتەختكە ماڭغاي-سەن . مىرانشاھ دورغىغا ئالىي پەرمانىنى يەتكۈز . بارچە بەگ — ئەمەلدارلار دەرھال كۆكسارايغا يىغىلسۇن . كېڭەش قىلىمىز .
مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى ــ دە ، جامدىكى مەينى بىر ئۇتلىشىدا تۈگىتىپ ، ھېچكىمگە قارىماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .
كۈن ئولتۇرغان بولسىمۇ ، ئەتراپ تېخى يورۇق ئىدى . چۈش-تە پەسىيىپ قالغان شامال يەنە كۈچىيىپ ، سوغۇق ھەم يېقىمسىز بورانغا ئايلانماقتا ، يەر ــ جاھان چاڭ ــ توزان ۋە ئاسمان — پەلەككە كۆتۈرۈلگەن غازاڭلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ، غازاڭلار خۇددى قويۇندا قالغان قۇشلاردەك ھاۋادا تىنماي ئايلىنىپ ، يۈز ــ كۆزلەرنى ئايىماي ساۋىدايتتى .
قەلبىدىكى ئەلەم تاشقىنى بىلەن ئېلىشىپ كېتىۋاتقان مىرزا ئۇلۇغبەگ دىمىشقتىن چىقىپلا يۇلقۇنۇۋاتقان ئاق تۇلپىرىنىڭ تىز-گىنىنى قويۇۋەتمەكچى بولدىيۇ ، بۇنداق قىلسام يېنىمدىكىلەر باش-قىچە چۈشىنىپ قالمىسۇن دېگەن ئوي بىلەن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى . دىمىشق بىلەن سەمەرقەندنىڭ ئارىلىقى يىراق ئەمەس ، كۆپ بولسا ئىككى پەرسەخ كېلەتتى . دىمىشقتىن ئۆتسە باغدات ، ئۇنىڭ نېرىسىدا «قاھىرە قىشلىقى» ئىدى . بۇ قىشلاقلار بىر —

بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، ھەممىسى باغۋاران، ئۈزۈمزار ۋە ئانارلىق ئىدى. لېكىن، ھازىر باغلىرى تۇتىشىپ كەتكەن بۇ قىشلاقلارمۇ ئىگىسىز قالغان مازارلىقتەك چۆللىشىپ قالغانىدى. ئادەملەر قاياققىدۇر قېچىپ كەتكەن ۋە يوشۇرۇنغان، ئىككى تەرىپى سوقما تام بىلەن توسۇلغان تار كوچىلاردا، ھەتتا بازار - رەستىلەردىمۇ ئادەمزات كۆرۈنمەيتتى. پەقەت ھاسا تاياق-غان بوۋايلار، ئىگىسىز قالغان مال - چارۋىلار ۋە لالما ئىتلار ئاندا - ساندا ئۇچرايتتى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقتىن تاقەتسىزلەنگەن مىرزا ئۇ-لۇغبەگ ئېتىغا قامچا ئۇردى. دەل شۇ چاغدا «قاھىرە قىشلىقى» نىڭ باغلىرىغا كىرىدىغان يەردە ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئالىقانداق غوۋغا كۆتۈرۈلدى ۋە ئىلگىرىلەپ كەتكەن نۆكەرلەرنىڭ قاتتىق ۋارقىراشلىرى ئىشىتىلدى. كېيىن، بىر توپ چەۋەنداز ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، مىرزا ئۇلۇغبەگدىن نېرىراقتا توختىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ قىلىچىنى قىنىدىن چىقار-دى.

— كىم؟

— ئۇلۇغ شاھىم، ئەپۇ قىلغايلا، بىز پايتەختتىن قايتىپ كەلدۇق! ...

ئارقىمۇ ئارقا ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن شاھزادە ئابدۇل ئەزىز بىلەن سوغۇق چىراي سارايۋەن ئارغىماقلىرىنى دىۋىتىپ ئالدىغا ئۆتتى.

— قۇدرەتلىك شاھىم ...

— سۆزلە!

— دەرۋازىلارنى تاقىۋاپتۇ. مۇتتەھەملەر دەرۋازىلارنى ئېچىش-قا ئۇنىمىدى، ھەزرىتىم ...

— يالغان! — مىرزا ئۇلۇغبەگ ۋارقىرىغاندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ئاۋازى خىرقىراپ چىقتى - دە، بىردەم ئېغىر جىمجىتلىققا چۆمدى. قاراڭغۇدا شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىنىنىڭ: «يا پەرۋەردى-

گار ! ...» دەپ پىچىرلىشى ۋە مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ چوڭ ـ چوڭ نەپەس ئېلىشىلا ئىشىتىلدى .
— دورغا مىرانشاھ قېنى؟ دەرۋازىدا بارمۇ ئۇ؟
— يوق ، ئۇلۇغ شاھىم ! دورغا دەرۋازىغا كېلىشكە ئۇنىماپتۇ .
— بوشات يولنى ! — مىرزا ئۇلۇغبەگ ۋارقىرىدى ـ دە ، تاقەتسىزلىنىپ خارىلداۋاتقان ئاق تۇلپىرىنى قامچىلىدى . ئاچچىق قامچىغا ئۆگەنمىگەن ئەرەب ئارغىمىقى ئېگىزگە بىر سەكرىدى ـ دە ، شامالدەك ئۇچۇپ كەتتى ...
«پايتەخت دەرۋازىسى تاقالدى ! سەل كەم قىرىق يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋە پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھرگە مۇتلەق ھاكىملىق قىلغان تاجدارغا دەرۋازا ئېتىلىپ قالدى ! ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى بەخشەندە قىلغان ، ھەمدە مەدرىسە ، مۇنچا ، جاھاندا تەڭداشسىز رەسەتخانا ۋە كۇتۇپخانىلارنى بىنا قىلىپ ، ئالەمگە مەشھۇر قىلغان سەمەرقەند ئۇنىڭغا ئۆز دەرۋازىسىنى ئاچمىدى ! يـا رەببى ! قـايسى گۇنـاھى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بۇ خورلۇق ، بۇ ئىنتىقامنى راۋا كۆردۈڭ ؟ »
باغلارنى دولقۇنلاتقان بوران گويا ئۇنى توختاتماقچى بولۇۋاتقاندەك شىــددەت بىــلەن كۆكسىگە ئـۇرۇۋاتــتى . چـاڭ ـ تـوزان ۋە ئاسمان ـ پەلەككە كۆتۈرۈلگەن غازاڭلار يۈز ـ كۆزىگە شەپقەتسىز ساۋىدايتتى ! ...
«ئەڭ ئىشەنچلىك ئەمىرى سۇلتانشاھ بەرلاس ساتقۇنلۇق قىلدى . ئەمىر جاندار قاياققىدۇر قېچىپ كەتتى . يۆلەنچۈكۈم دەپ بىلگەن دورغا مىرانشاھ پايتەخت دەرۋازىسىنى تاقىۋالدى ... ئاھ ! بۇ قـانداق مەلئۇنلـۇق ، قـانداق كاززاپلىق ، نىمىدېگەن رەزىللىك ؟ ... بۇ مەردۇت سەلتەنەتتە كىمگە ئىشىنىش ، كىمگە تايىنىش كېرەك ، ئەي ياراتقۇچى ئىگەم؟» بۇ خىياللاردىن يۈرىكى ئوت بولۇپ ياتغان مىرزا ئۇلۇغبەگ چىشىنى چىشلەپ ، ئېتىنى يەنە قامچىلىدى . كۈچىگە تولغان ئاق تۇلپار ئالتۇن ئېغىزدۇرۇقنى چايناپ كىشنىدى . ئۇنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن ئېتىلىپ چىققان

تاش ۋە چالمىلار ھەر تەرەپكە ۋىژىلداپ ئۇچاتتى . ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن غازاڭلار مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە توختىماي ئۇرۇلۇۋاتقان بولسىمۇ ، ئۇ ھېچنىمىنى سەزمەيتتى . چۈنكى ، قەلـ بىدە دولقۇنلىنىۋاتقان ئەلەم تۇيغۇلىرى ئاغرىقنى بېسىپ كەتكەنـ دى . ئۇ كۆڭلىدە خۇداغا سېغىنىپ ، ئاجىز بەندەڭنى كەچۈرگەيـ سەن ، قېرىغىنىمدا بۇ خورلۇقنى ماڭا راۋا كۆرمىگەيسەن دەپ ئىلتىجا قىلاتتى .

باغلاردىن ئۆتكەندە ئەتراپ سەل يورۇغاندەك بولدى . بىردەمـ دىن كېيىن ، ئالدى تەرەپتە ئاسمان ـ پەلەككە تاقاشقان پايتەخت قورغىنى كۆرۈندى . قاراڭغۇدا قورغاننىڭ كۇنگۈرىلىك تاملىرى شۇنداق ئېگىز ھەم مۇستەھكەم كۆرۈنەتتىكى ، ئۇنى ھېچقانداق كۈچ يىمىرەلمەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى .

سۇيى ئەتىيازدىلا قۇرۇپ كەتكەن چوڭقۇر خەندەك يېنىدا مىرزا ئۇلۇغبەگنى يەنە بىر توپ نۆكەر كۈتۈۋالدى . ئۇلار ئارىسىدا شاھزادە ئابدۇل ئەزىز بىلەن جىيەنلىرى ئابدۇللا ۋە ئەبۇ سەئىد مىرزىلارمۇ بار ئىدى . بۇ ئۈچ شاھزادە ئەسەبىيلەشكەن ھالدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەنىدى . مىرزا ئۇلۇغبەگ شاھزادىلەرگە پىسەنت قىلماي ، خەندەكتىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ ، دۆڭلۈكتىكى دەرۋازا ئالدىدا توختىدى .

بوۋىسى ئەمىر تۆمۈر ياساتقان ۋە «دەرۋازائى ئاھەنىن» دەپ ئاتالغان بۇ قۇيما تۆمۈر دەرۋازا ھەقىقەتەنمۇ چىڭ تاقالغانىدى . دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قاراۋۇل تۇرىدىغان ئىككى مۇناردا كىملەردۇر كۆرۈنەتتى . تاملارنىڭ بۇلۇڭلىرىدا ۋە كۆزىنەش تۆـ شۈكلىرىدىمۇ ئاللىقانداق قارا سايىلەر كۆزگە چېلىقاتتى . بىراق ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بېشىنى چىقىرىپ قارىمايتتى . قەلبىدە ئەۋج ئالغان ئەلەم دولقۇنلىرىدىن يۈرىكى ئۆرتەنگەن مىرزا ئۇلۇغبەگ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ، ئېتىلىپ قالغان بۇ يوغان دەرۋازىنى ، ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان بۇ ئېگىز تاملارنى كۆرگەندە ، ، قەلبىـ دىكى دولقۇن پەسىيىپ ، تەنلىرى بوشىشىپ كەتتى . ئۇ ئۆز ۋۇجۇـ

دىدا توساتتىن پەيدا بولغان بۇ تۇيغۇنى ئاران يېڭىپ، سارايۋەنگە «دەرۋازىنى قاق!» دەپ ئىشارەت قىلدى. سارايۋەن ئىتتىنى دېۋە-تىپ بېرىپ، قىلىچى بىلەن دەرۋازىنى شاراقلىتىپ ئۇرۇۋىدى، تۆپىدىكى مۇناردىن:

— كىم سەن؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— مەن! — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئوغلى قاي-ناپ، — تاجدار مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆرەگانى!

— دەرۋازائى ئاھەننى ناماز ئەسىردىن كېيىن شاھ ۋە گادايغا ئوخشاشلا ئېتىكتۇر!

— ئاچ دەرۋازىنى، مەلئۇن!

مىرزا ئۇلۇغبەگ خۇددى دەرۋازىنى ئۆرۈۋېتەلەيدىغاندەك ئات سېلىپ باردى. شاش ئاق تۇلپار ئالدى پۇتى بىلەن دەرۋازىنى چاپچىدى - دە، كەينىگە ياندى. بىردەم جىم بولۇشقاندىن كېيىن، يۇقىرىدىن يەنە بايىقى ئاۋاز ئاڭلاندى:

- ئەپۇ قىلغايسىز، ھەزرىتى ئالىيلىرى! دورغا مىرانشاھ جانابلىرى پەرمان بەردى. دەرۋازا ئېچىلمايدۇ!

— تەخت ئىگىسى مەن بولىمەن. بارچە پەرمانلىرىم ۋاجىپ-تۇر!... دەرۋازىنى ئاچ ياكى دورغىنى چاقىر، بولمىسا كاللاڭدىن ئايرىلىسەن، مۇتتەھەم!...

مىرزا ئۇلۇغبەگ تېخى سۆزىنى تۈگەتمەيلا تامنىڭ ئۈستىدىكى مۇناردىن خىرقىراق، بوغۇق ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ھەددىڭ ئەمەس! ئۇنىڭ كاللى-سىنى ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزۈڭنىڭ كاللىسىغا ئېھتىيات قىلغىن، مۇھەممەت تەرەغەي!

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ تىلى كالۋالىشىپ، گاڭگىرىغىنىچە بىر-دەم تۇرۇپ قالدى. بۇ خىرقىراق، بوغۇق ئاۋازنىڭ ئىگىسى، ھەربىر سۆزىدىن زەھەر تېمىپ تۇرغان بۇ ئادەم ئەمىر سۇلتان جاندار ئىدى!...

ئەستاغپۇرۇللا! بۇ مەلئۇن لەشكەرلەرنى تاشلاپ قويۇپ، پاي-

تەختكە كېلىۋالغانىكەن ـ دە ! ئۇ قاچان ، قايسى يول بىلەن كەلگەندۇ ؟ ئۇنىڭغا دەرۋازىنى كىم ، نېمىشقـا ئېچىپ بـەرگەندۇ ؟ ... بـۇ ئىمـانسىز كاززاپلار قاچان تىل بىرىكتۈرۈۋالغـاندۇ ؟ بـۇ ديانەتسىز ئىنسـانلار ، بۇ ئەمىر ـ ئۆلىمالار ، بۇ ئەمەلدار ـ ئەربابلارغا لەنەت ، مىڭ لەنەت ! نەگىلا بارسا ، ھەممە ياقتا مەككار- لىق ، زۇلۇم ۋە ساختىلىق !

مىرزا ئۇلۇغبەگ پۈتىنىڭ ئۇچى بىلەن ئۇزەڭگىنى دەسسەپ قەددىنى رۇسلىدى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغان ئەلەم دولقۇنلىرىنى زورغا بېسىپ :

— ئەمىر سۇلتان جاندار !— دېدى ،— بەخت قۇشى كىمنىڭ بېشىغا قونىدىغانلىقى يالغۇز ھەقتائالاغا ئايانـدۇر . بەخت قۇشى مېنى تەرك ئەتسە ، سېنىڭ بەختىڭ ! ۋە لېكىن ، پەلەكنىڭ چاقى ئۆلۈك چۆرگىلەپ تاج ـ تەخت يەنىلا ئۆزۈمگە قالسا ... ئېسىڭدە بولسۇنكـى ، پۈتـۈڭدىن دارغا ئېسىپ ، ئـاستىڭدىن ئوت قويى- مەن ! — مىرزا ئۇلۇغبەگ شۇنداق دېدى ـ دە ، ئەمىر جاندارىدىن جاۋاب كۈتمەيلا ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىدى .

مىرزا ئۇلۇغبەگ خەندەكتىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈشى بىلەنلا ئۇنى شاھزادىلەر ئورىۋالدى . خىيالى ھەر تەرەپكە چېچىلغان مىرزا ئۇلۇغبەگ شاھزادىلەرنىڭ ھاياجانلىق سۆزلىرىدىن پەقەت : «شاھ- رۇھىيە قەلئەسى» دېگەن سۆزنىلا ئاڭقىرىدى ـ دە ، «مەيلى» دەپ قول شىلتىدى . ئۇ قاياققا ، نېمە مەقسەتتە كېتىۋاتقانلىقىنى بىل- مەيتتى . كاللىسىنى پەقەت بىرلا ئوي — ئىنسانلارنىڭ ساختىلى- قى ، يىرگىنچلىكى ۋە كاززاپلىقى بەند قىلىۋالغانىدى . سەل ئۆت- كەندىن كېيىن ، شاھرۇھىيە قەلئەسىگە ئات چاپتۇرۇپ كەتكەن شاھزادە ئابدۇل ئەزىز قايتىپ كەلدى . ئۇ قاتتىق ھاسىرىغان ھالدا دۇدۇقلاپ بىرنېمىلەرنى دەيتتى ، لېكىن ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنىش قىيىن ئىدى .

مىرزا ئۇلۇغبەگ شاھرۇھىيە قەلئەسىنىڭمۇ تاقىۋېلىنغانلى- قى ، قەلئە باشلىقى تۈركمەنبېگى ئىبراھىم پولات ئوغلىنىڭمۇ

سانقۇنلۇق قىلغانلىقىنى شاھزادىنىڭ كېكەچلەپ قىلغان گەپلىرىدىن ئاران ئاڭقىرىدى . بۇنى ئۇ ئەقلى ـ ھوشى بىلەن ئەمەس ، ئاللىقانداق بىر ئىچكى تۇيغۇ بىلەن ئاڭقىرىۋالدى ـ دە ، لېۋىنى قاتتىق چىشلىگىنىچە ئويلىنىپ قالدى . ئۇ بىردەم ئىككىلىنىپ ، قەلبىدىكى ئەلەم بىلەن بىر پەس ئېلىشتى . كېيىن ، ئارغىمىقىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىدى . ئۇ مىرزا ئابدۇللىتىپقا باش ئېگىش ، ياخشىلىق بولسىمۇ ، يامانلىق بولسىمۇ ئۆز پېشانىسىدىن كۆرۈش قارارىغا كەلدى .

## 10

قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقان ئەلى قۇشچى ئىشىكنىڭ ئاستا غىچىرلاپ ئېچىلغانلىقىنى تۇيۇپ ئويغىنىپ كەتتى . رەسەتخانا گۆردەك قاراڭغۇ بولسىمۇ ، ئەلى قۇشچىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى پەگادا دىۋە قامەت بىر كىشىنىڭ گەۋدىسى بىلەن ئىشىكنى توسۇپ ، قىمىر قىلماي تۇرغانلىقىنى كۆردى .

ئەلى قۇشچى ئىختىيارسىز ھالدا ياستۇقى ئاستىدىكى خەنجەرگە قول ئۇزاتتى .

— كىم سەن ؟

ئىشىكتىكى ئادەمدىن زۇۋان چىقمىدى .

— ئېيت ، كىم سەن ، ھەي گاچا ؟

— مەن گادايمەن ...

ئەلى قۇشچى خەنجىرىنى تۇتقىنىچە ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى .

— قەلەندەر قەرناقى ؟

— بەللى مەۋلانە ، يادىڭىزدىن چىقارماپسىز .

— جېنىڭدىن تويمىغان بولساڭ ، ئورنۇڭدىن قىمىرلىما !

— قورقماڭ ، مەۋلانە ... شامنى يېقىڭ !

— قىمىرلىما دەيمەن ، قىمىرلىما ! نەدىن كەلدىڭ ، بۇ دەر-

گاهقا ؟

— قەلەندەر قەرناقى بىراۋنىڭ ئىختىيارى بىلەن يۇرمەيدۇ ، مەۋلانە ، ئالتۇن ئىزدەپ كەلدىم بۇ دەرگاھقا . شامنى يېقىڭ ، مەۋلانە !

ئەلى قۇشچى خەنجىرىنى قىنىدىن شاققىدە سۇغۇرۇپ ئالدى . ئۇنىڭ كاللىسىدا : «يېنىڭدا شېرىكلىرىڭ بولمىسىلا ، سەن بىلەن ئېلىشىپ كۆرىمەن !» دېگەن ئوي كەچتى ـ دە ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ :

— نېمە دەپ ئالجىۋاتىسەن ، قەلەندەر ؟ — دېدى ، — ئىلىم دەرگاھىغا ئالتۇن نېمىش قىلسۇن ، ھەي تەنتەك ؟

قەلەندەر قەرناقى ئاستا كۈلدى .

— بۇ ئىلىم دەرگاھىغا جاھانگىرنىڭ[1] ئالتۇنلىرى كۆمۈلگەندۇر ، مەۋلانە !

— ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئالتۇنلىرى ؟ جۆيلۈمە ، گاداي !

— دۇر ۋە جاۋاھىرلىرىمۇ بارغۇ دەيمەن ، يوشۇرماقتىن پايدا يوق ، مەۋلانە !

ئەلى قۇشچى نېمە قىلىشنى بىلمەي ، بىردەم لال بولۇپ قالدى . «بۇ جۇنۇن سۈپەت دىۋانە ئالتۇننىڭ دېرىكىنى نەدىن بىلگەندۇ ؟ ئۇنى بۇ يەرگە كىم ئەۋەتتى ؟ يېنىدا كىم باردۇ ؟»

قەلەندەر قاراڭغۇدا گۈمبەزگە ئوخشاش كۈلاھ كىيگەن بېشىنى چايقاپ :

— مەۋلانە ئەلى قۇشچى ، — دېدى كىنايە بىلەن ، — كىممۇ سىزنى يولۋاس بىلەن ئېلىشقان شىر يۈرەك ئەلى قۇشچى دېسۇن ! شامنى يېقىڭ ! شائىر قەلەندەر بۇ دەرگاھقا يامان نىيەت بىلەن كەلگەن بولسا ، بايىلا بوغۇزلاپ تاشلايتتى سىزنى !

قەلەندەرنىڭ گېپى ئورۇنلۇق ئىدى . چۈنكى ، رەسەتخانىغا تۇيدۇرماي كىرگەن ئادەم ، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان مەۋلانىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىۋېتەلىشى ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى .

---

[1] بۇ يەردىكى جاھانگىر سۆزى ئەمىر تۆمۈرنى كۆرسىتىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەلى قۇشچى قاراڭغۇدا پايپاسلاپ تەكچە تەرەپكە ئۆتتى ۋە ئاخشىمى ئۆچۈپ قالغان شامنى ياقتى. شامنىڭ غۇۋا شولىسىدا كۆتۈپخانىنىڭ تاملىرىدىكى زەر ھەل نەقىشلەر، جاۋەنلەردىكى كىتابلارنىڭ ئالتۇن رەڭ مۇقاۋىلىرى ۋالىلداپ كەتتى. قەلەندەر قەرناقى ئۇستىگە جەندە، بېشىغا ئۇچلۇق ئەسكى كۇلاھ كىيگەن ھالدا، دېۋىنىڭكىدەك قامىتى بىلەن يەنىلا ئىشكنى توسۇپ تۇراتتى. ئۇ قول قوۋۇشتۇرۇپ تەزىم قىلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇستاز!

بۇ قېتىم ئۇ «مەۋلانە» دېمەي، «ئۇستاز» دېدى. بۇ پاسىق دەرۋىشلەردىن ئۆگەنگەن ئالدامچىلىقمۇ ياكى قەلەندەر قەرناقىنىڭ بۇرۇنقى سەممىيلىكىمۇ؟ ئەلى قۇشچى قولىدىكى شامنى ئېگىز رەك كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلدى. چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن قەلەندەر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئۇيقۇسىز كۆزلىرىنى قاچۇرمـاي، ئـۇنىڭغا قـادىلىـپ تـۇراتتى. كـىيىمـلىرى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، دېۋە قامەت قەلەندەرنىڭ ساقال باسقان ئورۇق، ياداڭغۇ يۈزىدىن، ئۇيقۇسىزلىقتىن كىچىكلەپ كەتكەن كۆزلىرىدىن دەردمەنلىكى ۋە ئاللىقانداق دىل خەستىلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن سەۋدالار ئەلى قۇشچىنىڭ ئېسىگە كەلدى - دە، كۆڭلى سەل يۇمشىدى.

— كەل، ئاللانىڭ گادىيى، ئولتۇر!

قەلەندەر چەبدەسلىك بىلەن كىلىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە قولىغا سۆيدى.

«نېمە بولغاندۇ بۇ؟ نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟»

— يۇقىرى ئۆت، ئولتۇر، قەلەندەر...

قەلەندەر «رەھمەت» دېگەن مەنىدە باش لىڭشىتىپ:

— كەچۈرگەيسىز، ئۇستاز، — دېدى، — گەپنى ئالتۇندىن باشلاپ، سىزنى چۆچۈتۈۋەتتىم.

— ئالتۇن... ئالتۇن!... بۇ سۆزنى نەدىن تاپتىڭ، قەلەندەر؟

— سەۋر قىلغايسىز، ئۇستاز. ئاۋۋال سىزدىن بىر نەرسىنى

سورىماقچىمەن ، — قەلەندەر پەرىشان ھالدا ئەلى قوشچىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى ، — سىزدەك زامانىمىزنىڭ ئالىمى پىقىرنى كىم ، قانداق ئادەم دەپ بىلىسىز ؟

دەرۋەقە ، بۇ ئادەم زادى كىم ؟ يىراق يەسسىدىن كېلىپ ، ئاۋۋال نۆكەر بولدى ، كېيىن قىلىچىنى قەلەمگە ، سوۋارىچە ساۋۇتلىرىنى ئىلىم ئەھلىنىڭ ئاددىي كىيىملىرىگە ئالماشتۇرۇپ تالىپى ئىلىم بولدى ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەدرىسىنى تاشلاپ ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا يۈردى . ھازىر بولسا ، بېشىغا ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن ئەسكى كۇلاھ ، بەدىنىگە جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن جەندە كىيگەن ھالدا ، ئۇنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىپ تۇرۇپتۇ ...

ئەلى قوشچى مۇرىسىنى قىستى .

— بىر نېمە دېيىشكە تىلىم لالدۇر ، ئاللانىڭ گادىيى ...

قەلەندەر قاتتىق خورسىنىپ :

— پىقىر بۇ بىۋاپا دۇنيادىن ھەقىقەت ئىزدەپ تاپالمىغان ۋە ئاداشقان بەندىمەن ، ئۇستاز ! — دەپ خىتاب قىلدى ، — دەسلەپ ساھىبى تاج مىرزا ئۇلۇغبەگدىن يۇرتۇمغا مەدەت تىلەپ كېلىپ ، مەدەتكە ئېرىشەلمىدىم . يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ ، بىر مۇساپىر ، ئۆي - ماكانسىز بىر لالما ئىت بولۇپ قالدىم . ھەقىقەتنى دەپ بارمىغان يېرىم ، كىرمىگەن تۆشۈكۈم قالمىدى ، ئاخىر ئەھلى ئاللا گادايلىرىغا ئىخلاس قىلدىم ۋە لېكىن ... نېمە چارە ؟ ئۇلار ئارىسىدا گادايلارنىلا ئەمەس ، ئاغزىدىن ھەمدۇساناني چۈشۈرمەيدىغان تىلى ھەسەل ، دىلى زەھەر كاززاپلارنى ، ئەقلى قىسقا نادانلارنى كۆردۈم . ئەمدىلىكتە ، مەيلى ئىشىنىڭ ، مەيلى ئىشەنمەڭ ، ھەقىقەتنى ئىزدەپ يەنىلا ئىلىم دەرگاھىغا كەلدىم ، ئۇستاز !

قەلەندەرنىڭ ئاۋازى توساتتىن بوغۇلۇپ ، جىم بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ سەممىيىتىگە جەزم قىلىش قىيىن ئىدى . لېكىن ... ئەلى قوشچى زورغا كۈلدى .

— سۆزۈڭدە مەنتىقە يوق ، قەلەندەر ، ھەقىقەت ئىزدەپ كەل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىم دەيسەن ۋە لېكىن ھەقىقەتنى ئەمەس ، ئالتۇننى سۇرۇشتە قىلىسەن ! ...

— بۇنىڭ سەۋەبى شۇلكى ، بۇ ئالتۇن بېشىڭىزغا بالا بولۇپ ، سىزگە ئاپەت كەلتۈرىدۇ ، مەۋلانە !

— مەندە ئالتۇن بارلىقىنى قانداق بىلىسەن؟ دەپ باقە ، دەرۋىش !

— ياق ، ئاۋۋال سىز دەڭ ، ئۇستاز . بۇ دەرگاھقا ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئالتۇنلىرى يوشۇرۇلغانلىقىنى بىراۋغا ئېيتقانمىدىڭىز ؟

ئەلى قۇشچى ئىختىيارسىز ھالدا :

— خوجا سالاھىددىن زەرگەر !— دەۋەتتى ، — قانداق ؟ ...

قەلەندەر لېۋىنى چىشلەپ ، بېشىنى چايقىدى :

— ھەي ، مەۋلانە ، مەۋلانە ! سىز دەك يېتىلگەن دانىشمەن بۇ ئىشقا كەلگەندە كالتە پەملىك قىلىپ قويۇپسىز . ئۇ قېرى تۈلكە بۇ سىرنى شەيخ ھەزرەتلىرىگە ئاشكارىلاپ قويۇپتۇ . ئالتۇننى يوشۇرۇپ ، دەرھال قاچمىقىڭىز لازىم . بولمىسا ، ئالتۇننى تارتىۋېلىپ ئۆزىڭىزنىمۇ يوق قىلىدۇ ، ئۇستاز !

ۋادەرىخا ! چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ، كۆزلىرى يېنىپ تۇرغان بۇ مەجنۇن سۈپەت دەرۋىش راست گەپ قىلىۋاتامدۇ ياكى ھىيلىگەرلىك بىلەن ئۇنىڭ سىرىنى بىلىۋالماقچى بولۇۋاتامدۇ؟ لېكىن سالاھىددىن زەرگەر ! ... ياق ، بۇ دەرۋىش يالغان سۆزلىمەس !

ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گۇماننى سەزگەن قەلەندەر قاپىقىنى سىلىپ دېدى :

— پېقىر بۇ يورۇق دۇنياغا كېلىپ ، ئىككى ئادەمدىن يامانلىق كۆرمىدىم ، بىرى — ئۇلۇغ پادىشاھىدارىم مىرزا ئۇلۇغبەگ ، بىرى — سىز ، ئاكا ! ھۇزۇرىڭىزغا باش ئېگىپ كېلىشىمدىكى مەقسەت ، ياخشىلىقتا ياخشىلىق قىلماقتۇر . بۇ نىيىتىمدىن گۇمانلانسىڭىز ، ھازىرلا قايتىپ كېتىمەن ، ئۇستاز ... — قەلەندەر قانداقتۇر بوغۇلۇپ ـ بوغۇلۇپ سۆزلىدى ـ دە ، ئەلى قۇشچى

نىڭ كۆڭلىدىكى ئاخىرقى گۇمانلارنى يوقىتىۋەتتى .
ئەلى قۇشچى كۆزىنى قەلەندەرنىڭ غەمكىن كۆزىدىن ئۈزۈپ ، جاۋەندىكى كىتابلارغا قارىدى :
— سەن تىللا ۋە جاۋاھىرلاردىن گەپ ئاچتىڭ ، قەلەندەر ، ۋە لېكىن ئالتۇندىنمۇ قىممەت بۇ بايلىقنى قانداق قىلىمىز ؟ مەنمۇ بۇنىڭدىن باش تارتسام ، بۇ مىسلىسىز خەزىنىنىڭ تەقدىرى نىمە بولار ؟
قەلەندەر بېشىنى كۆتۈرۈپ جاۋەنلەرگە ئۇزاققىچە تىكىلدى . شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ مەكروھ كىتابلار توغرىسىدا ئېيتقان تەھدىتلىك سۆزلىرى ئېسىگە كەلدى .
— يوشۇرماق كېرەك !
— بۇنچىۋالا نەرسىنى نەگە يوشۇرىمەن ؟ قانداق يوشۇرىمەن ، قەلەندەر ؟
— ساندۇقلارغا سېلىپ باشقا شەھەرلەرگە ئېلىپ كەتمەك كېرەك !
— قايسى شەھەرگە ئېلىپ بارىمەن ؟ مىرزا ئابدۇللەتىپ تەختكە چىقسا ، ئۇنىڭ ئايىغى باسمايدىغان شەھەر قالۇرمۇ ؟
— نىمىلا بولسا ، بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىش لازىم ! — قەلەندەر بېشىدىكى كۇلاھىنى رۇسلاپ ، بىردەم ئويلىنىپ تۇردى ، ئاندىن ئەلى قۇشچىغا قارىمايلا :
— رەسەتخانىدا سىرتقا چىقىدىغان لەخمە بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى .
ئەلى قۇشچى بىردەم خىيال سۇرگەچ :
— بار ، — دەپ جاۋاب بەردى .
— ئالتۇنلارنى ئېلىپ مەن بىلەن مېڭىڭ ، — دېدى قەلەندەر بۇيرۇق ئاھاڭىدا ، — بىر يەرگە بارىمىز ، ئۇستاز .
— نەگە ؟
— سورىماڭ ، ئالتۇنلارنى ئېلىڭ !
قەلەندەرنىڭ بۇيرۇقى ئەلى قۇشچىنىڭ كۆڭلىدە يەنە گۇمان

پەيدا قىلغان بولسىمۇ، ئۇ تەۋەككۈلچىلىك بىلەن جاۋەنگە شوتا قويۇپ، كىتابلار ئارىسىغا يوشۇرۇلغان ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلارنى ئېلىشقا باشلىدى.

قەلەندەر پىيالىدەك — پىيالىدەك قۇيما ئالتۇنلارنى قولىدا دەڭسەپ كۆرۈپ، خۇرجۇنغا سالغاچ:

— بۇ بايلىقلارنى يوشۇرغان مەخپىي جايىڭىز شۇمۇ؟ بارىكالللا سىزگە، مەۋلانە! — دەپ كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئالتۇنلارنى جايلاشتۇرۇپ بولۇپ:

— لەخمە نەدە؟ باشلاڭ، مەۋلانە! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئۇنىڭ قوپال بۇيرۇقى ئەلى قۇشچىغا تېخىمۇ غەلىتە تۇيۇلغان بولسىمۇ، ئەمدى يېنىۋېلىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. ئۇ قوينىدىكى خەنجىرنى رۇسلاپ قويدى-دە، قولىغا شامنى ئېلىپ ئىشىكنى ئاچتى.

تىك پەلەمپەيلەر قاراڭغۇ ئارچۇقتىن يەر ئاستى يولىغا ئېلىپ چۈشەتتى.

بىرىنچى قەۋەتنىڭ يان تەرىپىدە تارغىنا ئۆي بولۇپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈگمەن تېشىغا ئوخشاش يۇمىلاق تاش بىلەن يېپىپ قويۇلغان قۇدۇق بار ئىدى. قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى جىق بولسا ئون-ئون بەش گەز بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تەرىپىدىن ئادەم ئاران سىغىدىغان تۆڭلۈك ئېچىلغانىدى. تۆڭلۈكتىن كىرىپ، يەر ئاستىدىكى تار، يىلان ئىزىدەك لەخمىدىن ئۆتسە، كۆمەك تەرەپتىكى سايغا چىققىلى بولاتتى. بۇ لەخمىنى پۈتۈن ماۋەرائۇننەھىردە پەقەت ئىككىلا كىشى — مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن ئەلى قۇشچىلا بىلەتتى. لېكىن، ئەلى قۇشچىمۇ ئۇنىڭغا ئۆمرىدە بىرلا قېتىم چۈشۈپ باققانىدى.

— بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم!

ئاغزى-بۇرنىنى كىچىك شايى ياغلىق بىلەن توسۇۋالغان ئەلى قۇشچى بېلىگە ئارغامچا باغلاپ، قۇدۇققا بىرىنچى بولۇپ چۈشتى، ئاندىن قۇدۇقنىڭ تاملىرىنى سىلاپ-سىيپاپ يۈرۈپ،

تۆگىلۆكنىڭ ئاغزىدىكى تاشنى ئېلىپ تاشلىدى ، قاراڭغۇ ئۆڭكۆرنى كۆرگەندە پۈتۈن ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان يېقىمسىز تۇيغۇنى ئاران يېڭىپ تۆگىلۆكتىن كىردى . ئادەمزات باش تىقىپ باقمىغان تار لەخمە ئۆمۈچۈك تورلىرى بىلەن قاپلانغان بولۇپ ، زەيلىشىپ كەتـ- كەن تاملاردا ھەرخىل قۇرت - قوڭغۇزلار ئۆمىلەپ يۈرەتتى . سېسىق زەي ھىدى دىماغقا گۈپ - گۈپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى . ئەلى قۇشچى شام تۇتقان ھالدا ئالدىغا ئېڭىشىپ كېتىۋېتىپ ، تامدا شامدىن قېچىپ تىمىسقىلاپ يۈرگەن قۇرت - قوڭغۇزلارنى كۆرۈپ سەسكىنىپ كەتتى ... توساتتىن ، يىلانغا ئوخشاش شىلىمـ- شىق بىر نەرسە «شالاپ» قىلىپ بوينىغا چۈشتى - دە ، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىنى سىرقىرىتىۋەتتى . قەلەندەر بولسا ، ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي ، ئۇنىڭ كەينىدىن خورجۇنىنى سۆرەپ ماڭاتتى . بەزىدە گويا : «تېزرەك مېڭىڭ ، مەۋلانە» دېگەندەك قىـ- لىپ ، ئالىقىنى بىلەن ئەلى قۇشچىنى مۈرىسىدىن تۈرتۈپ قوياتـ- تى . ئاخىر ئۇلار قاراڭغۇ ، تار يولنى تۈگىتىپ ، ئوڭغۇل - دوڭغۇل چوڭ يولغا چىقىپ توختىدى .

قەلەندەر بىلەن ئەلى قۇشچى پۈتى بىلەن يەرنى تىرەپ تۇرۇپ قوللىرى بىلەن تاشنى تىك كۆتۈرۈۋېدى ، تاش ئاستا قوزغىلىپ ، توساتتىن «گۈلدۈر» قىلىپ ئاغدۇرۇلدى - دە ، دىماغلىرىغا ساپ ھاۋا گۈپپىدە ئۇرۇلدى ... لەخمە دەرەخ بويى كېلىدىغان يارغا تۇتاشقان بولۇپ ، يارنىڭ تېگى تاشلىق ساي ئىدى .

ئۇلار سايغا چۈشۈپ ئىككىسى بىرلىكتە يوغان تاشنى ئۆز جايىغا قويدى - دە ، يار ياقىلاپ مېڭىشتى .

ئەلى قۇشچى شۇنىڭغا ھەيران ئىدىكى ، قەلەندەر قەرناقى سەـ- مەرقەندكە ئەمەس ، ئەكسىچە ئۆرگۈت تەرەپكە يول ئالدى . سەل ئۆتكەندىن كېيىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ ، ئابىرەھمەت ئۆستىڭىنى ياقىلاپ ماڭدى ...

ئايسىز ، قاپقاراڭغۇ كېچىدە يول يۈرۈش ئۇلارغا قىيىن كەلـ- گەن بولۇپ ، ئاياغ ئاستىدىكى تاشلار غىچىر - غىچىر قىلاتتى ،

www.uyghurkitap.com

ئېرىق بويىدىكى تاللارنىڭ شاخلىرى يۈزگە ئۆرۈلاتتى .

قەلەندەر يەنىلا ھېچنىمىگە پەرۋا قىلماي ، قەدىمنى بارغانسېرى تېزلەتتى ... بۇ تەلۋە دەرۋىش ئۇنى قەيەرگە باشلاپ ماڭدى ؟ نىيىتى زادى پاكمۇ ـ يوق ؟ پاك بولسا ، نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى نېمە ئۈچۈن پىنھان تۇتىدۇ ؟ ... ئەنە ، ئالدىدا ئاللىقانداق باغلار كۆرۈندى . پەستە ، ساي بويىدا تۈگمەن نورلىرىدىن قۇيۇلغان سۇنىڭ بىر خىلدا شارقىرىشى ئاڭلاندى . ئۇلار تۈگمەنگە بارماي چوڭ بىر باغقا كىردى ۋە ئۈزۈمزارلاردىن ، تېخى كۆمۈلمىگەن ئانارلىقلاردىن ئۆتۈپ ، دۆڭلۈكنىڭ يانباغرىغا جايلاشقان مەھەللىگە كىردى ، كېيىن يەنە ئوڭغا بۇرۇلۇپ ، تار كوچىنى بويلاپ كېتىشتى .

«ناغرا تۆپە» دېدى ئەلى قۇشچى ئۆزىچە . كوچىلار شۇنداق تار ۋە ئەگرى ـ توقاي ئىدىكى ، ئىككى تۆگە ئۇدۇل كېلىپ قالسا ئۆتۈشەلمەيتتى . كوچىدىكى ئۆيلەر ، سوقما تاملار ، قول سوزسا يېتىدىغان بالىخانىلار گۆرىستاندەك جىمجىت بولۇپ ، ھويلىلاردىن «تاق» قىلغان سادا چىقمايتتى . پەقەت بەزى ـ بەزىدە پاكار دەرۋازىلار ئارقىسىدا ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ، قويلارنىڭ تېپىرلىشى ئىشتىلىپ قالاتتى ـ دە ، يەنە جىمىپ كېتەتتى .

ئۇلار تار كوچا بىلەن كىچىكرەك بىر مەيدانغا چىقتى . مەيداننىڭ قىبلە تەرىپىدە ئېگىز بىر دۆڭلۈك بولۇپ ، ئۇنىڭ ئېتىكىدە ئىككى تۇپ سېدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

قەلەندەر قەرناقى ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈۋېلىپ ، ئەلى قۇشچىغا «يۈرۈڭ» دەپ ئىشارەت قىلدى ـ دە ، مەيداندىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ ، سېدە ئاستىدا توختىدى .

دۆڭلۈكنىڭ ئالدى تەرىپى گويا پىچاق بىلەن كېسىپ قويغاندەك تىك بولۇپ ، ئوتتۇرىسىدا غاردەك بىر نەرسە كۆرۈنۈپ تۇراتتى . قەلەندەر پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بېرىپ ، غارنىڭ تۆمۈر قاپلانغان ئىشىكىنى ئۈچ قېتىم ئاستا چەكتى ـ دە ، ئۆزىنى يەنە سېدىنىڭ دالدىسىغا ئالدى . سەل ئۆتكەندىن كېيىن ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلىپ ، تۆڭلۈكچە بىر بوشلۇق كۆرۈندى .

قەلەندەر ئەلى قۇشچىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ، ئىڭىشكىنىچە قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەتتى .
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئاتا ...
ئۆڭكۈرنىڭ ئىچكىرى تەرىپىدىن بىر خىل بوم ئاۋاز ئاڭلاندى :
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! ...
ئەلى قۇشچى قەلەندەرنىڭ ئارقىسىدىن قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە كىردى ۋە كاللىسىدا : «بىر لەخمىدىن چىقىپ باشقا بىر لەخمىگە كىردۇقمۇ ؟ بۇ جۇنۇن سۈپەت دىۋانە قايسى گۆرگە باشلاپ كەلدى مېنى ؟» دېگەن ئوي كەچتى .
ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ لەخمىگە ئوخشاش پاكارغىنا قاراڭغۇ تار - چۇققا كىرگەنىدى . تارچۇقنىڭ ئايغىدا پىلىلداپ تۇرغان شولا كۆرۈندى . ئۇلار شولىغا قاراپ ماڭدى ۋە سوزۇنچاق تار يولدىن ئۆتۈپ ، ئۇستى گۇمبەز شەكلىدىكى چوڭ غارغا كىردى . تەكچىدى - كى جىنچىراغنىڭ غۇۋا شولىسىدا ، يوغان غار تولىمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلاتتى . ئالدىدا كېتىۋاتقان قەلەندەر توختاپ :
— مانا ، كەمىنە گېپىنى قىلغان مەۋلانە ئەلى قۇشچى ھۇزۇ - رىڭىزغا قەدەم تەشرىپ قىلدى ، ھەزرىتى تۆمۈر بوۋا ! — دېدى .
گىرىمسەن قاراڭغۇ غارنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن بايىقى تەمكىن ئاۋاز ئاڭلاندى :
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، مەۋلانە ! پېقىر كۇلبىمىزگە خۇش كەپسەن ، ئوغلۇم ئالائىددىن !
ھەيران بولغان ئەلى قۇشچىنىڭ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ ، ئالدىغا ئۆتتى .
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، ئاتا !
— بارىكاللا مەۋلانە ! قېنى ، يۇقىرى ئۆت !
كۆزلىرى قاراڭغۇغا كۆنۈك ئەلى قۇشچى ئەتراپقا قىزىقىپ قارىدى .
ئۇلار كىرگەن جاي ئېگىز دۆڭلۈكنىڭ يانباغرىغا ئويۇلغان يوغان غار بولۇپ ، ئىككى يېنىدا يەنە كىچىكرەك ئىككى ئۆڭكۈر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرۈنەتتى . تارچۇقتىن كىرگەنلا يەردىكى ئۆڭكۈردە تۆمۈرچىلىك جابدۇقلىرى ، يەنى بازغان ۋە سەندەل ، ئۇنىڭ ئاستىدا قەلەم ، بولقا ، ئۇزۇن قىسقۇچ ، ئامبۇر قاتارلىق نەرسىلەر تۇراتتى ، سول تەرەپتىكى غاردا قازان - چۆمۈچ ، چەينەك ، تاۋاق ، ھەرخىل ئاپتۇۋا ۋە باشقا تاماق جابدۇقلىرى تىزىپ قويۇلغانىدى . چوڭ غارنىڭ تۆرىدىكى پاكار سۇپىدا بېشىغا يۇمىلاق كىگىز كۇلاھ كىيگەن ، ئۇزۇندىن بېرى قايچا تەگمىگەن قويۇق ساقىلى كۆكسىگە چۈشۈپ تۇرغان بىر بوۋاي غاڭزا تۇتقان هالدا ، قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن كەڭ جۇۋىغا ئورىنىپ ، بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى .

بوۋاينىڭ ئارقىسىدىكى تۇپتۇز چېپىلغان تامغا ئىككى قىلىچ ۋە قالقان ئېسىلغان بولۇپ ، قىلىچلارنىڭ ئارىسىدىكى تەكچىدە كونىراپ كەتكەن كىتابلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى ... غارغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قالغان ئەلى قۇشچىنىڭ ئېسىگە ، بىر زامانلاردا ئۇرگۇت تاغلىرىدا مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن شىكارغا چىققاندا كۆرگەن بىر غار كەلدى . گۆرگە ئوخشايدىغان ئاشۇ غارمۇ بۇ غارغا ئوخشاش قاراڭغۇ ، پاكار لەخمىدىن ئۆتسە ، ئاندىن مۇشۇنداق كەڭ غارغا كىرگىلى بولاتتى . غارنىڭ تاملىرى ۋە گۈمبەز شەكىللىك تورۇسى گويا قول بىلەن ياساپ قويغاندەك سىلىق بولۇپ ، ئاپئاق مەر - مەر تاشلاردىن بىنا بولغانىدى . توساتتىن ، ئەلى قۇشچىنىڭ كاللى-سىدىن : «خەزىنىنى ئاشۇ غارغا يوشۇرماق كېرەك !» دېگەن ئوي كەچتى .

ئۇنىڭ خىيالىنى بوۋاينىڭ :

— نېمىشقا هاڭۋېقىپ قالدىڭ ، مەۋلانە ؟— دېگەن سۆزى بۆلۈۋەتتى .

— قېنى ، ئۆت بۇياققا ! — بوۋاي ئوڭ تەرىپىدىكى ئۇستىگە تېرە تاشلانغان يوغان كۆتەكنى كۆرسەتتى ، — تارتىنماي ئولتۇرۇ-ۋەرگەيسەن ، مەۋلانە . بۇ كۆتەكتە ، ئاجىز بەندىنىڭ دوستى ، بەخت ئىگىسى ئەمىر تۆمۈر ئولتۇرۇپ ، مانا بۇل كوزىدا ، — بوۋاي قولىنى سوزۇپ كىتاب تىزىلغان تەكچىنىڭ ئاستىدىن يوغان مىس

كوزىنى ئالدى ، — مانا شۇل كوزىدا پىقىرغا مەي تۇتقان ، پىقىر ئۇنىڭغا نەشە چەكتۈرگەنمەن ، مەۋلانە...

ئەلى قۇشچى مانا ئەمدى ئۆزىنىڭ تۆمۈر سەمەرقەندى ئۇستا دېگەن داڭلىق تۆمۈرچىنىڭ غارىدا تۇرغانلىقىنى ئاڭقىردى . ئەمىر تۆمۈر قوشۇنىدا خىزمەت قىلغان بۇ ئادەم توغرىسىدا ئەلى قۇشچى كۆپلىگەن ئاجايىپ - غارايىپ ھېكايە - چۆچەكلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرمىگەنىدى .

ئەلى قۇشچى ئەدەپ بىلەن قول قوۋۇشتۇرۇپ ، بوۋاي كۆرسەتكەن كۆتەكتە ئولتۇردى . قەلەندەر بولسا ، بوۋاينىڭ يېنىدا يۆكۈندى .

— ھە ، مەۋلانە ئەلى قۇشچى ، — دېدى بوۋاي ، — سەن ئەمىر تۆمۈر كۆرەگانى ئولتۇرغان كۆتەكتە ئولتۇرۇپسەن . ئەمىر تۆمۈردىن كېيىن ، بۇ كۆتەكتە ئۇنىڭ پەرزەنتى — خاقانى سەئىد شاھرۇھ مىرزا ئولتۇرغانىدى ... — بوۋاي شالاڭ ، لېكىن ئۆسكەلەڭ قاشلىرىنى سىلاپ ، مىيىقىدا كۈلدى ، — ئۇل زاتى شەرىپ ئالتۇن ئېلىپ كېلىپ ، قىبلىگاھ ئەمىر تۆمۈرگە ياساپ بەرگەن قىلىچتەك قىلىچ ياساپ بېرىشىمنى سورىدى . لېكىن ، مېنىڭ قىلىچ ياسىماسلىقىم قەسەم قىلغانلىقىمنى بىلمەيتتۇ ...

بۇ توغرىدىمۇ ئەلى قۇشچى ئالىلىقانداق مىش - مىش گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى : شاھرۇھ مىرزا سەمەرقەندكە قەدەم تەشرىپ قىلغاندا ، مەشھۇر بىر تۆمۈرچىگە قىلىچ ياساتماقچى بولغان ، تۆمۈرچى بولسا قىلىچ ياساشتىن باش تارتقانىكەن . شاھرۇھ مىرزا دەر غەزەپكە كېلىپ ، ئۇنى دارغا ئېسىشقا بۇيرۇغانىكەن . لېكىن ، بۇ ئىشقا مىرزا ئۇلۇغبەگ ئارىلىشىپ ، تۆمۈرچىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىكەن ...

ئەلى قۇشچى بوۋاينىڭ قارا قۇرۇم باسقان قورۇق يۈزىگە ، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرىگە ھاياجان بىلەن تىكىلدى . بوۋاينىڭ كەڭ يۈزى ، كۆكسىگە چۈشۈپ تۇرغان ئاپئاق ساقىلى ، كۈچكە تولغان يوغان گەۋدىسى ، تىزىغا قويۇلغان قاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

سۆڭەك قوللىرى خۇددى تاشتىن ئويۇپ ياسالغاندەك ئىدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن بۆلەكچە بىر مەردانىلىق ، ئىرادە ۋە كۈچ يېغىپ تۇراتتى .

— قەسەم ئىچىشىڭىزگە نېمە سەۋەب بولدى ، ئاتا ؟ — دېدى ئەلى قۇشچى .

بوۋاي تەرىنى تۇرۇپ ، قولىنى سىلكىدى .

— ئۇھ ، بۇنىڭ ھېكايىسى ئۇزۇن ، ئىنىم . ئەلقىسسە ، كەمىنە ئەمىر تۆمۈرنىڭ قوشۇنىدا قورال - ياراغ ياساش ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدىم . مەن تۆمۈر سەمەرقەندى ئۇستا ياسىغان قىلىچلارنىڭ داڭقى يەمەندىن - يەسەنگىچە پۇر كەتكەنىدى . ئوغلۇم ، بىر كۈنى ھەزرىتى ئالىيلىرى بىر قىلىچ بۇيرۇدى ، سېپى ئالتۇندىن ، ئۆزى پولاتتىن بولسۇن ، چاپقاندا تاشنىمۇ كېسەلەيدىغان بولسۇن ، دېدى . ياسىدىم ، ئۇل شۇنداق قىلىچ بولدىكى ، ئەمىر تۆمۈرنىڭ قولىدا كۆتەكتەك يوغان تاشنى مايىنى كەسكەندەك كەستى . ھەزرىتى ئالىيلىرى خۇشال بولۇپ ، ئۇستۇمگە زەرباپ تون كىيگۈزدى . ئەمما ، پەلەكنىڭ گەردىشىنى قاراڭ ، مەۋلانە . ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئۇ شەپقەتسىز شاھ ، مەندەك ئاجىز بەندە ياسىغان شۇ قىلىچ بىلەن كۆكساراي مەيدانىدا يالغۇز ئاكام — بىردىنبىر جانجىگەر يۆلەنچۈكۈمنىڭ كاللىسىنى ئالدى ! — ••• بوۋاي كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، لەۋلىرىنى پىچىرلىتىپ تـۇرۇپ تىلاۋەت قىلـدى ۋە دۇئـا ياندۇردى ، — ئۇل جانجىگىرىم زەربىدارلار سەركەردىسى ، شىر يۈرەك باتۇر ئىدى . پېقىرغا : «ئۇكام تۆمۈر ، قوي ، شۇل ھۈنىرىڭنى . بۇ قانخور كاللا كېسەرگە كىمكى قىلىچ ياساپ بەرسە ، تۇگىمەس گۇناھقا قالىدۇ ، ئاخىرەتتە جاجىسىنى يەيدۇ» دەيتتى ، رەھمەتلىك . ياق ، ئۇنىڭ نەسىھىتىگە كۆنمىگەنىدىم . ئۇل تاجدارنىڭ شېرىن كالامىيۇ ، تارتۇقلىرىغا خۇش بولغانىدىم . ئەمما ، بۇل ھۈنىرىم پەرۋەردىگارى ئالەمگە مەقبۇل بولمىغانىكەن ، ئاخىر جازامنى يېدىم . ئۆزۈم ياسىغان قىلىچ بىلەن ئۆز قېرىندىشىمنىڭ بېشى كېسىلگـەنلىكىنـى كۆردۈم . ئاكـامغا قوشـۇپ يەنـە ئوت-

تۆز ئىككى مەرد ئوغلان... ئوتتۇز ئىككى زەربىدارنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى ... هە ، ئوغلۇم ، ئاكامنىڭ ئۆزۈم ياسىغان قىلىچتا تۆكۈلگەن قېنىنى كۆردۈم - دە ، بىر كېچىدىلا ئەمىر تۆمۈر ئىنئام قىلغان ھەممە كىيىم - كېچەكلىرىمنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ ، تاغلارغا چىقىپ كەتتىم . ئۇدا تۆت يىل بېشىمغا كۇلاھ ، ئۇچامغا جەندە كىيىپ ، بۇ تەرىپى بەدەخشان ، ئۇ تەرىپى بەلخ ، ئۇنىڭدىن نېرىسى ھىرات ، باغدات ، مەككە - مۇكەررىمە ، ھەممە يەرنى ئالا قويماي كېزىپ چىقتىم . ئەمدى يۇرتۇمنى كۆرمەك نېسىپ بولمايدىغان بولدى ، سۆڭەكلىرىم يات يۇرتلاردا قۇزغۇنلارغا يەم بولىدىغان بولدى ، دەپ ئويلىغانىدىم . ياق ، دىۋانىنىڭ ئىشىنى خۇدا ئوڭشايدىكەن ، بالام . ئۇل رەھىمسىز شاھ چىنى ماچىنغا يۈرۈش قىلىپ ، ئوترار ئۇستىدە پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە رىھلەت قىپتۇ دېگەن خەۋەر يەتتى... ئاجىز بەندە ئۆز يۇرتىنىڭ قەدرىنى مۇساپىرچىلىقتا بىلىدىكەن ، ئوغلۇم . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىدىم - دە ، بېلىمنى چىڭ باغلاپ ، قولۇمغا ھاسا ئېلىپ يولغا چىقتىم . ئون ئىككى ئاي بەش كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن ، كۆزۈمگە ماۋەرائۇننەھر چېگرىسى كۆرۈندى . جەيھۇنغا كەلگەندە ھوشسىزلىنىپ يىقىلدىم ، بالام ... — بوۋاي يوغان ، قارا بارماقلىرى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ، سۈكۈت قىلدى . ئەلى قۇشچى يەر ئاستىدىن قەلەندەرگە قارىدى . ئۇمۇ ساقاللىرىنى تۇتاملاپ ، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇراتتى . ئۆز يۇرتىنى ئەسلەپ ، كۆڭلى يېرىم بولغان بولسا كېرەك ، سولغۇن چىرايىدىن چوڭقۇر غەم - ئەندىشىدە ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى .

— مەۋلانە ئەلى قۇشچى ، — دېدى بوۋاي ، — ئاللانىڭ گادىيى قەلەندەر سىرنى ئاززاق ئاشكارىلىدى . پېقىر ئىلىم بۇلىقىدىن سۇ ئىچمىگەن ، ئەمما ھىرات ، باغدات ۋە دەمەشقتە كۆپلىگەن ئالىي مەدرىسىلەردە ھويلا سۈپۈرۈپ ، نۇرغۇنلىغان دانىشمەنلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلغانمەن ، ھەققانىي سۆھبەتلىرىدىن بەھرىمەن بولغانمەن . ئەلقىسسە ، قانداق خىزمەت بولسا ، ئۆزۈمنى ئايىماسمەن ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بالام ! ...

ئەلى قۇشچى قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلدى .

— مىڭ مەرتىۋە رەھمەت سىزگە ، ئاتا . شاھزادە ئابدۇللىتىپنىڭ تاج ـ تەخت ئىشقىدا ماۋەرائۇننەھرگە باستۇرۇپ كىرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىڭىزمىكىن ؟

بوۋاي باش لىڭشىتتى .

— ئۆز ئاتىسىغا قىلىچ كۆتۈرگەن بالا ، ئىنشائاللا ، ھەقتائالانىڭ قەھرىگە ئۇچرايدۇ ، مەۋلانە...

— ئىنشائاللا ، دۇئايىڭىز ئىجابەت بولغاي . دۆلەتپاناھ مىرزا ئۇلۇغبەگ ماۋەرائۇننەھردە قىرىق يىل ھۆكۈم سۈرۈپ ، رەسەتخانا كەبى ئىلىم خەزىنىسىنى بەرپا قىلىپ ، كۆپلىگەن ھېكمەتلىك كىتابلارنى ، نۇرغۇنلىغان نادىر قوليازمىلارنى ۋە ئىلىم جەۋھەرلىرىنى توپلىغانىدى . ئەمدىلىكتە بۇ نادىر خەزىنە خەۋپ ئاستىدا تۇرۇۋېتۇ . بۇ ئىلىم خەزىنىسىنى جاھىل ئۇنسۇرلاردىن ساقلاپ قالماقنى ، مىرزا ئۇلۇغبەگ كەمىنىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىگەنىدى...

— مىرزا ئۇلۇغبەگ ! — بوۋاي كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇھ تارتتى ، — ئەستاغپۇرۇللا ، شۇنداق بىلىملىك ئادەم قۇزغۇن سەركەردىلىرىگە ئىشىنىپ ، قىرىغان چېغىدا كۆپ ئالداندى . كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن ، مەۋلانە ، ئۇرۇش باھانىسى بىلەن بۇل ئەمىرلەر بىز بىچارىلەرنى يالىڭاچلاپ قويدىغۇ ، جاپا بىزدەك ھۈنەرۋەنلەرگىلا بولدى ، ئوغلۇم .

ئەلى قۇشچى قىزىرىپ يەرگە قارىدى . بۇنىڭغا نىمە چارە ، ئۇستىنىڭ دېگىنى توغرا . بۇ ئۇرۇش يالغۇز پۇقرالارغىلا ئەمەس ، ئۇستازنىڭ ئۆز بېشىغىمۇ نۇرغۇن مۇسىبەتلەرنى كەلتۈردى . قەلەندەر ئورنىدىن بىر قوزغىلىپ قويۇپ :

— ئاتا ! — دېدى ، — ھازىر بۇ گەپلەرنى قىلىشنىڭ پايدىسى يوق ، ئىلىم خەزىنىسى خەۋپ ئاستىدا قالدى .

— بەس ! — ئۇستا ئالىقىنىنى ئۇنىڭ تىزىغا

قويدى، — قانچه ساندۇق لازىم دېدىڭ؟
— ئون بەش ـ يىگىرمە ساندۇق بولسا كۇپايە.
— قاچان تەييار بولسا بولىدۇ؟
— قانچىكى تېز بولسا شۇنچە ياخشى! — دېدى قەلەندەر ۋە خۇرجۇننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قوشۇپ قويدى، — ئالتۇننى ئايىمايمىز، ئاتا!

«ئالتۇن» سۆزىنى ئاڭلىغان بوۋاي خاپا بولۇپ، تەرىنى تۇردى. ئۇ ئۆسكىلەڭ قاشلىرىنى سىلاپ، خىيال سۇرگەچ، قەلەندەرگە قارىدى:

— ئەتە ئاتا ئازشامدىن كېيىن بىر خەۋەر ئالۇرسەن، ئوغلۇم، — دېدى.

— رەھمەت، ئاتا ... بۇنى قانداق قىلىمىز؟ — قەلەندەر خۇرجۇننى كۆرسىتىپ كۇلدى، — ئىچى پۈتۈنلەي ئالتۇن!

— كۆممەك كېرەك، — بوۋاي شۇنداق دەپ، قىبلە تەرەپتىكى قاراڭغۇ ئۆينى كۆرسەتتى، — ئېلىپ كىرىپ كۆمۈپ قوي، پېقىرغا ئالتۇن بىلەن تۆمۈرنىڭ پەرقى يوق.

قەلەندەر تۆمۈر ـ تەسەكلەرنى بىر تەرەپكە سۇرۇپ قويۇپ، يەرنى تېزى بىلەن تەڭ چوڭقۇرلۇقتا كولىدى. ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلارنى كامارغا خۇرجۇن بىلەنلا كۆمۈپ، تۆمۈر ـ تەسەكلەرنى ئۈستىگە دۆۋىلەپ قويدى.

ئەلى قۇشچى تۆمۈر سەمەرقەندى ئۇستا بىلەن خەيرلىشىپ، قەلەندەر بىلەن بىرلىكتە غاردىن چىقتى ۋە گويا مۇرىسىدىن تاغنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەندەك يەپيەڭگىل بولۇپ قالدى. تاشقىرىدا يەنىلا سوغۇق شامال ۋىژىلداپ تۇراتتى. شامال كۇچىيىپ، بۇلۇتلار تارقىغان، ئاسمان غۇژمەك ـ غۇژمەك يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. تاڭ ئاتىدىغان چاغ بولسا كېرەك، ھەممە ياقتا خورازلار چىللاپ، ئىتلار ھاۋشىپ، ئېشەكلەر ھاڭرىشاتتى.

ئۇلار كەلگەن يولى بىلەن ئارقىسىغا قايتىشتى. دۆڭلۈكتىن ئۆتۈپ رەسەتخانا دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندا، ئالدىدا كېتىۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەلەندەر ئەلى قۇشچىنى قولىدىن شاققىدە تۇتۇپ يول ياقىسىدىكى چىنار سايىسىگە تارتتى .

دەرۋازا تەرەپتىن كىمدۇر بىرسى : «ھەق دوست ، يائاللا » دەپ غىڭشىپ كېلىۋاتاتتى .

قەلەندەر ئەلى قۇشچىنى سايىدە قالدۇرۇپ ، ئۆزى دەرۋىشنىڭ يولىنى توسىدى .

— ھە ، بۆرە ، ئېمىشقا بۇ ياقلاردا لاغايلاپ يۈرىسەن ؟

«بۆرە » بىر نېمە دەپ غۇدۇڭشىدى .

— بىلىپ قوي ، ئالىغاي ، سەن «بۆرە » بولساڭ ، مەن يول-ۋاس . ئەگەر پايلاقچىلىق كويىدا يۈرگەن بولساڭ ، ئالىغاي كۆ-زۇڭنى ئويۇپ ، قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن ، ئۇقتۇڭمۇ ؟

دەرۋىش جاۋاب بەرمەي ئۆزىچە خاپا بولغاندەك بولدى ـ دە ، قۇشتەك سايرىغان پېتى «باغى مەيدان » تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى . قەلەندەر بىر دەم قاراپ تۇردى . كېيىن ئەلى قۇشچىنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ :

— ئېھتىيات قىلىش كېرەك ، مەۋلانە ، — دېدى ، — شەيخ ھەزرەتلىرى پايلاقچىنىڭ ئارقىسىغا پايلاقچى قويۇپتۇ .

## 11

مانا ئىككى كۈن بولدى . مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆكسارايىنىڭ بۇ-لۇڭىدىكى بىر ئۆيدە ئۆز يېغىدا ئۆزى قورۇلۇپ ياتاتتى . ئىشىكتىن-كى ياساۋۇل ئۇنى ھەتتا تەرەتكىمۇ چىقارماي ، تاھارەت سۈيىنىمۇ ئۆزى ئەكىرىپ بېرەتتى . مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆكسارايدا يېرىم ئە-سىر ئىستىقامەت قىلغان بولسىمۇ ، بۇ ئۆينى كۆرۈپ باقمىغانىدى . ئۆي سوغۇق ۋە قاراڭغۇ بولۇپ ، پەقەت تورۇستىكى تۆڭلۈكتىن ئالىقانچىلىك يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى . ئۆيگە گىلەم ۋە بىر - ئىككى پارچە كۆرپە سېلىنغان بولۇپ ، ئوتتۇرىدىكى شىرەدە سو-ۋۇپ قالغان كاۋاپ ۋە مېۋە ـ چېۋىلەر ، پۇختا ئىشلەنگەن چىنە

كوزىدا مەي تۇراتتى . لېكىن ، تاماقتىن گۇمانلانغان مىرزا ئۇلۇغ-بەگ تېخىچە تاماققا ئېغىز تەگكۈزمەي ، پەقەت چۆگۈندىكى سۇدىن بىر - ئىككى ئوتلىغانىدى ، خالاس ! مانا ئەمدى ، ئاچلىق ، ئۇيقۇسىزلىقتىن ئۇنىڭ خىيالى چىگىشلىشىپ ، تورۇستىكى تۆڭ-لۈككە قاراپ ياتاتتى .

ئىككى كېچە - كۈندۈزدىن بۇيان ، ئۇنىڭ ئويلىمىغان ئويى ، خىيالەن كىرمىگەن كوچىسى قالمىدى . پۈتۈن ئۆمرى ، بەختلىك باللىق چاغلىرىدىن تاكى هازىرقى بەختسىز مىنۇتلارغىچە كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى .

مانا ، يېشى ئەللىك بەشتىن ئاشتى ، سەل كەم قىرىق يىل تاج ساھىبى بولدىيۇ ، لېكىن بەخت دېگەن نېمە ، بۇ پانىي دۇنياغا كېلىپ نېمە راهەت كۆردۈڭ ، دېسە تىلى گاللىشىدۇ ، ئەجەبا ! شاهلار هاياتى ئۇلار بەرپا قىلغان ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەرگە ئوخ-شايدۇ ، يىراقتىن ۋالىلداپ كۆزنى قاماشتۇرىدۇ ، لېكىن ئىچىگە كىرسە ، زەي هەم قاراڭغۇلۇقىدىن تەن سىرقىرايدۇ ... ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئارام بېرىدىغان بىردىنبىر ماكانى مەدرىسە ۋە رەسەتخانا ئىدى . ئۇنىڭ كۆڭۈل شادلىقى كۆكساراي دەپ ئاتالغان بۇ پىتنە - پاساتچىلار ئۇۋىسىدا ئەمەس ، رەسەتخانىدىكى ئۇستۇرلاپلار يېنىدا تەنها ئولتۇرۇپ ، پايانسىز كائىناتنى كۆزىتىش ئىدى ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۆز تەقدىرى ھەققىدە ، خۇراسان ۋە ماۋەرا-ئۇننەھرده بولۇۋاتقان بۇ ئۇرۇش - جېدەل ھەققىدە ئويلىنىۋېتىپ ، نېمە ئۈچۈندۇر يەنە بوۋىسىنى ئېسىگە ئالدى . هە ، ئەل قىساسۇ مىنەلهەق ! تاج - تەخت ئۈچۈن تۆمۈرىلەر ئارىسىدا باشلانغان بۇ قىيامەت - قايىم ، بۇ شەپقەتسىزلىك ، قانخورلۇق بوۋىسى ... (پاك روهى جەننەت گۈلشىنىدە خۇشال بولغاي ! ) بوۋىسى ئەمىر تۆمۈر-نىڭ باشقا ئەل ، باشقا خەلقلەرگە قىلغان قەتل - قىرغىنلىرى ئۈچۈن تەڭرى ئاتا قىلغان جازا ئەمەسمۇ ؟ بوۋىسى تۆككەن دەريا - دەريا قان ، يېتىم قىلغان نارەسىدىلەرنىڭ كۆز ياشلىرى ، پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلغان ئانىلارنىڭ پەريادلىرى ئۈچۈن يانغان

قىساس ئەمەسمۇ؟ ...

ياق، ئۇنىڭ ئۆز ۋىجدانىنى ئازابلىغۇدەك گۇناھى يوق. ئۇ قىرىق يىل ھۆكۈم سۈرگەن بولسىمۇ، بوۋىسىغا ئوخشاش ئۇ-رۇش ـ جېدەل بەدىلىگە كەيپ ـ ساپا قىلمىدى. باشقا ئەل، باشقا يۇرتلارغا باستۇرۇپ بېرىپ، باغۋارانلارنى ۋەيران، يۇقرالارنى تالان ـ تاراج قىلمىدى. بىراق، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى، يىراق ھىراتتىكى جىيەنلىرى ... ئۇلار بوۋىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇۋالسا ... ماۋەرائۇننەھر ۋە خوراساننىڭ ھالى نېمە بولار؟ پۇقرالارنىڭ ھالى قانداق بولار؟ ئۇنىڭ ئۆز ھالىچۇ؟ بۇنداق كۆڭۈلپەت ئىچىدە ياشىغاندىن كۆرە، ئوچۇق جەڭدە دۈشمەن بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىپ ئۆلسە ئارمانسىز كېتەر ئىدى. ئاخىرقى ھاياتىنى ئۆز پەرزەنتى بىلەن ئېلىشىپ، ئۆمرىنى بۇنچىلىك شەرەپسىز ئۆتكۈزۈۋەتسە، بۇ نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك بولىدۇ ـ ھە؟

ئۇ تۈنۈگۈن شاھزادىگە ئىككى پارچە مەكتۇپ يوللاپ، سۆھبەتلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ تاج ـ تەختتىن ئۆز مەيلى ۋە ئىختىيارى بىلەن ۋاز كېچىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى شاھزادىگە ئېيتماقچى ۋە ئۇنىڭدىن يالغۇز بىر نەرسىنى — قالغان بەش كۈنلۈك ئۆمرىنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە بېغىشلىشىغا ئىمكان بېرىشنى سورىماقچى ئىدى. ئەگەر، شاھزادە ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالسا، ئاتىلىق مېھرى بىلەن نەسىھەت قىلماقچى، ئىنساپ ۋە ئادالەتكە دەۋەت قىلماقچى ئىدى، بىراق ھەر ئىككىلا مەكتۇپ جاۋابسىز قالدى. ئاتىسىنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغان بۇ ئوغۇلنىڭ مۇددىئاسى نېمە؟ يەنە قانداق شۇملۇقلارنى باشلىماقچى؟ تەخت كويىدا ھېچ نەرسىدىن تەپ تارتمىغان بۇ تۇزكور ئۆز ئاتىسىنىڭ جېنىغا قەست قىلماقچى ئەمەسمۇ؟ بىراق، مىرزا ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ! ئۆلۈم ھەق، پەرۋەردىگارى ئالەم! ۋە لېكىن، يامان بولسىمۇ، ئۆز پۇشتىدىن تۆرەلگەن بۇ جاھىل پەرزەنتىنىڭ تەقدىرى نېمە بولۇر؟ ئۆز ئاتىسىنىڭ جېنىغا قەست قىلىپ، ئاتا قاتىلى دېگەن بەتنامنى ئېلىپ، ئەبەدىلئەبەد شەرمەندە بولماسمۇ؟

ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆيگە بىرسى كىردى بولغاي، مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆزىنى ئاچتى. بوسۇغىدا پەيدا بولغان ياساۋۇل كەينىگە يېنىپ، سىپمىز، تونۇش بىر باقاۋۇلغا يول بەردى. باقاۋۇلنىڭ قولىدىكى يوغان پەتنۇستا قىزىرىپ پىشقان ئىككى نان، بىر تاۋاق ئاش ۋە بىر چەينەك بىر ئىدى. باقاۋۇل باش ئېگىپ تەزىم قىلدى - دە، پەتنۇسنى شىرەگە قويدى ۋە ئالدىرىماي - تېنىمەي سوۋۇپ قالغان كاۋاپلارنى يىغىشتۇردى، ئاندىن ئۇندىمەي ئارقىسىغا يانغاچ، ناننى ئىشارەتلەپ كۆزىنى قىستى. مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭ ئىشارىتىنى چۈشىنەلمەي، بىر نانغا، بىر باقاۋۇلغا قارىدى. لېكىن، باقاۋۇل لام - جىم دېمەي، «پايلاقچى بار» دېگەن مەنىدە ئىشىكنى ئىشارەتلىدى - دە، يەنە نانغا ئىما قىلىپ چىقىپ كەتتى.

بۇ قېرى باقاۋۇل نېمە دېمەكچى؟ نېمىنى پاكىتىدۇ؟ يا ئۇنى بىر بالاغا تىقماقچىمۇ؟

بېشى پىر - پىر ئايلانغان مىرزا ئۇلۇغبەگ نانغا قارىدى. ياخشى پىشقان ئىسسىق ناننىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماغقا گۇپ - گۇپ ئۇرۇپ، ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈردى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ناننى ئېلىپ سۇندۇردى - دە، ھەيران بولدى. ناننىڭ ئىچىدىن نەيچە قىلىپ ئورالغان بىر پارچە قەغەز چىقتى. مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قەغەزنى ئاچتى. بۇ بىر پارچە ئىمزاسىز خەت بولۇپ، نامەلۇم كىشى ئۇنىڭغا ھەقتىن ئالادىن ئىنايەت تىلەپ، پايتەختتە بولۇۋاتقان ئىشلارنى مەلۇم قىلغان ۋە بىر مەسلىھەت بەرگەنىدى.

خەتتە يېزىلىشىچە، شاھزادە پايتەختنى ئىشغال قىلىپ، كۆكسارايغا كىرىشى بىلەنلا قىيامەت - قايىم باشلانغان. تۈنۈگۈن جۈمە مەسچىتىدە خۇتبە ئوقۇلۇپ، مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىسلام دىنىنىڭ رەقىبى دېيىلگەن ۋە تاج - تەختتىن جۇدا قىلىنىدى دەپ جاكارلانغان. شۇنىڭدەك شاھزادە ماۋەرائۇننەھرنىڭ سۇلتانى دېيىلىپ، ئۇنىڭ نامىدا پۇل بېسىلماقچى بولغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان. شاھزادە بۇ كۈنلەردە كۆپلىگەن مۆتىۋەر زاتلارنى، مىرزا ئۇلۇغ-

بەگنىڭ بىرمۇنچە نۆكەرلىرى ۋە سەركەردىلىرىنى زىندانغا تاشلىغان ، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى بولسا قەتل قىلدۇرغان . شاھزادە مىرزا ئۇلۇغبەگنى مەككە ـ مۇكەررەمىگە ھەجگە ئەۋەتمەكچى بولغان . لېكىن ، خۇتبىدە سەئىد ئابباس دېگەن بىر كىشى خان ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، مىرزا ئۇلۇغبەگدىن خۇن دەۋاسى قىلغان . چۈنكى ، مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرى ئۇنىڭ ئاتىسىنى بىگۇناھ قەتل قىلدۇرغانمىش . بۇ دىيانەتسىز سەئىدنىڭ ساختا دەۋاسىنى قازى قۇززات خوجا مىسكىن جانابلىرىدىن باشقا ھېچبىر كىشى ، ھەتتا شاھزادىنىڭ ئۆزىمۇ رەت قىلمىغان . ئەلقىسسە ، ئۇنىڭ ھاياتى قىل ئۈستىدە تۇراتتى . شۇ سەۋەبتىن ، نامەلۇم كىشى ئۇنىڭغا قېچىشنى مەسلىھەت قىلغان . ئەگەر ھەزرىتى ئالىيلىرى بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرسە ، باقاۋۇلغا ئىشارەت قىلىشى لازىم ئىدى . باقاۋۇل قاراۋۇلنى دورا بىلەن ئۇخلىتىپ ، مىرزا ئۇلۇغبەگنى كۆكساراي ئاستىدىكى لەخمە ئارقىلىق ئېلىپ قاچماقچى ئىدى .

مىرزا ئۇلۇغبەگ خەتنى ئوقۇپ بولمايلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كەچكىنى «تۇزاق» بولدى . ھەئە ، شاھزادە ئۇنىڭغا تۇزاق قويماقتا ! قېچىش قارارىغا كەلسە ، باقاۋۇلغا ئىشارەت قىلارمىش ! باقاۋۇل قاراۋۇلنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ، ئۇنى كۆكساراي ئاستىدىكى لەخمە ئارقىلىق ئېلىپ قاچارمىش ! ئەجەبا ، بۇ لەخمىنى شاھزادە بىلمەسمۇ ؟ ئۇ يەرگە ئۆز قاراۋۇللىرىنى قويماسمۇ ؟ ھە ، بۇ تۇزاق ، شاھزادە ، ياق ، شەيخ نىزامىددىن خامۇش قويغان ئازازۇل تۇزىقى ! ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ ھاياجان ئىچىدە ئۆينى بىر ئايلىنىپ چىقتى . سۇندۇرۇلغان نان كۆزىگە چېلىقىپ ، كاللىسىدا يەنە بىر ئوي كەچتى : «زەھەر» ...

— بۇ ئاش ، نان ، چىنە كوزىدىكى مەي ، ھەممىسى زەھەرلەنگەن ! ھەممىسىگە ئوغا سېلىنغان ! ئۇلارنىڭ نىيىتى مېنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش ! — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ۋە كاللىسىغا باشقا بىر خىيال كېلىپ ، مەيۈسلەنگەن ھالدا كۈلۈمسىرىدى : «ئەمدى

ماڭا بەربىر ئەمەسمۇ؟ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن سۆيۈملۈك يۇر-تۇمدىن ئايرىلىپ، يات ئەللەردە، باشقا يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈرگەندىن ياكى بېشىمنى سەئىد ئاببسانىڭ قىلىچى كەسكىنىدىن، زەھەر ئىچىپ ئۆلگىنىم تۈزۈك ئەمەسمۇ؟»

مىرزا ئۇلۇغبەگ لىق بىر پىيالە مەينى ئىچىۋەتتى ـ دە، بىر چىشلەم ناننى چايناپ، ئۆيدە ئاستا ئايلىنىشقا باشلىدى ...

مەيلى، زەھەر بولسا بولسۇن! ئەگەر قارا نىيەتلىك ئوغلى زەھەر بېرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلغان بولسا، مەقسىتىگە يېتىۋالسۇن! ۋە لېكىن ... بۇ سىرلىق خەتنى يوللىغان، ئۇنى قاچۇرماقچى بولغان كىشى زادى كىم؟ سۆيۈملۈك شاگىرتى ئەلى قۇشچىمۇ ياكى مەۋلانە مۇھىددىنمۇ؟ ياق، بۇ خەتەرلىك تەدبىر ئىلىم ئەھلىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ! بۇ خەتەرلىك ئىشنى قىلسا بابا ھۇسەيىندەك نۆكەرلىرى قىلىدۇ! ۋە لېكىن ... ياق، ئۇ قاچمايدۇ! قېچىپ نەگە بارىدۇ؟ قىرىق يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان ماۋەرائۇننەھردىن قېچىپ تىلەمچىلىك قىلامدۇ؟ ... ئۇنىڭغا ھىچ نەرسە كېرەك ئەمەس، نە تاج، نە تەخت! ھەممىنى شاھزادىگە تاپشۇرىدۇ، ئالسۇن! دەۋرى ـ دەۋران سۈرسۇن! پەقەت ئۇنى تىنچ قويسىلا، بەس!

مىرزا ئۇلۇغبەگ قەلبىنى ئورىۋالغان ئەلەملىك دۇتتىن بوغۇ-لۇپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىدى. ئۇ ئۆينىڭ قاراڭغۇلاشقانلى-قىنى، تورۇستىكى تۈڭلۈكتىن چۈشۈپ تۇرغان ئالىقانچە نۇرنىڭ يوقاپ، ئاسماندا يۇلتۇزلارنىڭ چاقناۋاتقانلىقىنى مانا ئەمدى سەز-دى.

— يۇلتۇزلار! — مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ ئاسمانغا تىكىلدى. توۋا، خۇدايىم! ئۇ يۇلتۇزلارنى ياخشى تونۇيالىمىدى. قاراڭغۇدا چاقناۋاتقان قايسى يۇلتۇز؟ يەتتە تىكەن يـۇلتۇزىـمۇ يـاكى باشقـا يۇلتۇزلارمۇ؟ ... ئاسماندىكى ھەربىر يۇلتۇزنى پىششىق بىلىدىغان مۇنەججىم نېمە بولغاندۇ؟ كۆزىنىڭ نۇرى زەئىپلەشتىمۇ ياكى زېھنىي قۇۋۋىتى ئاجىزلاشتىمۇ؟ مىرزا

ئۇلۇغبەگ خىيالغا پېتىپ كېتمۋاتقانلىقىنى سېزىپ، جايىغا بېرىپ قىيسايدى. ئۇ ئەمدىلا يانپاشلىشى بىلەن، ئىشىك ئېچىلىپ، باشلىرىغا دۇبۇلغا كىيگەن، قوللىرىدا يالىڭاچلانغان قىلىچ تۇتقان ئىككى سىپاھ كىرىپ كەلدى. ھەر ئىككىسى ئات يۈزلۈك، ئوڭ قۇلاقلىرىغا ھالقا ئاسقان بەلخ سىپاھلىرىدىن ئىدى. ئۇلاردىن كېيىن ئوسمارەڭ سەللە ئورىغان نېگىر دەك قاپقارا، ناتونۇش ياساۋۇل كىرىپ تەزىم قىلدى ۋە لام ـ جىم دېمەيلا ئىشىكنى ئىشارەتلىدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ نېگىر سۈپەت ياساۋۇلنىڭ تەكەللۇپسىز ھەرىكىتى كەلتۈرگەن ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۇچىسىغا سۆسەر جۇۋىسىنى يېپىندى ...

ھويلا تىمتاس ئىدى. كۆڭگۈرىلىك تام بىلەن ئورالغان كۆكساراي، تۆپىسى مەقبەرىلەرگە ئوخشاش گۈمبەزلىك كۆركەم بىنالار، ھەتتا جەنۇب تەرەپتىكى ھەرەم ئىمارەتلىرىمۇ جىمجىت ۋە قاراڭغۇ ئىدى. پەقەت ئەڭ چەتتىكى ئۆينىڭ دېرىزىسىدە غۇۋا چىراغ شولىسى پىل ـ پىل قىلىپ تۇراتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئېسىگە كۆزلىرى بوتىنىڭ كۆزىدەك يېنىپ تۇرىدىغان مەيۈس ھالەتتىكى كېنىزەك كەلدى ـ دە، يۈرىكى چوغ تەگكەندەك «پىژ» قىلىپ كەتتى. بوتا كۆزلۈك غەمكىن كېنىزەك، مەۋلانە مۇھەددىنىڭ دەرسخانىسىدا تەلىم ئالغان مۇسلىمەلەردىن ئىدى. ئۇ ھەرەمدىمۇ ئۆز ئۆيىدىن چىقماي كىتاب ئوقۇيتتى. ئۇزۇن قىش كېچىلىرى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ رىسالىلىرىنى كۆچۈرەتتى، بوش ۋاقىت تاپسا شېئىر يازاتتى. تىرىك جان قەھرىتان سوغۇقتا ھارارەتكە ۋە ئوتقا ئىنتىلگەندەك، مىرزا ئۇلۇغبەگمۇ قەلبى غەم ـ ئەندىشىگە تولۇپ ۋۇجۇدىغا سىغماي قالغاندا، خۇمار كۆزلۈك شۇ مەسۇمگە ئىنتىلەتتى. ئۇنىڭ مۇلايىم تەبەسسۇمىنى كۆرۈپ، ئۇيالغىنىدىن يۈزلىرى ۋىل ـ ۋىل ياناتتى، ئوقۇغان شېئىرلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى خېلى ئارام تاپاتتى ھەم سۆيۈنەتتى. كۆزلىرى غەمكىن چاقناپ تۇرىدىغان، قەلبى مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن

تولغان بۇ كېيىنرەك، مىرزا ئۇلۇغبەگكە قېرىغان چېغىدا هاياتلىق ئىنئام قىلغان بىر قۇياش ئىدى. بۇ قۇياشنى يەنە بىر كۆرمەك، ئۇنىڭ ئىللىق نۇرىغا پارە - پارە بولغان يۈرىكىنى تۇتۇپ بىردەم ئارام ئالماق نېسىپ بولۇرمۇ؟ ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ قاراڭغۇدا غۇۋا پىلىلداۋاتقان شولىدىن كۆزىنى ئاران ئۈزۈپ، سالامخانا تەرەپكە ماڭدى.

سالامخانا يوپيورۇق بولۇپ، چۆرىدەپ قويۇلغان كۇرسىدا ھەممىسى بىردەك موۋۋەت ۋە زەرباپ تونلىرىنىڭ ئۈستىگە ئاق شايى چاپان كىيگەن، باشلىرىغا سىمابتەك ئاپئاق سەللە ئورىغان ئۆلىما - ئاقساقاللار ۋە دىن پېشۋالىرى ئولتۇرۇشاتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىشىكتە كۆرۈنۈشى بىلەنلا، ئۆلىمالارنىڭ بەزىلىرى ئالدىراپ - تېنەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. لېكىن، تۆردە باشقىلاردىن ئېگىزرەك كۇرسىدا تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان شەيخ نىزامىددىن خاموشنىڭ قەھرلىك كۆز ئىشارىتى بىلەن يەنە ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كاللىسىدا: «دىننى سوت!» دېگەن پىكىر كەچتى. بىراق، دىننى سوت بولسا ... شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن قېنى؟ پايتەخت قازى قۇززاتى خوجا مىسكىن جانابلىرى يوققۇ؟

شەيخ ئۇزۇن، نازۇك بارماقلىرى بىلەن گويا ھەربىر تېلى پەرداز قىلىنغاندەك پارقىراپ تۇرغان ئاپئاق ساقىلىنى سىلاپ:

— ھەي، گۇناھكار بەندە مۇھەممەت تەرەغەي! — دېدى، «ھەزرىتى ئالىيلىرى» دېگەن سۆزنى قوشماي، — پايتەخت ئۆلىمالىرى ۋە دىن پېشۋالىرىنىڭ بۇ دەرگاھقا يىغىلىشىدىن مەقسەت، ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ماۋەرائۇننەھرگە سۇلتان بولغان ۋەلىئەھدى شاھزادىنىڭ ئالىي پەرمانى ۋە ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋالىرىنى ...

— ۋەلىئەھدى شاھزادە قېنى؟

شەيخنىڭ قوللىرى تىترەپ، يۆلەنچۈككە يۆلەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇل دۆلەتنىڭ پاسبانى دەھرىي شاھ بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇچراشماقنى گۇناھى ئەزىم دەپ بىلمىدۇ!

مىرزا ئۇلۇغبەگ قولىنى قوۋۇشتۇرغىنىچە تامغا يۆلەندى. ئۇنىڭ غەزەپ ۋە ھاياجاندىن ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىدا، قاتتىق تىترىگەن لەۋلىرىدە سوغۇق بىر تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— ھەي، گۇناھكار بەندە! — دېدى ئۇمۇ «ھەزرەتلىرى» دېگەن سۆزنى قوشماي، — بەندىسىنىڭ قايسىبىرى دەھرىي، قايسىبىرى ئىمانى كامىل مۇسۇلمان، بۇ پەقەت ئاللاغا ئاياندۇر. تەڭرىتائالانىڭ بىر ئاجىز بەندىسىنى دەھرىي دېيىش گۇناھى ئەزىم ئەمەسمۇ؟

ئۆيدە ئولتۇرغان ھەممە ئاقساقال ۋە ئۆلىمالار بىراقلا بۇرۇلۇپ شەيخ ھەزرەتلىرىگە قارىدى. شەيخ قولىنى كۆتۈرۈپ، قارا مەرۋايىت تەسۋىسىنى شاراقلاتتى.

— ئەكسىچە، ياخشىنى ياخشى، ياماننى يامان دېمەك ۋە ئاللاغا شەك كەلتۈرۈپ، مۆمىن بەندىلەرنى يولدىن ئازدۇرغان مۇرتەتنى مۇرتەت دېمەك، گۇناھ ئەمەس، چوڭ ساۋابتۇر، ھەي، غاپىل بەندە! ئاللا شاھىت ...

— ھە، ئاللا شاھىت! — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ھاسىراپ، — ۋە لېكىن ... ۋە خەيرىھى ۋە شەررىھى مىن ئاللاھى تائالا... يەنىكى، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ھەممىسى ئاللادىن دېگەن سىز ئەمەسمۇ؟ بەس، ھەممىسى ئاللادىن بولغانىكەن، بەندىسىدە نېمە گۇناھ بار، ھەزرىتىم؟

مىرزا ئۇلۇغبەگ تېخى گېپىنى تۈگىتىپ بولمايلا، ئۆلىمالار «گۇر» قىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. لېكىن، شەيخ يەنە قولىنى كۆتۈرۈپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭنى بېسىقتۇردى ۋە غەزەپتىن چەكچىيىپ كەتكەن ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن مىرزا ئۇلۇغبەگكە قادىلىپ:

— قۇرئانى مەجىدتىن ۋەز ئېيتقۇچە، ئىستىغپار ئەيلىگەيسەن، ھەي، ئاسىي بەندە! — دەپ خىتاب قىلدى، — چۈنكى

... ئەسسەۋابۇ بىغەزلىھى ۋەل ـ ئۇقابۇ بىئەدلىھى ۋەلە يەدجىبۇ ئەلەيھى شەيئۇن ... يەنى ، ساۋاب ئالىلانىڭ پەزلى كەرەمى ، ئازاب ـ ئوقۇبەت ئالىلانىڭ ئادالىتى ، ئۇنىڭ بەندىسىگە قەرزى يوقتۇر ...

— ئەپۇ قىلغايسىز ، ھەزرىتىم ! مۇنۇ ئايەتنىمۇ ئەسلىگەي-سىز ، ئامەنتۇ بىللاھى ۋە مەلائىكە تيھى ۋە ...

— بەس ! بىزنىڭ بۇل دەرگاھى ئالىيغا يىغىلىشىمىزدىن مەقسەت ، دىن قانۇنلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە قىلماق ئەمەس !

مىرزا ئۇلۇغبەگ كىنايە بىلەن كۇلمەكچى بولدى ، لىكىن كۇلەلمىدى ، يۇرىكىنى لەرزىگە سالغان ئەلەم دولقۇنلىرى ئۇنىڭ ئىرادىسىدىن ئۇستۇن كېلىپ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى .

— ھە ، ھەزرىتىم ! دىن قانۇنلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلماق ئۇچۇن ، ئىلىمدىن خەۋەردار بولماق كېرەك ! ئەپسۇسكى ، بۇ قەبىھ سوتقا ئەقلى زىيادە ئۆلىمالار ئەمەس ، بەلكى ئەقىلسىز نادانلار يىغىلىپتۇ ، چۇنكى ئاتا بىلەن ئوغۇل ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سې-لىپ ، بالىسىنى ئۆز ئاتىسىغا دۇشمەنلەشتۇرۇش گۇناھى كەبىر ئەمەسمۇ ، ھەزرىتىم ؟

ئۇستى قۇبىبىسىمان ھەشەمەتلىك ئۆيدە يەنە غەلىتە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۇرۇلدى . «دىنىي ئىسلام رەقىبىگە ھەزەر ! ئەلھە-زەر !» دېگەن ئاۋازلار ياڭرىدى . تۆردىكى ئالتۇن قاپلانغان قوش قاناتلىق ئىشىكنىڭ بىر قانىتى ئاستا ئېچىلىپ ، يەنە يېپىلدى . شەيخ ئىككى يېنىغا تۇكۇرۇپ :

— ھە ، تەكەببۇر بەندە ! — دەپ خىتاب قىلدى ، — تەكەبب-ۇرلۇق قىلىپ ، بارچە مۆمىن بەندىلەرنى يولدىن ئازدۇر-دۇڭ ، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ ، پۇقرالارنى شەرىئەت يولىدىن چىقاردىڭ ، ئەرلەرنىلا ئەمەس ، ئاياللارنىمۇ ئوقۇسۇن دەپ ، ئۇلار-نى ھاياسىز قىلىۋەتتىڭ .

— كەچۇرگەيسىز ، تەقسىرى ئالەم ! — مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ لەۋلىرىگە كىنايىلىك كۇلكە يۇگۇردى ، — ئاياللارنىڭ ئوقۇشى يامان ئىش ئەمەس . چۇنكى ، تەلەبۇل ئىلمى فەرىزەتۇن ، ئەلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆللى مۇسلىمۇن ۋە مۇسلىمەتۇن... يەنى ئىلىم ئۆگەنمەك ھەربىر ئەر ۋە ئايالغا پەرزدۇر . قۇرئانى مەجىتتە...

— قۇرئانى مەجىتتە بۇ ئايەت يوق !

— قۇرئانى مەجىتتە بولمىسا ، ھەدىسى شەرىفتە بار . يا ھەدىسنىڭ سۆزى بارچىغا ھۆكۈم ئەمەسمۇ ، ھەزرىتىم ؟

جىمىپ قالغان ئۆلىما ـ ئاقساقاللار توساتتىن شەيخ ھەزرەتلىرىگە شاققىدە بۇرۇلۇپ قاراشتى . شەيخ ھەزرەتلىرى دەستىسىگە زەبەرجەت قادالغان ھاسىسىنى گىلەمگە تىرەپ ، ئورنىدىن تۇردى ۋە ئەسەبىيلەشكەن ھالدا بېشىنى سىلكىپ :

— بوۋاڭ ئەمىر تۆمۈرنىڭ روھىغا ھامىيلىق قىلىپ ئېيتىمەنكى ، — دېدى ، — شۇكۇر قىلىپ ئىستىغپار ئەيلىگەيسەن !

— سىزچۇ ؟ سىز نېمىشقا ئىستىغپار ئەيلىمەيسىز ، ھەزرىتىم ؟ — مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالدىغا بىر قەدەم ماڭدى ، — سىز نېمىشقا «مازارى شەرىف» تە تەكبىر ئېيتىپ ، تەڭرىگە ھەمدۇ سانا ئوقۇپ ياتماق ئورنىدا ، سەلتەنەت ئىشلىرىغا قول تىقىسىز ؟ ئۆزىڭىز ئېيتقان ئەيش ـ ئىشرەت ئىشقىدا ، تەخت ساھىبىدىنمۇ قۇدرەتلىك بولماق نىيىتىدە ، ھاكىمىيەت ئۈستىدىن پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ ، سۇخەنچىلىك قىلىسىز ؟ بەس ! مەن سىزدەك جاھىللار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرۇشنى ئۆز شەنىمگە نامۇناسىپ دەپ قارايمەن !

چىرايى ئۆڭگەن ، قانداقتۇر بىر ئىچكى غۇرۇردىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالدىنى توسقان ئۆلىمالارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ، تۆردىكى ئىشىككە قاراپ ماڭدى . غال ـ غال تىترىگەن ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ ئەلپازى شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىدىكى ، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئۆلىمالار ئىختىيارسىز ھالدا چېكىنىپ ، ئۇنىڭغا يول بېرىشتى .

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ، قىرغاقلىرىغا ئالتۇن تاسما مىخلانغان نەقىشدار ئىشىكنى زەردە بىلەن تارتتى . ئىشىكنىڭ ئوڭ قانىتى تاراقلاپ ئېچىلدىيۇ ، تامغا تېگىپ يەنە

يېپىلدى . مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىشىكنى قايتا ئېچىپ ئىچىگە كىردى .

شاھزادە ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا داڭقېتىپ تۇراتتى . ئۇنىڭدىن يۇقىرىراقتا ، قۇيما ئالتۇندىن ياسالغان ، يېرىم شارسىمان يۆلەنچۈكىگە دۇر ۋە ئۈنچە قادالغان ئېگىز تەختنىڭ يېنىدىكى نەقىشلىك كۈرسىدا ئىشان ئەبەيدۇللا خوجا ئەھرار ھەزرەتلىرى ئولتۇراتتى ...

تورۇستىكى ئالتۇن قەندىلگە تىزىلغان ئونلىغان شامنىڭ شولىسىدا شاھزادىنىڭ سولغۇن چىرايى گويا گەجدىن ياسالغان نىقابتەك سۆرۈن تۇيۇلاتتى ، چوڭقۇر پاتقان كۆزلىرى غەمكىن چاقنايتتى ، قوش ـ قوش ئالتۇن ئۈزۈكلەر سېلىنغان ئىنچىكە ، قارامتۇل بارماقلىرى غال ـ غال تىترەيتتى .

ئوتتۇرا بوي ، سېمىز كەلگەن ئىشان بولسا ، دەل ئەكسىچە ناھايىتى ۋەزمىن ھەم سالماق كۆرۈنەتتى . ئۇ قىزىل موۋۇت جۇببە[1] ئۈستىگە ئاق چاپان كىيگەن بولۇپ ، قات ـ قات ئورالغان سەللىسىنىڭ پەتتىسىنى كۆكسىگە چۈشۈرۈپ ،يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى ، بىر تالمۇ ئاق چۈشمىگەن ، كۈيىدەك قاپقارا ساقىلى كۆكرىكىنى يېپىپ تۇراتتى ، تەسۋى سىيرىۋاتقان يوغان ھەم قىسقا بارماقلىرى گويا ھېچبىر ۋەقە بولمىغاندىكىدەك ئاستا قىمىرلايتتى ، لەۋلىرى مىدىرلاپ ، بىرنېمىلەر دەپ پىچىرلايتتى .

مىرزا ئۇلۇغبەگ كىنايىلىك كۈلۈمسىرىدى ۋە كاللىسىدا : «بۇ شەيخۇل ـ ماشايىخمۇ شاشتىن يېتىپ كەپتۇ ـ دە !» دېگەن پىكىر كەچتى .

— ئىشان ھەزرەتلىرى ئەپۇ قىلغايلا ، شاھزادە بىلەن ئىككى ئېغىز پاراڭلاشماقچىمەن .

ئىشان يەر ئاستىدىن ئابدۇللىتىپقا قارىدى . شاھزادە نېمە ئۈچۈندۇر بىر قىمىرلاپ قويدى ـ دە ، مىرزا ئۇلۇغبەگكە قارىماي تۇرۇپ :

— سايىبانى مەرھەمەت ! — دەپ غۇدۇڭشىدى ، — بۇ سۆھ-

[1] جۇببە — شەيخلەر كىيىمى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەتتە پىرىم ـ ئۇستازىم بولمىقى لازىم .
— ياق ! — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئاستا ، — مەن سەن بىلەن تەنھا سۆزلەشمەكچىمەن . ئاخىرقى تىلىگىمنى بەجا كەلتۈرگەيسەن ، شاھزادە .

ئىشان قوللىرىنى كۆرسىنىڭ يۆلەنچۈكىگە تىرەپ ئورنىدىن تۇردى . ئۇ لام ـ جىم دېمىگەن بولسىمۇ ، قىزىل ، سوزۇنچاق يۈزىنىڭ تاتىرىپ كېتىشىدىن ، گەۋدىسىنى ئاستا قىمىرلىتىپ ، تەمكىن قىياپەتتە قەدەم بېسىشىدىن ۋە ھەتتا يوغان بارماقلىرى بىلەن تەسۋىنىڭ كەھرىۋا دانىلىرىنى بىر تال ـ بىر تال سىيرىشىدىن بۆلەكچە بىر شىددەت ۋە شاھزادىگە : «دادىل بول !» دەپ مەدەت بېرىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

ئىشان ئىشىكنى ئېچىشى بىلەن ، نېرىقى ئۆيدىن «گۇر» قىلغان ئاۋاز ئىشتىلىپ ، ئىشىك يېپىلىشى بىلەن يەنە بېسىقتى .

مىرزا ئۇلۇغبەگ خېلى ئاراملىق ھېس قىلىپ ، بايا ئىشان ھەزرەتلىرى ئولتۇرغان ئاق كۆرسىغا بېرىپ ئولتۇردى . شاھزادىنىڭ گەج نىقابنى ئەسلىتىدىغان يۈزى ، قىسقا قوللىرى ، بولۇپمۇ ئەندىشىلىك چاقناۋاتقان كۆزلىرى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ دىلىدا مېھىر ـ مۇھەببەت ئۇرغۇتقاندەك قىلسىمۇ ، لېكىن ئۆزىدىكى غۇرۇر ، تۆمۈرىلەرگە خاس ئىپتىخار ئۇنى نېمە ئۈچۈندۇر گەپ باشلاشقا قويمايتتى .

ئۆيدە كىشىنى ئازابلىغۇدەك ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى . كۆزنى قاماشتۇرۇپ جۇلالىنىۋاتقان تام ـ تورۇسلاردىكى نەپىس بېزەكلەر ، ئالتۇن سۈيى يالىتىلغان نازۇك نەقىشلەر ، يەردە ۋال ـ ۋۇل پارقىراپ تۇرغان كۇل رەڭ گىلەملەر ، قۇببىسىمان تورۇستىكى ئالتۇن قەندىلگە تىزىلغان شاملار گويا خىرەلىشىپ ، ئۆي سەل قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى . يا قەلبىدىكى ئەلەم دولقۇنلىرى خېلى پەسەيگەنلىكتىن ئۇنىڭغا شۇنداق تۇيۇلدىمۇ ؟ ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ يەر ئاستىدىن شاھزادىگە كۆز تاشلىدى . مىرزا ئابدۇللىتىپ بېشىغا دۇر قادالغان قۇندۇز تەلپەك ، ئۇستىگە

زەرباپ تاشلىق «بۆرە» جۇۋا كىيگەن، بىلىدىكى كۇمۇش كەمىرىگە غىلىپى لەئەل ۋە جاۋاھىرلار بىلەن بېزەلگەن قىلىچ ئاسقان ھالدا قوللىرىنى ئالتۇن تەختنىڭ ئىگىز يۆلەنچۇكلىرىگە تىرىگىنىچە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ئەجەبا، بوۋىسى ئولتۇرغان بۇ تەخت شاھزادىگە كۈچ – قۇۋۋەت ئاتا قىلغانلىقتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ چىرايىدىكى بايىقى پەرىشانلىق يوقاپ، خۇددى بوۋىسىنىڭكىدەك ياڭاقلىرى بۆرتۇپ چىققان قارامتۇل يۈزىدە ۋە ئولتۇرۇشۇپ قالغان سەل قىسىق كۆزلىرىدە كىشىنى چۆچۈتكۈدەك بىر خىل سوغۇق ئىپادە پەيدا بولغانىدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقى بوۋىسىنى ئەسلىتەتتى، ئۇمۇ بوۋىسىغا ئوخشاش ئىگىز، ئورۇق ۋە ئىلمەك بۇرۇن بولۇپ، پەقەت ئالاق – جالاق بولۇپ تۇرغان سەل قىسىق كۆزلىرىدە قانداقتۇر بوۋىسىغا يات بولغان ھودۇقۇش ئالامىتى بار ئىدى...

مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئۈزۈپ، تورۇسقا، شام يېقىلغان يۇمىلاق ئالتۇن قەندىلگە قارىدى.

«خۇدايا تۇۋا! بۇ تەختتە قانداق ھېكمەت، نېمە سىر باردۇ؟ ئەجەبا، ئۇنىڭدا ئولتۇرغان ھەرقانداق ئادەم نېمىشقا دەرھاللا ئۆزگىرىدۇ؟ ئادەمگەرچىلىكنى، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئاجىز بەندە ئىكەنلىكىنى دەرھال ئۇنتۇيدۇ؟ نېمە ئۇچۇن بۇ تاج – تەخت، بۇ سەلتەنەتنىڭ ھېچبىر ئادەمگە ۋاپا قىلمايدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىدۇ؟ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، شاھزادە بۇ تەختنىڭ ھەتتا مۇسۇلمانلار شاھى دەپ ئاتالغان ئەمىر تۆمۈرگىمۇ ۋاپا قىلمىغانلىقىنى نېمىشقا چۈشەنمەيدۇ؟ ئەنە ئۇ بوۋىسى ئەمىر تۆمۈردەك كىدىيىپ ئولتۇرۇپتۇ! بىراق بىلمەيدۇكى... ياق، توختا، مۇھەممەت تەرەغەي! سەن نېمە ئۇچۇن شاھزادىدىن رەنجىيسەن؟ بۇ ۋاپاسىز تاجۇ تەخت، ئىنسانلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىش لەززىتى ئۆزۈڭنىمۇ ئەقىل – ھوشۇڭدىن ئايرىغان ئەمەسمۇ؟ شاھزادە مەيلى ياخشى بولسۇن، مەيلى يامان بولسۇن، ئۆز پەرزەنتىڭ، ئۆز پۇشتى – كەمىرىڭدىن بولغان بالاڭ ئەمەسمۇ؟... ئات تەپكەنگە ئات

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىدايدۇ . ئۇنى قارغاپ ، يامانلىق تىلىگەندىن كۆرە ، ياخشى سۆز-لەرنى قىلىپ ، نەسىھەت بەرگىنىڭ ئەۋزەل ئەمەسمۇ ، ئەي ، ئاجىز بەندە ؟ »

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ شاھزادىگە قارىدى ۋە غۇرۇرىنى بېسىپ :

— بەختىيار شاھزادە ! — دېدى ئاستا ، — تەختىمىنىڭ ۋەلى-ئەھدى سەن ئىدىڭ . ئاللاتائالا پېقىرنى ئۆز رەھمىتىگە چاقىرسا ، بۇ تەختكە سەن ئولتۇراتتىڭ . ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا بۇ تەخت ساڭا نېسىپ بوپتۇ ، بۇنىڭغا رازىمەن ...

شاھزادە قوللىرىنى ئالتۇن تەختنىڭ يۆلەنچۈكىگە تىرەپ ، مەنسىتمىگەن ھالدا كۈلۈمسىرىدى :

— بەللى ، ئاتا ! لېكىن ، مەن بۇ تەختنى سىزنىڭ ئىختىيارى-ڭىز بىلەن ئەمەس ، بىرىنچىدىن ، ھەقتائالانىڭ ئىنايىتى ، ئىككىن-چىدىن ، ئۆز كۈچ - قۇدرىتىم بىلەن قولغا كىرگۈزدۇم !

مىرزا ئۇلۇغبەگ لېۋىنى قاتتىق چىشلەپ : «بۆركۈت ! قارا بۆركۈت ! » دېدى ئىچىدە . ئۇنىڭ يۈرىكىدە تۇتاشقان مېھىر ئوتى بوراندا قالغان شامدەك ئۆچۈپ ، يۈرىكى يەنە مۇزلىدى .

ئۇ ئاۋۋال شاھزادىنى ئوغلۇم دەۋەرسەم ، ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەس دېگەن ئوي بىلەن نام - نومۇسنى بىر ياققا قايرىپ قويغانىدى . بىراق بۇ قۇزغۇن ... مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۆزىنى ئازابلا-ۋاتقان ئەلەم دولقۇنلىرىنى ئاران بېسىپ :

— كۈچ - قۇدرىتىڭگە ئىشىنىپ ، ماۋەرائۇننەھر زېمىنىگە قەدەم باسمايلا غوۋغا كۆتۈردۈڭمۇ ؟ — دېدى .

شاھزادىنىڭ چىرايى ئۆزگۈرۈپ ، كۆزلىرى كىچىدە كۆرۈنگەن چوغدەك چاقناپ كەتتى .

— قەدەم باسماپتىمەنمىش تېخى ! ماۋەرائۇننەھر خەلقى ئاياغ ئاستىمدىدۇر !

— ئېسىڭدە بولسۇنكى ، بۇ تۇپراققا ھۆكۈمرانلىق قىلدىم دېگەن نى - نى غالىبلار ، نى - نى جاھانگىرلار ئۆتكەن . لېكىن ،

ئۇلارنىڭ خاكى نەدە؟ بۇنى بىرەرمۇ تىرىك ئىنسان بىلمەيدۇ. ۋە لېكىن، بۇ ئەل، بۇ زېمىن ئەبەدىلئەبەد قېلىۋېرىدۇ!

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ نېپىز لەۋلىرىگە كىنايىلىك كۈلكە يۈگۈردى ... ئىھ، رەھمەتلىك مومىسىدىن قالغان بۇ سوغۇق كۈلكە! مومىسىنىڭ لەۋلىرىدىن خۇددى شۇنداق كىنايىلىك كۈلكە نېرى كەتمەيتتى. ياق، بۇ مومىسىنىڭ ئەمەس، تاج - تەختىنىڭ ئەيىبى. بۇ تاج - تەختىنىڭ ۋەسۋەسىدىن بولغان! ئىھ، كالتە پەم بالا! بىلمەيدۇكى، ئەمىر شائىر ئۆمەر ھەييامى ھەزرەتلىرى ئېيتقاندەك:

*ئۆمرى جاۋىد يوقتۇر ئەسلا ئۈستىۋار ئالەم ئارا،*
*كەتتى كۆپلەر، بىز كېتۇرمىز، تاپقۇسى سەن ھەم پاناھ.*

— نېمە دەپ دۇئا قىلىۋاتىسىز، پاناھدار! ياخشىلىقمۇ - يامانلىقمۇ؟

— دۇئايىم شۇلكى، شاھزادە، بۇ تاجۇ تەخت ھېچبىر كىشىگە ۋاپا قىلغان ئەمەس. سەن تۇگۇل، ئۇلۇغ بوۋاڭ ئەمىر تۆمۈرگىمۇ ۋاپا قىلغان ئەمەس ...

مىرزا ئابدۇللەتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، لېكىن تەختتىن چۈشكۈسى كەلمەي يەنە جايىدا ئولتۇردى.

— سۆھبەتتىن مۇددىئايىڭىز شۇ بولسا، مەن بۇنداق نەسىھەتلەرگە موھتاج ئەمەسمەن! — دېدى ئۇ پەس، لېكىن تەھدىتلىك ئاۋاز بىلەن، — باشقا گەپ - سۆزىڭىز بولسا قىلىڭ، بولمىسا ...

«ياق ئۇنىڭدىن ياخشىلىق تىلەپ بولماس. ئۇنىڭدىن ياخشىلىق تىلىمەك، ئەجدىھادىن جان تىلىمەك بىلەن باراۋەر! ...»

— بولمىسا ...

— توختا! — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ساڭا دەيدىغان بىرلا تەلىپىم بار. بۇ ئاخىرقى تەلىپىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇر ... ئۆز ئاتاڭنى ماۋەرائۇننەھردىن قوغلاشنى نىيەت قىپ-
سەن ... مېنى بۇ ماكاندىن قوغلىغاندىن كۆرە ، قەتل قىلغىنىڭ
تۈزۈكتۇر ! قەتل ! — مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەپسى بوغۇلۇۋاتقانلىقىنى
سېزىپ ، لېۋىنى چىشلىگىنىچە جىم بولۇپ قالدى .

مىرزا ئابدۇللىتىپ يامان بىر نەرسىدىن يىرگەنگەندەك يۈزلى-
رىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە تەتۈر قارىغىنىچە
بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ مۈرىسى سىلكى-
نەتتى . شاھزادە كۆزىگە ياش ئالدى دەپ ئويلىغان مىرزا ئۇلۇغ-
بەگنىڭ يەنە كۆڭلى يۇمشاپ :

— ئوغلۇم ! — دەپ چاقىردى . شاھزادە جاۋاب بەرمىدى .
«بىر قازاندا ئىككى قوچقارنىڭ بېشى پىشمايدۇ دەپ قورقى-
دۇ ، ھەي نادان . كۆزۈم كور بولسىدى كاشكى ، سېنى كۆرمى-
سەم ! ...»

— كەچۈرگەيسىز ، ئاتا ! — دېدى شاھزادە ئۇزاق سۈكۈتتىن
كېيىن ، — مەن ئۆلىما - ئاقساقاللارنىڭ پەتىۋاسىغا قارشى تۇرال-
مايمەن ...

— سەۋەب ؟

— سەۋەبى ... ئۆلىمالار پەتىۋاسى ، خۇدانىڭ مۆھرىدۇر !

— خۇدانىڭ مۆھرى ! يادىڭدا بولسۇن ، ساھىبى تاج سۆزى
ئۆلىما - ئاقساقاللار ئۈچۈن ۋاجىپتۇر . قورقما ! ماڭا ھېچ نەرسە
كېرەك ئەمەس . بۇ تاج - تەخت ، سەلتەنەت ، شان - شۆھرەتنىڭ
ھەممىسى ساڭا مەنسۇپ بولسۇن ! ئاتاڭغا پەقەت رەسەتخانىنى ئىن-
ئام قىلساڭ ، بەس ! بىر بۇردا نان ، بىر چۆگۈن چايلا بولسا
يېتىدۇ . قالغان ئۆمرۈمنى «زىجى كۆرەگانى» نى پۈتتۈرۈش ۋە
ئوقۇش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە بېغىشلىدىم ! ...

شاھزادە ئاستا بۇرۇلۇپ قارىدى . شالاڭ بۇرۇتلىرىنىڭ ئۇچى
دىگىلداپ ۋە لەۋلىرى تىترەپ :

— تېخى رەسەتخانا ! تېخى «زىجى كۆرەگانى» ، — دېدى
بوغۇلۇپ ، — مۇدەررىسلىك سەللىسىنى ئورىۋالغان بارچە مۇرتەد-

لەرنى قانات ئاستىڭىزغا ئېلىپ ، دىن پېشىۋالىرىنى ئاياغ ئاستى قىلدىڭىز ! بۇنىڭ ئۈچۈن ھەقتائالانىڭ قەھرىگە ، پەيغەمبەر ئەلەي-
ھىسسالامنىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ ، تاج - تەخت ۋە سەلتەنەتتىن ئايرىلدىڭىز . ئەمما ، ئىستىغپار ئېيتماق ۋە توۋا قىلماق نىيىتىدە بولماي ، تېخىچە رەسەتخانىنى ئويلايسىز ! — شاھزادە قىبلە تەرەپكە يۈزلىنىپ ، كۆزلىرىنى يۇمدى ، — ئەي ، پەرۋەردىگارى ئالەم ! ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزۈڭ ئىشىتتىڭ ! گۇناھى ئەزىمگە پاتقان ئاسىي بەندەڭنى ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن ، يارانقۇچى ئىگەم ! ...

شاھزادە ئەپسۇسلانغان ھالدا بېشىنى چايقاپ ، پىچىرلاپ دۇئا قىلدى ... مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە قېتىپلا قالدى ... ئاھ ! ئۇنىڭ ئۆز ۋۇندىن بۇيان شاھزادىدىن قورقۇپ يۈر-
گىنى سەۋەبسىز ئەمەس ئىكەن . ئۇ شاھزادىنىڭ مۇتەئەسسىپلىكى-
دىن ، بەلكى بارچە ئىلىم ئەھلىگە بېسىم ئىشلەتكەنلىكىدىن خە-
ۋەردار بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنى بۇنچىلىك شەپقەتسىز دەپ ئويلىمىغا-
نىدى ...

— شاھزادە ... — مىرزا ئۇلۇغبەگ يۈرىكىنى لەرزىگە سالغان غەزىپىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن يەرگە قارىدى ، — بالاھى ئەلەم بىس-
ساۋاب ! كىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قارغىشىغا ئۇچرايدۇ ، كىم ئۇچرىمايدۇ ، بۇنى يالغۇز تەڭرىتائالا بىلىدۇ !

— ھەئە ، پەرۋەردىگارى ئالەم ھەممىنى بىلىدۇ ! ئۇل رەببىن ئالەمىن ھېچبىر بەندىسىنىڭ بۇرنىنى بىگۇناھ قاناتمايدۇ . ۋە لې-
كىن ، ئىسلام دىنىغا كىمكى قىلىچ كۆتۈرسە ، مەيلى شاھ ياكى گاداي بولسۇن ، ئۇنى جازاسىز قالدۇرمايدۇ . كۇپپار - دەھرىيلەر ماكانى بولغان رەسەتخانىغا ئوت قويىمەن ، ئوت ! ... — شاھزادە قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالىدى ۋە يۈز - كۆزلىرىدىكى تەرنى سۈرتۈپ تاشلاپ ، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە يەنە بىرنىمىلەرنى دەپ پىچىرلاشقا باشلىدى .

مىرزا ئۇلۇغبەگ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بەند قىلغان سوغۇق ۋەھ-
مىدىن تىرناقلىرىغىچە مۇزلاپ ، ھاڭۋېقىپ تۇراتتى . كاللىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسا، يەنىلا شۇ تىنىمسىز ۋە ئەلەملىك ئويلار قوينىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى.

«ۋادەرىخا! ماۋەرائۇننەھر تەختىگە بۇ مۇتەئەسسىپ چىقىۋالسا، سەلتەنەتنىڭ ھالى نە بولۇر؟ ئىلىم ئەھلىنىڭ بېشىغا قانداق بالا، نېمە كۈلپەتلەر كېلۇر؟ ئەڭ ئاۋۋال بۇ پاسىقنىڭ ئۆز تەقدىرى نە بولۇر؟ ئەقىل - ئىدراك ئورنىدا قىلىچ بىلەن ئىش تۇتقان قايسى مۇستەبىت ھاكىمنىڭ تەقدىرى ياخشى بولغىنىغا، بۇ نادانىنىڭ تەقدىرى ياخشى بولسۇن! بۈگۈن ئۇنى ئىلىم ئەھلىگە قارشىلاشتۇرغان مۇتەئەسسىپ جاھىللار، ئەتە - ئۆگۈن ئۇنىڭ ئۆزىنى بالاغا ئىتتىرمەسمۇ؟» مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كاللىسىدا كەچكەن بۇ پىكىر قەلبىدە لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتقا سۇ سەپكەندەك تەسىر قوزغىدى - دە:

— شاھزادە! — دېدى يەنە ئۆزىنى بېسىپ، — ئىلىم ئەھلى ۋە ئالىملار قاراڭغۇدا ئادىشىپ يۈرگەن كىشى ئۈچۈن يورۇق مەشئەلدۇر! مەشئەلنى ئۆچۈرمەكنى تىلىگەن شاھ ئۆزى زۇلمەت قوينىدا يول تاپالماي قالىدۇ! مەن ساڭا كۆيۈنگەنلىكىم ۋە سېنىڭ تەقدىرىڭ ئۈچۈن قايغۇرغان قىبلىگاھىڭ بولغانلىقىم سەۋەبلىك، بۇ سۆزلەرنى ساڭا قىلىشنى لازىم كۆردۈم!

شاھزادە تاقەتسىزلىنىپ قول سىلكىدى:

— بەللى، سىزدەك ئاتىنى! سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى بىلىمەن. تەرناپ جېڭىدە پىداكارلىق كۆرسەتكەن كىم؟ مەن! ئەمما مۇزەپپەر يارلىقى كىمنىڭ نامىغا پۈتۈلدى؟ سۆيۈملۈك ئوغلىڭىز — ئابدۇل ئەزىز...

— ئابدۇل ئەزىز ئۆز جانجىگەر قېرىندىشىڭدۇر...

— قۇللۇق. بوۋام ئەمىر تۆمۈردىن قالغان ئىختىيارىدىن قەلئەسىدىكى ئالتۇنلىرىنى تارتىۋالغان كىم؟ يەنىلا سىز، نېمەتلىك ئاتام! نېمە چارە؟ ئىتائەتچان بالىڭىز ئۇندىمەي باش ئەگدۇق. ۋە لېكىن، بەس! بەخت ساھىبى ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئالتۇنلىرىنى نەگە يوشۇردىڭىز، مەرھەمەتلىك سايىۋىنىم؟

مىرزا ئۇلۇغبەگ سەسكىنىپ كەتتى.

— قايسى ئالتۇنلارنى دەيسەن؟

شاھزادە تەلۋىلەرچە كۈلدى.

— قايسى ئالتۇنلارنى؟ نېمەتلىك ئاتام ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ ئەمەسمۇ - ھە! مەن بوۋام ئەمىر تۆمۈر قاھىرە، دەمەشق، باغدات ۋە ھىندىستاندىن ئېلىپ كەلگەن جاۋاھىرلارنى، ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەرنى دەۋاتىمەن! نەدە بۇ بايلىق؟

شاھزادە ئەسەبىيلەشكەن ھالدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، مىرزا ئۇلۇغبەگكە يېقىنلىشىشقا باشلىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ دەھشەت ئىچىدە ئارقىغا چېكىندى. ئۇ چېكىنىۋېتىپ پۇتى كۇرسىغا تېگىپ كەتكەنلىكتىن، كۇرسى ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگ دەرھال سەگەكلىك بىلەن ئۆزىنى توختىتىۋالدى، شاھزادىمۇ توختىدى.

— خوش، سۆزلەڭ! كىمگە ئىنئام قىلدىڭىز؟ ئەزىز پەرزەنتىڭىزگىمۇ ياكى ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەن مۇرتەت ئەمەلدارلىرىڭىزغىمۇ؟ ئەلى قۇشچى نەدە؟

«يارەببى! بۇ ھاماقەت بىلمىگەن ئىش قالماپتۇ! ئۇنىڭ پايلاقچىلىرى كىرمىگەن تۆشۈك قالماپتۇ!...»

— ئەلى قۇشچىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى مەن نەدىن بىلەي؟

— ياق! ئەمدى ھەرقانداق سۆزىڭىزگە ئىشەنمەيمەن! لەشكەر يىغىپ، ماڭا قارشى ئاتلىنىشتىن ئاۋۋال ئەلى قۇشچىنى سارايغا نېمىشقا چاقىرتتىڭىز؟ ئۇنىڭغا نېمىلەرنى بەردىڭىز؟

— ئەلى قۇشچىنى چاقىرتقانلىقىمنى ئېيتقان پايلاقچىلىرىڭ، ئۇنىڭغا نېمىلەرنى بەرگەنلىكىمنى نېمىشقا ئېيتماپتۇ ساڭا؟

— ئېيتتى، شۇنداقتىمۇ ئۆز ئاغزىڭىزدىن ئاڭلاپ باقماقچىمەن. سۆيۈملۈك ئاتا!

«ياق، بىلمەيسەن! بىلسەڭ سوراپ ئولتۇرماس ئىدىڭ! بەس! بۇ پايدىسىز مۇنازىرىنى توختاتماق كېرەك!»

مىرزا ئۇلۇغبەگ قەددىنى رۇسلاپ، شاھزادىنىڭ كۆزلىرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىكىلىپ قارىدى . شاھزادە يەنىلا غال ـ غال تىترەپ ، ئاتىسىغا قادىلىپ تۇراتتى .

— بۇ سۆھبەتتىن مۇددىئايىم ، پەقەت ئاتىلىق مېھرىم بىلەن نەسىھەت قىلماق ئىدى . ئەپسۇسكى ، ساڭا ئاتا نەسىھىتى ئەمەس ، ئالتۇن كېرەك ئىكەن ... — شاھزادىنىڭ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتمەكچى بولغانلىقىنى سەزگەن مىرزا ئۇلۇغبەگ كەسكىن قول شىلتىپ ، «توختا !» دەپ ۋارقىرىدى ، — ئاتا سۆزىنى ۋاجىپ دەپ بىلمەسەن ـ يوق ، ئىختىيار ئۆزۈڭدە . ۋە لېكىن ، ئاخىرقى نەسىھەتىمنى ئاڭلا ، مەيلى ئۆز ئاتاڭنى قەتل قىل ، ياكى ماۋەرائۇننەھر تۇپرىقىدىن قوغلاپ سەرگەردان قىل ، ئىختىيار يەنىلا سەندە . لېكىن بىرلا تىلىكىم — ئىلىم يولىدا ئاتاڭ قىلغان ئىشلارغا ، ئۇنىڭ شاگىرت ۋە ئۇستازلىرىغا تەگمەيسەن . تەگسەڭ ... ئاتا قارغىشىغا ئۇچراپ ، تائەبەت بەتنام بولۇرسەن ! ... ئاتا رازى ـ خۇدا رازى ، يادىڭدا بولسۇن ، ئەل قىساسۇمىنەلھەق ! ھېچبىر يامانلىق ئىنتىقامسىز قالمايدۇ . ساڭا دەيدىغان باشقا گېپىم يوق ! چاقىر ياساۋۇلۇڭنى !

شاھزادە ئابدۇللەتىپنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ ، بىرنېمە دېمەكچى بولدىيۇ ، دېمىدى . ئۇ تەتۈر قارىۋېلىپ ، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە بىر دەم تۇردى ، ئاندىن بۇيرۇق ئاھاڭىدا :

— سارايۋەن ! — دەپ ۋارقىرىدى .

## 12

مانا ، ئېشەك ئۈستىدە يېنىچە ئولتۇرۇۋالغان ئەلى قۇشچى تۆت تۆگىنى يېتىلەپ ئۇرگۇت تاغلىرى ئېتىكىدىكى جىلغىنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى . «كارۋان»نىڭ كەينىدە ئۇلۇغبەگ مەدرىسىسىنىڭ تالىپى مىرەم چەلەبى ئىسمىلىك ئون ئالتە ـ ئون يەتتە ياشلار ئەتراپىدىكى مولىلچاق ئېشەك ئۈستىدە مۆگدەپ ئولتۇراتتى .

ئۇلار سەمەرقەندتىن تۇنۇگۇن يېرىم كېچە بىلەن يولغا چىقـ.
قان ، تاڭ ئاتقۇچە يول يۈرۈپ ، سۇبھى بىلەن شۇ جىلغىنىڭ
ئۇستىدىكى ياڭاقلىققا كېلىپ قونغانىدى . ئۇلار باشقىلارنىڭ كۆـ.
رۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، كۈن بويى ياڭاقلىقتا دەم ئېلىپ ،
نامازدىگەر بىلەن يەنە يولغا چىققانىدى . ئەلى قۇشچىنىڭ مۆلچەرلىـ.
شىچە ، تاڭ ئاتقۇچە «ئەجدىھا غار» غا يېتىپ بېرىشى كېرەك
ئىدى .

تۆت تۆگىنىڭ ھەر بىرىگە تۆتتىن ئون ئالتە ساندۇق ئارتىلـ.
غان بولۇپ ، ئۇستىگە قۇرۇق ئوت ـ چۆپ بېسىلغان ، كۆرگەن
ئادەم ئۇلارنى پادىچى ئىكەن دەپ چۈشىنىشى مۇمكىن ئىدى .
ئۇستىگە قارا يۇڭ چەكمەن ، باشلىرىغا پادىچىلارنىڭ چەمبىرەكسىـ.
مان كىگىز قالپاقلىرىنى چۈمكەپ كىيىۋالغان ئەلى قۇشچى بىلەن
مىرەم چەلەبىنىڭ ئۆزلىرىمۇ پادىچىغا ئوخشايتتى .

زەرەپشان ئۇستىدە بىر ھەپتىدىن بۇيان تىنماي چىققان سوـ.
غۇق شامال توختىغان . تىنچ ، جىمجىت ئېسىلىپ تۇرغان بىر
ھەپتىلىك ھىلال ئاي تۇتۇق كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ غۇۋا شولىسىدا
سۇيى قۇرۇپ كەتكەن كەڭ ساي ، ساينىڭ ئىككى يېنىدىكى ياڭاقـ.
لىق ۋە ئۇدۇلدىكى ئاجايىپ غارلار بۆلەكچىلا ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى
ھەمدە ئاجايىپ سىرلىق ، ۋەھىملىك تۇيۇلاتتى...

ئەلى قـۇشچىنىڭ يوغـان ھاڭگـا ئېشىكـى تاشلارغا مۇدۇـ.
رۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ بولسىمۇ ، تىنماي تېز ماڭاتتى . بۇ ھاڭگا
ئېشەك ۋە يۈك ئارتىلغان تۆگىلەرنى قەلەندەر بىلەن تۆمۈر سەمەرـ.
قەندى ئۇستا تېپىپ كەلگەنىدى . بوۋاينىڭ ئۆڭكۈرىدىكى ئۇچرىـ.
شىشنىڭ ئىندىنى كېچىسى ، قەلەندەر ئەلى قۇشچىنىڭ قېشىغا يەنە
كەلدى . كەلگەندىمۇ قورقۇنچلۇق گەپلەرنى ئېلىپ كەلدى . يەنى
ئۇ جۇمە مەسچىتتە پايتەختنىڭ ئۆلىما ـ ئاقساقاللىرى يىغىلىپ ،
مىرزا ئۇلۇغبەگنى دەھرىي دەپ ئەيىبلىگەنلىكى ، ئۇنىڭ ھەممە
ئىشلىرىنى شەرىئەتكـە خىلاپ دەپ قـاراپ ، ئۇ بـەرپا قىلغان
رەسەتخانا ـ كۇتۇپخانىلارنى بۇزۇش ـ چېقىش توغرىسىدا پەتىۋا

چىقارغانلىقىنى ئېيتتى. پايتەختتە غوۋغا باشلانغانلىقى دېمىسىمۇ ئايان ئىدى. شۇڭا، پورسەتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك ئىدى. قەلەندەر ئەتىسى كېچىدە ئون - ئون بەش ساندۇق بىلەن ئۈچ - تۆت تۆگە تېپىپ كېلىشكە ۋەدە بېرىپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. لېكىن، ساندۇقلارنى رەسەتخانىغا ئېلىپ كىرىش خەتەرلىك، لەخمىگە بولسا سىغمايتتى. بىردىنبىر چارە كىتابلارنى تاغارغا قاچىلاپ، تار لەخمىدىن ئېلىپ چىقىش ئىدى. ئۆزى يالغۇز بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى پەملىگەن ئەلى قۇشچى، بۇ سىرنى مىرەم چەلەبىگە ئاشكارىلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بىرلىكتە كىتاب تاللاشقا كىرىشتى، بىراق قايسىلا كىتابنى قولغا ئالسۇن، ئۇنى قالدۇرۇشقا كۆزى قىيمايتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھەربىر كىتاب، ھەربىر قوليازما بىباھا گۆھەر ئىدى. ئەلى قۇشچى قولىدىكى ئەسەرنى ۋاراقلاپ - ۋاراقلاپ، ئاخىر قاتتىق خورسىنىپ جايىغا قويۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولاتتى. لېكىن، ماۋەرائۇننەھر دانىشمەنلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە كەلگەندە، ئۇ چىداپ تۇرالمىدى. ئۇستازى ئەڭ ماھىر خەتتاتلارغا كۆچۈرتۈپ، كۆك، قىزىل ۋە سېرىق خۇرۇمدا مۇقاۋىلاتقان بۇ كۆركەم، نادىر كىتابلارنى قالدۇرۇشقا ۋىجدانى چىدىمىدى ... ئالىملار ئالىمى ئەبۇرەيھان بىرونى مۇھەممەت ئىبنى ئەھمەت ھەزرەتلىرىنىڭ ھال رەڭ يىپەككە ئورالغان «ئەل قانۇنەل مەسئۇدى»، «مىزانۇل ھېكمەت» ۋە «كىتاب ئۇسسەيدەنە» دېگەن ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزىلا بىر تاغار بولدى. شەيخۇررەئىس ئاتالغان ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ھەزرەتلىرىنىڭ «كىتابۇش - شىپا» ۋە «كىتابۇن - نەجات» ناملىق ئەسەرلىرى بولسا، بىر تاغارغىمۇ سىغمىدى. ئۇستازىنىڭ يىپەك قەغەزلەرگە سىزغان جەدۋەللىرى بىلەن خەتتاتلار تېخى كۆچۈرۈپ بولالمىغان رىسالىلىرىنىمۇ تاغارغا قاچىلاشنىڭ ئامالى بولمىدى. شۇڭا، ئۇلارنى قېلىن كىمخابقا ئوراپ، ئالاھىدە ئايرىپ قويدى. كىتاب، كىتاب، كىتاب ... مانا، ئۇستازىنىڭ ئاجايىپ ماھارەت بىلەن قەغەزدەك نېپىز قىلىنغان ئاھۇ تېرىسىگە كۆچۈرۈلگەن سۆيۈملۈك

رىسالىسى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» مانا ، جەننەت ماكان ئۇستاز قازىزادە رۇمى ئۆز قولى بىلەن پۈتكەن «رىيازىيات» ناملىق ئەسەرى ، شائىرلار پىشىۋاسى دەپ ئاتالغان ئۆمەر ھەييامى ھەزرەتلىرىنىڭ زەر ھەل مۇقاۋىلىق نادىر شېئىرلار توپلىمى . ئۇنىڭ يېنىدا ئالىملار سەردارى ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەت ئىبنى مۇسا ئەل خارەزمى ھەزرەتلىرىنىڭ مەخمەلگە ئورالغان «كىتاب ئەل ـ مۇختەسەرفى ھېساب ئەل ـ جەبىر ۋەل ـ مۇخابەلە» سى ...

ئۇستازى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان ، قاش ـ كۆزلىرىگە سۈرتۈپ ئوقۇيدىغان بۇ كىتابلارنى ئۇ قانداقمۇ تاشلاپ كېتىدۇ ؟ ئەتە ـ ئۆگۈن بۇ كىتابلار يوقاپ كەتسە ، ئۇستازىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ ؟ ...

ئەلى قۇشچى تاللىۋالغان ئەسەرلەر كۈتۈپخانىدىكى كىتاب ۋە قولىيازمىلارنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيتتى ، لېكىن شۇنىڭ ئۆزىلا قىرىق تاغاردىن ئېشىپ كەتتى . ئۇلار ئاۋۋال بۇ تاغارلارنى بىرىنچى قەۋەتتىكى قۇدۇققا ئېلىپ چۈشتى ، ئاندىن شام ياندۇرۇپ ، قاپقاراڭغۇ ، تار لەخمىدىن سىرتقا توشۇشقا باشلىدى . كەچقۇرۇن سەل قاراڭغۇ چۈشكەندە باشلانغان بۇ ئىش تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا ئاران تۈگىدى . سەل ئۆتكەندىن كېيىن ، ساندۇق ئارتىلغان تۆگىلەرنى يېتىلەپ ، قەلەندەر بىلەن تۆمۈر سەمەرقەندى ئۇستا يېتىپ كېلىشتى .

تۆتەيلەن كىتابلارنى ساندۇقلارغا جايلاشتۇردى ، ھەربىر ساندۇققا ئىككى يېرىم ـ ئۈچ تاغاردىن كىتاب سىغدى ، ئون ئالتە ساندۇق كىتابنى تۆت تۆگىگە ئارتىپ ، ئۇستىگە قۇرۇق ئوت ـ چۆپ باستى . كىتابلارنىڭ قاتچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكى پەقەت شۇ چاغدا بىلىندىكى ، ئۈچ ـ تۆت پاتمان يۈككە پىسەنت قىلمايدىغان نار تۆگىلەر ، كىتاب بىلەن لىق تولغان ساندۇقلار ئاستىدا ئاستا تەۋرىنىپ ، ئاران قوزغالدى .

مانا ، ئاخشامدىن بېرى ئۇلار يولدا بولدى ، بۇگۈن جىلغا بويىدىكى ياڭاقلىقتا تۆگىلەرنى چۆكتۈرۈپ قويۇپ دەم ئېلىشتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ يەرلەردە ئادەم شالاڭ بولسىمۇ ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى كۈندۈزى يول يۈرمىدى . ماۋەرائۇننەھر بېشىغا قارا كۈنلەر چۈشتى ، ھەممە ياقتا پايلاقچى ، ھەر جايدا جاسۇس . شۇڭا ئېھتىيات قىلىش شەرت ، يەنە ئۈچ ـ تۆت پەرسەخ مۇساپىنى ئامان ـ ئېسەن بېسىپ ، «ئەجدىھا غار» غا بېرىۋالسا بەس ، ئەتىنىڭ ئۇياقى خۇدا بۇيرۇسا ئوڭۇشلۇق بولۇر ...

ئەلى قۇشچى «ئەجدىھا غار»نى بۇنىڭدىن ئون بەش ـ ئون ئالتە يىل بۇرۇن كۆرگەن . ئۇ ئىللىق كۈز پەسلى ئىدى . ئارقار ئوۋلاشنى ياخشى كۆرىدىغان مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەللىككە يېقىن مەھ-رەم بىلەن ئۈرگۈت تاغلىرىغا ئوۋغا چىققانىدى .

ئەرەب ئارغىماقلىرىغا مىنىۋالغان نۆكەرلەر يۈگۈرۈك ئوۋ ئىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ، تاڭ سەھەر بىلەن تاغلارغا چىقىپ كېتەت-تى ۋە توپ ـ توپ ئارقارلارنى قورشىۋېلىپ سايغا ھەيدەپ چۈشەت-تى . ئوقيا تۇتۇپ ، ئارچا دالدىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان بەگلەر ۋە ئەمىرلەر بولسا ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ ، بۇ ئۈركۈگەك جانى-ۋارلارغا ئوق ئۈزۈشەتتى . كەچقۇرۇنلىرى ئولجا ئالغان ئارقار گۆشىدىن تونۇر كاۋپى پىشۇرۇپ ، كۆپكۆك ئارچىزارلىقلارغا تى-كىلگەن يىپەك چېدىرلاردا تاڭ ئاتقۇچە بەزمە قىلىشاتتى ...

بەزىدە ئوقياچىلار ياردىمى بىلەن بولىدىغان «ئوۋ» دىن زې-رىككەن مىرزا ئۇلۇغبەگ ، ئەڭ يېقىن دوستلىرىدىن ئۈچ ـ تۆتنى ئەگەشتۈرۈپ تاغلارغا چىقىپ كېتەتتى . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇ ئەلى قۇشچى بىلەن ئەمىر ئارسلاننى ئاتلارنى ئىگەرلەپ ، ئوۋ تەييارلىقىنى تېزلىتىشكە بۇيرۇدى . قىرىشقاندەك ، شۇ كۈنى ھاۋا بۇزۇلۇپ ، سوغۇق شامال چىقىپ كەتكەنىدى . بىراق ، ئەتىگەندىن بېرى قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ ، خامۇش يۈرگەن مىرزا ئۇلۇغبەگ تاغقا چىققاندىلا ، پېشانىسىدىكى قورۇقلار يېشىلىپ لېۋىگە كۈلكە يۈ-گۈردى . ئۇ ئاق قۇدەك گۈزەل ، ئاپئاق ئەرەب ئارغىمىقىنى چاپتۇ-رۇپ ، گاھ سايلارنى كېچىپ ئۆتسە ، گاھ داۋانلارغا چىقىپ ، يىپەكتەك مەيىن تاۋلانغان ئۈرۈكلۈك ۋە ياڭاقلىقلارغا ، تېخىچە

باھار پەيزىنى يوقاتمىغان يايلاقلارغا ئۇزاق - ئۇزاق تىكىلىپ قالاتتى . لېكىن ، ئەلى قۇشچىلار يېتىپ كېلىشى بىلەنلا يەنە ئات چاپتۇرۇپ كېتەتتى . ئۇ گويا ئوۋ ئوۋلاشنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ ، تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە مەپتۇن بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى . لېكىن ، سەل ئۆتكەندىن كېيىن ، قىرىشقاندەك بۇلۇتلار توپلىنىپ ، يامغۇر يېغىشقا باشلىدى . بىردەمدە تاغۇ تاشلار ئارىسىدا كىچىك ئېرىقلار ھاسىل بولۇپ ، سۇلار شارقىراپ ئېقىشقا باشلىدى . ئەلى قۇشچى بىلەن ئەمىر ئارسلان مىرزا ئۇلۇغبەگكە يېتىشىۋېلىپ ، قايتىپ كېتىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى . شاھ ھەزرەتلىرى رازى بولۇپ ، ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىسىغا بۇرىدى . لېكىن ، دەل شۇ پەيتتە ، چىغىر يول بويىدىكى ئارچىزارلىقتىن يوغان ئىككى ئارقار ئېتىلىپ چىقتى - دە ، تاشلارنى شاراق - شۇرۇق قىلىپ پەسكە قاراپ ئۇچقاندەك يۇگۇردى . بۇنى كۆرگەن مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەرەب ئارغىمىقىنى ئاچچىق قامچىلىدى ... ئەلى قۇشچى ئۆزىنى ئوڭشاپ : «توختاڭ ، شاھىم !» دەپ بولغۇچە ، مىرزا ئۇلۇغبەگ ئارچىزارلىققا شۇڭغۇپ كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى .

ئەلى قۇشچىمۇ ئېتىنى قامچىلىدى . ئۇنىڭ ئۇستىۋېشى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن ھالدا ئارچىزارلىقتىن چىققاندا ، مىرزا ئۇلۇغبەگ پەستە شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇدىن ئۆتۈپ ، يەنە بىر جىلغىنىڭ يانباغرىدا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭدىن خېلى يىراقتا ئىككى ئارقارنىڭ مۈڭگۈزى كۆزگە چېلىقاتتى . . . ئەلى قۇشچى : «توختاڭ ، ئۇستاز ، كەلكۈن !» دەپ توۋلىغىنىچە جىلغىدىن ئۆتۈپ ، شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كەتتى . ئۇ بىر دەمدىلا لېيىپ كەتكەن سۇ بويىغا يېتىپ بېرىشى بىلەن ئارقىسىدىن : «ئالائىددىن ئەلى !» دەپ توۋلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى . لېكىن ، توختاشنىڭ ئامالى بولمىدى . ئېگىزدىن بوراندەك چۇشۇپ كېلىۋاتقان شاش ئات ئۆزىنى كەلكۈنگە قاتتىق ئۇردى ۋە تاشلارغا قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۇرۇپ سايىنىڭ

ئېرىقى تەرىپىگە ئۆتتۈۋالدى . ئەلى قۇشچى پەقەت شۇ چاغدىلا كەينى-
گە بۇرۇلۇپ قارىدى . ئەمىر ئارسلان تارخان سايىنىڭ ئۇ تەرىپىدە
ئات ئويىنىتىپ تۇراتتى ، ئۇ قارا ئارغىماقنى قامچىلاپ ، بىر نېمى-
لەرنى دەپ ۋارقىرايتتى . لېكىن ، قاتتىق كىشنەپ ، ئاسمانغا چاپ-
چىۋاتقان ئارغىماق شاۋقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان سەلگە چۈشۈشكە جۈر-
ئەت قىلالمايتتى ...
ئەمىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا پۇرسەت يوق ئىدى . ئەلى قۇشچى
ئارقارلار دەسسەپ يول قىلىۋالغان كۆچەتلىكنى بويلاپ ئات چاپتۇ-
رۇپ كەتتى . يامغۇر بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى . ئېگىز چوققى-
لاردىن شارقىراپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان جىلغىلاردىكى سۇلار بارغان-
سېرى كۆپىيىپ ، ھەممە يـاقـنـى سەل بېسىپ كېتىۋاتـاتـتى .
بەزى ـ بەزىدە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ ، تاغ چوققىلىرى ئۆلتۈرۈ-
شۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى ، بەزىدە چاقماق چېقىپ ، ھەممە ياق
بىر دەم يوپيورۇق بولۇپ ، يەنە قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتى . . .
ئارقارلار تىك قارلىق چوققىلارغا قاراپ يول ئالغانىدى . ئۇلار
ئۆتكەن جايلاردا سۇنۇپ كەتكەن شاخ ـ شۇمبىلار ، قىيسىيىپ
يېتىپ قالغان ياش ئارچا ۋە ئىرغايلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى . لېكىن ،
چارچاپ كەتكەن ئارغىماق چوققىغا قاراپ چاپالماي ئاقساپ قالغانى-
دى ... ئەنە ، ئالدىدا ھەر بىرى گۈمبەزدەك كېلىدىغان چوڭ
قىيالار ۋە غۇدۇر ـ بۇدۇر خەرسەڭ تاشلار كۆرۈندى . بىر ـ
بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنگەشكەن بۇ چوڭ قىيالار پەسكە قاراپ قىيى-
سايغان بولۇپ ، گويا ھازىرلا ئاغدۇرۇلۇپ چۈشۈپ ھەممە ياقنى
كۆمپەيكۆم قىلىۋېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . ئارقارلار بۇ قىيالار ئارى-
سىدىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن . لېكىن ئۇستازچۇ ؟
ئەلى قۇشچى دىر ـ دىر تىترەپ ماغدۇرى قالغان ئېتىدىن
چۈشۈپ ، شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇردا ئۇدۇلدىكى ئېگىز قىيانى
ئايلىنىپ چىقتى . قىيانىڭ بىر تەرىپى ئۆلتۈرۈشۈپ ، تۆۋى يوق
ئـوپقان ھـاسىل قىلغـانىدى ... ئەلى قۇشچى ھەيران بولۇپ
توختىدى ـ دە ، ئۆڭكۈردە بىر نەرسە قىمىرلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ،

ھاياجانلانغان ھالدا : «ئۇستاز !» دەپ ۋارقىرىۋەتتى . شۇئان قەيەر-دىندۇر يېقىنلا بىر يەردىن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ھارغىن ۋە ھاياجان-لىق ئاۋازى كەلدى :

— ئەلى قۇشچى ! ئەزىزىم !

ئاۋاز پەستىكى ئۆڭكۈردىن ئەمەس ، يۇقىرىدىن كەلگەندى . ئەلى قۇشچى ئىككى چوڭ تاشنىڭ ئارىسىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ ، بىرىنچى قىيانىڭ تۆپىسىدە — قىيسىيىپ قالغان خەرسەڭ تاشنىڭ ئاستىدا ، توغرىسى ، قاراڭغۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدا تۇرغان ئۇستازى-نى كۆردى . ئۇنىڭ بېشىدا بۆكى يوق ، يالاڭئاياغ ئىدى . ئاق تۆگىنىڭ يۇڭىدىن توقۇلغان چەكمىنى مىچچىدە ھۆل بولۇپ كەت-كەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بۆلەكچە بىر ھەيرانلىق چىقىپ تۇراتتى .

— غار ! — دېدى ئۇ ، نېمە ئۈچۈندۇر شىۋىرلاپ ، — چېكى يوق بىر غار ، ئەلى قۇشچى !

— ئۆزىڭىز ئامانمۇ ؟ ئېتىڭىز نەدە ، ئۇستاز ؟

— يىقىلىپ قالدى ، — مىرزا ئۇلۇغبەگ پەستىكى قاراڭغۇ ئويقانى ئىشارەتلىدى ، — بۇياققا ماڭ ، ئەلى !

شۇ چاغدا كەينى - كەينىدىن چاقماق چېقىلىپ ، قاپقاراڭغۇ غار بىر دەقىقە يورۇدى . غارنىڭ ئاغزى تار بولسىمۇ ئىچى كەڭ ، قويىسىمان ئىدى .

— كىرىمىزمۇ ؟ — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ . ئەلى قۇشچى ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى تەرەددۇتنى سېزىپ ، غارغا بىرىنچى بولۇپ كىر-دى .

غاردىن «پۇرر !» قىلىپ ئۇچۇپ چىققان كۆك كەپتەرلەر ئۇنى بىر چۆچۈتىۋېتىپ ، پالاقلىغىنىچە ئاسمانغا پەرۋاز قىلدى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇغا ئۆگەنگەن بولغاچقا ، غارنىڭ قۇشلار ئۇۋا ياسىۋالغان قويىسىمان تورۇسى ، يەردە چۇۋۇلۇپ ياتقان ئۇۋىلار ۋە قۇشلارنىڭ پەي - قاناتلىرىنى كۆردى .

— قىرلىق تاش تاپ ، ئەلى ! ئوت ياقماق كېرەك !

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەلى قوشچى تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ، يەردىن ئىككى دانە قىرلىق تاش تاپتى . مىرزا ئۇلۇغبەگ چەكمىنىنىڭ قولتۇقىدىن ئازراق تۇۋىت ئېلىپ پىلىك ياسىدى . پىلىك ئوت ئالغاندىن كېيىن ، ئۇنى قۇرۇق چۆپلەرگە تۇتۇپ گۈلخان ياقتى . يالتىراق كۆك ـ قىزغۇچ تاشلاردىن ھاسىل بولغان بۇ غار گۈلخان شولىسىدا ئاجايىپ جۇلا ـ لىنىپ ، چاقناپ كەتتى .

غار ھەقىقەتەنمۇ چەكسىز ئىدى . ئۇ سىرلىق لەخمىگە ئوخ ـ شاش بولۇپ ، تاغقا كىرىپ كېتەتتى . ئەلى قوشچى كۆڭلىكىنى قىلىچقا باغلاپ ، مەشئەل قىلدى ـ دە ، ئۆڭكۈرگە كىردى . يىلان ئىزىدەك ئەگرى ـ توقاي ، قاراڭغۇ ھەم تار بۇ لەخمىنى بويلاپ ئون بەش — يىگىرمە قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن ، يولدا يەنە بىر ئۆڭكۈر پەيدا بولۇپ ، پەستە باشقا بىر غار كۆرۈندى ... ئەلى قوشچى سەل ئىككىلىنىپ بەلۋېغىنى يېشىپ ، بىر ئۇچىنى ھەزرە ـ تى ئالىيلىرىغا تۇتقۇزدى ـ دە ، يەنە بىر ئۇچىنى ئۆزى تۇتۇپ ئۆڭكۈرگە چۈشتى . غار ئانچە چوڭقۇر ئەمەس ئىدى . ئەلى قوشچى كۆكرىكىگىچە چۈشكەندە ، پۇتى يەرگە تەگدى . بۇ غار بايىقى غار ـ دىنمۇ كەڭ ۋە ئېگىز بولۇپ ، تاملىرى جانان چىنىدەك سىلىق ، ئاپئاق مەرمەر بىلەن قاپلانغانىدى . لېكىن ، ئەڭ قىزىقارلىقى شۇ ـ كى ، بۇ غارنىڭ ئايىغىدا بىر تۇڭلۇك بار ئىدى . يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ، ئۇچىنچى غار كۆرۈندى . ئەلى قوشچى ئۇنىڭ ـ غىمۇ كىرمەكچى بولغاندا ، مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنىمىدى . ئۇلار باشقا كەلمەكچى بولۇپ ئارقىسىغا قايتىشتى . لېكىن ، شۇ كېچىسى سەمەرقەندتىن شۇم خەۋەر كېلىپ قالغاچقا ، ئۇلار ئوۋدىن ۋاز كېچىپ پايتەختكە قايتىشقا مەجبۇر بولدى ...

بۇ ۋەقە سادىر بولغىنىغا ئون بەش يىلدىن ئاشتى . لېكىن ، تاغ ئارىسىدىكى بۇ سىرلىق ئۆڭكۈر ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقمىغانىدى . تۆمۈر سەمەرقەندى ئۇستىنىڭ غارسىمان كۆلبىسىگە كىرىشى بى ـ لەنلا ، «ئەجدىھا غار» ئېسىگە كېلىشىمۇ شۇ سەۋەبتىن ئىدى . شەك يوقكى ، بۇ ئېسىل خەزىنە سەمەرقەندنىڭ ئۆزىدە يوشۇرۇلىس ـ

مۇ بولاتتى ، لېكىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك ئىدى . پۈتۈن دۇنيا دانىشمەنلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى مۇجەسسەملەنگەن بۇ كەم ئۇچرايدىغان ئەسەرلەر يامان كۆزدىن يىراقراق تۇرغىنى ئەۋزەل . ئاھ ! نادان بىدئەتچىلەر قولىدا بۇنداق خەزىنىلەردىن قانچىسى ۋەيران بولغان . رۇم ، قاھىرە ، بېيىپىڭ ۋە باغدات خەزىنىلىرىدە يىغىلغان نى ـ نى ئەقىل دۇردانىلىرى ئوتتا كۆيدۈرۈلگەن ! ...

ھەئە ، بۇ خەزىنىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن «ئەجدىھا غار» دىن ياخشى جاي تېپىلمايدۇ ! بۇ ناتىنچ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ئەگەر ھەقتائالا ئىنايەت قىلىپ تەختتە مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۆزى قالسا ، تـوي ئۈستىگە توي بولىدۇ . ئـەكسىچە ، تەختنى شاھزادە مۇقىم ئىگىلەپ ، ئىش باشقىچە بولسا ... ياخشى كۈنلەر كەلگۈچە بۇ كىتابلار ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ياتقان بالىدەك خاتىرجەم يېتىۋېرىدۇ . ئىشقىلىپ ، ئەلى قۇشچى ئادىشىپ قالمىسۇن ...

ياق ، ئەلى قۇشچى ئۆمرىدە بىر كۆرگەن جايدىن ئادىشىپ قالغىنى يوق ! ...

مانا ، ئاشۇ كۈزدە مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن ئوۋغا چىققاندا چېدىر تىكىپ ، بىر ھەپتە تۇرغان يايلاق ! ئەتراپى ئېگىز قارلىق چوققىلار بىلەن ئورالغان كەڭ يايلاق بىرخىل ئىلاھىي جىمجىتلىققا چۆمگەن بولۇپ ، پەقەت چېكەتكىلەرلا چىرىلدايتتى ۋە يولتۇزلار ئەكس ئەتكەن تاغ سۈيىنىڭ ئاستا شىلدىرلىشى ئاڭلىناتتى ...

دۇرۇس ، دەل ئاشۇ يايلاق ! ئەنە ، ئاۋۇ قىرنىڭ يانباغرىغا قاتار يىپەك چېدىرلار تىكىلگەن ، پەسكە ، ساي ئېتىكىگە سىغىنلىق ئاق بايتاللار باغلانغانىدى ...

ئەلى قۇشچى ئەينى چاغدا يىپەك چېدىرلار تىكىلگەن قىرنىڭ يانباغرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكى «جىغ» قىلىپ ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ كەتتى . ئاشۇ چاغلاردا ، ئۇ بىلىكى كۈچكە ، يۈرىكى ئوتقا تولغان ، ئىلىم ۋە ھاياتلىق ئىشقىدا يانغان بەختلىك ياش ئىدى ، ئەل ـ خەلقمۇ ئاسايىش ئىدى .

ئەلى قۇشچى بىلەن مىرزا ئۇلۇغبەگ يەنە كۆپلىگەن ئۇلۇغ

ئىشلارنى قىلىش، ئىلىم بابىدا نۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىش ۋە كەشپىياتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ئىدى ... يىللار كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى. ئاشۇ ئىللىق كۈز كۈنلىرى، يۇلتۇزلار پارلاۋاتقان تىنچ كېچىلىرى ئۇستازى بىلەن مانا شۇ ئېدىرلاردا تەنها ئايلىنىپ يۈرۈپ تۈزگەن پىلانلىرى ۋە ياشلىق ئارزۇلىرىنىڭ يۈزدىن بىرىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. ھەيهات، بۇ شۇم پەلەك شۇنداق شەپقەتسىز، شۇنداق مۇرۇۋۋەتسىز ئىكەن . . .

ئەلى قۇشچىنىڭ ئېسىگە يەنە سالاھىددىن زەرگەر كېلىپ، قەلبىنى ئەلەم تۇمانلىرى قاپلىۋالدى. ئۇستازدىن شۇنچە ياخشىلىق كۆرگەن بۇ ئاتا ـ بالىنىڭ بۇنداق كۆپۈرانە قىلمىشلىرى ئۇنى ھەربىر ئەسلىگەنچە قىيناپ، ئىززىتىڭغا سالاتتى. پەقەت شۇ ئاتا ـ بالا بولسىلا مەيلىدىغۇ. ئەلى قۇشچى شۇ كۈنى مەۋلانە مۇھىددىننىڭكىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، يەنە بىر كۆڭۈلسىز ۋەقەنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ قالدى ... سالاھىددىن زەرگەر بىلەن يەنىلا خىيالەن بەس ـ مۇنازىرىلىشىپ كېتىۋاتقان ئەلى قۇشچى «شاھىزىندە» قەبرىستانلىقىغا يېقىنلاشقاندا، ئادەمزاتسىز تار كوچىلارنىڭ بىرىدىن مۇرىسىگە خۇرجۇن ئارتىپ، ئۇستىگە ياماق چاپان كىيىۋالغان بىر گاداي چىقىپ قالدى.

ئەلى قۇشچى دەسلەپتە ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلمىدى. لېكىن، گادايىنىڭ ھودۇقۇپ كەينىگە داجىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا توختىدى. گادايمۇ توختىدى ـ دە، قول قوۋۇشتۇرۇپ غەلىتە ھىجايدى.

— ھىم، ھىم، مەۋلانە ئەلى قۇشچى ... ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئاپىرىن! ئاپىرىن ...

ئەلى قۇشچى ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي، گاڭگىراپ قالدى. ئۇستىگە جۇلدۇر چاپان، بېشىغا پىلتىلىرى توزۇپ، پاختىسى چىقىپ كەتكەن تەقىيە كىيگەن بۇ «گاداي»، پايتەختتە نامى چىققان شائىر مىر يۇسۇپ خىلۋەتى ئىدى.

— نېمە بولدىڭىز ، ئەزىز بۇرادەر ؟
مىر يۇسۇپنىڭ كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ ، ئەتراپقا قارىۋالدى .
— ئېھتىيات قىلىش كېرەك ، مەۋلانە . ۋەلىئەھدى شاھزادە يالغۇز مىرزا ئۇلۇغبەگنىلا ئەمەس ، ئۇنىڭ بارچە شېرىكلىرىنىمۇ باستۇرۇشى مۇمكىن . كەمىنىنىڭ نەسىھىتىگە كىرىڭ ، بۇ ئۇرۇش ـ ماجىرالار بىسىققۇچە شەھەردىن چىقىپ ، غېرىبانە كۈن ئۆتكۈزۈپ تۇرماق كېرەك ، — مىر يۇسۇپ خىلۋەتنى شۇنداق دېدى ـ دە ، مۇرىسىدىكى خۇرجۇننى رۇسلاپ ، ئۇدۇلدىكى تار كوچىغا كىرىپ كەتتى . ئەلى قۇشچى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن گاڭگىراپ تۇرۇپلا قالدى ۋە شۇ يىلى باھاردا «باغى مەيدان» دا بېرىلگەن بىر زىياپەتنى ئېسىگە ئالدى . پۈتۈن شەھەردىكى ئىلىم ئەھلى ، مەشھۇر شائىرلار ، ناخشىچى ـ سازەندىلەر يىغىلغان بۇ بەزمىدە ، مىر يۇسۇپ خىلۋەتى ھەزرىتى ئالىيلىرىغا ئاتاپ يازغان بىر شېئىرىنى ئوقۇپ بەرگەنىدى . شېئىرنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرى ھامان ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى :

*بوۋىڭىز فەتھ ئېتىپ[1] شۆھرەت قازانغان جۇملە دۇنيانى ،*
*بۇ ئالەم كۆرمىگەي ئەمدى ئۇنىڭدەك زاتى ئەلانى .*
*دىلى پاك ئاتىڭىز ئۆمرىن نۇرى رەھمەتكە تولدۇردى ،*
*ئېلىپ شاھانە نامىغا خاقانى سەئىد ئۇنۋانى .*
*ئۇلارنىڭ شۆھرىتى ـ شانى مۇيەسسەر بولمىغان گەرچە ،*
*لېكىن بۇ دەم كۆرۈرسىزدە ھەممە مەسھۇ مۇسانى .*
*قاراڭ كى كۆكتە يۇلتۇزلار ھەرەم ئىچرە كەنىزلەردەك ،*
*خاقانىم ئىشقىدا يانغاي مۇنەۋۋەر ئەيلەپ ئاسماننى ! ...*

ھەيھات ! كېچە ـ كۈندۈز ئۇستازىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ، ئۇنىڭغا قەسىدە يېزىپ يۈرگەن بۇ شائىر بۈگۈن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ تەخت ۋە ھاكىمىيەتتىن ئايرىلغانلىقىنى بايقاپ ، ئۆز جېنىنى

[1] فەتھ ئەتمەك — بويسۇندۇرماق .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇتقۇزۇش كويىغا چۈشۈپتۇ. خىلۋەتىگە ئوخشاش مۇناپىقلار ناھا-يىتى كۆپ بولغانلىقتىن بولسا كېرەك، تونۇگۈن ئەلى قۇشچىنىڭ ئانىسى ئىللاببىي يەنە كېلىپ، شەھەردە بولۇۋاتقان ئىشلارنى تىلغا ئالغاچ ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئۇزاق يىغلىدى ۋە شەھەردىن چىقىپ كېتىپ بىرەر جـايـدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى ھەم يىغلاپ ـ يالۋۇردى ... مېھرىبان ئانا! بىلمەيدۇكى، ئەلى قۇشچى خىلۋەتنى دورىيالمايدۇ. ئۇستازنىڭ بېشىغـا كـۈن چۈشكەندە، مەۋلانا مۇھەممەدنىغا ئوخشاش ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىيەلمەيدۇ.

مۇبادا ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن مىرزا ئۇلۇغبەگ يەنە ئۆز تەختىدە ئولتۇرۇپ قالسا، بۇ ئادەملەر نېمە قىلار؟ ھېچ نەرسە كۆرمىگەندەك يەنە ئۇنىڭغا سەجدە قىلارمۇ، يا بۇنداق قىلىشقا ۋىجدانى چىدىماسمۇ؟

ئەلى قۇشچى بۇ خىياللاردىن يۈرىكى ئۆرتىنىپ، بوغۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك بولدى ـ دە، ئۆزىنى ئۆزى مەسخىرە قىلىپ كۈل-دى: «نېمە ئۈچۈن بۇنىڭغا ئەجەبلىنىسەن؟ بۇنداق ۋاپاسىزلىق ئا-دەم بالىسىنىڭ ئەسلىي خۇسۇسىيىتى ئەمەسمۇ؟ نادان ئادەمنىڭ ئەقىل ـ ئىدراك ۋە ياخشىلىققا ئەمەس، قىلىچ ۋە شەمشەرگە، بايلىق ۋە تاج ـ تەختكە سادىق ئىكەنلىكى ساڭا ئايان ئەمەسمۇ؟ بۇ ھەقىقەتنى نى ـ نى دانىشمەنلەر، شائىر ـ ئەدىبلەر تەسۋىرلە-گەن ئەمەسمۇ؟ بۇنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا قايغۇرىسەن، مەۋلانە ئەلى؟ ...»

ئەلى قۇشچى ئارقىسىغا قاراپ ـ قاراپ، ئاشۇ يامغۇرلۇق كۈز كۈنى ئارقار ئوۋلاش ئۈچۈن چىققان تاغ چوققىلىرىغا بۇرۇلدى. تاڭ ئاتاي دەپ قالغان بولسا كېرەك، ئۇدۇلدىكى ئېگىز چوققىنىڭ تۆپىسى ئاقىرىشقا باشلىدى. گويا سۇرتۇلگەندەك يالتىراپ تۇرغان ئاي ئۈستىدە ناھىد يۇلتۇزى چاقنايتتى. ئاي خىرەلەشكەنسېرى، ناھىد يۇلتۇزى تېخىمۇ ۋالىلداپ كېتىۋاتاتتى ... قىرلار ئېگىزلىد-گەنسېرى تۆگىلەرنىڭ مېڭىشى ئاستىلاپ، «ھوف ـ ھوف»لىرى كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى. «ئەجدىھا غار»غا يېقىنلاشقاندا، تۆگىلەر-

نىڭ ماڭالماسلىقى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى . ئۇ ھالدا ساندۇقلارنى ئېشەكلەرگە ئىككىدىن ـ ئىككىدىن ئارتىپ چىقىشقا توغرا كېلەتتى…

مانا ، ئەينى ۋاقىتتا يامغۇر يېغىپ كەتكەنلىكتىن قايتىشقا ۋەدىلەشكەن جاي . ئەنە ، ئارقار چىقىپ قاچقان ئارچىزار ! … ئەجەبا ، شۇ چاغدىكى خۇشبوي ، كۆپكۆك ئارچىلارنىڭ بىر ەرسىمۇ يىقىلمىغان ، بىر ەرسىمۇ قۇرۇمىغان . گويا ئون بەش يىل ئەمەس ، ئون بەش كۈنمۇ ئۆتمىگەندەك ، شۇ چاغلاردا قانداق بولسا ، ھازىرمۇ شۇ پېتىچە تۇرۇپتۇ ! …

مانا ، سايمۇ كۆرۈندى . ئەينى ۋاقىتتا ئەمىر ئارسلان تارخان ئات سېلىپ ئۆتەلمىگەن ، دولقۇنلىنىپ ، شاۋقۇنلىنىپ ئاققان سۇ ئازلاپ كەتكەنىدى .

ئەلى قۇشچىنىڭ پەرىزى توغرا چىقتى . سايدىن ئۆتۈپ ، تىك چوققىغا كۆتۈرۈلگەن تۆگىلەر : «ھوف ـ ھوف» قىلىپ ماڭالماي قالدى . ئەلى قۇشچى توختاپ ئېشەكتىن چۈشتى . ئەتراپ جىمجىت ئىدى . نە بىر ئادەم ، نە بىر ھايۋاندىن دېرەك يوق ئىدى . پەقەت ئارچا ۋە ئىرغايلار ئارىسىدا ئاللىقانداق قۇشلارنىڭ سايرىشى ئىشىدىلەتتى . ساپ ھاۋا ئارچا ، قىزىل زىرىق ، شىۋاق ۋە يەنە ئاللىقانداق تاغ گىياھلىرىنىڭ يېقىملىق خۇش پۇراقلىرىغا تولغانىدى .

ئەلى قۇشچى مىرەم چەلەبىگە قارىدى .

— «ئەجدىھا غار» غا كەلدۇق ، بالام . ئېشەكتىن چۈشۈپ ، تۆگىلەرنى چۆكتۈر !

«ئەجدىھا غار» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان مىرەم چەلەبىنىڭ كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ ئەتراپىغا قارىدى .

ئەلى قۇشچى تۆگىلەرنى چۆكتۈرۈپ باغلىدى ، تەييارلاپ قويغان پىلىكلەرنى ئېلىپ ، توپ ـ توپ ئۆسكەن ئىرغاي ، ئارچا ۋە قىزىل زىرىقلارنىڭ ئارىسى بىلەن تۆپىدىكى قات ـ قات خەرسەڭ تاشلارغا قاراپ ماڭدى . مىرەم چەلەبىنىڭ كۆزلىرى يەنىلا ئالاق ـ جالاق بولۇپ ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئىزمۇئىز ئەگىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماڭدى .

مانا ، ئەينى ۋاقىتتا ، دەھشەتلىك يامغۇردا ئۇنىڭغا ھەيۋەتلىك كۆرۈنگەن چوڭ قىيا تاشلار ! ئىنسان ئۆمرى قانچىكى قىسقا بولسا ، تەبىئەتنىڭ ئۆمرى شۇنچىكى ئۇزۇن بولىدىكەن ! ھەربىرى گۇمبەزدەك كېلىدىغان قىيالار بۇنىڭدىن ئون بەش يىل بۇرۇن قانداق بولسا ، ھازىرمۇ شۇنداق تۇرۇپتۇ ! مانا ، ئۇۋدا مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئەرەب ئارغىمىقى يىقىلىپ چۈشكەن ئۆڭكۈر . ئۆڭكۈرنىڭ تۆپىسىدىكى قىيا تاشلار ئارىسىدا «ئەجدىھا غار» ! …

ئىمە ئۈچۈندۇر ئەلى قۇشچىنىڭ يۈرىكى سىيلىپ ، قىياغا ياماشتى . ئەنە ، قىيانىڭ ئۈستىدە قىيسىيىپ تۇرغان ھېلىقى قورقۇنچلۇق خەرسەڭ تاش ، تاشنىڭ ئاستىدا قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ! …

ئەلى قۇشچى قىيانىڭ ئۈستىگە چىقىشى بىلەنلا ، ئۆڭكۈردىن يەنە ئاشۇ چاغدىكىدەك بىر توپ كۆك كەپتەر پالاقلاپ ئۇچۇپ چىقتى . بۇنىڭدىن چۆچۈگەن مىرەم چەلەبى ئۆڭكۈرنىڭ بىر چېتىگە بېرىۋالدى . ئەلى قۇشچى ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ كۈلۈمسىردى :

— قورقما ، بالام ، نامى «ئەجدىھا غار» بولسىمۇ ، ئەجدىھاسى يوق بۇنىڭ !

ئەلى قۇشچى قولىدىكى ئۆزى ياسىۋالغان مەشئەلنى ياندۇرۇپ ، غارغا بىرىنچى بولۇپ كىردى . تاملىرى يالتىراق كۆك ـ قىزىل تاشلاردىن ئىبارەت بۇ چوڭ غارنىڭ كاۋاكلىرىغا قۇشلار ئۇۋا سېلىۋالغان ، يەردە توزۇغان پەيلەر ، بۇزۇلغان ئۇۋىلار ۋە تۇخۇم شاكاللىرى تۇراتتى ! …

ئەلى قۇشچى قولىدىكى مەشئەلنى بېشىدىن ئېگىزرەك تۇتۇپ ، غارنىڭ ئىچكىرى تەرىپىگە قاراپ ماڭدى . مانا ، قاراڭغۇ لەخمە سولغا بۇرۇلغاندا تۇڭلۇك كۆرۈندى… تۇڭلۇككە ساندۇق سىغامدۇ ـ سىغمامدۇ ؟ سىغىدۇ ! پەقەت بۆرتۈپ چىققان تاشلارنىڭ قىرلىرىنى سەل چېپىۋېتىش كېرەك …

ئەلى قۇشچى مىرەم چەلەبىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ پەستىكى

ئۆڭكۈرگە چۈشتى .
جانان چىنىدەك سىلىق ئاق مەرمەردىن بىنا بولغان كاتتا غارمۇ ئۇرۇن بەش يىل ئىلگىرىكىدەك تۇراتتى ... ھەئە ، ساندۇقلارنى شۇ يەرگە جايلاشتۇرۇپ ، تۈڭلۈكنى يوغان تاشلار بىلەن ئېتىپ تاشلاش كېرەك ...
ئەلى قۇشچى مۇرىسىدىكى تاغنى ئاغدۇرۇۋەتكەندەك ئاراملىق ھېس قىلدى . ئۇلار غاردىن قايتىپ چىققاندا ، كەڭ ۋادا كۆز ئايتىپىغا چۈمۈلگەن بولۇپ ، قىزىل زىرىقلارنىڭ قىزغۇچ يوپۇرماقلىرى قۇياش نۇرىدا چوغدەك ۋاللىداپ ، ياپيېشىل ئارچىلار خۇددى يۇيۇنغاندەك ياشناپ كەتكەنىدى . پەستە ، خەرسەڭ تاشلار ئارىسىدىكى كۆچەتلىكتە ياتقان تۆگىلەر تۆپىدىن قارىسا خۇددى يوغان تاشلارغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى .
مىرەم چەلەبى كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ، ھەيۋەتلىك تاغلارغا ، تاغ باغرىدا ئاجايىپ تاۋلانغان ئۇرۇكزارغا ، گويا يانغىنغا ئۇچرىغاندەك لاۋۇلداپ تۇرغان قىزىل زىرىقلارغا ۋە قاراقەن كۆچەتلىرىگە ھەيران بولۇپ تىكىلىپ قالدى .
ئەلى قۇشچى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويۇپ :
— ئۇكام ! — دېدى ھاياجانلىنىپ ، — بۇ ئاجايىپ ئۆڭكۈرنى ماۋەرا ئۇننەھردە پەقەت ئۇچلا كىشى بىلىدۇ . بىرى مىرزا ئۇلۇغبەگ ، بىرى پېقىر ، بىرى سەن ... ئىلىم ئەھلىنىڭ يولباشچىسى مىرزا ئۇلۇغبەگ پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن توپلىغان بۇ ئەڭ نادىر خەزىنىنى ئۇشبۇ يەرگە يوشۇرىمىز . بۇ خەزىنە بىزگە نېسىپ بولمىسا ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا نېسىپ بولۇر . شۇ مەقسەتتە ياخشى زامانلار كەلگۈچە بۇ غار ئۇلۇغۋار بىر سىر بولۇپ قالغاي . بۇ سىرنى ھەتتا دوست - يارەنلىرىڭ ، ئاتا - ئاناڭمۇ بىلمىسۇن ، ئۇكام . بۇ سۆزۈمگە يالغۇز ئاللا تائالا شاھىتتۇر . دىلىڭدا ھەقتائالاغا ئىخلاس قىلىپ ، قەسەم قىل ، ئۇكام .
مىرەم چەلەبى قىبلىگە قارىغىنىچە كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، پىچىرلاپ تۇرۇپ قەسەم قىلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 13

قەلەندەر قەرناقى ئەلى قۇشچى بىلەن مىرەم چەلەبىنى ئۆزىتىپ قويۇپ جىرا بويلاپ قايتقانىدى . ۋاقىت تۈن يېرىمىدىن ئاشقان بولۇپ ، يىراقتىكى قىرلارنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن ھىلال ئايىنىڭ غۇۋا شولىسىدا ، ھەممە ياق جىمجىت ، تىنچ ئۇيقۇغا چۆمگەنىدى .

قەلەندەر قىرنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ رەسەتخانا دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقانىدا ، «باغى مەيدان» تەرەپتىن ئېشىكنى «خىخ ـ خىخ » لەپ كېلىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى . قەلەندەر ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋېدى ، ھېلىقى يولۇچى ئېشىكنى توختىتىپ :

— ھە ، سەنمىدىڭ ؟ — دېدى .

بۇ تۆمۈر سەمەرقەندى ئۇستا ئىدى .

— ھەئە ، مەن ، ئاتا . نېمىشقا قايتمىدىڭىز ؟

بوۋاي ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي ، يېقىنراق كېلىپ پىچىرلىدى :

— ئېھتىيات قىلغايسەن ، بالام . باياتىن بېرى مۇشۇ ئەتراپتا بىر قارا سايە ئەگىپ يۈرىدۇ . سەگەك بول ، ئۇقتۇڭمۇ ؟

— ئۇقتۇم ، ئاتا ...

تۆمۈر سەمەرقەندى ئۇستا باشقا گەپ ـ سۆز قىلماي ، ئېشىكنى ھەيدەپ ئۆتۈپ كەتتى .

«بۇ قانداق سايە بولغاي ؟ پايلاقچىمىدۇ ـ يا ؟ »

قەلەندەر ئەتراپنى دىققەت بىلەن كۆزەتتى ، لېكىن ھەممە ياق جىمجىت ، ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى .

قەلەندەر بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ رەسەتخانا تەرەپكە كېتىۋېتىپ ، شۇ يىلى كۆكلەمدە بۇ غەلىتە بوۋاي بىلەن ئۇچراشقانلىقى يادىغا كەلدى ـ دە ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .

قەلەندەر مەدرىسىنى تەرك ئەتكەن بولسىمۇ ، زاھىتلار خانىقاسىدىكى پىتنە ـ پاساتلار ، ئۇرۇش ـ جاڭجاللارغا كۆنەلمەي ،

كۆڭلى غەش بولۇپ يۈرگەن چاغلار ئىدى . بىر كۈنى كەچقۇرۇن ، ئۇ خانىقاغا بارغۇسى كەلمەي ، شەھەردىن چىقىپ ئابىرەھمەت بويىدىكى قىشلاقلارنى ئارىلاپ يۈردى . ئۇ ئەتىسىمۇ شەھەرگە قايتماي ، قىشلاقمۇ قىشلاق كېزىپ يۈرۈپ ، توساتتىن ئېگىز دۆڭنىڭ يانباغىرىدىكى غار ئاغزىدا ئولتۇرغان غەلىتە بىر بوۋاينى كۆرۈپ قالدى . چىرايلىق كەكە ساقىلى دۈت ۋە تۇتۇندىن سارغىيىپ كەتكەن ، بېشىغا ئۆرۈلمە تەلپەك كىيگەن ، پېشانىسىدىكى قات ـ قات قورۇقلارنى قارا كۈيە باسقان ، لېكىن قەددى ـ قامىتىدىن سالاپەت ۋە كۈچ ـ قۇدرەت چىقىپ تۇرغان بۇ بوۋاي كىچىككىنە تۈمۈر بولقىسى بىلەن غار ئاغزىدا چەينەك ـ چۆگۈنلەرنى تۈزەشتۈرۈپ ئولتۇراتتى ، يېنىدىكى ئوچاقتا قارا قازان پۇرۇقلاپ قايناۋاتاتتى .

قەلەندەر بوۋاينىڭ ئىشىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، هۆرمەت ـ ئېهتىرام بىلەن سالام بېرىپ ، بىر پىيالە سۇ سورىدى . بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭغا باشتىن ـ ئاياغ سەپسالدى ـ دە ، ئاندىن قارا چۆگۈندىن بىر پىيالە سۇ قۇيۇپ ئۇزاتتى ۋە :

— شۇ بوي ـ بەستىڭ بىلەن گادايلىق قىلىپ يۈردۈڭمۇ ؟ — دېدى قوپاللىق بىلەن ، — بارىكاللا ، سەندەك يىگىتكە !

بوۋاينىڭ بۇنداق قوپاللىق قىلىشىنى كۈتمىگەن قەلەندەر سۇنى بىر ئوتلىشىدا ئىچىۋەتتى ـ دە ، ئورنىدىن تۇردى . لېكىن ، بوۋاي قويۇق قاشلىرىنى سىلىغىنىچە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي :

— سەمەرقەندلىككە ئوخشىمايسەن ، — دېدى ، — قايسى يۇرتتىن ئادىشىپ كېلىپ قالدىڭ ، دەرۋىش ؟

قەلەندەر ئىختىيارسىز هالدا يەسسىدىن ، سەيھۇن بويلىرىدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى . بوۋاينىڭ پېشانىسىدىكى قورۇقلار تاراپ ، چىرايى ئېچىلىپ كەتتى .

— هەي ، ئىسىت ! نېمىشقا گۈلدەك يەسسىنى تاشلاپ ، بىزنىڭ يۇرتىمىزدا مۇساپىر بولۇپ يۈرىسەن ؟ بېشىڭغا نېمە بالا كەلدى ؟ ئېيتقىنا ، مۇساپىر .

قەلەندەرنىڭ كۆڭلى ئېرىپ ، بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆز-

لەپ بەردى . بوۋاي كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، بېشىنى ئاستا تەۋرىتىپ ، ئۇنىڭ ئىچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىگە قۇلاق سالدى ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى ، ئاندىن ، ياش ۋاقتىدا كارۋانلارغا قوشۇلۇپ يەسسىگە بارغانلىقىنى ، دىلى پاك ، ئوت يۈرەك خوجا ئەھمەت يەسسەۋىنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىپ ، قەبرىسىنى تاۋاپ قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى . بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن قەلەندەرمۇ قەدىمىي ھېكايىلەردىن ئېيتىپ بەرگەنىدى ، بوۋايمۇ ئېرىپ كېتىپ ئۇنى غارغا باشلاپ كىردى ۋە بىر كېچە مېھمان قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن قەلەندەر بوۋاينىڭ قېشىغا پات ـ پاتلا كېلىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى . ھەربىر كەلگىنىدە كۆڭلى تاغدەك ئۆسۈپ ، گويا ئۆز يۇرتىغا بېرىپ كەلگەندەك ھېس قىلىدىغان بولدى ··· مەۋلانە ئەلى قۇشچىغا ياردەملىشىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا ، قەلەندەر ھېچ ئىككىلەنمەي ئۇنى توپتوغرا ئۇستىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى . ئۇ ئەلى قوشچىنى باشلاپ توغرا قىلغانكەن ، سەكسەن ياشقا كىرىپ قالغان ئۇستا ھەممە گەپنى دەرھال چۈشەنگەنىدى .

بوۋاي شاگىرتلىرىدىن ئۈچ ـ تۆت يىگىتنى يىغىپ غاردا ئىش باشلىۋەتكەنىدى . قەلەندەرمۇ كېچىلىرى ئەتراپ سەل تىنچىغاندا غارغا بېرىپ ئۇستىلارغا ياردەملەشتى ، كۆلاھ ۋە جەندىسىنى يېشىپ تاشلاپ ، يېرىم يالىڭاچلانغان ھالدا كۆرۈك باستى ۋە بوۋاينىڭ بىر پۇت كېلىدىغان يوغان بازغىنى بىلەن تاۋلانغان تۆمۈرلەرنى مومدەك يانچىپ ، پۇخادىن چىققۇدەك ئىشلىدى . ئۇنىڭغا بوۋاينىڭ شاگىرتلىرى شۇنداق يېقىپ قالدىكى ، كېچىچە ئىشلىسىمۇ ئەتىسى كەتكۈسى كەلمەي قالاتتى . بولۇپمۇ بازغانبەگ بىلەن قالقانبەگ دېگەن ئاكا ـ ئۇكا تۆمۈرچىلەر ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىپ قالدى . ئۇلار ھەر ئىككىسىلا ياش ، شوخ ، خۇشخۇي ، قولى گۈل يىگىتلەردىن ئىدى . ئۇلار ھېرىپ ـ چارچاشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى ، ئىش ۋاقتىدىمۇ كۈلكە ، ناخشا ـ قوشاق ۋە چاقچاقتىن ئايرىلالمايتتى ··· نىھايەت ، ساندۇقلار تەييار بولغاندا ، ئۇستا زە-

رەپشان بويىدىكى قىشلاقلارغا بېرىپ تۆت تۆگە تېپىپ كەلدى ...
قەلەندەر رەسەتخانا دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى چىنار تۇۋىدە توختىدى . چىنارنىڭ ئاستىدا يوغان بىر سۇپا بولۇپ ، قەلەندەر بىر ھەپتىدىن بۇيان شۇ سۇپىدا تۇنەپ ، كۇندۇزى بەدەشقان قۇرۇپ قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى . لېكىن ، رەسەتخانىدىن كۆزىنى ئۈز-مەيتتى . ئۇ چىنار كاۋىكىغا يوشۇرۇپ قويغان ئەسكى پالازنى ئېلىپ سۇپىغا يايدى ـ دە ، خورجۇنىنى بېشىغا قويۇپ ياتماقچى بولدى . لېكىن ، دەل شۇ چاغدا دەرۋازا تەرەپتە «لاپ» قىلىپ بىر سايە پەيدا بولدى .
— ھەي مەخلۇق ، كىم سەن ؟
سايە دەرەخلەرنى پاناھ قىلىپ ، «باغى مەيدان» تەرەپكە بۇ-رۇلدى .
— جېنىڭدىن تويمىغان بولساڭ ، توختا ، ھەي ئىپلاس !
قارا سايە توختاش ئۇياقتا تۇرسۇن ، بىر پۈتىنى سۆرىگىنىچە يۈگۈرۈشكە باشلىدى .
«بۆرە ! بۇ كاززاپ نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ ؟» قەلەندەر قا-راڭغۇدا پايپاسلاپ ئۇنى قوغلاپ كەتتى . دەرەخلەرنى پاناھ قىلىپ كېتىۋاتقان سايە بىر ـ ئىككى قېتىم كۆزگە چېلىقتى ـ دە ، «باغى مەيدان» دەرۋازىسىغا يەتكەندە ، گويا يەر يۇتۇپ كەتكەن-دەك غايىب بولدى .
قەلەندەر قايتىپ كېلىپ ، سۇپىدا خىيال سۈرۈپ ئۇزاق ئول-تۇردى . «بۇ قارا سايە كىم ؟ بۆرىمۇ ياكى باشقا بىر پايلاقچىمۇ ؟ كۆرۈپ قالغان بولسا قانداق قىلىش كېرەك ؟ ...»
گويا قىشتا ئىشكىنىڭ يوچۇقىدىن ۋىژىلداپ كىرگەن ئىزغى-رىن شامالدەك بىر ۋەھىمە قەلەندەرنىڭ يۈرىكىنى شۈركەندۈرۈۋەت-تى . بۇ تۇيغۇ بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى . بۇنى سەزگەن قەلەن-دەر ئۆزىدىن يىرگىنىپ قول سىلكىدى ـ دە ، جەندىسىنى بېشىغا يۆركەپ ، يىرتىق پالازدا سوزۇلۇپ ياتتى ...
ئەتىسى قەلەندەر كۈن بويى سۇپىدىن نېرى كەتمىدى . ئۇ

بەدەشقان قۇرۇپ ، بېشىنى تەۋرىتىپ ھەمدۇ سانا ئوقۇپ ئولتۇر-
دى . لېكىن ، يېرىم يۇمۇق كۆزلىرىنى رەسەتخانا دەرۋازىسىدىن
ئۈزمىدى . ئۆتكەن كېچە كۆرگەن قارا سايە ئۇنىڭ خىيالىدىن نېرى
كەتمەي ، خۇددى پايلاقچىلار ھەممىلا يەردە ئۇنى پايلاپ يۈرگەندەك
تۇيۇلدى …

دەرۋازا ئېتىك ، تاش قورغان بىلەن ئورالغان رەسەتخانا جىم-
جىت ئىدى . ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك پەشتاقلىرىدىكى رەڭدار بېزەكلەر ،
مېھرابقا ئوخشاش دېرىزىلىرىنىڭ ھاشىيىسىدىكى نازۇك نەقىش-
لەر ، تاملىرىغا تىللا سۈيى بىلەن پۈتۈلگەن ھېكمەتلىك سۆزلەر
كۆز ئاپتىپىدا ئاجايىپ جىلۋىلىنىپ ، خىيالىي بىر گۈزەللىك
بەخش ئېتەتتى .

ئاسمانغا بوي تارتقان بۇ ھەشەمەتلىك بىنا ، ئىللىق كۆز ئاپتى-
پىدا ۋال - ۋۇل يانغان بۇ ھاۋارەڭ گۇمبەز ۋە ئېگىز مۇنارلارنىڭ
زەر ھەل جۇلاسى قەلەندەرگە باشقا دەۋرلەرنى ، بەختىيار تالىپلىق
چاغلىرىنى ئەسلىتىپ ، قەلبىدىكى ئۆچمەس دەردىنى يەنە قوزغى-
دى . ئۇ چاغلاردا ، ئۇلۇغبەگ مەدرىسىسىنىڭ تالىپلىرى ھەپتىدە
بىر قېتىم رەسەتخانىغا كېلىپ ، كېچىلىرى فەلەكىيات ۋە رىياز-
ياتتىن تەلىم ئالاتتى . دەرسلەرنى كۆپىنچە ئەلى قۇشچى بىلەن
مەۋلانە مۇھەممەد ئۆتەتتى ، بەزىدە ھەزرىتى ئالىيلىرى ئۆزىمۇ
ئۆتۈپ بېرەتتى . شاھ ئالىيلىرى كەلگەن كۈنلىرى رەسەتخانىغا
سەمەرقەندتىكى بارلىق مۇدەررىسلەر ، بارلىق ئىلىم ئەھلى ، مەش-
ھۇر ئالىملار ۋە ئاقساقال ئەمەلدارلار ، بەزىدە ھەتتا چەت ئەللەرنىڭ
باش ئەلچىلىرىمۇ قەدەم تەشرىپ قىلاتتى . ئىككىنچى قەۋەتتىكى
كاتتا كۇتۇپخانىغا ئادەملەر سىغماي قالاتتى . بېشىغا ئۇچلۇق قارا
دۇخاۋا تەقىيە ، ئۈستىگە زەرباپ تون ، تېشىدىن ئاق شايى چاپان
كىيگەن شاھ ئالىيلىرىنىڭ كۆزلىرى ئاجايىپ چاقناپ ، ياڭاقلىرى
بۆرتۈپ چىققان ئۇزۇنچاق يۈزلىرى لاۋۇلداپ ، ئاۋازى ھاياجاندىن
تىترەپ ، كائىناتنىڭ چىگىش سىرلىرىدىن سۆزلەيتتى ؛ كۆكتە
چاقناۋاتقان يۇلتۇزلارنى نام - ئىسمى بىلەن ئاتاپ ، ئۇلارنىڭ

بوشلۇقتىكى ئورنىنى چۈشەندۈرەتتى . مىرزا ئۇلۇغبەگ سۆزلىگەن فەلەكىيات مەسىلىلىرىنى ، بولۇپمۇ رىيازىيات ئىلمىنىڭ مۇرەك-كەپ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى بەزىلەر چۈشەنسىمۇ ، بەزىلەر چۈ-شىنەلمەيتتى . بىراق ، ئۇنىڭ ئاھاڭدار ، جاراڭلىق ئاۋازى ۋە ئىل-ھام بىلەن چاقنىغان كۆزلىرىگە مەپتۇن بولمىغان ، ئۇنىڭدىن ھايا-جانلانمىغان بىرەرمۇ ئادەم قالمايتتى . كۆپ ھاللاردا ، مىرزا ئۇ-لۇغبەگ ھەزرەتلىرى بىلەن بىللە باقاۋۇللار كېلىپ ئاش دۈملەپ ، دەرستىن كېيىن بارلىق ئىلىم ئەھلى — ئالىملارغا ۋە تالىپلارغا زىياپەت بېرەتتى ...

قەلەندەر كۆزلىرىنى يۇمۇپ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى ... «نېمە ئۈچۈن بۇ ئۇلۇغ دانىشمەنلەر دەرگاھىنى كەيپ ـ ساپاچى ھەسەت-خورلار ئۇۋۇسىغا ، ئۇلۇغ تالانت ۋە ئەقىل ئىگىلىرىنى پىتنە ـ پاساتچى دەرۋىشلەرگە ، ئاپئاق مۇدەررىسلىك سەللىسىنى بىدئەتچى ئ‍ـۇنىس‍ـۇرلارنىڭ ئىپلاس كۇلاھىغا ئالماشتۇرىدۇ ؟ زادى نېمە ئۈ-چۈن ؟ » دېدى ئۇ ئۆزىدىن رەنجىپ . لېكىن ، يادىغا يەنە خۇرشىدە بانۇ كېلىپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ...

قەلەندەر قەرناقى خۇرشىدە بانۇنىڭ تويىدىن كېيىن تەنھا يا-شاشنى ئىختىيار قىلىپ ، گادايلىق قىلىپ يۈرگەن چاغلىرى ئى-دى . بىر كۈنى كەچقۇرۇن بېشىغا كۇلاھ ، ئۈچىسىغا ئەسكى جەندە كىيگەن ، مۈرىسىگە كونا خۇرجۇن ئارتىۋالغان قەلەندەر «مازارى شەرىف» تىن قايتىپ كېتىۋېتىپ ، ھەشەمەتلىك بىر دەرۋازا ئالدىدا توختىدى . ئۇنىڭ : «يائاللا دوست ، يائاللا» دەپ توۋلىشىغا دەرۋا-زىنى ئاچقان قاراۋۇل بوۋاي ساپال كوزىدا قېتىق ئارىلاشتۇرۇلغان كۆجە بىلەن بىر زاغرا نان ئېلىپ چىقتى . قەلەندەرنىڭ قورسىقى ئاچ بولغاچقا ، دەرۋازىنىڭ سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكە باشلىدى . ئۇ كۆجىنى ئىچىپ بولۇپ ، دۇئاغا ئەمدىلا قول كۆتۈرۈ-شى بىلەن ، دوقمۇشتىن ئۇستىگە زەرباپ تون ، بېشىغا سۆسەر بۆك كىيگەن قامەتلىك بىر سۇۋارى ئات ئويىنىتىپ چىقىپ كەلدى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلىنىپ ، ئۇستىگە قىزىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىمخاب سايىۋەن تۇتۇلغان هارۋا دوقمۇشتا پەيدا بولدى .
قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن سۇۋارى دەرۋازا ئالدىدا ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، ئارغىمچىقىنىڭ چۇلۋۇرىنى قاراۋۇل بوۋايغا تۇت-قۇزغاچ :
— هوي ! — دېدى قەلەندەرگە قاراپ ، — قارنىڭ تويدىمۇ بۇ دەرگاهتا ؟ تويغان بولسا ، يولۇڭغا راۋان بول ، دەرۋىش ! — دېدى .
سۇۋارىنىڭ سۆزلىرى ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ ، قەلەندەر كۆڭلىگە ئالمىغان بولۇپ دۇئا قىلدى ـ دە ، يولىغا ماڭدى . لېكىن ، ئۇ بىر ـ ئىككى قەدەم ماڭمايلا هارۋىدىن : «مىر-زام !» دېگەن ئاۋاز ئىشىتىلدى ـ دە ، ئىختىيارسىز هالدا توختىدى . «ئاھ . . . بانۇ !» چەكسىز مۇڭغا تولغان بۇ تاۋۇش قەلەندەرنى چاقىرغان ئاۋازمۇ ياكى زەرباپ تونغا ئورالغان قامەتلىك سۇۋارىنىمۇ ؟
قەلەندەر خۇرجۇنىنى كۆتۈرگىنىچە كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا هاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى . كىمخاب سايىۋەن ئىچىگە يوشۇرۇنغان بانۇ بولسا ، يىغا ئارىلاش بوغۇق ئاۋاز بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇر-دى :
— مىرزام ! بۇگۈن يامان چۈش كۆرۈپ قېلىپ ، خوجا باها-ۋۇددىن هەزرەتلىرىگە يەتتە تەڭگە ئاتىغانىدىم . ئاقچىڭىز بولسا ، شۇ گادايغا يەتتە تەڭگە سەدىقە بېرىڭ ...
قەلەندەر ئەس ـ هوشىنى يىغىپ ، هارۋىغا بۇرۇلۇپ قارىدى . تۆپىسىگە يىپەك پۆپۈكلەر تاقالغان كىمخاب سايىۋەننىڭ پەردىلىرى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ ، هېچكىم كۆرۈنمەيتتى ، پەقەت پەردىنىڭ بىر بېشىنى تۇتۇپ تۇرغان ئاجىزەنىڭ ئاپئاق قولى كۆرۈنەتتى . زۇمە-رەت كۆزلۈك قوش ئۈزۈك سېلىنغان نازۇك بارماقلىرى گويا نېمىنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك تىترەيتتى ...
هېلىقى سۇۋارى : هارۋىكەشكە قاراپ تاقەتسىزلىك بىلەن : «هەيدە !» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى ۋە قاپقىنى تۇرگىنىچە

يانچۇقنى ئاختۇرۇپ ، نېمىنىدۇر ئالدى ـ دە ، تېخىچە گاڭگىراپ تۇرغان قەلەندەرگە قارىتىپ ئاتتى . تاشيولغا چۈشكەن ئالتۇن تەڭ‐گىنىڭ زىل ئاۋازى هارۋا چاقىنىڭ غاچۇر ـ غۇچۇرىغا ئارىلىشىپ كەتتى . دەرۋازا تاراق ـ تۇرۇق يېپىلىپ ، كىمخاب سايىۋەنلىك هارۋا كۆزدىن غايىب بولدى …

كۇتۇلمىگەندە يۈز بەرگەن بۇ ئۇچرىشىش ، تاشيولدا دۇگىلە‐گەن بۇ ئالتۇن تەڭگە زادى نېمىنىڭ بېشارىتى ؟ بۇ بانۇنىڭ ساختە‐لىقىمۇ ياكى ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئىچىنغانلىقتىن بېرىلگەن سەدىقە‐مۇ ، ۋە ياكى ئۆزىنىڭ قانداق دۆلەتمەن ، شاهانە دەرگاھقا دۇچ كەلگەنلىكىنى پەش قىلماقچىمۇ ؟ لېكىن ، ئۇنداق دېسە … چەكسىز مۇڭغا تولغان بۇ ئاۋاز ، بۇ مۇڭلۇق پەرياد تامامەن باشقا نەرسىدىن دالالەت بېرەتتى …

شۇ كۈنى قەلەندەر گويا ئەزىز بىر نەرسىسىنى يوقىتىپ قوي‐غاندەك ، قاراڭغۇ چۈشكۈچە دەرۋازا ئەتراپىدا تىمىسقىلاپ يۈردى . كېيىن ، بېشى قايغان ، پۇتى تايغان تەرەپكە كەتتى . بىر چاغلاردا ئەس ـ هوشىنى يىغىپ قارىغۇدەك بولسا ، شاهىزىندە قەبرىستانلى‐قىدا ئولتۇرارمىش . لېكىن ، بانۇنىڭ داد ـ پەريادقا ئوخشاش مۇڭلۇق ئاۋازى هامان ئۇنىڭ قۇلىقىدىن نېرى كەتمىدى ، بانۇنىڭ شېئىرى بولسا ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقمىدى :

*تىلىم لالدۇر ، دىلىم رازىن بايان ئەتمەكتىن ئاجىزمەن ،*
*ۋىسالىنىڭ ئارزۇسىدا خەستەدۇر كۆڭۈل ، بىلمەسسەن …*

ئۇزۇن ئۆتمەي ، پايتەختتە شۇم خەۋەر تارقالدى ـ دە ، قەلەن‐دەرنىڭ كۆزىگە جاهان تېخىمۇ قاراڭغۇ كۆرۈندى . شاهزادە ئابدۇل ئەزىز ئەمىر ئىبراهىمبەگنىڭ ئوغلىنى قەتل قىلدۇرۇپ ، ئۇنىڭ هۆسندە تەڭداشسىز ئايالىنى ئۆز هەرىمىگە ئېلىپ كىرىۋالغان‐مىش !…

قەلەندەر خىيال دولقۇنلىرى بىلەن ئېلىشىپ رەسەتخانىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى ـ دە ، يەنە جايىغا قايتىپ كېلىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇ‐

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شى بىلەن ، ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئىشىتىلدى .
شەھەر تەرەپتىن ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن تۆت نەپەر سۇۋارى چىنارغا يېقىنلاشمايلا رەستىخانىغا بۇرۇلدى . قەلەندەر ئىختىيارسىز ھالدا سەسكىنىپ كەتتى . چۈنكى ، ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەن سىپاھلار ئارىسىدا ئەمىر سۇلتان جاندارمۇ بار ئىدى . قەلەندەر قەرناقى قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن بۇ ھاكاۋۇر ئەمىرنى ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ سورۇنلىرىدا كۆپ كۆرگەنىدى . چۈنكى ، مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەمىر جاندارنى ھەمىشە ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ يۈرەتتى .
«تۇۋا ! مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئەڭ يېقىن بۇرادىرى ، ئىشەنگەن تېغى ھېسابلانغان بۇ ئەمىر رەستىخانىدا نېمە قىلىدىغاندۇ ؟ »
دەرۋازا ئالدىدا ئاتتىن چۈشكەن سۇۋارىلاردىن بىرى قامچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن دەرۋازىنى قاقتى .
— ئەلى قۇشچى نەدە ؟ ئاچ ، دەرۋازاڭنى !
رەستىخانا قاراۋۇلى ئەلى قۇشچىنى يوق دېگەن بولسا كېرەك ، سۇۋارىلار ئەمىر سۇلتان جاندار بىلەن بىرنېمىلەرنى دەپ مەسلىھەتلەشتى ـ دە ، دەرۋازىنى يەنە قاقتى . دەرۋازا ئېچىلغۇيدى ، ئەمىر جاندار بىلەن يەنە بىر سۇۋارى ئاتلىرىنى سىرتتا قالدۇرۇپ رەستىخانىغا كىرىپ كېتىشتى . ئىككى سۇۋارى سىرتتا قالدى . سەل ئۆتكەندىن كېيىن ، رەستىخانىغا كىرىپ كەتكەن ئەمىر جاندار قايتىپ چىقتى ـ دە ، يېنىدىكى ھەمراھلىرى بىلەن بىللە كەلگەن يولى ئارقىلىق شەھەرگە قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كەتتى .
قەلەندەر سۇۋارىلارنىڭ ئارقىسىدىن قارىغان پېتى گاڭگىراپ ئولتۇرۇپلا قالدى . ئۇنىڭ يۈرىكى نېمە ئۈچۈندۇر دۈپۈلدەپ سوقۇپ ، كاللىسى خۇددى قويۇندەك ئوڭ ـ تەتۈر ئايلىنىشقا باشلىدى .
تۇۋا ! مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرىنىڭ ئوڭ قولى ۋە ئەڭ سادىق ئەمىرى ھېسابلانغان سۇلتان جاندارنىڭ بۇ رەزىللىكنى قىلغىنىنى قارا ! مىرزا ئۇلۇغبەگ تەختتىن چۈشمەي تۇرۇپلا ، ئۇنىڭ

دۈشمەنلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. ئەڭ يېقىن ئەمرى بۇنداق قارا يۈزلۈك قىلسا، ئۇستازنىڭ تەقدىرى نېمە بولۇر؟ ئەلى قۇشچىنىڭ ھالى نېمە بولۇر؟

قەلەندەر بۇ تەشۋىشلىك ئويلار بىلەن بەند بولۇپ، يېرىم كېچىدىن ئاشقۇچە كىرپىك قاقماي ئولتۇردى. ئۇ رەسەتخانىنى تاشلاپ كېتىش ياكى كەتمەسلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. تاشلاپ كېتەي دېسە، ئەلى قۇشچى ئېسىگە كېلەتتى، كەتمەي سۇپىدا يېتىپ قالاي دېسە، شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ پايلاقچىلىرى كېلىپ ئۇنى تۇتقۇن قىلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى...

قەلەندەر بۇ خىياللاردىن بېشى گاڭگىراپ، كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا بېرىشى بىلەن، يەنە ئاياغ تىۋىشى ئىشىتىلىپ ئويغىنىپ كەتتى... خۇددى ئاخشامقىدەك بىر قارا سايە كوچىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى دەرەخلەرنى دالدا قىلىپ رەسەتخانا تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. قەلەندەر ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ كوچىنىڭ نېرىقى قېتىغا ئۆتتى ۋە دەرەخلەرنى دالدا قىلىپ سايىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. دەرۋازىغا يېتىپ بارغان سايە ھودۇققان ھالدا ئۇياق — بۇياقلارغا قارىۋالغاندىن كېيىن، دەرۋازىنىڭ يوغان مىس ھالقىلىرىنى شاراقلاتتى. ئىچكىرىدىن قاراۋۇل بوۋاينىڭ تونۇش، بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كىم سەن؟ يېرىم كېچىدە پايپاسلاپ يۈرگەن؟

— مەن! — قورقۇپ جاۋاب بەردى ھېلىقى سايە.

— مەن دېگەن كىم؟ رەسەتخانىغا كىرىشكە رۇخسەت يوق!

سايە بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن، يەنە بايىقىدەك قورقۇنچاقلىق بىلەن شىۋىرلىدى:

— كەمىنىنى مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرى ئەۋەتكەنىدى. مەۋلانە ئەلى قۇشچىنىڭ خەۋىرىنى ئالماقچى...

— ئەلى قۇشچى يوق! نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن!...

سايە نېمە قىلىشىنى بىلمەي خېلى تۇردى، ئاندىن ئاستا ئارقىسىغا قايتتى. ئۇ چىنارغا يېقىنلىشىپ قالغاندا قەلەندەر دە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

رەخلەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ ، ئۇنىڭ يولىنى توستى :
— ئەلى قۇشچىدا نېمە ئىشىڭ بار ؟ كەمىنە يەتكۈزىدۇ ئۇنىڭ-غا .

سايە پاكارغىنا ئادەم بولۇپ ، قورقىنىدىن ئاغزى گەپكە كەل-مەي ھەيكەلدەك قېتىپ قالغانىدى .

— قورقما ! مەن ئەلى قۇشچىنىڭ شاگىرتى قەلەندەر قەرناقى بولىمەن . ئېيت ، نېمە ئىشىڭ بار ، ئەلى قۇشچىدا ؟

— ئەلى ... — دېدى سايە دۇدۇقلاپ ، — مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرى ئەلى قۇشچى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىۋاتىدۇ ...

قەلەندەر بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن :

— مىرزا ئۇلۇغبەگ نەدە ؟ — دېدى ، — باشلاپ بار مېنى ، ئەلى قۇشچىنىڭ قەيەردىلىكىنى شاھ ئالىيلىرىغا ئۆزۈم يەتكۈزى-مەن !

## 14

دۇنيادا ھەممىدىن گۇمان يامان . ئادەمنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ ، ئۇنى سەۋر - تاقەت ۋە ئىرادە بىلەن يېڭىش مۇمكىن ، لېكىن كۆڭۈلدىكى گۇمان كىشىنى بەكمۇ قىينايدۇ .

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۆزىنىڭ ماۋەرائۇننەھردىن قوغلىۋېتىلىدى-غانلىقىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغىنىدا ، يۈرىكى قان بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، كېيىنچە ئەقىل - پاراسىتى بىلەن ئۆزىگە - ئۆزى تەسەللى بېرىپ ، يول ھازىرلىقىنى كۆرۈشكە باشلىدى .

مىرزا ئۇلۇغبەگ يەنىلا كۆكسارايىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى سوغۇق ئۆيدە تۇرۇۋاتاتتى . شاھزادە بىلەن ئۇچراشقان كۈنىنىڭ ئەتىسى ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېشىغا سۇرمە رەڭ سەللە ئورىغان بەلخلىق سارايۋەن كىردى . سارايۋەن ئۇنىڭغا يول ھازىرلىقىنى كۆرۈشنى ۋە بۇ سەپەر ئۈچۈن نېمە ئېھتىياجلىق بولسا ، شۇنى سوراشنى ئېيتتى .

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئارتۇقچە بىر نەرسە سورىماي، پەقەت قېلىنراق كىيىم - كېچەك، ئۈچ - تۆت كۈنلۈك ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ياخشى ئات - ئۇلاغ بولسىلا كۇپايە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىن باشقا پۇل ياكى ئالتۇنمۇ ئارتۇقچىلىق قىلماس ئىدى، لېكىن ئالتۇننى پەقەت شاھزادىلا ئىنئام قىلىشى مۇمكىن. مىرزا ئۇلۇغبەگ بولسا، شۇ كۈنكى سۆھبەتتىن كېيىن، شاھزادىدىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلماسلىققا ئانت ئىچكەندى. ئەسلىدىمۇ ھەجگە سەپەر قىلغان ئاجىز بەندىگە ھەشەمەتنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ باشقا كەلگىنىنى كۆرۈپ، تەقدىرگە تەن بېرىش لازىم - دە.

مىرزا ئۇلۇغبەگ كېچىچە كىرپىك قاقماي ھەرخىل چىگىش خىياللاردا بولدى. ئۇ مەككە - مۇكەررەمىگە ئامان - ئېسەن يېتىپ بېرىپ،، ھەج قەرزىنى ئادا قىلسا، دەمەشققە ياكى قاھىرەتۇلغا بارماقچى، بىرەر مەدرىسىدە خىزمەتچى بولۇپ، يەر سۈپۈرۈپ بولسىمۇ، قالغان بەش كۈنلۈك ئۆمرىنى ئىلىم ئەھلى بىلەن بىرگە تەلىم - تەرىقەتكە بېغىشلىماقچى. ئۇنىڭ نامىنى دەمەشقتىمۇ، مىسىردىمۇ، «بەيتۇل ھىكمە» دەپ ئاتالغان باغداتتىمۇ بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ نەگىلا بارسا، ئىنشائاللا، خار بولمايدۇ. پەقەت كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتى ماۋەرائۇننەھردىن، سۆيۈملۈك سەمەرقەندتىن ۋە بالىلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن زەرەپشان بويلىرىدىن كەتمەك، ياخشى كۈنگىمۇ، يامان كۈنگىمۇ شاھىت بولغان بۇ ماكاندىن ئايرىلىپ، باشقا ئەللەردە مۇساپىر بولماق ··· ئۇنى پەقەت شۇ خىياللار ئازابلاپ، شۇ خىياللار قىينايتتى. ئۇ ھەرخىل ئىشلار بىلەن ئۆزىنى بەزلىمەكچى بولاتتى ۋە تەقدىرگە تەن بېرىش لازىم دېگەن ئوي بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشاتتى، لېكىن بەرىبىر ئەل - يۇرتتىن جۇدا قىلىنىدىغانلىقى كاللىسىغا قايتا - قايتا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، يۈرىكى بىگىز سانجىغاندەك سىرقىراپ كېتەتتى.

چۈشتىن كېيىن، سارايۋەن يېشى ئەللىكلەرگە بارغان، ۋە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جىككىنە، ناھايىتى مۇلايىم بىر ئادەمنى باشلاپ كەلدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنى دەرھاللا تونۇدى، بۇ ئادەم شاھىزىندە خوجىلىرىدىن مۇھەممەت خىسرەۋ ئىدى. ساقچىلىغا ئاندا ـ ساندا ئاق كىرگەن، لەۋلىرىدە ھەمىشە مۇلايىم تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم مىرزا ئۇلۇغبەگكە بەكمۇ ياقتى. مۇھەممەت خىسرەۋنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ سۆيۈنۈپ كەتتى. سارايۋەن شاھزادىنىڭ ئالىي پەرمانىنى جاكارلىدى: مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن مۇھەممەت خىسرەۋ بۈگۈن ناماز ئەسىردىن كېيىن كۆكسارايدىن چىقىپ، «باغى مەيدان» غا بېرىپ تۈنىشى، ئەتە سۈبھى بىلەن ئۇزاق سەپەرگە ئاتلىنىشى لازىم.

«يۇقرالار كۆرۈپ قالمىسۇن دەيدىغۇ!» مىرزا ئۇلۇغبەگ قەلبىدە كۆتۈرۈلگەن ئەلەم دولقۇنىنى بېسىپ، مۇھەممەت خىسرەۋنىڭ ئۇستۇۋېشىغا سەپسالدى. خوجا بەدىنىگە كونىراپ كەتكەن قارا چەكمەن، پۇتىغا قىزىل خۇرۇمدىن تىكىلگەن كونا مەسە كىيگەن، بېشىغا ئادەتتىكى سەللە ئورىۋالغانىدى.

— كىيىمىڭىز يىراق يولغا يېلىڭلىق قىلىپ قالماسمۇ، خوجا؟

خوجا مۇھەممەت خىسرەۋ مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

— ھەجگە سەپەر قىلغان بىر پۇقراغا يۈز ۇر كىيىمنىڭ نېمە كېرىكى، ئۇلۇغ ھەزرىتىم؟

مۇھەممەت خىسرەۋنىڭ بۇ گېپى مىرزا ئۇلۇغبەگكىمۇ ياقتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ: «يۈزۈر كىيىم بولمىسىمۇ، ئۇزۇن سەپەرگە قېلىنراق كىيىنىش كېرەك، سوغۇق چۈشۈپ قالدى» دەپ، سارايۋەندىن ئۇنىڭغا بىر قۇر كىيىم ئالدۇرۇپ بەردى.

ئۇلار ناماز شامدىن كېيىن قوزغالدى. كۆكساراي ئادەتتىكىدەكلا ناھايىتى جىمجىت، ھەممە ياق قاراڭغۇ بولۇپ، ھاۋارەڭ ئېگىز گۈمبەزلەر سۇرلۇك قەبرىلەردەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. پەقەت مەرمەر كۆلچەكنىڭ چۆرىسىدىكى تاش پانۇسلار خىرە يورۇق بېرىپ، كۈمۈش چاچراتقۇچلاردىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇنىڭ

يىنىڭ شىلدىرلىشى قۇلاققا كىرىپ تۇراتتى ، خالاس .
مىرزا ئۇلۇغبەگنى تىترەك باسقان بولسىمۇ ، پۈتۈن ئۆمرى ئۆتكەن بۇ كونا ساراي بىلەن ئەبەدىلئەبەد ۋىدالىشىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ، ئىختىيارسىز هالدا توختىدى ـ دە ، قەلبىدىكى ئەلەملىك تۇيغۇغا بوي ئېگىپ ، قىبلە تەرەپتىكى هەرەمخانىغا قارىدى . تام بىلەن توسۇلغان هەرەممۇ قاراڭغۇ بولۇپ ، پەقەت ئەڭ چەتتىكى دېرىزە يەنىلا تۇنۇگۇنكىگە ئوخشاش خۇددى يىراقتىكى يۇلتۇزدەك پىلىلداپ تۇراتتى . مىسكىن چىراي هېلىقى ئاهۇ كۆزلۈك كېنىزەك شۇ يەردىمىدۇ ؟ قېرىغان چېغىدا ئەلەملىك قەلبىنى كۆز ئاپتىپىدەك ئىللىق نۇرغا تولدۇرغان ئاشۇ دىلرەبا بولسا ... ئۇ نېمىشقا ئۇخلىمايدىغاندۇ ؟ نېمە ئۈچۈن هەممە دېرىزىلەر قاراڭغۇ ، يالغۇز ئۇنىڭ دېرىزىسى يورۇق تۇرىدۇ ؟ ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانمىدۇ ؟ يا ... يا شاهزادە ئۇنى ...
مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆڭلىگە كەچكەن بۇ مۇدهىش گۇماندىن كۆزى قاراڭغۇلىشىپ تامغا يۆلىنىپ قالدى ، خۇددى يۈرىكىگە زەهەرلىك نەشتەر سانجىلغاندەك بولۇپ ، چىشلىرىنى چىشلىگىنىچە بىردەم تۇردى ، سارايۋەنىنىڭ يۆتەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، قەلبىدىكى ئەلەملىك تۇيغۇلىرىنى ئاران تىزگىنلىدى ـ دە ، دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى .
دەرۋازا ئالدىدا ئۇلارنى تۆت نەپەر سۇۋارى كۈتۈۋالدى .
مىرزا ئۇلۇغبەگ كېچىدە بولسىمۇ سەمەرقەندنى بىر ئايلىنىش ، تونۇش كوچا ـ مەهەللىلەردىن ئۆتۈپ ، پايتەخت بىلەن ۋىدالىشىش ، گور ئەمىرگە بىر كىرىپ ، بوۋىسى بىلەن ئاتىسىنىڭ تۇپرىقىنى تاۋاپ قىلىش ، ئاندىن يولغا چىقىش نىيىتىدە ئىدى . لېكىن ، ئاتقا مىنىشى بىلەنلا ، ئۇلارنى قورشىۋالغان سۇۋارىلار رېگىستان تەرەپكە قاراپ يول ئېلىشتى .
«قانداق قىلاي ؟ بۇ شەپقەتسىز شاهزادە قەبرەڭگە سەجدە قىلىشقىمۇ ئىجازەت بەرمىدى . ئۆزۈڭ ئەپۇ قىلغايسەن ، جەننەت ماكان !» مىرزا ئۇلۇغبەگ گور ئەمىر تەرەپكە قاراپ ـ قاراپ ،

ئىچىدە تىلاۋەت قىلىپ دۇئا ياندۇردى ـ دە، ئېتىنى قامچىلىدى. سىپسىلىق تاش ياتقۇزۇلغان جىمجىت كوچىلار تاقىلانغان ئات تۇياقلىرىدىن قارسىلداپ كەتتى... كوچىنىڭ ئىككى چېتىدىكى كېسەك تام بىلەن قورشالغان هويلىلاردىن، لاپاسلىق پاكار رەستىلەردىن هېچقانداق سادا چىقمايتتى... هەر يىلى مۇشۇ مەزگىللەردە توي ـ تاماشا ئەۋجىگە چىقىپ، كېچىچە ناغرا ـ سۇنايلار ياڭراپ كېتەتتى. مەيلەرگە ئولتۇرۇشقان خوتۇن ـ قىزلار، ناخشىچى ـ سازەندىلەرنىڭ ناخشا ـ ساز ۋە لەپەرلىرى، ئات ئويناتقان يىگىتلەرنىڭ قىيقاسلىرى پايتەختنى زىلزىلىگە كەلتۈرەتتى. مانا ئەمدى چۇ، هەممە ياق جىمجىت، ئىگە ـ چاقىسى يوق گۆرلۈكتەك ئادەمزاتسىز قالغاندى. پەقەت ئۇلۇغبەگ مەدرىسىسى ئۇدۇلىدىكى خانىقادىن هەمدۇسانا ئوقۇۋاتقان دەرۋىشلەرنىڭ «هۇ ـ هۇ» لىرى ئاڭلىناتتى.

رېگىستان مەيدانىغا يېتىپ بارغاندا، مىرزا ئۇلۇغبەگ چىداپ تۇرالماي، ئېتىنى تىزگىنىدىن تارتىپ توختاتتى. ئۇ مەدرىسىگە كىرىپ، ئۇنىڭ كەڭ ـ كۇشادە هۇجرىلىرىنى بىرمۇ بىر ئايلىنىپ چىقماقچى ۋە شاگىرتلىرىدىن بىرەرسى بىلەن بولسىمۇ ۋىدالاشماقچى ئىدى. لېكىن، ئالدىدا كېتىۋاتقان سۇۋارىنىڭ تەھدىتلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— تېز بولۇڭ، هەزرىتىم! توختاشقا ئىجازەت يوق!

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىغاچ، ئىختىيارسىز هالدا كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇ هازىر ئۆزىنىڭ هەقىقەتەنمۇ بىر ئاجىز بەندە ئىكەنلىكىنى بىرىنچى قېتىم چۈشەندى ۋە تېخى ئەمدىلا هاكىمىيەتتىن جۇدا بولغان شاهنىڭ ئۆمۈرۋايەت موهتاجلىققا مەهكۇم قىلىنغان بىر گاداي ئىكەنلىكىنى هېس قىلدى. ئۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەل ـ يۇرتتىن ئايرىلىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. لېكىن، تاكى شۇ مىنۇتقا قەدەر بۇنى پەقەت تەسەۋۋۇر قىلغان بولسا، ئەمدىلىكتە سۇۋارىنىڭ تەكەللۇپسىز ئەمرىدىن كېيىن بۇنى چىن دىلىدىن هېس قىلدى ـ دە، پۈتۈن ۋۇجۇدى

سىرقىراپ كەتتى ...

«ئۆزۈڭ سەۋر - تاقەت ئاتا قىلغايسەن، رەببىنا! ئۇ راستى-تىنلا بۇ تىنچ كوچىلاردىن ئۆتمەسمۇ؟ ئۆزى بىنا قىلغان، چارەك ئەسىر مۇدەررىسلىك قىلغان، ئەڭ بەختلىك چاغلىرىنى ئۆتكۈز-گەن بۇ ھەيۋەتلىك مەدرىسىنى قايتا كۆرەلمەسمۇ؟ ئۇ يەردىكى سۆيۈملۈك تالىپلىرى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلىشالماسمۇ؟ جۈمە كۈنلىرى جۈمە مەسچىتىنىڭ ئالتۇن مېھرابى ئالدىدا سەجدىگە باش قويۇپ، روھى ۋە ئەقلى بىلەن ئۆزۈڭگە تەۋەللا قىلىش بەختى-دىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم بولدىمۇ، خۇداۋەندە كەرىم؟ نېمە سەۋەبى-تىن، قايسى گۇناھى ئۈچۈن ئۇنى بۇ كۆرگۈلۈككە مەھكۇم قىلـ-دىڭ، پەرۋەردىگارى ئالەم؟ ...»

لاپاسلىق قاراڭغۇ رەستىلەردىن ئۆتكەندە، سول قول تەرەپتى-كى جۈمە مەسچىتىنىڭ كۆك، گۈمبىزى ۋالىلداپ كۆرۈندى. يۇل-تۇزلار ئەكس ئەتكەن تىللا رەڭ پەشتاقلار قاراڭغۇدا ئاجايىپ جۇلالىناتتى. نەقىشدار گۈللۈك بېزەكلەر ئارىسىغا دۇر - ئۈنچىلـ-ـەر چېچىلغانـدەك كۆك، قىزغۇچ، سۇرمـە رەڭ نۇر چېچىلىپ، ۋال - ۋۇل چاقنايتتى.

سۇۋارىلار بىرەر دەقىقىمۇ توختىماسمۇ؟ ئۇنىڭ بىردەم توخ-تاپ تىلاۋەت قىلىشىغا يول قويماسمۇ؟ ... ياق، ئالدىدىكى ئىككى سۇۋارى ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە ئۆتۈپ كېتىشتى ... مىرزا ئۇلۇغ-بەگ تاكى ئەفراسىياپ خارابىسىگە يېتىپ بارغۇچە، گويا ئانىسى-دىن ئايرىلغان بوتىدەك ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ ماڭدى ... مانا، «شاھىزىندە» قەبرىستانلىقىمۇ ئارقىسىدا قېلىپ، رەسەتخانىغا با-رىدىغان چوڭ يولغا چىقتى. لېكىن، «باغى مەيدان» دەرۋازىسى رەسەتخانىدىن خېلى بېرىدە، يەنى سىيابدىن ئۆتۈپ، دۆڭگە چىققان جايدا ئىدى. ئۇ رەسەتخانىنىمۇ كۆرەلمەسمۇ؟ ئەلى قۇشچى بىلەن ۋىدالىشالماسمۇ؟ كۇتۇپخانىنىڭ تەقدىرى قانداق بولغانلىقىنىمۇ بى-لەلمەيلا كېتەرمۇ؟ ياق! مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەلى قۇشچىنى كۆر-مەي، ئەزىز كۇتۇپخانىسىنىڭ تەقدىرىنى، گويا دېڭىزدىن جاۋاھىر

ئىزدىگەن غەۋۋاستەك قىرىق يىل تى ـ تى جاپالارنى چېكىپ، ئاران توپلىغان نادىر كىتابلارنىڭ تەقدىرىنى بىلمەي تۇرۇپ، بۇ ماكاندىن كېتەلمەيدۇ!

«باغى مەيدان» دەرۋازىسىدا ئۇلارنى يەنە تۆت نەپەر سىپاھ كۈتۈۋالدى. كۆزىتىپ كەلگەن سىپاھلار مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن مۇھەممەت خىسرەۋنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، قايتىپ كېتىشتى.

«باغى مەيدان» دىكى سىپاھلار مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن مۇھەممەت خىسرەۋنىڭ ئاتلىرىنى ئېلىپ قېلىپ، ئۆزلىرىنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى. باغنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تاملىرى جۇڭگو فارفورلىرى بىلەن بېزەلگەن، «قىرىق تۈۋرۈك» دەپ ئاتىلىدىغان ھەشەمەتلىك بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. دۈگىلۈككە سېلىنغان بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىن رەسەتخانا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەگەر بىنادىن سەل ئۆتۈپ تامدىن ئارتىلىپ چۈشسە، ئۇدۇل رەسەتخانىغا چىققىلى بولاتتى.

بىنانىڭ ئالدىدا ئۇلارنى ساقىلى كۆكسىگە چۈشۈپ تۇرغان دۈمچەك بوۋاي قارشى ئېلىپ ئىچكىرىگە باشلىدى. ھەم دوك، ھەم تۇغما گاچا بۇ بوۋاي «باغى مەيدان» دا بەخت ئىگىسى ئەمىر تۆمۈر ھايات ۋاقتىدىن باشلاپلا خىزمەتكار بولغان، مىرزا ئۇلۇغبەگكىمۇ مۇلازىملىق قىلغانىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ بىناغا كىرمەي، بوۋايدىن بىر چۆگۈن سۇ سوراپ ئالدى ـ دە، دەرەخلىققە كىرىپ كەتتى. دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى شالاڭلاپ قالغان يېرىم يالىڭاچ باغ دەريادەك يېنىك ئۆركەشلەيتتى. شاخلىرىدىن چىرىس ـ چىرىس ئۈزۈلگەن يوپۇرماقلار ھاۋادا پىر ـ پىر ئۇچۇپ، يەردىكى «گىلەم» ئۈستىگە ئۈنسىز قوناتتى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىككى يېنىغا ئارچا تىكىلگەن كەڭ يولدا يۈرۈپ رەسەتخانا تەرەپكە بۇرۇلغاندا، ئارقىسىدىن شىپ ـ شىپ قىلغان ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى. «دۈمـچەك قېرى سېزىپ قالـدىمۇ ـ نېمە؟»

مىرزا ئۇلۇغبەگ شاققىدە ئارقىسىغا قارىدى ـ دە ، داڭقېتىپ قالدى . ئۇنى تەقىپ قىلىپ كېلىۋاتقان نە دۇمچەك بوۋاي ، نە سىپاھ بولسۇن ، بەلكى پەرىشتىدەك مۇلايىم كۆرۈنگەن مۇھەممەت خىسرەۋ ئىدى !

— كىم ؟ خوجا مۇھەممەت خىسرەۋ ھەزرەتلىرى ··· سىزمۇ ؟ مەقسىتىڭىز ھەجگە بېرىشمۇ ياكى كەمىنىنى پايلاپ يۈرۈشمۇ ؟

مۇھەممەت خىسرەۋ ھاسىراپ توختىدى .

— كەچۈرگەيسىز ، ھەزرىتىم ، پايلاقچىلىقتىن خۇدا ساقلىسۇن . لېكىن ، دۇمچەك ئاۋارە بولۇپ ، سىزنى ئىزدەپ يۈرىدۇ ···

مىرزا ئۇلۇغبەگ نېمە قىلىشنى بىلمەي بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن مەقسىتىنى ئاشكارىلىدى .

— رەسەتخانىغا مەن بېرىپ كېلەي ، — دېدى مۇھەممەت خىسرەۋ قەتئىيلىك بىلەن ، — مەۋلانە ئەلى قۇشچىنى تاپالىسام باشلاپ كېلىمەن . سىز قايتىپ كەتسىڭىز ، دۇمچەك سىپاھلارغا خەۋەر قىلىپ قويمىسۇن يەنە .

— سىزچۇ ؟

— ئۇلار سىزدىن گۇمان قىلىدۇ ، كەمىنە بىلەن پەرۋايى پەلەك .

مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆڭلىدە بۇ ياۋاش ئادەمدىن مىننەتدار بولۇپ ، ئۇنىڭغا يولنى كۆرسىتىپ قويۇپ ئارقىسىغا قايتتى . دۇمچەك راستتىنلا بىنانىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى . مىرزا ئۇلۇغبەگنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كەتكەن دۇمچەك ، ئىما ـ ئىشارەتلەر بىلەن ئۇنى بىناغا تەكلىپ قىلدى . بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى پېشايۋانلىق ئازادە ئۆيدە شاملار يېقىلىپ ، شايى كۆرپىلەر سېلىنغان ۋە ئوتتۇرىدىكى شىرە مېۋە ـ چېۋىلەر بىلەن لىق تولغانىدى .

دۇمچەك بىر چەينەك چاي ئېلىپ كىرىپ شىرەگە قويدى ـ دە ، كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى . مىرزا ئۇلۇغبەگ ئاستا مېڭىپ بالكونغا چىقتى .

يىراق ئۇيۇقتىن ، ئۇرگۈت تاغلىرى ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ھىلال ئاي گويا بىر پارچە مۇزدەك يالتىراپ تۇراتتى . يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ ، چۆللىشىپ قالغان باغ ئاي شولىسىدا تېخىمۇ غېرىبانە ، يالىڭاچ تۇيۇلاتتى . پەقەت مەخمەلدەك تىنىق ئاسماننى تولدۇرغان غۇژمەك - غۇژمەك يۇلتۇزلار ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەن بولۇپ ، ئىلگىرىكىدەكلا كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى ۋە چاقنايتتى ... ئەنە ، ئەڭ ئۈستىدە كۆمتۈرۈلگەن چۆمۈچكە ئوخشايدىغان دۇببى ئەكبەر[1] يۇلتۇزلىرى ، ئۇنىڭدىن سەل پەسرەكتە گويا چېچىلغان زەردەك ۋالىلداۋاتقان سامانيولى ، سامانيولىنىڭ ئاستىدا ، توغرىراقى ، بىر پارچە مۇزدەك يالتىراۋاتقان ھىلال ئاينىڭ ئۈستىدە چوغدەك يانغان ئۈكەر ...

ئېھ ، يۇلتۇزلار ، سېھىرلىك يۇلتۇزلار ! ئۇ قىرىق يىللىق ئۆمرىنى سىلەرنىڭ سىرىڭلارنى بىلىشكە سەرپ قىلدى ، ساناقسىز تۈنلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى ، كائىنات سىرلىرىنى بىلەلىسەم ھايات ۋە ئىنسانىيەتنىڭ سىرلىرىنىمۇ بىلۈرمەن دېگەن ئۈمىدتە بولدى . ياق ، ئۇنىڭ ھەممە ئارزۇسى ھايات بورانلىرىدا توزۇپ ، قېرىغان چېغىدا بىر غېرىب - مۇساپىر ، بىر بىچارە بەندە بولۇپ قالدى ... ئۇ بەندىلىكنىڭ غۇربەتچىلىكىنى مانا ئەمدى ئۆزى كىشەنسىز تۇتقۇنغا ئايلانغاندىلا چۈشەندى . كىم بىلىدۇ ، ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقاندا قانچىلىگەن مۆمىن - مۇسۇلمانلار جەبىر - جاپا چەككەندۇ ، ئۇ ھازىر ئۆز پەرزەنتىدىن زار يىغلىغىنىغا ئوخشاش ، جەبىر - جاپا چەككەن ئۇ بىچارىلەرمۇ ھەقتائالاغا تەۋەللا قىلىپ ، ئۇنىڭغا ئىنتىقام تىلىگەندۇر . كىم بىلىدۇ ، ئۇ قىرىق يىل تەختتە ئولتۇرۇپ ، قانچە ئادالەتسىزلىكلەرنى قىلدى ، قانچە گۇناھسىز بەندىلەرنىڭ يېشىنى تۆكتى ؟ ئەجەبا ، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ئاجىز بەندىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندىلا ئاندىن باشقىلارنى ئويلايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدۇ ؟ ئەكسىچە ، باشتىلا ئىنساپ ۋە ئادالەتنى خىيالىغا كەلتۈر-

---

① دۇببى ئەكبەر — يەتتە قاراقچى يۇلتۇزلار تۈركۈمى .

مەيدۇ؟ ئەڭ يامىنى شۇكى، نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە ئوخشاش بەندىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىش، ھەممىنى ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇش، شان ـ شۆھرەت قازىنىش نىيىتى كۆزنى كور قىلىپ، ئەقىل ـ ئىدراكنى ئوغرىلايدۇ، نېمە ئۈچۈن بۇ خىيانەتكار دۇنيانىڭ باقىي ئەمەسلىكىنى ئۇنتۇپ، مىسلىسىز رەزىللىكلەرنى قىلىدۇ؟

مىرزا ئۇلۇغبەگ كاللىسىنى قارا تۇماندەك قاپلىۋالغان ئازابلىق خىياللاردىن قۇتۇلماقچى بولۇپ، يىراقلارغا، يېنىك دولقۇنلىنىۋاتقان باغنىڭ كەينىدىكى رەسەتخانا تەرەپلەرگە قارىدى. دەل شۇ چاغدا، بالكوننىڭ ئىشىكى ئاستا ئېچىلىپ، مۇھەممەت خىسرەۋ كۆرۈندى.

— مەرھەمەتلىك پاناھدارىم!

مىرزا ئۇلۇغبەگ يۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشىككە يېقىنلاشتى.

— خوش؟

— مەۋلانە ئەلى قۇشچىنى تاپالمىدىم. بىر دەرۋىش ئۇنىڭ نەدىلىكىنى ئۆزۈم ئېيتىمەن، دەپ بىللە كەلدى.

— قانداق دەرۋىشكەن؟

— دىۋە قامەت بىر دەرۋىش. ھەزرىتى ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرىسەن، دەپ يېپىشىۋالدى … دۇمچەك ئۇخلاپ كېتىپتۇ. خالىسىڭىز دەرۋىشنى چاقىرىپ كېلىمەن …

— ھىم، چاقىرىڭ!

«دىۋە قامەت دەرۋىش … دەرۋىش رەسەتخانىدا نېمە قىلىدۇ؟ مۇدەررىسلەر، تالىپلار نەگە كەتكەندۇ؟»

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئويچان ھالدا قەدەم بېسىپ، داستىخان سېلىنغان ئۆيگە ئەمدىلا كىرىشى بىلەن، پەستىكى ئۆيدىن بېشىغا ئەسكى كۇلاھ، بەدىنىگە جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن جەندە كىيگەن، قارا ساقىلى كۆكسىگە چۈشۈپ تۇرغان مەجنۇن سۈپەت بىر دەرۋىش چىقىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئۇستاز !

«ئۇستاز ؟ » مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىشىكتە توختاپ ، جۇلدۇر كىيىملىك دەرۋىشكە تىكىلىپ قارىدى ـ دە ، ھەيران بولۇپ :

— قەلەندەر قەرناقى ؟ ! — دەۋەتتى .

قەلەندەرنىڭ سوغۇقتا كۆكىرىپ كەتكەن ، دەھشەت يىغىپ تۇرغان يۈزىدە مۇلايىم تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى .

— تونۇدىڭىز ، ئۇستاز !

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئورنىدىن قىمىر قىلماي ، ھامان قەلەندەرگە تىكىلىپ تۇراتتى .

— سىزنى ··· مەدرىسىنى تەرك ئېتىپ ، زاھىتلىق يولىغا ماڭدى ، دەپ ئاڭلىغانىدىم ··· رەسەتخانىدا نېمە قىلىپ يۈرىسەن ؟

قەلەندەر قويۇق بۇدۇر ساقىلىنى سىلاپ ، كۈلۈمسىرىدى :

— رەسەتخانىدا ··· پايلاقچىلىق قىلىپ يۈرىمەن ، ئۇستاز ···

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟ چاقچاقمۇ يا ؟

قەلەندەرنىڭ لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇم يوقاپ ، قاپاقلىرى تۈرۈلدى .

— ياق ، راست گەپنى قىلىۋاتىمەن ، ئۇستاز . شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ پەرمانى بىلەن رەسەتخانىدا پايلاقچىلىق قىلىۋاتىمەن . رەسەتخانىغا كۆمۈلگەن ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلارنى ، ئاتەشپەرەسلەر ۋە دىنسىزلار پۈتكەن كۆپۈر كىتابلارنى دەھرىي شاگىرتلىرىڭىز ئوغرىلاپ كەتمىسۇن دەپ قاراۋاتىمەن !

— رەسەتخانىغا جاۋاھىر نەدىن كەپتۇ ؟

قەلەندەر بېشىنى كۆتۈرۈپ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى :

— بوۋىڭىز ئەمىر تۆمۈردىن قالغان ئالتۇنلار قەيەردە ؟ ئۇلارنى مەۋلانە ئەلى قۇشچىغا كىم بەردى ؟

«ئەستاغپۇرۇللا ! بۇ تەلۋە دەرۋىش نېمە دەيدىغاندۇ ؟ بۇ سىرنى ئۇ نەدىن بىلگەندۇ ؟ ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىدىكى مەقسىتى نېمە ؟ »

— مەقسىتىڭ رەسەتخانىدىكى تىللالارنى ئاسراپ قىلىش ئىكەن ، نېمە ئۈچۈن ئۇنى تاشلاپ ، سەلتەنەتتىن جۇدا بولغان شاھنى يوقلاپ كەلدىڭ ؟ مۇددىئايىڭ زادى نېمە ، دەرۋىش ؟

— مۇددىئايىم ئىلىم ئەھلىگە ياخشىلىق قىلماقتۇر ، ئۇستاز ...

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ لەۋلىرىدە كىنايىلىك تەبەسسۇم پەيدا بولدى .

— بەللى ، دەرۋىش ! ۋە لېكىن ، ئىلىم دەرگاھىدىن يۈز ئۆرۈپ گادايلىقنى تىلىگەن بىر زاھىت ، نېمە ئۈچۈن يەنە ئىلىم ئەھلىگە ياخشىلىق قىلماققا بەل باغلىدىڭ ؟

قەلەندەر كۆزىنى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆزىدىن ئۈزۈپ يەرگە قارىدى ۋە ئاۋازىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ :

— نېمەتلىك ئۇستاز ، — دېدى ئاستا ، — پېقىر ئاجىز بەندىنى مەسخىرە قىلماڭ ، دەردىمنى ئېيتاي ...

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆزلىرىدىكى كىنايە ئالامىتى ھەيرانلىق بىلەن ، ھەيرانلىق يەنە ئاللىقانداق ئىللىق مېھىر بىلەن ئالماشتى .

— ئېيتقىل ، دەرۋىش . دەردىڭ بولسا دەۋەرگىن ، ئوغلۇم .

— دەردىم شۇكى ، — قەلەندەر چوڭقۇر ئۇھ تارتتى ـ دە ، ئاۋازىدا بۆلەكچە بىر سەممىيەتلىك پەيدا بولدى ، — دەردىم شۇكى ، ئىلىم دەرگاھىنى زاھىتلار ئۈۋۈسىغا ئالماشتۇرۇپ بەكمۇ خاتا قىپتىمەن ، ئۇستاز . چۈنكى ، پېقىر پاك دەپ يۈرگەن بۇ دەرگاھ ، بىدئەت ۋە خۇراپات ماكانىكەن . پېقىر ئىشەنگەن ئۆلىمالار باقىي دۇنيانىڭ ئەمەس ، بۇ پانىي دۇنيانىڭ غېمىدە ئىكەن ، ئۇستاز . ئىنساپ ۋە ھەقىقەت ئۇلاردا ئەمەس ، ئىلىم ئەھلى ـ ئالىملاردا ئىكەن . شۇ سەۋەبتىن ، ياخشىلىق قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ ، ئىلىم ئەھلىگە قايتىدىن باش ئېگىپ كەلدىم ، ئۇستاز ! ...

يوغان گەۋدىسى بىلەن يېرىم قاراڭغۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى توسۇپ تۇرغان بۇ سەھرالىق دەرۋىش كۆلاھ كىيگەن بېشىنى ئېگىپ جىم بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغانلىقىنى سەزگەن مىرزا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغبەگنىڭ قەلبى يەنە ئاتىلىق مېھرىگە تولۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا باردى.

— بارىكاللا، دەرۋىش. ماشايىخ ئابابەكرى ئابھەرىدىن: «ھەقىقەت دېگەن نېمە؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ دەپتۇكىم: «ھەقىقەت ئىلىمدۇر». ئۇ يەنە سوراپتۇ: «ئىلىم دېگەن نېمە؟». ئۇ: «ئىلىم دېگەن ھەقىقەتتۇر!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. كۆڭلۈمدىكى ھەممە گۇماننى يوق قىلدىڭ، رەھمەت ساڭا، قەلەندەر. قالتىس ئۇلۇغ نىيەت قىپسەن، شۇ نىيىتىڭگە ئاپىرىن. بۇنى ئەلى قۇشچى بىلەمدۇ؟

— بىلىدۇ، ئۇستاز، بىلىدۇ، — قەلەندەرنىڭ چېھرىسى نۇرلىنىپ كەتتى، — كۆڭلىمىز توق بولسۇن، ئۇستاز. مەۋلانىگە تاپشۇرغان ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلىرىڭىزنى ئىشەنچلىك جايغا يوشۇردۇق، ئۇنى رەقىبلىرىڭىز مىڭ يىل ئىزدەپمۇ تاپالمايدۇ!...

— ئەلى قۇشچى ئۆزى قەيەردە؟

— كىتابلىرىڭىزنى تۆگىگە ئارتىپ، يوشۇرغىلى ئېلىپ كەتتى...

«ئاجايىپ ئىش ـ ھە! گۇناھسىز نارەسىدىدەك ئاق كۆڭۈل، كۆزلىرى روشەن بۇ گاداينى قەيەردىن يەتكۈزۈپ كەلدىڭ؟ ...»

توساتتىن، سۆيۈملۈك نۆكىرى بابا ھۆسەيىن باھادىرنىڭ بىر سۆزى ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى: «پۇقرالار سىزگە سادىق، لەشكەر توپلايلى، ئۇلۇغ شاھىم!...» شۇ چاغدا نېمىشقىمۇ باھادىرنىڭ مەسلىھىتىگە كىرمىگەندۇ؟ نېمە ئۈچۈن پۇقرالارغا مۇراجىئەت قىلمىغاندۇ؟ ...

— كىتابلارنى قەيەرگە ئېلىپ كەتتى دېدىڭ؟

— خۇدا ھەققى، بۇنىڭدىن خەۋىرىم يوق، ئۇستاز. بىراق، كۆڭلىمىز توق بولسۇنكى، بارچە نادىر كىتابلارنى يىغىپ، ئون ئالتەساندۇقتا قاچىلاپ، تۆت تۆگىگە ئارتىپ، تۈنۈگۈن كېچە ئېلىپ ماڭدى. ئۇرگۇت تاغلىرىغا قاراپ كەتكەنلىكىنىلا بىلىمەن، ئۇستاز ...

مىرزا ئۇلۇغبەگ نېمىنىدۇر ساناۋاتقاندەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ:

— تۆت تۆگە كىتاب، — دېدى، — ئون ئالتە ساندۇق — ئۇ ئوتتۇرا بارمىقىدىكى ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكنى ئوينىغىنىچە ئويلىنىپ قالدى.

— بۇ ساندۇقلارنىڭ نەگە يوشۇرۇلغانلىقىنى بىلىشىم كېرەك، دەرۋىش.

— مەۋلانە ئەتە قايتىپ كېلىدۇ، ئۇستاز...

— ئەتە تاڭ سەھەردە سەپەر ئۈستىدە بولىمەن، دەرۋىش، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ، — پايتەختتىن كېتىمەن... يىراقلارغا كېتىمەن...

مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆزلىرىنى يۇمغان پېتى يېنىك ئۇھ تارتتى، پېشانىسىدىكى قورۇقلىرى كۆپىيىپ، سولغۇن چىرايىدا غەمكىنلىك ئەكس ئەتتى.

— مەۋلانىگە بۇ سۆزىڭىزنى يەتكۈزىمەن، — دېدى قەلەندەر، — سىز بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەيمىز، ئۇستاز...

— ياق! — مىرزا ئۇلۇغبەگ ئاستا باش چايقىدى، — ئەلى قۇشچى يوشۇرۇنۇشى لازىم، ئۇنى ئىزدەۋاتماقتىمىش. ۋە لېكىن... كىتابلار نەدە؟ مەن بۇنى بىلىشىم كېرەك. ئەمما، مۇساپىر يۇرتىغا كېتىۋاتىمەن، ئۆز ۋەتىنىمگە قايتىش نېسىپ بولامدۇ - يوق، بۇنى يالغۇز ھەقتائالا بىلىدۇ، دەرۋىش...

قەلەندەرنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ:

— ئىنشائاللا، نېسىپ بولۇر، — دېدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ شاققىدە بۇرۇلۇپ قارىدى، خۇددى بىرىنىمىنى ئەسلىمەكچى بولغاندەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بىردەم تىكىلىپ تۇردى. قەلەندەرنىڭ ئولتۇرۇشقان كۆزلىرى، بېشىدىكى كۇلاھ بىلەن بەدىنىدىكى ئەسكى جەندىسى نېمە ئۈچۈندۇر ھەرەمدە كۆرگەن نازىنىننى ئەسلەتتى. دەرپەردىنىڭ ئارقىسىدا ئەيمىنىپكىنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باش ئېگىپ تۇرغان بانۇ، ئۇنىڭ تىقىمىغا چۈشۈپ تۇرغان سۇمبۇل چاچلىرى ۋە گۈزەل جامالى بىر دەم كۆز ئالدىغا كەلدى. ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ مۇڭلۇق داستانى يادىغا كېلىپ، نازىنىننىڭ تەقدىرىنى سورىغۇسى كەلدى. لېكىن، قەلەندەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشتىن قورقۇپ:

— كەچۈرگەيسەن، دەرۋىش، — دېدى، — سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكارمەن. سۆيۈملۈك يۇرتۇڭ، مۇقەددەس يەسسىنى ياۋۇز بەرەقخانىنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزالمىدىم. جاپا چېكىپ قالدىڭ، ئوغلۇم... — مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆزىگە ياش ئېلىپ، قوچقىنى يايدى، — بۇ ياخشىلىقىڭ مەندىن قايتمىسا، خۇدادىن قايتۇر، ئوغلۇم...

## 15

ئەلى قۇشچى ئەتىسى ناشتا ۋاقتىدا قايتتى. ئۇ ئېشىكىنى سوكۇلدىتىپ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى. تۆت تۆگىنى يېتىلىۋالغان مىرەم چەلەبى بولسا، خېلى ئارقىدا قالغانىدى.

قەلەندەر ئۇلارنى كۆھەك تېغىنىڭ ئېتىكىدە، بۇرناكۇن كېچە ئۇزىتىپ بارغان جىرا بويىدا كۈتۈۋالدى.

كېچە مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن ئۇچراشقانلىقى، ئۇستازنىڭ قىلغان گەپلىرى، كۆزىگە ياش ئېلىپ، قۇچاقلىشىپ ۋىدالاشقانلىقى ئۇنى ھاياجانلاندۇرۇپ، تىترەك باسقانىدى. بولۇپمۇ ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ مۇساپىرلىق توغرىسىدا سۆزلىگەنلىرى، «مۇساپىر يۇرتىغا كېتىۋاتىمەن، ئۆز ۋەتىنىمگە قايتىپ كېلىش نېسىپ بولامدۇ ـ يوق، بۇنى بىلمەيمەن. شۇ سەۋەبتىن كىتابلارنىڭ نەگە يوشۇرۇلغانلىقىنى بىلىشىم كېرەك، دەرۋىش» دېگەنلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ يېرىم قىلدى. ئۇ شۇ چاغدىلا، يەنى مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن قۇچاقلىشىپ ۋىدالىشىۋاتقاندىلا، ئۇستازنىڭ بۇ ئاخىرقى تىلىكى، ئاخىرقى ۋەسىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قەسەم

ئىچكەندى . ئۇ «باغى مەيدان» دىن رەسەتخانىغا ئۆتۈپ ، بامداتقىچە ئايلىنىپ يۈردى - دە ، گۇمانلىق بىرەر ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى بايقىغاندىن كېيىن ، خۇرجۇنىنى مۇرىسىگە ئارتىپ سايغا چۈشتى .

ئەلى قۇشچىلار كەتكەن كېچىسى ھېچكىم ئۇچرىمىغان جىرادا بوگۇن بىر قېرى ، بىر ياش ئىككى يىلقىچى يىلقىلارنى ئوتلىتىپ ، گۇلخان يېقىپ ئولتۇرۇشاتتى . مۇرىسىگە خۇرجۇن ئارتىۋالغان دەرۋىشنى كۆرگەن يىلقىچىلارنىڭ ھەممىسى تونۇپ ، ئۇنى قىمىز ۋە مۇزلىتىلغان گۆش بىلەن مېھمان قىلدى . بىراق ، قەلەندەرگە نە گۆش ، نە قىمىز ئىچىدى دەيسىز ! تاڭ ئېتىپ كۈن چىققاچ ، ئۇ بىر جايدا ئولتۇرالماي قالدى . گاھ كۆھەك تېغىغا چىقىپ يىراق - يىراقلارغا ، نېپىز تۇمان باسقان ئۇرگۈت تاغلىرىغا نەزەر سالسا ، گاھ يىلقىچىلار قېشىغا قايتىپ چۈشەتتى ، لېكىن ئۇ يەردىمۇ ئۇزۇن ئولتۇرالماي ، يەنە دۆڭگە چىقىپ كېتەتتى . ئاخىر تاغلارنى قاپلىغان كۆكۈچ تۇمان سەل تارقىغاندىن كېيىن ، يىراقتىكى قىر باغرىدا قاتار تىزىلغان تۆگىلەر كۆرۈندى . قەلەندەر يىلقىچى بوۋاينىڭ ئېتىنى ياۋداق مىنىپ تۆگىلەرگە قاراپ چاپتى .

ئەسكى كۇلاھىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ ، ئېتىنى ئايىماي قامچىلاپ كېلىۋاتقان قەلەندەرنى كۆرگەن ئەلى قۇشچى ئېشىكىنى توختىتىپ ، ساي بويىغا چىقىپ تۇردى .

— ھە ، قەلەندەر ، نېمە بولدى ، تىنچلىقمۇ ؟

— ئىنشائاللا ، تىنچلىق ، ئۇستاز ...

ئاتتىن سەكرەپ چۈشكەن قەلەندەر ئالدىراپ - تېنەپ كېچىكى ئۇچرىشىشنى سۆزلەپ بەردى . ئەلى قۇشچى تاقەتسىزلىنىپ :

— قايسى يول بىلەن كەتكىنىنى بىلەمسەن ؟ — دەپ سورىدى .

— كېش يولى بىلەن ...

— ئېتىڭنى ماڭا بەر ! — دېدى ئەلى قۇشچى بۇيرۇق ئاھاڭىدا .

— ئۇستاز ! ھەزرىتى ئالىيلىرى سىزنى دۇشمەن كۆزىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىراق يۇرسۇن دېگەنىدى . مەن ئۆزۈم بېرىپ كېلەي ...
— ئېتىڭنى بەر ، بولمىسا ، پىيادە بارىمەن ! ...
قەلەندەر ئاخشام ئەمىر جاندار باشلىق بىر گۇرۇھ سىپاھىنىڭ ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى دېمەكچى بولدىيۇ ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغۇسى كەلمىدى .
— ئۇستاز ! ...
ئەلى قۇشچى غەمكىن هالدا بېشىنى چايقاپ :
— ئۇستاز ! — دەپ تەكرارلىدى ، — مېنىڭمۇ ئۆز ئۇستازىمنى كۆرگۈم كېلىدۇ ، ئۇكام ! كىم بىلىدۇ ، بۇگۈن كۆرۈشۇۋالمىسام ، يەنە يۈز كۆرۈشۈش نېسىپ بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟ ئېتىڭنى بەر دەيمەن ، قەلەندەر !
— توختاڭ ، ئۇستاز . بولمىسا ، مەن بىللە باراي . سىزنى يالغۇز ماڭغۇزالمايمەن ، شاھ ئالىيلىرى سىزنىڭ ئامانلىقىڭىزنى كەمىنىگە تاپشۇرغان ، ئۇستاز .
قەلەندەر مىرەم چەلەبى يېتىلەپ كېلىۋاتقان تۆگىلەرنى گۇرۇغە بېرىپ ، يىلقىچىلاردىن يەنە بىر ئات ئالدى . ئۇ جەندە بىلەن كۇلاھىنى يېشىۋېتىپ ، ياش يىلقىچىنىڭ چەكمىنىنى ۋە ئۆرۈمە تەلپىكىنى كىيدى .
ئۇلار ئىككى ئات بىلەن ساي ياقىلاپ دۆڭگە چىققاندا ، قۇياش دەرەخ بويى كۆتۈرۈلگەنىدى ... تۇنۇگۇنكى بوراندىن كېيىن ، تەبىئەت غەزىپىدىن يېنىپ سىپايىلەشكەن ۋە مۇلايىملاشقاندەك بولۇپ قالغانىدى . ئاپتاپمۇ كۆز ئاپتىپىغا ئوخشىماستىن ، ئەتىياز ئاپتىپىدەك ئىللىق ئىدى . تىنىق ئاسماندا سوپىتورغايلار تىنىمسىز ۋىچىرلىشاتتى . ساپ هاۋادا يىپەكتەك مەيىن ، ئاپئاق تۇزغاقلار ئۈنسىز لەيلەپ يۈرەتتى .
ئەلى قۇشچى بىلەن قەلەندەر سەمەرقەند سېپىلىنىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان چوڭ يول بىلەن ماڭماي ، قىر ۋە ئېدىرلارغا ئات چاپتۇرۇپ كېتىشتى . قىرلاردا قوتان ـ قوتان قويلار چۇمۇلىدەك ئۆمىلەپ يۈرەتتى ، ئېگىز ئېدىرلاردا يانپاشلاپ ياتقان پادىچى ـ چوپانلار

ئۆچرايتتى . غازاڭلار تۆكۈلۈپ ، قىزغۇچ تۈس ئالغان باغلاردا قىز - چوكانلارنىڭ لەپىلدىگەن گۈلدار رومالللىرى كۆزگە چېلىقاتتى . باللارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئۇلار پەسكە چۈشكەندە ، كۈنگۈرلۈك تاملار بىلەن ئورالغان كاتتا شەھەر ، باغلار كەينىدە قېلىپ ، دۆڭگە چىققاندا خۇددى ئالىقانچىلىك كۆرۈنەتتى . قاتار - قاتار ئۆيلەر ، هويلا - ئارام لار ، يىراقتىن پەتنۇسچىلىك كۆرۈنگەن مەيدانلار ئۈستىدە ئۇلۇغۋار مەسچىت ۋە مەقبەرىلەرنىڭ ئاسمانغا بوي تارتقان كۆك ۋە تىللا رەڭ گۈمبەزلىرى ئاپتاپتا ۋال - ۋۇل چاقناپ ، شەھەرگە ئۆزگىچە بىر گۈزەللىك ۋە هەشەمەت بەخش ئېتەتتى . تويۇنغان قوزىلاردەك مۆگىدىگەن بۇ قىرلارنى ، ئاپتاپتا ئەركىلەۋاتقان بۇ تىنچ باغلارنى كۆرگەن ئادەم ، بۇ ئەلدە بوران ۋە جۇدۇن بولۇۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالماس ئىدى ، بەلكى ، مەملىكەتتە تىنچ هايات كەچۈرۈلۈۋاتىدۇ دەپ چۈشىنىپ قالاتتى ...

«ئەپسۇس ! بۇ زادى نېمە ئۈچۈن ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ كائىنات ، بۇ تەبىئەت ، بۇ قىر ۋە ئېدىرلار بۇنداق ساپ ، پاك ، بىغۇبار ؟ نېمە ئۈچۈن ئادەملەر بۇنداق ناپاك ، سەمىمىيەتسىز ياشايدۇ ؟ شان - شۆھرەت ، سەلتەنەت ، تاج - تەخت ئۈچۈن بۇ يالغان دۇنيادا بىر - بىرىگە شۇنچىۋالا دۇشمەنلىك قىلىدۇ ، بىر - بىرىنى كۆرەلمەيدۇ ؟ »

ئەلى قۇشچى قاتتىق خورسىنغانلىقىنى قەلەندەرگە چاندۇرمىدى . قەلەندەر ئېلىپ كەلگەن خەۋەردىن ئۇمۇ هودوقۇپ قالغاندى . ئۇستاز ئۇنى كۆكسارايغا چاقىرتىپ ، كۆڭلىدىكى دەرد - ئەلەملەرنى تۆكۈپ بەرگەندىن بۇيان ، ئۇ ئۇستازىنىڭ تەقدىرى يامان بولىدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ بېشىغا نۇرغۇن سەۋدالار چۈشىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇنچىلىك بولۇشىنى ، «زىجى كۆرەگانى» نى يارانقان بۇ ئالىملار سەردارىنىڭ ئۆز يۇرتىدىن ، ئۆزى بەرپا قىلغان دەرگاهىدىن سۈرگۈن قىلىنىپ ، گويا يالاڭتۆش بىر گادايدەك ، ئانا يۇرتىدىن قوغلىۋېتىلىشىنى خىيال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇلۇغ شاھرىيار ھېسابلانغان ئۇستازنىڭ تەقدىرى بۇنچىلىك ئېچىنىشلىق بولسا، باشقا مەرىپەت ئەھلىنىڭ تەقدىرى نېمە بولۇر؟ ئۇنىڭ ئۆز تەقدىرىچۇ؟

ئەلى قۇشچى يەنە ئاشۇ يامان خىيالنىڭ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ئۆزىدىن يىرگىنىپ كەتتى.

مېھرىبان ئۇستاز! ئۆز بېشىدا شۇنچە سەۋدالار تۇرۇپ، يەنە ئەلى قۇشچىنى ئويلاپتۇ. قاچسۇن، شاھـزادىنىڭ ئـادەملىرىگە كۆرۈنمىسۇن دەپتۇ! نېمە ئۈچۈن بۇنداق دېدىڭىز، ئۇستاز! ئەلى قۇشچى دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ، سىزنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىش، ئاخىرقى ۋەسىيىتىڭىزنى ئاڭلىۋېلىش شەرىپىدىن مەھرۇم قالامدۇ؟ ... ياق، ئەلى قۇشچى ئۇنداق نانكورلاردىن ئەمەس، بېشىغا ئۆلۈم كەلسىمۇ، سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ، ئۇستاز.

ئۇلار باغ ۋە ئېتىزلىقلاردىن ئۆتۈپ، قىر ۋە ئېدىرلاردىن ئېشىپ، كېڭ يولىغا چىقىۋالدى. لېكىن، كارۋان يولى بىلەن ماڭماي، يەنىلا قىر ياقىلاپ، بۇغداي ئېتىزلىرىنى ئارىلاپ مېڭىشتى. چۈنكى، چوڭ يولدا گاھ كېچىكە، گاھ كېچىشتىن سەمەرقەندكە قاراپ ئات چېپىپ ئۆتۈۋاتقان سۇۋارىلار كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. شۇنداق پەيتلەردە، ئەلى قۇشچى بىلەن قەلەندەر قىرنى دالدا قىلىپ، چوڭ يولدىن يىراقلاپ كېتەتتى ... مانا، دىمىشق قىشلىقىمۇ كەينىدە قالدى. ئەنە، قۇياشمۇ غەربكە سۇرۇلۇپ، ھاۋا سالقىنلاشقا باشلىدى. ئۇدۇلدىكى تاغلاردىن سالقىن شامال سوقۇپ، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاشقا باشلىدى ...

كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ، ئەتراپقا سەپسېلىپ كېتىۋاتقان قەلەندەر دىمىشق باغلىرى ئارىسىدىن چىقىپ كەلگەن تۆت نەپەر سۇۋارىنى كۆرۈپ قالدى. چوڭ يولدا ئاتلىرىنى ئاستا قاتراتىپ كېتىۋاتقان سۇۋارىلارمۇ نېمە ئۈچۈندۇر توختاپ قېلىشتى ...

— چېرىكلەر، ئۇستاز! — دېدى قەلەندەر، — چېپىڭ!

ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى دۆڭدىن پەسكە بۇرىدى. لېكىن، چوڭ

يولغا تىكىلىپ تۇرغان ئەلى قۇشچى ئورنىدىن قىمىر قىلمىدى . تۆت سۇۋاردىن ئىككىسى يولدا قېلىپ ، ئىككىسى ئۇلارغا قاراپ ئات سېلىپ كېلىۋاتاتتى .

— ئۇستاز ! — ئەلى قۇشچى شۇنداق دەپ چاقىردى ـ دە ، ئېتىنى قامچىلىدى . لېكىن ئوسما رەڭ سەللىسىنىڭ پەتتىسىنى ھاۋادا لەپىلدىتىپ ، ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىنى قاترىتىپ كېلىۋاتقان مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرى «توختا» دېگەن مەنىدە قول ئىشارىتى قىلدى . ئەلى قۇشچى تېزىغا كېلىدىغان شىۋاق ئۇستىگە سەكرەپ چۈشۈپ ، يېتىپ كەلگەن ئۇستازىنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە ، ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىپ ، ئۇزەڭگىسىنى تۇتتى . مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كىرپىكلىرىدە ياش تامچىلىرى پەيدا بولدى .

— مەۋلانە ئەلى ... ئوغلۇم ! ھەقتائالاغا شۈكرىكىم ، سېنى كۆردۈم . . . — ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ ، قۇچىقىنى ئاچتى . ئەلى قۇشچىنىڭمۇ يۈرىكى جىغىلـداپ ، يۈزىنى ئۇستـازىنىڭ يۈزىگـە ياقتى ...

كۆكسارايدىكى ئۇچرىشىشتىن كېيىنكى بىر ھەپتە ئىچىدە ئۇستاز ئۆزىنى بەكلا ئالدۇرۇپ قويغانىدى . ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسى ۋە يۈزلىرىدىكى قورۇقلار كۆپىيىپ ، قوۋۇزلىرى ئىچىگە تارتىلىپ ، ئىلمەك بۇرنى قىرلىنىپ قالغانىدى . پەقەت كۆزلىرى ... چوڭقۇر مۇڭ بىلەن يانغان كۆزلىرىدە ھەم دەرد ـ ئەلەم ، ھەم كىشىنى ئۆزىگە تارتىدىغان مېھرىبانلىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . ئەلى قۇشچى ئۇنى دائىم شاھانە كىيىم ـ كېچەكلەردە كۆرۈپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك ، بۈگۈن ئۇستازىنىڭ ئۇستىۋېشى ئۇنىڭغا يېلىڭ كۆرۈندى . ئۈچىسىغا قارا جۇۋا ، پۇتىغا قارا خۇرۇم ئۆتۈك كىيىۋالغان ، بېشىغا ئاددىي ئوسمارەڭ سەللە ئورىۋالغان ئۇستاز ، يىراق سەپەرگە ئاتلانغان بىر كەمبەغەل يولۇچىغا ئوخشاپ قالغانىدى .

ئۇستاز بىلەن شاگىرت كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن نېرىراقتا تارتىنىپقىنا تۇرغان قەلەندەر بىلەن مۇھەممەت خىسرەۋمۇ يېقىنراق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىلىپ سالام بىرىشتى . مىرزا ئۇلۇغبەگ خىجىل بولغاندەك قىلىپ سەللىسىنىڭ پەتتىسى بىلەن كۆز يىشىنى سۈرتۈپ ، مەيۈسلەنگەن هالدا كۈلۈمسىرىدى . ئۇ كۈلۈمسىرىگەندە ، كۆزلىرىنىڭ چۆرىسىدىكى قورۇقلىرى تېخىمۇ كۆپىيىپ ، قەلبىدىكى دەرد - ئەلەم سولغۇن چىرايىدا قايتا ئەكس ئەتتى . ئەلى قۇشچى ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي :

— ساۋابى ئەزىم ئىشقا نىيەت باغلاپسىز ، ئۇستاز ، — دېدى ، — ھەقتائالا مۇرادىڭىزغا يەتكۈزگەي .

مىرزا ئۇلۇغبەگ يەنە مەيۈسلەنگەن هالدا كۈلۈمسىرەپ قويدى - دە ، ئەلى قۇشچىنى قولتۇقلاپ پەسكە باشلىدى .

— قانداق بولدى ؟ ئىشنى بەجا كەلتۈردۈڭمۇ ؟

— بەجا كەلتۈردۈم ، ئۇستاز ! ئەڭ نادىر كىتابلارنى ، ئەڭ قىممەتلىك قولىيازمىلارنى تاللاپ بىر جايغا يوشۇردۇم . يوشۇرغاندىمۇ شۇنداق بىر جايغا يوشۇردۇمكى ، بۇ جاھىل ئۇنسۇرلار مىڭ يىل ئاختۇرۇپمۇ تاپالمايدۇ .

— قەيەرگە ؟

— ئېسىڭىزدە بارمۇ ، ئۇستاز ؟ بۇنىڭدىن ئون بەش يىل مۇقەددەم — يىلقا يىلى كۈزدە ئارقار ئۇۋلىغىلى چىقىپ ، تاغدا كەلكۈندە قالمىدۇقمۇ ...

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ پېشانىسىدىكى قورۇقلىرى يېشىلىپ ، چىرايى نۇرلىنىپ كەتتى .

— «ئەجدىها غار !» — دېدى ئۇ شىۋىرلاپ .

— خاتىرىڭىزگە تەسەننا ، ئۇستاز !

— بارىكاللا ، ئەلى ! بۇ ئوي قانداق كەلدى ، كاللاڭغا ؟

— بىر تەۋەررۇك زات سەۋەب بولدى ، ئۇستاز .

— خەزىنىنى «ئەجدىها غار» غا يوشۇرغىنىڭنى مەندىن باشقا كىم بىلىدۇ ؟

— شاگىرتىڭىز مىرەم چەلەبى ... ئەمدى بىلسە ، ئىنىم قەلەندەر بىلىدۇ ...

— مەۋلانە مۇھەممەدنى ياردەم بەرمىدىمۇ؟
— ياق . . . — ئەلى قۇشچى بىر چەتكە قاراپ ئاستا باش چايقىدى . ئۇ مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ ئۆيىدە بولغان سۆھبەتنى ئۇس- تازىغا ئېيتقۇسى كەلدىيۇ ، ئۇنى يامانلاشقا تىلى بارمىدى . ئۇمۇ بىر ئاجىز بەندە ، ياخشى بولسۇن ، يامان بولسۇن ، بىر مەدرىسىدە بىگرىمە يىل بىللە تەلىم ئالدى ۋە مۇدەررىسلىك قىلدى .
مىرزا ئۇلۇغبەگ «ھىم» دەپ قويدى . ئۇ بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى تىلى بىلەن يالاپ ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىردەم خىيال سۈردى ، كېيىن ئېسىنى يىغىپ :
— ئوغلۇم ئەلى ! — دېدى ، — كۆرۈۋاتىسەن ، پىقىر ئۆز خەلقىم ، سۆيۈملۈك يۇرتۇم ماۋەرائۇننەھردىن سۈرگۈن قىلىنىپ ، مۇساپىرلىقتا مەھكۇم قىلىنماقتىمەن . ۋە لېكىن ، ئاللانىڭ ھىما- يىتىگە ئىشىنىمەن ، ئۇمىدسىزلەنگىنىم يوق . تىرىكلا بولسام . . . ئانا يۇرتۇمغا ، بۇ ئەل ، بۇ زېمىنغا قايتىپ كېلۇرمەن . . . —
مىرزا ئۇلۇغبەگ غەم - ئەندىشىگە تولغان كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا ، كەينىدە قالغان دىمىشق باغلىرىغا ، بۇلۇت قاپلىغان يىراقتىكى ئۇرگۇت تاغلىرىغا نەزەر سالدى . گويا ئەڭ ئەزىز جانجىگەرلىرى بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك ئۇزاققىچە تىكىلىپ تۇردى ، — ياق ، ئەگەر قايتماق نېسىپ بولمىسا ، ئەگەر پېشانەمگە تا ئەبەد سەرگەر- دانلىق پۈتۈلگەن بولسا ... مۇرادىم ئىستانبۇل ياكى قاھىرە مەدرى- سىسىلىرىدىن بىرىنىڭ تۇپرىقىنى يالاپ ئۆتمەكتۇر ، قالغان بەش كۈنلۈك ئۆمرۈمنى ئىلىم ئېلىشقا بەخشەندە قىلماقتۇر . نېسىپ بولسا ، باشلاپ قويغان رىسالىلىرىمنى يېزىپ تامامالار- مەن ! . . . — مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ چىرايىدىكى غەمكىنلىك تار- قاپ ، سولغۇن يۈزىگە قان يۈگۈردى ۋە كۆزلىرى ئىلھام بىلەن پارلاپ كەتتى ، — ۋە لېكىن ، بۇ مەقسىتىمگە يېتىپ خاتىرجەم ئىشلىمەك نېسىپ بولسا ، بۇ خەزىنىدىكى نۇرغۇن كىتابلارغا موھ- تاج بولىمەن . شۇ چاغدا ئۆزۈم كېلەلمىسەم ، ئىشەنچلىك ئادەم تېپىپ ئەۋەتىمەن ! ئاڭلىدىڭمۇ ، ئەلى ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئاڭلىدىم ، ئۇستاز ! لېكىن ئالتۇن ...

— ئالتۇندىن گەپ ئاچما ! — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، — ئۆزۈڭ ئامان قالساڭ ، بەس ، شۇنىڭ ئۆزى زور بايلىق ، ئەلى ! ئۇ جاۋاھىرلارنى ساڭا ئىنئام قىلىۋەتكەنمەن ... ئىشقىلىپ ، ئېھتىيات قىل . ئەلھال سەمەرقەندتىن باشقا بىر جايغا بېرىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرغىنىڭ تۈزۈك .

ئەلى قۇشچى ئاستا باش چايقىدى .

— پېقىر رەسەتخانىنى ، كۇتۇپخانىنى تاشلاپ قانداقمۇ كېتەلەيمەن ، ئۇستاز ؟ نەگىمۇ بارۇرمەن ؟ ... ئۆمرۈم شۇ ئىلىم دەرگاھىدا ، رەسەتخانىدا ئۆتتى . سىز كەتسىڭىز ، بۇ يەردە ھېچبولمىسا مەن بولۇشۇم كېرەك . مەيدانغا چۈشكەن باتۇر تىرناق تاتىلاپ ئولتۇرمايدۇ ، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەرمەن ، ئۇستاز .

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆزلىرى يەنە ياشقا تولدى .

— خۇداغا شۇكرىكىم ، ئىنساپلىق پەرزەنت ئاتا قىلمىسىمۇ ، سەندەك ئوغۇل ئاتا قىلدى ! ئىلاھىم ، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن . ماۋەرائۇننەھر بەختىگە ، ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئەھلى ئىرپان بەختىگە ئۆمرۈڭ باقىي بولغاي ، ئوغلۇم ! ... — مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ، قۇچىقىنى ئاچتى . ئۇستاز بىلەن شاگىرت گويا ئەبەدىلئەبەد كۆرۈشەلمەيدىغانلىقىنى سەزگەندەك ، ئۈنسىز يىغلىشىپ ، ئۇزاق ۋىدالاشتى .

## 16

ئەلى قۇشچىلار بىلەن خوشلىشىپ بولۇپ ، كېش يولىغا چىققان مىرزا ئۇلۇغبەگ گويا ھامماماغا چۈشكەن ئادەمدەك يەڭگىللەپ قالدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەتىگەندىن بېرى پۈتكۈل جاھاننى قاپلىغان قارا بۇلۇتلار تارقاپ ، ھەممە نەرسە نۇرلىنىپ كەتكەندەك .

ھەئە ، ئۇ ئۆز ئۆمرىدە ھەرقانچە خاتالاشقان ۋە سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ، ئىلىم ـ مەرىپەت يولىدا سىڭدۇرگەن قىرىق

يىللىق ئەمگىكى زايە كەتمەپتۇ. ئەلى قۇشچىدەك شاگىرتلىرى ھاياتلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتمەيدۇ. پەقەت، يىپەكتەك يۇمشاق توزغاقلار لەرزان ئۇچۇپ يۈرگەن بۇ گۈزەل داللار، يوپۇرماقلىرى توزۇپ يېرىم يالىڭاچ بولۇپ قالغان باغلار، شىۋاق ۋە ئەمەن بىلەن قاپلىنىپ قوڭۇررەڭ تۇس ئالغان بۇ قىرلار، نېپىز تۇمان ئاستىدىكى ئېگىز تاغلار... بۇلاردىن جۇدا بولماق... يارەببى! يەنە شۇ خىيال، شۇ غەم - ئەندىشە! ئۆزۈڭ غەيرەت ئاتا قىلغايسەن، پەرۋەردىگارى ئالەم!

ئۇنىڭ خىيالىنى ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن تىۋىشى بۆلىۋەتتى. كەينى تەرەپتىكى دۆڭدىن ئىككى سۇۋارى قول پۇلاڭلاتقىنىچە قۇيۇندەك كېلىۋاتاتتى. دۆڭ تۆپىدە يەنە بىر ئاتلىق كىشى كۆرۈندى. لېكىن، ئۇنىڭ لەشكەر ياكى باشقا بىر كىملىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكى «جىغ» قىلىپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. قۇيۇندەك يېتىپ كەلگەن سۇۋارىلار قارا تەرگە چۆمۈلگەن ئارغىماقلىرىنى ئاران توختاتتى. سېمىز چىلان تورۇق مىنگەن، كۆزلىرى قىسىق، موڭغۇل چىراي بىر سۇۋارى تولۇق ئېھتىرام بىلەن قول قوۋۇشتۇرۇپ سالام بەردى. يەنە بىر سىپاھمۇ قوللىرىنى كۆكسىدە تۇتۇپ تەزىم قىلدى.

— ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ ياخشى نىيىتى ئەمەلگە ئېشىپ، ھەجلىرى قوبۇل بولغاي! ھەقتائالا ئۆمۈرلىرىنى باقىي قىلغاي!

ياساۋۇلنىڭ شېرىن سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇزاق دۇئا قىلىشىدا ئاللىقانداق سىرلىق ۋە خۇپىيانە بىر نەرسە باردەك قىلاتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆڭلىدىكى گۇماننى يوقىتىشقا تىرىشىپ، كۈلۈمسىرىگەن بولدى.

— دۇئا - تىلەكلىرىڭلار مۇستەجاپ قوبۇل، ئوغلانلار! خوش، ئېيتىڭلارچۇ، دۇئا قىلماق نىيىتىدە سەمەرقەندتىن ئات چاپتۇرۇپ كەلدىڭلارمۇ؟

موڭغۇل چىراي ياساۋۇل يەنە ئەدەپ بىلەن باش ئەگدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— دۇئا بىرلە بەختىيار شاھزادىنىڭ سىزدەك مۆھتەرەم ئاتىغا يوللىغان سالىمىنى ئېلىپ كەلدىم ...

— خوش ؟

— بەختىيار شاھزادىنىڭ تىلىكى شۇلكىم ، سىزدەك زاتى ئالىي ئاتىسىنى ئۆز نامىغا يارىشا ئىززەت ـ ئىكرام بىرلە ئۇزاتماقتۇر .

مىرزا ئۇلۇغبەگ ياساۋۇلنىڭ قىسىق كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى .

— بەختىيار شاھزادىگە بىرىپ ئېيتقايسەن ، مۇھەممەت تەرەغەي تەختكە ئولتۇرماقچى ئەمەس ، مەككە ـ مۇكەررىمىگە سەپەر قىلماقچى . بۇ ياخشى نىيەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ، ھەجگە سەپەر قىلغان ئاجىز بەندە ئۇچۇن شان ـ شۆھرەت كېرەك ئەمەستۇر ، ئوغلان !

— بارىكاللا سىزگە ، ھەزرىتىم ! ۋە لېكىن ، بەختىيار شاھزادە سىزدەك زاتى ئالىينىڭ ماۋەرائۇننەھر زېمىنىدىن نامرات بىر دىۋانىدەك چىقىپ كېتىشىنى تەخت ۋە سەلتەنەت شەنىگە نالايىق دەپ بىلىدۇ . ئۇل تاج ساھىبى سىزگە ئۈچ تۈگىدە ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە كىيىم ـ كېچەك ئىنئام قىلدىكىم ، بۇ كارۋان سۇبھى بىلەن يېتىپ كېلىدۇ . شۇل چاغقىچە مانا بۇل قىشلاقتا ... — ياساۋۇل قامچىسى بىلەن سول تەرەپتىكى دۆڭلۈكنىڭ باغرىغا جايلاشقان كىچىك بىر قىشلاقنى كۆرسەتتى ، — تۈنىشىڭىزنى ئېھتىرام بىلەن ئىلتىماس قىلىدۇ .

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆزى يەنە ئارقا تەرەپتىكى دۆڭدە ئات ئوينىتىپ تۇرغان ھېلىقى ئادەمگە چۈشتى . نېمە ئۇچۇندۇر ئۇنى ئەمىر سۇلتان جاندارغا ئوخشاتتى ـ دە ، كۆڭلىدە يەنە شۇم گۇمان پەيدا بولدى .

— ئاۋۇ كىشى كىم ؟ ئەمىر جاندار ئەمەسمۇ ؟

— ئەمىر جاندار ؟ — موڭغۇل چىراي سۇۋارى كۈلدى ، — ئەمىر جاندار چوڭ يولدا نېمە قىلسۇن .

ياساۋۇل ئۇنىڭدىن رازىلىق سوراپ تۇرمايلا ئىتىنىڭ بېشىنى قىشلاق تەرەپكە بۇرىدى .

«تۇۋا ! بېشىمغا يەنە نېمە كۈنلەر كېلىدىغاندۇ ؟ ... شاھزادىگە يەنە نېمە كېرەك بولغاندۇ ؟ ماۋەرائۇننەھردىن ھەيدىدى ، تاج ـ تەخت ، ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالدى . ئەلھال ئۇز ئىختىيارىمغا قو۔ يۇپ بەرسە بولماسمۇ ؟ ... — مىرزا ئۇلۇغبەگ بېشىنى كۆتۈرۈپ ، يىراقتىكى تاغلارغا قارىدى ـ دە ، كاللىسىغا يەنە بايىقى ئويلار كەلدى ، — نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا تىترەيسەن ، ئەي مۇھەممەت تەرەغەي ؟ بۇنىڭدىن يامىنى يەنە نېمە بولۇر ؟ بېشىڭ كېتەرمۇ ؟ ئانا يۇرتۇڭ ، سۆيۈملۈك ۋەتىنىڭدىن ئايرىلىپ ، يات ئەللەردە مۇساپىر بولۇپ ئۆلگۈچە ، ئۆز تۇپرىقىڭدا ئۆلگىنىڭ ئەلا ئەمەسمۇ ! نېمىشقا تىترەيسەن ، مىرزا ئۇلۇغبەگ ؟ » ئۇ ئادەتتىكىدەك ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلدى . لېكىن ، كۆڭلىدە كەچكەن شۇم گۇمان گويا ئاسماننى قاپلاۋاتقان قارا بۇلۇتتەك بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلى۔ دى . پەقەت قىشلاققا يېقىنلىشىپ ، ئۆيلەرنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن تىنىق ، كۆكۈچ ئىس ـ تۈتۈنلەرنى كۆرۈپ ۋە كەچكى پادىدىن قايتقان سىيىرلارنىڭ مۆرىشى ، قويلارنىڭ مەرىشى ، باللا۔ رنىڭ يىغىسى قۇلىقىغا كىرىپ ، تونۇردىن سويۇۋېلىنغان ئىسسىق نانلارنىڭ ھىدى دىمىغىغا گۇپپىدە ئۇرۇلغاندىلا ، كاللىسىنى بەند قىلىۋالغان شۇم خىياللار سەل يوقاپ ، ئەس ـ ھوشىنى يىغىۋالغان۔ دەك بولدى ...

ئات چاپتۇرۇپ ئىلگىرىلەپ كەتكەن سۇۋارىلار ئۇلارنى مەھەل۔ لىنىڭ بىر چېتىدىكى ھويلا ئالدىدا كۈتۈۋېلىپ ، ئىچكىرىگە باشلى۔ دى . ھويلا ئىچكىرى ـ تاشقىرى بولۇپ ، ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ تۆرىدە پېشايۋانلىق ئۆي بار ئىدى . سۇۋارىلار ئۆي ئىگىسىنى قوغلىۋەتكەنلىكتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ، ئىشقىلىپ ، ھويلى۔ مۇ ، ئۆيمۇ بوش ھەم جىمجىت ئىدى . سۇۋارىلار مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن ھاجىنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى ئىچكىرىدىكى ھويلىغا ئېلىپ كىردى ـ دە ، ئاتلىرىنى يېتىلەپ قاياققىدۇر چىقىپ كېتىشتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ھەمراھلىرى تاشقىرى ھويلىغا ئورۇنلىشىپ، گويا ئۇۋۇلىرىغا كىرىۋالغان چاشقانلاردەك جىمىپ كەتكەنىدى. ئۇ يەردىن ھېچقانداق سادا چىقمايتتى. بۇ جىمجىتلىقتا قانداقتۇر بىر ياۋۇزلۇق يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى. بايا كۆڭلىدىن سەل تارقىغان شۇم گۇمان قايتىدىن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن مىرزا ئۇلۇغبەگ، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشقا تۇتۇندى. ئۇ خورجۇنىنى قاراڭغۇ ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ، تەكچىدىكى جىنچىراغنى ياقتى. كېيىن، ئاپئاق ئالتاي جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ ھويلىغا چىقتى. ھويلىنىڭ بىر چېتىگە قۇرۇپ كەتكەن شاخ ـ شۇمبىلار دۆۋىلەنگەنىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىچكىرىدە نېمە بىلەندۇر بەند بولۇۋاتقان ھاجىنى چاقىردى.

— قېنى، ھاجىم، ھەج يولىدا جاپا چەكمەك ساۋاب بولۇر. گۈلخان يېقىپ ئىسسىنايلى.

ئۇلار ئۆيگە بىر قۇچاق شاخ ـ شۇمبا ئېلىپ كىرىپ، ئوچاق ئورنىدا گۈلخان ياقتى. قۇرۇق شاخلار گۇرۇلدەپ كۆيۈپ، ئۆي سەل ئىسسىغاندەك بولدى.

نامازدىگەر يېقىنلاشماقتا ئىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ تاھارەت ئالماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ھويلىنىڭ ئىشىكى تاراقلاپ ئېچىلغانلىقىنى ئىشىتىپ چۆچۈپ كەتتى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆي ئىشىكمۇ تاراقلاپ ئېچىلىپ، بوسۇغىدا ئۇستىگە ئۇزۇن قارا چاپان، بېشىغا يوغان قارا تۇماق كىيگەن، دولىسى كەڭ بىر ئادەم پەيدا بولدى. گۈلخان شولىسىدا ئۇنىڭ پۇچۇق بۇرۇنلۇق خۇنۇك بەشىرىسى، قارا تۇماق كىيگەن يوغان بېشى خۇددى قارا قۇزغۇندەك كۆرۈندى. مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنى قەيەردىدۇ كۆرگەنىدى.

«سەئىد ئابباس!» مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنى تونۇپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى ـ دە، بار كۈچىنى يىغىپ ئابباسنىڭ كۆكسىگە كېلىشتۈرۈپ بىر مۇشت ئۇردى. لېكىن سەئىد ئابباس سەنتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇپ، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ياقىسىدىن بوغدى. دەل شۇ پەيتتە ئىشىك يەنە تاراقلاپ ئېچىلىپ،

ئۆيگە ھېلىقى موگغۇل چىراي سۇۋارى ئىتتىلىپ كىردى ـ دە، ھەزرىتى ئالىيلىرىغا تاشلاندى ...

«ھاجى، قېنى؟ بۇ مەلئۇنلار نېمە قىلماقچى؟» مىرزا ئۇلۇغ-بەگنىڭ كۆزى غۇۋا ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تىقىلىۋالغان ھاجىغا چۈش-تى. ھاجى چاپىنىغا پۈركىنىپ تۈگۈلۈپ ياتاتتى. ئۇ بولۇۋاتقان ئىشلىشتا قاراپمۇ قويمايتتى. سەئىد ئاباس بىلەن موگغۇل چى-راي سۇۋارى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ، ھويلىغا سۆرەپ چىقتى.

غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغانلىقتىن ۋە ھاقارەت تۇيغۇسىدىن تىترەپ كەتكەن مىرزا ئۇلۇغبەگ لەۋلىرىنى چىشلەپ ئىڭرىۋەتتى: «يا پەرۋەردىگارى ئالەم! خۇددى قۇربانلىق قوينى سۆرىگەندەك سۆرەيدىغۇ مېنى. قايسى گۇناھىم ئۈچۈن ماڭا بۇ جازا، بۇ خور-لۇق؟ ... قېنى سەن ئوغلۇم ئەلى؟ — ئەلى قۇشچىنى ئەسلىشى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە يەنە ياش كەلدى، — ئەستاغپۇرۇللا! بايا ئۇنى نېمىشقىمۇ قايتۇرۇۋەتكەندىمەن؟ بۇ ئىنساپسىز شاھزادىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇۋالغۇچە بىرگە بول دېسەم بولماسمىدى؟»

مىرزا ئۇلۇغبەگ يىقىلىپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئىشى-تىپ كۆزىنى ئاچتى ـ دە، پايانسىز ئاسمان قەرىدە، تېز ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان قارا بۇلۇتلار ئارىسىدا ۋال ـ ۋۇل چاقناۋاتقان يۇلتۇز-لارنى كۆردى ۋە نېمە ئۈچۈندۇر كەڭ باياۋاندا، بوۋىسىنىڭ قارارگا-ھىدا ئۆتكۈزگەن ئىللىق بىر ئاخشامنى ئەسلىدى. كۆز ئالدىدا ئۈستى ئوچۇق يىپەك چېدىر، يېنىدا ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ئول-تۇرغان مـومىسى سارايمـۈلك خانىم پەيدا بولدى. مومىسىنىڭ قوش ـ قوش ئالتۇن ئۈزۈكلەر تاقالغان ئاپئاق نازۇك بارماقلىرى پەردەك يۇمشاق، قولاق تۈۋىدە جاراڭلىغان ئاۋازى سۇنىڭ شىلدىر-لىشىدەك يېقىملىق ئىدى: «ئۇيقۇڭ كەلمىسە يۇلتۇزلارغا قاراپ ھۇزۇرلانغايسەن، قوزام. يۇلتۇزلار خۇدانىڭ ئاسماندا ئۇچۇپ يۈر-گەن پەرىشتىلىرىدۇر! پەرىشتىلەر مېھرىبان كېلىدۇ. ئۇيقۇڭ كەلمىسە يۇلتۇزلارغا قارىغايسەن، تايچىقىم ...»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، ئايەت ئو- قۇشقا باشلىدى. بىراق، يېنىغا كېلىپ توختىغان سەئىد ئاباسنىڭ قـۇزغـۇن گـەۋدىسىنى ۋە بېشىغا تـەڭلەپ تـۇرغان قىلىچىنى كۆردى ـ دە، شۇركۇنۇپ كېتىپ، ياشقا تولغان كۆزلىرىنى يۇم- غاچ: «ئەلۋىدا، ئەلى! ئۇمىدىم يالغۇز سەندە! ئىلاھىم مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بۇ كۈنلەر سېنىڭ بېشىڭغا كەلمىسۇن! ... يارەببى، گۇناھىم نېمە مېنىڭ؟» دەپ پىچىرلىدى.

# ئىككىنچى قىسىم

## 1

مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ قانداقتۇر كۆڭۈلسىز خىياللاردىن كەيپى بۇزۇلۇپ، خۇپتەندىن كېيىن ئورۇن سالدۇرۇپ يېتىپ قالغاندى، توساتتىن مېھمانخانىنىڭ ئىشىكى قاتتىق تاقىلدىدى. مەۋلانە ئوپۇل - توپۇل ئورنىدىن تۇرۇپ شامداندىكى شامنى ياقتى ۋە يېقىمسىز تۇيغۇلاردىن يۈرىكى مۇجۇلۇپ ئىشىكنى ئاچتى. بوسۇغىدا ئاتىسى سالاھىددىن زەرگەر تۇراتتى. سالاھىددىن زەرگەرنىڭ قولىدا شام، بېشىدا دۇخاۋا دوپپا ئۈستىدىن ئورالغان ئاپئاق سەللە، ئۇچىسىدا توي - مەرىكىلەردە كىيىدىغان زەرباپ تون بولۇپ، ئەلپازىدىن قاياققىدۇر كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ قولىدىكى شامنى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈپ، مېھمانخانىغا كىردى ۋە ئوغلىغا: «ئىشىكنى ياپ!» دەپ ئىشارەت قىلدى - دە، تۆرگە ئۆتتى. لېكىن، ئۇ ئولتۇرماي ئوغلىنى كۈتۈپ تۇردى. ئىشىكنى تاقاپ بولۇپ، بۇرۇلۇپ قارىغان مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ ئاتىسىنىڭ گۆلىيىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

— سۆيۈملۈك ئۇستازىڭ ... مۇھەممەت تەرەغەي ئىبنى شاھرۇھ مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ!

مەۋلانىنىڭ قولىدىكى كۈمۈش شامدان ئۆرۈلۈپ كېتىپ، يىپەك گىلەمگە چۈشتى. سالاھىددىن زەرگەر يۈگۈرۈپ بېرىپ شامنى ئالدى ۋە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئوغلىغا قارىدى.

— قاچان؟ — دېدى مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ شىۋىرلاپ.

— بۈگۈن ... بېشى تېنىدىن جۇدا قىلىنىپتۇ.

— قاتىل كىمكەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— كىم بولاتتى ! — سالاھىددىن زەرگەر زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلدى ، — ئۆز پۇشتى ـ كەمىرىدىن بولغان پەرزەنتى شاھزادە ئابدۇللىتىپ !

— يارەببى !

— ئەمدى قىرغىنچىلىق باشلىنىدۇ ! — دېدى سالاھىددىن زەرگەر ئوغلىنىڭ ۋەھىمىلىك شىۋىرلىشىغا پىسەنت قىلماي ، — ئۇستازىڭنىڭ بارچە ئەل ـ ئاغىنىلىرى ، دوست ـ شاگىرتلىرى شاھزادىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ ، تەقىب ئاستىغا ئېلىنىدۇ …

— نېمە ئۈچۈن ؟

— نېمە ئۈچۈن ؟ ! — سالاھىددىن زەرگەر مازاق قىلغاندەك ھىجايدى ، — شۇنىڭغىمۇ ئەقلىڭ يەتمىدىمۇ ؟ ھەرقاچان ، ھەر زامان شۇنداق بولغان ، ئوغلۇم ! كونا چاپان يېڭى خوجايىنغا ياراشمايدۇ . كۆپلىگەن كىشىلەر قىرغىنچىلىقتا ئۇچرايدۇ ، كۆپلىگەن كىشىلەر رەھمەتلىك مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئوخشاش كاللىسىدىن جۇدا بولىدۇ !

مەۋلانە مۇھىددىن قىزلارنىڭكىدەك ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، لەۋلىرىنى پىچىرلىتىپ دۇئا قىلدى . ئۇ ئۆزىنى تۇتۇپ ئارانلا تۇراتتى ، ئەگەر يېنىدا دەرغەزەپ ئاتىسى بولمىغان بولسا ، ھازىرلا يىقىلىپ چۈشەتتى .

سالاھىددىن زەرگەر بۇنى بايقىدى بولغاي ، سەل يۇمشاپ :

— ھەقتائالاغا شۈكرىكىم ، بۇنى بىلگەندەك ، شەيخ نىزامىددىن خامۇش ھەزرەتلىرىگە پىرىم دەپ ئىخلاس قىلغانىكەنمەن ، — دېدى ، — سېنىڭ دەھرىي شاھىڭغا ئەگىشىپ ئولتۇرۇۋەرگەن بولساق ، ھالىمىز نېچۇك بولاتتىكىن … مەن پىرىمنىڭ ھوزۇرىغا بارىمەن . ھەزرىتىم سېنىمۇ چاقىرتىپتۇ ، بىرگە بارىسەن ، ئەيىبىسىز پەرۋەردىگار ، گۇناھىمىدىن كەچكەيسىز ، دەپ ئايىغىغا تىزلىنىسەن ، شەيتاننىڭ يولىدىن ئازدۇرغانلىقىنى ئېيتىپ يىغلايسەن . سۆزۈمنى چۈشەندىڭمۇ ؟ نېمىشقا گاچىدەك بېزىرىپ تۇرىسەن ؟

— چۈشەندىم ، نېمەتلىك ئاتا …

— پانىي دۇنيا ئىشلىرىدىن قول ئۈزگىنىمگە ئۇزۇن بولغاندى، ۋە لېكىن دەھرىي شاھتىن قورقۇپ بۇنى ئېيتىشقا پېتىنالمىدىم، دەيسەن.

— نېمەتلىك ئاتا! ... جەننەت ماكان ئۇستازدىن كۆپ ياخشىلىقلارنى كۆرگەنىدۇق ...

— ياخشىلىق كۆرگەن بولساڭ ... سۆزلە! جۇمە مەسچىتىنىڭ مۇنبىرىگە چىقىپ داۋراڭ سال! — تىترەك باسقان سالاھىددىن زەرگەر خۇددى ئوغلىنى ئۇرىدىغاندەك مۇشتلىرىنى تۈگۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، — ياخشىلىق ئىمىش! ئۇلاردىن كۆرگەن خورلۇق ئېسىڭدىن چىقىپ قالدىمۇ؟ سۆيۈملۈك ئوغلى، دوزىخى ئابدۇل ئەزىز نېمە ئىشلارنى قىلمىدى؟ ئاللادىن تىلەپ ئالغان قىزىڭ خۇرشىدە — كۆزۈمنىڭ قارىچۇقى، گۈلزارىمنىڭ غۇنچىسى نېمە بولدى؟

مەۋلانە مۇھىددىن كۆزىنى ئاتىسىنىڭ چوغدەك يانغان كۆزلىرىدىن قاچۇرۇپ، ئاقىرىپ كەتكەن لەۋلىرىنى زورغا قىمىرلىتىپ:

— ئۇستاز شاھزادىنىڭ بۇ رەزىل قىلمىشلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى، — دېدى.

— خەۋەرسىز ئىمىش! — سالاھىددىن زەرگەر غەلىتە بىر يوسۇندا پىخىلداپ كۈلدى، — بارىكاللا، سەندەك كائىنات سىرلىرىنى بىلىدىغان ئالىم ـ مۇنەججىمىگە! قارا قورساق بىر نادانمۇ سەندىن ياخشى! شۇنى بىلىپ قويغىنكى، ئەتە ـ ئۆگۈن بىر قىرغىنچىلىق باشلانسا، ھەممىدىن بۇرۇن سېنىڭ بېشىڭ كېتىدۇ، ھەممە دەھرىي ئالىملار ئارىسىدا بىرىنچى بولۇپ سېنىڭ كاللاڭنى قىلىچ كېسىدۇ، سېنىڭ ئۆيۈڭگە ئوت قويۇلىدۇ، سېنىڭ! — سالاھىددىن زەرگەر ئوغلىنىڭ مۇشت يېگەن ئادەمدەك دەلدەڭشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىردىنلا سەگەكلىشىپ كەتتى. ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ دېرىزە ئالدىدىكى كۆرسىغا ئولتۇرغۇزدى — دە، تەكچىدىكى چەينەكتىن چاي قۇيۇپ قولىغا تۇتقۇزـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دى . مەۋلانە مۇھەممەدنى چىشلىرىنى پىيالىگە غاچۇر - غۇچۇر تەگكۈزۈپ ، بىر - ئىككى ئوتلام چاي ئىچتى ... سالاھىددىن زەرگەر ئوغلىغا تىكىلگىنىچە ئۇنىڭ قېشىدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ، بايىقى پەيلىدىن يېنىپ :

— ئەپۇ قىل ، ئوغلۇم — دېدى ئۇستا ، — مەن قوپاللىق قىلدىم ... سېنىڭ تەقدىرىڭنى ، ئائىلىمىزنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ ، بۇ گەپلەرنى قىلغانىدىم . ئائىلىمىز ئاسمىنىدا قارا بۇلۇتلار ئەگىپ يۈرىدۇ . بىز ئەمىر تۆمۈر ... (ئاللاتائالا ئۇلارغا باغى رىزۋاننى ماكان قىلغاي ! ) ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادىدىن ھەم ياخشىلىق ، ھەم يامانلىق كۆردۇق . ۋە لېكىن ، شاھزادە ئابدۇللەتىپ ئۇستازىڭنىڭ شاگىرتلىرىنى قەتلى - قىرغىن قىلغاندا ، ھەممىدىن بۇرۇن بىزنى ئىشارە قىلىدىغان رەقىبلەر باردۇر ، بالام . سەن گۆدەك بالا ئەمەسسەن ، بۇنى چۈشىنىشىڭ كېرەك ، ئوغلۇم ...

مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ زۇۋان چىقمىدى . ئۇ بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى . يالغۇز شامنىڭ غۇۋا شولىسىدا ئۇنىڭ سولغۇن چىرايى مۇردىدەك جانسىز ۋە قانداقتۇر قورقۇنچلۇق تۇيۇلاتتى . سالاھىددىن زەرگەر قاپىقىنى تۈرۈپ :

— مەن پىرىمنىڭ ھۇزۇرىغا كەتتىم ، — دېدى ، — چاقىرتسا بارىسەن ۋە بايىقى گەپلىرىمنى دەيسەن ! بىلىپ قويغىنكى ، باشقا چارە يوق ، بالام ! — ئۇ ئۆيدىن ئاستا چىقىپ كەتتى .

ئاتىسى چىقىپ كېتىشى بىلەنلا مەۋلانە ھالسىزلىنىپ ، تۆشەكتە سوزۇلۇپ ياتتى ، لېكىن ئۇخلىيالمىدى . ئۇ كۆزىنى يۇمۇشى بىلەنلا ، ئۇستازىنىڭ قىلىچتىن قېچىپ بېشىنى قوللىرى ئارىسىغا يوشۇرغان قىياپىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى ، تېنىدىن ئاجراپ ، قان ئارىلاش تۇپراقتا دومىلاپ ياتقان كاللىسى خىيالىدىن چىقمايتتى . ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى . شۇ تەرىقىدە ، ئۇ تاڭ ئاتقۇچە ئۆزى بىلەن ئۆزى ئېلىشىپ چىقتى شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ، ئىشقىلىپ ، سالاھىددىن زەرگەر دېگىنىدەك ، تاڭ سەھەر بىلەن شەيخ نىزامىددىن خامۇش-

تىن ئادەم كەلگەندە ، مەۋلانە مۇھەممەدىن ئاندىن بىر ئاز ئارام تاپقاندەك بولدى .

ناماز بامداتنى ئوقۇپ بولۇپ ئەسكى كىگىز گە ئورنىنىپ سۇپىدا سوزۇلۇپ ياتقان قەلەندەر بىرسىنىڭ قاتتىق نوقۇغانلىقىنى سېزىپ كۆزىنى ئاچتى . قېشىدا ئەسكى كۆلاھىنى چۆمكەپ كىيىۋالغان «بۆرە» لەقەملىك ھېلىقى ئالىغاي قەلەندەر ھىجىيىپ تۇراتتى .

— ساڭا نېمە كېرەك بولۇپ قالدى ، بۆرە ؟

— ئالتۇن ! — دېدى بۆرە بېشىنى لىكىلدىتىپ ، — ئەمما شەيخ ھەزرەتلىرىگە ئالتۇن ئەمەس ، سەن كېرەك ئىكەنسەن . خۇرجۇن - پۇرجۇنلىرىڭنى يىغىشتۇر ، دەرۋىش !

«ئەستاغپۇرۇللا ! «بۆرە» تېرىسىگە ئورنىنىۋالغان بۇ تۈلكە مېنى يەنە قانداق پالاكەتكە ئۇچراتماقچى ؟ » قەلەندەر قەرناقنى سوغۇقتىن توڭلاپ كەتكەن پۇتلىرىنى سىلاپ - ئۇۋۇلاپ ئورنىدىن تۇردى .

كېچىچە چىققان شامال توختىغاندەك بولدى . تامچىلاپ ياغقان يامغۇردىن كېيىنكى ھاۋا سالقىن ھەم ساپ ئىدى . ئاقىرىشقا باشلىغان تىنىق ئاسماندا ئاندا - ساندا كۆرۈنگەن يۇلتۇزلار گويا سوغۇقتىن توڭلاۋاتقاندەك ھارغىن چىمىلدايتتى .

نەچچە كۈندىن بېرى شەھەردە قارا قانتىنى قېقىپ ، كۆكتە ئۇچۇپ يۈرگەن ۋەھىمە تېخىچىلا ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى . كوچىلار ، مەھەللىلەر جىمجىت ، ئىشىك - دەرۋازىلار قۇلۇپلانغان بولۇپ ، ئادەمزات كۆرۈنمەيتتى . پەقەت «مازارى شەرىف» كە بارىدىغان تار كوچىدا بىر - ئىككى دۇكان — قۇيمىچى ، تۆمۈرچى ۋە تۇنىكىچىلەر ئۇستىخانىسى ئېچىلغان بولۇپ ، تۆمۈر - تەسەكلەرنىڭ تاراق - تۇرۇقى ئاڭلىناتتى .

شەيخنىڭ مۇرىتلىرى قەلەندەر قەرناقنى دەرۋازىدا كۈتۈۋېلىپ ، چىنار سايىسىدىكى ئوچاقلارغا داشقازانلار ئېسىلغان تاشقىرىقى ھويلا ئارقىلىق ئۇدۇل ئىچكىرىگە باشلىدى . ئۈچ تەرىپى ھەشەمەتلىك بىنالار بىلەن قاپلانغان ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىسىدا تونۇش مەرمەر كۆلچەك بار ئىدى. كۆلچەكنىڭ كۆ-مۈش چاچراتقۇلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان سۇلار تەكتىگە گۈلدار خىش ياتقۇزۇلغان ئېرىقلارغا قۇيۇلۇپ، شىلدىرلاپ ئاقماقتا ئىدى... ئالدىدا كېتىۋاتقان مۇرىت تاملىرى كۆكۈچ رەڭدە بويالغان دەھلىزىدىن ئۆتۈپ، سول قول تەرەپتىكى نەقىشلىك ئىشىكنى ئاچتى ۋە قەلەندەرگە يول بەردى... قەلەندەر سەل توختىۋېلىپ قەددىنى رۇسلىدى - دە، سالام بېرىپ ئىچكىرىگە كىردى. ئۇ كىردىيۇ، نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكى «جىغ» قىلىپ پەگادا توختاپ قالدى. پول ۋە تاملىرى تۈركمەن گىلەملىرىدەك ۋاللىداپ تۇرغان ئۆزۈنچاق ئۆينىڭ تۆرىدە، شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ سول يېنىدا، قات - قات كۆرپىلەر ئۈستىدە... خوجا سالاھىددىن زەرگەر ئولتۇراتتى...

ئۈستىگە زەرباپ تون كىيىپ، بېشىغا ئاپئاق سەللە ئورىۋال-غان سالاھىددىن زەرگەر قولىدىكى كىچىككىنە چىنىگە شەربەت قۇيماقتا ئىدى. قەلەندەر قول قوۋۇشتۇرغىنىچە سالام بېرىپ كىر-گەندە، ئۇ شاققىدە بۇرۇلۇپ قارىدى. لېكىن، قەلەندەرنى تونۇمى-غانلىقتىنمۇ ياكى تونۇسىمۇ تونۇماس بولۇۋالغانلىقتىنمۇ، ئىشقى-لىپ، لام - جىم دېمەي باش لىڭشىتتى - دە، قولىدىكى نەقىش-لىك پىيالىنى شەيخقە ئۇزاتتى. شەيخ ئۇنىڭ قولىدىن پىيالىنى ئېلىپ، شەربەتنى ئىچكەچ:

— ئولتۇر، دەرۋىش! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

قەلەندەر تولۇق ئېھتىرام بىلەن قول قوۋۇشتۇرغىنىچە بوسۇ-غىدا يۈكۈندى. شەيخ نىزامىددىن خامۇش ئۆسكىلەك قاشلىرىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

— خوش؟ ئۇل كۈپپارلار دەرگاھىدىن نېمە خەۋەرلەر بار؟ دەپ باقچۇ، دەرۋىش!

— ئاسايىشلىق، پىرىم...

— ھىم... خوش، ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئۇل دەرگاھقا كۆمۈلگەن

تىللالىرىدىن خەۋەر تاپتىڭمۇ؟

— قەسەم ئىچىمەنكى، تىللادىن خەۋىرىم يوقتۇر، پىرىم.

— بېشىڭنى كۆتۈر، دەرۋىش! كۆزۈمگە قاراپ سۆزلە!

قەلەندەر بېشىنى كۆتۈرۈپ، شەيخنىڭ چوغدەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىك باقتى.

— بىللاھى ئەزىم، پىرىم! پېقىر ئاجىز بەندە پاناھدار پىرىمنىڭ ئەمرىنى ۋاجىپ بىلىپ، بىر ھەپتىدىن بۇيان رەسەتخانا دەرۋازىسىدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمىدىم، كەلگەن - كەتكەنلەرنى كۆن - تۈن نازارەت قىلدىم، ھەزرىتىم...

— خوش؟

— بىرەر مۇرتەتنىڭ قەدەم باسقانلىقىنى كۆرمىدىم، پىرىم.

— بۇرناكۇن خۇپتەندە نەدە ئىدىڭ؟

قەلەندەرنىڭ كاللىسىدا: «ئۇ بىلىۋاپتۇ!» دېگەن خىيال چاقماق تېزلىكىدە كەچتى.

— بۇرناكۇن خۇپتەندە... ھاۋا سوغۇق ئىدى، پىرىم... ئىسسىنماق ئۈچۈن سايدا ئات بېقىپ يۈرگەن يىلقىچىلارنىڭ قېشىغا باردىم. ئىسسىنىپ، قورسىقىمنى تويغۇزۇپ قايتتىم، پىرىم...

— ھىم... — شەيخ سىمابتەك ئاپئاق سەللىسىنىڭ ئۇزۇن پەتتىسىنى ئاچچىقى بىلەن كەينىگە تاشلىدى، — چەت ئەللەردىن كەلگەن دىنسىزلارنىڭ كىتابلىرى، مەكروھ رىسالىلەر، كۆپۈر يازمىلار، شەرمى - ھاياسىز رەسىملەر ئۆز جايىدا تۇرۇۋېتىمۇ؟

«ياق، ئۇ بىلمەيدىكەن، ئەلى قۇشچىنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىزكەن...»

— جايىدا بولمىقى دەركار، پىرىم. ئۇل دەرگاھقا پاشىمۇ كىرىپ چىقمىسا، كىتابلار نەگە كەتسۇن، ھەزرىتىم؟

— خوش، ئۇل بىپەرھىز شاھ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ شاگىرتى... نامۇبارەك نامى يادىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ...

— ئەلى قۇشچى... — دېدى سالاھىددىن زەرگەر، —

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەۋلانە ئەلى قۇشچى …
«يارەببى ! بۇ شەيخ بىلىپ سوراۋاتامدۇ ياكى بىلمەي سوراۋاتامدۇ ؟ »
— دەرۋازا ئالدىدا بىر ھەپتە ئولتۇرۇپ ئۇل زاتنى كۆرمىدىم ، پىرىم …
— بارىكالا ، دەرۋىش ! ئالتۇن جايىدا ، دىنسىزلار پۈتكەن كىتابلار جايىدا ، دەھرىي شاھنىڭ بىتەۋپىق شاگىرتى جايىدا ، ھەممىسى ئۆز جايىدا . . . — شەيخ نىزامىددىن خامۇش زەھەرخەندىلىك بىلەن ياستۇقنىڭ ئاستىغا قول ئۇزارتىپ ، ئۇرچۇققا ئوخشاش شاقىلدىقنى ئېلىپ شاقىلداتتى . بوسۇغىدا تونۇش بىر مۇرىت پەيدا بولدى .
— مەۋلانە مۇھىددىن كەلدىمۇ ؟ كەلگەن بولسا ، ئېيت ، كىرسۇن !
قەلەندەر قەرناقى شاقىدە سالاھىددىن زەرگەرگە قارىدى ، زەرگەرنىڭ نېپىز لەۋلىرىدە سوغۇق تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى .
مەۋلانە مۇھىددىن ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ كىردى . ئۇ لەۋلىرىنى پىچىرلىتىپ تاۋۇشسىز سالام بەردى ـ دە ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ شەيخ كۆرسەتكەن جايغا كېلىپ جىم ئولتۇردى .
قەلەندەر قەرناقىنىڭ يۈرىكى گۈپ ـ گۈپ سوقۇپ ، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئولتۇراتتى . ئۇ بەش ـ ئالتە يىل ئىلىم بەرگەن ئۇستازىنىڭ چىرايىغا قاراشقا پېتىنالماي ، گويا ھازىر بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىشىدىن قورققاندەك تىترەيتتى .
— مەۋلانە مۇھىددىن ! ئەلھال سىز بۇل دەرۋىش بىرلە دىندىن غا شەك كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ ئۇۋۇسى بولغان … — شەيخ كىنايىلىك كۈلۈپ قويدى ، — سىزگە خويمۇ تونۇش بولغان ئەخلاقسىزلار ئۇۋۇسىغا بارغايسىز …
قەلەندەر قىزىقسىنىپ يەر ئاستىدىن ئۇستازىغا كۆز تاشلىدى . مەۋلانە مۇھىددىن بېشىغا ئاتىسىنىڭكىدىنمۇ يوغان ئاق سەللە ئورىۋالغان ، ئۇستىگە مۈۋۈت تون تېشىدىن ئۇزۇن ئاق چاپان

كىيىۋالغان بولۇپ ، ئىنچىكە قوللىرىنى كۆكسىدە تۇتقان ھالدا يەر بېقىپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ ئولتۇرۇشىدىن ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن بىر خىل ئىتائەتچانلىق چىقىپ تۇراتتى .

— نېمىشقا ئۈندىمەيسىز ، مەۋلانە ؟

مەۋلانە مۇھەددىن ئالدىراقلىق بىلەن تېپىرلاپ :

— سىزنىڭ سۆزىڭىز بارچە ئەھلى مۆمىنگە ھۆكمى جارىدۇر ، پىرىم ، — دەپ پىچىرلىدى .

— يادىڭىزدا بولسۇن ، مەۋلانە . سىز غاپىل بەندىمۇ ئۇل كۇپپارلار دەرگاھىدا زاۋاللىقا يۈز تۇتقانلىقىڭىز . ۋە لېكىن . . . ئەلمەمۇرۇ مەزۇرىن … سىز ئۇل ياۋۇز شاھ خىزمىتىدە ئىدىڭىز ، ئەلھەمدۇلىللاھ ، بۇل ساۋابلىق ئىشلار بىرلە گۇناھىڭىزنى يۇغايسىز . ئەلقىسسە ، ئۇل بىتەۋپىقلەر دەرگاھىغا يىغىلغان دىنسىزلار كىتابلىرىنىڭ بىرەرسىمۇ يوقالماسلىقى كېرەك . چۈنكى ، دىنىي ئىسلامغا زىت روھتا پۈتۈلگەن بارچە كىتابلار ، بارچە قولىيازمىلار ۋە بارچە كۇپۇرانە رەسىملەر ئوتتا كۆيمىكى لازىم . سىز بۇل كىتابلارنى بىلىسىز ، مەۋلانە . بەس ، مۇنۇ دەرۋىش بىرلە بېرىپ كۆرۈپ كەلگەيسىز . ئۇل كىتابلار ئۆز جايىدا تۇرۇپتىمۇ ياكى ياۋۇز شاھنىڭ ئىمانسىز شاگىرتلىرى تەرىپىدىن يوشۇرۇلدىمۇ ؟ كالامىم ئايانمۇ ، مەۋلانە ؟

مەۋلانە مۇھەددىن لەۋلىرىنى بىلىنەر - بىلىنمەس قىمىرلىتىپ :

— ئايان ، پىرىم ! — دېدى .

— كەمىنە يەنە بىر سىردىن ۋاقىپتۇر ، — دېدى شەيخ نىزامىددىن ، — مۇرتەت شاھ مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇل غالىب مۇزەپپەر — (پاكىزە روھى جەننەت گۈلشەنىدە خۇشال بولغاي ) — ئەمىر تۆمۈرنىڭ جاۋاھىراتىنى شۇل دەرگاھقا يوشۇرۇپ ، ئۇنى دىيانەتسىز شاگىرتى ئەلى قۇشچىنىڭ قولىغا تاپشۇرغاندۇر . بۇرادىرىڭىز ئەلى قۇشچىغا ئېيتىڭ . . . — «بۇرادىرىڭىز» دېگەن سۆزنى قىلغاندا شەيخ ھەزرەتلىرى ساللاھىددىن زەرگەرگە قاراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەنە بىر كۆلۈمسىرەپ قويدى، — جاھىللىق قىلمىسۇن. دەھرىيە-لىك يولىنى تەرك ئېتىپ، ئىستىغپار ئەيلىسۇن. چۈنكى، ئۆزىنى ئەسسەلاتىن زىللەللاھۇ فىل ئەرز ئاتاپ ۋە ئاللانىڭ قۇدرىتىگە شەك كەلتۈرۈپ، دەھرىيلىككە يۈز تۇتقان ئۇل شاھى شەرىرنىڭ تەقدىرى نە بولۇر؟ ئۇقتىڭىزمۇ، بالام؟

— ئۇقتۇم، پىرىم...

— ئەلى قۇشچىغا يەتكۈزۈڭ، جەننەت ماكان ئەمىر تۆمۈرنىڭ بايلىقىنى يۇشۇرماق گۇناھى ئەزىمدۇر. يەنە شۇنىمۇ يەتكۈزۈڭكى، بۇ سىردىن ۋەلىئەھدى شاھزادىمۇ خەۋەرداردۇر.

شەيخ نىزامىددىن خاموش كۆزلىرىنى يۇمۇپ، پىچىرلاپ تۇ-رۇپ دۇئا قىلدى. كېيىن، ئىمە ئۈچۈندۇر:

— قورقماڭ، مەۋلانە، سىپاھلار ھەمراھ بولىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى.

مەۋلانە مۇھىددىن ئالدىراپ - تېنەپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ نەزىرى ئىختىيارسىز ھالدا قەلەندەر قەرناقىنىڭ كۆزىگە چۈشتى - دە، ياداڭغۇ، سارغايغان يۈزىگە قان يۈگۈرۈپ، سەللىسى تېگىدىن چىقىپ تۇرغان يوغان قۇلاقلىرى ھۈپپىدە قىزىرىپ كەت-تى. «ئۇ ئۇيىلىۋاتامدۇ ياكى قورقۇۋاتامدۇ؟» دېدى قەلەندەر ئى-چىدە. ئۇ مەۋلانىنى كۈتۈپ تۇرماستىنلا كەينىچە مېڭىپ ئۆيدىن چىقتى.

## 2

مەۋلانە مۇھىددىن نەقشبەندىلەر[1] جامائەسى سەردارىنىڭ ھۇ-زۇرىغا كىتىۋېتىپ، كۆڭلىدە شەيخنىڭ ئىمىلەر دەيدىغانلىقىنى قىياس قىلغانىدى. لېكىن، بۇ دەرگاھتا قەلەندەر قەرناقىنى ئۇچ-رىتىپ قېلىشى چۈشىگىمۇ كىرمىگەنىدى. خەيرىيەت، ئۇمۇ بۇ پانىي دۇنيادىن يۈز ئۆرۈپ، زاھىتلىقنى ئىختىيار قىپتۇ. بولمى-

[1] نەقشبەندى — 14 - ئەسىردە شەكىللەنگەن سوپى - دەرۋىشلەر مەزھىپى.

سا ، كىرمىگەن تەۋشۈكى ، تارتمىغان جاپاسى قالمىغان بۇ قەلەندەرنىڭ ئالدىدا ئۇ قانداق قىلاتتى ؟ شەيخ ھەزرەتلىرىنىڭ سوئاللىرىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەتتى ؟ ... ئۇنى ئەمدى پەقەت بىرلا خىيال تەشۋىشكە سالاتتى : ئەلى قۇشچى مېنى قانداق قارشى ئالۇر ؟ نېمە دەر ؟ ئۆزۈمچۇ ، ئەلى قۇشچىنىڭ يۈزىگە قانداق قارارمەن ؟ ئۇنىڭغا نېمە دەرمەن ؟

بۇ ئوي ، بۇ تەشۋىش ھەتتا دەرۋازىدا كۈتۈپ تۇرغان ئۈچ نەپەر سۇۋارىنى كۆرگەندىمۇ ئۇنىڭ كاللىسىدىن كۆتۈرۈلمىدى . مەۋلانە مۇھەددىس ئەلى قۇشچىنى ، ئۇنىڭ گېپى گەپ بولىدىغان ، دېگەن سۆزىدىن يانمايدىغان بىر قەيسەر ئادەم ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى . يا ئۇمۇ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى ئىشىتىپ ، ئىككىلىنىپ قالغانمىدۇ ؟ ئېھتىمال ، شۇنداق بولغاندۇ ! ئېھتىمال ! مەۋلانە مۇھەددىسنىڭ قەلبى دەريادەك دولقۇنلىنىپ ، كۆز ئالدىدا تۇمان پەيدا بولغاندەك بولدى . ئۇ بۇ تۇيغۇلار ئىچىدە گويا «كەلىمەئى شاھادەت» نى ئوقۇۋاتقاندەك ، «ئېھتىمال» سۆزىنى تەكرارلىغاچ ، رەسەتخانىغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى . پەقەت ، رەسەتخانىنىڭ كۆز ئاپتىپىدا چاقناپ تۇرغان ئېگىز پەشتاقلىرىنى كۆرگەندىلا ئەس ـ ھوشىنى يىغدى ـ دە ، يىگىرمە يىللىق ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن رەسەتخانىغا ئەمەس ، گويا ھالاكەت گىردابىغا يېقىنلىشىۋاتقاندەك ، ئات ئۈستىدە توڭگۇلۇپ قالدى .

قېرىشقاندەك دەرۋازىنى ئەلى قۇشچى ئۆزى ئاچتى . ئۈستىگە ئۇزۇن قارا چەكمەن ، بېشىغا مۇدەررىسلەر كىيىدىغان ئۈچلۈق قارا تەقىيە كىيگەن ، ھاۋا سوغۇق بولۇشىغا قارىماي مەيدىسىنى ئوچۇق تۇتقان ئەلى قۇشچى ھەرخىل ئېھتىماللىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ ، مەۋلانە مۇھەددىسنىڭ كېلىشىنى كۈتمىگەنىدى . ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ، بىر قەلەندەرگە ، بىر ئات ئۈستىدە توڭگۇلۇپ ئولتۇرغان مەۋلانە مۇھەددىسقا قارىدى . نىھايەت ، كۈتۈلمىگەن «مېھمانلار»نىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى بولغاي ، مىيىقىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈپ ، مەۋلانە مۇھەددىسقا قاراپ سالام بەردى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— خۇش كەپسىز ، ئەزىز بۇرادەر !
مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ قىزلارنىڭكىدەك يوغان ، قاپقارا كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ ، چىرايى بىر قىزىرىپ ، بىر ئاقىرىپ ئۆزىمۇ ئارانلا ئاڭلىيالىغۇدەك غودۇڭشىدى :
— شەيخ نىزامىددىن خامۇش ھەزرەتلىرى رەسەتخانىدىكى كىتابلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ، سانىنى ئېلىپ كېلىشنى تاپشۇردى . . .
ئەلى قۇشچىنىڭ لەۋلىرىدىكى كىنايىلىك تەبەسسۇم يوقاپ ، كۆزلىرى قىسىلدى :
— مەۋلانە قاچاندىن باشلاپ شەيخ ھەزرەتلىرىگە باش قويدىڭىز ؟
ئاتتىن چۈشكەن مەۋلانە غودۇڭشىپ بىر نېمىلەرنى دېدى ، لېكىن ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى .
— خوپ ، سىزغۇ كىتابلارنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلگەن ئىكەنسىز ، نۆكەرلەرنىڭ مۇددىئاسى نېمىكىن ؟
بېشىغا دۇبۇلغا كىيگەن چوقۇر سىپاھ قاپقىنى تۇرۇپ :
— بىز رەسەتخانىنى قوغداپ تۇرماقچىمىز ، — دەپ جاۋاب بەردى .
ئەلى قۇشچى يەر ئاستىدىن قەلەندەر قەرناقىغا قارىدى .
— سىپاھلار رەسەتخانىنى قوغدارمىش ... سىزنىڭ مۇددىئايىڭىز نېمىكىن ، دەرۋىش ؟
قەلەندەر تۇساتتىن كۆزلىرىنى ئوينىتىپ :
— مۇددىئايىم ، — دېدى ، — بۇ دەرگاھتىكى دىنسىزلار كىتابىغا ئوت قويماقتۇر ، ئوت !
— بۇ دەرگاھتا دىنسىزلار كىتابى بار ، دەپ كىم دېدى ساڭا ، دىۋانە ؟
— بۇ سوئالغا بۇرادەر مەۋلانە مۇھەممەددىن جاۋاب بەرسۇن !
«بارىكاللا ، قەلەندەر !» ئەلى قۇشچى ئىچىدە ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپ ، مەۋلانە مۇھەممەدنىڭغا يۈزلەندى ، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ :

— بەللى ، مەۋلانە ! — دېدى ، — سەل كەم چارەك ئەسىر ئىلىم ئېلىپ ، باشقىلارغا تەلىم بەرگەن بۇ تەۋەررۇك دەرگاھقا سىپاھلارنى باشلاپ كەپسىز . خالىسىڭىز ئوت قويۇڭ ، خالىسىڭىز خانىۋەيران قىلىڭ ، ئىختىيار ئۆزىڭىزدە ، ئەزىز بورادەر !

سوزۇنچاق يۈزى ، گەجدىن ياسالغاندەك ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ ئىنچىكە ، ئورۇق گەۋدىسىنى مۈكچەيتىپ ، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە بىردەم تۇردى . كېيىن ، تۆز يەردىمۇ مۇدۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ رەسەتخانىغا قاراپ ماڭدى . لېكىن ، ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان قوش قاناتلىق ئىشىكنىڭ قۇيما ھالقىلىرىغا قول ئۇزىتىۋېتىپ يەنە توختىدى ۋە پىچىرلاپ دۇئا قىلدى .

ھەئە ، مەۋلانە ئەلى قۇشچى ھەقلىق ئىدى . مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ سەل كەم چارەك ئەسىرلىك ئۆمرى مانا بۇ ھەيۋەتلىك بىنادا ، قىشۇ ياز بىرخىل سالقىن ، بىرخىل تىنچ ، نىم قاراڭغۇ ئۆيلەردە ، پايانسىز ئاسمانغا قارىتىلغان ئەسۋابلار ۋە ئۇستۇرلاپلار يېنىدا ، كىتابلار بىلەن لىق تولغان جاۋەنلەر ئالدىدا ئۆتكەنىدى . ئۇ مەرمەر پەلەمپەيدە تۇرۇپ ، پەسكە قارىتىلغان مىس ئەسۋابنىڭ سىلىق ، يالتىراق يۈزىنى ۋە بۇ ئاجايىپ نادىر ئەسۋابقا ئۇدۇل قىلىپ ئېچىلغان قۇببىسىمان تورۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆڭلۈكلەرنى كۆرگىنىدە ، نېمە ئۈچۈندۇر بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى . ھەئە ، مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ رەسەتخانىنىڭ ئەڭ تۆۋەنكى قەۋىتىدە ئولتۇرۇپ ، بۇ ئاجايىپ ئەسۋاب ۋە ئۇستۇرلاپلار ياردىمى بىلەن كۆككە تىكىلىپ قارىغىنىدا ، پانىي دۇنيانىڭ تەشۋىشلىرى خىيالىدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ ، دىلى ئاجايىپ بىر زوق ۋە ھاياجان بىلەن يايراپ كېتەتتى . ئۆز كۆڭلىدە پايانسىز كائىنات بىلەن ، ئاللىقانداق ئىلاھىي كۈچلەر بىلەن ، ۋال ـ ۋۇل چاقناۋاتقان سىرلىق سەييارىلەر بىلەن ئۇزاق ۋە كەڭ ـ كۇشادە سۆھبەتلىشەتتى ... ئېھ ، پەرۋەردىگارى ئالەم ! نېمە ئۈچۈن شۇ بەختلىك چاغلاردىن ، ئىلھام پەرىسىنىڭ مېھرىبان قاناتلىرى ئاستىدا ئۆتكەن شۇ يورۇق كۈنلەردىن مەھرۇم قىلدىڭ ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ گەدى-

ىنگە مەۋلانە نامىغا نامۇناسىپ بۇ قەبىھ ئىشلارنى يوقلىدىڭ؟ بېشىغا بۇ تەشۋىش، كۆڭلىگە بۇ غەم ـ ئەندىشىنى سالدىڭ؟ ...

ئۇنىڭ كالىلىسىدىكى بۇ ئوي، دىلىنى ئازابلاۋاتقان بۇ قايغۇ ـ ھەسرەت، كۇتۇپخانىغا كىرگەندە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. كۇتۇپخانا ئۇستازى دەۋرىدە قانداق بولسا، ھازىرمۇ شۇ پېتىچە تۇراتتى. تەكچىلەردىكى كۆمۈش شامدانلاردا شاملار يېقىلغان، قاتار ـ قاتار كۇرسىلار ئالدىدىكى ئۇستەللەردە كىتابلار تەقلەنگەنىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ بۇلۇڭدىكى يولۋاس تېرىسى يېپىلغان ئېگىز كۇرسىسىدا، ئۇنىڭ زەرباپ تونى بىلەن قارا دۇخاۋا تەقيىسى تۇراتتى. ئومۇمەن، بۇ يەر خۇددى مىرزا ئۇلۇغبەگ ھاياتتەك، گويا ئۇ ھازىرلا كىرىپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرىدىغاندەك ۋە سەل بوغۇق، يوغان ئاۋازى بىلەن ئاسمان جىسىملىرىنىڭ سىرلىرى توغرىسىدا سۆھبەت باشلايدىغاندەك ئىدى ...

ئەلى قۇشچى قوللىرىنى قوۋۇشتۇرغىنىچە ئىشىكتىن كىرگەن يەردە تامغا يۆلىنىپ تۇراتتى. مەۋلانە مۇھەممەدىن بولسا، بۇ جىمجىت ۋە ھەيۋەتلىك ئىلىم دەرگاھىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئاللىقانداق سىرلىق ۋە ئىلاھىي كەيپىياتتىن ئەزايى ـ بەدىنى تىترەپ، جاۋەنلەر يېنىدىن ئۆتۈپ تۆرگە ئۆتتى. ئۇ كىتابلارغا قول تەگكۈزمىدى، كۆك، سېرىق، يېشىل ۋە قىزغۇچ رەڭلىك خۇرۇمدىن مۇقاۋىلانغان قېلىن قوليازمىلارنى ئېلىپ كۆرمىدى، يىپەك ۋە موۋۇتقا ئورالغان رىسالىلەرگە تەگمىدى، لېكىن تورۇسقا تاقىشىپ تۇرغان جاۋەنلەرگە كۆز تاشلاپ تۆرگە ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ شۇنى بايقىدىكى، ئەڭ نادىر ئەسەرلەر، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن قوليازمىلار يوق ئىدى! بولۇپمۇ، ماۋەرائۇننەھر پازىللىرى ۋە ئالىملىرىنىڭ بۆلەكچە ئېتىبار ۋە ئېھتىيات بىلەن تۆردە ساقلىنىدىغان قېلىن ـ قېلىن كىتابلىرى، يىپەك رەختلەرگە ئورالغان قوليازمىلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئورنىدا باشقا كىتابلار تۇراتتى، ھەئە، مەۋلانە مۇھەممەدىن بۇ يەردىكى ھەربىر كىتاب، ھەربىر قوليازما ۋە ھەربىر رىسالىنى ياخشى

بىلەتتى، تېپىپ بەر دېسە، كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ تېپىپ بېرەلەيتتى ... مانا، بۇ يەردە ... ئېسىل يىپەك پەردە بىلەن توسۇپ قويۇلغان ئالاھىدە جاۋەندە، ئۇستازىنىڭ ئۆز قولىيازمىلىرى ۋە رىسالىلىرى ساقلىناتتى. بۇ يەردە ئۇنىڭ قارا خۇرۇم بىلەن مۇقاۋىلانغان تۆت توملۇق «تۆت ئۇلۇس تارىخى» دېگەن ئەسىرى تۇراتتى، يىپەكتەك يۇمشاق ئاق قەغەزگە پۈتۈلگەن «زىجى كۆرەگانى» دېگەن جەدۋەللىرىمۇ مۇشۇ يەردە ساقلىناتتى، جەدۋەللەرنىڭ يېنىدا ئىزاھلىق رىسالىلەر قويۇلاتتى. سەل يۇقىرىدىكى تەكچىلەردە بولسا، ئىككى ئۇستازىنىڭ - جەننەت ماكان قازىزادە رۇمى بىلەن غىياسىددىن جەمشىتنىڭ كىتابلىرى تىزىلاتتى.

«ئۇ نادىر قولىيازمىلار، ھەر بىرى بىر قاداق ئالتۇن قىممىتىدىكى بۇ كىتابلار قېنى؟ ئۇلارنى كىم ئالغاندۇ؟ ئەلى قۇشچىمۇ؟ كىتابلارنى يوشۇرغان بولسا، ئالتۇنلار نېمە بولدى؟ يوشۇرغان تەقدىردىمۇ نەگە يوشۇرار؟ بۇ خەتەرلىك ئىش يالغۇز ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلەرمۇ؟ ئەگەر قولىدىن كەلسە، نېمە ئۈچۈن بىر ئىككى كۈن بۇرۇن ياردەم سوراپ باردۇ؟...»

لېكىن، كىتابلار يوق، ئەڭ نادىر قولىيازمىلارنىڭ تىقىۋېتىلگەنلىكىدە شەك يوق ئىدى! ...

مەۋلانە مۇھەممەددىن كەينىدە ئەلى قۇشچى تۇرغانلىقىنى سېزەتتى. ئۇ ئەلى قۇشچىنىڭ ئادىتىنى، لەۋزىدىن يانمايدىغان قەيسەر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ھەتتا شۇ تاپتا پەگادا غەزەپلەنگەنلىكىدىن تىترەپ تۇرغانلىقىنىمۇ بايقايتتى ... ياق، ئۇ ئەلى قۇشچىغا ھېچ نەرسە دېمەيدۇ، شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتمايدۇ ...

خىيالى قۇيۇندەك توپىلاڭ بولۇپ كەتكەن مەۋلانە مۇھەممەددىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي، تۆردە تۇرغان يېرىدە ئۇزاق تۇرۇپ قالدى، ئاندىن قورقۇپقىنا ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. ئۇ ئەلى قۇشچىغا لام - جىم دېمەي چىقىپ كەتمەكچى بولدى. لېكىن، ئەلى قۇشچى گەۋدىسى بىلەن ئىشىكنى توستى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— خوش ، ئەزىز بۇرادەر ، بارچە كۇپۇر كىتابلار ئۆز جايىدىمىكەن ؟

— ھە ، ھە ، — دېدى مەۋلانە مۇھەممەدىن تەمتىرەپ ، — جايىدا ، جايىدا ...

— بۇ سۆزنى شەيخ ھەزرەتلىرىگىمۇ ئېيتامسىز كىن ؟

— ھە ؟ — مەۋلانە مۇھەممەدىن شاققىدە بۇرۇلۇپ ئەلى قۇشچىغا قارىدى . ئەلى قۇشچىنىڭ كۆزلىرى يېنىپ ، ئىلمەك بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى غەزەپلىك لىپىلدىغان ھالدا ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇراتتى ۋە چىرايى تاتىرىپ ، لەۋلىرى قاتتىق قىسىلغانىدى .

— ھە ، ھە ، ئېيتىمەن ، — دېدى مەۋلانە مۇھەممەدىن ھودۇقۇپ ، — ئېيتىمەن ...

— ساڭا بىر سوئالىم بار ، مەۋلانە ، — دېدى ئەلى قۇشچى . ئۇنىڭ ئاۋازى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ ، بوغۇق ئاڭلاندى ، — كېچە... ھەزرىتى ئالىيلىرى ... ئۇستاز مىرزا ئۇلۇغبەگ قەتل قىلىنغانلىقىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ ؟

«يا پەرۋەردىگارى ئالەم ! ئۆزۈڭ مەدەت بەرگەيسەن !» دېدى مەۋلانە مۇھەممەدىن ئىچىدە . ئۇ گويا ئەلى قۇشچىنىڭ شاپىلاقلىشىدىن قورققاندەك تۈگۈلۈپ ، تامغا يۆلىنىپ تۇراتتى .

— بۈگۈن بارچە ئىلىم ئەھلى ماتەم تۇتماقتا ! بارچە ئىلىم ئەھلىنىڭ ئۇستازى ، مەرىپەتپەرۋەر مىرزا ئۇلۇغبەگ جاھىل ئوغۇرلار قولىدا قەتل قىلىندى . نېمىشقا زۇۋان سۈرمەيسەن ؟ سۈكۈت رازىلىقنىڭ نىشانىسىدۇر ! ھەممىنى بىلىسەن ، بىلىپ تۇرۇپ ، ئۇچاڭغا قارا كىيىپ ماتەم تۇتماق ئورنىدا ، ئۇنىڭ مۇقەددەس دەرگاھىنى نازارەت قىلماق ۋە تالىماق ئۈچۈن كەپسەن ! ...

— بۇرادىرىم ئەلى ! — دېدى مەۋلانە مۇھەممەدىن يىغلامسىراپ ، — قانداق قىلاي ، مەن بىر ئاجىز بەندە تۇرسام ...

— ياق ، ئاجىز بەندە ئەمەس ، ياۋۇز بەندىسەن ! ماڭ ، بېرىپ قاتىل شەيخ بىلەن قاتىل شاھزادەڭگە ئېيت ، بۇ تەۋەررۈك دەرگاھنىڭ بارچە كۇپۇر كىتابلار يوقىلىپ كېتىپتۇ ، دە ! بۇ دەرگاھقا

ئوت قويماق كېرەك ، دە ! ۋە لېكىن ، بىر نەرسە يادىڭدا بولسۇن : ئۇستۇڭدە شىبھىت بولغان ئاللانىڭ بىگۇناھ بەندىسى ، ئالىملار سەردارى — ئۇستاز مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئەرۋاھى تۇرۇپتۇ !

مەۋلانە مۇھەممەدنى توساتتىن تۇرغان يېرىدە سەنتۇرۇلۇپ كېتىپ تامغا تايىنىپ قالدى .

— مەۋلانە ئەلى ! — دېدى ئۇ ئاللىقانداق مۇڭلۇق ئاۋازدا ، — نېمە ئۇچۇن ماڭا بۇنچىلىك ھاقارەت ، بۇنچىلىك تاپا - تەنە قىلىسىز ؟ بۇ كۆرگۈلۈك ھەقتائالادىن بولۇۋاتسا ، مەن بىچارە قانداق قىلاي ؟ — ئۇ ئايىئاق ، نازۇك بارماقلىرى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۇرتۇپ ئەلى قۇشچىغا قارىدى ، — پەرۋەردىگارى ئالەم شاھىت ، بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ، يۈرىكىم قان بولۇپ كەتتى . لېكىن ، قانداق قىلاي ؟ چىققان كۆز ئورنىغا چۈشمەيدىكەن ، مەۋلا-نە . پېقىر بولسام ... پېقىر بولسام . . . — مەۋلانە مۇھەممەدنى ئۆزىگە ، ئۆزىنىڭ ھازىرقى بىچارە قىياپىتىگە ئېچىنىپ ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى ... ئەلى قۇشچى تەرىنى تۇرۇپ تەتۈر قارىۋالدى .

ئۇ ھەممىدىن بەكرەك مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ كۆز يېشىدىن قورقاتتى . چۈنكى ، بۇ ئادەم ھەمىشە شۇنداق قىلاتتى . يەنى ، بېشىغا كۈن چۈشۈپ ، ئىرادىسى سىنىلىدىغان پەيتلەردە ، دائىم كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇپ قۇتۇلۇپ كېتەتتى ... ئەلى قۇشچى ئەلەم ۋە غەزەپتىن تىلىنىڭ ئۇچىغا ئاندىن قالغان ئەڭ ئاچچىق ، ئەڭ قاتتىق گەپلەرنى ئىچىگە يۇتۇپ ، قول سىلكىدى :

— كەمىنە كۆڭلۈمدىكى ھەممە گەپنى قىلدىم ، قالغىنىنى ۋىجدانىڭغا ھاۋالە قىلىمەن ، مەۋلانە . ساڭا دەيدىغان باشقا گېپىم يوق ! — ئۇ شۇنداق دېدى - دە ، ئىشىكنى بىر تېپىپ ئاچتى .

مەۋلانە مۇھەممەدنى كېتىش - كەتمەسلىكنى بىلەلمىگەندەك بىر ھازاغىچە گاڭگىراپ تۇرۇپلا قالدى ، ئاندىن يېڭىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۇرتۇپ ، تىك پەلەمپەيلەرنى بېسىپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى . ئەلى قۇشچى ئۆز ۋۇجۇدىدا قاتتىق ھارغىنلىق سېزىپ ئۆزىنى كۇرسىغا تاشلىدى - دە ، كۆزىنى يۇمدى ...

ھەئە ، ئۇ تونۇگونكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن مەۋلانە مۇھەم-دىندىن ياخشىلىق كۈتمىگەنىدى . لېكىن ، پوتونلەي ئۈمىدسىزلە-نىپمۇ كەتمىگەنىدى . ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە غۇۋا بول-سىمۇ ئۈمىد نۇرى پىلىلداپ تۇراتتى . ئەمدىلىكتە بۇ نۇرمۇ ئۆ-چۈپ ، ھەممە ئىغىرلىق ، ھەممە سىناق يالغۇز ئۇنىڭلا زىممىسىگە يۈكلەندى . ئۇ بارچە سىناق ، بارچە ئىغىرلىقلارغا بەرداشلىق بېرە-شى كېرەك ئىدى ...

ئەلى قۇشچى مۇرىسىگە بىرسىنىڭ قولىنى قويغانلىقىنى سې-زىپ كۆزىنى ئاچتى . يېنىدا قەلەندەر قەرناقى بىلەن مىرەم چەلەبى تۇراتتى .

— مەۋلانە مۇھەممەددىن كەتتىمۇ ؟

— كەتتى ، — دېدى قەلەندەر .

— سىپاھلارچۇ ؟

— ئىككىسى دەرۋازىنى ساقلاپ قالدى ، بىرسى مەۋلانە بىلەن كەتتى ...

— سەن نېمىشقا كەتمىدىڭ ؟

— مەن . . . — قەلەندەر مىرەم چەلەبىگە قاراپ كۆزىنى قىستى ، — پېقىر بىغەم ، بىتەشۋىش بىر گاداي ئىدىم . ئەمدى ئۇ بەختلىك كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى . مەۋلانە مۇھەممەددىن بىرىپ شەيخ ھەزرەتلىرىگە سىرنى ئاشكارىلىسا ... ئۆيۈم كۆيىدۇ ، ئۇستاز ...

ئەلى قۇشچىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى .

— ئۆيۈڭ بولمىسا ، نېمەڭ كۆيىدۇ؟ قورقما . ئايرىلساڭ ئەسكى كۇلاھىڭ بىلەن يىرتىق جەندەڭدىن ئايرىلارسەن . ئەمدى قەيەرگە بارماقچىسەن ، ئۇكام ؟

— ئەمدى . . . — قەلەندەر يوغان كۇلاھىنى بېشىغا چۆمە-كەپ ، مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى ، — ئەمدى ... لەخمىنى ئېچىپ بەرسىڭىز ... تۆمۈربەگ سەمەرقەندى ئۇستىنىڭ ئۆڭكۈرىگە بېرىپ تۇرىمەن . سىز قانداق قىلىسىز ، ئۇستاز ؟

ئەلى قۇشچى ئازابلانغان ھالدا بېشىنى چايقاپ ، جاۋەندىكى

كىتابلارغا قارىدى.
— مەن ھېچ يەرگە كېتەلمەيمەن، دەرۋىش.
— ئېھتىيات قىلماق كېرەك، ئۇستاز.
— شۇنداق، ۋە لېكىن ... ياق، ھېچ يەرگە بارمايمەن. قىرىق يىل قىرغىن بولسا، ئەجىلى تولغان ئۆلىدۇ، دەرۋىش. كەتسەڭ، مىرەم چەلەبىنىمۇ ئېلىپ كەتكەيسەن.
كۆپكۆك كۆزلىرى ئويناپ تۇرغان مىرەم چەلەبى قاپىقىنى سىلىپ باش چايقىدى.
— ياق، ئۇستاز. سىز نەدە بولسىڭىز، مەنمۇ شۇ يەردە بولىمەن...
ئەلى قۇشچى مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنى قۇچاقلىدى ـ دە، بېلىدىكى ئاچقۇچلار ئارىسىدىن بىرىنى تاللاپ ئېلىپ، تەك پەلەمـپەيلەر ئارقىلىق پەسكە — لەخمىگە چۈشىدىغان قاراڭغۇ تارچۇققا چۈشۈشكە باشلىدى.

## 3

شاھزادە ئابدۇللەتىپ يېرىم كېچىدىن ئاشقىچە، تاكى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئارقىسىدىن كەتكەن ئەمىر سۇلتان جاندار ئۇ كۈتـكەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلگۈچە كىرپىك قاقمىدى. خەۋەر يەتكۈزۈلـگەندىن كېيىن، گويا مۇرىسىدىكى تاغ ئاغدۇرۇلغاندەك راھەتلەندى ۋە ئۆزىنى ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئالتۇن كۇرسىسىغا تاشلىدى ـ دە، ئۇخلاپ قالدى. ئۇ قانچىلىك ئۇخلىدى بۇنىسى نامەلۇم، ئىشقىـلىپ، بىر چاغدا خۇددى بىرسى قېشىغا كېلىپ نوقۇغاندەك چۆـچۈپ ئويغاندى.
تورۇستىكى نەقىشلىك قەندىلگە تىزىلغان شاملار نېمە ئۈچۈنـدۇر ئۆچۈپ قالغان بولۇپ، پەقەت ئىشىك ئۈستىدىكى تەكچىدە بىر تال شام پىلىلداپ تۇراتتى. ئۇنىڭ غۇۋا شولىسى پەگانىلا يورۇتاتتى، يوغان ئۆينىڭ قالغان قىسمى خىرە ئىدى! ...

شاھزادىنىڭ يۈرىكى گۇپۇلدەپ سىلىپ ، ئورنىدىن ئاستا تۇر-دى . ئۇنىڭغا ئوردىدەك كەڭ ، چوڭ ئۆينىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىدا ، رەتلىك قويۇلغان ئالتۇن كۇرسىلارنىڭ تېگىدە ۋە تۆرگە ئېسىلغان چوڭ پەردىنىڭ ئارقىسىدا كىملەردۇر يوشۇرۇنۇۋالغاندەك ، ئۇنىڭ-دىن كۆز ئۈزمەي ھەرىكىتىنى كۆزىتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى .

«يا خۇداۋەندە كەرىم ! ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن ! ...»

شاھزادە ئۆيدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان مۇدھىش جىمجىتلىققا قۇ-لاق سېلىپ ، تىرناقلىرىغىچە تىترەك بېسىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ، گويا بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىكى سايىلەرنى چۆچۈتىۋېتىشىد-تىن قورققاندەك ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ تەكچىلەردىكى شاملارنى ياقتى ... قاراڭغۇ ئۆي يورۇپ ، ھەل بېرىلگەن نازۇك بېزەكلەر گويا جان كىرگەندەك چاقناپ كەتتى ... شاھزادىنىڭ تېنى بوشىشىپ ، ئۆزىنى يەنە ئالتۇن كۇرسىغا تاشلىدى - دە ، بېشىنى قوللىرى ئارىسىغا ئالدى ...

«ئۇ نېمە بولدى ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈرىكى تۇزاققا چۈشكەن قۇشنىڭكىدەك پوكۇلدايدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن قەلبىنى بۇ مۇدھىش ۋەھىمە قاپلىۋالىدۇ ؟ ئۇ نېمىدىن قورقىدۇ ؟ ئەلھال ، بارچە خېيىم - خەتەرگە چەك قويۇلمىدىمۇ ؟ ئەمدىلىكتە پۈتۈن ماۋەرائۇن-نەھرگە ھاكىمى مۇتلەق بولمىدىمۇ ؟ خەللاقى ئالەم ئۇنىڭغا ساخا-ۋەت قىلىپ ، ئۇنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرمىدىمۇ ؟ يا ئەمىر سۇلتان جاندار كەلتۈرگەن شۇم خەۋەر ئۇنى قورقۇتۇ-ۋەتتىمۇ ؟ ...»

ياق ، ئۇ كۈن بويى تۆت كۆزى بىلەن ئەمىر سۇلتان جاندارنىڭ يولىغا قارىدى . ھەر قېتىم ئىشىك تاقىلداپ ، بوسۇغىدا بەلخلىق سارايۋەن كۆرۈنگەندە ، يۈرىكى سۇ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەت-تى ، ئۇنىڭدىن «ئەمىر جاندار» دېگەن سۆزنى كۈتەتتى ، باشقا بىراۋ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا رايى قېچىپ ، ئور-نىدا ئولتۇرۇپ قالاتتى . نىھايەت ، يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئىشىك توساتتىن بىراقلا ئېچىلىپ ، ئەمىر سۇلتان جاندار كىرىپ كەلدى .

مۇرىسىگە قارا خۇرجۇن ئارتىۋالغان ئەمىر ئايسىمان ئەگرى قىلىچىنى ئىشىككە شاراقلىتىپ تەگكۈزۈپ، دادىللىق بىلەن كىرىپ كەلدى - دە، پەگادا يۈكۈنۈپ سەجدە قىلدى. شاھزادە ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولۇپ، لەۋلىرىنى زورغا قىمىرلاتتى:

— سۆزلە!

قەددى - قامىتى كېلىشكەن ئەمىر سۇلتان جاندار يوغان گەۋدىسىنى رۇسلاپ، ئالىقىنىنىڭ قىرى بىلەن كېكىرتىكىنى ھەرىدىدى ۋە:

— بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدۇق! — دېدى.

شاھزادىنىڭ ئەزايى - بەدىنى سوغۇق تەرگە چۆمۈلۈپ:

— قېنى؟ — دەپ پىچىرلىدى.

ئەمىر جاندار مۇرىسىدىكى خۇرجۇننى گۇرسىسىدە يەرگە تاشلىدى - دە، ئۇنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. شاھزادە شۇركۈنۈپ كەينىگە داجىغاچ، «ياق، ياق، كۆرسەتمە!» دېگەن مەنىدە قول سىلكىدى. ئەمىر جاندار غەلىتە بىر كۈلۈمسىرەپ، خۇرجۇننىڭ ئاغزىنى ياپقاچ:

— قەيەرگە دەپنە قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى.

شاھزادە بۇ شۇم خەۋەرنى شۇنچە تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر دەپنە توغرىسىدا ئويلانمىغانىدى. شۇڭا، نېمە دېيىشىنى بىلمەي تىلى لال بولۇپ قالدى.

— گور ئەمىرگىمۇ؟ — دېدى ئەمىر جاندار شىۋىرلاپ.

شاھزادە يەنە ساراسىمە ئىچىدە باش چايقىدى:

— ياق، ياق! ئەسلا!

— بەللى سىزگە، دۆلەتپاناھ! — دېدى ئەمىر جاندار، — مۇھەممەت دىنىغا قىلىچ كۆتۈرگەن بۇ دەججالنى فاتىھى - مۇزەپپەر قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلساق، گۇناھى ئەزىمگە قالۇرمىز. ئۇنى دىنسىزلار ئۆۋىسى بولغان ئۆز مەدرىسىسىگە قويىماق كېرەك...

شاھزادە سەسكىنىپ قول سىلكىدى.

— بەس ! نېمىلا قىلساڭ ، تېزرەك بول ، لېكىن بىرەر ئىنسان بىلىپ قالمىسۇن !

ئەمىر جاندار كۆزىنى قىستى .

— «تۆگە كۆردۈڭمۇ ؟ ياق» دېگەندەك ئىش قىلىمىز ـ دە ، ئۇلۇغ شاھىم !

ئەمىر غەلىتە ھېجايغىنىچە چىقىپ كەتتى . شاھزادە بولسا ، ئۇستىدىكى تاغنى ئاغدۇرۇۋەتكەندەك بولۇپ ، ئۆزىنى ئالتۇن تەختكە تاشلىدى .

— خۇداغا شۈكۈر ، مانا ئەمدى...

توساتتىن قىبلە تەرەپتىكى تامغا تارتىلغان يىپەك پەردە ئارقىسىدا بىر نېمە مىدىرلىغاندەك بولدى ... شاھزادە دەرھال بۇرۇلۇپ قارىدى . ھەئە ، پەردە راستتىنلا مىدىرلايتتى ! ...

شاھزادىنىڭ كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ ، جان ئاچچىقىدا قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى ـ دە ، بىر سەكرەپ تۆرگە ئۆتۈپ ، پەردە مىدىرلاۋاتقان جاينى غۇلاچلاپ چاپتى ... مەخپىي ئىشىكنىڭ قۇلۇپىغا تەگكەن قىلىچ ئوت چاقنىتىپ تاراڭلاپ كەتتى . پەردە كېسىلگەن جايدا قۇيما پولات ئىشىك كۆرۈندىيۇ ، ھېچكىم يوق ئىدى !...

شاھزادە پېشانىسىدىكى چىلىق ـ چىلىق سوغۇق تەرنى سۈرتۈپ تاشلاپ ، ئۆزىنى يەنە تەختكە تاشلىدى .

ئەجەبا ! ئۇ نېمە بولدى ؟ نېمە ئۈچۈن تەشۋىشلىنىدۇ ؟ مۆھتەرەم ئاتا دېيىلگەن ئىنساپسىز شاھ قەتل قىلىنسا ، شاھزادىگە نېمە گۇناھ ؟ ئۇنى قەتل قىلغان ئۆز رەقىبى سەئىد ئابباس ئەمەسمۇ ؟ كىم ئۇنى ئىسلام دىنىغا قارشى تۇرۇپ ، بارچە ئۆلىما ـ ئاقساقاللار ، سەئىدلەر[1] ۋە بارچە مۇسۇلمانلارنى ھاقارەتلە ، دەپتۇ ؟ ... پەرۋەردىگارى ئالەمنىڭ قەھرىدىن قورقماي ، ئەرشىئەلا دەپ ئاتالغان كائىنات سىرلىرىنى ئېچىشقا نىيەت قىلغانلىقتىن ئۆز جاجىسىنى يېدى . دېمىسىمۇ ، شاھزادە ئۇنىڭدىن — قىبلىگاھ ئاتالغان

① سەئىدلەر — مۇھەممەت پەيغەمبەر ئەۋلادىغا مەنسۇپ كىشىلەر .

بۇ مېھرى يوق تەكەببۇر شاھتىن نېمە ياخشىلىق ، نېمە خەيرخاھ-لىق كۆرگەنلىكى ئۇچۇن ئۇنىڭغا كۆيۈنىدۇ ؟ ئاتا تۇرۇپ ، بىرەر قېتىم باغرىغا بېسىپ قويمىدى ، ئوغلۇم دەپ بېشىنى سىلىمىدى ! ئۇ بارلىق مېھرى - مۇھەببىتىنى ، بارلىق شېرىن سۆزىنى ئەزىز پەرزەنتى شاھزادە ئابدۇل ئەزىزگە بەخش ئەتتى . ئۇنى سۆيدى ، باغرىغا باستى ، ئابدۇللەتىپنى بولسا ، شەپقەتسىز ، باغرى تاش مومىسى گۆھەرشات بېگىمنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇردى . گۈزەل ، لېكىن سوغۇق چىراي ، نېپىز لەۋلىرىگە تەبەسسۇم قونمايدىغان بۇ زالىم خوتۇن ئۇنى نېمە ئۇچۇندۇر كىچىكىدىنلا يامان كۆرۈپ قالغانىدى . گۆھەرشات بېگىم بارلىق نەۋرىلىرى ئارىسىدا يالغۇز مىرزا بايسۇنقارنىڭ ئەتىۋارلىق پەرزەنتى — خام سېمىز ئالاۋۇد-دەۋلەنى ياخشى كۆرەتتى ، پەقەت ئۇنىلا ئەركىلىتەتتى ۋە ئۇزىگە سىرداش تۇتاتتى . ئابدۇللەتىپ بولسا ، بوۋىسى شاھرۇھ مىرزى-نىڭ ھەشەمەتلىك سارىيىدا تىرىك يېتىم بولۇپ ، غەم - قايغۇ ئىچىدە ئۆستى ... باللىق چاغلىرىدىغۇ مەيلى ، يىگىت بولۇپ قالغاندىمۇ بۇ ئاتىدىن نە ئىنايەت ، نە ياخشىلىق كۆرمىدى . مۆھتەد-رەم ئاتا ھىسابلانغان بۇ زات ئۇنى ھەمىشە كەمسىتىپ ، ھەمىشە خورلاپ ، سۆيۈملۈك ئوغلى ئابدۇل ئەزىزنى ئۇلۇغلاشقا ھەرىكەت قىلدى . ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا ، ئابدۇللەتىپنىڭ تەرناپ ئۇرۇ-شىدا كۆرسەتكەن پىداكارلىقىنى ، ئۇنىڭ ئالاۋۇددەۋلە ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىنى ، ئابدۇل ئەزىزنىڭ غەلىبىسى دېگەن پەتىۋانى چىقىرارمىدى ؟ مۇبادا شۇ چاغدا ، تەرناپ ئېدىرلىرىدا مىرزا ئاب-دۇللەتىپ ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈپ كېلىپ ، ئاتىسىغا ياردەم قولىنى سۇنمىغان بولسا ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولاتتى ؟ بۇنىڭغىمۇ مەيلى . ئالاۋۇددەۋلەنى تارمار قىلىپ ، ھىراتنى ئىشغال قىلغاندا يەنە نېمە قىلدى ؟ ئابدۇللەتىپنىڭ ئىخ-تىيارىدىن قەلئەسىگە يوشۇرۇپ قويغان تىللا ۋە جاۋاھىرلىرىنى تارتىپ ئالمىدىمۇ ؟ خەزىنىگە ئالتۇن كېرەك دېگەن باھانە بىلەن ، ئۇنىڭ ھەممە بايلىقىنى ، بوۋىسى شاھرۇھ مىرزا ئىنئام قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىممەت باھالىق نەرسە ـ كېرەكلىرىنى، بارلىق زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى، ئەمىر تۆمۈردىن قالغان ئالتۇن مەبۇدلىرىنى ئارتىـ ۋېلىپ، سەمەرقەندكە ماڭغۇزۇۋەتمىدىمۇ؟ بۇنىڭغىمۇ مەيلى. ئۇ- زۇن ئۆتمەي، كۈچ توپلاپ كەلگەن ئالاۋۇددەۋلە ھىراتنى قامال قىلىۋالغاندا، ئاتا بولغان بۇ زات ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇندىمۇ؟ ياق. ياردەم تۈگۈل، ئالاۋۇددەۋلە ھىراتنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن ئابدۇللىتىپنىڭ كۆڭلىنى ئۆستۈرگەن بولۇپ بەلخنى ئۇ- نىڭغا بەردى ـ دە، ئۆزى شۇ شان ـ شەۋكىتى، نام ـ ئابرۇيى بىلەن ماۋەرائۇننەھرگە ئىقىلىۋالدى. ئۇنىڭغا ئەرزىمەس بەلخنى بېرىپ، گۈزەل پايتەختنى جانجىگەر پەرزەنتى ئابدۇل ئەزىزنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى...

شاھزادە بولۇپ ئۆتكەن ئىزاھ ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئەسلە- گەنسېرى، تومۇر ـ تومۇرلىرىدا قېنى ئۇرغۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ كېچىدىن بېرى شۇ خىياللار بىلەن ئۆزىنى تىنىمسىز قامچىلايتتى، كۆڭلىگە پۈككەن ھەممە ئۆچمەنلىك، ھەممە ئاداۋەت- نى ئەسلەشكە تىرىشاتتى. ئۇ شۇنداق قىلمىسا، كۆڭلىدە ئاللىقان- داق گۇمانلار پەيدا بولۇشقا باشلايتتى. بۇ گۇمانلار كۆڭلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە مۆگدەپ ياتقان ئەستىلىكلىرىنى قوزغاپ، پۇشايمانغا ئايلىنىشتىن قورقاتتى.

ھەئە، پاك ئاتا دېيىلگەن بۇ زات ئۇنىڭغا بىرەر ياخشىلىق قىلمىدى! ئەكسىچە، ئۇنىڭ شان ـ شەۋكىتىگە، داڭقى ـ شۆھرى- تىگە ۋە سەركەردىلىك سالاھىيىتىگە نۇقسان يەتكۈزدى، خالاس... ئاخىرقى ئۆچرىشىشتا بولسا، شۈكۈر قىلىپ ئۇنىڭغا قۇتلۇق ئى- لەش ئورنىدا يامانلىقتىن بېشارەت بەردى، ئۆز ئاتىسىغا قىلىچ كۆتۈرگەن بالا ئەبەدىلئەبەد بەرىكەت تاپماس، دېدى. ئۇنىڭ قىلىچ كۆتۈرگەنلىكىنى بۇ بىتەۋپىق ئاتا نەدىن بىلدى؟ بۇ سىرنى ئۇنىڭغا كىم ئاشكارىلىدى؟ بۈگۈن كېچە يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەنى ئەتە سەمەر- قەند ئەھلى ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ؟ بۇ مۇناپىق سەئىد ئابباس بىلەن قارا نىيەت ئەمىر جاندارغا ئىشەنگىلى بولۇرمۇ؟ بايا ئەمىر جاندار

نېمە ئۈچۈن كۆزنى قىسىپ، ھىجىيىپ قويىدۇ؟ ...
شاھزادە توساتتىن كۆڭلىدە كەچكەن قورقۇنچلۇق گۇماندىن گاڭگىراپ، تورغان يېرىدە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى.
ھەئە، بۇ قانخور ئەمىرنىڭ ھىجىيىشى سەۋەبسىز ئەمەس. ئۇنىڭ سوغۇق چىرايىدا، قىسىق كۆزلىرىدە، قىلىن، دوردايغان كالپۇكلىرىدا بىر يامانلىقنىڭ ئىپادىسى بار ئىدى. ئۇ گويا، ھەممە سىرىڭدىن خەۋەردارمەن، ئەمدى قولۇمدا بىر ئويۇنچۇق بولىسەن دېگەندەك قىلىۋاتامدۇ، نېمە؟ توختاپ تۇر! بۇ سىرنى كىملەر بىلىدۇ؟ سەئىد ئاباس، ئەمىر جاندار، ئۈچ ـ تۆت نۆكەر ۋە يەنە كىملەر! ھە، دەرۋەقە، خوجا مۇھەممەت خىسرەۋمۇ بار! لېكىن، خوجىنى قورقۇتۇپ قويۇشلا كۇپايە، ئاتمىشتىن ئاشقان تەقۋادار چال تىلىنى يىغىپ جىم بولۇر. بىراق، قالغانلارچۇ ...
شاھزادە بىردىنلا خىيالىغا كەلگەن پىكىردىن ئۆزى چۆچۈپ، تەخت ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. لېكىن، ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا كۆڭلىدە پەيدا بولغان يامان نىيەت بارغانسېرى كۈچەيىپ، قەتئىي قارارغا ئايلاندى: ھە، كېچە يۈز بەرگەن ۋەقەنى مەخپىي تۇتۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى شۇكى، بۇ ۋەقەنىڭ شاھىتى بولغان ۋە مىرزا ئۇلۇغبەگنى قەتل قىلىشقا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسى ئېلىنىشى، ھەممىسى ئىز ـ دېرەكسىز يوقىتىلىشى لازىم. بۇ ئىشنى ئاۋۋال ئەمىر سۇلتان جاندارغا تاپشۇرۇش كېرەك، كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىنى يوقىتىش لازىم ...
شاھزادە چەبدەسلىك بىلەن بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.
— قايسىڭ بار؟
كۇرسىدا تۇگۇلۇپ ئۇخلاپ قالغان بەلخلىق سارايۋەن ئالدىراپ ـ تېنەپ ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى.
— كەچۇرگەيلا، كۆزۈم ئۇيقۇغا ...
— ئەمىر سۇلتان جاندار تارخانغا چاپارمەن ئەۋەت! دەرھال يېتىپ كەلسۇن!
سارايۋەن بېشىنى تۆۋەن سالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— شاھ ئالىيلىرى ئىجازەت بەرسىڭىز ، ناماز بامداتنى ئوقۇۋالسام ...

«تاڭ ئېتىپتۇ - دە ، ئۆزۈڭگە شۇكۇر ، پەرۋەردىگارى ئالەم !» مىرزا ئابدۇللەتىپ يېنىكلىشىپ باش لىڭشىتتى :

— خىزمەتكارغا ئېيت ، تاھارەت سۇيى كەلتۈرسۇن !

شاھزادە مەخپىي ئۆيگە كىردى ۋە مەرمەر ئەۋرەز يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاھارەت ئالدى ، ئاندىن خۇددى ئورۇش ۋاقىتلىرىدىكىدەك ، زەرباپ توننى قىبلە تەرەپتىكى بۇلۇڭغا سېلىپ سەجدىگە باش قويدى ، نامازدىن كېيىن كۆزلىرىنى يۇمۇپ ۋە خىيالەن تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ ، پاناھ - ھىمايەت تىلەپ ئۇزاق ئولتۇردى . نىھايەت ، كۆڭلى سەل ئارام تېپىپ ، ئورنىدىن ئەمدىلا قوزغىلىشى بىلەن ، قوشنا ئۆيدە ئىككى كىشىنىڭ تاپۇر - تۇپۇر ئېلىشىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى . مىرزا ئابدۇللەتىپ زەرباپ توننى يىغىشتۇرۇپ ، دەرھال ئورنىدىن تۇردى . دەل شۇ پەيتتە ، ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ ، بوسۇغىدا شاھزادە ئابدۇل ئەزىز پەيدا بولدى .

يالاڭۋاشتاق ، يالاڭ ئاياغ ، تىزىغا چۈشكەن كۆك شايى كۆڭلەكىنىڭ ياقىسى كىندىكىگىچە يىرتىلغان ئابدۇل ئەزىز قورقۇنچ ۋە غەزەپتىن ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئابدۇللەتىپقا تىككىنىچە ئىشىكتىن كىرگەن يەردە توختىدى .

ئۇنىڭ ئىڭىكى تىترەپ ساڭگىلاپ ، چىشلىرى بىر - بىرىگە تەگمەي جاقىلدايتتى . دىر - دىر تىترىگەن ئاجىز ، قاق سۆڭەك تېنى ، يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى شۇنداق ۋەھىمىلىك ۋە شۇنداق ئېچىنىشلىق ئىدىكى ، مىرزا ئابدۇللەتىپ قىلچىنى مەھكەم تۇتقىنىچە ئىختىيارسىز ھالدا كەينىگە داجىدى .

«يارەببى ! ئۇ نىمە بولغاندۇ ! ئەقلىدىن ئېزىپ ، تەلۋە بولۇپ قالدىمۇ ؟ زىنداندىن قانداق چىقىۋالغاندۇ بۇ تەلۋە ؟ بۇ يەرگە قانداق كىرگەندۇ ؟ كىم كىرگۈزدى ئۇنى ؟ »

ئابدۇل ئەزىز دىر - دىر تىترىگەن قولى بىلەن تۇكلۇك مەيدىسىنى سىلىغىنىچە بىر قەدەم ئالدىغا ماڭدى ۋە تىترىگىنىچە :

— ئـا ··· ئـاتـامنى نېمە ··· نېمە قىلدىڭ؟ — دېدى، — سەن ··· قا ··· قاتىل!

«ئـۇ ئـاڭـلاپـتـۇ! نـەدىن ئـاڭـلىغاندۇ؟ كىم ئېيتقاندۇ ئۇنىڭغا؟»

ئابدۇللىتىپ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئاۋازىـنىڭ بارىچە:

— كىم بار؟ سارايۋەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئۆز ئاتىسىغـا تىغ كۆتۈرگـەن سەندەك رە ··· رەزىل قانخورنى نېچۇك يەر يۇتمىسۇن؟ نېچۇك ئاسمان ئۆرۈلۈپ بېشىڭغا چۈش ··· چۈشمىسۇن؟ — ئابـدۇل ئـەزىـزنىڭ تـاقىر بېشى ئۇيان ـ بۇيان چايقىلىپ، كۆزلىرى غەلىتە چەكچىيىپ، ئابدۇللىـتىپقا يېقىنلىشاتتى. ئابدۇللىتىپ تامغا يۆلەنگەن پېتى قىلىچىنى كۆتۈردى. بىراق ئابدۇل ئەزىز توختاپ قالماي، ئىڭەكلىرى تىتـرەپ، چىشلىرى غـۇچـۇرلاپ يېقىنـلاپ كېلـەتتى — مېھ ··· مېھرىبان ئاتام! ··· نېمە قىلدىڭ ئۇنى؟ نېمە قىلدىڭ؟ مەلئۇن، ئاتا قاتىلى! . . . — ئابدۇل ئەزىزنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياش تامچىلىرى قارىيىپ كەتكەن سولغۇن يۈزىنى يۇيۇپ، چىگىش بولۇپ كەتكەن ساقىلىغا قۇيۇلاتتى.

«ھېلى چېپىپ تاشلايمەن! چېپىپ!» دەپ ئويلىدى مىرزا ئابدۇللىتىپ قورقۇنچ ئارىلاش بىر جۈرئەت بىلەن. ئۇ كەينىگە داجىۋېتىپ، ئىشىكتە پەيدا بولغان بەلخلىق سارايۋەن بىلەن ياساۋۇل بېشىنى كۆرۈپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

— تۇت، بۇ تەلۋىنى، تۇتۇڭلار!

بايا شاھزادە ئابدۇل ئەزىز بىلەن ئېلىشقاندا مەخمەل تونىنىڭ ياقىسى پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن سارايۋەن بىلەن ياساۋۇل بېشى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئابدۇل ئەزىزگە ئېسىلدى. ئابدۇل ئەزىز ئۇلارـنىڭ قولىدىن بوشىنىشقا ئۇرۇنۇپ تىپىرلىغاچ:

— ھـە ··· ھـەزەر! ئـەلھەزەر، سەنـدەك ئـاتـا قاتىلىـدىن! — دېدى خىرقـىـراپ، — بـارچـە ئەۋلىيا ۋە ئەنبىيالار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەققىدە قەسەمياد قىلىمەنكى ، كاللاڭنى ئېلىپ ، پۈتۈڭدىن دارغا ئاسىمەن . مە ... مەن ئاسىمىسام ، ئىنشائاللا ، ئاللانىڭ قەھرىگە ئۇچرايسەن ! يەر يۇتىدۇ سېنى ! يەر !

— ئېلىپ چىق ، بۇ تەلۋىنى ! بولمىسا ، ھېلى چېپىپ تاشلايمەن !

— چاپ ! ئۆز ئاتاڭنى چاپقان قاتىل ، مېنىمۇ چاپ ! — غەزەپ ۋە ئەلەمدىن كۆزلىرى قانغا تولغان ئابدۇل ئەزىز جان ئاچچىقىدا ئىشىككە ئېتىلدى . لېكىن ، بەلخلىق زەڭگى ياساۋۇل ئۇنى بىر يۇلقىشىدا ئىشىكتىن بوشىتىپ ، سۆرىگەن پېتى ئېلىپ چىقىپ كەتتى . شاھزادىنىڭ يىغا ئارىلاش بوغۇق ئاۋازى قوشنا ئۆيدىن خىرىلداپ ئىشتىلدى :

— مەلئۇن ، ئاتا قاتىلى ! ئەرۋاھلار قەھرىگە ئۇچرىغايسەن ! يەر يۇتىدۇ سەندەك قارا نىيەتنى ! يەر يۇتىدۇ ! ...

مىرزا ئابدۇللىتىپ چوغدەك قىزىق پېشانىسىنى ئالتۇن تەختنىڭ مۇزدەك يۆلەنچۈكىگە قويدى .

«ئەستاغپۇرۇللا ! ئەقلىدىن ئازغان بۇ تەلۋە قانداق بىلگەندۇ ؟ ئۇنىڭغا كىم ئېيتتى ؟ قايسى تۆشۈكتىن تارقالدى بۇ شۇم خەۋەر ؟ ئۇنى زىنداندا ياتقان بۇ تەلۋىگە يەتكۈزگەن ئازازۇل پۈتكۈل پايتەختكە ، پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھرگىمۇ يۇر كەلتۈرۈۋەتمەسمۇ ؟ بۇ مەلئۇن رەقىبلەرنىڭ رىقابەت ۋە ئاداۋەتلىرىدىن ئۆزۈڭ ئاسرىغايسەن ، بەتنامدىن ئۆزۈڭ خالىي قىلغايسەن ، ئەي خۇداۋەندە كەرىم ! پۈتكۈل ساراي كاززاپ ، قارا نىيەتچىلەر بىلەن تولدى ! ھەر قەدەمدە مۇناپىق ، پاسىقلار سايىسى ! كىمگە ئىشەنمەك ، كىمگە تايانماق كېرەك ، بۇ بىۋاپا دۇنيادا ؟ ... »

شاھزادە چوغدەك قىزىق پېشانىسىنى ئالتۇن تەختنىڭ سوغۇق يۆلەنچۈكىگە تىرەپ ئۇزاق ئولتۇردى . ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، تەشۋىش ، قورقۇنچ ئىچىدە ئىستىغپار ئېيتاتتى ، تەڭرىگە ئىلتىجا قىلاتتى ، خىيالەن يىلىنىپ ـ يالۋۇراتتى . لېكىن ، شاھزادە ئابدۇل ئەزىزنىڭ : «مەلئۇن ، ئاتا قاتىلى ! ئىنشائاللا ، خۇدانىڭ قەھ-

ـرىگە ئۇچرىغايسەن ! يەر يۇتمدۇ سېنى ! يەر ! ... » دېگەن خىرقىراق ئاۋازى قۇلىقىدىن نېرى كەتمەيتتى .

مىرزا ئابدۇللەتىپ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ، زورغا بېشىنى كۆتۈردى . قېشىدا ئەمىر سۇلتان جاندار تۇراتتى ... شاھزادە ئۇنىڭ تەشۋىشلىك كۆزلىرىنى ، نېمە ئۈچۈندۇر غەلىتە ھىجايغان دورداي كالپۇكلىرىنى كۆردى ـ دە ، ياقىسىدىن تۇتۇپ سىلكىدى .

— سېنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىڭ پۈتكۈل پايتەختكە ، پۈتكۈل ماۋەرا ئۇننەھرگە پۇر كەتتى ! كىمدىن چىققتى ، بۇ شۇم خەۋەر ؟ كىم تارقاتتى ئۇنى ؟

ئەمىر سۇلتان جاندارنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ ، بېشىنى چايقىدى .

— مېھرىبان شەپقەتچىم ! ئۆلۈشكە رازىمەنكى ، ۋە لېكىن ...

— ۋە لېكىن ، بۇنىڭدىن خەۋىرىڭ يوق ، شۇنداقمۇ ! ئۇل دىيانەتسىز شاھنى سەن قەتل قىلدىڭيۇ ، بەتنام ماڭا چاپلاندى ، ۋاي لەنىتى ئىبلىس !

ئەمىر جاندار قاتتىق بىر نەپەس ئالدى .

— سۆزۈمدە بىرەر يالغان بولسا ، تۆپەمدە ھەقتائالا تۇرۇپتۇ ، شاھزادەم !

— يوقال كۆزۈمدىن ، ئىبلىس ! — مىرزا ئابدۇللەتىپ يۇزىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، ئەمىرنىڭ كۆكرىكىگە بىر مۇشت ئۇردى . ئەمىر جاندار ئارقىسىغا سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ تامغا يۆلىنىپ قالدى .

مىرزا ئابدۇللەتىپ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ ، كەڭ ئۆينى بىر ئايلىنىپ چىقتى . ئۇ تەختنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، تامغا تارتىلغان ھاۋارەڭ يىپەك پەردىنىڭ بوغقۇچىنى سىلكىپ تارتتى . پەردە ئېچىلىپ ، دېرىزىدىن يەرگە ئازراق نۇر چۈشتى ـ دە ، ئۆينىڭ ھاۋارەڭ تورۇسى ، تاملىرىدىكى نازۇك بوياقلار ، تۆپىدىكى ئالتۇن قەندىل ۋال ـ ۋۇل يېنىپ ، چاقناپ كەتتى ، يەرگە سېلىنغان گىلەملەر قىزغۇچ تاۋلىنىپ ، كۆزنى قاماشتۇردى . مىرزا ئابدۇللەتىپ ئىختىيارسىز ھالدا توختاپ ، دېرىزىدىن كۆرۈنگەن كۆك ئاسمانغا ، ئاسماندا موللاق ئېتىپ ئۇچقان بىر جۈپ

كەپتەرگە تىكىلىپ قالدى . شۇنىسى قىزىقكى ، دەرد ـ ئەلەم بىلەن تولغان بۇ ئالەمدە شۇنداق تىنىق ئاسمان ، شۇنداق مۆجىزىكار كەپتەرلەر ، شۇنداق نۇرانە قۇياش بولىدىكەن ـ ھە ! ؟ ...

مىرزا ئابدۇللىتىپنىڭ كۆڭلىدە ھەسەتكە ئوخشاش بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى . لېكىن ، بۇلۇڭدا تۇرغان ئەمىر كۆزىگە چېلىقتى ـ دە ، يۇمشىغان باغرى يەنە قاتتى . ئەمىر جاندار گەرچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ تۇرقىدا قانداقتۇر قاتتىق غەزەپلەنگەن ئادەملەردە بولىدىغان بىرخىل غۇرۇر بار ئىدى .

«ئىشەنگەن تېغىم يالغۇز شۇ ئەمىر ... ئېھتىيات قىلىش كېرەك !»

شاھزادە بايىقى ئەلپازىدىن يېنىپ :

— خوش ، ئەمىرىم ، سۆزلەڭ ، — دېدى «سىز»لەپ ، — قانداق بولدى ؟

ئەمىر جاندار قاپىقىنى ئاچماي :

— دەپنە قىلدۇق ! — دېدى ، — بىرەر بەندە كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ، مەدرىسە سەيناسىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كۆمدۇردۇم ، پاناھدارىم ...

— مۇراسىمدا كىملەر بار ئىدى ؟

— كىملەر ؟ سەئىد ئابباس بىلەن تۆت نۆكەر ...

— ھىم . . . — مىرزا ئابدۇللىتىپ شالاڭ بۇرۇتىنى سىلاپ ، ئەمىر جاندارغا سىناش نەزىرى بىلەن تىكىلىپ قارىدى . ئۇ بىر دەقىقە ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئاستا مېڭىپ ئەمىر جاندارنىڭ يېنىغا باردى .

— سۆزۈمگە قۇلاق سالغايسىز ، ئەمىر جاندار ! كىمكى . . . — شاھزادە «قەتل» دېيىشكە تىلى بارماي ، مۇۋاپىق سۆز ئىزدەپ قوشۇمىسىنى تۈردى ، — كىمكى بۇ ئىشنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بولسا ... ھەممىسىنىڭ كاللىسى ئېلىنىشى كېرەك ...

ئەمىر جاندارنىڭ بۇرۇت ـ ساقاللىرى دىڭگىيىپ ، كۆزلىرىدە خۇدۇكسىرەش ئالامىتى كۆرۈندى .

— ھەممە ... ھەممىسىنىڭ كاللىسى ئېلىنىشى كېرەك ؟ ...
— قورقماڭ ، سىزنى ئەمەس ، باشقىلارنى دەۋاتىمەن ... سىز مېنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئەمىرىم ، ئىشەنگەن تېغىم ، ئوڭ قولۇمـ دۇرسىز . شۇ سەۋەبتىن بۇ ئىشنى سىزگە تاپشۇرىمەن . نېمىشقا ئۈندىمەيسىز ؟ باشقا چارە يوق ، ئەمىر ! چۈنكى ، بۇ ھادىسىدىن بىر كىم خەۋەر تاپسا ، ھەر ئىككىمىزلا بەتنامغا قالىمىز ...
— ئۇلۇغ شاھىم ... دەھرىي شاھنى قەتل قىلغان سىز ئەـ مەس ، سەئىد ئابباس ! ئۇ ئۆز ئاتىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش نىيىتىدە بۇ ئىشنى قىلغان .
— بەس ! بىزمۇ ئۇنى قەتل قىلىشىمىز كېرەك ! ... سەئىد ئابباس قەيەردە ؟
— شاھىمغا باش ئېگىش نىيىتىدە دەرۋازىغا باش قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ...
— دەرھال زىندانغا تاشلىغايسىز ! شېرىكلىرىگە قوشۇپ ، بوگۇنلا . . . — شاھزادە «كاللىسىنى ئال !» دېگەن مەنىدە ئـالىقىنىنىڭ قىرىنى كىكىرتىكىگە سۈركىدى ، — بوگۇنلا ، ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟
ئەمىر جاندارنىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ ، باش لىڭشىتتى .
— تاجدارىمنىڭ ئەمرى ۋاجىپتۇر !
— بەللى ، ئەمىرىم ! پايتەختتە قانداق گەپ ـ سۆز ، نېمە خەۋەرلەر بار ؟ ھەر كۈنى يەتكۈزۈپ تۇرغايسىز . كالامىم ئايانمۇ ؟
— ئايان ، پاناھدارىم . . . — ئەمىر جاندار بېشىنى كۆتۈرۈپ شاھزادىگە قارىدى ۋە يەنە بايىقىدەك غەلىتە ھىجىيىپ قويدى ، — پايتەختتە قانداق گەپ ـ سۆز ، نېمە خەۋەرلەرنىڭ بارلىقىنى شەيخ نىزامىددىن خاموش ھەزرەتلىرىدىن سورىماق كېرەك . چۈنكى ، ئۇل تەۋەررۇك زاتنىڭ مۇرىتلىرى ئاڭلىمايدىغان گەپ ـ سۆز ، كىرمەيدىغان تۆشۈك يوقتۇر .
مىرزا ئابدۇللىتىپ «ماقۇل» دېگەن مەنىدە باش لىڭشىتتى .
— شاھزادە ئابدۇللا بىلەن مىرزا ئەبۇ سەئىدتىن ئېھتىيات قىلغايسىز !

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— پۇت ـ قوللىرىنى كىشەنلەپ ، زىندانغا تاشلىدۇق ، شاھىم ، — دېدى ئەمىر جاندار .

— سارايۋەنگە ئېيتىڭ ، كىرسۇن !

بۇ ئۇنىڭ «سەن كېتىۋەر» دېگىنى ئىدى . ئەمىر جاندار قول قوۋۇشتۇرغىنىچە كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى ، ئارقىدىنلا بوسۇغىدا سارايۋەن پەيدا بولدى .

— ئۇل تەلۋە شاھزادە ... نېمىشقا ئۇنىڭ سالامخانىغا كىرىشىگە ئىجازەت بەردىڭ ؟ ...

بەلخلىق نېگىر سۇپەت سارايۋەن كىمخاب تونىنىڭ يىرتىلغان ياقىسىنى كۆرسەتتى .

— پاناھدارىم ! ...

— ياساۋۇللار قەيەردە ئىدى ؟

— ياساۋۇللار شاھزادىنىڭ يولىنى توسۇشقا پېتىنالمايدۇ ، ئۇلۇغ شاھىم ...

— ھىم ... باقاۋۇللارغا ئېيت ... تائام ۋە شاراب كەلتۈرسۇن !

سارايۋەن قول قوۋۇشتۇرغىنىچە سالامخانىدىن چىقىپ كەتتى .

«تەلۋە شاھزادىنىڭ سۆزلىرىنى بۇمۇ ئاڭلىدى ، ياساۋۇل بېشىمۇ ئاڭلىدى ... بۇلارنىمۇ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش كېرەك ...»

مىرزا ئابدۇللىتىپ كۆڭلىدىن كەچكەن بۇ مۇدھىش پىكىردىن ئۆزىمۇ چۆچۈگەندەك بولۇپ ، كۇرسىغا لاسسىدە ئولتۇردى .

## 4

بىر ھەپتە ئۆتتى . شاھزادە بىر ھەپتىگىچە سارايدىن چىقمىدى ۋە ھېچكىمنى قوبۇل قىلمىدى ، پەقەت ئەمىر سۇلتان جاندار بىلەن بەلختىن كەلگەن ئەڭ يېقىن مەھرەملىرى ۋە لەشكەر بېشىدىن بىر نەچچە كىشىنىلا چاقىرىپ ، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشتى ، باشقا بىرەر كىشىنىمۇ يولاتمىدى .

ئىككىنچى كۈنى يېرىم كېچىدە ئەمىر جاندار يەنە قارا خۇر-
جۇن كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى . خۇرجۇندا سەئىد ئابباسىنىڭ ئاق
رەختكە ئورالغان بېشى بار ئىدى .

مىرزا ئابدۇللىتىپ «كۆرسەت» دەپ ئىشارەت قىلدى . لې-
كىن ، ئەمىر جاندار قاپىقىنى سالغىنىچە قانغا بويالغان يۇپيۇمىلاق
تاقىر باشنى چىگىش ساقىلىدىن تۇتۇپ خۇرجۇندىن چىقارغاندا ،
ئۇ تىرناقلىرىغىچە مۇزلاپ : «يوقات ! يوقات !» دەپ ۋار-
قىرىۋەتتى .

ئەمىر جاندارنىڭ قابىللىقى ۋە شەپقەتسىزلىكى شاھزادىنى
ھەم ھەيران قىلدى ھەم چۆچۈتۈپ قويدى . لېكىن ، ئەمىرنىڭ
سادىقلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئاۋۋالقى پىلانىدىن ، يەنى ئۇنىمۇ
مەخپىي يوسۇندا يوقىتىۋېتىش نىيىتىدىن ياندى . ئەمىرنى ئەڭ
يېقىن مەھرەملىرى قاتارىدا سارايدا قالدۇرۇپ ، ئابدۇل ئەزىزنىمۇ
ئۇنىڭ قولى بىلەن قەتل قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى .

شاھزادە مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە گەپ تارقىتىد-
شى مۇمكىن بولغان سەئىد ئابباستىن قۇتۇلسام ، كۆڭلۈم ئارام
تاپۇر ، دېگەن ئۇمىدتە ئىدى . لېكىن ، ئەمىر جاندار خۇرجۇننى
كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىشى بىلەن ئاشۇ شۇم ۋەسۋەسە كۆڭلىگە
يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ، ئىرادىسىنى بوشاشتۇرىدىغان بىر ۋەھىمە ئۇ-
نىڭ قەلبىنى يەنە قاپسىۋالدى . ئۇ ئۆزىگە ھەرقانچە تەسەللى بەرسى-
مۇ ، چىگىش ساقىلى قانغا بويالغان ، يۇپيۇمىلاق تاقىر باش ئۇنىڭ
كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيتتى . ئۇنىڭ كۆزى بىردەم ئۇيقۇغا
بارسا ، خۇددى بىرسى يېنىغا كېلىپ نوقۇغاندەك چۆچۈپ ئويغىنىپ
كېتەتتى ، گويا بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا قارا سايىلەر يوشۇرۇنۇپ
تۇرغاندەك ، ئازراق شەپە بولسىلا يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالات-
تى .

مىرزا ئابدۇللىتىپ بىر - ئىككى كۈندىلا قوۋۇزلىرى ئويۇپ
تاشلانغاندەك ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ ، كۆزلىرى يوغان - يوغان بو-
لۇپ ، ئورۇقلاپ قوناق شېخىدەك بولۇپ قالدى . لېكىن ، دەردىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىراۋغا ئېيتىشتىن ، كېچىلىرى يېنىغا ئادەم چاقىرىشتىن چۆ-چۈيتتى . ئۆزىنىڭ بۇنداق ئېغىر دەرد - ئەلەمدە قالغانلىقىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ، ساراي ۋە پايتەختتە يامان گەپ تارقىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى ... بەزىدە شاھزادە دىلىنى پارە - پارە قىلىۋاتقان بۇ ۋەسۋەسىدىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىدە كېچىلىرى ئۈستى - ئۈستىلەپ شاراب ئىچەتتى ، بىراق شارابمۇ كار قىلمايتتى . ئەكسىچە ، سەل ئارام تاپقاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ كاللىسىنى بۇرۇنقىدىنمۇ مۇدھىش خىياللار خۇددى كۈز بولۇتىدەك قاپسىۋالاتتى ...

بۈگۈن كەچقۇرۇن يەنە ئاشۇ مۇدھىش ، قورقۇنچلۇق ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن شاھزادە ، ھەرەمدىن كېنىزەك چاقىرتىش قارارىغا كەلدى . ئۇ ئاتىسىنىڭ ھەرىمىدە گۈزەل كېنىزەكلەر كەملىكىنى بىلسىمۇ ، لېكىن شاھزادە ئابدۇل ئەزىزنىڭ گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بىر ساھىبجامالنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى . شاھزادە ئاشۇ ساھىبجامالنى چاقىرتماقچى بولۇپ تۇرغاندا ، ئىشىك ئېچىلىپ بەلخلىق سارايۋەن كىرىپ تەزىم قىلدى :

— شەيخ ئىزامىددىن خامۇش ھەزرەتلىرى قەدەم تەشرىپ قىلدى ...

شاھزادىنىڭ يۈرىكى نېمىشقىدۇر «جىغ» قىلىپ ، سارايۋەنگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قارىدى . ئۇ شەيخنىڭ خەيرخاھلىقىنى بىلسىمۇ ، بىر ھەپتىدىن بېرى «توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى» دەپ چوقۇنغان بۇ پىرى بىلەن كۆرۈشمىگەنىدى . شەيخ پايتەختتىكى ھەممە ۋەقەلەردىن خەۋەردار بولسا كېرەك ، ئۇ ھازىر نېمە دەيدىغاندۇ ؟ نامازشامدىن كېيىن قەدەم تەشرىپ قىلىشىدىكى مۇددىئاسى نېمىكىن ؟

— ئېيتىڭ ، مەرھەمەت قىلسۇن ...

شاھزادە ئالدىراپ - تېنەپ ئۈستۈۋېشىنى تۈزەشتۈردى ، تامغا يۆلەپ قويۇلغان ئالتۇن كۇرسىنى يېقىنىراق سۈرۈپ ، ئۆزى تەختكە

چىقىپ ئولتۇردى . لېكىن ، ئىشىكتە كۆك مەخمەل تون ئۇستىدىن ئاق شايى يەكتەك كىيىپ ، بېشىغا قارا تەقىيە ئۇستىدىن سىمابتەك ئاپئاق سەللە ئورىغان شەيخ ھەزرەتلىرىنىڭ ئىگىز ، كېلىشكەن قەددى كۆرۈنگەندە ، ئىختىيارسىز ھالدا ئورنىدىن تۇردى . ئۇ ، شەيخ كېلىپ كۆرۈشەر دېگەن ئۇمىدتە بىردەم كۈتتى . لېكىن ، شەيخ ئىزامىددىن خامۇش كەھرىۋا تەسۋى تۇتقان ھالدا ، ئاپئاق قاشلىرى ئاستىغا يوشۇرۇنغان زېرەك كۆزلىرىنى سەل قىسىپ ، ئىشىكتە جىمجىت تىكىلىپ تۇراتتى . شاھزادە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تولۇق ئېھتىرام بىلەن سالام بەردى ۋە ئالتۇن تەختكە تەكلىپ قىلدى . لېكىن ، شەيخ يەنىلا ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي تىكىلىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئاپئاق ، يېقىملىق چىرايىدا ، قوشۇمىسىنىڭ تۈرۈلۈشىدە ئاللىقانداق قەھر - غەزەپ ، ياق ، بىر قەتئىيلىك بار ئىدى . شاھزادە خۇددى توڭلاۋاتقاندەك شۈركۈنۈپ كەتتى . نىھايەت ، شەيخ كەھرىۋا تەسۋى تۇتقان قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ئۇزاق دۇئا قىلدى .

— ئىلاھىم باش ھىمايىچىمىز شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئىمانىنى كامىل قىلغايسەن ، بالايىڭ يۈكىنى كۆتۈرمەككە قۇۋۋەت ۋە مۇھەببىتىڭ مېھنىتىنى قىلماقلىققا قۇدرەت بەرگەيسەن ... ئىلاھە ئامىن ! ...

شەيخ دۇئادىن كېيىن يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاچ :

— ساڭا نېمە بولدى ؟ سالامەتلىكىڭ ياخشىمۇ ، بەختىيار شاھزادە ؟ — دەپ سورىدى . ئۇنىڭ ئاۋازى پەس ، لېكىن قوپال ئىدى .

— ئەلھەمدۇلىللا ، ياخشى ، پىرىم ...

— يا بىرەر دەردكە يولۇقتۇڭمۇ ، مۇسۇلمانلار تاجدارى ؟

شاھزادە بىردىنلا يېنىكلىشىپ چوڭ تىندى .

— ھەئە ، مېنى باش ئاغرىقى قىيناۋاتىدۇ ، پىرىم ...

— باش ئاغرىغىمۇ ياكى كۆڭلۈڭگە ئازازۇل ۋەسۋەسە سالدىمۇ ، مۆھتەرەم ھىمايىچىم ؟

«يا خۇداۋەندە كەرىم ، كۆڭلۈمدىكىنى قانداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەلمىگەندۇ؟»

— ئەگەردە شەيتان ۋەسۋەسە سالسا، كېچە - كۈندۈز ھەمدۇ سانا ئوقۇپ، ئارزۇ - ئىخلاسنى ئادا قىلىپ، ھەممە غەم - غۇسسىنى كۆڭلۈڭدىن ھەيدىگەيسەن، شاھزادە. ۋەللاھى ئەلەم بىسسەۋاب. چۈنكى، ئول ياۋۇز شاھنىڭ قىلمىشلىرى ۋە ئاقىۋىتى مۇھەممەت دىنىدىن يۈز ئۆرۈپ، دەھرىيلىك يولىنى تۇتقان بارچە مۇرتەتلەرگە ساۋاق بولغاي! ... — شەيخ نىزامىددىن خامۇش شاھزادىگە سىناق نەزىرى بىلەن تىكىلىپ، بىر دەم جىم تۇردى - دە، توساتتىن:

— سەئىد ئاباسنى زىندانغا تاشلاپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، سەۋەبى نېمىكىن؟ — دەپ سورىدى.

«كالىسى ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلىماپتۇ - دە! ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ؟»

— سەۋەبى ... پېقىر ئاجىز بەندىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرىدىغان ھەرخىل پىتنە - ئىغۋالارنى تارقىتىپتۇ ...

— سىنىڭ ئۇستۇڭدىن پىتنە - ئىغۋا تارقاتقان سەئىد ئاباس ئەمەس، بىتەۋپىق شاھنىڭ ئىنساپسىز شاگىرتلىرىدۇر، ئوغلۇم!

شاھزادە شاققىدە قارىدى. شەيخ قولىدىكى بېزەكلىك تەسۋىنى بىرمۇ بىر سىيرىپ، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئاپئاق، چىرايلىق يۈزىدە، يېرىم يۇمۇق كۆزلىرىدە، قىسقىسى، پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ بىر قەتئىيلىك، كۈچ - قۇدرەت ۋە غەيرەت بار ئىدى.

— بۇ شاگىرتلار كىملەردۇر، ھەزرىتىم؟ ...

— بۇ بۈيۈك شەھەردە، — دېدى شەيخ ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي، — نېمىكى پىتنە - پاسات، نېمىكى گۇناھ بولسا، نېمىكى تاج - تەخت ۋە سەلتەنەت ئاسايىشلىقىغا قارشى ئىغۋاگەرچىلىك بولسا، ھەممىسى ئىلىم ئەھلىدىن، ھەممىسى دەھرىيلىك يولىنى تۇتقان ئالىملاردىن كېلۇر، شاھزادە! مۇرتەت شاھ ئۇجۇقتۇرۇلۇپ، قالتىس ساۋابلىق ئىش بوپتۇ، ۋە لېكىن، ئۇنىڭ

شاگىرتلىرى ، كۆپپار شاھ بىنا قىلغان مەدرىسە ۋە مەكرۇھ كۆتۈپ-خانىسى ، چىلبۆرىلەر ئۆۋسى بولغان رەسەتخانا يەنىلا مۆمىن بەندە-لەر كۆزىگە تىكەنـدەك سانـجىلىپ ، كىشىلەرگە ۋەھىمە سېلىۋاتىدۇ !

شەيخ يەر ئاستىدىن شاھزادىگە بىر قاراپ قويدى . شاھزادە قوللىرىنى تىزىغا قويۇپ ، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى . ئۇ-نىڭ ياداڭغۇ ، قارىيىپ كەتكەن يۈزىنىڭ قېنى قېچىپ ، لەۋلىرى قىسىلغانىدى .

— بەختىيار شاھزادە ! … مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سۆيۈملۈك شاگىرتى بولمىش ئەلى قۇشچى دېگەن تەرسانى تونۇيدىغانسەن ؟

شاھزادە «تونۇيمەن» دېگەن مەنىدە باش لىڭشىتتى .

— مۇھەممەت تەرەغەينى يولدىن ئازدۇرغان بۇل ئىبلىس ، رەسەتخانىدا ئولتۇرۇپ ، ھېلىمۇ مۇسۇلمانلارنى يولدىن ئازدۇرىۋا-تىدۇ ، شاھزادە . پېقىر ئاجىز بەندە بىر گەپ ئىشىتتىمكى ، بۇل مۇرتەت ئالىم رەسەتخانىدىكى مەجۇسىيلەر[1] ۋە دىنسىزلار پۈتكـ-ـەن بـارچـە كىتـابلار بىرلـە قولىيازمىلارنى ئېلىپ چىقىپ يو-شۇرغانمىش …

— قەيەرگە يوشۇرۇپتۇ ؟

— قەيەرگە يوشۇرغانلىقىنى سەندەك سۇلتانى ساھىبقىران بىلمىسە ، پېقىر نەدىن بىلسۇن ؟ — شەيخ تۇنجى قېتىم مىيىقىدا كۈلۈپ ، شاھزادىگە قارىدى . ئۇ قەستەن «سۇلتانى ساھىبقىران» دېدى ۋە بۇ سۆزى شاھزادىگە ياققانلىقىنى سېزىپ ، گېپىنى داۋام-لاشتۇردى ، — يەنە بىر گەپ ، شاھزادە . خەزىنىدىن بوۋاڭ ئەمد-رۇلمۆمىنىن — تەڭرىتائالا ئۇلارغا فىردەۋسى ئەلانى ماكانى قىل-غاي ! — بوۋاڭ ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئالتۇنلىرى يوقالغانمىش … بۇ گەپ راستمۇ ؟

شاھزادە «راست» دەپ باش لىڭشىتتى .

— بەللى ! مۇرتەت شاھ بۇل جاۋاھىراتنى يوشۇرماق نىيىتىدە

[1] مەجۇسىيلەر — ئاتەشپەرەسلەر .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شاگىرتى ئەلى قۇشچىغا بەرگەنمىش . ئۇل دىيانەتسىز تەرسا بولسا ، ئۇنى كۆپۈر كىتابلارغا قوشۇپ يوشۇرغانمىش ! بۇ ئىشتىن ئىككى كىشى خەۋەردارئىمىش ، بىرى ، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ شاگىرتى مەۋلانە مۇھىددىن . ھەق پەرۋەردىگار ، ئۇل زات ئۆز گۇناھىغا توۋا قىلىپ ، ھەق يولغا قايتتى . يەنە بىرى ، ئاللا گادىيى داۋۇلبەگدۇر . ماقۇل كۆرسەڭ ئۇنى سارايغا ئەۋەتىمەن ، ياساۋۇل قىلىۋالساڭ ، چىداملىق ھەم ئىتائەتچان قۇلۇڭ بولىدۇ .

— خوپ ، پىرىم ...

شەيخ نىزامىددىن خامۇش قوللىرىنى ئالتۇن كۆرسىنىڭ يۆلەنچۈكىگە تىرەپ ئورنىدىن تۇردى . ئۇنىڭ چىرايىدىكى بايىقى قەتئىيلىك ۋە نارازىلىق ئاتالارچە بىر مۇلايىملىق بىلەن ئالماشقاندى . چۈنكى ، شەيخ بۇ سۆھبەتتىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىدى . دەرھەقىقەت ، شەيخ ھەزرەتلىرى مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن مانا مۇشۇ تەرىقىدە سۆزلىشەلەيتتىمۇ ؟ ئۇنىڭغا مۇشۇنداق ئاچچىق گەپلەرنى قىلىشقا پېتىنالايتتىمۇ ؟ پېتىنغان تەقدىردىمۇ ، ئۇ تەكەببۇر شاھ شاھزادىدەك ئىتائەتچانلىق بىلەن باش ئېگىپ جىم ئولتۇراتتىمۇ ؟ ئىتائەتچانلىق ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئەكسىچە دەرھال مۇنازىرىگە ئۆتۈپ ، ئىلمىي كالامدىن ۋەز ئېيتىپ ، ئەقىل ئۆگىتەتتى . شاھزادە بولسا ... شەيخ ھەزرەتلىرى بىر يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ ، ئۇنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان بولسىمۇ ، ئۇنى بۇنچىلىك مۇلايىمدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى . ھەرقانچە بولسا ، تەختكە چىقىۋالغۇچە ئېھتىرام بىلەن قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرسىمۇ ، تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن بەربىر تۆمۈرزادىلىكىنى كۆرسىتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى . ياق ، شاھزادە نىمە ئۇچۇندۇر ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ ، يىپتەك بولۇپ قاپتۇ . ھەر ھالدا شۇنداق بولغىنى تۈزۈك . مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئوخشاش تەكەببۇر بولغان بارمۇ ؟

— بەختىيار شاھزادە — دېدى شەيخ نىزامىددىن خامۇش بايىقىدىنمۇ مۇلايىملىق بىلەن ، — ئەگەر لازىم كۆرسەڭ ، يەنە بىر نەسىھىتىم باردۇر .

— خوپ دەيمەن ، پىرىم . پېقىر سىزنىڭ نەسىھەتىڭىزگە ھەمىشە قۇلاق سالىدۇ ...

— سەن پېقىر ئەمەس ... ئەسسەلاتىن زىللاللاھۇ فىل ئەرز ، يەنىكى ، خۇداۋەندە كەرىمنىڭ يەردىكى سايىسىدۇرسەن ، شاھزادە . مانا ، دىنىي ئىسلام يولىدا ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام يولىدا قەتئىي تۇرغانلىقىڭ سەۋەبلىك ، ئىنشائاللا ، تەڭرىتائالانىڭ ئىنايىتىگە ئېرىشتىڭ ، يەۋمى سائادەتكە يېتىپ ، جەننەتكە ئوخشاش بۇل ئەلگە سۇلتان بولدۇڭ . ئەمدىلىكتە بۇل دىيانەتسىز ئىلىم ئەھلىنى ، دەھرىيلىككە يۈز تۇتقان بارچە ئىتلارنى ئۇجۇقتۇرماق ۋە ئۇلار پۈتكەن بارچە كۇپۇر كىتابلارنى كۆيدۈرمەك ، سەن ئۇچۇن ۋاجىپتۇر ، شاھزادە !

مىرزا ئابدۇللىتىپ باش ئېگىپ تەزىم قىلدى .

— ھېكمەتلىك نەسىھەتىڭىزنى دىلىمدا چىڭ ساقلايمەن ، پىرىم !

— ھەر ۋاقىت ئېسىڭدە تۇرغاي ! — شەيخ كەھرىۋا تەسۋىنى كۆتۈرۈپ ھاۋادا پۇلاڭلاتتى ، — يا بۇل قارا نىيەتلەرنى قەتل قىلىپ ، پەيغەمبىرىمىز روھىنى شاد قىلۇرسەن ، يا ھىدايەت يولىدىن تايغان بۇل بىپەرھىز ئىتلار سېنى تاج - تەختتىن جۇدا قىلىپ ئۇجۇقتۇرۇر ! ئۇل شەيخۇل ماشايىخ ئىشان ئەبەيدۇللا خوجا ئەھرار ھەزرەتلىرىنىڭ دۇئاسىمۇ شۇل ئېرۇر . كالامىم ئايانمۇ ، شاھزادە ؟

— ئايان ، پىرىم .

— شۇل بۇگۇندىن ئېتىبارەن كۆڭلۈڭدىكى غەم تېغىنى ئاغدۇرۇپ ، بۇل گۇماننى ھەيدىگەيسەن ، بالام . چۇنكى ، پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھردىكى ئەھلى مۆمىنلەر ھەقتائالادىن ئىنايەت تىلەپ ، ساڭا دۇئا قىلىدۇكىم ، مۇسۇلمانلار دۇئاسى ، ئىنشائاللا ، ئىجابەت بولغاي ! ... كېچەيۇ كۈندۈز بۇل دەرگاھتا يېتىپ ۋەرمەي ، پايتەختنى ئايلانغايسەن ، ئەۋلىيالار قەبرىسىنى تاۋاپ ئەيلەپ ، مەسچىتلەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغايسەن . بۇنىڭدىن كېيىن ، ھەر جۈمە كۈنى

مەسچىتنى جامەگە بېرىپ خۇتبە ئوقۇغايسەن. چۈنكى، سەندەك مۇسۇلمان ئەمىرنى كۆرۈپ بارچە مۆمىنلەر شاد، دەھرىيلەر ۋە كۇپپارلار بولسا، ئادالىتىڭدىن بىنەسىپ بولسۇن. ئىلاھىم تەقەببۇل! ... — شەيخ نىزامىددىن خامۇش دۇئا قىلىپ، يۈزىنى سىلىدى - دە، ئىگىز، كېلىشكەن گەۋدىسىنى ئاستا تەۋرىتىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. شاھزادە ئۆزىتىپ قويماقچى بولۇۋىدى، شەيخ «ھاجەتسىز» دېگەن مەنىدە قولىنى كۆتۈردى.

شاھزادە ئۆزىنى ئالتۇن تەختكە تاشلاپ كۆزىنى يۇمدى. ئۇ چارچىغانىدى، لېكىن بۇ چارچاش بايىقى ھالسىزلىقتىن باشقىچە ئىدى. مىرزا ئابدۇللىتىپ ۋۇجۇدىغا بىر نەرسە راھەت بېغىشلاۋاتقاندەك بولۇپ، خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ئاچتى - دە، ھەيران بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا شەيخ كېلىشتىن بۇرۇن قورقۇنچلۇق تۇيۇلغان بۇ بېزەكلىك ئۆي گويا قۇياش نۇرىدا چاقناپ كەتكەندەك، ئېگىز قۇببىسىمان تورۇسنىڭ ھاۋارەڭ بوياقلىرى، تامدىكى نەپىس بېزەكلەر، ئالتۇن سۇيى يالىتىلغان نازۇك نەقىشلەر، يەردىكى كۆل رەڭ گىلەملەر، ئۆيگە چۆرىدەپ قويۇلغان ئالتۇن ئورۇندۇقلار، قىسقىسى، ھەممە نەرسە ئاللىقانداق شوخ جۇلالىنىپ، ۋالىلداپ تۇرغاندەك كۆرۈندى.

دەرھەقىقەت، شاھزادىنىڭ بۇ كۆرەشلىرى ئەنە شۇ ھەشەمەتلىك بىنالار، تاج - تەخت ۋە سەلتەنەت ئۈچۈنغۇ، بارچە بىپەرھىز دىيانەتسىزلەرنى ۋە كۇپپارلىقنى يۈز تۇتقان بارچە ئىلىم ئەھلىنى قەتلى - قىرغىن قىلىش ئۈچۈنغۇ. ئۇنىڭ شەپقەتسىزلىك قىلىشى شەرىئەتنىڭ تەقەززاسىغۇ! ئۇ نېمىدىن قورقاتتى؟

مىرزا ئابدۇللىتىپ ئالتۇن شاقىلدىقنى ئېلىپ شاقىلداتتى ۋە ئىشىكتە پەيدا بولغان سارايۋەنگە يۈزلىنىپ، قەتئىي بۇيرۇق قىلدى:

— دىۋانبېگىگە ئېيت، دەرھال پەرمان چىقىرىپ ئەمىر سۇلتان جاندارغا چاپارمەن ئەۋەتسۇن. بۇگۈنلا رەسەتخانىغا بېرىپ، ئەلى قۇشچى بىلەن ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى قاماققا ئالسۇن!

# 5

قەلەندەر قەرناقى بىر ھەپتىگىچە تۆمۈر سەمەرقەندى ئۇستىنىڭ ئۆڭكۈرىدىن چىقمىدى.

كۈندۈزى ئۇ ئۇستىغا ياردەملىشىپ كۆرۈك باستى ۋە ئوتتا تاۋلانغان تۆمۈرلەرنى سەندەلگە قويۇپ، يوغان بازغان بىلەن ئۇستا خالىغان شەكىلگە كەلتۈرۈپ بەردى. قازان - تۇۋاق، چەينەك - چۆگۈنلەرنى تۈزەشتۈردى ۋە قازان قايناتتى. قىسقىسى، ئۇ بىر ئاماللاپ كۈن ئۆتكۈزدى.

بەزىدە ئۇستىنىڭ ئۆڭكۈرىگە قوشنا ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، تۆمۈرچىلەر، قويمىچىلار، مىسكەرلەر، تاشچىلار، ساندۇقچىلار، بۆشۈكچىلەر، موزدۇزلار، گىلەمچىلەر يىغىلاتتى ۋە ئاكا - ئۇكا قالقانبەگ بىلەن بازغانبەگ ئۇستازى تۆمۈر بوۋايغا ئاتىغان سوۋغا - سالاملىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلەتتى. بۇنداق چاغلاردا، ئوچاقتا قارا چۆگۈن قايناپ، پايتەختتىكى يېڭىلىقلار توغرىسىدىكى پاراڭ قىزىپ كېتەتتى. شەھەر ئەھۋالىنىڭ يامانلىقى، بولۇپمۇ ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ، دۇكانلار تاقىلىپ قالغانلىقى ۋە مال باھاسىنىڭ كۈنسېرى ئۆرلەۋاتقانلىقى توغرىسىدا كۆپرەك گەپ بولاتتى. ئاخىرىدا گەپ ئايلىنىپ كېلىپ، يەنە مىرزا ئۇلۇغبەگ دەۋرىدىكى خاتىرجەملىك ئۇستىدە توختايتتى. بۇنداق چاغلاردا ياش ئۇستىلار، بولۇپمۇ ئاكا - ئۇكا قالقانبەگ بىلەن بازغانبەگ قىزىپ كېتىپ: «ئەستاغپۇرۇللا! پادىشاھ ھەزرەتلىرى بىزدەك كەمبەغەللەرنى ياردەمگە چاقىرمىدى - دە! بولمىسا، ھەممە دەرۋازىنى چىڭ تاقىۋېلىپ، بۇ ۋاپاسىز شاھزادىنى شەھەرگە يولاتماس ئىدۇق!» دەپ قوياتتى.

كۆپچىلىك بۇ گەپلەرنى ماقۇللايتتى. قەلەندەر بولسا ئۇستازى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ قىلغان ئاخىرقى ۋەسىيىتىنى ئەسلەپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى - دە، بىر بۇلۇڭغا بېرىپ، ئۇھ تارتىپ يىتىۋالاتتى. پەقەت تۆمۈر سەمەر قەندى

ئۇستا بېشىدىكى كىگىز قالپىقىنى رۇسلاپ: «ھەي، خام سۈت ئەمگەن بەندىلەر! تۆگىنى شامال ئۇچۇرسا، ئۆچكىنى ئاسماندا كۆر دېگەن گەپ بار. شەھەر قامال قىلىنسا، زېمىنى كىمگە بولىدۇ؟ يەنىلا بىزدەك يوقسۇللارغا بولىدۇ. بەگ ـ ئەمەلدارلار تۆردە يېپ-تىپ گىردە يىسە، بىزدەك يىرتىق چاپانلارغا قالىدىغىنى يەنىلا جىگدە. بۇنداق گەپنى قىلماڭلار، باللىرىم!» دەپ كۈلۈپ قوياتتى.

قەلەندەر قەرناقى بۇ پاراڭلار بىلەن كۆپ ئۆتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالاتتى. لېكىن، ئۇزۇن قىش كېچىلىرى ئۇيقۇسى كەلمەي، تاڭ ئاتقۇچە تولغىنىپ چىقاتتى. بىپايان زېمىنغا ئۆگىنىپ قالغان بۇ سەھرا پەرزەنتىگە دەسلەپتە باشقىچە كۆرۈنگەن بۇ ئۆڭكۈر، كېيىنچە قاراڭغۇ گۆردەك تۇيۇلۇپ يۈرىكى سىقىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بەزىدە ئىچى پۇشۇپ تالاغا چىققۇسى، ئەتراپتىكى قىشلاقلارنى ئايلىنىپ كەلگۈسى كېلەتتى. لېكىن، ئۇ ئۆڭكۈرگە كەلگەن كېچىسىلا مىرەم چەلەبى كېلىپ، ئەلى قۇشچىنىڭ: «ئېھتىيات قىلسۇن، شەھەرگە كەلمىسۇن! ...» دېگەن سالىمىنى يەتكۈزگەنىدى.

قەلەندەر ئۇستازى بىلەن ۋىدالاشقان كۈنى كېچىسى «بۆرە» باشچىلىقىدىكى بىر توپ دەرۋىش رەسەتخانىغا كېلىپ، ئۇنى ئىزدىگەن ۋە «تېپىپ بېرىسەن» دەپ ئەلى قۇشچىغا بېسىم ئىشلەتكەن. قەلەندەر قەرناقى بۇنى ئەلى قۇشچى ئېيتمىسىمۇ بىلەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ غايىب بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان شەيخىنىڭ ئەلپازىنى تەسەۋۋۇر قىلالايتتى ۋە كېچە ـ كۈندۈز لاغايلاپ يۈرگەن دەرۋىشلەرنىڭ: «يا ئاللا دوست، يا ئاللا» سىمۇ ئۇنى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزدەۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە، بولۇپمۇ كېچىلىرى قەلەندەر ئۆز يۇرتى — سۆيۈملۈك قەرناقىنى، باللىق چاغلىرى ئۆتكەن قىر ـ ئېدىرلارنى، بېلىق تۇتۇپ، چۆمۈلۈپ ئۇيناغان سۈيى سۈزۈك ئۆستەڭلەرنى ۋە ئەتىياز كۈنلىرى قويننى غورا بىلەن تولدۇ-

روۋپ ئويناپ ئۆسكەن ئورۇكلۇك باغلارنى كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى، بۇنى ئويلىغىنىدا، قىپچاقلار بۇلاپ كەتكەن سۆيۈملۈك سىڭلىسى كۆز ئالدىغا كېلەتتى. بەزىدە سىڭلىسى قەرناققا قايتىپ كەلگەندەك، قايتىپ كېلىپ، قاراۋۇلتۆپە ئېتىگىدىكى چوڭ مازار-لىقتا ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسى يېنىدا يىغلاپ ئولتۇرغاندەك تۇيۇ-لاتتى. گويا سىڭلىسى گۆرىستاندا ئولتۇرۇپ، ئۇنى ئەسلەۋاتقاندەك ۋە ئۇنىڭغا خىيالەن ئىلتىجا قىلىپ: «نەدە سىز، نەلەردە يۈرۈۋاتى-سىز، جېنىم ئاكا؟ كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن يۇرتىمىزنى تاشلا-پ، قەيەرلەردە دۇگدىيىپ يۈرىسىز؟ ئاتا - ئانىمىزنىڭ قەبرىسىنى سىز يوقلىماي كىم يوقلايدۇ، جېنىم ئاكا؟» دەپ زار - زار يىغلاۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

قەلەندەر قەرناقى شۇ خىياللار بىلەن تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي چىقاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئىككى ئۆستەڭ ئوتتۇرىسى-دىكى دۆڭلۈككە جايلاشقان كونا قەلئە بىردەممۇ نېرى كەتمەيتتى. بۇ قەلئە ئېگىز كۇنگۈرىلىك تام بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئەتراپىدا چوڭقۇر خەندەك بار ئىدى. قەلئە ئانچە چوڭ بولمىغاچقا، ئۇنىڭدى-كى ھەممە ئۆيلەر، بارلىق تار كوچىلار بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەنىدى. ئۆگزىدە ئوينىغان باللار بىردەمدىلا پۈتۈن قەلئەنى ئايلىنىپ چىقالايتتى. ئەتىيازدا ئۆيلەرنىڭ تۈپتۈز كەتكەن ئۆگزى-لىرىدە ياپيېشىل مايسىلار ئۈنۈپ كېتەتتى، بەزى ئۆگزىلەردە ھەتتا ياۋا گۈللەرمۇ ئېچىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا، ئۆگزىلەر لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتقان باللار، توپ ئويناۋاتقان قىزلار بىلەن تولۇپ، قەلئە ئاجايىپ جانلىنىپ كېتەتتى ... ئۆستەڭنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى قاراۋۇلتۆپىگە پوس قويۇلۇپ، ئەر - ئايال، قېرى - ياش ھەممى-سى بىرلىكتە ئېتىزغا چىقىپ ئارپا - بۇغداي تېرىيتتى، باغلاردا ۋە ئۈزۈمزارلىقتا ئىشلەيتتى. باغلاردىكى ئۈرۈكلەر غورا بولغاندا قىشلاق ئاياللىرى، قىز - جۇۋانلار ۋە باللارنىڭ ھەممىسى سەيلى-گە چىقاتتى. تار قەلئەدە قامىلىپ ئۆتكۈزگەن قىش كۈنلىرىدىن كېيىنكى بۇ سەيلە ئاجايىپ شادلىققا ئايلىناتتى. دۈشمەن باستۇ-

روپ كېلىپ، قەلەندەرنىڭ سۆيۈملۈك سىڭلىسىنى بۇلاپ كەتكەن ئاشۇ بەختسىز كۈنمۇ، خۇددى مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى ...

ئۇلارنىڭ بېغى ئۆستەڭنىڭ نېرىقى تەرىپىدە، قاراۋۇلتۆپىنىڭ ئايغىدىكى قارىياغاچلار بىلەن ئورالغان قىشلاق قەبرىستانلىقىنىڭ يېنىدا ئىدى.

ئۇ چاغدا قەلەندەر تېخى ئەمدىلا ئون ئالتىگە كىرگەن، مەھەللىدىكى قىزلارنىڭ يۈرىكىگە ئوت سېلىپ يۈرگەن قاۋۇل، كۆچلۈك يىگىت ئىدى. شۇ كۈنى ئاتىسى ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى ئېلىپ، تۆگىچىلەر بىلەن يەسسى بازىرىغا كەتكەنىدى. قەلەندەر قارا قاشقىلىق يورغا ئېتىنى سايىۋەنلىك هارۋىسىغا قېتىپ، ئانىسى، سىڭلىسى ۋە يەنە بىر قانچە قوشنا قىزلارنى باغقا ئېلىپ ماڭدى. كۆڭلىكىنىڭ يېڭىنى بىلىكىگىچە تۈرۈپ، قارا دوپپىسىنى چېكىسىگە قوندۇرۇۋالغان قەلەندەر ئوچۇق مەيدىسىنى شامالغا تۇتۇپ، تال چىۋىقنى ئوينىتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ خۇددى هارۋىدا ئەمەس، قانات قېقىپ ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. چۈنكى، هارۋىدا سىڭلىسىنى ئورىۋالغان قىزلار ئارىسىدا ئۇزۇندىن بېرى ئۇنى كۆيدۈرۈپ يۈرگەن ئون ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزمۇ بار ئىدى ... بېشىغا گۈللۈك قىزىل ياغلىق سالغان، ئۇچىسىغا بۆزدىن بولسىمۇ ئۆزىگە ياراشقان قىزىل كۆڭلەك كىيگەن بۇ قىز، قەلەندەر هەربىر قارىغاندا يوغان، شوخ كۆزلىرىنى قاياققا يوشۇرۇشنى بىلمەي هوپپىدە قىزىرىپ كېتەتتى. يېنىدىكى دوستلىرى بولسا، ۋارقىراپ، كۇلۇشۇپ، بىچارە قىزنى بەكمۇ ئۇيالدۇرۇۋېتەتتى.

هارۋىلار باغقا يېتىپ بېرىشى بىلەنلا قىزلار خۇددى سەدەپتەك تەرەپ - تەرەپكە تاراپ كېتىشتى ... قېلىن ئۆرۈكلۈك ۋە شاپتۇللۇقلار ئارىسىدا قىزلارنىڭ كۆك، قىزىل، سېرىق روماللىرى لەپىلدەپ ئۇچاتتى. قەلەندەرنىڭ كۆزىگە بۇ قىزلار ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىكى گۈللەردەك، شاختىن - شاخقا ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەك

كېپىنەكلەردەك كۆرۈنەتتى ... ئۇ كۈن بويى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك خىيالىي بىر ھالەتتە يۈردى. ئۇ گاھ قىزلارغا ئوچاق ياساپ بەرسە، گاھ سۇ توشۇپ بېرەتتى. بەزىدە ئۆرۈك شېخىغا چىقىپ قىزلارغا غورا ئاتاتتى. شۇنچە قىزلار ئارىسىدا ئۇنىڭ كۆزىگە پەقەت ھېلىقى قوشنا قىزلا كۆرۈنەتتى ۋە بۇ چوڭ باغدا شۇ قىزدىن باشقا ھېچكىم يوقتەك تۇيۇلاتتى. قىزمۇ ئۇنىڭغا پات - پاتلا گەپ قىلىپ، تۇرۇپ ئوتتۇن يېرىپ بېرىشنى، تۇرۇپ ئۆستەڭدىن سۇ توشۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى، بەزىدە نازلىنىپ تۇرۇپ، ئۆرۈك شاخلىرىنى ئېگىپ بېرىشنى سورايتتى. لېكىن، قەلەندەر سەل دادىلراق ھەرىكەت قىلسا، قىز ئۆزىنى قېلىن شاخلار ئارىسىغا قاچۇرۇپ، كېپىنەكلەردەك تۇتۇق بەرمەيتتى ...

قىسقىغىنا ئەتىياز كۈنى گويا شېرىن چۈشتەك بىردەمدىلا ئۆتۈپ كەتتى. كەچقۇرۇن تاۋاقلىرىغا يالپۇز سامىسى، ياغلىقلىرىغا غورا ئېلىپ، قولاقلىرىغا بىنەپشەرەڭ كەتىرا گۈلى ۋە ئەمبەر گۈللىرىنى قىستۇرۇۋالغان قىز - چوكانلار يەنە ھارۋىلارغا ئولتۇرۇشتى. باغلاردا باھار شامىلىدەك يېقىملىق لەپەرلەر ۋە مۇڭلۇق «يار - يار» ياڭراپ كەتتى. بىراق، ھارۋىلار باغدىن ئەمدىلا چىقىپ تېخى سايغا يېتىپ كەلمەيلا، كەينىدىكى قاراۋۇلتۆپە تەرەپتىن: «قېچىڭلار! ياۋ كەلدى، ياۋ!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى - دە، يەر - جاھان ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازلىرى بىلەن لەرزىگە كەلدى.

قەلەندەر قارا قاشقىلىق يورغا ئېتىنى ئايىماي قامچىلاپ، ھارۋىسىنى تاراقلىتىپ كېتىۋېتىپ، شاققىدە بۇرۇلۇپ ئارقىغا قارىدى - دە، قاراۋۇلتۆپىدە يۈزدەك ئاتلىقنىڭ قىلىچ ۋە توقماقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، چۇقان - سۈرەن كۆتۈرگىنىچە قۇيۇندەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ يەر - بۇ يەردە دۈشمەنگە قارشى ئاتلانغان قىشلاق يىگىتلىرىمۇ كۆرۈنەتتى، لېكىن ئۇلار بەك ئاز ئىدى. دالىنى قىز - چوكانلارنىڭ داد - پەريادلىرى، كىچىك بالىلارنىڭ يىغىسى قاپلىغانىدى.

www.uyghurkitap.com

قەلەندەر ئۆزىنى باسالماي ئەتراپقا قارىدى . ئۆستەڭ بويىغا باغلانغان ۋە جەڭ شەپىسىنى سېزىپ ، تىپىرلاپ كىشنەۋاتقان ئىگە-سىز بىر ئارغىماقنى كۆردى - دە ، يورغا ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى سىڭلىسىغا تۇتقۇزۇپ هارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى . تاقەتسىزلىكتىن يۇلقۇنۇۋاتقان ئارغىماقنى نوختىلاپ سەكرەپ مىندى - دە ، هارۋىنى بىر ئايلىنىپ توقمىقىنى ئالدى ۋە ئانىسىنىڭ يىغلا-پ - يالۋۇرۇشىغىمۇ پەرۋا قىلماي ، دۈشمەنلەر كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كەتتى .

ئۈچىسىغا قارا تېرە چاپان ، باشلىرىغا قارا كىگىز قالپاق كىيگەن ئوندەك كىشى : «ياۋ قاچتى ! ياۋ قاچتى !» دەپ ۋارقىرى-غىنىچە باغلار ئارىسىدىن چىقىپ ، ئۇدۇل قەلەندەر تەرەپكە باستۇ-رۇپ كېلىۋاتاتتى .

قەلەندەر زارلىنىپ كىشنەۋاتقان ئارغىمىقىنى دۈشمەن توپىغا قاراپ چاپتۇرۇپ كېلىۋېتىپ ، رېپىدىدەك كەڭ يۈزى ۋەھىمىلىك پۈرلەشكەن ، ۋارقىراۋاتقانلىقتىن ئاغزى قىڭغىر بولۇپ قالغان ئەڭ ئالدىدىكى ئاتلىقنى چەنلىدى . ئاتلار توقۇنۇشۇپ ئاسمانغا چاپچىغان-دا ، قەلەندەر قولىدىكى توقماقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭ بېشىغا راسا كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇردى - دە ، ئۇنى ئات ئۈستىدىن خۇددى كۆتەكتەك دومىلىتىۋەتتى . قەلەندەر ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىپ كەل-گەن يەنە بىر ئاتلىقنىمۇ شۇنداق جايلىۋەتتى . بىراق ئۇستى - ئۇستىلەپ قۇيۇندەك باستۇرۇپ كەلگەن سۇۋارىلار ئۇنىڭ ئېتىنى سۈرۈپ كەتتى . قەلەندەر بولسا بېشىغا تەگكەن توقماقنىڭ زەربى-سىدىن كۆزلىرىدىن ئوتلار چاقناپ يىقىلىپ چۈشتى . ئۇ يەرگە يىقىلىپ چۈشۈش ئارىلىقىدا ئاخىرقى قېتىم كۆرگىنى سىڭلىسى-نىڭ ئالاق - جالاق بولغان كۆزلىرى ۋە سىڭلىسىنىڭ دوستىنى ئېتىغا خۇددى يۈك ئارتقاندەك ئارتىۋالغان قارا چاپانلىق قالماق چىراي كىشى بولدى ... ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ ئامان قالغانلى-قىنى بىلمەيتتى . ئېهتىمال ، ئۇ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەندە دۈش-مەنلەر ئۇنى ئۆلدى دەپ ئويلاپ ، ئۈستىدىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ

كەتكەندۇ ... ئەستاغپۇرۇللا ! ئۇ ئاشۇ پاجىئەلىك ئۇرۇشتا نېمىشـقىمۇ ئامان قالغاندۇ ؟ بۇ سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتا ۋە بۇ كۆرگۈلۈكلەردىن يۈرىكى مۇجۇلۇپ ، بۇ مۇساپىرچىلىقتا خار بولۇپ يۈرگەندىن كۆرە ، ئاشۇ ئۇرۇشتىلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا بولماسمىدى ؟

بۇ قىرغىنچىلىقتىن كېيىن بىرەر ھەپتە ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ، سەل ئەسلىگە كېلىپ قالغان قەلەندەر ئۆز يېزىسىدىكى يۈزگە يېقىن كىشى بىلەن بىرلىكتە دۈشمەنگە قارشى ئاتلىنىپ ، يەسسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى چۆلدە جەڭ قىلدى . جەڭدە قەرناق يىگىتلىرى شىردەك باتۇرلۇق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، دۈشمەنلەر كۆپلۈك قىلدى . گويا پۈتكۈل سەھرا قەرناقلىقلارغا قارشى تۇرۇۋاتقاندەك ، دۈشمەن توپ ـ توپ بولۇپ باستۇرۇپ كېلىشۋەردى . بۇ ئۇرۇشتا قەلەندەرنىڭ ئاتىسى ھالاك بولدى ، قەلەندەر ئۆزىمۇ بېقىنىغا ئوق يېدى . سەپداشلىرى ئۇنى قانغا بويالغان ، ھوشسىز ھالىتىدە جەڭ مەيدانىدىن ئېلىپ چىقىشتى ... شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ ياردەم سوراپ بۇياققا كەلگەنىدى . لېكىن ، ئاقىۋەت ئۇ ئۆي ـ ماكانسىز بىر مۇساپىر بولۇپ قالدى . ئەمدى ئۇنىڭ بۇ يۇرتقا تارتىشىدىغان نېمىسى قالدى ؟ بىردىنبىر ئۈمىدى ـ خۇرشىدە بانۇ بولسا ...ھەقتائالا ئۇنىڭدىنمۇ ئايرىۋەتتى . ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يورۇقلۇق بېغىشلىغان بۇ نۇر ، بۇ ۋاپاسىز دۇنيادا چاقنىغان بۇ يالغۇز يۇلتۇزنىمۇ كۆرۈپ باقتى . ھەئە ، ئۇ ئەمدى كېتىشى كېرەك . چۈنكى ، بۇ يەردىن نە ئۆزىگە ، نە يۇرتىغا نەپ تەگمىدى . ئەمدى ھېچبولمىغاندا ئاتىسى ۋە مېھرىبان ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ تۇرسۇن ، ئاتا ـ ئانىسى ھايات ۋاقتىدا ئوغۇللۇق بۇرچىنى ئادا قىلالمىدى ، ئەمدى ئۇلارنىڭ روھىنى بولسىمۇ خۇشال قىلسۇن ...

ئەتىسى ناشتا ۋاقتىدا قەلەندەر ئۇستىغا دەردىنى تۆكۈپ ، كۆڭلىدىكى ھەممە گەپنى دەپ بەردى .

تۆمۈر سەمەرقەندى ئۇستا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن تەلپىكىنى رۇسلاپ ، تاماكىدەك سارغىيىپ كەتكەن بۇرۇت ـ ساقاللىرىنى

تۆتاملىغان پېتى خىيلى ئۆزۈنغىچە جىم ئولتۇردى. تۆگىلۆكتىن چۈشۈپ تۇرغان ئالىقانچىلىك يورۇقتا ئۇنىڭ تۇتەك باسقان قورۇق يۈزىدە، ئارام ـ ئارام تەر تامچىلىرى ئېقىپ تۇرغان پېشانىسىدە ۋە تىترىگەن لەۋلىرىدە چوڭقۇر بىر مۇڭ ئەكس ئېتەتتى.

— بالام قەلەندەر، — دېدى ئۇستا ئاخىر، — سەن بۇ غېرىبانە كۆلبەمگە كىرىپ كەلگىنىڭدە پېقىر خۇشاللىقىمدا تېرەمگە سىغماي قالغانىدىم. ئوغلۇم يوق ئىدى، خۇدايىم مەندەك غېرىب ـ بىچارىگىمۇ پەرزەنت ئاتا قىلدى، ئۆلسەم قەبرەمنى يوقلاپ، خەتمىقۇرئان قىلىپ تۇرىدىغان بىر ئوغۇل ئىنئام قىلدى، دەپ سۆيۈنگەنىدىم. ئەمدى نېمە دەيمەن، دەردىم بار، دەرمانىم يوق، ئوغلۇم.

ئۇستىنىڭ چىرايىدىكى غەمكىنلىك، ئاۋازىدىكى دەردمەنلىك قەلەندەرنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلدى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي:

— ئاتا، — دېدى يەرگە بىرنېمىلەرنى سىزىپ، — ئىنشائاللا، قەبرىڭىز شامسىز، روھىڭىز دۇئاسىز قالماس. پايتەختتە سىزنى بىلمەيدىغان، سىز تەۋەررۇك زاتنى ئىززەتلىمەيدىغان بىرمۇ ئادەم يوقتۇر. خاتىرجەم بولۇڭ، بىر تەرەپتە ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار، بىر تەرەپتە شاگىرتىڭىز قالقانبەگ بىلەن بازغانبەگ، بىر تەرەپتە مەۋلانە ئەلى قۇشچى...

— خۇداغا شۈكۈر، ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بۇ گەپلەرنى ساڭا قىلىشتىن مەقسەت، سېنى يولۇڭدىن قايتۇرۇش ئەمەس، پەقەت ساڭا بولغان مېھىر ـ مۇرۇۋۋىتىمنى ئىزھار قىلىش ئىدى، خالاس. تۆمۈر سەمەرقەندى ئۇستا مۇساپىرچىلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلىدۇ، بالام... كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول دېگەن گەپ بار. ئۆز يۇرتۇڭغا بېرىپ ئاتا ـ ئاناڭنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىپ، روھىنى شاد قىلماقنى نىيەت قىپسەن، ئىلاھىم مەقسىتىڭگە يەتكەيسەن، ئوغلۇم. لېكىن، سەپىرىڭ ئۇزۇن، يولۇڭ خەتەرلىك، بالام. ساڭا

نېمە كېرەك؟ بۇ غېرىب كۆلبەمدىن نېمىنى خالىساڭ شۇنى ئال، بالام! مەۋلانە ئەلى قۇشچىغا ئېيت، ئالتۇندىن بەرسۇن ...

— ياق، ئاتا، مەندەك بىر گادايغا ئالتۇننىڭ نېمە كېرىكى؟ ئۆزىڭىز دېگەنتىڭىزغۇ، دۇنيانىڭ ئىشىنى خۇدا ئوڭشايدۇ. بىر - ئىككى كۈنلۈك ئوزۇقلا بولسا بولدى. يولدا ئادەمدىن تولىسى يوق ... مەۋلانە ئەلى قۇشچى بىلەن ئەلۋەتتە خوشلىشىمەن، بىراق ماڭا ئالتۇن كېرەك ئەمەس، ئاتا ...

تۆمۈر سەمەرقەندى ئۇستا يوغان، ئورۇق قولىنى قەلەندەرنىڭ تىزىغا قويۇپ، مەيۈسلەنگەن هالدا كۈلدى.

— تېخىچە بالىلىق قىلىۋاتىسەن، بالام. ئۆزۈڭ تولىمۇ دىلى پاك يىگىتسەن، بۇنى بىلىمەن. ۋە لېكىن، بۇ گۇناهكار بەندىلەر ئەشۇ ئىپلاس مەدەنىنى دەپ بىر - بىرىنىڭ بېشىنى يېيىشىۋاتىدۇ، ئۆزئارا قەست قىلىپ، بىر - بىرىگە ئورا كولاۋاتىدۇ. بۇنىڭغا نېمە ئامال بار دەيسەن؟ بۇ سېرىق مەدەن بەزىدە ئادەمگە ئاپەت كەلتۈرسە، بەزىدە ئىززەت - ئىكرام كەلتۈرىدۇ. قېرى بىلگەننى پەرى بىلمەس، بالام، گېپىمگە كىر. ياش ئادەمگە گاهىدا بايلىقمۇ كېرەك بولۇپ قالىدۇ ... بەس! سەن خىجىل بولساڭ، ئۆزۈم دەيمەن، ئەلى قۇشچىغا.

قەلەندەر كۈن بويى يول هازىرلىغىنى كۆردى. تۆمۈر سەمەرقەندى ئۇستا قاياققىدۇر كېتىپ، قوي يۇڭىدىن توقۇلغان چاپان بىلەن ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن قارا تەلپەك تېپىپ كەلدى ۋە ئۆزى ياسىغان پولات خەنجەرنى سوۋغا قىلدى. قەلەندەر قەرناقى خۇرجۇننىڭ بىر تەرىپىگە نان، تۇز، قەلەمپۇر، تالقان، يەنە بىر تەرىپىگە كىيىم - كېچەك ۋە ئۇزۇن سەپەردە كېرەك بولىدىغان ئۇششاق - چۈششەك نەرسە - كېرەك-لەر — چۆگۈن، پىيالە، قوشۇق ۋە تاۋاقلارنى سېلىپ تەق قىلىپ قويدى.

مەسلىھەت بويىچە، ئۇ كېچىدە غار ئەتراپىدا پايپاسلاپ يۈرگەن بەتبەشىرە پايلاقچىلار يوقىلىپ، كوچىلار تىنچىغاندا غاردىن چى-

قىپ رەسەتخانىغا بارماقچى بولدى . ئۇ لەخمە ئارقىلىق رەسەتخانىغا كىرىپ ، ئەلى قۇشچى بىلەن خوشلىشىپ بولۇپ ، ئاندىن قالقانىبەگ بىلەن بازغانبەگ تەييارلاپ قويماقچى بولغان چاپقۇر ئاتنى مىنىپ يولغا چىقماقچى بولغانىدى . لېكىن ، نېمە ئۈچۈندۇر غار ئەتراپىدا ھەرخىل بۇزۇق ئادەملەرنىڭ شەپىسى خېلى ۋاقىتقىچە تىنچىمىدى . نىھايەت ، يېرىم كېچىدىن ئاشقان چاغدا ئەتراپ تىنچىغاندەك بولدى . قەلەندەر چاپىنىنى كىيىپ ، بېلىنى باغلىدى .

كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغان تۆمۈر سەمەرقەندى ئۇستا جىنچىراغنىڭ شولىسىدا قەلەندەرنى باغرىغا بېسىپ ، پېشانىسىگە سۆيۈپ خوشلاشتى ۋە ئۇنىڭغا ئاق يول تىلىدى . لېكىن ، دەل شۇ چاغدا ، يەنى ئۇستا كەتمەندەك ئالىقانلىرىنى ئېچىپ دۇئا قىلىۋاتقاندا ، توساتتىن ئىشىك قېقىلدى . قەلەندەر دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئالدى . ئۇستا بولسا قولىغا جىنچىراغنى ئېلىپ ، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى .

— كىم ، يېرىم كېچىدە ئادەمنى ئۇخلاتماي ئىشىك قاققان ؟

سىرتتىن زىل ھەم ھاياجانلىق ئاۋاز ئاڭلاندى :

— كەچۈرگەيسىز ، ئۇستا ، مەن مىرەم چەلەبىمەن ...

— نېمە دېدىڭ ؟ قايسى مىرەم ؟

قەلەندەر مۇرىسىدىكى خۇرجۇننى يەرگە تاشلاپ ، ئۇستىنىڭ كەينىدىن قاراڭغۇ كارىدورغا كەلدى .

— ئاتا ! مەۋلانىنىڭ شاگىرتى بۇ ! رۇخسەت قىلىڭ ، ئىشىكنى ئاچاي !

مىرەم چەلەبى غارغا كىردىيۇ ، مېڭىشقا ماغدۇرى يەتمەي ، تامغا يۆلىنىپ قالدى . جىنچىراغنىڭ غۇۋا شولىسىدا يالاڭ ئاياغ ، يالاڭئۇۋاشتاق مىرەم چەلەبى خۇددى مەجنۇن سۈپەت بىر دىۋانىگە ئوخشاش كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئېھتىمال ، يا سوغۇقتىن ، يا قورقۇپ كەتكەنلىكتىن بولسا كېرەك ، غال - غال تىترەيتتى ، چىشلىرى تىنىمسىز جاقىلدايتتى .

— نېمە بولدى ؟ دېسەڭچۇ ، ئۇكام ! — دېدى قەلەندەر ،

يۈرىكى مۇدھىش بىر تۇيغۇدىن مۇزلاپ .
— ئۇستاز ... ئۇستازنى زىندانغا تاشلىدى .
— قاچان ؟
— تۈنۈگۈن خۇپتەندە . بەش ـ ئالتە ياساۋۇل رەسەتخانىغا باستۇرۇپ كىرىپ ، ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ ئۇگىتەي ـ توگىتەي قىلىۋەتتى ، ئاخىر ئۇستازنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى ...
— تۈنۈگۈن تۇتۇپ كەتكەن بولسا ... نېمىشقا ئاخشام كەلمىدىڭ ؟ نېمىشقا دەرھال خەۋەرلەندۇرمىدىڭ ؟
— سەۋەبى ... — مىرەم چەلەبى گەپ قىلالماي ، قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالىدى ، — سەۋەبى مومام ... تىللابىبى بار ئىدى . ئۇ يىغلاۋېرىپ ، مېنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويدى .
— ئېھ ، بىچارە ! — دېدى ئۇستا ، — قايسى زىندانغا تاشلىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىڭمۇ ؟
— خەۋەر تاپتىم . كۆكساراي زىندانى ! ...
— يا رەببى ! — ئۇستىنىڭ قولىدىكى جىنچىراغ تىترەپ كەتتى .

قەلەندەر قەرناقى يوغان گەۋدىسى بىلەن تار كارىدورنى خۇددى يوغان تاشتەك توسۇپ تۇراتتى . ئۇنىڭ خىيالى ھەر تەرەپكە بۆلۈنۈپ ، تېڭىرقاپ قالغانىدى ، پەقەت كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە ھەپتىدىن بېرى تۈزگەن پىلانلىرى ۋە كېچىلىرى ئۇخلىماي قىلغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ ھەممىسى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك چېچىلىپ كەتكەنلىكىنى ، ئەمدى ھېچ يەرگە كېتەلمەيدىغانلىقىنى ، تاكى ئۇستازنىڭ تەقدىرى بىر تەرەپ بولغۇچە بۇ يۇرتتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى پەملىدى . ئۇنىڭ كېيىنكى كۆنلەردىكى سېغىنىش ۋە قايغۇرۇشلىرى گويا سىڭلىسى ۋە ئۆز ئانىسى ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى تىللابىبى ئۈچۈن بولغاندەك تۇيۇلدى .
— ياساۋۇللارنىڭ ئىزدىگىنى نېمىكەن ؟ كىتابمۇ ؟
— ھەئە ، كىتاب ، — دېدى مىرەم چەلەبى ، — ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالتۇن ئىزدەپتۇ . رەسەتخانىدا ئالتۇنمۇ بارمىش تېخى .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەستاغپۇرۇللا ...

«مەۋلانە مۇھەممەدىن ! — دېدى قەلەندەر ئىچىدە ، — سىرنى ئاشكارىلىغان مەۋلانە مۇھەممەدىن ! مەۋلانە ئەمەس ، مەلئۇن پايلاقچىكەن ئۇ ! ئالىم ئەمەس ، ئىپلاس جاسۇسكەن ئۇ ! ... »

ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ تامغا يۆلەندى . «نېمە قىلىش كېرەك ؟ بۇ يەردە قالغان تەقدىردىمۇ قولۇمدىن نېمە كېلەر ؟ ئۇستازغا ياردەم بېرەلەرمەنمۇ ؟ ئەمما ... ياردەم بېرەلمەيمەن دەپ ، ئۇستازنى ، قانىتى سۇنغان قۇشتەك ئىشىكتە تىترەپ تۇرغان بۇ ياش تالىپنى ، لال بولۇپ قالغان بۇ قېرى ئۇستىنى نادامەتتە قالدۇرۇپ كېتىش ۋىجدانلىق كىشىنىڭ ئىشىمۇ ؟ بۇ ئادەمگەرچىلىككە كىرەرمۇ ؟ »

— بالام قەلەنـدەر ، — دېـدى ئـۇستـا ، — بۇ مولىلىچاق سـوغـۇقتا توڭـلاپ كېتىپتۇ ، بىر پىيالە ئىسسىـق چـاي بەرگىن ئۇنىڭغا ، بالام ! ...

«مەۋلانە مۇھەممەدىنىنىڭ ئۆيىگە بېرىش كېرەك ! بېرىپ كېكىرتىكىنى بوغۇش كېرەك ! يا سۆزىدىن قايتسۇن ، يا ... »

— ھە ، تۆرگە ئۆتۈڭ ، موللام ، — دېدى قەلەندەر . ئۇ كەينىگە داجىپ مىرەم چەلەبىگە يول بەردى . چوغدەك قىزىپ كەتكەن كاللىسىدا تۇرلۇك خىياللار قۇيۇندەك ئەگىپ ، بىر - بىرىدىن دادىل ، بىر - بىرىدىن مەردانە پىكىرلەر ئېسىگە كېلىپ تۇراتتى . «باغ تەرەپتە ئىشىك بار ! خۇرشىدە بانۇ بىلەن ئاخىرقى قېتىم ئۇچرىششقا ۋەدىلەشكەندە ، قەلەندەر باغقا كىرىپ بانۇ ياتىدىغان ئۆينىڭ كىچىككىنە دېرىزىسىنى قاققاندا ، ئۇ گۈل جامال شۇ ئىشىكتىن چىقىپ كەلگەنىدى . باغ تەرەپتىكى شۇ ئىشىكتىن كىرىۋالسىلا ، مەۋلانىنىڭ مېھمانخانىسىغا كىرىش ئاسان . مېھمانخانىغا كىرىپ ، مەۋلانە بىلەن يۈزمۇ يۈز ئۇچرىشالىسىلا بەس ، ئۇنىڭغا نېمە دەيدىغانلىقىنى ئۆزى بىلىدۇ ! ھەئە ، دەرھال بېرىش كېرەك . پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، مەۋلانىنى غىپپىدە بوغۇش ، بۇ يولدىن قايتۇرۇش كېرەك ، بولمىسا ، ئۇستازنىڭ ھاياتى ... »

## 6

ئۆينىڭ تۆرىدە قىزىل سەمەرقەند مەخمىلىگە كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان خۇرشىدە بانۇ ھويلىدا شىپ ـ شىپ قىلغان ئاياغ تىۋىشىنى ئىشىتىپ بېشىنى كۆتۈردى. ياق، بۇ دادىسىنىڭ يېنىك قەدەملىرىگە ئوخشىمايتتى. ئاياغنىڭ «تاق ـ تاق» قىلغان ئاۋازى بىلەن ھاسىنىڭ «توك ـ توك» قىلىشىنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىدىن قارىغاندا، بۇ بوۋىسى سالاھىددىن زەرگەرنىڭ شەپىسى ئىدى. بايا خۇپتەندە تۆت نەپەر ئاتلىق نۆكەر كېلىپ، ئاتىسىنى ئېلىپ كەتكەندىن بېرى بوۋىسى بىردەممۇ ئولتۇرالمىدى، ھاسىسى بىلەن يەرنى قاتتىق تاقىلدىتىپ، يەرنى گۇرس ـ گۇرس دەسسەپ، تالاغا چىقىپ ـ كىرىپلا يۈردى ... بوۋىسى ھەر قېتىم چىقىپ كىرگەندە، بانۇنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ، يىڭنە تۇتقان نازۇك بارماقلىرى تىترەپ كېتەتتى؛ بايا قاراڭغۇدا بوراندەك كىرىپ كەلگەن ياساۋۇللار كۆزىگە كۆرۈنۈپ، ئولتۇرغان يېرىدە ھەيكەلدەك قېتىپلا قالاتتى. ياساۋۇللارنىڭ قوپال ئاۋازلىرىنى، ناھاللىق ئۆتۈكلىرىنىڭ قوپال گۇرسىلدىشىنى، بولۇپمۇ قورققانلىقتىن ئىككى پۇكۇلۇپ، ھودۇقۇپ كەتكەن ئاتىسىنىڭ دىر ـ دىر تىترىشىنى ھەر بىر قېتىم ئەسلىگەندە، ئاشۇ يىلى ئەتىيازدا يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىز ۋەقە يادىغا كېلىپ، يۈرىكى ئۆرتىنىپ كېتەتتى ...

تويى بولغىنىغا ئۈچ ئايدىن ئاشقان، قەلەندەردىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزگەن خۇرشىدە بانۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئۆز مىرزىسىغا كۆنۈكۈشكە باشلىغان چاغلار ئىدى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن، كۆك-سارايدا خىزمەت قىلىدىغان ياش مىرزا ئۆڭى ئۆچكەن ۋە نېمە ئۈچۈندۇر ھودۇققان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. خۇرشىدە بانۇ خۇددى بۇگۈنكىدەك ئۆز ئۆيىدە كەشتە تىكىپ، خىيال سۈرگەن ھالدا ئولتۇراتتى. ئىشىكتە تىترەپ تۇرغان مىرزىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتتى. مىرزا ئاستا مېڭىپ كېلىپ، ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى ـ دە، چىرايىغا ئۇزاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىكىلدى . مىرزىنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدە ھەم قورقۇنچ ، ھەم ئەندىشە ، ھەم بىر خىل شەپقەتسىزلىك ئەكس ئېتەتتى . ئۇنى تونجى قېتىم مۇشۇ ھالىتىدە كۆرگەن خۇرشىدە بانۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئارقىسىغا داجىپ :

— نېمە بولدىڭىز ، مىرزام ؟ — دەپ سورىدى . مىرزا جاۋاب بەرمەي ، ئۇنى نازۇك بىلىدىن قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتتى ـ دە ، لەۋلىرىگە ، يۈزىگە ، كۆزلىرىگە سۆيۈشكە باشلىدى . ئۇنىڭ سۆيۈشىدە ھۇزۇر ئەمەس ، بەلكى كىشىنى چۆچۈتىدىغان باشقىچە بىر تەلۋىلىك بار ئىدى . ئاخىر ئۇ سۆيۈشتىن توختاپ :

— دەرھال كىيىم ـ كېچەكىڭنى يىغىشتۇر ! — دېدى ئىتتىرەپ ، — زىبۇ زىننەتلىرىڭنى قوتىغا سال ! قېلىنراق كىيىن ! ھازىر ئۆزۈن سەپەرگە ئاتلىنىمىز . تېزرەك بول ! تېزرەك ! — مىرزا شۇنداق دېدى ـ دە ، يۈگۈرگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .

خۇرشىدە بانۇ كۆڭلىدىكى گۇمان ۋە قورقۇنچتىن گاڭگىراپ ، تۇرۇپ زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن تولغان قوتىلارنى يىغىشتۇرسا ، تۇرۇپ كىيىم ـ كېچەك سېلىنغان ساندۇقلارغا يۈگۈرەيتتى . نىھايەت ، ئۇ ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ ، ئاغمىخان تېرىسى بىلەن ئەستەرلەنگەن قارا موۋۇت كەمزۇلىنى ، پۇتىغا كابۇلچە ئۆتۈكىنى كىيىپ ، بېشىغا تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان ياغلىقىنى سالدى ـ دە ، زىننەت بۇيۇملىرىنى ئالتۇن قوتىغا قاچىلاپ ، دېرىزە يېنىغا باردى .

ھويلىدا پاتىپاراقچىلىق باشلانغان بولۇپ ، پىچىرلاشقان ئاۋازلار ۋە ئىشىكلەرنىڭ تاراق ـ تۇرۇق ئېچىلىپ ـ يېپىلىشلىرى ئاڭلىناتتى . قاش قارايغان ۋاقىت بولۇپ ، يېقىن ئەتراپتىكى مەسچىتتىن ئەزان ئېيتىۋاتقان مەزىننىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئىشىتىلەتتى . لېكىن ، ھويلا ۋە ئۆيلەر قاپقاراڭغۇ بولۇپ ، ھېچ يەردە چىراغ يورۇقى كۆرۈنمەيتتى ، پەقەت كەشتە تىكىش ئۈچۈن شام ياندۇرغان خۇرشىدە بانۇنىڭ ئۆيىلا يورۇق ئىدى .

بىردەمدىن كېيىن مىرزا قايتىپ كىردى . ئۇ بېشىغا قاما

تۇماق، ئۇچىسىغا جۇۋا كىيىپ، بېلىدىكى كۇمۇش كەمەرگە قىلىچ ئېسىۋالغانىدى. ئۇ خۇرشىدە بانۇنى يېڭى كىيىمدە كۆرۈپ، يەنە بايىقىدەك ئۇنىڭغا بىر دەم تىكىلىپ قارىدى. ئاندىن يەنە بايىقىدەك ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە تەلۋىلەرچە سۆيۈپ:

— ئاللا ساڭا نېمىشقىمۇ بۇ ھۆسن - جامالنى بەرگەندۇ؟ مەن غېرىبنى نېمىشقىمۇ بۇنچىۋالا كۆيدۈرىدىغانسەن؟ تەييارلىنىپ بولدۇڭمۇ؟ زىبۇ زىننەتلەرنى ئالدىڭمۇ؟ يۇر، ئاتلار تەق ... — مىرزا گېپىنى تۈگەتمەيلا، توساتتىن قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ تۇرۇپلا قالدى. تاشقىرىقى ھويلىدا چۇقان - سۈرەن باشلىنىپ، ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىشى ۋە قىلىچلارنىڭ شاراق - شۇرۇق قىلىشلىرى ئاڭلاندى. مېھمانخانىدا كىمدۇر بىرسى داد - پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلىدى، چوڭ - كىچىكلەر قىيا - چىيا قىلىشتى ... بۇ پاتىپاراقچىلىقتىن سەگەكلەشكەن مىرزا ئىشىككە ئېتىلدى ۋە ئىختىيارسىز تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى ئېلىپ قويماقچى بولدى. لېكىن، دەل شۇ چاغدا، ھويلىدا ناھاللىق ئۆتۈكلەرنىڭ قورقۇنچلۇق گۈرسىلدىشى ئاڭلاندى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن كىمدۇر بىرسى ئىشىكنى قاتتىق تەپتى. ئىشىكنىڭ زەنجىرى ئۈزۈلۈپ، گاڭگىراپ تۇرغان خۇرشىدە بانۇنىڭ قۇلىقى ئاستىدىن ئۆتۈپ تەكچىگە بېرىپ چۈشتى - دە، كۇمۇش تاۋاقلارنى تاراڭلىتىۋەتتى.

مىرزا دەرغەزەپكە كېلىپ قىلىچىنى يالىڭاچلىدى - دە، بوراندەك كىرىپ كېلىۋاتقان نۆكەرلەرگە تاشلاندى. لېكىن، نۆكەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇنى يىقىتىپ ئاستىغا باستى، يەنە بىر قىسمى خۇرشىدە بانۇغا تاشلاندى. كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭ بېشىغا قارا رەختنى يۆركەپ بوغۇۋالدى، يەنە بىرسى ئۇنى دەس كۆتۈردى ... خۇرشىدە بانۇ نۆكەرلەر قولىدا قۇشتەك يۇلقۇنۇپ، بېشىدىكى قارا رەختنى ئېچىۋالدى - دە، يەردە بوغۇزلانغان قويدەك تېپىرلاپ ياتقان مىرزىنى كۆردى. نۆكەرلەردىن بىرسى ئۇنى ئايىماي تېپىپ - دەسسەيتتى، يەنە بىرسى قوللىرىنى كەينىگە قاي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىپ، ئارغامچا بىلەن باغلايتتى ...

خۇرشىدە بانۇ كۆكسارايدا ھوشىغا كەلدى. ئۇ ئۇستى قۇببە-سىمان يورۇق ئۆيدە قىلىن شايى كۆرپىلەر ئۇستىدە ياتاتتى. بويۇنلىرى ۋە قوللىرىدىكى قوش - قوش زىننەت بۇيۇملىرىنى نەپىس جاراڭلىتىپ يۇگۇرۇپ يۈرگەن ياش كېنىزەكلەر ئۇنىڭ بۇرنىغا كىچىك خرۇستال شىشىلەرنى تۇتۇپ، ئاللىقانداق ئۆتكۈر ۋە خۇش پۇراقلىق دورىلارنى پۇرىتاتتى، پېشانىسىگە ۋە ياڭاقلىرىغا ئەتىرگۈلنىڭ سۈيىنى سۈرتەتتى. بىردەمدىن كېيىن ھەرەمبېگى كىرىپ، ئۇنىڭغا ئاغزىدىن قۇيغاندەك قىلىپ، زورلاپ بىر پىيالە مەينى ئىچكۈزدى - دە، مۇنچىغا ئېلىپ كەتتى. كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىغا شاھزادە كىردى ...

خۇرشىدە بانۇ شاھزادىنىڭ گىلدىڭ - گىلدىڭ قىلىپ تۇرىدى-غان بېشىنى، شەھۋەت بىلەن چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى، نېمە ئۈچۈندۇر تىترەك باسقان ئېگىز، ئىمجان گەۋدىسىنى ئېسىگە ئالدى - دە، پۈتۈن بەدىنى شۈركۈنۈپ كەتتى ...

«ئەجەبا! باغقا قارىغان دېرىزە تاراققىدە قىلدىمۇ نېمە؟» خۇرشىدە بانۇ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى چىشلىگىنىچە، ئۆزىنىڭ بويى بىلەن تەڭ كېلىدىغان تاش روجەكلىك دېرىزىگە تىكىلدى، قېرىشقاندەك مومىسىمۇ ئۇخلاپ قالغانىدى. بىچارە موماي ئوغلى-نىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئۈزۈلمىچە كۈتۈپ، ئەمدىلا ياستۇققا باش قويغانىدى، بىردەمدىلا ئۇخلاپ قاپتۇ ... بانۇ قورققىنىدىن كىچىك باللاردەك تۈگۈلۈپ ياتقان مومىسىغا قاراپ قويدى ... قورققانغا قوش كۆرۈنەر دېگەندەك، دېرىزە يەنە تاراقلىغاندەك تۇيۇلدى ... ياق، يەنە تاراقلىدى، توختاپ - توختاپ ئۈچ قېتىم تاراقلىدى ... «يا پەرۋەردىگار! پەقەت ئۇ، — شائىر قەلەندەر قەرناقى مانا مۇشۇنداق توختاپ - توختاپ ئۈچ قېتىم تاراقلىتاتتى!» خۇرشىدە بانۇ ھاياجانلانغانلىقىدىن قىمىر قىلالماي، كۆزلىرىنى يوغان ئاچ-قىنىچە دېرىزىگە تىكىلىپ ئولتۇراتتى ... دېرىزىنى چەككەن ئاللا-نىڭ گادىيى — قەلەندەر بولۇپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس! ئۇمۇ؟

يا باشقا بىرسىمۇ؟ قەلەندەر بۇ يەرگە كېلىپ نېمە قىلار؟ ئۇنىڭ مۇددىئاسى نېمە؟ ... ھېلىمۇ ياخشى، جىمىپ قالدى، شامال ئۇخشايدۇ ... بانۇ ئاشۇ كۆڭۈلسىز ۋەقەدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى قەلەندەرنى دەرۋازا ئالدىدا كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا كۆزىگە ياش ئالدى ...

ئۇنىڭ تويىدىن كېيىن قەلەندەرنىڭ تەركىدۇنيالىقتا يۈز تۇتقانلىقىنى بانۇمۇ ئاڭلىغانىدى. لېكىن، ئۇنى شۇ ھالەتتە، يەنى بېشىدا ئەسكى كۇلاھ، ئۇچىسىدا جۇلدۇر ـ جۇلدۇر بولۇپ كەتكەن جەندە، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىر دىۋانە قىياپىتىدە كۆرەرمەن دەپ ئويلىمىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنى: «مىرزام!» دەۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالغانىدى. ھېلىمۇ ياخشى، كۆرگەن چۈشى ئېسىگە كېلىپ، ئېرىدىن دىۋانىگە سەدىقە بېرىشنى سورىدى، ئېرى ھېچ نەرسىنى سەزمەي قالغانىدى، يەنى ئۇ ئالتۇن تەڭگىنى قەلەندەرنىڭ ئايىغىغا تىرىڭلىتىپ تاشلاپ ھويلىغا كىرىپ كەتكەنىدى ...

شۇ كېچىسى مىرزىنىڭ ھەدەپ سۆيۈشى، لەززەتلىنىپ قۇچاقلىشى بانۇغا خۇددى زەھەردەك تۇيۇلدى. مىرزا ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىقتى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇشى بىلەنلا قەلەندەرنىڭ قىياپىتى، «مىرزام» دەپ چاقىرغاندا چاقناپ كەتكەن كۆزلىرى نامايان بولاتتى ـ دە، بۇرۇنقى شائىر قەلەندەر ئېسىگە كېلەتتى ۋە شۇ ئۆي، شۇ مېھمانخانىدا ئۆزئارا شېئىر ئوقۇشۇپ ئۆتكۈزگەن بەختلىك چاغلار كۆز ئالدىدا جانلىنىپ، كۆز ياشلىرى يەنە قايتا تاراملاپ ئېقىشقا باشلايتتى ... يا رەببى! دېرىزە يەنە تاراقلىدى! بىر، ئىككى، ئۈچ ... توختاپ ـ توختاپ ئۈچ قېتىم تاراقلىدى! ...

خۇرشىدە بانۇنىڭ يۈرىكى گۈپ ـ گۈپ سېلىپ مومىسىغا قارىدى ... شائىر قەلەندەر قەرناقى ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، كېلىپ دېرىزە چېكىپ يۈرگەن چاغلاردا، ھەمىشە ئاۋۋال مومىسى چىقىپ ئەھۋال ئۇقاتتى، ئاندىن بانۇ ئۆزى چىقاتتى ... ئەنە، دېرىزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەنە چەكتى ! توختاپ ـ توختاپ ئۈچ قېتىم چەكتى ...

خۇرشىدە بانۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشىغا قېلىن تىۋىت ياغلىقىنى سالدى ۋە موۋۇت كەمزۇلىنى يېپىنچاقلاپ، پۇختا تىكىلگەن كابۇلچە ئايىغىنى كىيدى ـ دە، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيدىن چىقتى. ئۆيەر ـ بۇيەردە تاش پانۇسلار پىلىلداپ تۇرغان ئوردىغا ئوخشاش هويلىدىن ئۆتۇپ، باغ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، خۇرشىدە بانۇنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ يەنە توختىدى ... شائىر قەلەندەرمىدۇ ياكى باشقا بىرسىمىدۇ؟ چوقۇم قەلەندەر! بۇنىڭدىن باشقا كىم بولسۇن؟ ئەگەر ساراي لەشكەرلىرى بولسا، باغدىن كىرىپ دېرىزە چېكىپ يۈرمەيدۇ! مۇبادا ئۇ بولسا ... نېمىشقا كەلگەندۇ؟ مۇددىئاسى نېمە؟ ... ئېھ، پەرۋەردىگار! ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن!

خۇرشىدە بانۇ بوۋىسىنىڭ غۇۋا شولا چۈشۈپ تۇرغان ئۆيىگە بىر قاراپ قويۇپ ئىشىكنى ئاستا ئاچتى. يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ، يالىڭاچلىنىپ قالغان باغ ئۈستىدە، ئېرىق بويىغا قۇچاق يايغان قېرى ياڭاق دەرىخىنىڭ تۆپىسىدە مەسچىت گۈمبەزلىرىدىكىگە ئوخشاش ھىلال ئاي يالتىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ غۇۋا شولىسىدا باغ قانداقتۇر غېرىبانە تۇيۇلاتتى، يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخلەر كىيىمسىز قالغان گادايلاردەك بولۇپ قالغانىدى.

دېرىزىنىڭ قېشىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. خۇرشىدە بانۇ گۈپ ـ گۈپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى تۇتقىنىچە ياڭاق تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ يەردە بىر نەرسە چىرىس قىلىپ سۇنغاندەك بولدى. خۇرشىدە بانۇ توختاپ، قاراڭغۇغا سىنچىلاپ قارىدى. ياڭاق شاخلىرى ئارىسىدا بېشىغا كۇلاھ كىيگەن گەۋدىلىك بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى ... شۇ! شائىر قەلەندەرنىڭ ئۆزى! ...

خۇرشىدە بانۇ دەرمانسىزلىنىپ، ئېرىق بويىدىكى تالغا يۆلەندى. ياڭاق تۈۋىدىكى قارا سايە قېلىن شاخلار ئارىسىدىن ماراپ، ئاستا شىۋىرلىدى:

— موما، قورقماڭ، مەن، دىۋانە — قەلەندەر ...

— قەلەندەر ! — خۇرشىدە بانۇنىڭ ئىمىشقىدۇ كۆڭلى بۇزۇ-
لۇپ ، كۆزىگە ياش ئالدى ۋە تال تۇۋىدىن چىقتى .
— خۇرشىدە بانۇ ؟ ... سىز ... سىزمۇ ؟
— ھەئە ، مەن ... — قەلەندەر قەرناقىنىڭ ئاۋازىدىكى قور-
قۇنچ ۋە ھاياجان خۇرشىدە بانۇغا خېلى دادىللىق بېغىشلىدى . ئۇ ئاستا مېڭىپ ياڭاققا يېقىنلاشتى . ئۇ يەرگە ساڭگىلاپ تۇرغان شاخلارنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قايرىپ ، قەلەندەرنىڭ يۈزىگە قىيا باقتى . قەلەندەر ئاسماندىكى ئايغا تەتۈر قاراپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك ، ئۇنىڭ جەندە كىيگەن يوغان گەۋدىسى ۋە ساقال باسقان يۈزى قاپقارا ھەم ۋەھىمىلىك كۆرۈنەتتى . ئىلگىرى بۇ دەرگاھقا پات - پات كېلىپ يۈرگەن چاغلاردا ، ئۇ قويدەك ياۋاش ، قىزلاردەك تارتىنچاق كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ چىرايىمۇ باشقىچە ، ئۆزى بەك مۇلايىم ئىدى ، پەقەت سىناش نەزىرى بىلەن تىكىلگەن كۆزلە-
رى قاراڭغۇدا چاقناپ تۇراتتى...
— ئەپۇ قىلغايسىز ، بانۇ ، — دېدى قەلەندەر ، — ئاتىڭىز ... مەۋلانىگە بىر ئېغىز سۆزۈم بار ئىدى . ئامال بولسا ، چاقىرىپ قويغايسىز ...
قەلەندەرنىڭ ئاۋازى غەلىتە ھەم بوغۇق ئىدى .
— ئۇ ... ئۆيدە يوق ... — خۇرشىدە بانۇ يەنە ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ گەپ قىلدى ، — لەشكەرلەر كېلىپ ، ئۇنى كۆكسارايغا ئېلىپ كېتىشتى ...
— قاچان ؟
— بايا ، خۇپتەندە . تۆت لەشكەر ئۆيىمىزگە باستۇرۇپ كىرىپ ئېلىپ كەتتى ...
— ئەستاغپۇرۇللا ! — قەلەندەر ئىختىيارسىز ھالدا بانۇ تە-
رەپكە بىر قەدەم تاشلىدى .
ياڭاق شاخلىرى ئارىسىدىن چۈشۈپ تۇرغان ئاي شولىسىدا بانۇنىڭ چىرايى قەلەندەرگە ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەندەك تۇيۇلدى . ئۇنىڭ ياداپ قالغان ئۇزۇنچاق ، مۇلايىملىقى چىقىپ تۇرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈزى ، كەڭ ، سىلىق پېشانىسى ، گويا ئۇستا سەنئەتكار سىزغاندەك قاپقارا قاشلىرى ئاستىدا چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ۋە قويۇق كىرپىكلىرى ، سەل يىمىرىلىپ تۇرىدىغان لەۋلىرى … ئۇ خېلى ئورۇقلاپ قالغانلىقتىن ، بۇرۇنقىدىنمۇ زىلۋا ھەم نازۇكراق كۆرۈنەتتى .

خۇرشىدە بانۇ ئۇنىڭ تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، كۆزلىرىنى قاچۇردى ۋە ئىختىيارسىز قويۇلۇۋاتقان كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى …

*«تېپىپ يالغۇز ، دىلىم رازىن بايان ئەتمەككە ئاجىزمەن ،*
*ئۇزۇن تۈنلەر خىيالىڭدا ئۆتەر بىدار ، بىلمەيسەن … »*

قەلەندەرنىڭ قەلبىنى مۇڭلۇق كۈيدەك مەيۈسلۈك تۇيغۇسى بەند قىلىۋالدى . ئىلگىرى ئۇ مەۋلانە مۇھەددىنىنىڭ دەرسخانىسىدا بانۇ بىلەن يالغۇز ئۇچراشقان چاغلاردا شۇنداق بولاتتى . ئالىقانلىرى بىلەن ئىڭىكىنى تىرەپ ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى جىم ئولتۇرۇپ دىققەت بىلەن ئاڭلايدىغان بۇ مەسۇمە ، قەلەندەرنىڭ دىلىدا ئاجايىپ يالقۇنلۇق ، چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت ئويغىتاتتى … قەلەندەرنىڭ كۆڭلى باشقىچە بولۇپ :

— قورقماڭ ، بانۇ ، — دېدى ، — دادىڭىزغا زىيان يەتمەس .

— ئىنشائاللا ، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن ، — دېدى خۇرشىدە بانۇ پىچىرلاپ ، — مانا ، يېرىم كېچىدىن ئاشتى ، تېخىچە دېرەك يوق …

— قورقماڭ ، بۇرنىمۇ قانىمايدۇ دادىڭىزنىڭ !

قەلەندەرنىڭ ئاۋازىدىكى كىنايىنى سەزگەن بانۇ بېشىنى كۆتۈردى .

— سىز قانداق بىلىسىز ؟

— بىلىمەن ، بانۇ . ھەتتا … — قەلەندەر مەسۇمەنىڭ ئايدىڭدا چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ، لېۋىنى چىشلىدى . ئۇنىڭ كاللىسىدا : «بۇ بىچارىگە نەشتىرىمنى سانجىپ نېمە قىلىمەن ، ئۇنىڭ-

ىدا نېمە گۇناھ بار؟» دېگەن ئوي كەچتى. بىچارە بانۇ! ئەينى ۋاقىتتا ئۇ دەل مۇشۇ يەردە، مۇشۇ ياغاق ئاستىدا، مانا مۇشۇنداق جىمجىت كېچىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەن ئەمەسمىدى؟ شۇنداق زىلۋا، نازۇك، ياش، ساپ دىللىق بۇ قىز ئۇنىڭ بىلەن قېچىشقا جۈرئەت قىلغان ئەمەسمىدى؟ ئۆمرىدە يوقسۇللۇق ۋە قىيىنچىلىقنىڭ نېمىلىكىنى تېتىپ كۆرمىگەن بۇ قىز سۆيۈمەلۈك ئائىلىسىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ بىللە سەرسان ـ سەرگەردان بولۇشقا، يوقسۇللۇق ۋە غۇربەتچىلىككە بەرداشلىق بېرىشكە بەل باغلىغان ئەمەسمىدى؟ شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، قەلەندەر شۇ قىزچىلىكمۇ بولالماي، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ رايىنى قايتۇرغان ئەمەسمىدى؟ ئەمدىلىكتە نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا زەردە قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ گۇناھىنى ئۇنىڭ يۈزىگە سېلىپ، يۈرىكىگە بىگىز سانجىيدۇ؟

خۇرشىدە بانۇ تاقەتسىزلىنىپ:

— نېمىشقا ئۈندىمەيسىز؟ — دەپ سورىدى.

— چۈنكى ··· بۇ يەردە بىر سىر بار، بۇنى سىز بىلمىگىنىڭىز تۈزۈك، بانۇ.

— نېمىشقا؟ — بانۇنىڭ ئاۋازىدىكى ئىككىلىنىش، چىرايىدىكى تارتىنچاقلىق ۋە مۇلايىملىق ئاجايىپ بىر قەتئىيلىك بىلەن ئالماشتى.

— چۈنكى، بۇ سىرنى ئاشكارىلىسام دىلىڭىز ئاغرىيدۇ، بانۇ ···

— دىلىمنى ئاغرىتىشتىن قورقىسىڭىز، نېمىشقا بۇ ھەقتە گەپ ئاچىسىز؟ نېمىشقا گەپنىڭ بېشىنى چىقىرىپ قويۇپ ئاخىرىنى يوشۇرىسىز؟ دەڭ! — خۇرشىدە بانۇ قىزىق قولىنى قەلەندەرنىڭ قولىغا قويدى، — بېشىم كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، دەڭ!

ئۇنىڭ ئاۋازى غەزەپ ئارىلاش بىر ئەلەم بىلەن جاراڭلىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەن قەلەندەر ئىختىيارسىز ھالدا بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— كەچۈرگەيسىز ، بانۇ ، پېقىر سىزنىڭ ئالدىڭىزدا گۇناھ-كارمەن ...

— قويۇڭ بۇ گەپلەرنى ! — دېدى بانۇ پىچىرلاپ ، — ھەممىسى خۇدانىڭ ئىرادىسى .

— خۇدا ھەققى ، راست گېپىم شۇ ! ئەيىب سىزدە ئەمەس ، مەۋلانىدىمۇ ئەمەس ، كەمىنىدە ...

— بۇنىڭغا نېمە چارە ؟ ...

— نېمە چارە ! — قەلەندەرنىڭ نەپسى بوغۇلۇپ ، جەندىسىنىڭ ياقىسىنى ئاچتى ، بوينىنى ۋە تۈكلۈك مەيدىسىنى سىلىدى ، — ئاشۇ چاغدا نېمىشقىمۇ سۆزىڭىزگە كىرمىگەندىمەن ؟ نېمىشقىمۇ سىز بىلەن بىللە يۇرتۇمغا قېچىپ كەتمىگەندىمەن ؟ نېمىشقىمۇ ئاشۇ سەھرادا دۈشمەنلەرنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتمىگەندىمەن ؟ مانا ، نەچچە ئاي بولدى ، مۇشۇ خىيالدىمەن ، مۇشۇ دەرد ـ ئەلەم يۈرىكىمنى ئۆرتىمەكتە ، بانۇ !

خۇرشىدە بانۇ بېشىنى باشقا ياققا بۇراپ ، لېۋىنى چىشلىگىنىچە جىم تۇراتتى . ئۇنىڭ قەلبىدىكى بايىقى ئەلەم شاۋقۇنى پەسىيىپ ، كۆزىگە ياش كەلدى . ئاشۇ ياز كۈنى ئاخشىمى قەلەندەرنى تۇنجى قېتىم دىۋانە قىياپىتىدە كۆرگەندىمۇ ، ئۇ ئەنە شۇنداق بولغانىدى ، كۆڭلىدىكى ھەممە ئاداۋەت ، خاپىلىق ـ نارازىلىقلار ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ ، كېچىچە يىغلاپ چىققانىدى ... مانا ئەمدى ، ئۇنىڭ دەردلىرىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ ، يەنە كۆڭلى ۋەيران بولدى ۋە نېمە ئۈچۈندۇر بىر چاغلاردا تەقدىم قىلغان شېئىرىدىن بىر كۇپلېتى يادىغا كەلدى :

*«دەردى ھالىمدىن سەنەم غاپىل ئەگەر ئاگاھ بولساڭ ،*
*ھېچ غېمىم يوق ، سەن ماڭا گەر دىلبەرۇ دىلخاھ[1] بولساڭ... »*

«يا رەببى ! گادايلىق يولىنى ئىختىيار قىلغان بۇ دەرۋىش

---

[1] دىلخاھ — كۆڭۈل ئىستىگۈچى ، كۆڭۈلنى ئالغۇچى .

كونا دەردىنى قوزغاپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟ ئۇ نېمىشقا كەلدى؟ مۇددىئاسى نېمە ئۇنىڭ؟»

خۇرشىدە بانۇ ئۇزۇكلىرى ۋال - ۋۇل قىلىپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن كىرپىكلىرىدىكى ياش تامچىلىرىنى سۈرتۈپ، قەلەندەرگە تىكىلىپ قارىدى.

— مەندىن بىر سىرنى يوشۇرماقچى بولىۋاتىسىز...

— بانۇ...

— دەڭ! باشقا نېمە كەلسە شۇنى كۆرۈش كېرەك. قورقماڭ!

«ئۆزىدىن خەۋپسىرەۋاتىدۇ. ئەمدى دېمىسەم كۆڭلىدە گۇمان پەيدا بولىدۇ...» قەلەندەر كۆكرىكىنى كېرىپ، چوڭقۇر تىنىدى:

— ئۇستاز مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قەتل قىلىنغانلىقىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يا رەببى! قاچان؟!

— بىر ھەپتە بولدى... نە چارە، ئۆز پەرزەنتى شاھزادە ئابدۇللىتىپ تەرىپىدىن قەتل قىلىنىپتۇ...

— يا پەرۋەردىگار! — خۇرشىدە بانۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئاستا پىچىرلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كۆكساراي ھەرىمىنىڭ ھەشەمەتلىك ئۆي - زاللىرى، ئۆيگە كىرىپ نېپىز يىپەك پەردە ئارقىسىدا توختىغان ھەزرىتى ئالىيلىرى كەلدى، قۇلىقىغا ئۇنىڭ ئاللىقاندان غەمكىن تاۋۇشى ئاڭلانغاندەك بولدى: «بانۇ! شاھزادە سىزنى قاتتىق خورلاپتۇ. مەن ئۇنى قاتتىق ئەيىبلىدىم. لېكىن، نېمە چارە؟ بولۇر ئىش بولۇپ بوپتۇ. ئەمدى قانداق قىلىسىز؟ ھەرەمدە قالامسىز ياكى ئۆز ئۆيىڭىزگە كېتەمسىز؟»، «ھەزرىتى ئالىيلىرى ئىجازەت بەرسە، كېتەر ئىدىم...»، «تىلىكىڭىز ئىجابەت بولۇر. سارايۋەنگە دەپ قوياي، بوگۇنلا ئاپىرىپ قويسۇن. ئاتىڭىز بىلەن بوۋىڭىزغا دۇئايى سالىمىمنى يەتكۈزگەيسىز. ھەزرەتلىرى شاھزادىنىڭ بۇ يامان قىلمىشى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتتى دېگەيسىز. سىز تېخى ياش، ئاللاتائالا ئەمدى سىزگە بەخت - سائادەت ئاتا قىلغاي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىزىم ! ...»

خۇرشىدە بانۇ قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ :

— يا پەرۋەردىگار ! — دەپ تەكرارلىدى ، — ئوغلى ئاتىسىنى قەتل قىلسا ، قانداق كۈنگە قالدۇق بىز ؟ نېمىدېگەن رەزىللىك ، نېمىدېگەن قاباھەت بۇ ؟ ...

— ھەئە ، مىسلىسىز رەزىللىك ، مىسلىسىز قاباھەت ! — دېدى قەلەندەر بوغۇلۇپ ، — بىراق ، رەقىبلىرى قانچىكى رەزىل بولسا ، ئۇستاز شۇنچىكى پاك ئىدى . پەرزەنتلىرى بىر زۇلمەت بولسا ، ئۇ ئالىيجاناب زات مىسالى بىر قۇياش ئىدى . بۇ قۇياشنىڭ نۇرىدىن بىزدەك ئەرلەرلا ئەمەس ، سىزلەردەك قىز - ئاياللارمۇ بەھرىمەن بولۇۋاتاتتى ...

خۇرشىدە بانۇ «توغرا» دېگەندەك قىلىپ ئاستا باش لىڭشىتتى . قەلەندەر ئاي شولىسىدا باش ئېگىپ تۇرغان بۇ مەسۇم سەنەمگە تىكىلىپ قارىغىنىچە بىردەم جىم بولۇپ قالدى . ئۇ يەنىلا بايقىدەك سىرنى ئاشكارىلاش - ئاشكارىلىماسلىقنى ئويلاپ قىينىلىۋاتاتتى . سىرنى ئاشكارىلاي دېسە ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلىشتىن قورقاتتى ، ئاشكارىلىماي دېسە ، بانۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قۇلاق قىلىپ ئاڭلاشقا تەشنا بولۇپ تۇراتتى .

— ئۇستاز مىرزا ئۇلۇغبەگ قىرىق يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ توپلىغان خەزىنىنى ساقلاپ قېلىش نىيىتىدە ، بۇ پاجىئەدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى مەۋلانە ئەلى قۇشچىنى چاقىرىپ ، خەزىنىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغانىدى ...

— خەزىنە ؟ ! ...

— ئىلىم خەزىنىسىنى دەۋاتىمەن . رەسەتخانىدىكى بارچە نادىر كىتابلارنى ، كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان بارچە قوليازمىلارنى دەۋاتىمەن . بۇ كىتابلارنىڭ بەزىلىرىنى كۆرگەنسىز ، بانۇ ؟

— ھە ، ھەئە ، كۆرگەنمەن ... — بانۇنىڭ ئېسىگە ئاتىسى بەرگەن ھېلىقى رىسالە كەلدى . ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ قەدىمكى تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىدىغان رىسالىسىنى ئۇ خۇددى سەرگۇ-

زەشتە خاتىرىسىنى ئوقۇغاندەك قىزىقىپ ئوقۇپ چىققانىدى ، شۇ-نىڭ ئۈچۈنمۇ ، ئۇنى ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ ئاققا كۆچۈرۈپ بەرگە-نىدى ! ...

— دەۋرىلىك ! — دېدى بانۇ پىچىرلاپ .

— ئۇستاز بۇ خەزىنىنىڭ تەقدىرىنى مەۋلانە ئەلى قۇشچىغا تاپشۇرغانىدى . مەۋلانە ئەلى قۇشچى ئۇستازنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەدبىر قوللانغانىدى . پۈتكۈل پاي-تەختتە بۇ سىردىن پەقەت ئۈچ كىشىلا خەۋەردار ئىدى ...

— شۇلارنىڭ بىرى ئاتاممۇ ؟

— بەللى !

— سىز بۇ سىرنى ئاتام ئاشكارىلىدى دېمەكچىمۇ ؟

— ھەئە ، بۇ گۇماننى قىلىشقا ئاساسمۇ بار .

— ياق ! — قاراڭغۇدا خۇرشىدە بانۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ ، قەلەندەرگە تىكىلىپ قارىدى ، — ئاتام بۇنداق ئىپلاسلىقنى قىلماي-دۇ !

— ئىنشائاللا ، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن . ۋە لېكىن — ... قەلەندەر بانۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كۆزىنى قاچۇردى ، — ھەر ھالدا ، مەۋلانە بىلەن بىر سۆزلىشىپ بېقىش نىيىتىدە كەلدىم ، بانۇ .

خۇرشىدە بانۇ چوڭقۇر تىنىپ :

— سەۋر قىلغايسىز ، — دېدى ، — ئاتام بىلەن ئۆزۈم سۆز-لىشىمەن ! ئەگەر سىز دېگەندەك كۆكسارايدىن ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلسە ، ئۆزۈم سۆزلىشىمەن .

— مەن ئەتە - ئۆگۈن يەنە كېلىمەن ، — دېدى قەلەندەر ۋە جاۋاب كۈتۈپ بانۇغا قارىدى . بىراق ، خۇرشىدە بانۇ ئۈندىمىدى . ئۇ بېشىدىكى ئاپئاق تىۋىت ياغلىقنىڭ بىر ئۇچىنى بارماقلىرىغا ئوراپ ، كۆكتىكى ئايغا تىكىلىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ لەۋلىرى يىمىر-ىلىپ ، ئىللىق چىرايىدا ۋە بوتىنىڭ كۆزلىرىدەك يوغان كۆزلى-رىدە چەكسىز بىر مۇڭ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— كەلمىسەم بولماس . چۈنكى ... جەننەت ماكان ئۇستاز مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرىنىڭ بىباھا خەزىنىسىلا ئەمەس ، مەۋلانە ئەلى قۇشچىدەك ئىلىم قۇياشىنىڭ تەقدىرىمۇ ئاتىڭىزنىڭ قولىدىدۇر ، بانۇ...

— مەن سۆزلىشىمەن ، — دېدى خۇرشىدە بانۇ . لېكىن ، ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى بايىقى قەتئىيلىك يوقاپ ، چوڭقۇر بىر ئويچانلىق بىلەن ئالماشقانىدى .

— رەھمەت ، بانۇ ، — دېدى قەلەندەر .

گەپ تۈگىگەنىدى . لېكىن ، قەلەندەر قەرناقىنىڭ كەتكۈسى كەلمەيتتى ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ چوڭقۇر ئويغا پاتقان بۇ نازۇك سەنەمگە تىكىلىپ قارىغۇسى ، قوللىرىنى تۇتۇپ ئۇزاق تۇرغۇسى ، باغرىغا بېسىپ بەزلىگۈسى ، ئايىغىدا تىزلىنىپ قايتا - قايتا كەچۈرۈم سورىغۇسى كېلەتتى . بىراق ، ئۆزرە ئېيتىشمۇ ئارتۇقچە ، باشقا گەپ - سۆز قىلىشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىغانىدى . بۇنى بانۇمۇ چۈشەندى بولغاي :

— خەير ئەمىسە ، — دېدى ئاڭلىنار - ئاڭلانماس ، — ئامان بولغايسىز...

— خەير ، بانۇ ... — قەلەندەر قاتتىق خورسىنىپ ، ياغاچ تۈۋرۈكتىن چىقتى - دە ، ياغاچ ئاستىدىكى غازاڭلارنى چىرىسلىتىپ دەسسەپ باغنىڭ ئايىغىدىكى ئويمانلىققا چۈشۈپ كەتتى . خۇرشىدە بانۇ ئاستا مېڭىپ كەينىگە قايتتى . ئۇ ئىشىككە يېتىپ بارغاندا ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بوشىشىپ ئىشىككە يۆلىنىپ قالدى . كېيىن ، نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلى بۇزۇلۇپ ، قىزىق پېشانىسىنى مۇزدەك تامغا قويۇپ يۇم - يۇم يىغلىدى ...

## 7

ياق ، بۇ ئەلى قۇشچى پەرەز قىلغان قۇدۇقتەك چوڭقۇر ، قورقۇنچلۇق زىندان ئەمەس ، بەلكى ئۇزۇنلۇقى ئۈچ - تۆت قەدەم ،

كەڭلىكى ئىككى ـ ئىككى يېرىم قەدەم كېلىدىغان ئۆڭكۈردەك قاراڭغۇ بىر ئۆي ئىدى . ئاخشام ئەلى قۇشچىنى ئېلىپ كېلىپ قاماپ قويغاندا ، بۇ قاپقاراڭغۇ كامىر ئۇنىڭغا گۆردەك قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇپ ، يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغانىدى . بىر هازادىن كېيىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئەس ـ هوشىنى يىغىپ قاماقخانىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى . ئەلى قۇشچى ئۆمرىدە زىنداننى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ نەقەدەر دەهشەتلىك بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر ـ بىرىدىن ۋەهىمىلىك گەپ ـ سۆزلەرنى كۆپ ئاڭلىغانىدى ، هەرهالدا بۇ قاماقخانىغا شۈكۈر قىلسا بولاتتى . بۇ قاماقخانىنىڭ ئەڭ يامان يېرى ، ئۇ ساراي ئاتخانىسىغا يانداش بولسا كېرەك ، دىماغنى يارغۇدەك بىرخىل سېسىق پۇراق ئۇرۇپ تۇراتتى ۋە ئوڭ-غۇل ـ دوڭغۇل تاش تامدىن ئاپتاپ ئۆتمىگەچكە ، ناهايىتى سوغۇق هەم زەي ئىدى . لېكىن ، نېمە چارە ؟ ئۇنى كۆكسارايغا ، ئىلگىرى-كىدەك مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ مول زىياپەتلىرىگە ، شائىرلار ۋە ئا-لىملار ئارىسىدا بولۇپ تۇرىدىغان كۆڭۈللۈك سۆهبەتلەرگە ئەمەس ، تامامەن باشقا جايغا ، باشقا مۇددىئا بىلەن ئېلىپ كېلىشتى ... بۇ قورقۇنچلۇق ، تار قاماقخانىدىن ئۇنىڭ قاچان چىقىدىغانلىقىنى ، قىسقىسى تىرىك چىقىش ـ چىقالماسلىقىنى يالغۇز پەرۋەردىگارى ئالەم بىلىدۇ ، خالاس . بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا پەقەت بىرلا نەرسە — غەيرەت كېرەك ، غەيرەت ! ... ئەلى قۇشچى ئۆزىنى بېسىشقا هەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ ، گويا قەپەسكە سولانغان شىردەك تاقەتسىزلىنىپ قاماقخانىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى ، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تام تۈۋىلىرىدە ۋە تۆمۈر قاپلانغان يوغان ئىشىك يېنىدا پايپاسلايت-تى ، گويا نەپسى يېتىشمەيۋاتقاندەك بوغۇلۇپ ، تولغىناتتى . گاهىدا ئۇ هوشىنى يىغىپ ، قەدىمىنى ئاستىلىتاتتى ۋە تار قاماقخانىدا ئاستا ئايلانغاچ ، ئۆزىدە پەقەت بىرلا ئامال قالغانلىقىنى ، ئۇ بولسى-مۇ ، سەۋر ـ تاقەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا كۆڭلىدىن ئۆتكۈزەتتى . لېكىن ، سەل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئەهدى-نى ئېسىدىن چىقىرىپ ، يەنە تاقەتسىزلىنىشكە باشلايتتى . ئاخىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ ھېرىپ ـ چارچىدى بولغاي ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ ، بۇلۇڭدىكى ئەسكى بورىدا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى ، ئۇنىڭ ئانىسى ئېسىگە كەلدى .

تۇنۇگۈن كەچقۇرۇن ئانىسى تىللابىبى يەنە كەلگەنىدى . مېھرىبان ئانا ! ئۇ ئاقسارايدىن رەسەتخانىغا نوقۇت بېسىلغان بىر لىگەن پولو كۆتۈرۇپ كەلدى . ئەلى قۇشچى گەرچە ئانىسى ئەتكەن تاماقلارنى ياخشى كۆرسىمۇ ، ئۇنىڭ پات ـ پاتلا كېلىپ تۇرۇشىنى ، كېلىپ ئوغلىنىڭ بۇ دۇنيادىن بويتاق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا نالە قىلىپ ، كۆز يېشى قىلىشىنى ياقتۇرمايتتى . لېكىن ، بۇ قېتىم ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئەتىگەندىن باشلاپلا كۆڭلى غەش بولۇپ ، كەيپسىزلىنىپ ياتقاچقا ، ئانىسىنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كەتتى . مىرەم چەلەبىگە سەندەلنىڭ ئوتىنى يەڭگۈشلىتىپ ، ئانىسىغا كۆرپە سېلىپ بەردى ، ئاندىن ئۈچەيلەن سەندەل ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ داستىخاننى يايدى . ئەلى قۇشچى ياخشى كۆرىدىغان زىرە سېلىنغان ۋە قارىمۇچ سېپىلگەن ئىسسىق پولونىڭ مەززىلىك پۇرىقى كىچىككىنە ئۆينى بىر ئالدى . بىراق ، ئۇلار تېخى پولوغا ئېغىز تەگكۈزمەيلا ، تاشقىرىدا ئاللىقانداق مالىمان كۆتۈرۈلۈپ ، ئۈچ ـ تۆت نۆكەر ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى .

نۆكەرلەرنى كۆرۈپ ، ئەلى قۇشچى بىلەن مىرەم چەلەبى ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇشتى . تىللابىبى بولسا ، ئولتۇرغان جايىدا تۈگۈلۈپ ، ھەيكەلدەك قېتىپلا قالدى . ئۇ ئەلى قۇشچىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، غالداڭلاپ بېرىپ ئوغلىنى بوينىدىن قۇچاقلىدى...

ئانىسىنىڭ يۇم ـ يۇم يىغلىشى ، نۇرسىز كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياش تامچىلىرى ئېسىگە چۈشكەن ئەلى قۇشچىنىڭ پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى سىرقىراپ ، ئاستا ئىڭراپ تاشلىدى . ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، چىشىنى چىشلەپ ئۇزاق ئولتۇردى ـ دە ، ئاستا ـ ئاستا ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ ، ئۆزىگە كايىشقا باشلىدى :

«نېمىشقا تولغىنىسەن؟ نېمىشقا كىچىك بالىلاردەك تاقەتسىزلىنى-
سەن؟ نېمە بولدۇڭ سەن، ئەلى؟ ھەقتائالانىڭ سىناقلىرىدىن،
بۇ مۇدھىش زىنداندىن قورقساڭ، نېمىشقا ئۇستازىڭنىڭ تەلىپىگە
رازىلىق بەردىڭ؟ باشتا ئۇستاز كۆكسارايغا چاقىرىپ، زىممەڭگە
بۇ خەتەرلىك ئىشنى يۈكلىگەندە، نېمىشقا خوپ دېدىڭ؟ نېمىشقا
بىرەر باھانە كۆرسىتىپ، بۇ ئىشتىن باش تارتمىدىڭ؟ يا شاھزادە
ئابدۇللەتىپنىڭ شەيخ نىزامىددىن خامۇشقا ئوخشاش بىدئەتچىلەر
ۋە خۇراپاتچىلارنىڭ قولىدىكى بىر كالتەك ئىكەنلىكىنى بىلمەيت-
تىڭمۇ؟ ئۆزىنىڭ پاك ئاتىسىغا قىلىچ كۆتۈرگەن بۇ مۇستەبىتنىڭ
ھېچكىمگە شەپقەت قىلمايدىغانلىقىنى، مېھىر-مۇھەببەتتىن مەھ-
رۇم بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭمۇ؟ ياق، بىلەتتىڭ!
ئۇستازىڭ كاللىسىنى كەسمەكچى بولۇپ تۇرغان قىلىچ سېنىڭ
بېشىڭدىمۇ پارقىراپ تۇرغانلىقىغا، ئۇستاز تاج-تەختتىن جۇدا
بولسا، سېنىڭ بېشىڭغىمۇ نۇرغۇن كۈلپەتلەر كېلىدىغانلىقىغا ئەق-
لىڭ يېتەتتى. ئەقلىڭ يېتىپ تۇرۇپ، بۇ خەتەرلىك ئىشقا بەل
باغلىغانىدىڭ. ئىلىم-پەن ئۈچۈن، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئۇلۇغ-
بەگنىڭ مەرىپەت دېڭىزىدىن بىر تامچە قالدۇرۇش ئۈچۈن، بۇ
ئىشقا رازىلىق بەرگەنىدىڭ! بەس! باشتا ھەممىسىگە ئەقلىڭ يې-
تىپ، ئاندىن بۇ خەتەرلىك ئىشقا بەل باغلىغانىدىڭ، ئەمدى نې-
مىشقا تىترەيسەن؟ نېمىشقا تەلۋىلەردەك ئۆزۈڭنى ئۇياقتىن-
بۇياققا ئۇرىسەن؟ سەۋر-تاقەت ئورنىدا بېشىڭنى تامغا ئۇرۇپ،
داد-پەرياد قىلىسەن؟ — ئەلى قۇشچى يەنە بايىقىدەك كىنايىلىك
كۈلۈپ قويدى، — بىلىپ قويغىن، ئەي، زامانىنىڭ ئالىمى! بۇ
قاماقخانا، بۇ مىسلىسىز سىناق، سەن ئۈچۈن تېخى ھالۋىدىنلا
ئىبارەتتۇر! ئاللا بىلىدۇ، بېشىڭدا يەنە نېمە سەۋدالار، قانداق
سىناقلار بار؟ ئېھتىمال، ئۇستازىڭنىڭ قۇتلۇق بېشىنى كەسكەن
رەزىل قىلىچ سېنىڭ بېشىڭنىمۇ تېنىڭدىن جۇدا قىلۇر! ئېھتى-
مال، قالغان ئۆمرۈڭ مۇشۇ تار، زەي، قاراڭغۇ گۆردە ئۆتۈپ
كېتەر! ئېھتىمال، ئەمدى ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن پايانسىز كائى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ناتتى ، كېچىلىرى يالت ـ يۇلت چاقنىغان سىرلىق يۇلتۇزلارنى كۆرەلمەسسەن ! قوۋم ـ قېرىنداش ، يار ـ بۇرادەرلىرىڭ ۋە مېھرىبان ئاناڭ بىلەن ئەبەدىلئەبەد دىدار كۆرۈشەلمەسسەن ! سەنغۇ بېشىڭغا نېمە كەلسە شۇنى كۆرۈرسەن ، يەتمىشتىن ئاشقان مېھرىبان ئاناڭنىڭ ھالى نېمە بولۇر ؟ »

ئەلى قۇشچى تىت ـ تىت بولۇپ ، تەشۋىش ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولدىيۇ ، يەنە ئۆزىنى بېسىپ ، مەيۇسلەنگەن ھالدا باش چايقىدى : «غەيرەت قىلغايسەن ، ئەزىز بۇرادەر ! قاماققا كىرگىنىڭگە تېخى بىر كۈن بولمايلا بۇنچىۋالا تاقەتسىزلىنىپ كەتسەڭ ، كېيىن قانداق قىلارسەن ؟ بېشىڭغا بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق مۇسىبەت ، بۇنىڭدىنمۇ يامان سەۋدالار چۈشسە ، قانداق ھالەتكە چۈشۈپ قالارسەن ، ئەزىزىم ؟ يا پەرۋەردىگار ! ئاجىز بەندەڭنى بۇ ساختا دۇنيادىن ئۆز رەھمىتىڭگە چاقىرغايسەن . ۋە لېكىن ، يۇلتۇزلار بىلەن تولغان بۇ كائىناتنى كۆرۈش ۋە كۆزىتىش ، پەلەك سىرلىرىنى ئېچىش بەختىدىن مەھرۇم قىلمىغايسەن ! »

رەسەتخانىنى ئەسلىشى بىلەنلا ئەلى قۇشچىنىڭ كۆز ئالدىغا يەنە ئۇستازى كېلىپ ، كۆڭلى سەل يورۇغاندەك بولدى .

ئۇستاز ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن زېرىككەن ياكى كۆڭلى قاندىقتۇر غەم ـ ئەندىشىگە تولغان چاغلاردا ، دائىم رەسەتخانىغا كېلەتتى ۋە قولىغا ئەسۋابلارنى ئېلىپ ، ئاسمانغا تىكىلگىنىچە تاڭ ئاتقۇزاتتى . گاھىدا يۇلتۇزلارنى كۆزىتىش ياكى كىتاب ئوقۇشتىن چارچىسا ، سۆيۈملۈك تەمبۇرىنى ئالاتتى …

ئۇستاز تەمبۇر چېلىشتا تەڭداشسىز ئىدى . ئۇ كۆرسەتكۈچ بارمىقىغا ئالتۇن ناخۇنى تاقاپ ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، تەمبۇرنى ئاستا چەككەندە ، كىشىنىڭ قەلبىنى ساپ ۋە كۈز ئاپتىپىدەك يېقىملىق بىر تۇيغۇ بەند قىلىۋالاتتى ، نېمە ئۇچۇندۇر ئادەمنىڭ يىغلىغۇسى كېلەتتى . لېكىن ، كۆزدىن ئاققان بۇ ياش يۈرەكنى ئەزمەي ، ئەكسىچە بارلىق غەم ـ ئەندىشە ، بارلىق دەرد ـ ئەلەم ۋە داغ ـ ھەسرەتنى قوغلاپ تاشلايتتى … ئۇنىڭ ناخۇن تاقىغان

بارمىقى ئاستىدىن چىقىۋاتقان بۇ مۇڭلۇق كۈي، تەسۋىرلەش قىيىن بولغان بۇ چوڭقۇر مۇڭ كىشىنى پاك، ياخشى ھەم مېھرىبان بولۇشقا ئۈندەيتتى...

تەمبۇرنى چېلىپ بولۇپ، ئۇستاز ئۆزىمۇ كىرپىكلىرىدە يالتىرىغان ياش تامچىلىرىنى سۈرتكەچ: «كۈي دېگەن قالتىس نەرسىدە، — دەپ قوياتتى، — گاھىدا بۇ پانىي ئالەمگە كەلگىنىمگە پۇشايمان قىلىمەن. ئۆمەر ھەييام ھەزرەتلىرى ئېيتقىنىدەك، بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلدىم، نېمە ئۈچۈن كېتىمەن، دېگەن خىياللاردا بولۇپ، ئۆرتىنىپ كېتىمەن. ۋە لېكىن، «چارگاھ» نى بىرلا ئاڭلىسام، بارچە غەم ـ غۇسسىدىن قۇتۇلۇپ، خۇددى تۇنۇگۇن تۇغۇلغاندەك پاك بولۇپ كېتىمەن. دەرھەقىقەت، بۇ دۇنياغا كېلىپ، ئىنسان بالىسى ياراتقان مۇشۇ بىر كۈيىنى ئاڭلىۋېلىپ، ئاندىن ئالەمدىن ئۆتمەكنىڭ ئۆزىمۇ بىر بەخت ـ سائادەت ئەمەسمۇ، ئوغلۇم ئەلى؟ ...»

نە چارە؟ تەڭداشسىز قابىلىيەت ئىگىسى بولغان مۇشۇنداق زات بۇ بەختنى قارا ئەلدە سىغمىدى! نە چارە؟ ...

ئەلى قۇشچى ئاستىدىكى بورىدىن مەسسىنىڭ ئىچىگە ئاللىقانداق قۇرت ـ قوڭغۇزلار كىرىۋېلىپ قىمىرلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى... بۇنىڭسىزمۇ قاماقخانىنىڭ سېسىق پۇرىقى، زەيلىكى ۋە سوغۇقلۇقى يەتمەسمىدى؟ ئەمدى بۇرگە يۇ، قوڭغۇزلارغا يەم بولۇش قالدىمۇ؟

ئەلى قۇشچى ھەم تاڭ ئاتتى دېگەن پەرەز بىلەن، ھەم ئۆزىگە تەسكىن بېرىش نىيىتىدە تاھارەت سۈيى سوراپ ئىشىكنى قاقتى. لېكىن، ھېچكىم جاۋاب بەرمىگەچكە، ئۇ قوللىرىنى توپىغا مىلەپ تەيەممۇم قىلغان بولدى ـ دە، چاپىنىنى يەرگە سېلىپ ناماز ئوقۇدى، نامازدىن كېيىن يەنە خىيال دېڭىزىغا غەرق بولدى. ئارىدىن قانچە ۋاقىت ئۆتتى؟ بۇنىسى نامەلۇم، تاڭ ئاتتىمۇ ياكى ئۈنىڭغا شۇنداق تۇيۇلدىمۇ؟ تاڭ ئاتقۇزۇش ئەگەر مۇشۇنداق قىيىن بولسا، ئۆمۈرۋايەت قاماقتا مەھكۇم قىلىنغان بەندىلەر قانداقمۇ

www.uyghurkitap.com

بەرداشلىق بەرگەندۇ ـ ھە؟ ...

ۋاقىت ئۆتۈۋاتامدۇ ياكى توختاپ قالدىمۇ، بۇنى بىلىپ بولمايتتى. ھەربىر مىنۇت شۇنداق ئاستا ئۆتەتتىكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە خۇددى تەبىئەتنىڭ ئەسلىي قانۇنىيىتى بۇزۇلغاندەك، كۈنىنىڭ چىقىشى ۋە پېتىشى، قاراڭغۇ تۈنىنىڭ يورۇق كۈن بىلەن ئالمىشىشى توختاپ قالغاندەك، پۈتۈن مەۋجۇدات ھەرىكەتتىن توختاپ، ئۆز جايىدا قېتىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقىنى پەقەت بىرلا نەرسىدىن، يەنى كېچىسى تام تۆشۈكلىرىدىن چىقىدىغان قوڭغۇز ۋە بۈرگىلەرنىڭ كۆپىيىشى، كۈندۈزلىرى ئازىيىپ قېلىشىدىن بىلەتتى. تۆمۈر تاسمىلار مىخلانغان يوغان ئىشىكنىڭ ئالىقانچىلىك تۆمۈر دېرىزىسى ھەر كۈنى ئىككى قېتىم ئېچىلىپ، قاراۋۇل پىيالىنىڭ ئاغزىچە كېلىدىغان نان بىلەن بىر تەرىپى پۇچۇق ساپال كوزىدا سۇ بېرەتتى. ئەلى قۇشچى بۇ سۇنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ، يېرىمى بىلەن يۈز ـ كۆزىنى يۇياتتى، ئارپا ناننى ئۈچكە بۆلۈپ، بىر يۇتۇم سۇ بىلەن ئۈچ قېتىم ئوزۇقلىناتتى.

زىنداندا تاشلانغانلىقىنىڭ ئۈچىنچى ياكى تۆتىنچى كۈنى يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا، قۇرت ـ قوڭغۇزلار بىلەن ئېلىشا ـ ئېلىشا كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا بارغان ئەلى قۇشچى، ئىشىك زەنجىرىنىڭ شاراقلىشىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغاندى. تۆمۈر قاپلانغان يوغان ئىشىك مايلانمىغان چاقتەك يېقىمسىز غىچىرلاپ ئېچىلدى ـ دە، مەشئەل تۇتقان ئادەملەر كۆرۈندى.

بىر نەچچە كۈندىن بېرى يورۇق كۆرمىگەن ئەلى قۇشچى، مەشئەلنىڭ يورۇقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي كۆزىنى يۇمدى. ئۇ كۆزىنى قايتا ئاچقىنىدا، يۈرىكى ئىختىيارسىز جىغىلداپ كەتتى. يوسۇغىدا كالپۇكىنى پىچاق كېسىپ پۇچۇق بولۇپ قالغان، بىر كۆزى ئالىغاي، كوسا ياساۋۇل بىلەن (ئەلى قۇشچى ئۇنى قەيەردىدۇر كۆرگەندى) ئەمىر سۇلتان جاندار تارخان تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە مەشئەل تۇتقان ئىككى نەپەر ياساۋۇل كۆرۈنەتتى.

پۈتنغا قىزىل خورۇم ئۆتۈك، ئۇستىگە كۆك موۋۇت تون كىيىپ، بېلىنى كۈمۈش كەمەر بىلەن باغلىۋالغان، بېشىغا قۇندۇز تەلپەك كىيىپ، ئۇچىغا قىزىل پۆپۈك تاقىۋالغان (بۇ پۆپۈك ئەمىرلىك بەلگىسى ئىدى) ئەمىر سۇلتان جاندار تارخان قاماقخانىغا كىرمەكچى بولۇپ بىر قەدەم باستىيۇ، ئىككىلىنىپ توختاپ قالدى. ئۇ قويۇق قاشلىرى ئاستىغا يوشۇرۇنغان سەل قىسىق كۆزلىرىنى ئەلى قۇشچىغا سىناش نەزىرى بىلەن تىكىپ، ئەلى قۇشچىنىڭ ئىرادىسىدىن قايتقان ـ قايتمىغانلىقىنى بىلمەكچى بولدى. نىھايەت، ئۇ يوغان گەۋدىسىنى ئاستا تەۋرىتىپ:

— مەۋلانە ئالائىددىن ئىبنى مۇھەممەت ئەلى قۇشچى ھەزرەتلىرى سالامەت بولغاي! — دېدى.

«مازاق قىلماقچى! — دېدى ئەلى قۇشچى ئىچىدە، ئۇستازغا خىيانەت قىلغان لەشكەر باشلىقلىرى توغرىسىدىكى مىش ـ مىش گەپلەر ئىختىيارسىز ھالدا ئېسىگە كەلدى، — مىرزا ئابدۇللىتىپ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇستازغا ئورا كولىغان ئەمىرلەرنىڭ بىرى مۇشۇ كاززاپ سۇلتان جاندار ئىكەن ـ دە! مىڭ خىل ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن ئۇستازنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولىۋېلىپ، ئەمىرلىك مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلگەن، دۆلەتمەن بولۇپ، نام چىقارغان بۇ ئىبلىس مېنى تېخى مازاق قىلماقچىمۇ؟» ئەلى قۇشچى شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ ئەجەل بىلەن ئويۇنىشىۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، ئۆزىنى تۇتالماي قالدى:

— قۇدرەتلىك شاھ مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرىنىڭ ئوڭ قولى بولغان ئەمىر سۇلتان جاندار تارخان جانابلىرى، بۇ جەننەت گۈلشەنىگە خۇش كەپسىز!

ئەمىر جاندارنىڭ كۆزلىرىدىكى سىناش ئالامەتلىرى يوقاپ، قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئۇ يەر ئاستىدىن ئالىغاي ياساۋۇلغا بىر قاراپ قويدى.

— مەۋلانە ئەلى، — دېدى ئۇ قاپقىنى تۈرۈپ، — كەمىنە ئىلىم ـ پەندىن خەۋەرسىز، قوپال بىر نۆكەر ئىدىم، ئەمما

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىز ... سىزنى ئەقلى زىيادە بىر ئالىم دەپ ھۆرمەت قىلاتتىم. ئەپسۇسكى، قاتتىق خاتالىشىپتىمەن.

— ھەيھات! ئويلىغىنىمىز بىر يەردىن چىقىپ قالدى!

— قانداق دەيسىز؟

— پېقىر غاپىل بەندىمۇ سىزنى رەھمەتلىك ئۇستازدىن كۆپ ياخشىلىق كۆرگەن، ئۇنىڭ ئەڭ سادىق ئەمىرلىرىدىن بىرى دەپ ئويلىغانىدىم، ئەپسۇسكى مەنمۇ قاتتىق خاتالىشىپتىمەن!

ئەمىر سۇلتان جاندار بىر قەدەم ئالدىغا ماڭدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن قىسىلغان كۆزلىرىدە ھەيرانلىقا ئوخشاش بىر نەرسە ئەكس ئەتتى. لېكىن، بىر دەقىقىدىن كېيىن بۇ ئالامەت يوقاپ، قىلىچىنى يېرىمىغىچە سۇغۇرۇپ ئالدى، ئاندىن نېمە ئۈچۈندۇر يەنە «شاراق» قىلىپ، قىنىغا سالدى ـ دە، تاقىسىمان چىرايلىق بۇرۇتىنىڭ ئۇچلىرىنى غەلىتە دىڭگايتىپ، ئالىغاي ياساۋۇلغا قاراپ:

— ئېلىپ چىق! — دېدى.

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ تېز مېڭىپ قاماقخانىدىن چىقتى. ئالىغاي ياساۋۇلنىڭ ئىشارىتى بىلەن، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەلى قۇشچىمۇ چىقتى.

## 8

مىرزا ئابدۇللىتىپ ئەلى قۇشچىنى قاماققا ئېلىشقا پەرمان بەرگەن كۈنىلا، رەسەتخانا بىلەن ئۇلۇغبەگ مەدرىسىسىنى پېچەتلەپ، تالىپى ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى تارقىتىۋېتىش ۋە بارچە ئىلىم ئەھلىنى نازارەت قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. شاھزادە بۇ پەرمانغا ئىمزا قويۇپ، مۆھۈر باسقاندا قولى تىترەپمۇ قويمىغانىدى، بولۇپمۇ شەيخ نىزامىددىن خامۇش كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىمۇ ئارام تاپتى. پايتەختتىكى ۋە كۆكسارايدىكى ئىشلار ئاستا ـ ئاستا ئۆز ئىزىغا چۈشۈشكە باشلىدى.

ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئەرزىنى ئېيتىش ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈش ئۈچۈن بارلىق ئېسىلزادىلەر، ھەربىي ئەمەلدارلار ۋە دۆلەت ئەربابلىرى، مويسىپىت - ئاقساقاللار، بەگ - بەگزادىلەر كۆكسارايغا قەدەم تەشرىپ قىلىشىدىغان بولدى. ئۈچىنىسىغا لەئەل ۋە دۇر بىلەن زىننەتلەنگەن زەرباپ تون، تۇلكە ۋە سۆسەر تېرىسىدىن تىكىلگەن كىمخاب تاشلىق جۇۋا، باشلىرىغا قىممەت باھالىق قۇندۇز تەلپەك، تۇلكە تۇماق ۋە ساپسېرىق سۆسەر بۆك كىيىشكەن بۇ ھاكاۋۇر ئېسىلزادىلەر، مىرزا ئابدۇللىتىپنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ، سالامخانىدا لەشكەرلەردەك سەپ تارتىپ تۇرۇشىدىغان، شاھزادە كۆرۈنگەندە گويا مىرزا ئابدۇللىتىپ ئەمەس، بەخت ئىگىسى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگانى يېتىپ كەلگەندەك، ئىككى پۈكۈلۈپ سەجدىگە باش قويىدىغان بولۇپ قېلىشتى. ئۇلار شاھزادىنىڭ ھەربىر سۆزىنى قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلايتتى ۋە ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنى تولىمۇ مۇقەددەس دەپ بىلەتتى. تۈنۈگۈن ئەتىگەندە پايتەخت سودىگەرلىرى نامىدىن ئەلچى بولۇپ، بىر توپ سودىگەر ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ يۈكۈندى. ئۇلار قۇرۇق قول كەلمىگەندى. ئون ئىككى تۆگىدە توپ - توپ شايى، يىپەك، مۇۋۇت ۋە كىمخابلارنى، ھىندى چىنىي ۋە جۇڭگونىڭ فارفور قاچىلىرىنى سوۋغات قىلىپ كېلىشكەندى. سودىگەرلەر ئابدۇللىتىپقا ئامان - ئېسەنلىك، بەخت - سائادەت ۋە شان - شۆھرەت تىلەپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار ئەمدىلا چىقىپ كېتىشى بىلەن سارايۋەن كىرىپ تەزىم قىلدى:

— شائىر مىر يۈسۈپ خىلۋەتى شاھ ھەزرەتلىرىگە ئىخلاسمەنلىكىنى ئىزھار قىلىش نىيىتىدە قەدەم تەشرىپ قىپتۇ!

— شائىر مىر يۈسۈپ خىلۋەتى؟ ...

شاھزادە بۇ شائىرنىڭ نامىنى قەيەردىدۇر ئاڭلىغان، ھەتتا ئۇنىڭ شېئىرىي دىۋانىنىمۇ كۆرگەنىدى. شۇڭا، ئۇ جۇمە مەسچىتىدىكە ئالدىراۋاتقان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر سۆيۈنۈپ كېتىپ، شائىرنى تەكلىپ قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېشىغا گۇللۇك گىلەم دوپپا، ئۇستىگە شايى تون كىيگەن دۇگىلەككىنە بىر ئادەم ئىشىكتىن كىرىپ پەگادا يۇكۇندى ـ دە، ئالىقانلىرىنى گىلەمگە تەگكۈزۈپ، ئاندىن لەۋلىرىگە ۋە قاش ـ كۆزلىرىگە سۈرتتى.

شائىرنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى شۇنداق تېز ھەم كۈلكىلىك بولدىكى، شاھزادە ئىختىيارسىز ھالدا ھىجىيىپ، ئۇنى كۆرسىغا تەكلىپ قىلدى. لېكىن، مىر يۇسۇپ خىلۋەتى كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە پىچىرلاپ كەتتى:

— پېقىر سىزدەك ئادالەت دۇنياسىنىڭ قۇياشى، سەلتەنەت تاجىنىڭ دۇر ـ گۆھىرى، نەزمە ئىلمىنىڭ سۆز پادىشاھى شەنىگە بىر شېئىر يازغانىدىم، سىزدەك نەزم خۇمار شاھىم لازىم كۆرسە ئوقۇپ بەرسەم...

شاھزادىنى يەنە كۈلكە قىستاپ:

— سىزدەك سۆز سۇلتانى ئېھتىرام بىلەن شېئىر يازغان تۇرسىڭىز، ئوقۇپ بېرىشنى قانداقمۇ لازىم كۆرمەيمەن؟ — دېدى، — ھەشقاللا، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئەزىز بۇرادەر!

مىر يۇسۇپ خىلۋەتىنىڭ پۈتلىرى يىپەك تونىنىڭ كەڭ ئېتەكلىرى ئاستىدا تىترەپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ قولتۇقىدىن يىپەك رەختكە ئورالغان بىر كىتابچىنى ئالدى. ئۇنىڭ ئاناردەك قىپقىزىل، يۇپيۇمىلاق يۈزى ئىلھامدىن ۋىلىلداپ، ھاياجاندىن ئاۋازى تىترەپ ئوقۇشقا كىرىشتى.

*بوۋىڭىز فەتھ ئېتىپ شۆھرەت قازاندى جۇملە دۇنيانى،*
*ئۇ ئالەم كۆرمىگەي ئەمدى ئۇنىڭدەك زاتى ئەلانى.*
*دىلى پاك ئاتىڭىز ئۆمرىن نۇرى رەھمەتكە تولدۇردى،*
*ئېلىپ شاھانە نامىغا خاقانى سەئىد ئۇنۋانى.*
*پەلەك ئەسرارىغا قولىن كۆتۈرۈپ بىراۋا سۇلتان،*
*پەلەك قەھرىگە ئۇچراپ ئۆز بېشىغا سالدى غوۋغانى.*
*مۇسۇلمان تاجدارىن تەختى ئۈزۈككە ماس ياقۇتتەك،*
*ياراشقاي، بولسۇن قۇتلۇق، مۇلكى ئىسلام ئەھلى سەربانى...*

ئاخىرقى مىسرالارغا كەلگەندە، خىلۋەتنىڭ ئاۋازى ھاياجان-
دىن تىخىمۇ تىترەپ كەتتى. بىراق، ئۇ كىتابچىدىن كۆزىنى
ئۈزۈپ، شاھزادىگە قورقۇپراق قارىدى. ئۇنىڭ ئىلھامدىن ۋىل -
ۋىل يانغان يۇمىلاق يۈزىدە، ئەندىشىگە چۆككەن كۆزلىرىدە شۇنداق
زور بىر ئىلتىجا بار ئىدىكى، شاھزادە ئىختىيارسىز ھالدا:
— ئاپىرىن سىزگە، ئەزىز بۇرادەر، ئاپىرىن! دەپ تاشلىدى.
بوش ۋاقىتلىرىدا ئۆزىمۇ شېئىر يېزىشنى مەشىق قىلغان ۋە
پۈتۈن بىر دىۋاننى يېزىپ چىققان مىرزا ئابدۇللىتىپقا مىر يۈسۈپ
خىلۋەتنىڭ شېئىرى ئانچە ياقمىدى. گەرچە بۇ شېئىرنىڭ
ئاخىرقى ئىككى مىسراسى ئۇنىڭ لېۋىدە تەبەسسۇم پەيدا قىلغان
بولسىمۇ، شاھزادە بۇنداق يالىڭاچ شېئىرلارنى ئەمەس، مەنىسى
يوشۇرۇنراق نازۇك شېئىرلارنى ياخشى كۆرەتتى. لېكىن، سارايغا
مەشھۇر شائىرلارنى ۋە ئالىملارنى يىغىپ، ھەشەمەتلىك تۇرمۇش
كەچۈرۈش ئىشقىدا يانغان مىرزا ئابدۇللىتىپ ئۇچۇن ئېيتقاندا،
ئۇ تېخى بىرىنچى قارلىغاچ ئىدى. شۇڭا، شاھزادە سارايۋەننى
چاقىرىپ، خىلۋەتكە زەرباپ تون كىيگۈزۈشنى بۇيرۇدى ۋە ئۇنى
ئۆزى بىلەن بىللە جۈمە مەسچىتكە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى.
بۈگۈن مىرزا ئابدۇللىتىپ شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ ئىل-
تىماسى بىلەن بىبىخانىم مەسچىتىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، خۇتبە
ئوقۇشى لازىم ئىدى. بۇ شاھزادىنىڭ كۆكسارايدىن بىرىنچى قېتىم
چىقىشى بولغاچقا، باشتا ئۇنىڭ كۆڭلى نىمە ئۈچۈندۇر غەش بو-
لۇپ، سارايۋەنگە كۆپرەك سىپاھ تەييارلەشنى بۇيرۇدى. سارايۋەن
تەييارلىگەن ئەللىك نەپەر سىپاھقا ساراي مەھرەملىرى ۋە ئوردا
ئەمەلدارلىرى قوشۇلۇپ سەمەرقەند كوچىلىرىدىن ئات چاپتۇرۇپ
ئۆتۈشكەندە، خۇددى چوڭ قوشۇن باستۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك ھەممە
ياق پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. كوچىلاردا ئادەم يەنىلا شالاڭ ئىدى.
كۆكسارايدىن بىبىخانىم مەسچىتىگە بارىدىغان چوڭ كوچىنىڭ ئىك-
كى تەرىپىدىكى دۇكانلارنىڭ كۆپىنچىسى تاقاق بولۇپ، پەقەت
كولالچىلار ۋە تاشچىلار رەستىسىدە تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋازلار

ئاڭلىناتتى ، ھەتتا تۆت كوچا ۋە كوچا ئېغىزلىرىمۇ بۇرۇنقىدەك تىقما ـ تىقما ئەمەس ئىدى . بۇ ھال ئىمىنشىقىدۇر شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى بىسەرەمجان قىلدى . ئۇ شەھەر دورغىسى مىرانشاغا ئېيت-تىپ ، بارلىق سودىگەر ۋە دۇكاندارلارغا دۇكانلىرىنى ئاچتۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى . رىگىستان مەيدانىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان-دىمۇ ، ئۇ يەنە شۇنداق بولدى . قانداقتۇر چۆللىشىپ قالغان مىرزا ئۇلۇغبەگ مەدرىسىسىنىڭ بوش مەيدانىنى كۆرگىنىدە ، مىرزا ئۇ-لۇغبەگ قەتل قىلىنغان كېچىسى خۇرجۇن كۆتۈرۈپ كىرگەن ئە-مىر سۇلتان جاندارنىڭ سىرلىق ھىجىيىشى ئېسىگە كېلىپ ، پۈ-تۈن ۋۇجۇدى بوشىشىپ كەتتى ... بۇ قورقۇنچلۇق تۈيغۇ پەقەت مەسچىتكە يېقىنلاشقاندىلا سەل پەسەيدى ...

بىبىخانىم مەسچىتىنىڭ قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازىسى ئال-دىدا ، ئۇنى شەيخ نىزامىددىن خامۇش باشلىق پايتەختتىكى پۈتكۈل ئۆلىما ـ ئاقساقاللار ۋە شەھەر دورغىسى مىرانشا باشلىق بەگ ـ ئەمەلدارلار قارشى ئېلىشتى .

مەسچىتنىڭ سەل كەم ئون مىڭ نامازخان سىغىدىغان سەينا-سى ئادەمگە لىق تولغان بولۇپ ، بۇ يەرگە ھەرقايسى مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى ۋە بارلىق دىن پېشۋالىرىمۇ يىغىلغانىدى . بىر بۇلۇڭدا گاداي ۋە دەرۋىشلەر ، يەنە بىر بۇلۇڭدا يېقىن ئەتراپتىكى بازارلار-دىن كەلگەن پۇقرالار كۆرۈنەتتى . لېكىن ، كۆپىنچىسى ئاپئاق سەللە ئوراپ ، زەرباپ ۋە مەخمەل تونلىرىنىڭ تېشىغا ئاق چاپان كىيگەن دىن پېشۋالىرى ۋە ئۆلىما ـ ئاقساقاللار بولغاچقا ، ئاق مەرمەر يېپىتىلغان كەڭ سەينا گويا ئاپئاق كۆپۈكلەنگەن دېڭىز يۈزىدەك دولقۇنلىنىپ ، ئاجايىپ بىر مەنزىرە پەيدا قىلغانىدى . شەيخ نىزامىددىن خامۇش ھەزرەتلىرى شاھزادىنى قولتۇقىدىن تۇ-تۇپ ، سەجدە قىلىۋاتقان كىشىلەر ئالدىدىن جۈمە مەسچىتنىڭ ھەي-ۋەتلىك پەشتاقلىرى ئاستىدىكى ئېگىز مەرمەر سۇپىغا باشلاپ بار-دى . كىتاب شەكلىدە ياسالغان مەرمەر سۇپىغا كىمخاب تاشلىق «كالامۇللائى شەرىف» قويۇلغانىدى . مىرزا ئابدۇللىتىپ مەسچىت-

نىڭ پەشتاقلىرى ئاستىدىكى ئېگىز مېھرابقا چىقىپ خۇتبە ئوقۇ-
دى، ئۇ شەرئىيەتنى مۇستاپا، ھەدىسى شەرىف ۋە قۇرئانى مەجىتتىن
ئايەت ۋە كەلىمىلەرنى يادقا نەقىل كەلتۈرۈپ ۋەز ئېيتقاندا ۋە
ئىسلام دىنىنىڭ رەقىبلىرىنى قارغاپ، ئىسلام مۇلكى بولغان ماۋە-
رائۇننەھىردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاۋات دەۋرى ۋە سائادەتلىك كۈنلىرى-
نىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى زىكىر قىلغاندا، سەل كەم ئون مىڭ
نامازخاننىڭ: «ئامىن، يا رەببۇلئالەمىن!» دەپ جور بولۇشىدىن
ئاسمانغا تاقاشقان گۈمبەزلەرمۇ لەرزىگە كەلدى ... شاھزادىدىن
كېيىن شەيخ نىزامىددىن خامۇش ھەزرەتلىرى خاقانلىقنى ئېلان
قىلىپ، ئاتالمىش بارچە مۇسۇلمانلارنىڭ باشپاناھى، سەلتەنەتنىڭ
قىبلىگاھى ھەم تاجدارى دەپ ئاتالغان شاھزادە ئۈچۈن ئۇزاق دۇئا
قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئون مىڭ نامازخاننىڭ يەنە بىر دەك:
«ئىلاھە ئامىن» دېيىشى بىلەن ئېگىز پەشتاقلاردىكى كەپتەرلەر
ئۇچۇپ، جۈمە مەسچىت لەرزىگە كەلدى.
بۇ نامازدىن كېيىن شاھزادىنىڭ كاللىسىدىكى گۇمانلار يو-
قاپ، كۆڭلى تېخىمۇ يورۇپ كەتتى. راست، بەلختىن كەلگەن
تىڭتىڭچىلار يامان خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ھىرات ھاكىمى بىر نەۋرە
ئاكىسى سۇلتان مۇھەممەت مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قەتل قىلىنغانلى-
قىنى ئاڭلاپ، ماۋەرائۇننەھرگە قوشۇن تارتىپ كەلمەكچى بولغان-
دى. لېكىن، بىر تەرەپتىن مىرزا ئابدۇللەتىپ ئۇنىڭغا سۇلھى
قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. يەنە بىر تەرەپتىن، سۇلتان
مۇھەممەت قىش پەسلىدە يۈرۈش قىلالمايدىغانلىقىنى پەملىدى.
شۇڭا، شاھزادە بۇ تەرەپلەردىن خاتىرجەملەندى. پەقەت بىرلا نەرسە
ئۇنى يەنىلا قىينايتتى، كېچىلىرى ۋەھىمىدىن قۇتۇلالمايتتى. كۆ-
زى ئەمدىلا يۇمۇلۇشى بىلەن، گويا ئۆيگە بىرسى كىرىپ كەلگەن-
دەك، شەمشىرىنى يالىڭاچلاپ ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغاندەك تۇيۇلۇپ
ئويغىنىپ كېتەتتى. ئويغىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ھەربىر شەپى-
دىن يۈرىكى سۇ بولۇپ، تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي ئۆيدە مېڭىپ
چىقاتتى. شۇنداق چاغلاردا، كاللىسىدا بىر - بىرىدىن يامان،

بىر ـ بىرىدىن قورقۇنچلۇق خىياللار كېچىپ ، پايتەختتە ئۇنىڭغا قارشى توپىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇۋاتقاندەك ، بۇ توپىلاڭغا قېرىنداشلىرى ئابدۇللا بىلەن ئەبۇسەئىد مىرزا قول تىقىۋاتقاندەك ، توپىلاڭچىلار بۇ ئىككى شاھزادىنى تۇرمىدىن قاچۇرۇۋەتكەندەك تۇيۇلاتتى ـ دە ، كېچىلىرى ئۇلار ياتقان زىندانىنى ۋە يەر ئاستى قاماقخانىلارنى ئايلىنىپ كەلگۈسى كېلەتتى ، بىراق ، سارايدىن چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى ، ئەتىگەنلىرى بولسا ، سالامغا كەلگەن ئەمىرلەرنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارايتتى ، كىمكى كۆزىنى قاچۇرسا ، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن يامان بىر گۇمان پەيدا بولاتتى . ساراي مەھرەملىرى ، ھەتتا بەلخلىق خىزمەتكارلىرىدىن ئىككى ئادەم بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتا سۆزلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن بولسا ، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولاتتى . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ پىچىر ـ پىچىر قىلىشى باشقا ئىش ئەمەس ، خۇددى ئۇنىڭ ئۈستىدىن پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى .

قېرىشقاندەك ، بابا جۇمە نامىزىدىن قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا شەيخ نىزامىددىن خامۇش يەنە مەۋلانە ئەلى قۇشچىدىن سۆز ئېچىپ ، خېلى ئارام تېپىپ قالغان كۆڭلىگە يەنە غەم سېلىپ قويدى . چۈنكى ، شەيخ نىزامىددىن خامۇش ئۇنىڭغا بىر مۇنچە دىنسىز ئالىملارنىڭ ۋە باشقا كۇپپارلار يۇرتىدىن ئېلىپ كېلىنگەن كىتابلارنىڭ تىزىملىكىنى تۇتقۇزۇپ ، ئېھتىيات قىلىش كېرەكلىكىنى ، چۈنكى ھاكىمىيەتنىڭ تىنچلىقىنى بۇزىدىغانلار ئاشۇ بىتەۋپىقلەر ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى ۋە پىتنە ـ ئىغۋا ھەم مۆمىن مۇسۇلمانلارنى يولدىن ئازدۇرىدىغان شەرىئەتكە خىلاپ كەيپىياتلارمۇ شۇلار تۈپەيلى پەيدا بولىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىدى .

«پىتنە» سۆزىنى ئاڭلىغان شاھزادە تىترەپ كەتتى . ئۇ سارايغا قايتىپ بىرىپلا ئەلى قۇشچىنى چاقىرتىپ سوراققا تارتماقچى بولدىيۇ ، كېچىدە كېلىدىغان ئۇيقۇسىزلىق بالاسىنى ئويلاپ ، بۇ ئىشنى كېچىگە قالدۇردى . مانا ھازىر ئۇ دىۋانبېگى ئېلىپ كەلگەن كەچكى خەت ـ ئالاقىلەرگە ئىمزا قويۇپ بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئىجازەت

بەردى ـ دە ، ئەمىر سۇلتان جاندارنى ئەلى قۇشچىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى ، ئۆزى بولسا تەختتە ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتى .

ئەجەبا ، بۇ ئۇچرىشىش نىمىشقا ئۇنى بۇنداق قاتتىق هاياجانلاندۇردۇ ، هەتتا چۆچۈتىدۇ .

مىرزا ئابدۇللەتىپ مەۋلانە ئەلى قۇشچىنى بىر نەچچە قېتىم كۆرگەنىدى . هىراتتىن ماۋەرائۇننەھرگە كېلىپ ، ئاتىسى مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن ئوۋغا چىققان چاغلاردا ، كۆكساراي ۋە «باغى مەيدان» دا بىرلىگەن زىياپەتلەردە ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان ، هەتتا ئۇنىڭ ئاسترونومىيە توغرىسىدا مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن قىلىشقان سۆھبەتلىرىنىمۇ ئاڭلىغانىدى . بۇ ئۇچرىشىشلاردا شاهزادىنى شۇ نەرسە هەيران قالدۇرغانىدىكى ، ئۇ بولسىمۇ ئەلى قۇشچىنىڭ تۇرقىدىكى قەتئىيلىك ۋە كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئىقتىدار ئىدى . قارامتۇل كەلگەن بۇ ئىگىز ، ئىنچىكە ئادەمنىڭ بەستىدىن كۈچ يېغىپ تۇراتتى ، كەڭ پېشانىسى ۋە ئۆتكۈر كۆزلىرىدە ئەقىل ـ پاراسەت ئۇچقۇنلىرى ئەكس ئېتەتتى . ئىلمەك بۇرۇنلۇق ئۇزۇنچاق يۈزىدە ئاجايىپ بىر شىددەت ، مەردلىك ۋە ناتىقلارغىلا خاس زور ئىقتىدار سېزىلىپ تۇراتتى .

شاهزادە بۇ ئادەمگە قىزىقىپ قېلىپ ، ئاشۇ چاغلاردىلا ئۇنىڭ فەلەكىيات ، رىيازىيات ۋە ھەندىسە ئىلمىدىكى مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە بېغىشلىغان رىسالىلىرىنى تاپقۇزۇپ ئوقۇپ چىققان ۋە ئۇنىڭ زامانىۋى پەنلەر ساھەسىدىكى ئەقىل ـ پاراستىگە ، بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ھەم ئىقتىدارىغا ئۆز كۆڭلىدە ئاپىرىن ئوقۇغانىدى . ھەئە ، شەيخنىڭ سۆزىمۇ ئورۇنلۇق ، مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۆز بايلىقىنى ۋە توپلىغان كۆپۈر كىتابلىرىنى يوشۇرۇشقا بەل باغلىغانىكەن ، ئەلى قۇشچىدىنمۇ ئىشەنچلىك بىرەر ئادەمنى تاپالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

شاهزادە هازىر ماۋەرائۇننەھردىن تاكى خوراسانغىچە داڭ چىقارغان ، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئوڭ قولى هېسابلانغان بۇ ئادەم بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشمەكچى ، يەنى يۇلتۇزلار سىرىنى ، ئاجىز

بەندىلەرنىڭ تەقدىرىنى بىلىدىغان مۆنەججىم بىلەن مۆنازىرىلەشمەكچى . ياق ، مۆنازىرىلەشمەكچى ئەمەس ، ئۇنى سوراققا تارتماقچى ، يوقالغان ئالتۇنلارنى ۋە مەكرۇھ كىتابلارنى ئۇنىڭغا تاپقۇزماقچى ... شاھزادە بۇنى ئويلىغاندا ، ئەلى قۇشچىنىڭ سۇرلۇك چىرايى ، غەزەپتىن چاقناپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلىرى ، جەسۇر قىياپىتى يەنە كۆز ئالدىغا كېلىپ ، ئەمىر جاندارنى قايتۇرۇپ كەلگۇسى ، مەۋلانىنى سوراققا تارتىشنى ئەمىر جاندارنىڭ ئۆزىگە يۈكلىگۈسى كەلدى . لېكىن ، شۇنىسى قىزىقكى ، شەيخ ھەزرەتلىرى ئەلى قۇشچى توغرىسىدا گەپ ئاچقاندىن بېرى ، بۇ ئادەم ئۇنىڭ خىيالىدىن نېرى كەتمىدى ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقۇسى ، ئۇنىڭ بىلەن بەس ـ مۇنازىرە قىلغۇسى ، ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى . مانا ھازىرمۇ ئۇنىڭ كاللىسىغا غەلىتە بىر پىكىر كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . مۇبادا ئەلى قۇشچى ياخشىلىقچە ئۆز گۇناھىغا تونۇپ قىلىپ ، ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلارنى قايتۇرۇپ بەرسە ، كۇپۇر كىتابلارنى يوشۇرغان جايىنى كۆرسىتىپ بەرسە ، ئۇنى ئوردىدا ئىشلەتسە بولارمۇ ؟ مەغرىبتىن ـ مەشرىققىچە داڭ چىقارغان بۇ مۆنەججىم سارايدا ، شاھزادىنىڭ يېنىدا بولسا چاتاق چىقماسمۇ ؟ دەھرىي شاھنىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك شاگىرتى ۋە مەسلىھەتچىسى ھېسابلانغان بۇ زاماننىڭ ئالىمى كۆكسارايدا ، شاھزادىنىڭ ئۇلپەتلىرى قاتارىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرسا ... شۇنىڭ بىلەن بارلىق پىتنە ـ پاساتلارغا ، قەبىھ مىش ـ مىش گەپلەرگە خاتىمە بېرىلمەسمۇ ؟ ... ئەلى قۇشچى كەلسە ، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ باشقا شاگىرتلىرى ، مەشھۇر شائىرلار ، تارىخشۇناسلار ، بارچە ئىلىم ئەھلى سارايغا كەلمەسمۇ ؟ ... بۇگۇن شائىرلاردىن بىرى ئۆز مەيلى ـ ئىختىيارى بىلەن كىرىپ كەلدى . بىراق ، شاھزادىنىڭ مىر يۇسۇپ خىلۋەتىدەك ئادەتتىن تاشقىرى تەكەللۇپچى ، ئەمما تولىمۇ ئادەتتىكىچە شائىرلارنى ئەمەس ، ئەلى قۇشچىدەك ئالەمگە مەشھۇر زاماننىڭ ئالىملىرىنى بويسۇندۇرغۇسى كېلەتتى ...

قوشنا ئۆيدە ئاياغ تىۋىشلىرى ئاڭلاندى. شاھزادە تېمىشقىدۇر ھودۇقۇپ، ئالمان - تالمان ئۆزىنى كۇرسىغا تاشلىدى - دە، ئۇنىڭ سىپسىلىق يۆلەنچۇكلىرىنى تۇتۇۋالدى. گىرۋەكلىرىگە ئالتۇن تاسمىلار قېقىلىپ زىننەتلەنگەن چوڭ ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ، ئەمىر سۇلتان جاندار كۆرۈندى.

— تۇتقۇننى ئېلىپ كەلدىم، ئۇلۇغ شاھىم...

ئەمىر جاندار چىقىپ كېتىپ، ئورنىغا ئەلى قۇشچى كىردى. ئۇ كىرىپ بىلىنەر - بىلىنمەس باش لىڭشىتىپ سالام بەرگەن بولدى - دە، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ھالسىزلانغاندەك تامغا يۆلەندى.

مىرزا ئابدۇللەتىپ غەزەپكە كېلىپ: «تىزلان، ھەي ئىپلاس!» دەپ ۋارقىرىغۇسى كەلدى، لېكىن كۆڭلىدە پەيدا بولغان قىزىقىشنىڭ غالىب كېلىپ، ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالدى. بېشىغا دەرۋىشلەرنىڭ كۇلاھىغا ئوخشايدىغان موردىسىمان قالپاق، ئۇچىسىغا قارا تېرە چاپان كىيگەن بۇ ئېگىز، ئورۇق ئادەم ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەندەك كۆرۈنەتتى. قارامتۇل كەلگەن ئۇزۇنچاق، ياداڭغۇ يۇزىدىن، لەۋلىرىنى يالاپ ۋە ئوچۇق كۆكرىكىنى كېرىپ، گويا شاھزادىنى كۆرمىگەندەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇشىدىن، ئۇنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەندىلا شاھزادىنى ھەيران قالدۇرغان ئاشۇ ئۆتكۇرلۇك ۋە ئاشۇ قەتئىيلىكى چىقىپ تۇراتتى، پەقەت قىسقىغىنا كەكە ساقىلىغا بىر - ئىككى تال ئاق سانجىغانىدى... «ئۇستازى قانداق تەكەببۇر بولسا، بۇمۇ شۇنداق تەكەببۇر!» دەپ ئويلىدى شاھزادە.

ئەلى قۇشچى گويا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك، كۆزلىرىنى ئاچتىيۇ، قەندىلدىكى شاملارنىڭ كۈچلۈك نۇرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، يەنە كۆزىنى يۇمدى...

ھەيھات! ھەپتە - ئون كۈن بۇرۇنلا، بۇ يوپيورۇق ئۆيدە، بۇ ئالتۇن تەختتە جەننەتماكان ئۇستاز ئولتۇراتتى! ئۇ دەل مۇشۇ ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا — ئەلى قۇشچىغا كۆڭلىدىكى دەردلىرىنى تۆكۈپ بەرگەن ۋە ئاخىرقى ۋەسىيەتلىرىنى، ئارزۇ -

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تىلەكلىرىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئەمدى بۇ تەختتە ئۆز ئاتىسىنى قەتل قىلغان بۇ تۇزكور قاتىل، بۇ ئاتا قاتىلى ئولتۇرۇپتۇ… ھەئە، ئۇنىڭ بىر تۇزكور قاتىل، قانخور ئاتا قاتىلى ئىكەنلىكى چىرايىدىن، شالاڭ بۇرۇتلىرىنىڭ غەلىتە دىڭگىيىشىدىن، تەشۋىش ئىچىدە پىل - پىل قىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ سارغايغان چىرايىدا يامان بىر كېسەللىكنىڭ نىشانىسى، كۆزلىرىدىن ئاللىقانداق قورقۇنچ، ياق، قورقۇنچ ئەمەس، تەلۋىلىك چىقىپ تۇرۇپتۇ! …

«كۆزلىرىنىمۇ ئاچمايۋاتىدۇ. مەندەك تاجداردىن ھېيىقمايۋاتىدۇ تېخى!»

شاھزادە قوللىرى بىلەن ئالتۇن تەختنىڭ يۆلەنچۈكىنى تىرەپ، شاققىدە ئورنىدىن تۇردى.

— مەۋلانە ئەلى! — دېدى ئۇ كىنايە بىلەن، — بۇ دەرگاھقا ئۇخلىغىلى كەلمىگەندۇرسىز؟ ئېچىڭ، كۆزىڭىزنى!

ئەلى قۇشچى ئالىقىنى بىلەن كۆزلىرىنى يورۇقتىن توسۇپ، بېشىنى كۆتۈردى.

— ئەپۇ قىلغايسىز، شاھزادە. قاراڭغۇغا كۆنگەن كۆزۈم، بۇ يورۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ …

— قاراڭغۇدىن قۇتۇلماق مەۋلانىنىڭ ئۆز ئىختىيارىدا! — دېدى شاھزادە مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ.

«كەمىنە سىنى قىلىچىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان بىر قاتىل دېسەم، تۈلكىلىكىنىمۇ قاملاشتۇرىدىغان ئوخشىمامسەن؟ … »

— سۆزىڭىزنى چۈشەنمىدىم، شاھزادە …

مىرزا ئابدۇللىتىپ ۋال - ۋۇل يېنىپ تۇرغان كۇل رەڭ گىلەمدە شەپە چىقارماي مېڭىپ ئىشىككە يېقىن كەلدى. ئۇنىڭ تاتارغان كېسەلمەن چىرايىدا ۋە چوڭقۇر پاتقان سارغۇچ كۆزلىرىدە قانداقتۇر يوشۇرۇن بىر دەرد ۋە مۇڭلۇق ئىپادە پەيدا بولدى - دە، ئۇستازنىڭ غەمكىن چىرايىغا ئوخشاپ كەتتى.

— مەۋلانە ئەلى، مەن دەۋرىمىزنىڭ سىزدەك داناسىغا تولىمۇ

ھۆرمەت قىلىمەن. شۇ سەۋەبتىن بىلمەكچىمەنكى، سىز پېقىرنى قانداق ئادەم دەپ بىلىسىز؟ — شاھزادىنىڭ ئاۋازى پەۋقۇلئاددە سىپايە ئاڭلاندى.

«يا رەببى! بۇ ئىپلاس نېمە دەيدىغاندۇ؟ مۇددىئاسى نېمە؟ كۆڭلۈمنى ئېرىتمەكچىمۇ؟ كۆڭلۈمنى ئېرىتىپ، ئۆزىگە بېقىندۇرماقچىمۇ؟»

ئەلى قۇشچى شاھزادىنىڭ غەمكىن كۆزىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى.

— نېمىشقا ئۈندىمەيسىز، مەۋلانە؟ — دېدى شاھزادە بوغۇلۇپ، — ماڭا ئايانكى، سىز مېنى ئۆز ئاتىسى، ئۆز قىبلىگاھى بىلەن تاج - تەخت تالاشقان بىر تۈزكور، ئەل - ئۇلۇسنىڭ ئاسايىشلىقىنى بۇزغان بىر مۇستەبىت، ئىلىم ئەھلىنىڭ رەقىبى بولغان بىر ئىپلاس دەپ بىلىسىز! ... ۋە لېكىن! ... — شاھزادە كۆزىگە ياش كەلگەن ئادەمدەك توساتتىن يۆتىلىپ، لام - جىم دېمەي جىم بولۇپ قالدى.

ئەلى قۇشچى ئۇنىڭ غەمكىن كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراشتىن ئەنسىرەپ يەرگە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ خىيالىدىن بايىقى پىكىر نېرى كەتمەيتتى ۋە شاھزادىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنەلمەي قىينىلاتتى. دەرۋەقە ئۆزىنىڭ پاك ئاتىسى بىلەن ھاكىمىيەت تالاشقان، تاج - تەختنى دەپ ئۇنى قەتل قىلغان، ھاكىمىيەت تۆپىسىگە چىقىش بىلەنلا بارلىق مەرىپەت ئورۇنلىرىغا قولۇپ سالدۇرۇپ، بارچە ئىلىم ئەھلىنى ۋەيران قىلغان بۇ مۇستەبىت، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا، قاماقتا ياتقان بىر تۇتقۇن ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنىدۇ، نېمە ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىدۇ؟

— ۋە لېكىن ... — دېدى شاھزادە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، — پېقىر گۇناھكار بەندە ئۆز ئاتامنى تەختتىن جۇدا قىلدىم ... بۇ ئىشنى ئىسلام يولىدا قىلغانمەن، مەۋلانە! ماڭا ئايان، سىز ئۇل زاتنى ئۇستاز دەپ بىلىسىز ۋە لېكىن، قانداق قىلاي، ئۇل زات ھەدىسنى مۇقەددەس دەپ بىلمەي، شەرىئەتنى مۇستاپانى دەستۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلماي، ئىنساپسىزلىق قىلسا، بۇنىڭغا نېمە ئامال بار؟ — دېدى شاھزادە ۋە خۇددى ئەلى قۇشچىنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈشىدىن قورققاندەك بىرلا تىندى ـ دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ياق، مەن ئىلىم ـ مەرىپەتكە قارشى تۇرماقچى ئەمەسمەن، مەۋلانە. پەقەت ئىلىمنىلا دەپ، ھەقتائالانى ئۇنۇتماق توغرا ئەمەس...

ئەلى قۇشچى قەلبىدە ئەۋج ئالغان دولقۇننى ئاران بېسىپ:

— ئەي پەرۋەردىگار! — دېدى ئاستا، — شاھزادە، ئۇل پاك بەندىنى ھەقتائالا بۇ دەرگاھدىن ئۆز ئارامگاھىغا چاقىردى. ئاللانىڭ دەرگاھىغا راۋان بولغان ئاجىز بەندىنى قارىلىماق ۋە ئۇنىڭ گېپىنى قىلماق گۇناھى ئەزىمدۇر، شاھزادە.

ئەلى قۇشچى شاھزادىنىڭ چىرايىغا قارىمىدى. بىراق، ئۇنىڭ گەپ تاپالماي دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن، شاھزادە:

— نە چارە؟ — دېدى ئۇھ تارتىپ، — بۇ، بىر ـ ئىككى مەلئۇن قانخورنىڭ قىلغان ۋەھشىيلىكىدۇر. بۇنىڭغا پەرۋەردىگارى ئالەم شاھىت، مەۋلانە. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قان يىغلىدىم. بۇ رەزىللىككە باش قوشقان قاتىللارنى قولغا ئالدۇرۇپ، ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئالدۇردۇم، مەۋلانە!...

ئەلى قۇشچىنىڭ يۈرىكى مۇزلاپ، شاھزادىگە يالت قىلىپ قارىدى. مىرزا ئابدۇللىتىپ ئالتۇن تەختكە يۆلىنىپ، ھەيكەلدەك ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، قىلىچنىڭ دەستىسىنى تۇتقان قولى دىر ـ دىر تىترەيتتى.

ئەلى قۇشچى يەنە ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇردى.

«بەس! بۇ مىسلىسىز رەزىللىككە، بۇ ئىككى يۈزلىمىلىككە خاتىمە بېرىش زۆرۈر!»

— شاھزادە! كەمىنىگە بۇ گەپلەرنى قىلىشتىن مۇددىئايىڭىز نېمە؟

— مۇددىئايىم، — دېدى شاھزادە، — مۇددىئايىم سىزدەك ئىلىم ئەھلىگە ھەقىقەتنى چۈشەندۈرمەكتۇر!

«راست گەپنى قىلماقچىمۇ ياكى ئۇنى يوشۇرماقچىمۇ؟ ...»
شاھزادە ئەلى قۇشچىدىن جاۋاب كۇتۇپ، جىم ئولتۇراتتى. بىراق، ئەلى قۇشچى زۇۋان سۇرمەي يەرگە قارىغىنىچە قاپىقىنى سىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ تورۇشىدا قانداقتۇر ئىسيانكارلارغا خاس بىر ئالامەت بار ئىدى. شاھزادە قەلبىدىكى غەزەپ دولقۇنلىرى بىلەن ئېلىشىپ:
— مەن بىلىمەن! — دېدى، — بارچە ئىلىم ئەھلىنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى بىلىمەن! ئۇلارنىڭ مەقسىتى نېمە؟ ھەممىسىنى بىلىمەن، مەۋلانە! ...
— شاھزادە! — دېدى ئەلى قۇشچى، — سىز ھەقىقەتتىن سۆز ئاچتىڭىز. ئەگەر سىز دېگەن گەپلەر راست بولسا، ئىلىم ئەھلى نېمە دەيتتى؟ بۇنىڭدىن قورقمىغايسىز. چۇنكى، بەندە مەيلى نېمىلا دېسۇن، ھەقىقەت ھەقىقەتلىگىچە قېلىۋېرىدۇ. ئەگەر مۇددىئايىڭىز شۇ بولسا ...
— مۇددىئايىم بۇ ھەقىقەتنى بارلىق مۆمىن بەندىلەرگە چۈشەندۈرمەكتۇر. پېقىر بۇ ئىشتا سىزدەك ئالىملارنىڭ ياردىمىگە موھتاجمەن، مەۋلانە!
«خۇدايا توۋا! بۇ ئاتا قاتىلى قاچاندىن باشلاپ پېقىر بولۇۋالغاندۇ؟»
شاھزادە ئەلى قۇشچىنىڭ نېمە ئۈچۈن سۈكۈت قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىچە چۈشەنگەن بولسا كېرەك:
— كەچۈرگەيسىز، مەۋلانە، — دېدى يەنە مۇلايىملىق بىلەن، — بۇ يارىماس ئەمىرلەر سىزدەك يېتۈك ئالىمنى بىر ۋاقت قاماققا ئاپتۇ. بەس! ئەلھال، مەرتىۋىڭىز بۇرۇنقىدىنمۇ يۇقىرىراق بولىدۇ!
سوغۇق ھەم قاراڭغۇ قاماقخانا ئەلى قۇشچىنىڭ ئېسىگە كېلىپ، قۇرت-قوڭغۇزلار قىمىشىپ يۈرگەن ئېگىز-پەس تاملار كۆزىگە كۆرۈندى-دە، ئەزايى-بەدىنى سىرقىراپ كەتتى.
— خالىسىڭىز سارايدا قېلىپ، دىۋانبېگى بولىسىز ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمىسا سارايدا تارىخ بىلەن مەشغۇل بولسىڭىزمۇ مەيلى ... يېنىڭىزغا كۆڭلىڭىزگە ياقىدىغان ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنى ۋە شائىرلارنى توپلاپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرى ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىپ ئولتۇرسىز ...

«ھە، يېنىمغا كۆڭلۈمگە ياقىدىغان شائىرلار ۋە ئالىملارنى توپلاپ، سەندەك ئاتا قاتىلىنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى يوشۇرۇپ كىتاب يازىمەن، خەلقنى قەتل - قىرغىن قىلغانلىقىڭنى كەلگۈسى ئەۋلادلاردىن پىنهان تۇتۇپ، ساڭا ھەمدۇ سانا ئوقۇيمەن، شان - شۆھرىتىڭنى ئۇلۇغلاپ قەسىدىلەر يازىمەن ... يا رەببى! ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن! ئۇستازىنىڭ پاك روھىنى شاد ئەتمەي، ئۇنىڭغا قىلىچ كۆتۈرگەن بۇ ئاتا قاتىلىنى مەدھىيىلەپ، تاڭلا - مەھشەردە ئۇ پاك بەندىنىڭ يۈزىگە قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن؟»

ئەلى قۇشچى خىيالىنى قاپلىۋالغان تۇماندىن قۇتۇلماقچى بولغاندەك بېشىنى قاتتىق سىلكىپ كۆزىنى ئاچتى. شاھزادە ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىدە ساختا تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى.

— كەچۈرگەيسىز، شاھزادە. كەمىنە تارىخچى ئەمەسمەن، ساراي ئىشلىرىنى كىتاب قىلىپ يازسام ...

— ئۆزىڭىز يازمىسىڭىز، باشقا دانىشمەنلەرگە باش بولىسىز - دە! خالىسىڭىز ھىراتتىن مەشھۇر تارىخشۇناسلارنى چاقىرتىپ كېلىمىز ...

— ئەپۇ قىلغايسىز. ئۇل ئەقلى زىيادە تارىخچىلار پېقىر ئاجىز بەندىنىڭ يول كۆرسىتىشىگە موھتاج ئەمەستۇ ...

شاھزادىنىڭ نېپىز لەۋلىرىدىكى ساختا تەبەسسۇم ئاستا يوقاپ، كۆزلىرى قىسىلىشقا باشلىدى.

— تارىخ بىلەن شۇغۇللانمىسىڭىز، سارايدا مۇنەججىملىك قىلىسىز.

— بۇ ئىشتىنمۇ ئۆزرە سورايمەن، شاھزادە. چۈنكى، كەمىنە ئىلمىنۇجۇمدىن[1] خەۋەرسىزمەن.

---

[1] ئىلمىنۇجۇم — ئاسترولوگىيە.

— بەس ! — مىرزا ئابدۇللىتىپنىڭ قىسىلغان كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى ، — مەن سىنىڭ مەقسىتىڭنى بىلدىمەن ، بىتەۋپىق ! سەن ··· سەن ئاتامنى يولدىن ئازدۇرغان ، خۇدانىڭ قۇدرىتىگە شەك كەلتۈرگەن كۇپپارسەن ! سەن بارچە ئالىملارنى ئاداشتۇرغان مۇرتەتسەن ، مۇرتەت !···

ئەلى قۇشچى ئۇنىڭ كۆزىدىكى خۇددى غالجىرلاشقان ئىتنىڭ كۆزىدە بولىدىغان قورقۇنچلۇق بىر ئىپادىنى كۆرۈپ ، كۆزىنى يۇمدى .

«خۇدايا تووۋا ! بارچە ئىلىم ئەھلىنىڭ تەقدىرى ، پۈتكۈل ماۋەرا ئۇننەھرنىڭ تەقدىرى ئەقلى - ھوشىدىن ئازغان مۇشۇ تەلۋىنىڭ قولىغا قالۇرمۇ ؟ »

— ئالتۇن نەدە ؟ — توساتتىن سورىدى شاھزادە .

— قايسى ئالتۇن ؟

— ئۇل دىيانەتسىز شاھ بوۋام ئەمىر تۆمۈرنىڭ خەزىنىسىنى ئوغرىلاپ ، ساڭا تاپشۇرغان قۇيما ئالتۇنلارنى دەۋاتىمەن ! دىيانەتسىز شاھ ساڭا تاپشۇرغان ياقا يۇرتلۇق كۇپپارلار يازغان كىتابلارنى دەۋاتىمەن !

— شاھزادە ! ئۆزىڭىزنىڭ پاك ئاتىسىنى دىيانەتسىز شاھ دېيىش ···

— بەس ! سۆزلە ، ھەي ئىبلىس ! دىنسىزلار پۈتكەن كۇپۇر كىتابلارنى يوشۇرۇشتىن مۇددىئايىڭ نىمە ؟ بارچە مۆمىن بەندىلەرنى يولدىن ئازدۇرماقچىمۇ ؟ ھەق يولدىن قايتۇرۇپ ، كۇپپارلار دىنىغا كىرگۈزمەكچىمۇ ؟ ئېيت ، ئىبلىس ! — شاھزادە قوۋۇزلىرىنى كۆپۈرۈپ ئەلى قۇشچىنىڭ ياقىسىدىن تۇتتى ، — ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلارنى يوشۇرۇشتىن مەقسىتىڭ نىمە ؟ پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ ، مېنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچىمۇ ؟

ئەلى قۇشچى يۈزىگە چاچرىغان تۈكۈرۈكتىن يىرگىنىپ كەتتى . ئۇنىڭدا پەيدا بولغان ۋە بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قىلىشىغا سەۋەبچى بولغان قورقۇنچ ، توساتتىن ئىچكى بىر غۇرۇر بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالماشتى .
ئۇ شاھزادىنى سىلكىپ تاشلىماقچى بولدىيۇ ، توساتتىن ھۇجرىدا يىقىلىپ قالغان ئانىسى تىللابىبى ئېسىگە كېلىپ ، بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى . كېيىن ، قەلبىدىكى ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئۈستۈن كېلىپ قەددىنى رۇسلىدى .
تىترەك باسقان شاھزادە يەنىلا ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ ، تۈكۈرۈكلىرىنى چاچراتقىنىچە گېپىنى تەكرارلايتتى :
— تاپ ئالتۇنلارنى ! يا دەرھال تاپىسەن ، يا ...
ئەلى قۇشچى ئامبۇردەك قوللىرى بىلەن ئۇنى بىلىكىدىن تۇتۇپ قاتتىق سىقتى .
— تارت قولۇڭنى ، شاھزادە ! — دېدى ئەلى قۇشچى ھاسىراپ ، — خالىساڭ شەمشىرىڭنى ئېلىپ چېپىپ تاشلارسەن ، خالىساڭ زىندانغا تاشلارسەن ! ئەمما ، قولۇڭنى تارت ! — ئۇ شاھزادىنىڭ قولىنى ياقىسىدىن ئاجرىتىپ ، ئىتتىرىپ تاشلىدى .
مىرزا ئابدۇللىتىپ سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ تەخت ئالدىدىكى پەلەمپەيگە مۈدۈرۈلۈپ كەتتى - دە ، ئالتۇن تەختكە تايىنىپ قالدى . ئۇ نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي بىردەم گاڭگىراپ تۇردى ، ئاندىن ئاۋازىنىڭ بارىچە :
— سارايۋەن ! ئەمىر جاندار ! قايسىڭلار بار ؟ — دەپ ۋارقىرىدى .
ئىشىكتە بىر - بىرىنى قىستىشىپ ئەمىر جاندار بىلەن ئۇسىمارەك سەللە ئورىغان ئېگىز سۇپەت سارايۋەن كۆرۈندى .
— ئېلىپ چىق ، بۇ ئازازۇلنى ! كىشەنلە ، بۇنى ! ئەمدى ئۆمرى زىنداندا ئۆتسۇن ! — شاھزادە سارايۋەنگە قاراپ شۇنداق دېدى - دە ، ھاسىراپ ئەمىر جاندارغا بۇرۇلدى ، — مەۋلانە... كىم ئىدى ... مەۋلانە مۇھەددىن قەيەردە ؟...
— مەۋلانە مۇھەددىن دەرۋازىخانىدا ... ئۇلۇغ شاھىمغا ئىخلاسمەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە ئىنتىزاردۇر ...
— ئېيت ، كىرسۇن !

ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئەلى قۇشچى مەۋلانە مۇھەددىنىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ توختىدى. بەلخلىق سارايۋەن بىلەن ئەمىر جاندار ئۇنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى، لېكىن ئەلى قۇشچى ئۇلارنى سىلكىپ تاشلاپ شاھزادىگە بۇرۇلۇپ قارىدى. كۆزلىرىنىڭ چاناقلىرى لىپ ـ لىپ قىلغان مىرزا ئابدۇللىتىپ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا پۇتلىرىنى كېرىپ تۇراتتى. ئۇ گويا ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ، ئاللىقانداق مۇدھىش خىياللار بىلەن بەند بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— شاھزادە! — ئەلى قۇشچى بوسۇغىغا پۇتىنى تىرەپ توختىدى، — ئېھتىمال، باشقا كۆرۈشمەسمىز. شۇ سەۋەبتىن ئاخىرقى سۆزۈمنى دەيمەن. سەن ئۇستازدەك دەۋرىمىز داناسىنىڭ ئىلىم جەۋھەرلىرىنى يوق قىلماقچى بولۇۋېتىپسەن. پاك ئاتاڭنىڭ ئەرۋاھىنى قوزغاپ، بېشارەت بېرىمەنكى، بۇ يامان نىيىتىڭدىن قايت، بولمىسا، ئىككى دۇنيا خار بولىسەن!

— ئىنشائاللا، مەن ئەمەس، سەندەك ناشەرئىي ئىشلارنى قىلغان دىنسىزلار خار بولۇر! — شاھزادە يەنە بايىقىدەك ئاغزىدىن تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ پىقىنلىششقا باشلىدى، — خەللاقى ئالەم ئۆز بەندىسى ئۈچۈن تەكشى ياراتقان روھىي زېمىننى يەر شارى دېگەن، ھەرىكەتسىز يۇلتۇزلارنى بولسا، پەلەكتە دەۋر قىلىپ ئايلىنىدۇ دېگەن، قۇرئانى مەجىتكە شەك كەلتۈرگەن سەندەك بىتەۋپىقلەر ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچرار!

ئەلەم ئىچىدە ئۆرتەنگەن ئەلى قۇشچى كۇلمەكچى بولدىيۇ، كۇلەلمىدى.

— ئەجەبا! — دېدى ئۇ بوغۇلۇپ، — ئۇستاز ياراتقان فەلەكىيات ئىلمىگە گۇمان قىلىسەنۇ، نېمىشقا بابا پىقىرنى مۇنەججىم قىلماقچى بولدۇڭ؟ ...

شاھزادە تاقەتسىزلىنىپ قول سىلكىدى ۋە:

— ئېلىپ چىق بۇنى! — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئاۋارە بولما، ئەمىر، ئۆزۈم چىقىمەن، — ئەلى قۇشچى

ئەمىر جاندارنى سىلكىپ تاشلاپ، ئىشىكنى بىر تېپىپ ئاچتى-دە، سالامخانىدىن ئۆزى چىقىپ كەتتى.

## 9

مەۋلانە مۇھەممەدىن دەرۋازىخانىنىڭ تەكتىدىكى يەر ئاستى ئۆيدە ئولتۇراتتى. تۈغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ گاھ ئولتۇرۇپ، گاھ يەردە چېچىلىپ ياتقان تۆمۈر - تەسەك، ئەسكى قورال - ياراغ، ئىگەر جابدۇقلىرى ئارىسىدا مۈدۈرۈلۈپ - سوقۇلۇپ، تاقەتسىزلەنگەن ھالدا ئۆينى ئايلىناتتى. يەر ئاستى ئۆي زىنداندەك قاراڭغۇ ئىدى. ئۆمرىدە زىندان كۆرمىگەن مەۋلانە مۇھەممەدىن، زىندانغا تاشلانغانلىقىغا ئىشەندى.

ئۆيدىن چىقىشىدا مەۋلانە ئۆزىنىڭ كۆكسارايغا سوراققا چاقىرتىلغانلىقىغا، سوراقتىن كېيىن قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. چۈنكى، ئاتىسى سالاھىددىن زەرگەرمۇ ئۇنىڭ قولىقىغا شۇنداق دەپ پىچىرلاپ قويغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ياكى باشقا سەۋەبىنىمۇ، ئىشقىلىپ، يولدا كېلىۋاتقىنىدا مەۋلانە سوراق ھەققىدە ئەمەس، كۆپرەك ئەلى قۇشچى بىلەن بولىدىغان يۈزلىشىش توغرىسىدا ئويلىغانىدى. چۈنكى، بۇنى ئويلىشى بىلەنلا رەسەتخانىدىكى ئۇچرىشىش ئېسىگە كېلىپ، خىيالىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمەيتتى. ھەربىر ئەسلىگەندە، ئەلى قۇشچىنىڭ: «يادىڭدا بولسۇن، مەۋلانە مۇھەممەدىن! تۆپەڭدە ئۇستازىنىڭ ئەرۋاھى بار!» دېگەن گەپلىرى قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىغاندەك بولاتتى. ئۇ كۆكسارايغا يېتىپ بېرىپ ئاتتىن چۈشۈۋاتقاندىمۇ خۇددى ئەلى قۇشچى كۈتۈۋاتىدىغاندەك يۈرىكى پوكۇلداپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئۇنى ئەلى قۇشچى ئەمەس، سوغۇق چىراي، قوپال ياساۋۇللار قارشى ئېلىشتى. ئۇلار مەۋلانىنى باشلاپ دەرۋازىخانىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، خۇددى قۇدۇققا چۈشۈۋاتقاندەك تىك پەلەمپەيلەر ئارقىلىق يەر ئاستى يولغا باشلاپ چۈشتى-دە، شۇ قاپقاراڭغۇ ئۆيگە ئىتتىرىپ

تاشلاپ ئىشىكنى زەنجىرلىدى . كۆكسارايغا چاقىرىلغاندا ھەممىشە جىلۋىدار ، يوپيورۇق ئۆيلەردە شايى ۋە كىمخاب كۆرپىلەردە ئولتۇ-رۇپ ، ئۇستازىنىڭ قىزىقارلىق پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ ئادەتلەنگەن مەۋلانە مۇھىددىن ، ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويغاندەك ، قەيەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي ئۇزاق تۇردى . ئۇنى يەردە قىمشىپ يۇرگەن قۇرت ـ قوڭغۇزلار ھوشىغا كەلتۇردى . ئۇنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ ، ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى ، ئىچى تىتىلداپ ، كىچىككىنە مۇشتلىرى بىلەن ئىشىكنى ئۇردى ۋە يوغان مىس ھالقىلارنى تارتتى . لېكىن ، تۆمۈر قاپلانغان يوغان ئىشىك قىمىر-لاپمۇ قويمىدى . قورقۇنچ ۋە دەھشەتتىن سوغۇق تەرگە چۆمۈلگەن مەۋلانە ئىشىكنى قوللىرى قانىغۇچە ئۇردى . كېيىن ، ئۇنى ئېچىش-قا ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىنى ، بۇ قورقۇنچلۇق گۆرگە تىرىك كۆ-مۈلگەنلىكىنى ئويلىدى ـ دە ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كىچىك بالى-دەك ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى ...

«يا پەرۋەردىگارى ئالەم ! گۇناھكار بەندەڭنى ئۆزۈڭ كەچۇر-گەيسەن ! »

ئۇ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياش تامچىلىرىنى قولى بىلەن سۇرتۇپ يۇم ـ يۇم يىغلىدى ۋە بۇ گۆرگە تىرىك كۆمۈلگەنلىكى سەۋەبسىز ئەمەسلىكىنى ، ھەقتائالا ئالدىدا كەچۇرگۇسىز گۇناھ قىلغانلىقىنى ئويلاپ ، ئۆزىگە كايىشقا باشلىدى . ھەئە ، ئۇ كېچە كۇندۇز تائەت ـ ئىبادەت قىلىپ ، خىلۋەت جايدا ئولتۇرۇپ خۇدا-دىن كەچۇرۇم سوراش ئورنىدا ، دەھرىي شاھقا شاگىرت بولۇپ ، دەھرىي ئىلىملەر بىلەن شۇغۇللاندى . ئۇ ئۇلۇغ خۇدانىڭ دەرگاھىغا كۆز تىكتى ، ئاللادىن قورقماي پەلەكنىڭ سىرلىرىنى بىلىشكە نىيەت قىلدى . قىسقىسى ، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ، كۆپلىگەن ناشەرئىي ئىشلارنى قىلدى . ئەمدىلىكتە ، ھەقتائالادىن قورقۇش ئورنىدا ، ئۇنىڭ ناشۇكۇر بەندىسى ئەلى قۇشچىدىن قورقۇپ ئولتۇ-رۇپتۇ ...

ئىگەر ـ جابدۇق ۋە تۆمۈر ـ تەسەكلەر ئارىسىدا قىمشىپ

يۇرگەن قۇرت ـ قوڭغۇزلار يەنە ئۇنىڭ پاقالچاقلىرىدا ئۆمىلەشكە باشلىدى . مەۋلانە ئاچچىقىغا چىدىماي سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى ـ دە ، پۈتۈن ۋۇجۇدى قۇلاققا ئايلىنىپ داڭقېتىپ قالدى : تىك پەلەمپەيلەردىن چۈشۈپ كېلىۋاتقان قوپال ئاياغ تاۋۇشلىرى ئاڭلاندى .

«يا پەرۋەردىگار ! ئۆز پاناھىڭغا ئالغايسەن ! ...»

گۈرس ـ گۈرس قىلغان ئاياغ تاۋۇشلىرى يېقىنلىشىپ ، قۇلۇپ ـ زەنجىرلەرنىڭ شاراق ـ شۇرۇقلىرى ئاڭلاندى . يوغان ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلىپ ، تار كارىدوردا مەشئەل تۇتقان ئىككى ياساۋۇل كۆرۈندى .

— مەۋلانە مۇھەممەدىن ! ...

— مەن ! كەمىنە ! — مەۋلانە مۇھەممەدىن ئۆزىنى مەشئەلنىڭ يورۇقىغا ئالدى .

مەشئەل تۇتقان ئالىغاي ياساۋۇل ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ، قاتتىق دۈشكەلىدى .

— توختا ! ئەقلىڭدىن ئېزىپسەن ، مەۋلانە ! كەينىمدىن ماڭ !

مەۋلانە مۇھەممەدىن تار كارىدورنىڭ مۇزدەك تاملىرىنى سىلاپ ـ سىيپاپ ، تىك پەلەمپەيلەر ئارقىلىق ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈۋېتىپ ، يەنە كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزىگە ياش ئالدى .

«توۋا ! بۇ يورۇق دۇنيانى كۆرۈش يەنە نېسىپ بولارمۇ ؟»

قاراڭغۇ كارىدوردىن ئۆتۈپ ، ئالدىدا كېتىۋاتقان ياساۋۇللار ئۇنى قانداقتۇر ئاتلار كىشنەۋاتقان ئاتخانىلار ، گۈپ ـ گۈپ بازغان ئۇرۇلۇپ ، تۆمۈر ـ تەسەكلەر تاراق ـ تۇرۇق قىلىۋاتقان يەر ئاستى ئۆيلەرنىڭ يېنىدىن باشلاپ ئۆتتى . ھويلىغا چىققاندا ، مەۋلانىنىڭ كۆزى ئاسماندىكى سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلارغا ، كۆكساراي گۈمبىزى ئۈستىدە مۇئەللەق تۇرغان ۋە گويا ساپ تىللادىن ياسالغاندەك تىنىق يالتىراۋاتقان يېرىم ئايغا چۈشتىيۇ ، دەرھال كۆزىنى قاچۇردى . كۆكتە چاقناۋاتقان يۇلتۇزلارغا قاراش گويا دىنىي ئەقىدىلەرگە

شەك كەلتۈرۈشتەك تۇيۇلۇپ ، ئۆزىچە : «گۇناھكار بەندەڭنى ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن ، تەڭرىم !» دەپ قويدى .

ئۇ قاياققىدۇر ئالدىرايتتى ، لېكىن نېمىگە ئالدىراۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەي ، گويا ھەممە نەرسە چۈشىدە بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . قۇدۇقتەك چوڭقۇر ، قورقۇنچلۇق يەر ئاستى ئۆيدىن چىققاندىن كېيىن ، ئۇلار كىرگەن يوپيورۇق ئۆيلەر ، ئالتۇن شامدانلاردا يانغان يۈزلىگەن شاملار ، قۇببىسىمان ھاۋارەڭ تورۇسلاردا يالتىراۋاتقان ئالتۇن قەندىللەر ، يەرگە سېلىنغان يۇمشاق يىپەك گىلەملەر مەۋلانىنى غەلىتە بىر ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى . ئۇ خۇددى بۇ ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنى چۈشىدە كۆرۈۋاتقاندەك بولاتتى ۋە بايىقى مۇدھىش گۆر ھەم بۇ يورۇق ئۆيلەرنىڭ چۈشىدە كۆرۈنگەن بولۇپ چىقىشىنى تىلەيتتى . ئۇ پەقەت چۆرىسىگە دۇر ۋە ئۈنچە ئورنىتىلغان نەقىشلىك ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختاپ ، كۆك كىمخاب تون كىيگەن بەستلىك ئادەمنى كۆرگەندىلا ، ئاندىن ئەس - ھوشىنى يىغالىدى . بۇ ئادەمنى ئۇ قەيەردىدۇر ئۇچراتقانىدى . ھەئە ، ئۇنى قۇدىسى ئەمىر ئىبراھىم تارخاننىڭ ئۆيىدە كۆرگەنىدى . ئىسمىشەرىپى ئەمىر سۇلتان جاندار تارخان ئىدى . ئېھتىمال ...

ئەمىر جاندارنىڭ ساقال باسقان قىپقىزىل يۈزىدە ئېچىنىش ئىپادىسى جىلۋە قىلدى . ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ :

— تۈگمىلىرىڭىزنى ئېتىپ ، سەللىڭىزنى تۈزەڭ ، مەۋلانە ! — دېدى ، — ھازىر شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا قوللۇق قىلغىلى كىرىسىز ...

مەۋلانە مۇھىددىن ئالدىراپ - تېنەپ مۇۋۇت چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېتىپ ، ئىختىيارسىز تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن سەللىسىنى تۈزەشتۈرگەن بولدى . ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەن ئەمىر جاندار قايتىپ چىقىپ ، «كىرىڭ !» دەپ ئىشارەت قىلدى .

مەۋلانە مۇھىددىن يەنە چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بولۇپ ئىچكىرىگە كىردى - دە ، ئادەتتە ئۇستاز مىرزا ئۇلۇغبەگ ئولتۇرىدىغان ئالتۇن تەختنىڭ يېنىدا قاپىقىنى سېلىپ تۇرغان ، شالاڭ بۇرۇتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غەلىتە دىڭگايغان كىسەل چىراي، ئىگىز بويلۇق ئادەمنى كۆرۈپ، پەگادا تىزلاندى.

قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ، تەختىنىڭ يېنىدا پۇتلىرىنى كېرىپ تۇرغان مىرزا ئابدۇللىتىپ: «مەۋلانە مۇھەممەدىن شۇمۇ؟» دېگەن مەنىدە ئەمىر جاندارغا يەر ئاستىدىن كۆز تاشلىدى.

— شۇ! — باش لىڭشىتتى ئەمىر جاندار.

— ھىم ... — شاھزادە كىنايە بىلەن ھىجىيىپ، لېۋىنى چىشلىدى. ئۇنىڭ مەۋلانە مۇھەممەدىننى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى بولىشىمۇ، مەشھۇرلۇقتا ئەلى قۇشچىدىن قېلىشمايدىغان بۇ ئالىمنىڭ رىسالىلىرىنى ئوقۇغاندى. ئۇ بۇ مەشھۇر رىسالىلەرنى ئوقۇغان چاغلىرىدا، ئۇنىڭ مۇئەللىپىنى① قانداقتۇر تامامەن باشقىچە بىر ئادەم، يەنى كۆزى ئۆتكۈر، ساقىلى كۆكسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان سالاپەتلىك بىر ئالىم بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتى. بۇگۈنمۇ شاھزادە ئۆز ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ، باش ئېگىپ كەلگەن بۇ ئالىمنى ئەلى قۇشچىدىنمۇ بەستلىك ۋە شىجائەتلىك بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلغاندى. بىراق، ئۇنىڭ ئايىغىدا قارا موۋۇت چاپىنى ئورۇق بەدىنىدە تاغاردەك لەپەڭشىپ تۇرغان نىمجان بىر ئادەم تىزلىنىپ ئولتۇراتتى.

مىرزا ئابدۇللىتىپ ئاستا مېڭىپ، ئۇنىڭ يېنىغا باردى.

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، مەۋلانە! ...

مەۋلانە مۇھەممەدىن ئالدىراپ ـ تېنەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھزادىگە قىيا باقتى ـ دە، سۇنغان تاياقتەك ئىككى پۈكۈلگىنىچە تۇرۇپلا قالدى. شاھزادىنى ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەيران قالدۇردى. مەۋلانىنىڭ قورققانلىقتىن چوڭ ـ چوڭ ئېچىلغان كۆزلىرى، خۇددى گۈزەل نازىنىنلارنىڭكىدەك ئۇزۇن كىرپىكلىك ۋە مەسۇم ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، شاھزادە نېمىشقىدۇر پەيلىدىن يېنىپ:

— نېمىشقا تىترەيسىز، مەۋلانە؟ — دېدى، — يۇقىرى

---

① مۇئەللىپ — ئاپتور.

ئۆتۈك ، ئولتۇرۇك ...

مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىدە قورقۇنچ ئارىلاش تەئەججۇپ ئەكس ئەتتى . ئۇ خۇددى ئەمدىلا ئويغانغان ئادەمدەك تەمتىرەپ :

— قۇللۇق ، نىمەتلىك شاھىم — ... دېدى ئارانلا ، — كەمىنە ئايىغىڭىزغا تىزلانغىلى كەلدىم ...

— يۇقىرى ئۆتۈك ، ئولتۇرۇك ، مەۋلانە ! — شاھزادە كۈلۈپ ، ئۈستىگە يىپەك كۆرپە سېلىنغان كۇرسىنى كۆرسەتتى . شاھزادىنىڭ كۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئەمىر جاندارمۇ كۈلۈمسىردى .

— ئۆتۈك ، مەۋلانە ، يۇقىرى ئۆتۈك ...

مەۋلانە مۇھەممەدنى خۇددى بۇ كۈتۈلمىگەن تەكەللۇپكە ئىشەنمىگەندەك ، جۈرئەتسىزلىك بىلەن ئاستا مېڭىپ بېرىپ ، شاھزادە كۆرسەتكەن كۇرسىدا ئولتۇردى . شاھزادە قولىنى قوۋۇشتۇرغىنىچە ئۇنىڭغا يېقىنراق كېلىپ توختىدى .

— مەۋلانە مۇھەممەدنى ! مەن سىزنىڭ ئىلمىي رىيازىيات ۋە فەلەكىيات بابىدا پۈتكەن رىسالىلىرىڭىزنى ئوقۇغانىدىم ...

ئۇ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغۇچە مەۋلانە مۇھەممەدنى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى .

— ئۇلۇغ شاھىم ، ئەپۇ قىلغايسىز ! مەن غاپىل بەندىنى شەيتان يولدىن ئازدۇرغانىدى ...

مىرزا ئابدۇللىتىپ سەسكىنىپ تەرىنى تۇردى . ئۇ مەۋلانە مۇھەممەدنىدىن بۇ گەپنى كۈتمىگەنىدى . ئەكسىچە ، مەۋلانىنىڭ ئۆز ئېتىقادىنى ھىمايە قىلىشىنى كۈتكەنىدى . چۈنكى ، ئەلى قۇشچى بىلەن بولغان توقۇنۇشتىن كېيىن ، ئۇ نىمە ئۈچۈندۇر ئىلمىي فەلەكىيات ھەققىدە بەس - مۇنازىرە قىلىشىنى ، داڭقى ئالەمگە پۇر كەتكەن بۇ ئالىمغا ئۆزىنىڭ ئىلمىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ قويۇپ ، ئاندىن ئۇنى توغرا يولغا قايتۇرۇۋېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى . مەۋلانە بولسا ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھىم ... شەيتان يولدىن ئازدۇردى دەڭ ، مەۋلانە ...
— شۇنداق ، ئۇلۇغ شاھىم ، شەيتان !
— دېمەك ، ئۆزىڭىز پۈتكەن رىسالىلەرگە ئەمدى ئۆزىڭىز ئىشەنمەيسىز ؟
— ئىشەنمەيمەن ، ئۇلۇغ شاھىم !

شاھزادە كىنايىلىك كۇلۇمسىرەپ ، يەر ئاستىدىن ئەمىر جاندارغا قارىدى . ئەمىر بولسا : «مەۋلانە ياخشى ئادەم» دېگەن مەنىدە ھىجايدى . شاھزادە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزۈپ ، يەنە قاپىقىنى تۈردى . شۇنىسى قىزىقكى ، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە شەرتسىز بويسۇنۇشقا تەييار تۇرغان بۇ نىمجان مەۋلانە نېمىشقىدۇر شاھزادىنىڭ غەشلىكىنى كەلتۈردى . ئۇ ھازىر نېمىنى خالاۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى . ئەگەر مەۋلانە مۇھەممەدىن ئەلى قۇشچىغا ئوخشاش ئۆز سۆزىدە ، ئۆز ئېتىقادىدا چىڭ تۇرغان بولسا ، شاھزادە ئېھتىمال ، بايىقىدىنمۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ ، ئۇنى جاللاتقا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن يالتايمىغان بولاتتى . لېكىن ، ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى ، دەھرىي شاھنىڭ سۆيۈملۈك شاگىرتى ھېساپلانغان ، مەغرىبتىن — مەشرىققىچە داڭ چىقارغان بۇ ئالىمنىڭ سۇباتسىزلىقى ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈندۇر ياقمىدى . ئۇ ئۆز كۆڭلىدە ، ئەلى قۇشچىغا قارشى چىققان ئالىم ئەلى قۇشچىدىنمۇ ئىقتىدارلىقراق بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدى . مەۋلانە بولسا ...

مىرزا ئابدۇللىتىپتىكى قىزىقىش بىردىنلا يوقاپ ، ئۇ ئەمىر جاندارغا ، «ئېلىپ چىق بۇنى !» دەپ بۇيرۇق بەرمەكچى بولدىيۇ ، كىتابلار ئېسىگە كېلىپ ، مەۋلانىگە بۇرۇلدى .

— رەسەتخانىدىكى كىتابلارنىڭ سانىنى بىلەرسىز ، مەۋلانە ؟ ...

مەۋلانە مۇھەممەدىن كۆزلىرىنى يەنە ساداقەتمەنلىك بىلەن مۆلدۈرلىتىپ باش لىڭشىتتى :

— ئون — ئون بەش مىڭ پارچىدەك بار . ئېھتىمال ، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەكتۇر ، ئۇلۇغ شاھىم .

— قايسى كىتاب ، قايسى قولىيازمىلارنىڭ يوقالغانلىقىنى ياخ-
شى بىلۇرسىز ؟
— بىلىش قىيىن ئەمەس ، ئۇلۇغ شاھىم .
— خوش ؟
— مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرى بارلىق نادىر كىتابلارنى …
— كۆپۈر كىتابلارنى دەڭ !
— ئەپۇ قىلىڭ ، ئۇلۇغ شاھىم ! بارلىق كۆپۈر كىتابلارنى
ئايرىپ ئالاھىدە ساقلايتتى . بۇلار ئارىسىدا رۇم ۋە چىندىن ،
مىسىر ۋە پەرەڭىستاندىن ، ھىندىستان ۋە ئىستانبۇلدىن ئېلىپ
كەلگەن كىتابلار ، كەم ئۇچرايدىغان قولىيازمىلار بار ئىدى . بى-
راق ، ھەممىسى يوقىلىپتۇ . ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراسان ئالىملىرى-
نىڭ ئەسەرلىرى ئايرىم ساقلىناتتى . بۇ كىتابلارمۇ نەچچە مىڭ
پارچىدىن ئاشاتتى …
— بۇ كىتابلارنى ئەلى قۇشچى يوشۇرغانلىقىنى قانداق بىلى-
سىز ؟
مەۋلانە «غۇرت» قىلىپ يۇتۇندى .
— مەۋلانە ئەلى قۇشچى ئۆز ئاغزى بىلەن ئىقرار بولغانىدى ،
ئۇلۇغ شاھىم .
— ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلارنى يوشۇرغانلىقىنىمۇ ئۆز ئاغزى
بىلەن ئىقرار بولغانمىدى ؟
— ئۆز ئاغزى … — مەۋلانە مۇھىددىن گەپ قىلالماي دۇدۇق-
لاپ قالدى .
— خوش ؟ — شاھزادە بىر چامداپلا ئۇنىڭ قېشىغا باردى ۋە
ئورنىدىن تۇرماقچى بولغان مەۋلانىنى مۇرىسىدىن بېسىپ ئولتۇر-
غۇزدى ، — سۆزلەڭ ، مەۋلانە !
— ئۇستاز … مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرى … — مەۋلانە
مۇھىددىننىڭ چىرايى تاتىرىپ جىم بولۇپ قالدى .
— خوش ؟ — ۋارقىراپ تاشلىدى شاھزادە .
— دەھرىي شاھ … تاج - تەختتىن جۇدا بولۇشتىن بىر ھەپتە

مۇقەددەم ، مەۋلانە ئەلى قۇشچىنى چاقىرىپ ، بۇ گۇناھ ئىشنى ئۇنىڭغا يۈكلىگەنىكەن ، ئۇل زات بۇ سىردىن كەمىنىنى ۋاقىپ قىلغانىدى ...

— نېمە مەقسەتتە سىزنى ۋاقىپ قىلغانىكەن؟

— مەقسىتى ... بۇ گۇناھى ئەزىم ئىشقا كەمىنىنىمۇ تارتماق ئىدى ...

— سىز باش قوشمىدىڭىزمۇ؟

— ئەسلا ، ئۇلۇغ شاھىم . پېقىرنى بۇ گۇناھ ئىشتىن ھەقتائالا ئۆزى ساقلىدى ...

— ھىم ... — شاھزادە ئەمىر جاندارغا يەنە يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى . بوشىشىپ تۇرغان ئەمىر جاندار مەيدىسىنى كېرىپ ، قەددىنى رۇسلاپ :

— چاقىرايمۇ؟ — دېدى ، — ئەلى قۇشچىنى ئېلىپ كىرەيلەمۇ؟

ئەلى قۇشچىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان مەۋلانە مۇھەددىس شاققىدە ئەمىر جاندارغا قارىدى . ئۇنىڭ مۆلدۈرلىگەن قويۇق كىرپىكلىك كۆزلىرىدە قورقۇنچ ئارىلاش يېلىنىش ئالامىتى جىلۋە قىلدى .

ئەمىر جاندارنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ :

— مەۋلانىدە ئەيىب يوق! — دېدى يالۋۇرغان ئاھاڭدا ، — ئىمانسىز ئەلى قۇشچى ... — دېدى .

شاھزادە شالاڭ بۇرۇتىنى غەلىتە دىڭگايتىپ :

— ياق! — دېدى قەتئىيلىك بىلەن ، — مەۋلانىنى ئۇل مۇرتەتنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىڭ! ئىككىسىنى بىر زىندانغا تاشلاڭ! مەۋلانە بۇ سۆزلەرنى ئۇل بىتەۋپىقنىڭ يۈزىگە سالسۇن ، ئاندىن بىرگە ئېلىپ كېلىڭ!

مەۋلانە مۇھەددىس كۇرسىدىن ھالسىزلانغان ھالدا سىيرىلىپ چۈشۈپ شاھزادىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى :

— شەپقەت قىلغايسىز ، ئۇلۇغ شاھىم!

— ئېلىپ چىق بۇنى ! — شاھزادىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ۋارقىرىۋەتتى. چىرايىدا قان قالمىغان ئەمىر جاندار ئاجىزغىنا مەۋلانىنىڭ قولتۇقىدىن ئالدى.

— سەۋرى قىلىڭ، مەۋلانە ...

مەۋلانە مۇھەممەدىن ئەمىرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، ئۇنىڭ قولىدا كىچىك بالىدەك تىپىرلىدى ۋە كۆز ياشلىرىنى يۈزىگە سۈرتۈپ يۇم - يۇم يىغلىدى. شاھزادە تەرىنى تۇرۇپ، تەتۈر قارىۋالدى.

## 10

سالاھىددىن زەرگەر ئوغلىنى كۈتۈپ، تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمىدى، «تىرىق» قىلغان ئاۋاز ئىشىتىلسە يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ، ئىشىككە تىكىلگىنىچە داڭقېتىپ قالاتتى، لېكىن مەۋ- لانە مۇھەممەدىندىن دېرەك بولمىدى. ئۇنى كۆكسارايدا ئېلىپ قالغان- لىقىدا ئەمدى ھېچقانداق شەك قالمىدى. كۆكسارايدا ئېلىپ قې- لىشنىڭ سەۋەبىنى ياخشى بىلىدىغان، ساراي تەكتىدىكى زىندان ۋە لەخمىلەر توغرىسىدا بىر - بىرىدىن دەھشەتلىك گەپ - سۆزلەر- نى ئاڭلىغان سالاھىددىن زەرگەر ۋەھىمىگە چۆمۈپ، نېمە قىلىشى- نى بىلمەي قالدى. دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان كېسەلدىن قۇتۇلالمى- غان، قىزلاردەك ئاجىز ۋە نازۇك ئوغلى بۇ زەي قاماقخانىغا، قۇرت - قوڭغۇزلار بىلەن تولغان زىندانغا تاشلانسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ھالى نېمە بولىدۇ؟ قانچە كۈنگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ؟ قېرىغان چېغىدا، ئۇ يالغۇز ئوغلىدىن، كۆزىنىڭ نۇرىدىن قانداقمۇ ئايرىلالايدۇ؟ ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن، پەرۋەردىگارى ئالەم! ... بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىغان بولسا، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالغان چاغدا ئۇ نەگىمۇ بارىدۇ؟ دەردىنى كىمگە ئېيتىدۇ؟ ئەرز قىلىپ بارىدىغان بىردىنبىر ئادىمى شەيخ نىزامىددىن خامۇش بولسا ... زەرگەر ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىمەن دەپ، مۇشۇ ئازابنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىكىشۋاتىدۇ . لېكىن ، شەيختىن باشقا كىمنىڭ ئالدىغا بارىدۇ ؟ كىممۇ ئۇنىڭ هال ـ دەردىگە يېتەر ؟

سالاھىددىن زەرگەر ئويلاپ ـ ئويلاپ يەنىلا شەيخنىڭ ئايىغىغا باش قويۇش قارارىغا كەلدى . ئۇ ناماز بامداتنى ئوقۇپ بولۇپ ، ئۇستىگە تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان ئىسسىق چاپىنىنى ، بېشىغا گۈل ـ لۈك تەقىيىسىنى كىيىپ ، تېشىغا سەللىسىنى ئورىدى ، تەكچىدى ـ كى تۆمۈر قۇتىلاردىن بىرىنى ئېچىپ ، ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكتىن ئىككىنى ئالدى . ئادەتتە ئۇ شەيخ ھەزرەتلىرىنى يوقلاپ بارغاندا ، قىممەت باھالىق زىننەت بۇيۇمىدىن پەقەت بىرىنىلا سوۋغا قىلاتتى . بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر يەنە بىرنى قوشۇپ ئالدى ـ دە ، دەستىسىگە دۇر قادالغان كۆركەم ھاسىسىنى قولىغا ئېلىپ ئۆيدىن چىقتى .

تاڭ سۇزۇلۇشكە باشلاپ ، باغدىكى ئېگىز ئاق تېرەكلەرنىڭ ئۈچى يالتىراپ قالغان بولسىمۇ ، تېخى كۈن چىقمىغانىدى . سالا ـ ھىددىن زەرگەر ھويلىدىكى بىدىش ئاستىدىن ئۆتۈپ ، دەرۋازىغا بېرىپ قالغاندا ، ئارقىسىدىن :

— بوۋا ··· بوۋا ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى .

يېلىنىڭ كىيىنگەن خۇرشىدە بانۇ بېشىغا تاشلىۋالغان نېپىز ياغلىقىنى پۇلاڭلىتىپ يۈگۈرۈپ كەلدى ··· چىرايى تاتارغان ، ئۇيۇ ـ قۇسىز كۆزلىرىدە مۇڭلۇق ئىزتىراپ ئەكس ئەتكەن خۇرشىدە بانۇ يىغلامسىرىغان ھالدا كىچىك بالىلاردەك ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ :

— بوۋا ، نەگە ؟ ··· بىزنى تاشلاپ قويۇپ نەگە بارىسىز ؟ — دېدى .

سالاھىددىن زەرگەر سۆيۈملۈك نەۋرىسىنىڭ كۆزىگە لىق ياش ئالغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۆزىمۇ «غۇرت» قىلىپ يۇتۇندى .

— قورقما بالام ، تېزلا قايتىپ كېلىمەن . داداڭدىن خەۋەر ئېلىپ كېلەي .

— كۆكسارايغا بارامسىز ؟ — دېدى بانۇ پىچىرلاپ ، — كۆكساراي ··· كۆكسارايغا بارماڭ ، جېنىم بوۋا !

بوۋاي ئاستا باش چايقىدى .

— ياق ، كـۆكسارايغا ئـەمـەس ، بـاشقـا بىر يەرگـە بېرىپ كېلىمەن ··· داداڭنىڭ ھالىدىن خەۋەر تېپىش كېرەك ، بالام ···

— دادام ··· — خۇرشىدە بانۇ گەپ قىلالماي ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى توسۇپ يىغلاپ تاشلىدى ، — بىچارە دادامغا قىيىن بولدى ، جېنىم بوۋا ، مەن بىلىمەن ، دادامغا قىيىن بولدى ···

سالاھىددىن زەرگەر ھوشيارلاندى . ئۇنىڭ ئاپئاق قاشلىرى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ :

— نېمىنى بىلىسەن ؟ — دەپ سورىدى .

— بوۋا ، مەۋلانە ئەلى قۇشچى زىندانغا تاشلىنىپتۇ . شاھزادە بارچە ئىلىم ئەھلىنى قىرغىن قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ ···

— كىم شۇنداق دەيدۇ ؟ نەدىن ئاڭلىدىڭ بۇ گەپنى ؟ — سالاھىددىن زەرگەرنىڭ ئۇچلـۇق ساقىلـى لىكىلـداپ ، كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتتى . خۇرشىدە بانۇ دېمەيدىغان گەپنى قىلىپ قويغانلىقىنى سېزىپ ، بېشىنى تۆۋەن سالدى .

— ئاڭلىدىم ، ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتىم ، بوۋا ···

سالاھىددىن زەرگەر قاپىقىنى تۈردى .

— قورقما ، بـالام . شاھزادە ئىلىم ئـەھلىنـى ئـەمەس ، دەھرىيلەرنى ، ئىسلام دىنىغا قىلىچ كۆتۈرگەن دىيانەتسىز كۇپپار- لارنى سۈرگۈن قىلىدۇ . سېنىڭ داداڭ بولسا ھەقتائالانى تىلىدى- مۇ ، دىلىدىمۇ ياد ئېتىپ تۇرىدىغان بىر مۆمىن بەندە . ئىنشائاللا ، تەڭرىتائالا ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلار ··· بېرىپ ئىشىڭنى قىل ، بالام ! — سالاھىددىن زەرگەر نەۋرىسىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى ـ دە ، دەرۋازا تەرەپكە بۇرۇلدى .

«يا رەببى ! بۇ شۇم خەۋەرنى ، مەۋلانە ئەلى قۇشچىنىڭ زىن- دانغا تاشلانغانلىقىنى نەدىن ئاڭلىغاندۇ ؟»

باراڭنىڭ ئاستىدا چېلەككە ئوت يىقىپ ئىسسىنىپ ئولتۇرغان قاراۋۇل سالاھىددىن زەرگەرنى كۆرۈپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى ، بەلۋېغىدىكى ئاچقۇچلار ئارىسىدىن بىرنى ئېلىپ دەرۋازىغا قاراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈگۈرۈۋىدى، زەرگەر ئۇنى توختىتىۋالدى.
— كىچە ھويلىغا بىر كىم كەلمىگەندۇ؟
— ياق، خوجام، ئادەم توگول، پاشىنىمۇ يولاتمىدىم!
— ھىم ... سەگەك بول ... كەمىنىدىن بىر ۋۇخسەت بىرەر ئادەمنى كىر گۈزسەڭ، كاللاڭنى ئالىمەن! — سالاھىددىن زەرگەر قولىدىكى ھاسىسى بىلەن يەرنى توك - توك ئۇرۇپ دەرۋازىدىن چىقتى. لېكىن، خۇرشىدە بانۇنىڭ دېگەنلىرى ۋە بۇ گەپلەرنى نەدىن ئاڭلىغاندۇ دېگەن پىكىر، زەرگەر تاكى «مازارى شەرىف» كە يېتىپ بارغۇچە كاللىسىدىن نېرى كەتمىدى.
شەيخنىڭ «مازارى شەرىف» كە يانداش ھويلىسىنىڭ ئالدىدىكى ئوچۇق مەيداندا، قەلەندەرلەر توپ - توپ بولۇپ گۈلخان يېقىپ ئىسسىنىپ ئولتۇرۇشاتتى. مەسچىت ئۇدۇلىدىكى خانىقانىڭ ئالدىدا باشقا بىر توپ دەرۋىش قازان قايىنىتىۋاتاتتى.
سالاھىددىن زەرگەر تاشقىرىقى ھويلىدىكى چىنارنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ، شەيخنىڭ چىقىشىنى كۈتۈشكە باشلىدى. ئادەتتە ئۇ كۆپ ساقلىماي، كېلىشى بىلەنلا شەيخ تەرىپىدىن چاقىرتىلاتتى. بۈگۈن شەيخنىڭ ھۇزۇرىدا بىرەر مۆتىۋەر زات بولسا كېرەك، ئىچكىرىكى ۋە تاشقىرىقى ھويلىدىكى مۇرىتلار پۈتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسىشىپ، بىر - بىرسىنىڭ قۇلاقلىرىغا پىچىرلىشاتتى؛ تۇرنىلاردەك قاتار بولۇشۇپ، ئاشخانىدىن ئىچكىرىگە كۈمۈش تاۋاقلاردا تاماق توشۇيتتى ... ئارىلاپ - ئارىلاپ قەلەندەرلەر ۋە ئات چاپتۇرۇپ سوغۇق چىراي ياساۋۇللار كېلىشەتتى. ئۇلارنى ساقلاتماي، كېلىشى بىلەنلا ئىچكىرىدىكى ھويلىغا باشلاپ كىرىپ كېتەتتى. نىھايەت، قىز بالىدەك نازۇك ياش مۇرىت كېلىپ، زەرگەرنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى ...
سالاھىددىن زەرگەر ياش مۇرىتنىڭ كەينىدىن ئىچكىرىدىكى ھويلىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ، گويا شەيختىن يامان گەپ ئاڭلاپ قالىدىغاندەك يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. ئۇ ياش مۇرىتنى بىلىكىدىن ئاستا تۇتۇپ توختاتتى.

— پىرىمنىڭ ھۇزۇرىدا بىر كىم بارمۇ نېمە؟
— ھەئە، بۈگۈن ماشايىخ ئىشان ئەبەيدۇللا خوجا ئەھرار ھەزرەتلىرى قەدەم تەشرىپ قىلدى ...
سالاھىددىن زەرگەر ئىختىيارسىز ھالدا توختاپ، كەمزۇلىنىڭ يانچۇقىدىكى قىممەت باھالىق ئۈزۈكلەرنى سىلاپ - سىيپاپ قويدى - دە، كاللىسىدا: «خۇدا كۆڭلۈمگە ساپتۇ!» دېگەن ئوي كېچىپ، خېلى يېنىكلەپ قالدى.
ئىشان ئەبەيدۇللا خوجا ئەھرار كەڭ مېھمانخانىنىڭ تۆرىدە، شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ ئوڭ تەرىپىدە — يىپەك كۆرپىلەر ئۈستىدە تەسۋى سىيرىپ ئاستا تەۋرىنىپ ئولتۇراتتى. بويلىرى ئېگىز، ئىنچىكە كەلگەن شەيخنىڭ يېنىدا، سېمىز، دوغىلاق ئىشان ھەزرەتلىرى گۈمبەزدەك دۈپدۈگىلەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ تۇرقى - سىياقىمۇ باشقىچە بولۇپ، كۆكسىگە چۈشۈپ تۇرغان ئۇچى بۇدۇر قاپقارا ساقىلىدا، قويۇق قاشلىرىدا بىر تالمۇ ئاق يوق ئىدى، قىپقىزىل، چىرايلىق يۈزىدە، بىر قاراشتىلا كىشىنى دىر - دىر تىترىتىۋېتىدىغان يوشۇرۇن بىر دەھشەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇدۇلىدا تىزلىنىپ تولۇق ئېھتىرام بىلەن سالام بەرگەن سالاھىددىن زەرگەرگە يەر ئاستىدىن بىر قاراپ قويدى - دە، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، يەنە تەسۋى سىيرىشقا كىرىشتى. شەيخ نىزامىددىن خامۇش لەۋلىرىنى پىچىرلىتىپ، دۇئا قىلدى ۋە:
— نېمە ئىشىڭىز بار، خوجا سالاھىددىن؟ — دېدى، — ۋاقىت قىس. مانا، نېمەتلىك پىرىم شاش شەھرىدىن قەدەم تەشرىپ قىلدى ...
سالاھىددىن زەرگەر ئولتۇرغان جايىدا ئېھتىرام بىلەن تەزىم قىلدى.
— خۇداغا شۈكۈر، ئاقىل پاناھدارىمنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولۇش...
— سۆزلەڭ، زەرگەر! پايتەختتە قانداق گەپ - سۆزلەر بار؟ تىجارەتچىلەردە نېمە خەۋەرلەر بار؟

شەيخ ئادەتتە ئۇنى بۇنداق ئالدىراتماي، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق ئېتىبار بىلەن ئاڭلايتتى. سالاھىددىن زەرگەرنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ:

— پىرىم! — دېدى ئاۋازى تىترەپ، — ئاخشام كۆكسارايدىن ياساۋۇللار كېلىپ، يالغۇز ئوغلۇم مەۋلانە مۇھىددىننى ئېلىپ كەتكەنىدى، تېخىچە قايتىپ كەلمىدى، پىرىم...

شەيخ ھەزرەتلىرىنىڭ لەۋلىرىگە بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈردى.

— قايتىپ كەلمىگەن بولسا... ئوغلىڭىز مەۋلانە مۇھىددىن شاھزادىگە يېقىپ قالغاندۇ...

— پىرىم! ...

— ياكى بولمىسا، مەۋقەسى يوق ئوغلىڭىز ئۆز بۇرادىرى ئەلى قۇشچى بىلەن يۈزلەشكەندە، بۇ تەۋەررۇك دەرگاھتا بەرگەن ۋەدىسىنى رەت قىلغاندۇ!

— ئىنشائاللا، ئۇنداق بولماس، پىرىم. ئوغلۇم توۋا قىلىپ، ئايغىڭىزغا باش ئۇردىغۇ...

— توۋا قىلىپ! — دېدى ئىشان خوجا ئەھرار. ئۇنىڭ يۇمۇق كۆزلىرى بىردىنلا چوڭ ئېچىلدى، — ئۇل ئۇلۇغ خۇدايىمنىڭ قۇدرىتىگە شەك كەلتۈرۈپ، پەلەكنىڭ سىرلىرىنى بىلىشكە نىيەت قىلغان ئوغلۇڭ، نېمىشقا ئەمدى توۋا قىلىدۇ؟ مۇرتەت شاھنىڭ سۆيۈملۈك شاگىرتى، نېمىشقا ئۆز ئۇستازىنىڭ ۋەسىيەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟

سالاھىددىن زەرگەرنىڭ تىلى كالۋالىشىپ، تېگىرقاپ قالدى.

— يا پەرۋەردىگار... ئاجىز بەن... بەندە... گۇناھىدىن كەچكەيسىز، پىرىم!

— ئاجىز بەندە! — دېدى خوجا ئەھرار ساقىلىنى تىترىتىپ، — سېنى ياخشى بىلىمەن، زەرگەر! ئۇل بىتەۋپىق شاھنى پاناھ ئەيلەپ، ئۇنىڭ مېھرى - شەپقىتى بىلەن بېيىپ، ئەمدى توۋا قىلىسەن!

— پىرىم ! سادىق قۇلىڭىز ...
— شۈكۈر قىلىپ ، ئۇل رەببۇل ئالەمىندىن گۇناھكار ئوغ-لۇڭنىڭ جېنىنى تىلەپ ئىستىغپار ئېيتىڭلار ، ئەي غاپىل بەن-دە . چۈنكى ھەقتائالاغا شەك كەلتۈرۈپ ، دۈرۈس كىشىلەرنى توغرا يولدىن ئازدۇرغان بارلىق مۇرتەتلەرنىڭ ئىنتىقامى شۇ بو-لۇر . خەللاقى ئالەم ھېچبىر بەندىسىنىڭ گۇناھىنى ئىنتىقامسىز قالدۇرمايدۇ !
سالاھىددىن زەرگەر ئىككى پۇكۈلگىنىچە پېشانىسىنى گىلەم-گە قويۇپ زۇۋان سۈرمىدى . قورقۇنچ ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغان-دى . ئۇ ئىچىدە : «يا رەببى ! ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن !» دەپ تەكرارلىماقتا ، تىلى گەپكە كەلمەيتتى .
— ئىنشائاللاھ مەئەسسابىرىن . سەۋر قىل ، زەرگەر ... — شەيخ نىزامىددىن خامۇش ئىشان ھەزرەتلىرىگە بىر قاراپ قويدى ـ دە ، ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن شاقىلدىقنى ئېلىپ شاقىلدات-تى . ئىشىكتە دەرھال ياش مۇرىت پەيدا بولدى .
— دىۋانە داۋۇلبەگ كەلدىمۇ ؟
— كەلدى ، پىرىم .
— ئېيت ، كىرسۇن !
سالاھىددىن زەرگەر كىمدۇر بىرسىنىڭ قېشىغا كېلىپ گۇ-رىسىدە تىزلانغانلىقىنى سېزىپ ، ئۇنىڭغا قورقۇنچ بىلەن كۆز تاشلىدى . قېشىدا كىيىملىرى جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن دەرۋىش ئەمەس ، بەلكى بېلىگە ئايىسمان ئەگرى قىلىچ ئاسقان ، بېشىغا دۇبۇلغا كىيگەن ، بىر كۆزى ئالىغاي سىپاھ ئولتۇراتتى .
— خوش ، قاچقۇندىن دېرەك بارمۇ ، دەرۋىش ؟
— يوق ، پىرىم ...
— بىر قاچقۇننى تاپالمىساڭ ... نېمىشقا سېنى قەلەندەر بېشى قىلدىم ؟ سېنى قابىلىيەتلىك دەپ كۆكسارايغا ياساۋۇل بېشى قىل-مىغانمىدىم ، بۆرە ؟
— مەن گۇناھكار ، پىرىم . لېكىن نېمە چارە ، پايتەختتە مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بارمىغان جاي ، كىرمىگەن تۆشۈك قالمىدى ...

— قايسى قاچقۇن ؟ — ئىشان خوجا ئەھرار ھوشيارلىنىپ ، بىر «بۆرە»گە ، بىر شەيخقە قارىدى . شەيخ ئوڭايسىزلىنىپ ئاپئاق قاشلىرىنى سىلاپ قويدى .

— قەلەندەر قەرناقى دېگەن بىر بىتەۋپىق ، پىرىم . تۈنۈگۈن دەپ بەرگەنىدىم ... شاھ ئۆلگەن كۈنى قېچىپ كەتكەنىدى ، ھازىرغىچە تېپىلمايۋاتىدۇ .

قەلەندەر قەرناقىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان سالاھىددىن زەرگەر بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ قۇلاق سالدى .

ئىشان خوجا ئەھرار ئەپسۇسلىنىپ باش چايقىدى :

— ئاللا كۆڭلۈمگە سالغانىدى ، تەقسىر . ئىبلىس شاھنىڭ قولىدا تەلىم ئالغان بىپەرھىزگە ئىشەنمەڭ ...

— سىناپ كۆرمەكچىدىم ، پىرىم . كەينىدە پايلاقچى بار ئىدى ، مانا ... — شەيخ قاپىقىنى سىلىپ «بۆرە»گە قارىدى . «بۆرە» ئولتۇرغان يېرىدە تېپىرلاپ :

— ئىنشائاللا ، تاپىمىز ، پىرىم ، — دېدى ، — يەر يۇتۇپ كەتكەن بولسىمۇ تاپىمىز ، ئۇ ئەبلەخنى !

شەيخ بۇ كۆڭۈلسىز گەپنى باشقا ياققا بۇرىماقچى بولۇپ :

— خوش ، — دېدى ، — بۇ ئادەمنى تونۇمسەن ، دەرۋىش ؟

«بۆرە» سالاھىددىن زەرگەرگە قىيا بېقىپ ھىجايدى .

— بۇ مۆھتەرەم زاتنى پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھردە تونۇمايدىغان ئادەم يوقتۇر ، پىرىم .

— بۇل زاتنىڭ ئوغلى مەۋلانە مۇھىددىن قاماققا ئېلىنىپتۇ ، بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭ بارمۇ ؟

«بۆرە»نىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم ساختا غەمكىنلىك بىلەن ئالماشتى .

— ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ، بۇ ئىش پېقىرغا يۈكلەنگەنىدى ، پىرىم .

— خوش ؟ سۆزلە ! ...

— مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ قاماقتا بىتەۋپىق ئەلى قۇشچى بىلەن بىر جايدا يېتىپتۇ، پىرىم.
— نېمىشقا؟ سوراق قىلىنمىدىمۇ يا؟
— ياق، سوراق قىلىندى. مەۋلانىگە ئاپىرىن، پىرىمگە قىلىغان ۋەدە - ئىقرارىدىن يېنىۋالماپتۇ.
— ئۇنداق بولسا ... يەنە نېمىشقا قاماقتا ئالىدۇ؟
«بۆرە» مۇرىسىنى قىستى.
— شاھ ئالىيلىرى بۇنى لازىم كۆرسە، بەندىسىگە نېمە ئامال بار، پىرىم؟ شاھ ئالىيلىرى: «دېگەنلىرىڭ راست بولسا، بۇ گەپلەرنى ئەلى قۇشچىنىڭ يۈزىگە سالىسەن! ئۇل ئەبلەخنى ئىنساپقا كەلتۈرسەڭ! ئاندىن قاماقتىن ئازاد قىلىمەن ...» دەپتۇ.
— پىرىم! — سالاھىددىن زەرگەر ئىگراپ تاشلىدى. ئۇ ئۆزىنى شەيخنىڭ ئايىغىغا تاشلىماقچى بولدىيۇ، ئىشاننىڭ: «بەس! شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئەمرى ۋاجىپتۇر!» دېگىنىنى ئىشىتىپ، شاققىدە قارىدى. ئىشان خوجا ئەھرار قاپقارا، قويۇق قاشلىرى ئاستىدا چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، ئالدىغا ئېڭىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئەلپازى خۇددى سالاھىددىن زەرگەر نارازىلىق بىلدۈرسىلا، قولىدىكى تەسۋىنى ئۇنىڭغا ئاتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.
— ۋەللاھى ئەلەم بىسسەۋاب! ۋە ئىللا بۇل دىيانەتسىز يالۋۇزلارنىڭ جازاسى شۇلىدۇر! — دېدى ئىشان ئۆزىنى ياستۇققا تاشلاپ، — ئوغلۇڭ مەۋلانە مۇھەممەدنى شۇل ياۋۇزلار بىلەن بىر تاۋاقتا ئاش يەپ، خۇداۋەندە كەرىمدىن قورقماي، كۆپۈر كىتابلارنى پۈتكەندى. ئەمدىلىكتە بۇل گۇناھلىرى ئۈچۈن جازاغا تارتىلىشى كېرەك. قانچىكى كۆپ جازالانسا، گۇناھى، ئىنشائاللا، شۇنچە تېز يۇيۇلىدۇ! بۇنىڭغا يىغلاش ئەمەس، شۈكۈر قىلىش كېرەك، خوجا سالاھىددىن!
— پىرىم! سىز ئەلى قۇشچىنى بىلمەيسىز ...
— بىلىمەن! — ئىشان ياستۇققا تايىنىپ، قەددىنى رۇسلى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دى ، — ھەقتائالادىن قورقمىغان بۇل ئىتلارنىڭ ھەممىسىنى بىلـ. مەن . رەسەتخانىغا يىغىلغان كۆپۈر كىتابلارنى يوشۇرۇشتىن مۇد. دىئاسى نېمە؟ بۇنىمۇ بىلىمەن . ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى ، بۇل مەكـ. روھ كىتابلارنى ، دىنسىزلار ماكانى بولغان رەسەتخانا ۋە مەدرىسە. لەرنى ساقلاپ قېلىش ، شۇنداقلا ، بارچە مۇسۇلمانلارنى توغرا يولـ. دىن ئازدۇرۇشتۇر ! بەس ، ئۇلارنى قىرىپ تاشلاش ھاكىمىيەت ئىگىسى بولغان مۇسۇلمان شاھزادىنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر ، خوجا سالاھىددىن !

سالاھىددىن زەرگەر ئىشاننىڭ دەھشەتلىك چىرايىدىن ، قاند. داقتۇر ئىلھام بىلەن پارلاۋاتقان سېھىرلىك كۆزىدىن كۆزىنى قا. چۇرۇپ : «يا رەببى ! ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن ! ئەلى قۇشچىنىڭ سۆزىنى نېمىشقىمۇ بۇلارغا يەتكۈزگەندىمەن ، نېمىشقىمۇ ئۇنىڭ سىرىنى ئاشكارىلىغاندىمەن؟ ...» دەپ پىچىرلىدى .

— كۆزۈڭنى ئاچ ، زەرگەر ! — دېدى ئىشان ، — ئۇل گۇناھكار ئوغلۇڭغا بەندىدىن ئەمەس ، تەڭرىتائالادىن ھىمايەت تىلە. گەيسەن ! ئورنۇڭدىن تۇر ، ھەي ئازغان بەندە !

سالاھىددىن زەرگەر بۇ قوپال ئاۋازغا بويسۇنۇپ ، ئورنىدىن تۇرغاچ ، ياردەم تىلەپ ئاخىرقى قېتىم شەيخ نىزامىددىن خـام. ـۇشـقـا قـارىدى . لېكىن ، شەيـخ خىجالەت بولۇپ ، ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇردى .

سالاھىددىن زەرگەرنىڭ كـۆزى قـاراڭغۇلىشىپ ، ئىشىكنى ئاران تاپتى ۋە دەلدەڭشىپ ئۆيدىن چىقتى . ئۇ دەھلىزدە كۆكسىنى چاڭگاللىغىنىچە تامغا يۆلىنىپ بىردەم تۇردى . شۇ پەيتتە قولى يانچۇقىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكلەرگە تەگدى ـ دە ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ كەتتى ، پىرىگە ئاتىغان ئۈزۈكلەرنى بـەرمـەي قايتۇرۇپ كېتىش بىر يامانلىقنىڭ ئالامىتى ئىدى . ئۇ ئۆيگە قايتىپ كىرمەكـ. چى بولدىيۇ ، جۇرئەت قىلالمىدى . قـەلبىنى بـەنـد قىلىۋالغان مۇدھىش تۇيغۇدىن دەرمانسىزلىنىپ ، دەلدەڭشىگەن پېتى چىقىپ كەتتى .

# 11

تۆمۈر سەمەرقەندى ئۇستىنىڭ ئۆڭكۈرىدىن خۇپتەن بىلەن
چىقىپ كەتكەن قەلەندەر قەرناقى يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا قايتىپ
كەلدى ـ دە ، بازغاننىڭ يېنىدىكى تېرىدە دۈم يېتىۋالدى . ئۇ
ئۇستىنىڭ سوئالىغا قىسقىغىنا قىلىپ : «مەۋلانە مۇھەددىنمۇ زىند-
دانغا تاشلىنىپتۇ ، ئاتا !» دەپ جاۋاب بەرگەندى ، خالاس . هازىر
ئۇ خىيالەن سالاھىددىن زەرگەرنىڭ بېغىدا يۈرەتتى . خۇرشىدە
بانۇنىڭ كۆز يېشى بىلەن يۇيۇلغان مەيۈس چىرايى كۆز ئالدىدىن
نېرى كەتمەيتتى ، قۇلاق تۈۋىدە ئۇنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى
جاراڭلايتتى .

بۈگۈن ئۇ مەۋلانە مۇھەددىننىڭ ئۆيىگە ئىككىنچى قېتىم
باردى ، باغقا قارىغان تونۇش دېرىزىنى يەنىلا تۈنۈگۈنكىدەك ئۈچ
قېتىم چەكتى . خۇرشىدە بانۇ ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان بولسا كېرەك ،
بىر دەمدىن كېيىنلا ئىشىك ئېچىلىپ بىرسى چىقتى . كابۇلچە ئاياغ-
نىڭ يېنىك «شىپ ـ شىپ» قىلىشىدىن قەلەندەر دەرھال تونۇ-
دى : بانۇ !

خۇرشىدە بانۇ ئاستا مېڭىپ كېلىپ ، ياڭاق تۈۋىدە تۇرغان
قەلەندەر قەرناقىنىڭ ئۇدۇلىدا توختىدى . ئۇنىڭ سالام بەرگەن ـ
بەرمىگەنلىكىنى قەلەندەر بىلەلمەي قالدى . بانۇ خۇددى سالام بېرىد-
ۋاتقاندەك بېشىنى ئېگىپ جىم تۇراتتى . ئۇنىڭ ئوشۇقىغا چۈشۈپ
تۇرىدىغان كۆڭلىكىنىڭ تېشىدىن كىيگەن قارا مەخمەل جىلىتكىد-
سى ، ياغلىق ئورنىدا بېشىغا يېپىۋالغان قارا دۇخاۋا يېپىنچىسى ،
ھەتتا يۈزىدىكى نېپىز چۈمبەلمۇ قەلەندەرگە قاپقارا تۇيۇلدى . قا-
راڭغۇدا ئۇنىڭ چىرايى ئېنىق كۆرۈنمەيتتى . بىراق ، بېشىنى تۆ-
ۋەن سېلىپ جىم تۇرۇشى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى .
قەلەندەر قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ :

— ئىنشائاللا ، ياخشىلىق بولغاي ، — دېدى ، — مەۋلانە
قايتىپ كەلدىمۇ ، بانۇ ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خۇرشىدە بانۇ ئاستا باش چايقىدى :

— ياق .

— ئەستاغپۇرۇللا ! نېمىشقا ؟

خۇرشىدە بانۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى . ئۇنىڭ يوغان ئاھۇ كۆزلىرى قاراڭغۇدا قانداقتۇر سوغۇق نۇر چېچىپ ، ۋالىلداپ كەت-كەندەك تۇيۇلدى .

— مەن نەدىن بىلەي ؟ ھەر ھالدا مەۋلانە ئەلى قۇچىغا ئورا قازغان ئادەمنى زىندانغا تاشلىماس ئىدى ...

قەلەندەر ئۆزىنى تۇتالماي :

— ئەستاغپۇرۇللا ! — دەپ تاشلىدى . بانۇنىڭ سۆزىدىكى ئەلەملىك تەنە ئۇنىڭ يۈرىكىگە زەھەرلىك نەشتەر بولۇپ سانجىل-دى . خۇرشىدە بانۇ بوغۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك چوڭ - چوڭ نەپەس ئالاتتى .

— سىز ... قورقماڭ دېگەنتىڭىز ... دادىڭىزغا ئازار بەرمەي-دۇ ، تېزلا قايتىپ كېلىدۇ دېگەنتىڭىز . قېنى قايتىپ كەلگىنى ؟

قەلەندەرنىڭ يۈرىكى سىرقىراپ ، بانۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كۆزىنى قاچۇردى .

— گۇناھىمدىن كەچكەيسىز ، بانۇ ...

— دادام بىچارە ئاجىز بىرئادەم . ئۇنى زىندانغا سېلىپ قور-قۇتماق ئاسان . بىراق ، ئاللا شاھىت ، ئۇ زات ئۆز ۋىجدانىنى ساتمايدۇ ، ئۆز دوستىغا خائىنلىق قىلمايدۇ ...

خۇرشىدە بانۇ يىغىدىن بوغۇلۇپ ، گەپ قىلالماي قالدى . قەلەندەرنىڭ كۆكسىگە قادالغان زەھەرلىك نەشتەر بارا - بارا يۈرە-كىنى پارە - پارە قىلىپ تاشلىغاندەك تۇيۇلدى .

— كەچۈرگەيسىز ، بانۇ ، — دېيەلىدى ئۇ زوغا ، — مەن شۇنداق ئويلاپتىكەنمەن ...

— كېسەلمەن ، ئاجىز بىر ئادەم زىندانغا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن ؟ — دېدى خۇرشىدە بانۇ ، — نېمە بولىۋاتقاندۇ ؟ بىچارە دادام !

بانۇنىڭ بۇ ئەلەملىك ئاۋازى قەلەندەرگە دەرۋازا ئالدىدىكى ئاشۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىشنى ئەسلەتتى . بانۇنىڭ شۇ چاغدىكى «مىرزام !» دەپ چاقىرغان ئاۋازىمۇ هازىرقىغا ئوخشاشلا ئەلەملىك ئىدى . گەرچە ، ئۇ هازىر ئاستا گەپ قىلسىمۇ ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدە ئاشۇ دەرد ، ئاشۇ ئەلەم ، ياق ، قانداقتۇر بىر يېلىنىش بار ئىدى . گويا بېشىغا چۈشكەن بۇ كۈلپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، يالغۇز ئۇنىڭدىن ، يەنى قەلەندەردىن ياخشىلىق كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى !

ئەستاغپۇرۇللا ! قەلەندەر بانۇغا ، يۈزىنى قولى بىلەن يوشۇ- رۇپ ئۇنسىز يىغلاۋاتقان بۇ نازۇك سەنەمگە نىمىمۇ دېيەلىسۇن ؟ ئۇنىڭغا قانداقمۇ تەسەللى بەرسۇن ؟

قەلەندەر گويا ماتەم تۇتۇۋاتقان ئادەمدەك قارا كىيىمگە ئورىنى- ۋالغان بۇ نازۇك سەنەمنى باغرىغا بېسىپ ، ياشقا تولغان كۆزلىرىگە سۆيۈپ تىنچىتقۇسى كېلەتتى ۋە ياخشى گەپلەرنى قىلىپ تەسەللى بېرىشنى خالايتتى . لېكىن ، كۆڭلىگە قاتتىق ئازار بېرىپ قويغان- لىقتىن ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى .

— بولدى ، يىغلىماڭ ، بانۇ ، — دېدى ئۇ ئاخىر ، — ئۈمىدسىزلەنمەڭ ، ئاللانىڭ مېهرى دەريادۇر ...

بانۇ يەنىلا تىترىگىنىچە ئۈنسىز يىغلاپ ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايتتى .

— ئىنشائاللا ، بىزمۇ قاراپ تۇرماسمىز ، بىر يولىنى تېپىپ هەرىكەت قىلىمىز ، بانۇ ...

خۇرشىدە بانۇ بېشىنى بىر تەرەپكە بۇراپ ، ئۇنىڭغا قىيا باق- تى . ئۇنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى .

— بوۋام بىچارە نەگە بېرىشنى ، كىمگە ئەرز قىلىشنى بىلمەي- ۋاتىدۇ .

— هىم ، قىيىن ، — دېدى قەلەندەر هەسرەت بىلەن ، — بۇ رەهىمسىز مۇستەبىت بارلىق ئىلىم ئەهلىنى يوقاتماقچى ۋە ئۇستاز ياندۇرغان ئىلىم - مەرىپەت مەشئىلىنى ئۆچۈرۈپ ، پۈتكۈل ماۋەرائۇننەهرنى زۇلمەتتە قالدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ . لېك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـدـن ، ئىنشائاللا ، بۇ قارا نىيىتى ئەمەلگە ئاشماس ! چۈنكى ، مەرىپەت مەشئىلىنى ئۆچۈرۈپ ، ئەلنى زۇلمەتتە قالدۇرۇشنى نىيەت قىلغان مۇستەبىتنىڭ ھېچقايسىسى بۇ ياۋۇز نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغىنى يوق ! ...

قەلەندەر بۇ سۆزلەرنى قەلبى ئۆرتەنگەن ھالدا قىلدى ـ دە ، بىردەم جىم بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئالدىدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، يۇم ـ يۇم يىغلاۋاتقان بۇ سەنەم ، ئۇنىڭدىن بۇنداق ئۇلۇغۋار سۆزلەرنى ئەمەس ، كۆڭلىگە ئارام بېرىدىغان سۆزلەرنى كۈتەتتى ۋە ئىجاتلىق تىلەيتتى .

— ئىنشائاللا ، بىر ئامالى بولۇپ قالۇر ، بانۇ ، — دېدى قەلەندەر ، — سۆزۈمگە ئىشىنىڭ ، بىزمۇ قاراپ تۇرماسمىز ، بۈگۈندىن باشلاپلا ھەرىكەت قىلىمىز ...

قەلەندەر سۆزىنى تېخى تۈگەتمەيلا ، باغنىڭ ئىشىكى تاراقلاپ ئېچىلىپ ، ئالدىدا بىر ئايال كىشى ، ئۇنىڭ كەينىدە يەنە بىر ئادەمنىڭ سايىسى كۆرۈندى .

— خۇرشىدە ! نەدىسەن ، بالام !

— مومام ! بوۋام ! — قورقۇپ پىچىرلىدى خۇرشىدە بانۇ . ئۇ قولىنى قەلەندەرنىڭ قولىغا قويدى . ئۇنىڭ يۇمشاق قولى چوغدەك قىزىق ئىدى .

قەلەندەر بانۇنىڭ چوغدەك قىزىق قولىنى قىسقىنىدا ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئېرىپ كەتتى :

— قورقماڭ ، بىر ئامالىنى قىلىمىز ، بانۇ ! مەن يەنە كېلىمەن !

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ، ئۆزىنى دەرەخنىڭ دالدىسىغا ئالدى ـ دە ، خۇرشىدە بانۇنىڭ :

— مانا مەن ، بوۋا ! — دېگەن مۇلايىم ئاۋازىنى ئاڭلىدى .

قەلەندەر قاراڭغۇ كوچىلاردا ئۇڭغۇل ـ دوڭغۇل يوللارنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ كاللىسىدىن : «ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟» دېگەن پىكىر نېرى كەتمەيتتى . كۆز ئالدىدا بولسا

بانۇنىڭ ياش بىلەن يۇيۇلغان مەيۇس چىرايى نامايان بولۇپ ، قۇلاق تۈۋىدە ئۇنىڭ ئاچچىق تەنىلىرى جاراڭلايتتى . لېكىن ، بۇ سۆزلەر ھەرقانچە ئەلەملىك بولسىمۇ ، بۇگۈن قەلەندەر بىر نەرسىنى ئېنىق سەزدى : بانۇ ئۇنىڭدىن نېمىنىدۇر كۈتەتتى ۋە ئۇنىڭغا تايىنىشنى خالايتتى . بۇ ئىستەك ، خۇرشىدە بانۇنىڭ ئاۋازىدىكى بۇ يوشۇرۇن ئىلتىجا قەلەندەرنى بىر تەرەپتىن خۇشال قىلسا ، بىر تەرەپتىن چۆچۈتەتتى . «قانداق قىلىش كېرەك ؟ بۇ ئىككى ئۇستازنى قانداق قۇتقۇزۇش كېرەك ؟ » دېگەن پىكىر قايتا ـ قايتا ئېسىگە كېلىپ ، يۈرىكى سىرقىراپ كېتەتتى .

قەلەندەر توساتتىن ئالدىدا «ۋال » قىلغان ئوتنى كۆرۈپ توختىدى . مەشئەل تۇتقان ئىككى نۆكەر ئۇنىڭدىن سەل نېرىراقتا سول تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتتى .

ئۇ نەگە كېتىۋاتقانىدى ؟ بېشى گاڭگىراپ نەگە كېلىپ قالدى ؟ ھە ، ئۇ تىللابىبىدىن خەۋەر ئېلىش ئۇچۇن گور ئەمىر تەرەپكە ، ئەلى قۇشچىنىڭ ئاقساراي قېشىدىكى ھويلىسىغا كېتىۋاتاتتى .

قەلەندەر ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى . ئۇ زەرگەرلەر رەستىسىدىن ئۆتۈپ ، كۆكسارايغا يېقىنلىشىپ قالغانىدى . ئالدىدىكى دۆڭلۈكتە كۈنگۈرىلىك تام بىلەن ئورالغان گۇمبەزلەر قاراڭغۇدا چوڭ قىيالاردەك ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . بۇ يەردە چىراغ يورۇقىدىن ئەسەر يوق ئىدى . ھەشەمەتلىك ساراي خۇددى خارابىلەردەك جىمجىت ۋە ۋەھىمىلىك تۇيۇلاتتى ...

خارابىگە ئايلانغان قەسىرگە ئوخشاش بۇ ساراي ، چوڭقۇر جىمجىتلىقتا چۆمگەن بۇ گۇمبەزلەر ، قەلەندەرگە نىمىشقىدۇر ياد بولۇپ كەتكەن مىسرالارنى ئەسلەتتى :

*تاتلىق ـ تاتلىق يېگەنلەر ،*
*تورلۇك ـ تورلۇك يېگەنلەر .*
*ئالتۇن تەختكە چىققانلار ،*
*تۇپراق ئارا ياتمىشدۇر ...*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەۋلانىلەر قامالغان زىندان قەبرىستانغا ئوخشايدىغان بۇ سارايـ
نىڭ قەيىرىدە؟ ئۇنىڭغا تۆشۈك تېشىپ كىرگىلى بولامدۇ؟
قەلەندەر دەرەخلەرنى پاناھ قىلىپ ئالدىغا ماڭدى. لېكىن،
ئۇزۇن ئۆتمەيلا قەلئە تەرەپتە يەنە مەشئەل تۇتقان قاراۋۇللار كۆ-
رۈندى. قارىغاندا قاراۋۇللار تۈن بويى ساراي ئەتراپىدا ئايلىنىپ
يۈرىدىكەن.

قەلەندەر شەپىسىز قەدەم بېسىپ كەينىگە چېكىندى.
ئويمان - دۆڭ يوللاردىن، دەرۋىشلىك قىلىۋاتقان چاغلىرىدا كۆر-
گەن تار كوچىلاردىن ئۆتۈپ، ئاقسارايغا باردى. بىراق، ئۇنىڭ
كۆڭلى پاراكەندە بولدى. تىللابىبىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ، چوغدا
ياتقاندەك تولغىنىپ، «ئاللا - توۋا» قىلىپ ياتاتتى. ئۇ قەلەندەرنى
ئوغلۇم دەپ ئويلاپ بويىنىغا ئېسىلدى، ياش چىقمىغان نۇرسىز
كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە، ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە سۆيدى، بىر دەم-
دىن كېيىن، ئوغلى ئەمەسلىكىنى بىلىپ ئۇن سېلىپ
يىغلىدى - دە، يىقىلىپ قالدى...

قەلەندەر تىللابىبىنىڭ داد - پەريادىنى قايتا ئىشىتىۋاتقاندەك
بولۇپ بېشىنى چاپىنىغا پۈركىدى - دە، تۇگۈلۈپ يېتىۋالدى.
ئۇنى ھەتتا ئۇستىنى يوقلاپ كەلگەن قالقانبەگ بىلەن بازغانبەگمۇ
ئورنىدىن تۇرغۇزالمىدى. ئاكا - ئۇكا تۆمۈرچىلەر ئادەتتىكىدەك
چاقچاق قىلىپ: «ھەي ئاكا، قويۇڭا، بۇ يالغان دۇنيانىڭ تەشۋىش-
لىرىنى! دىۋانىنىڭ ئىشىنى خۇدا ئۆزى ئوڭشايدۇ!» دەپ ئۇنى
تېرىكتۈرۈپمۇ باقتى، لېكىن قەلەندەر يەنىلا تۇرمىدى. ئۇنىڭ
ئىچى تىتىلداپ، ئۆزىنىڭ مېيىدا قورۇلغىنىچە يېتىۋەردى.

يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا، قالقانبەگ بىلەن بازغانبەگ ئورنى-
دىن ئەمدىلا قوزغىلىشى بىلەن ئىشىك يەنە تاقىلدىدى.

قولىغا پىل - پىل قىلغان جىنچىراغنى ئېلىپ، قاراڭغۇ
كارىدورغا كىرىپ كەتكەن تۆمۈر ئۇستا ئىشىكتە كىم بىلەندۇر
ئۇزاق پاراڭلاشقاندىن كېيىن، مىرەم چەلەبىنى ئەگەشتۈرۈپ كىر-
دى.

— بۇ يىگىت بىر ئادەمنى باشلاپ كەپتۇ، — دېدى ئۇستا قەلەندەرگە، — ناتونۇش ئادەمكەن، كىرسۇنمۇ؟

مىرەم چەلەبى سالام بېرىپ ئالدىغا ئۆتتى.

— مەۋلانە كاشى! بارچە تالىپى ئىلىملەر ئۇنى سىزگە ئەۋەتىپتۇ، شائىر.

— ماڭا ئەۋەتىپتۇ؟! — قەلەندەر ھەيران بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، — قېنى؟ چاقىر! كىرسۇن!

ئۇلۇغبەگ مەدرىسىسىنىڭ ئەڭ ياش مۇدەررىسى ھېسابلانغان مەۋلانە كاشى ئىبنى مۇئىنىددىن غارغا كىرىپ، قاراڭغۇغا كۆنەلمەي ئالىقىنى بىلەن كۆزىنى توسۇپ بىردەم تۇردى. ئاندىن، گويا قەلەندەر قەرناقى بىلەن ئەمەس، پۈتۈن ئالەمگە مەشھۇر ئۇلۇغ ئالىم بىلەن كۆرۈشۈۋاتقاندەك، تولۇق ئېھتىرام بىلەن سالام بەردى. ياش بولۇشىغا قارىماي ئۇستازنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بۇ مەشھۇر ئالىمنى كۆرۈپ، قەلەندەرمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كېلىشى، ھەر ھالدا مۇشۇنداق ئېغىر، يامان كۈنلەردىمۇ جاھاندا ياخشى ئادەملەرنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

تۆمۈر ئۇستا سەندەلدىكى ئوتنى چۇقچىلاپ ئۈستىگە سۆكسۆك تاشلىدى ۋە سۇپىغا پالاز سېلىپ، مېھمانلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. قەلەندەر تېخىچە غارغا كۆنەلمەي، كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ تۇرغان كاشىنىڭ تىزىغا قولىنى قويدى.

— سىزنى كەمىنىگە موللىچاقلار ئەۋەتكەنمىدى، بۇرادەر؟ كەمىنىنى ئۇلار قانداق بىلىدىكەن؟

مەۋلانە كاشى شالاڭ ساقىلىنى سىلاپ كۈلدى. گۈلخان شولىسىدا ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىغا قان يۈگۈرگەندەك بولۇپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— سىز پۈتۈن ماۋەرائۇننەھرگە داڭلىق شائىر. خۇسۇسەن، سىزنىڭ دەرۋىشلىكنى تاشلاپ، مەۋلانە ئەلى قۇشچىغا ھەمدەمدە بولغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغان تالىپى ئىلىملەرنىڭ سىزگە ھۆرمىتى چەكسىزدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەلەندەر قەرناقى غەمكىن هالدا كۈلۈمسىرەپ گۈلخانغا تىكىلـ
دى . مەۋلانە كاشىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى يارىغا تۇز
سەپكەندى . «دەرۋىشلىكنى تاشلاپ ، ئىلىم دەرگاھىغا قايتىپ كىر
لىپ نېمىگە ئېرىشتىم ؟ يا قاماقتىكى ئۇستازلارغا ياردەم بېرەلمە
دىم ، يا بانۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولالمىدىم !»

قەلەندەر ئېغىر خورسىنىپ ، كاشىغا قارىدى :

— خوش ، ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا نېمە گەپ ـ سۆز ، قانداق خەۋەرلەر بار ، بۇرادەر ؟

كاشى ئويچان كۆزلىرىنى گۈلخاندىن ئۈزمەي :

— بارچە تالىپلار ، بارچە ئىلىم ئەھلى غەم ـ ئەندىشىدە ، شائىر ، — دېدى ، — ئۆزىڭىزگە مەلۇم ، مەدرىسىلەر تاقىۋېتىلـ دى . ئىلىم ئەھلىنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدىغانلىقى تېخىچە ئېنىق ئەمەس .

— غەم ـ ئەندىشىدىن نېمە پايدا چىقىدۇ ؟ غەم ـ ئەندىشە كىشىگە دوست بولالمايدۇ ، بۇرادەر .

— ھەق گەپ ! — دېدى مىرەم چەلەبى گۈلخان شولىسىدا كۆزلىرى چاقناپ ، — تالىپى ئىلىملەر ئەلى قۇشچىنى دەرھال قۇتقۇزۇش كېرەك دېيىشىپتۇ . نېمىشقا بۇنى تىلغا ئالمايسىز ، مەۋلانە كاشى ؟

كاشى گۈلخان يېقىپ ئولتۇرغان ئاكا ـ ئۇكىغا خۇدۇكسىنىپ قارىدى . قەلەندەر كۈلۈمسىرەپ :

— قورقماڭ ، ئەزىز بۇرادەر ، بۇلار ئۆزىمىزنىڭ يىگىتلىرى ، — دېدى .

— ھە ، — دېدى كاشى باش لىڭشىتىپ ، — تۈنۈگۈن ئاخشام كەمىنىنىڭ ھۇزۇرىغا بىر توپ تالىپ كەلدى . جان پىدا قىلىشقا تەييار تۇرغان بۇ تالىپلار ، بېشىمىز كەتسىمۇ مەۋلانە ئەلى قۇشچىـ نى قۇتقۇزىمىز ، دېيىشتى .

— قانداق قۇتقۇزماقچىكەن ؟

— قايسى زىنداندا ياتقانلىقىنى بىلسەك ، تۆشۈك تېشەتتۇق ،

دېيىشتى .

كۆرۈك باسقاچ كاشىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان قالىقانبەگ :

— بارىكاللا ! قالتىس يىگىتلەر ئىكەن ! — دەپ تاشلىدى ، — سىزنىڭچە قانداق ، ئاكا ؟

— نېمە دەيتتىم ، بەللى دەيمەن ، ئۇكام ! — كۈلدى بازغانبەگ ، قارا چۆگۈننى ئوتتىن ئېلىۋېتىپ ، — بۇنداق مەرد يىگىتلەر بار يەردە ، بىزمۇ جىم تۇرمايمىز ! قەلەندەر ئاكامدەك كېچە ـ كۈندۈز غەم يەپ ياتمايمىز ـ دە . قالقان بول دېسە قالقان بولىمىز ، بازغان بول دېسە بازغان بولىمىز ، قانداق ، قەلەندەر ئاكا ؟

قەلەندەر ئاكا ـ ئۇكا تۆمۈرچىلەرنىڭ گەپلىرىگە كۈلۈپ قويدى ـ دە ، كۆڭگۈرلىك تاملار بىلەن ئورالغان قەسىر ، مەشئەل كۆتۈرۈپ ساراي ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرگەن بايىقى قاراۋۇللار كۆز ئالدىغا كېلىپ ئويلىنىپ قالدى . ئۇستا بولسا بېشىنى چايقاپ :

— ھەي ، خام سۈت ئەمگەن بەندىلەر ! — دەپ كۈلدى .

— نېمىشقا كۈلىسىز ، ئاتا ؟ — دېدى قالقانبەگ .

— شۇنىڭ ئۈچۈن كۈلۈۋاتىمەنكى ، بۇ ساراي ، بۇ زىندانلارنى كىم بىنا قىلدۇرغانلىقىنى بىلمەيسىلەر . بۇ ساراي ، بۇ زىندانلارنى ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئەمىر تۆمۈر بىنا قىلدۇرغان !

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز ، ئاتا ؟ — دېدى مىرەم چەلەبى تىتىلداپ ، — مەسلىھەت بېرىڭ ، قانداق قىلىمىز ؟

— ھە ، ئامال تېپىش كېرەك ، — قەلەندەر بېشىنى ئالىقىنى بىلەن قىسىپ ئاستا قىمىرلىدى ، — ئامال تېپىش كېرەك !

ئۇستا كەڭ ئالىقىنى بىلەن قورۇق باسقان يۈزىنى سىلاپ ، گۈلخانغا تىكىلگىنىچە ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ بۇرۇنقا ئوخشايدىغان قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرى يۇمۇلۇپ ، لەۋلىرى قىمىرلايتتى .

— بۇ توغرىلىق كۆپ ئويلاندىم . ئويلاپ ـ ئويلاپ ئاخىر شۇ پىكىرگە كەلدىم : ئۇلارنى پەقەت ئالتۇن قۇتقۇزالايدۇ . ئۇنىڭدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشقا چارە يوق !

— ئالتۇن ! — ھەممەيلەن بىردىنلا جىمىپ قالدى . ھەتتا قالقانبەگمۇ كۆزۈك بېسىشتىن توختاپ ، يېقىنراق كېلىپ ئولتۇر-دى .

— ھەئە ، ئالتۇندىن باشقا نەرسە بۇ ئىشقا يادەم بېرەلمەيدۇ ، — دېدى بوۋاي ، — ئېسىڭلاردا بولسۇنكى ، شاھزادى-نىڭ سەركەردىلىرى ئارىسىدا ئالتۇنغا سېتىلمايدىغان بىرەرمۇ ئا-دەم يوق ! قارماق تاشلاپ ، ئۇلاردىن بىرىنى كىكىرتكىدىن ئىلىۋې-لىش كېرەك . ئەلى قوشچىنى قوتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ، ئالتۇن - جاۋاھىرلارنى ئايىماسلىق لازىم . مىرزا ئۇلۇغبەگدەك دانىشمەنمۇ مۇشۇنى ئويلىغان بولسا ئەجەب ئەمەس ! — بوۋاي مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويدۇممۇ - قانداق دېگەن مەنىدە قەلەندەرگە قارىدى . لېكىن ، قەلەندەر ئۆچۈشكە باشلىغان گۇلخانغا تىكىلگىنىچە يەنىلا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى . ئۇستا ئالتۇندىن گەپ ئېچىش بىلەنلا «بۆرە» ئېسىگە كەلدى . ئۇ بايا خۇپتەندە «بۆرە»نى يىراقتىن كۆرۈپ قالغانىدى . «بۆرە» ياساۋۇلچە كىيىنىپ ، بېشىدا دوبۇلغا ، بېلىگە ئايىسمان ئەگرى قىلىچ ئاسقان ھالدا كېلىشكەن تورۇق ئاتنى چاپتۇرۇپ ، ئۇندەك سۇۋارى بىلەن رەسەتخانىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى . ئۇ ئاتتا شۇنداق ھەيۋە بىلەن ئولتۇراتتىكى ، قەرناقى ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى ! … ھەئە ، بوۋايمۇ «بۆرە» گە قارماق تاشلاپ كۆرۈش كېرەك دېدى . توۋا ! بۇ پىكىر ئېمىشقى-مۇ ئۇنىڭ كاللىسىغا بالدۇرراق كەلمىگەندۇ ؟

كاشى قەلەندەرنىڭ جىم ئولتۇرۇۋېلىشىنى باشقىچە چۈشەندى بولغاي :

— ئالتۇن بىلەن ئىش پۈتىدىغان بولسا بىر ئامالىنى قىلۇرمىز ، — دېدى ، — بارچە تالىپلار ، بارچە ئىلىم ئەھلى تېگىشلىك ياردىمىنى قىلۇر !

— ئالتۇندىن بۇرۇن ئۇستام دېگەن ھېلىقى قارماققا ئىلىنى-دىغان بېلىقنى تېپىش كېرەك ! — دېدى قەلەندەر .

كاشى ئاكا ـ ئۇكا تۆمۈرچىلەرگە يەنە بىر قاراپ قويدى ۋە:
— بىلىقمۇ تېپىلۇر، — دېدى ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — كەمىنە ئەمىر سۇلتان جاندار دېگەن بىر ئادەم بىلەن تونۇشمەن. بىراق تۇغقان بولىدۇ ...
— ئەمىر سۇلتان جاندار؟ ئۇ ۋىجدانسىز ئەمىر، شاھزادىنىڭ ئوڭ قولى ئىمىش!
— دېمەك، ئۇ لەھەڭ ئىكەن ـ دە! — كۇلدى مىرەم چەلەبى.
— لەھەڭ بولغاندىمۇ قالتىس لەھەڭ. بىراق، تۇزاققا چۈشەمدۇ ـ يوق؟
— قورقما، بالام. لەھەڭ بولسا ... قارماققا چۈشمىسە، ئىلمەككە ئىلىنىدۇ! ئەمما، يەمچۈك يوغانراق بولۇشى كېرەك! — تۆمۈر ئۇستا شۇنداق دەپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى، — بۇ ئىشتا خۇداۋەندە كەرىم خەير ـ ساخاۋەت قىلغاي، ئىشلار ئوڭدىن كەلسۇن، بالىلىرىم، ئىلاھە ئامىن!

## 12

كۆكسارايدىن ئىتتەك چارچاپ قايتىپ كەلگەن ئەمىر سۇلتان جاندار يوتقانغا كىرىپ ئەمدىلا كۆزىنى يۇمۇشى بىلەن، كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئاستا نوقۇپ قويدى.
— ئەپۇ قىلغايسىز، ئەمىر جانابلىرى، كۆكسارايدىن چاپارمەن كەپتۇ.
ئەمىر جاندار كۆزلىرىنى ئاران ئاچتى. قېشىدا ياش خىزمەتكارى ئېھتىرام بىلەن قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى.
— سارايدىن كەپتۇ؟
— خوش، سارايدىن كەپتۇ، ئەمىر جانابلىرى ...
— چاقىر! — ئەمىر جاندار ئۇھ تارتىپ كۆزىنى يۇمدى. مانا، نەچچە ئاي بولدى. ئەھۋال كۈندىلا مۇشۇنداق. ئۇنىڭغا

كېچە ـ كۈندۈز دېمەي ، ئۈستى ـ ئۈستىلەپ چاپارمەن ئەۋەتىۋېرەت-
تى . ئۇ قەدىمكى ئىسلزادىلەر ئەۋلادىدىن بولغان ئابرۇيلۇق سەر-
كەردە ئەمىر سۇلتان جاندار تارخانىي ئەمەس ، بەلكى تېگى پەس
بىر مالايىنى ئىشقا سالغاندەك ، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنىمۇ
ئۇنىڭغا يۈكلەۋېرەتتى .

شاهزادە ئۆز ئاتىسىنىلا ئەمەس ، ھەتتا قېرىندىشى ئابدۇل
ئەزىزنىمۇ ئەمىر جاندارنىڭ قولى بىلەن قەتل قىلدى ...

ئەمىر جاندار ئاشۇ دەھشەتلىك كېچىنى ئەسلىدى . ئۇنىڭغا
قەتل قىلىنىدىغان چاغدا ئىگەكلىرى تىترەپ ، كىچىك باللاردەك
يۈم ـ يۈم يىغلىغان ئابدۇل ئەزىز ھازىر ئۆيگە كىرىپ كېلىۋاتقان-
دەك تۇيۇلدى ـ دە ، شاققىدە ئىشىككە قاراپدى . كېيىن ،
ئەزايى ـ بەدىنىنى سوغۇق تەر بېسىپ : «گۇناھكار بەندەڭنى ئۆزۈڭ
كەچۈرگەيسەن ، پەۋەردىگار !» دەپ پىچىرلىدى .

ھەئە ، بۇ مەلئۇن شاهزادە نۇرغۇنلىغان رەزىللىكلەرنى ئۇنىڭ
قولى بىلەن قىلدى ، ئۆزى بولسا كېيىنكى ۋاقىتلاردا يامان بىر
ئادەتنى چىقاردى . يېرىم كېچىگىچە ، ھەتتا تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي ،
ھاكىمىيەت ئىشلىرى ، ئوردا ئىشلىرىغا دائىر بارلىق خەت ـ
ھۆججەتلەر ئۈستىدە كېچىسى ئىشلەپ ، بىكار ۋاقىتلىرىدا بەزمە
قىلىدىغان بولىۋالدى . لېكىن ، ئۇنىڭ بەزمىسى ئۆزىنىڭ قىلىقلى-
رىغا ئوخشاش تېتىقسىز ئىدى . ئىلگىرى ، مىرزا ئۇلۇغبەگ دەۋرى-
دە ، پايتەختنىڭ مەشھۇر شائىر ۋە ئالىملىرى ، ناخشىچى ـ سازەن-
دىلىرى يىغىلىدىغان چوڭ بەزمىخانىدا ، ھازىر ئۆزى يالغۇز ئولتۇ-
رۇپ مەي ئىچىدىغان ، چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ھالدا ئاستا تەۋرى-
نىپ ، سازەندىلەرنىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرىنى ئاڭلايدىغان ، بەزىدە ھە-
رەمدىكى كېنىزەكلەردىن بىر ـ ئىككىسىنى چاقىرتىپ ئۇسسۇل
ئوينىتىدىغان . لېكىن كۆپ ھاللاردا كېنىزەكلەرنى ھەيدەپ چىقى-
رىپ ، يەنە سازەندىلەرگە مۇڭلۇق كۈيلەرنى چالدۇرىدىغان بولۇپ
قالدى ، بەزىدە پاراڭلاشقۇسى كېلىپ قالسا ، ئەمىر جاندارنى ياكى
قوشنا ئۆيدە ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرغان ساراي ئەمەلدارلىرىدىن بى-

رەرسىنى تەكلىپ قىلىپ ، مەي بىلەن مېھمان قىلاتتى··· ئېھ ،
پەرۋەردىگارى ئالەم ! ئۇنىڭ بېشىغا نېمە سەۋدالارنى سالدىڭ ؟
ئەمىر سۇلتان جاندار تارخاننىڭ مىرزا ئۇلۇغبەگدىن يۈز ئۆرۈپ ،
مىرزا ئابدۇللىتىپنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشتىكى ئۈمىدى شۇمىدـ
دى ؟ شاھزادىنىڭ ئوڭ قولى ، ئىشەنگەن تېغى ، باش ۋەزىرى
بولىمەن دەپ ئويلىمىغانمىدى ؟ شاھزادە تەختتە گۇۋاھ ئۇچۇنلا
ئولتۇرىدۇ ، ھاكىمىيەتنى بولسا مەن يۈرگۈزىمەن ، پۈتكۈل ماۋەراـ
ئۇننەھر مېنىڭ قولۇمدا بولىدۇ دېگەن خىيالدا ئەمەسمىدى ؟ بارـ
لىق مەشھۇر زاتلار ، بارلىق بەگ ۋە بەگزادىلەر ، باي ۋە سودىگەرـ
لەر ، ھەربىي ئەمەلدارلار ۋە دۆلەت ئەربابلىرى ، ئۆلىما ـ ئاقساقالـ
لار مېنىڭ ئىشىك ئالدىمدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ ، مېنىڭ
بايلىقىم پايتەخت بويىچە ئەڭ كۆپ بولىدۇ ، مېنىڭ ئۆي ـ جايىم
ئەڭ ھەشەمەتلىك بولىدۇ ، ھەرەمخانامغا ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئەڭ
چىرايلىق قىزلىرىنى يىغىمەن دېگەن ئىشەنچتە ئەمەسمىدى ؟ شۇ
ئۈمىدلەر بىلەن شاھزادىنىڭ بارلىق ئەمر ـ پەرمانلىرىنى مۇقەددـ
دەس بىلىپ ، ئەڭ يامان ، ئەڭ رەزىل تاپشۇرۇقلىرىنى بەجا كەلـ
تۈرگەن ئەمەسمىدى ؟ خوش ، بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭدىن نېمە ياخـ
شىلىق كۆردى ؟ بايلىقى ، شان ـ شۆھرىتى ئاشتىمۇ ؟ ھەرىمىدىكى
بىرەر گۈزەلنى ئىنئام قىلدىمۇ ؟ ياق ! ئەمىر جاندار سالاھىددىن
زەرگەرنىڭ نەۋرىسىگە كۆز تاشلاپ ، زەرگەرگە نەۋرە كۈيئوغۇل
بولۇش ، داڭقى پۈتۈن پايتەختكە تارقالغان بۇ سەنەمنى نىكاھىغا
ئېلىش مەقسىتىدە ئىدى . بىراق ، ئۇ بۇ مەقسىتىگىمۇ يېتەلمىدى .
ئەمدى ئەلچى ئەۋەتىمەن دەپ تۇرغىنىدا ، شاھزادە مەۋلانە مۇھىدـ
دىننى قاماققا ئالدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشمۇ توختاپ قالدى .
ئەمىر جاندار ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ مەۋلانە مۇھىددىننى قۇتقۇزالمىدـ
دى . باشقا ئەمىرلەر ئۇنى شاھزادىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى ، ئۇنىڭ
قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق دەپ ئويلايتتى . شۇ سەۋەبتىنمۇ
ئۇنىڭغا يامان كۆزى بىلەن قاراپ ھەسەتخورلۇق قىلاتتى . بولۇۋاتـ
قان يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭدىن كۆرەتتى ، بارلىق

قىرغىنچىلىقتا ئەمىر سۇلتان جاندار سەۋەبچى دەپ ئويلايتتى. ئەمىر سۇلتان جاندار بولسا، ئۆز جېنىنى ئارانلا ساقلاپ يۈرەتتى. يالغۇز ئەمىر جاندارلا ئەمەس، شەرەپسىز خۇراسان يۈرۈشىدىن كېيىن، بولۇپمۇ شاھزادە ئابدۇل ئەزىزنىڭ پايتەختتە قىلغان گال-ۋاڭلىقلىرىدىن كېيىن، مىرزا ئۇلۇغبەگدىن نارازى بولۇپ ئابدۇل-لىتىپ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى كۈندە پۇشايمان قىلىشىۋاتاتتى. چۈنكى، شاھزادە ئۇلار تەمە قىل-غان يۇقىرى مەنسەپ ۋە زور بايلىقلارنى ئىنئام قىلمىدى. ئۇ پەقەت شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئىش كۆرۈۋا-تاتتى ۋە يالغۇز شۇ ھاكاۋۇر قېرىغا بوي ئېگىپ، كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قوياتتى، ھەتتا شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىنمۇ بىر چەتتە قايرىلىپ قالغانىدى... ئەمىر سۇلتان جاندار بولسا... تەلۋە شاھزادە ھەر كۈنى ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارايتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە، قىلغان قەسەملىرىگە ئىشەنمەي، باسقان ھەربىر قەدە-مىنى مەخپىي كۆزىتەتتى، سوراقتا تارتىپ قىينايتتى...

ئەمىرنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە يات بولغان چوڭقۇر قايغۇ قاپلىۋال-دى. ئۇ نېمە ئۈچۈن مىرزا ئۇلۇغبەگدىن يۈز ئۆرىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇپ، تۇزكورلۇق قىلدى؟

ئەمىر چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاندا، ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ «بۆرە» كىردى.

«مانا، كەينىمگە يەنە بىر پايلاقچىنى قويۇپتۇ!»

— خوش؟ — دېدى ئەمىر قوپاللىق بىلەن، — يېرىم كېچىدە يەنە نېمە ئىش، ئالىغاي؟

«بۆرە» غەلىتە ھىجىيىپ جاۋاب بەردى:

— بۈتى شاھ ئالىيلىرىدىن سوراڭ، ئەمىرىم!

ئەمىر جاندار ئالىغاينى تىللاپ تاشلاشتىن ئۆزىنى زورغا بې-سىپ كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇ يوغان بەدىنىگە چىپ كېلىدىغان ھەربىيچە كىيىمنى كىيىۋېتىپ، «بۆرە»نىڭ پەۋقۇلئاددە مۇلايىم-لىق بىلەن قىلغان سىپايە گەپلىرىنى ئاڭلىدى.

— شەۋكەتلىك ئەمىرىم ! بىلمەن ، سىز پېقىرغا ئىشەنمەي-
سىز ، لېكىن شاھزادىنىڭ بۇ ئىشلىرى كەمىنىگىمۇ ياقمايدۇ .
«شەيتانغا دەرس بېرىدىغان بۇ بۆرىنىڭ مەقسىتى نېمە ؟ مېنى
ئالداپ سىر ئۇقماقچىمۇ ياكى باشقا مۇددىئاسى بارمۇ ؟ »
ئەمىر جاندار كۆمۈش كەمىرىنى باغلىغان بولۇپ ، ئۇنىڭغا
قارىمايلا سورىدى :
— قايسى ئىشلىرىنى دەۋاتىسەن ؟
— قايسىبىرىنى دەي ، ئەمىرىم ؟ ئۆزىگە مالاي قىلىۋالدى
بىزنى ، ئەمما مالايلىقتىن نېمە پايدا چىقىدۇ ؟
«ئەستاغپۇرۇللا ! بۇ نېمە قىلىق ؟ جېنىمنى تىكىپ خىزمىتىد-
نى قىلساممۇ ئىشەنمەي ، كەينىمگە ئۇستى - ئۇستىلەپ پايلاقچى
قويىدۇ تېخى ! »
تۇنۇگۇن مەۋلانە كاشى كېلىپ ئۇنى سىناپ كۆردى ، نارازى-
لىق پەيدا قىلىۋاتقان ئادەملەر توغرىسىدا سۆزلىدى ، ئەلدە تىنچلىق
يوق ، پۇقرالارنىڭ ھالى خاراب ، پايتەختتە قەھەتچىلىك بولۇۋاتى-
دۇ ، سودا - سېتىق كاساتلاشتى دەپ شىكايەت قىلدى ، ئاخىر ئەلى
قۇشچى بىلەن مەۋلانە مۇھەددىسنى سۇرۇشتۇرۇپ ، ئالتۇن ۋە جاۋا-
ھىرلارغا قىزىقتۇردى . ئەمىر جاندار ئۇنىڭ سۆزىدىن پۇتاق چىقى-
رىپ ، دەرھال زىندانغا تاشلىماقچى بولدىيۇ ، تۇغقانچىلىق مۇناسى-
ۋىتى تۈپەيلىدىن ئۇنداق قىلمىدى ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ ، تىل-
لىشىپ ، ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردى . بۇگۈن بولسا ... يىلاننىڭ
يېغىنى يالىغان بۇ مۇغەمبەر ئۇنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سېلىپ باقماق-
چى !
ئەمىر جاندار قىلىچىنى ئېسىشنى باھانە قىلىپ ، يەنىلا «بۆ-
رە»گە قارىماي :
— ساڭا ھەيرانمەن ، ئالىغاي ، — دېدى ، — مىرزا ئۇلۇغبەگ
زامانىدا كوچىمۇكوچا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن بىر گاداي بۇ-
گۈن شاھزادىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ياساۋۇل بولدۇڭ . يەنە نېمە
كېرەك ساڭا ، بۆرە ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ياساۋۇللۇقتىن نېمە پايدا چىقىدۇ؟ نامى ئۇلۇغ ، سۇپۇر-سى قۇرۇق ، ئەمىرىم!

— سۇپۇراڭ قۇرۇق بولسا ، مەن قانداق قىلاي ، ياساۋۇل بولدۇڭ ، ھەرىكەت قىلىپ كۆر ، بۆرە!

— يالغۇز ئاتىنىڭ چېڭى چىقماس! چاۋاك ئىككى قولدا چىلى-نىدۇ ، ئەمىرىم! بىر ئىشنى دېمەن سىزگە .

— نېمە ئىش؟

— خوپ دېسىڭىز دېمەن ، ئەمما قورقماڭ! ناھايىتى سادىق ئادەملەر بار...

«سادىق ئادەملەر؟ قوي تېرىسىگە ئورنىۋالغان بۇ ‹بۆرە› نېمە دەيدىغاندۇ؟ مېنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇۋاتامدۇ نېمە؟»

ئەمىر جاندار شاققىدە بۇرۇلۇپ ، «بۆرە»نىڭ ياقىسىدىن تۇ-تۇپ ئۆزىگە تارتتى .

— جېنىڭدىن تويمىغان بولساڭ ، راستىنى دە! مېنى سىناش-نى ساڭا كىم تاپشۇردى؟ شاھزادىمۇ ياكى شەيخ نىزامىددىن خامۇش ھەزرەتلىرىمۇ؟ قارنىڭنى يېرىپ ، ئۈچەيىڭنى سەللە قىلىۋالىمەن .

ئېيت ، ئىبلىس! — ئەمىر جاندار ياساۋۇلنىڭ كېكىرتىكىنى بوغۇۋالدى . ئۇنىڭ قوللىرى بۇركۇتنىڭ چاڭگىلىدەك قاتتىق ئى-دى . ياساۋۇلنىڭ ئالىغاي كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچىيىپ كەتتى .

— كىم ئەۋەتتى سېنى ، ئېيت ، ئىپلاس!

— خۇدا ھەققى ، يالغان سۆزلىمەيمەن! تېگىدىغان پايدىنى دەپ بولغۇچە بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭ ، ئەمىرىم ...

— نېمە پايدا؟ پىتنىمۇ؟

— ياق ، ئالتۇن ، ئەمىرىم ، ئالتۇن - جاۋاھىر! ...

— ھەممە پىتنە ، ھەممە بالا - قازا ئالتۇن - جاۋاھىردىن باشلىنىدۇ! خوش ، قايسى كوچىدا ياتقان ئالتۇن - جاۋاھىركەن ئۇ؟

— كوچىدا ئەمەس ، سىزنىڭ قولىڭىزدا ، زىنداندا يېتىپتۇ ،

ئەمىرىم !

«زىنداندا يېتىپتۇ ! پىرىگە دوست بولمىغان بۇ شەيتان نېمە دەيدىغاندۇ ؟ كىمنى دەۋاتىدۇ ؟ شاھزادە ئابدۇللانىمۇ ياكى شاھزادە ئەبۇ سەئىدنىمۇ ؟ »

ئەمىر جاندار «بۆرە»نىڭ كېكىرتىكىنى تېخىمۇ قاتتىقراق سىقتى .

— خۇپسەنلىك قىلماي ئېنىقىنى دە ، شەيتان !

«بۆرە» جان ئاچچىقىدا تېپىرلاپ خىرىلدىدى .

— ئىككى ئالىم ... ئەلى قۇشچى بىلەن مەۋلانە مۇھەممەدنى...

«ئەجدىھانىڭ كۆزىنى چوقۇغان قۇزغۇن ! ئىككى مەۋلانىنى قۇتقۇزۇپ نېمە قىلۇرسەن ؟ ئالتۇن - جاۋاھىرلارنى كىم بېرىدۇ ؟ سالاھىددىن زەرگەرمۇ ؟ »

ئەمىر جاندار «بۆرە»نى تېخىمۇ قاتتىقراق بوغماقچى بولدىيۇ ، نېمىشقىدۇر كاشى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت ئېسىگە كېلىپ ، ئۇنى قويۇۋەتتى . ئەمىر بېلىدىن سىيرىلىپ كەتكەن كۈمۈش كەمە-رىنى رۇسلاپ ، ئىشىككە قاراپ ماڭغاچ :

— بىلىپ قوي ، بۆرە ! ئىككى كېمىگە دەسسىگەن كىشى غەرق بولىدۇ ! ئەمىر سۇلتان جاندار ئالتۇن - جاۋاھىرغا سېتىل-مايدۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى .

كۈندۈزى ياغقان قار مۇزلاپ ، سوغۇق باشلانغانىدى . سوغۇقتا كىشنەپ ، يەر چاپچىپ تۇرغان ئاتلار تۇياقلىرى ئاستىدىن مۇز پارچىلىرىنى چاچرىتىپ ، تاشيولدا تاراقلاپ چېپىپ كەتتى .

شەھەر كوچىلىرى گۆرىستاندەك جىمجىت ھەم قاراڭغۇ ئى-دى . ھەر كۈنى مۇشۇ چاغلاردا ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان قاراۋۇللارنىڭ شاقىلداقلىرى ۋە قەلەندەرلەرنىڭ : «ھەق دوست ، يا ئاللا » سىمۇ ئاڭلانمايتتى . كېچىلىرى مەشئەل ياندۇرۇپ ، توپ - توپ بولۇ-شۇپ ئايلىنىپ يۈرىدىغان سۇۋارىلارمۇ كۆرۈنمەيتتى .

ئەمىر جاندار ئالدىدا ئات سىلىپ كېتىۋېتىپ ، «بۆرە»نىڭ

www.uyghurkitap.com

سۆزلىرىنى ئويلايتتى . ئۇ شەيتانغا تۇزاق قويىدىغان بۇ ياساۋۇلنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمىگەنلىكى ئۈچۈن خۇرسەن ئىدى . ئۇ بېشىغا كۇلاھ ، ئۇچىسىغا جەندە كىيىپ ، كوچىمۇكوچا گادايلىق قىلىپ يۈرگەن بۇ دەرۋىشنى خېلى بۇرۇندىنلا تونۇيتتى . ئۇنى سارايدا ياساۋۇل كىيىمىدە كۆرۈپ ، دەسلەپتە ئەجەبلەنگەن بولسىمۇ ، كې- يىنچە بۇ ئىشتا شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ قولى بارلىقىنى بايقاپ قالغانىدى ... ھەئە ، شەيخنىڭ خۇسۇسىي پايلاقچىسى ھېسابلانغان بۇ ئادەمدىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك . لېكىن ، «بۆرە»نىڭ سۆز- لىرى ئۇنى تەشۋىشكە سېلىپ خىيالىدىن نېرى كەتمەيتتى ... «بۆرە» : «ناھايىتى سادىق ئادەملەر بار» دېدى . بۇ قانداق ئادەم- لەردۇ؟ ئۇنىڭ مەقسىتى نېمە؟ مۇبادا پايتەختتە بىرەر پىتنە - ئىغۋا تارقالغان بولسا ، ئەمىر سۇلتان جاندار خەۋەرسىز قالۇر- مۇ ؟... ھازىر مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سۆيۈملۈك نۆكىرى بابا ھۇسە- يىن قەيەردىدۇر يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنمىش . بابا ھۇسەيىننىڭ ئىسمى- نى ئاڭلىسا ، ھەتتا شاھزادىمۇ غال - غال تىترەيتتى . كېيىنكى كۈنلەردە شەھەر دورغىسى مىرانشاھمۇ كەم دىدار بولۇپ قالدى . شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن بولسا ، باشتىلا شاھزادىگە ئۇچۇق چى- راي بەرمىگەنىدى ، ھازىر ئۇنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى . ئېھتىيات قىلىش كېرەك . ھەر ھالدا «بۆرە» دېگەن ئادەملەرنىمۇ بىلىپ قويۇش كېرەك . چۈنكى ، بۇ تەلۋە شاھزادىگە يۆلەنمەك كۆلەڭگىگە يۆلەنمەك بىلەن باراۋەر . بايقۇشنىڭ كۆزىگە ئوخشايدى- غان كۆزلەر يامان... بۇنداق كۆزلەردىن قورقۇش كېرەك...

ئەمىر جاندارنىڭ خىيالىنى كۆكساراي ئالدىدا گۈلخان يېقىپ ئولتۇرغان ياساۋۇللارنىڭ ئاۋازى بۆلۈۋەتتى . ئاتلىقلارنى كۆرۈپ ، ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇشقان ياساۋۇللار ئەمىر جاندار بىلەن «بۆرە»نى تونۇپ ، ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىشتى . ئەمىر جاندار ئېتى- نىڭ چۇلۇۋۇرىنى ئۇنى دەرۋازىدا قارشى ئالغان قاراۋۇلغا تۇتقۇزۇپ ئىچكىرىگە كىردى . ئۇنى چوڭ كۆلچەك يېنىدا كۈتۈۋالغان بەلخ- لىق نېگىر سۇپەت سارايۋەن سالامخانىغا ئەمەس ، نېمە ئۈچۈندۇر

ھەرەمخانىغا يانداش مېھمانخانىغا باشلىدى .
مىرزا ئابدۇللىتىپ ھەرەمخانىغا يانداش بۇ ھەشەمەتلىك ئۆي-نىڭ تۆرىدە قات - قات شايى كۆرپىلەردە يانپاشلاپ ياتاتتى . ئالدىدىكى شىرەدە بىر لىگەن كاۋاپ بىلەن مەي تولدۇرۇلغان جۇڭگو كوزىسى تۇراتتى . تورۇستىكى قەندىل ۋە تەكچىلەردىكى ئالتۇن شامدانلارغا تىزىلغان شاملارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆچۈرۈلگەن بولۇپ ، مېھمانخانا غۇۋا يورۇق ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ، تۆردە يانپاشلاپ ياتقان شاھزادە ئەمىر جاندارنىڭ قەلبىدە ئاللىقانداق يامان بىر گۇمان پەيدا قىلدى . ئۇ قول قوۋۇشتۇرغىنىچە پەگادا يۈكۈنمەكچى بولدى . لېكىن ، شاھزادە ئورنىدىن قوزغىلىپ : «بېرى كەل !» دېدى . ئۇ ئۇيقۇسىزلىقتىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ئەمىر جاندارنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ ، ئادىتى بويىچە سوئال قويدى :
— خوش ، ئەمىر ؟ پايتەختتە قانداق يېڭىلىقلار بار ؟
«ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ سەنلەۋاتقىنىنى تېخى !» ئەمىر جان-دار كۆزىنى ئۇنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇپ ، بېشىنى سەل تۆۋەن قىل-دى :
— ئىنشائاللا ، تىنچلىق ، شاھ جانابلىرى !
— تىنچلىق بولسا ، نېمىشقا كۆزۈڭنى قاچۇرىسەن ؟
ئەمىر جاندار زورغا كۈلۈمسىرىدى :
— شاھ ئالىيلىرىنىڭ نۇرلۇق جامالىدىن كۆز قامىشۇر ...
— خوشامەتنى قاملاشتۇرىسەن ، تۈلكە ! — دېدى شاھزادە مەستانە كۈلۈمسىرەپ ، — ۋە لېكىن ، بىلىپ قويغىنكى ئەمىر ، كۆڭلۈڭدە نېمە بارلىقىنى كۆزۈڭدىن بىلىپ تۇرىمەن .
— ھەزرىتى ئالىيلىرىغا شان - شەۋكەت تىلەشتىن باشقا مۇددىئايىم يوق . سەلتەنىتىڭىز بۇنىڭدىنمۇ زىيادە ...
— بەس ! سەلتەنەت ئىشلىرىدىن زېرىككەنمەن ! — دېدى شاھزادە ، — كۆڭلۈم باشقا نەرسىنى خالايدۇ ، شېئىرىي تىل بىلەن ئېيتقاندا ، كۆڭلۈم گۈلگە تەشنادۇر ، ئەمىرىم !

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمىر جاندار بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك ھىس قىلىپ شاھزادىگە قارىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ، ھىجىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۆزىمۇ ھىجايدى .

— سىز ئالىيلىرى پۇراشنى خالىسىڭىزلا ، ھەرەمدە گۇل كۆپقۇ ...

— مەن ئىزدىگەن گۇل ھەرەمدە يوق ! — شاھزادە شۇنداق دەپ ، ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن ئالتۇن شاقىلدىقنى ئېلىپ شاقىلداتتى . ئىشىكتە بەلخلىق سارايۋەن كۆرۈندى .

— ھەرەمبېگىگە ئېيت ! كىرسۇن !

سارايۋەن ئارقىچە مېڭىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، شاھزادە ئەمىرگە بىر پىيالە مەي قۇيۇپ ئۇزاتتى .

— كەمىنە بىر گۇلنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىدىم ، ئەمىر . كۆڭلۇم شۇ گۇلنى پۇراشقا تەشنادۇر ...

*جادۇلىكتىن ھەردەم ئۇل ئاھۇ كۆزۈڭ جان كۆيدۇرۇر ،*
*گۇل مىسالى ئىككى لېۋىڭ لەئل ـ مارجان كۆيدۇرۇر .*

— خوش ، بۇ شېئىر نېچۇككەن ، ئەمىر ؟

— كارامەت ، ئۇلۇغ شاھىم ! — ئەمىر جاندار بىر سۇمۇردىشىدە پىيالىنى بوشاتتى ـ دە ، ئاللىقانداق گۇماندىن كۆڭلى غەش بولۇپ ، — سىزدەك ئالەم قۇياشى پۇرىماقچى بولغان بۇ گۇل رۇخسار قايسى گۇلشەننىڭ گۇلىكىن ؟ — دەپ سورىدى .

مىرزا ئابدۇللىتىپ ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي ، ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ كىرگەن ھەرەمبېگىگە قارىدى . يۇزىگە نېپىز ھاۋا رەڭ چۇمبەل تارتىۋالغان ھەرەمبېگى ئىشىكتىن كىرگەن يەردە ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بەردى .

— گۇل رۇخسارنىڭ تەرىپىنى ماڭا بېگىم ئېيتىپ بەرسۇن ، — دېدى شاھزادە ، — كېلىڭ ، بېگىم ، ئولتۇرۇڭ ، تارتىنماڭ .

ھەرەمبېگى ئۇچىغا دۇر قادالغان زەر گۇللۇك ئايىغى بىلەن

گىلەمنى يېنىك دەسسەپ ، شاھزادىنىڭ ئۇدۇلىغا بېرىپ نازاكەت بىلەن تىزلاندى . شاھزادە ھىجايغىنىچە ئۇنىڭغىمۇ بىر پىيالە مەي قۇيۇپ تۇتتى . ھەرەمبېگى تەزىم قىلىپ پىيالىنى ئالدى . قوش ـ قوش ئۈزۈك تاقالغان نازۇك بارماقلىرى بىلەن يۇزىدىكى نېپىز يىپەك چۈمبەلنى كۆتۈرۈپ ، مەيدىن بىر ئوتلىدى ـ دە ، سۈزۈك كۆزلىرىنى مىرزا ئابدۇللىتىپقا تىكتى .

ھەرەمبېگى ئوتتۇزلاردىن ئاشقان ، لېكىن تېخى ئۆز لاتاپىتىنى يوقاتمىغان ، ئاپئاق يۈزىنىڭ ئوڭ مەڭزىدە يوغان ، قاپقارا مېڭى بار ، چىرايلىق جۇۋان ئىدى . ئەمىر جاندار ئۇنىڭ قىزغۇچ يىپەك كۆڭلىكى ۋە قىزىل موۋۇت پىنجىكى ئىچىدە لىغىلداپ تۇرغان سېمىز بەدىنىگە ۋە پىيالىگە قول ئۇزاتقاندا ئېچىلىپ قالغان ئاپئاق قوللىرىغا تىكىلىپ ، «غۇرت» قىلىپ يۇتۇندى . بۇنى بايقاپ قالغان شاھزادە قاپىقىنى تۈردى .

— بېگىم ، ئۇ گۈلنىڭ تەرىپىدە قىلىپ بېرىدىك ئەمىرگە ...

ھەرەمبېگى ئوتتۇرىسىغا كۆكۈچ مەڭ چېكىلگەن قىياقتەك قاشلىرىنى سۈزۈپ ، ئەمىرگە قارىدى .

— ئەمىرىم ئۇ گۈل رۇخسارنى كۆرمىگەن بولسىمۇ ، تەرىپىنى ئاڭلىغاندۇ . شاھزادە ئابدۇل ئەزىز ھۆسنى ـ جامالى تەڭداشسىز بۇ نازىنىنىنى ئەمىر ئىبراھىمبەگ ئوغلىدىن تارتىۋالغانىدى ...

ئەمىر جاندار چۆچۈپ شاھزادىگە قارىدى . مىرزا ئابدۇللىتىپ ئابدۇل ئەزىزنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىشى بىلەنلا چىرايىدىكى تەبەسسۇم يوقاپ ، نېپىز لەۋلىرى يىمىرىلدى ۋە نىمە ئۈچۈندۇر كۆزلىرى قىسىلىپ ، ئەمىر جاندارغا قارىدى . ئەمىر ئىختىيارسىز ھالدا كۆزىنى قاچۇردى ۋە : «ئەستاغپۇرۇللا ! بۇ قانداق كۆرگۈلۈك ! ئۇمىدىم شۇ گۈزەل ئىدىغۇ ... » دېگەن پىكىر خىيالىدىن كەچتى .

— خوش ، نېمىشقا ئۈندىمەيسەن ، ئەمىر ؟ — دېدى شاھزادە .

— ئۇل گۈلنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغانمەن ، ئۇلۇغ شاھىم ، ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لېكىن ...

— خوش؟ سۆزلە!

ئەمىر جاندار پېشانىسىدىن قۇيۇلغان سوغۇق تەر تامچىلىرىنى سۈرتۈپ تاشلاپ، يەر ئاستىدىن ھەرەمبېگىگە قارىدى. شاھزادە بۇنى بايقاپ، ھەرەمبېگىگە «چىقىپ تۇر!» دەپ ئىشارەت قىلدى.

ھەرەمبېگى خۇشياقمىغاندەك قىياپەتتە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. شاھزادە تاقەتسىزلىنىپ ئەمىرگە قارىدى.

— نېمە گېپىڭ بار؟ دە، ئەمىر!

ئەمىر جاندار نېمە قىلىشىنى ۋە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى.

— ئۇلۇغ شاھىم! ئۇل سەنەم شاھزادە ئابدۇل ئەزىزنىڭ ھەرىمىدە تۇرغان. ئېچىلمىغان گۇل ـ غۇنچىلار كۆپقۇ.

— بەزىدە ئېچىلمىغان گۇلدىن ئېچىلغان گۇل پۇراقلىق بولىدۇ، ئەمىر ...

— يەنە بىر تەرەپتىن، شۇنىسى مەلۇم بولغايكى، بۇ گۇل قاماقتا يېتىۋاتقان مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ گۇلشەنىدىن بولىدۇ. قاماقتا ياتقان بىر ئادەمنىڭ قىزىنى ھەرەمدە تۇرغۇزۇش، سىزدەك سەلتەنەت ئىگىسىنىڭ شان ـ شەۋكىتىگە لايىق بولۇرمۇ، ھەزرىتىم؟

— ھىم ... — مىرزا ئابدۇللىتىپنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، ئىنچىكە بۇرۇتلىرى قىمىرلاپ، — خوش، — دېدى، — مەۋلانە ئەلى قۇشچى قانداقراق؟ يەنىلا ئىقرار بولمايۋاتامدۇ؟

— خۇدادىن قورقىدىغان بەندە ئىقرار بولىدۇ، ئۇلۇغ شاھىم. لېكىن، بۇ جاھىل ئۇنىسۇر ...

— بەس! — شاھزادە قولى بىلەن يەرنى تىرەپ، قەددىنى رۇسلىدى، — ئىقرار بولۇشنى خالىمىسا، زىنداندا چىرىپ كەتسۇن! ئەمما، مەۋلانە مۇھەممەدنى قاماقتىن چىقارغايسەن!

ئەمىر جاندارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، جىم بولۇپ قالدى. شاھزادە يەنە بىر پىيالە مەي قۇيۇپ، ئۇنىڭغا تۇتقاچ:

— مە ، ئىچ ، ئەمىر ، — دېدى ۋە كۈلدى ، — بىزدەك مۇسۇلمانلار سەردارىنىڭ قولىدىن يالغۇز سەنلا مەي ئىچەلەيسەن .

— قۇللۇق ، ئۇلۇغ شاھىم ، تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى يېغىلىپ ، سەلتەنىتىڭىز بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ بولسۇن . ئىلاھە ئامىن ! ...

— ئامىن . خوش ، ئۇل گۈل رۇخسار قاچان تەييار بولىدۇ ؟

ئەمىر جاندار يۈرىكىگە بىر نەرسە سانجىلغاندەك بولۇپ ، يەنە شاھزادىگە قارىدىيۇ ، ئۇنىڭ سىناق نەزىرى بىلەن قادىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھىجىيىشقا مەجبۇر بولدى .

— مەسلىھەتىم شۇكى ، ھەر ھالدا بىر ھەپتە سەۋر قىلغايسىز ، ئۇلۇغ شاھىم . سالاھىددىن زەرگەر پايتەختتىكى ئەڭ دۆلەتمەن ، ئەڭ ئابرۇيلۇق زاتلاردىندۇر . ئۇنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى يەرگە ئۇرماي ، ئارىغا ئادەم قويماق لازىم ، ئۇلۇغ شاھىم ...

— ئۆزۈڭ ئەلچى بولىسەن ، ئەمىر ! ئەمما ، ئۇل گۈل رۇخسارغا كۆز قىرىڭنى سالمايسەن . گۈلگە قارىغان كۆزۈڭنى ئويۇپ ، بېشىڭنى خەمەكنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلايمەن ! ... — شاھزادە توساتتىن كۆزلىرىنى قىسىپ ، قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلىدى .

«بۇ ئىبلىسنىڭ چاقچىقىمۇ ئۆزىنىڭ مىجەزىگە ئوخشاش ئوسال !» ئەمىر جاندار سېمىز ، يوغان گەۋدىسىنى ئاران كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ ، ئۆيدىن چىقتى - دە ، تامغا يۆلىنىپ قالدى ، كاللىسىدا يەنىلا ئاشۇ ئەلەملىك ئوي قۇيۇندەك ئايلىنىپ يۈرەتتى .

«يا رەببى ! بېشىمغا نېمە سەۋدالارنى سالدىڭ ؟ ئۇل دەھرىي شاھتىن يۈز ئۆرۈپ ، بۇ شاھزادىنىڭ ئالدىدا پەرۋانە بولۇپ ، كۆرگەن ياخشىلىقىم شۇ بولدىمۇ ؟ بىردىنبىر ئۈمىدىم شۇ گۈل رۇخسار ئىدى ، بۇ ئۈمىدىممۇ چىن - ماچىن چىنىسىدەك سۇنۇپ پارە - پارە بولۇپ كەتتىمۇ ؟» ئەمىر جاندار ئۆيدە قانداقتۇر بىر شەپىنى سېزىپ كۆزىنى ئاچتى . ئىشىكتە بەلخلىق نېگىر سۇپەت سارايۋەن تۇراتتى . سارايۋەننىڭ مۈشۈكنىڭ كۆزىگە ئوخشايدىغان كۆك كۆزلىرىدە ئەجەبلىنىش ، ياق ، گۇمانلىنىش ئالامە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تى بار ئىدى . ئەمىر جاندار قەددىنى رۇسلاپ ، بېلىدىكى كەمىرىنى تۈزەشتۈرۈۋالدى .

— ئالىغاي قېنى ؟

— ئالىغاي ؟ — دېدى سارايۋەن چۈشەنمەي .

— ئالىغاي ياساۋۇلنى دەۋاتىمەن ! — ئەمىر جاندار بىر كۆزىنى ئالايتىپ كۆرسەتتى . سارايۋەن چۈشىنىپ كۆلۈپ تاشلىدى .

— دەرۋازىخانىدا ئولتۇرىدۇ .

ئەمىر جاندار قەلبىدىكى ئەلەم دولقۇنىنى بېسىپ ، ئېغىر قەدەم بېسىپ چىقىپ كەتتى .

## 13

«بۆرە» بىر جايدا تۇرالماي ، تار دەرۋازىخانىدا قەپەسكە چۈشكەن قۇشتەك تاقەتسىز ئايلىنىپ يۈرەتتى . تاملىرىغا ساۋۇت ، دۇبۇلغا ، قىلىچ ۋە قالقان ئېسىلغان دەرۋازىخانىدا «بۆرە»دىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى . ياساۋۇللار دەرۋازا ئالدىدىكى مەيداندا گۈلخان يېقىپ ، ئىسسىنىپ ئولتۇرۇشاتتى . «بۆرە» بىردەم - بىردەم توختاپ ، ساراي تەرەپكە قۇلاق سالاتتى . لېكىن ، ئەتراپ جىمجىت بولۇپ ، ئۇ كۈتۈۋاتقان شەپە — ناھاللىق يوغان ئۆتۈكنىڭ گۈرسىلدىشى ئاڭلانمايتتى .

«بۆرە»نىڭ ساراسىمىگە چۈشۈشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى . ئۇ ئەمىر جانداردىن ، تۇغرىسىنى ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ بايا دېگەن گەپلىرىنى ئەمىرنىڭ شاھزادىگە ئېيتىپ قويۇشىدىن قورقاتتى . بۇ گەپلەرنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى «بۆرە» ئۆزىمۇ بىلمەي قالغانىدى . لېكىن ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەچكە ، ئۇ كۆڭلىدىكى گېپىنى قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى .

بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى «بۆرە»نى شەيخ نىزامىددىن

خامۇش يەنە چاقىرتتى . شەيخ ئۇنىڭدىن كۆكسارايدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەر ، شاھزادىنىڭ باشقا ئەل - يۇرتلار بىلەن بولغان خەت - ئالاقىسى ، سەركەردىلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى ، ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قويماي بىرمۇبىر سۈرۈشتۈردى . مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ نۆكەرلىرى ۋە شاگىرتلىرىدىن ، ئىلىم ئەھلىدىن كىملەر زىندانغا تاشلىنىپ ، كىملەر قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى سورىدى . قىسقىسى ، ئۇ سوراپ - سۈرۈشتۈرمىگەن بىرمۇ ئىش قالمىدى . «بۆرە» پىرىنىڭ ھەممە سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەچكە ، شەيخ ئۇنىڭدىن رازى بولغانىدى . لېكىن ، سوراقنىڭ ئاخىرىدا گەپ ئايلىنىپ كېلىپ ، يەنە ئىز - دېرەكسىز يوقالغان قەلەندەرگە تاقالدى - دە ، پىرى ئۇنىڭغا قاتتىق كايىدى . ساڭا ئىشىنىپ ، سارايغا تەيىنلىدىم ، شاھزادىنىڭ شەخسىي ياساۋۇلى قىلىپ قويدۇم ، لېكىن لاغايلاپ يۈرگەن بىر مۇساپىر گادايىنى تۇتالماي نېمە قىلىپ يۈرىسەن ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ ، شۇنداق كايىدى ۋە دوق قىلدىكى ، «بۆرە» پىرىنىڭ ئالدىدا يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ ، كۆڭلى ئاغرىپ قايتىپ چىقتى .

ئايسىز ، قاپقاراڭغۇ ، سوغۇق بىر كېچە ئىدى . ئالىغاي ئۆچىنى ئارغىمىقىدىن ئالماقچى بولغاندەك ، ئېتىنى راسا قامچىلىدى . لېكىن ، قەبرىستان يېنىدىكى دەرۋىشلەر خانىقاسىغا يېقىنلىشىپ ، ھەمدۇسانا ئوقۇۋاتقان قەلەندەرلەرنىڭ : «يا ئاللا دوست ، يا ئاللا» سېنى ئاڭلىغاندا ، تۇساتتىن كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ كەتتى . ئۇنىڭ ئىسرىق پۇراپ تۇرغان خانىقاغا كىرىپ ، كىيىملىرى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن خۇدانىڭ گادايلىرى ئارىسىدا ئولتۇرغۇسى ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ زىكىر قىلغۇسى ، ناس ياكى نەشە چېكىپ ئۇزاق خىيال سۈرگۈسى كەلدى . بۇ ۋاپاسىز پانىي دۇنيانىڭ بارلىق تەشۋىشلىرىنى ، كۆڭلىنى بىئارام قىلىۋاتقان غەم - ئەندىشىلەرنى ئېسىدىن چىقىرىپ ، بىردەم بولسىمۇ غەم - ئەندىشىدىن خالىي گاداي بولۇۋېلىش ئىستىكى ، ئۇنى يولدىن بۇرۇلۇشقا ئۈندىدى .

تۆپىسى قۇببىسىمان غۇۋا خانىقادا بىرى زىكىر قىلىپ ، بىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىلىم تارتىپ ، يەنە بىرى كۆن بويى ئىشىكمۇ ئىشىك يۈرۈپ تاپقان ئاقچىلىرىنى ساناپ ، ئىس ـ تۈتەك ئارىسىدا ھەرىدەك غوڭۇلداپ ئولتۇرۇشقان زاھىتلار «بۆرە»نى قىيقاس كۆتۈرۈپ قارشى ئالدى . بىرسى ئۇنى ئىلاھ دەرگاھىنى تاشلاپ كەتكەن مۇرتەت ۋە كۇپپار دەپ سۆكسە ، بىرسى ئۇنىڭ بېشىدىكى دۇبۇلغىسى ۋە ئۇچىسىدىكى ساۋۇتقا ئېسىلىپ شاڭخو قىلدى ، يەنە بىرسى دەرھال قولىدىكى ئىسى بۇرۇقسىپ تۇرغان چىلىمنى تۇتقۇزدى . چىلىم بەك كۈچلۈك بولغانلىقتىنمۇ ياكى «بۆرە» ئۆزۈندىن بىرى چەكمەي يۈرگەنلىكىدىنمۇ ، ئۇ بىر ـ ئىككىلا تارتىشى بىلەن كۆزى قاراڭغۇلىشىپ ، كۆڭلىدىكى ھەممە قايغۇ ئۇنتۇلۇپ ، ئۆزىنى باشقا بىر ئالەمگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدى . ئۇ بېشىدىكى دۇبۇلغىسى ، ئۇچىسىدىكى ساۋۇتىنى يېشىپ كۆلاھ كىيدى ـ دە ، زىكىر قىلدى ، ئارقىدىن بىر چېكىم ناس چېكىپ ، ئۇزاق خىيال سۈردى . گادايلىق ، يوقسۇللۇقتا ئۆتكەن ئۆمرىنى ئويلاپ ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىدى ، ئاخىر خانىقانىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىقىلىپ ئۇخلاپ قالدى .

ئۇ ئويغىنىپ ، قانچىلىك ئۇخلىغانلىقىنى ، قەيەردە ، كىملەر ئارىسىدا ياتقانلىقىنى خېلى ۋاقىتقىچە ئەسلىيەلمەي قالدى . خانىقادا پەقەت بىرلا جىنچىراغ پىل ـ پىل قىلىپ تۇراتتى . ئەسكى چاپانلىرىغا ئورىنىۋالغان دەرۋىشلەر يەرگە سېلىنغان بورىلاردا بىر ـ بىرىنى قىستىشىپ ئۇخلاپ كەتكەنىدى . «بۆرە» دۇبۇلغىسى بىلەن قىلىچىنى ئاران تېپىپ ، سىپىق پۇراقتا تولغان خانىقادىن چىققاندا ، ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئاشقان بولۇپ ، بۇلۇتلار ئارىسىدا ئالىقانچىلىك چوغدەك پىلىلداپ تۇرغان ئۇكەر تىك كەلگەنىدى .

«بۆرە» سوغۇقتا تاقەتسىزلەنگەن ھالدا يەر چاپچىپ تۇرغان ئارغىمىقىنى مىنىپ قامچا ئۇردى ... «مازارى شەرىف» بىلەن كۆكسارايىنىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق بولۇپ ، يول شەھەرنىڭ چېتىدىكى باغلار ، دېھقان ۋە ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار ئولتۇراقلاشقان رايوندىكى تار كوچىلار ، پاكار ـ پاكار دۇكانلاردىن تەركىب تاپقان رەستىلەر ۋە ئويمان ـ دۆڭ جايلاردىن ئۆتەتتى . باغلار ، ئۆزۈمزار-

لار چۆللىشىپ قالغان بولۇپ ، ھەممە ياق گۆرىستاندەك جىمجىت
ئىدى ... «بۆرە» باغلاردىن ئۆتۈپ بازار مەيدانىغا چىقتى ، ئاندىن
ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەر سېتىلىدىغان رەستە ئالدىدىن ئات
چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ ، ئۆستەڭ بويلاپ كەتتى . ئۆستەڭ بويىغا تۆمۈر-
چى ۋە تۈنىكىچىلەرنىڭ دۇكانلىرى جايلاشقان بولۇپ ، بۇ يەردىمۇ
قاراۋۇللار كۆرۈنمەيتتى . «بۆرە» نېمە ئۈچۈندۇر توساتتىن يۈرىكى
سىقىلىپ ، ئېتىنى يەنە قامچىلىدى . تۆمۈرچىلەر رەستىسىنىڭ
ئايىغىدىكى تۆت كوچىدىن ئوڭ قول تەرەپكە بۇرۇلۇپ ، كۇلالچىلار
رەستىسىگە ، ئاندىن بۆشۈكچىلەر ۋە ئىگەرچىلەر رەستىسىدىن ئۆ-
تۈپ ، كۆكساراي مەيدانىغا بارغىلى بولاتتى .
«بۆرە» تۆمۈرچىلەر رەستىسىنىڭ ئايىغىغا يېتىپ بارغاندا ،
توساتتىن ئالدىدىن ئۈچ نەپەر ئاتلىق كىشى چىقىپ قالدى . «بۆرە»
ئۇلارنى كېچىدە شەھەر ئايلىنىپ يۈرگەن سۇۋارىلار بولسا كېرەك
دەپ ئويلىغان بولسىمۇ ، ھودۇقۇپ ئۆزىنى سەل چەتكە ئالدى .
لېكىن ، ئاتلىقلار يول بېرىش تۈگۈل ، قويۇندەك باستۇرۇپ كېلى-
ۋاتاتتى . «بۆرە»نىڭ يۈرىكى سۇ بولۇپ ، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرى-
ماقچى بولدى . لېكىن ، دەل شۇ پەيتتە ، ئاتلىقلاردىن بىرى ئۇنىڭ
يان تەرىپىدىن باستۇرۇپ كېلىپ ، بېشىغا قارا تېرە قاپقا ئوخشايدى-
غان بىر نەرسىنى تاشلىدى - دە ، يېپىدىن تارتىپ ، بويىنىدىن
ئىققىدە بوغۇۋالدى . «بۆرە» قاپ ئىچىدە تېپىرلاپ ، قىلىچىغا قول
ئۇزاتتى . بىراق ، كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ،
كەينىگە قايرىدى - دە ، ئارغامچا بىلەن چىڭ باغلىۋالدى ، كېيىن
ئىگەرگە ئارتىۋېلىپ ، ئات چاپتۇرۇپ كەتتى . «بۆرە» تېرە قاپ
ئىچىدە نەپسى قىسىلىپ تېپىرلاپ باقتى . ۋارقىراي دېسە ، كىمدۇر
بىرسى قاپنىڭ تانىسىنى قاتتىق تارتاتتى - دە ، كېكىرتىكىنى يەنە
ئىققىدە بوغۇۋالاتتى ... بۆرىنىڭ مۆلچىرىدە ئاتلىقلار بىر - ئىككى
پەرسەخ يول ماڭدى ، قانداقتۇر ئېدىرلىق ۋە ئېرىق - ئۆستەڭلەر-
دىن ئۆتتى ، ئاخىر ئۇنى ئاتتىن دومىلىتىپ چۈشۈردى - دە ،
خۇددى گۆرگە سۆرەپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك سۆرەپ ماڭدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«بۆرە» دەھشەت ئىچىدە : «تىرىك كۆمىدىغان بولدى !» دەپ ئويـ-لاپ ، «ۋاي ، داد !» دەپ ۋارقىرىدى ـ دە ، ھوشىدىن كەتتى .

«بۆرە» ھوشىغا كەلگەندە راستتىنلا گۆرگە ئوخشايدىغان بىر ئۆڭكۈردە ياتقانلىقىنى ، قېشىدا ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەت-كەن ئۈچ ـ تۆت ئادەم تۇرغانلىقىنى كۆردى . قولىدىكى جىنچىراغـ-نىڭ شولىسىدا ، يۈز ـ كۆزلىرىنى تىكىنۋالغان ، ساقال ـ بۇرۇتلىـ-رى ئۆسۈپ كەتكەن بۇ ئادەملەر «بۆرە»نىڭ كۆزىگە ئەزرائىل بولۇپ كۆرۈندى ـ دە ، ئەزايى ـ بەدىنى مۇزلاپ ، كۆزىنى يۇمۇۋال-دى . كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، يۈزىگە بىر پىيالە سوغۇق سۇ چاچتى .

— بەس ، بۆرە ! مۇغەمبەرلىك قىلماي كۆزۈڭنى ئاچ !

قوپال ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى . «بۆرە» كۆزىنى ئاستا ئاچتىيۇ ، تىلى گەپكە كەلمەي گاڭگىراپ قالدى . قېشىدا ئىڭىشىپ تۇرغان ، بۇرۇت ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بۇ ئادەم قەلەندەر قەرناقى ئىدى .

— قەلەندەر ! — دېدى بۆرە شىۋىرلاپ .

— قانداق ، ئوخشامدىكەنمەن ؟ — قەرناقى كۆزىنى قىسىپ كۈلدى ، — قېنى ، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ، ياساۋۇلۇم ! گادايلىق يولىنى تەرك ئەتكەن بۇ قاچقۇننى تۇتۇپ زىندانغا تاشلاڭ .

قەرناقى شۇنداق دەپ ، «بۆرە»نى ياقىسىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى .

— خوش ، جەندە ئورنىدا بۇ ساۋۇت ، كۇلاھ ئورنىدا بۇ دۇبۇلغا ، ھاسا ئورنىدا قىلىچ ، مۇبارەك بولسۇن ، لەنىتى ئىبـ-لىس !

«بۆرە» چۆشۈمۇ ، ئوڭۇمۇ دېگەندەك قىلىپ ، كۆزىنى يەنە يۇمۇپ ئاچتى ··· ياق ، بۇ كۆرۈۋاتقىنى چۈش ئەمەس . ئۇ راستتىنلا گۆردەك قورقۇنچلۇق ، يېرىم قاراڭغۇ غاردا تۇراتتى . ئەتراپىنى قارا چاپان كىيىپ ، يۈز ـ كۆزلىرىنى قارا ماتا بىلەن تىكىنۋالغان ، ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن ، قاراقچىلارغا ئوخشايدىغان

ئادەملەر قورشاپ ئالغانىدى. ئۇلار ئارىسىدا، ئۈچ ئايدىن بۇيان ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن دىۋە قامەت قەرناقمۇ بار ئىدى...

قورقۇپ دىر - دىر تىترىگەن «بۆرە» كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولغىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇراتتى.

— ھە، ياساۋۇل، نېمىشقا ئۈندىمەيسەن؟ يا جەندەڭنى ساۋۇتقا ئالماشتۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن، خۇدانىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ گاچا بولۇپ قالدىڭمۇ؟

«بۆرە» بېشىنى كۆتۈرمەي غودۇڭشىدى:

— قانداق قىلاي؟ كەمىنە بىر يالىڭاچ گاداي، ئاللانىڭ خاھىشى...

«بۇ گاداي قانچىلىغان بىگۇناھ كىشىنىڭ ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىپ، قانچىلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى؟ قانچىلىغان بىچارىلەرنى زىندانغا تاشلىدى؟»

— خۇدانىڭ ئىلتىپاتى شۇ بولسا، بۇنىڭغا نېمە چارە؟

— خۇداغا تىل تەگكۈزگىچە، ئۆز گۇناھىڭنى تونۇپ، توۋا قىل، ھەي كاززاپ! مەۋلانە ئەلى قۇشچى بىلەن مەۋلانە مۇھەممەدنى زىندانغا تاشلىغان سەن ئەمەسمۇ؟

— مەن، لېكىن... يالغۇز قىلمىدىم بۇ ئىشنى...

— سۆزۈڭنى چۈشەنمىدىم...

— ئەمىر جاندار تارخان باش بولدى.

— بەس! بۇ ئىككى زاتنىڭ نەدە ياتقانلىقىنى بىلەمسەن؟

«بۆرە»نىڭ كۆڭلىدە گويا قاراڭغۇدا شام ياندى‌ەك قانداقتۇر بىر نەرسە «پال» قىلدى - دە، بېشىنى ئاستا كۆتۈردى، يۈزلىرىگە نىقاب تارتىۋالغان نامەلۇم كىشىلەر يەنىلا ئۇنى قورشاپ تۇراتتى، لېكىن ھېچقايسىسى ئۈندىمەيتتى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تونۇغىلى بولمايتتى. پەقەت، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بەستلىك قەلەندەر قەرناقىلا ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ، ئۇنى سوراققا تارتماقتا ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بىلمەن ...
— بىلسەڭ ... ئۇلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالى بارمۇ؟
— قۇتقۇزۇش؟
— قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالى تېپىلامدۇ، مۇغەمبەر؟
«بۆرە»نىڭ كۆڭلىدە پىلىلدىغان شام گويا نۇرلانغاندەك بولۇپ، دىلى يورۇپ كەتتى. ئۇ «ئامالى تېپىلىدۇ» دەۋەتكۇسى كەلدىيۇ، كۆزى قەلەندەرنىڭ ئوقتەك قادىلىپ تۇرغان كۆزىگە چۈشۈپ، تىلى كالۋالىشىپ قالدى.
— بۇ ... بۇنى ئويلاپ كۆرۈش لا ... لازىم. قاماقخانىغا ئەمىر جاندارىدىن بىرۇخسەت كىرگىلى بولمايدۇ.
قەلەندەر ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ قاتتىق سىقتى.
— گېپىمگە قۇلاق سال، بۆرە، بۇ رەزىل قىلمىشلىرىڭ ئۈچۈن قانخور شاھزادىدىن قانچە تىللا ئالدىڭ؟
«بۆرە» مەيۈسلىنىپ:
— بىر بىچارە گادايغا تىللانى كىم بېرىدۇ — دېدى، — مەرھەمەت قىلسا، قورسىقىمىزنى تويغۇزىدۇ، بولمىسا، ئۇمۇ يوق...
— بولمىسا سۆزۈمگە قۇلاق سال، بۆرە، ئەگەر بۇ ئىككى مەۋلاننى قۇتقۇزۇشقا ياردەم بەرسەڭ ... قولۇڭغا نەق يۈز تىللانى ساناپ تۇتقۇزىمەن! ...
«يۈز تىللا! يۈز تىللانى نەدىن تاپىدۇ بۇ گاداي!» دېدى «بۆرە» ئىچىدە.
توساتتىن ئەلى قۇشچىنىڭ قولىدا قالغان ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئالتۇنلىرى توغرىسىدىكى مىش ـ مىش گەپلەر ئېسىگە كېلىپ، «بۆرە»نىڭ كۆزى چاقناپ كەتتى.
— ئالدى بىلەن بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ رايىنى سىناپ بېقىش كېرەك، — دېدى ئۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن، — بۇياقتا ئەمىر جاندار بار، ئۇياقتا دىۋانبېگى، زىندانبېگى، ساقچىلار ...
قەلەندەر ئۇنىڭ بىلىكىنى قاتتىقراق سىقتى.

— مۇددىئايىڭ سودىلىشىپ، نەرقىنى ئۈستۈرۈشمۇ نېمە؟
— ياق، ياق! ئىشىنىڭ قىيىنلىقىنى دەۋاتىمەن.
— قىيىنلىقىنى پېقىرمۇ بىلىدۇ. ئاسان بولسا، يۈز تىللاغا ۋەدە بەرمەيتتىم.
— مەقسەت ئايان، ئامالىنى قىلىپ كۆرىمەن، — دېدى بۆرە قولىنى بوشتىشقا ئۇرۇنۇپ.
— توختا، بۆرە! مەۋلانىلەر ياتقان زىندان سارايىنىڭ قەيېردە؟ بۇنى ئېنىق بىلىپ كېلىسەن. ئۇلارنى قاچۇرۇۋېتىش قىيىن بولسا… زىندانغا تۆشۈك تېشىپ كىرىشنىڭ چارىسى بارمۇ؟ بۇنىمۇ بىلىپ كېلىسەن…
— قۇللۇق… — بۆرە قولىنى يەنە بوشاتماقچى بولدى، لېكىن قەرناقى ئۇنىڭ بىلىكىنى بايىقىدىنمۇ قاتتىقراق سىقتى.
— توختا! ئەمدى ئاخىرقى سۆزۈمنى ئاڭلا، بۆرە. مەن بىلىمەن، سەن شەيخ نىزامىددىن خامۇش ھەزرەتلىرىنىڭ ئەمرى بىلەن پېقىرنى ئىزدەپ يۈرۈۋاتىسەن. شەيخ مېنى تۇتۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈنمۇ ئالتۇن ۋەدە قىلغاندۇ؟…
— توغرا…
— ياخشىراق بىلىۋال، بۆرە، پېقىرنىڭ بېشىنى تىللاغا ساتماقچى بولساڭ، ئۆزۈڭنىڭ بېشى كېسىلىدۇ. بۇ سىرنى ئاشكارىلاپ قويساڭ، بىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن! ئاسمانغا چىقساڭ، پۇتۇڭدىن سۆرەپ چۈشىمەن! ئاغزىمدىن يۇتۇپ، قۇلىقىمدىن چىقىرىپ تاشلايمەن. ئۇقتۇڭمۇ؟ بەس! ساڭا بىر ھەپتە مۆھلەت بېرىمەن. بىر ھەپتىدىن كېيىن كۆھەك تېغىنىڭ ئېتىكىدىكى ياڭاقلىقتا يېرىم كېچىدە ئۇچرىشىمىز… بۇ سۆزۈمنى ماقۇل كۆرسەڭ، قولۇڭغا قۇرئاننى ئېلىپ قەسەمياد قىل!
يۈزىگە نىقاب تارتىۋالغان ساقاللىق كىشىلەردىن بىرى ياستۇقتەك كېلىدىغان قۇرئاننى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. «بۆرە» قۇرئاننى ئېلىپ سۆيدى، كۆزلىرىگە سۈرتتى…
— بىللاھى ئەزىم…

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«بۆرە» لەۋلىرىنى پىچىرلىتىپ قەسەم قىلىپ بولغان ھامان ئەتراپتا تۇرغانلاردىن بىرسى ئۇنىڭ قولىدىن قۇرئاننى تارتىپ ئېلىپ، بېشىغا بايىقى قارا تېرە قاپنى تاشلىدى. باشقىلار ئۇنىڭ قوللىرىنى قايرىپ باغلىدى، ئاندىن يەرگە يىقىتىپ، خۇددى بىر تاغار گۆشنى سۆرىگەندەك سۆرەپ ماڭدى. غاردىن چىققاندىن كېيىن بولسا كېرەك، ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېگەرگە ئارتتى ــ دە، قاياققىدۇر ئات چاپتۇرۇپ كېتىشتى. ئۇلار يەنە بايىقىدەك ئۇزاق يول يۈرۈشتى، قىر ــ ئېدىرلاردىن، ئېرىق ــ ئۆستەڭلەردىن ئات سەكرىتىپ ئۆتۈشتى. بىر يەرگە كەلگەندە، ئۇنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، قاپنىڭ بوغقۇچىنى يەشتى ــ دە، ئۆزلىرى كەينىگە بۇرۇلۇپ ئات چاپتۇرۇپ كېتىشتى ... «بۆرە» يۈرىكى سۇ ھالدا بوغقۇچنى يېشىپ بېشىنى قاپتىن چىقارغىنىدا، ئاتلىقلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. پەقەت، يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىشى ئىشىتىلەتتى ۋە چۈلۈۋۈرى بېلىگە باغلانغان ئارغىمىقى يېنىدا يەر چاپچىپ تۇراتتى ... «بۆرە» ئەتراپقا قارىدى، ئۇنى زەرەپشان بويىدىكى قومۇشلۇققا تاشلاپ كەتكەنىدى. يىراقتا قەلەندەر دېگەن كۆھەك تېغى غىل ــ پال كۆرۈنەتتى ... «بۆرە» نەرسە ــ كېرەكلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆردى. قاراقچىلار ھېچ نەرسىسىگە تەگمىگەنىدى: بېلىدىكى قىلىچى، بېشىدىكى دۇبۇلغىسى، قىسقىسى، ھەممە نەرسىسى ئۆز جايىدا ئىدى. «بۆرە» ئېتىنى مىنىپ، شەھەر تەرەپكە يول ئالدى ... ئۇ بىر نەچچە كۈنگىچە گويا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشىدە كۆرگەندەك پەرىشان ھالەتتە يۈردى. ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەيتتى، بىر ــ ئىككى قېتىم شەيخ ھەزرەتلىرىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئېيتىپ بېرىش قارارىغىمۇ كەلدى. لېكىن، ھەر قېتىم شۇنداق قىلاي دېگەندە، گۆرگە ئوخشايدىغان غار، ئۇنى قورشاپ تۇرغان قاراقچى سىياقىدىكى ئادەملەر كۆز ئالدىغا كېلىپ، قەلەندەرنىڭ: «بىلىپ قوي، بۆرە، بۇ سىرنى ئاشكارىلاپ قويساڭ، بىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن. ئاسمانغا چىقساڭ پۇتۇڭدىن سۆرەپ چۈشىمەن!» دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە

كېلەتتى .
«بۆرە» يەنىلا چوش كۆرۈۋاتقاندەك بولۇپ ، پەرىشان ھالدا يۈرگەن بولسىمۇ ، قەلەندەرنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئۇنۇتمىدى . ئۇ بەزى نەرسىلەرنى مەخپىي يوسۇندا سۈرۈشتۈرۈپ كۆردى . بىراق ، ئەلى قۇشچى بىلەن مەۋلانە مۇھەممەدنى ياتقان قاماقخانىغا كىرىش ناھايىتى مۇشكۈل ئىدى . بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمىر جاندارنى قولغا چۈشۈرۈش ، ياكى دىۋانبېگىنىڭ مۆھرى بېسىلغان پەرمان بولۇشى ، ۋە ياكى زىندانبېگىنىڭ رايىنى سىناپ كۆرۈش كېرەك ئىدى . «بۆرە» ئويلاپ - ئويلاپ ، ئاخىر ئەمىر جاندارنى قولغا چۈشۈرۈش قارارىغا كەلدى . ئۇ ئۆزۈندىن بىرى ئەمىر جاندارنى مەخپىي كۆزىتىپ يۈرگەچكە ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەمىرنىڭ ئاللىقانداق ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنىمۇ سەزگەنىدى . يالغۇز ئەمىر جاندارلار ئەمەس ، بارلىق ساراي ئەھلىدە خاتىرجەملىك يوقىلىپ ، ھەممىسى بىر - بىرىدىن قورقىدىغان ، بىر - بىرىنى پايلاپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى . چۈنكى ، سارايدا پاراغەتتىن ئەسەر قالمىغانىدى .
«بۆرە» قولايلىق پۇرسەت تاپالماي يۈرۈپ ، ئاخىر ئىشنى بۇگۈنگە توغرىلىدى . لېكىن ، ئەمىر جاندار ھوشيار كېلىپ سىر بەرمىدى ...
— ھە ، بۆرە ، نېمىشقا قەپەسكە چۈشكەن ئاچ بۆرىدەك تىنىم تاپماي ئايلىنىپ يۈرىسەن ؟
«بۆرە» يامان بىر ئىش ئۈستىدە قولغا چۈشكەندەك ، شاققىدە قارىدى . دەرۋازىخانىنىڭ ئىشكىدە ئەمىر جاندار تۇراتتى . ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىغا يوشۇرۇنغان كۆزلىرى سىناش نەزىرى بىلەن قىسىلىپ ، قاپىقى سېلىنغانىدى .
«شاھزادىگە سىرنى ئاشكارىلاپتۇ ، ئەمدى تۈگەشتىم !»
ئەمىر جاندارنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى .
— نېمىشقا تىترەيسەن ، بۆرە؟ مانا پەرمان ! ماڭ ، مەۋلانە مۇھەممەدنى قاماقتىن چىقىرىپ ئېلىپ كەل !
«بۆرە»نىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتتى .

— ئەلى قۇشچى گۇناھىنى ئىقرار قىلدىمۇ؟
— ئەلى قۇشچى ئۆلگەندە ئىقرار قىلدۇ! مەن مەۋلانە مۇھەددىسنى دەۋاتىمەن.
— ئەلى قۇشچى ئىقرار بولمىسا، نېمىشقا مەۋلانە مۇھەددىس قاماقتىن چىقىرىلىدۇ؟
— سەۋەبى ... — ئەمىر جاندار زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلدى، — سەۋەبى، شاھ ئالىيلىرى مەۋلانە مۇھەددىسنىڭ قىزىغا كۆيۈپ قاپتۇ.
— قايسى قىزى؟ — دېدى بۆرە ھەيران بولۇپ، — شاھزادە ئابدۇل ئەزىز خۇشتار بولۇپ، ئەمىر ئىبراھىمبەگنىڭ ئوغلىدىن تارتىۋالغان گۈزەلمۇ يا؟
— سەن بىلمەيدىغان ئىش يوق - دە، مۇغەمبەر!
— بىلىمەن. سەۋەبى ... قەلەندەر قەرناقى دېگەن دەرۋىش ... — بۆرە سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرماي، دۇدۇقلاپ قالدى.
— قايسى قەرناقى؟ نېمە دەپ دۇدۇقلايسەن، ھەي شەيتان؟
— ئە ... ئەمىرىم، بىر دىۋانە بار ئىدى، شۇ سەنەمنى دەپ ئەقلىدىن ئازغان ... خوش، زىندانغا چۈشەمدىمىز؟
— ئۆزۈڭ چۈشۈپ ئېلىپ چىق!
— سىز چۈشمىسىڭىز، زىندانبېگى پېقىرغا ئىشەنمەيدۇ، ئەمىرىم.
— خوپ، يۈر! — دېدى ئەمىر. لېكىن، دەرۋازىخانىدىن چىقىش ئالدىدا «بۆرە»نىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ توختاتتى، — توختا، بۆرە. بايا بىر گەپنى قىلغانىدىڭغۇ ...
— قايسى گەپ؟
— ئىشەنچلىك كىشىلەر بار دېگەنتىڭغۇ ...
«بۆرە» خۇدۇكسىنىپ ئەتىكە قارىدى، كېيىن ئەمىرنىڭ قۇلىقىغا ئېڭىشىپ پىچىرلىدى:
— كۆكساراي بۇ گەپنى قىلىدىغان جاي ئەمەس، ئەمىرىم ... باشقا چاغدا دەيمەن.

# 14

— يىغلاشنى يەنە باشلىدىڭىزمۇ ، مەۋلانە؟ ئۈچ ئاي بولدى ، كۆزىڭىزدىن كېچە - كۈندۈز ياش قۇرۇمايۋاتىدۇ . بۇنىڭدىن نېمە پايدا ئالدىڭىز ؟— ئەلى قۇشچى قولىنى قوۋۇشتۇرغىنىچە مۇزدەك تامغا يۆلىنىپ تۇراتتى . قاراڭغۇ ئۆينىڭ بىر بۇرجىكىدىن مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ يىغا ئارىلاش تىترىگەن ئاۋازى ئاڭلىناتتى .

— ئەگەر گېپىمگە كىرگەن بولسىڭىز ، پايدىسىمۇ بولۇپ قالاتتى …

— ئەپسۇسكى ، سىزنىڭ گېپىڭىزگە كىرەلمەيمەن . بۇنى سىزگە يۈز قېتىم دېدىم …

— جاھىللىق قىلىۋاتىسىز ، بۇ جاھىللىقىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزنىلا ئەمەس ، كەمىنىدەك بىر ئاجىز بىچارىنىمۇ بۇ جەھەننەمگە تىرىك كۆممەكچىسىز ! …

قاراڭغۇدا يىغا ئاۋازى ئىشتىلىدى . مىسلىسىز مۇڭ ۋە قايغۇغا تولغان بۇ زىل ئاۋازدىن ئەلى قۇشچىنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ ، قولى بىلەن قۇلاقلىرىنى توسۇۋالدى ۋە كۆزىنى چىڭ يۇمدى . مانا ، ئىككى ئايدىن ئاشتى ، ئەھۋال ئەنە شۇنداق : كېچە - كۈندۈز يىغا ، نالە ، تەنە … ئەلى قۇشچى بېشىغا كەلگەن بۇ پالاكەتلەرگە ، يەنى ئاچلىققا ، سوغۇققا ، نەپسىنى بوغقۇدەك سېسىق پۇراققا ، قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ ھۇجۇمىغا ، قىسقىسى ، ھەممىگە بەرداشلىق بېرىشكە تەييار تۇرسىمۇ ، بۇ ئاۋاز ، يېتىم بالىنىڭكىدەك بۇ مۇڭلۇق يىغا ئۇنى چەكسىز قىينايتتى ۋە ئازابلايتتى . ئۇ مەۋلانىنىڭ يىغىسىنى دەسلەپكى قېتىم ئاڭلىغاندا ، ئۆزىمۇ كۆز يېشىنى تۇتالماي تولغاندى ، مەۋلانىنى خۇددى كىچىك بالىنى بەزلىگەندەك بەزلىدى ، سەۋر - تاقەت قىلىشقا ئۈندەپ ، يېلىنىپ - يالۋۇردى ۋە ئۆزۈن - ئۆزۈن نەسىھەت قىلدى . لېكىن ، مەۋلانە بۇ نەسىھەتلەرگە كۆنمەي ، كۆز يېشىنى بۇلاقتەك ئاققۇزۇپ نالە قىلىۋەردى . دېمىسىمۇ ، مەۋلانىنىڭ ئەھۋالى تەس ئىدى . ئۇ زىن-

دانغا تاشلانغان دەسلەپكى كۈنلەردىلا خېلى ئېغىر يېتىپ قالغاندى، كېچىلىرى ئۇتتەك قىزىپ، يامان چۈشلەرنى كۆرۈپ، ئۇنى سېلىپ يىغلىغىنىچە ئويغىنىپ كېتەتتى؛ كۆزىگە بىر نەرسىلەر كۆرۈنۈپ، قاراڭغۇ بۇلۇڭغا تىقىلىۋالاتتى ۋە بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى. شۇنداق چاغلاردا، ئەلى قۇشچى ئۇنىڭ ئەقلىدىن ئېزىپ قېلىشىدىن ياكى ئۆلۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالاتتى؛ گويا ئۇنىڭ شۇ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىدا ئۆزى ئەيىبلىكتەك، كېچىلىرى كىرپىك قاقماي قىينىلىپ چىقاتتى، شۇنداقلا، ئىچىدىكى سىرنى ئاشكارىلىيالمايدىغانلىقىنى ۋە بۇ سىرنى ئاشكارىلاشقا ھەققى يوقلۇقىنى بىلىپ، ئىككى تاش ئارىسىدا يانچىلاتتى. ئۇ مەۋلانە مۇھەممەدنىڭغا قولىدىن كەلگىنىچە ياردەم بېرىشكە، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا ئۇرۇناتتى؛ كەلگەن تاماقنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇنىڭغا بېرەتتى؛ كېچىلىرى چاپىنىنى ئۇنىڭغا يېپىپ قويۇپ، ئۆزى تاڭ ئاتقۇچە تار ئۆيىنى ئايلىنىپ چىقاتتى. ئۇ ئەمدى پەقەت شۇنداق چاغلاردىلا، يەنى، مەۋلانە مۇھەممەدنى ئۇخلاپ قېلىپ، ئۆزى بولسا سوغۇقتىن چىشلىرى جاقىلداپ، تار قاماقخانىنى ئايلىنىپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا ئارام ئالالايدىغان بولۇپ قالدى. ئەنە شۇنداق ئۇيقۇسىز تۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ خىيالىغا غەلىتە بىر پىكىر كەلدى ...

كېيىنكى يىللاردا، ئەلى قۇشچى چوڭ ھەجىمدىكى بىر رىسالىنى يېزىشقا كىرىشكەنىدى. ئۇنىڭ «رىسالەئى دەر فەلەكىيات» دەپ ئاتالغان بۇ ئەسىرى، كائىنات ئىلمىنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغانىدى.

ئۇ رىسالىنىڭ مۇقەددىمىسىنى، توغرىسى، مۇقەددىمىنىڭ بىرىنچى قىسمىنى تېخى ئەمدىلا يېزىپ تۈگەتكەنىدى. ھەندىسە ئىلمىنىڭ ئاساسلىرىغا بېغىشلانغان بۇ قىسمىدا، ئەلى قۇشچى نۇقتا، سىزىق، تۈز ۋە ئەگرى سىزىق، سۇنۇق سىزىق، كەسمە ۋە چەمبەر چۈشەنچىلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختالغان بولسىمۇ، تەبىئەتكە دائىر ئىككىنچى قىسمىنى تېخى باشلىيالمىغانىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېچىسى مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا بارغاندا، سو-
غۇق ئۆينى ئاستا ئايلىنىپ يۈرگەن ئەلى قۇشچىنىڭ خىيالىغا
توساتتىن شۇ رىسالىنى يېزىپ پۈتتۈرۈۋېتىش پىكرى كەلدى.
بىراق، قەغەز - قەلەم بولمىغان شارائىتتا كائىنات ئىلمىدىكى
چىگىش مەسىلىلەرنى يېشىپ بېرىش قىيىن ئىدى. لېكىن، نە
چارە؟ قەغەز - قەلەم يوق دەپ ئۆمرىنى بىكار ئۆتكۈزەمدۇ؟ بىر
ئامال قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە. ئۇ رىسالە توغرىسىدا قايتا - قايتا
ئويلىنىپ، بۇ ئىشنىڭ ئۆز كۆڭلىگە كۆپ ئارام بېرەلەيدىغانلىقىنى
ھېس قىلدى. ئۇ تار ئۆينى ئايلىنىپ، فەلەك ئىلمىنىڭ مۇرەككەپ
قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە، ئۆزىنىڭ قاماقتا
ياتقانلىقىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ تاشلايتتى؛ كۆڭلىدىكى
ھەممە تەشۋىش، ھەممە غەم - ئەندىشە يوقاپ، ھەتتا قەلبىدىكى
چوڭقۇر دەرد - ئەلەم ۋە ئانىسى تىللابىبى توغرىسىدىكى ئويلارمۇ
خىيالىدىن كۆتۈرۈلەتتى. بۈگۈنمۇ مەۋلانە مۇھەممەدنى مىجىلىپ
كەتكەندەك بولۇپ، قاماقخانا جىممىپ قېلىشى بىلەن، ئەلى قۇشچى
يەنە شۇ سۆيۈملۈك رىسالىسى ئۈستىدە ئويلاندى. بىراق، ئۇ پىك-
رىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تېخى ئەمدىلا تۆت ئامىل، يەنى ئوت،
ھاۋا، سۇ ۋە تۇپراقتىن تەركىب تاپقان ماددىلار ئۈستىدە باش
قاتۇرۇشقا كىرىشىشى بىلەن، مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ ئويغىنىپ كېتىپ
يەنە يىغلاشقا باشلىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭ نالىسى بۈگۈن ئۇنى
باشقا ۋاقىتلاردىكىدىنمۇ قاتتىقراق خاپا قىلدى. «بۇ قانداق دېگەن
گەپ؟ بىلىملىك ئادەم تۇرۇقلۇق ھاياتلىقنى چوڭقۇر چۈشەنمىسە،
سەۋر - تاقەت قىلالمىسا؟ — دېدى ئەلى قۇشچى كۆيۈنۈپ، —
بۇ، رىيازىيات ئىلمىدە باشقا ئالىملارنى بېسىپ چۈشەلەيدىغان
مەشھۇر ئالىم مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ ھەزرەتلىرىنىڭ قىلىدىغان قىلى-
قىمۇ؟ ئېھ، پەرۋەردىگارى ئالەم! بېشىمغا قانداق سەۋدالارنى سال-
سالڭ سالغىنىڭكى، بۇ بەندەڭدەك بىقارار ۋە ئىرادىسىز قىلىپ قويمى-
غايسەن!»

قاراڭغۇ قاماقخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ

زىل ، تىترەك ئاۋازى ئاڭلاندى :

— ئېھ ، پەرۋەردىگار ، بۇ جاھىللىقتىن ئەمدى نېمە پايدا؟ بۇ كۆپۈر كىتابلار ئەمدى كىمگە كېرەك بولۇر؟ !

ئەلى قۇشچىنىڭ يۈرىكىگە خۇددى بىگىز سانجىلغاندەك بولۇپ تىترەپ كەتتى .

— نېمە دېدىڭىز ، ئەزىز بۇرادەر؟ كۆپۈر كىتابلار؟ ! بۇ ··· بۇ قەبىھ سۆزنى قىلىشقا يۈزىڭىز قانداق چىدايدۇ ، مەۋلانە مۇھىددىن؟ !

— ۋىجداندىن گەپ ئاچماڭ ! شەرىئەتكە خىلاپ كىتابلارنى يېزىپ ، گۇناھ پاتقىقىغا پاتمىغان بولساق ، ئاللاتائالا بېشىمىزغا بۇ كۈلپەتلەرنى سالمىغان بولاتتى ، مەۋلانە !

ئەلى قۇشچى ئاچچىق كۈلدى .

— بۇ گەپنى بىر غاپىل بەندىدىن ئاڭلىغان بولسام ، ئەجەبلەنمىگەن بولاتتىم ··· بىراق ، سىزدەك يېتۈك ئالىمنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپنىڭ چىقىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ ، مەۋلانە . چۈنكى ، بۇ ئازابنى سىز بىلەن مېنىڭ بېشىمغا ھەقتائالا ئەمەس ··· — ئاسىيلىق قىلسام ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن ، پەرۋەردىگارى ئالەم ! ··· — ئۆز ئاتىسىغا قىلىچ كۆتۈرگەن بىر ئاتا قاتىلى سالغان ، مەۋلانە !

— تەڭرىتائالا لازىم ۋە زۆرۈر تاپمىغان بولسا ، بۇ ئازابقا قالمايتتۇق !

ئەلى قۇشچىنىڭ ئەسەبىيلىشىپ تىترىگەن لەۋلىرىگە كىنايىلىك كۈلكە قوندى .

— ھە ، تەڭرىتائالا لازىم كۆرسە ، بۇ ئازابتىن بۈگۈنلا قۇتۇلارسىز !

— ئىنشائاللا ، شۇنداق بولغاي . ۋە لېكىن ، بۇنىڭ ئۈچۈن شاھزادە بىلەن قارشىلاشماي ، قىلغان گۇناھىڭىزغا توۋا قىلىشىڭىز كېرەك .

— سۆزىڭىزدە مەنتىقە يوق ، بۇرادەر ! خوپ ، مەنغۇ شاھزادە

بىلەن ئاشۇ تەكەببۇر شەيخ ئېيتقىنىدەك دىنسىزلار كىتابلىرىنى
يوشۇرۇپ، شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى قىپتىمەن ۋە بۇنىڭ جازا-
سىنى تارتىۋېتىپتىمەن. بىراق، سىزچۇ؟ سىز جەننەت ماكان
ئۇستازنىڭ ۋەسىيىتىدىن يۈز ئۆرۈپ، بۇ سىرنى ئاشكارىلىدىڭىز.
كۆپۈر كىتابلارنىڭ يوشۇرۇلغانلىقىغا قۇرئاننى سۆيۈپ تۇرۇپ ئىق-
رار بولدىڭىز. گېپىم راستمۇ؟

— خوش؟

— گېپىم ھەق بولسا، نېمىشقا سىز جازاغا تارتىلىۋاتىسىز؟
تەڭرىتائالا نېمە ئۈچۈن سىزگە بۇ جازانى لايىق كۆرىدۇ؟

— پېقىر سىزنىڭ بالايىڭىزغا قالدىم - دە!

— ياق! — دېدى ئەلى قۇشچى ھاسىراپ، — سىز كەمىنى-
نىڭ بالاسىغا قالمىدىڭىز، بەلكى ئۆز گۇناھىڭىزنىڭ جازاسىنى
تارتىۋاتىسىز. ئۇل ئالىملار سەردارى، ھاكىمى ئادىل ئۇستاز
مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئاخىرقى تىلىكىنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىقىڭىز
ئۈچۈن، ئاللاتائالا سىزگە بۇ ئىنتىقامنى لازىم كۆرگەن ۋە زۆرۈر
تاپقان. چۈنكى ... سۆزۈمنى بۆلمىگەيسىز، مەۋلانە! چۈنكى،
خۇداۋەندە كەرىمنىڭ مۆمىن بەندىلىرى بولغان دانىشمەنلەر يازغان
بۇ نادىر كىتابلارنى يوشۇرۇش گۇناھ ئەمەس. ئەكسىچە، بۇ كىتاب-
لارنى لەنتى پىتنىخورلارغا تاپشۇرۇپ، يوق قىلىۋېتىش چوڭ
گۇناھتۇر، مەۋلانە!

— ئۇلاردا يوق قىلىۋېتىش نىيىتى يوق!

— ئۇنداق نىيىتى يوق بولسا، نېمە ئۈچۈن ئىلىم ئەھلى
ياراتقان بۇ دۇردانىلەرنى مەكروھ دەيدۇ؟ ھەي مەۋلانە! — ئەلى
قۇشچىنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كېتىۋاتقاندەك، قاتتىق ئۇھ تارتتى،
— نېمە چارە، ئۇستاز مىرزا ئۇلۇغبەگ بۇ جاھانغا سىغمىدى! ئۇل
ئۇلۇغ ئالىم ماۋەرائۇننەھر ئاسمىنىدا پارلاپ تۇرغان بىر شام ئىدى.
بۇ شامنى ئۆچۈرگەن جاھىل ئۆلىمالارنىڭ مۇددىئاسى ماڭا ئايان-
دۇر. ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئۇرۇشلىرىدىن چارچاپ، ئۇستازنىڭ دەۋ-
رىدە ئەركىن نەپەس ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان بۇ شور پېشانە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەلق، ئەپسۇسكى، يەنە مۇستەبىت شاھنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالدى. مۇستەبىتلەر بولسا، ھەرگىزمۇ ئىلىم ـ مەرىپەتكە دوست بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىرى ئوت بولسا، بىرى سۇ، بىرى يورۇقلۇق بولسا، بىرى زۇلمەت، مەۋلانە! — ئەلى قۇشچىنىڭ نەپسى بوغۇلۇپ تامىقىنى سىلىدى ـ دە، جىم بولۇپ قالدى. ئوتتۇرىدىكى جىمجىتلىقنى مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ يىغلامسىرىغان مىسكىن ئاۋازى بۇزدى:

— قانداق قىلاي، بۇرادىرىم. مەن قانداق قىلاي؟

— تاقەت قىلىڭ، بۇرادەر. چۈنكى، بارلىق مۇستەبىت شاھ-لارنىڭ كۈچى قىلىچىدا بولسا، ئىلىم ئەھلىنىڭ ئىقتىدارى شۇ-نىڭدىكى، ئۇلار زۇلمەتتىن كېيىن كۈن چىقىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئاينىڭ يېرىمى قاراڭغۇ بولسا، يېرىمى ئايدىڭ. پەقەت بۇ قۇياشنى تاقەت بىلەن كۈتۈش كېرەك. چۈنكى، تاقەت قىلىش قارشىلىق قىلىش بىلەن باراۋەردۇر، مەۋلانە! ...

— يا رەببى! مۇشۇ ئازاب ئىچىدىمۇ قارشىلىق قىلىشنى ئويلامدىغان!

— سىز پەقەت جان ساقلاشنىلا ئويلايسىز! لېكىن، جان ساقلاش ئۈچۈن، بۇ ئىپلاس ئاتا قاتىلىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ئۇستازنىڭ ۋەسىيىتىگە خىيانەت قىلدىڭىزىۇ، ئاقىۋىتىڭىز نېمە بولدى؟ يەنىلا كەمىنە بىلەن بىر زىنداندا يېتىۋاتىسىز.

— ئەگەر سىز بۇ يولدىن قايتقان بولسىڭىز ...

— ياق، قايتمايمەن، قايتمايمەن! — دېدى ئەلى قۇشچى ئەندىكىپ، — ئۇستازنىڭ پاكىز روھىغا خىيانەت قىلىپ، بۇ نادىر خەزىنىنى ۋەيران قىلغاندىن كۆرە، پىقىر بۇ گۆرگە تىرىك كۆمۈل-گىنىم ياخشى! بۇ ئەقىلسىز زالىملارغا باش ئېگىپ، نەسلىمىز، ئەۋلاد ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ لەنىتىگە قالغاندىن كۆرە، بۇ زىنداندا چىرىپ كەتكىنىم ياخشى!

ئەلى قۇشچى جىم بولۇشى بىلەنلا، قاراڭغۇ بۇلۇڭدا يەنە مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ تىترىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئۇستاز ئۇچۇن ئۆز جېنىڭىزغا قەست قىلدىڭىز، دۇ-رۇس؛ پىقىرغىمۇ رەھىم قىلمىدىڭىز، بۇمۇ دۇرۇس. ۋە لېكىن، ئانىڭىزغا رەھىم قىلسىڭىز بولماسمۇ؟

— نىمە؟

— بىچارە ئانا! ئۇنىڭ ھالى نىمە بولۇۋاتقاندۇ؟

ئەلى قۇشچى ئۈندىمىدى. قاراڭغۇدا ئۇنىڭ قاتتىق خورسى-نىپ، چوڭ - چوڭ نەپەس ئېلىشى ئىشىتىلدى، خالاس.

مەۋلانە مۇھەممەدىن ئۇنىڭ يېغىرىغا تېگىپ، ئۇنىڭسىزمۇ ئاغ-رىپ تۇرغان يارىسىنى شەپقەتسىزلىك بىلەن تاتىلىغانىدى...

زىندانغا تاشلانغاندىن بۇيان، ئەلى قۇشچىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاشۇ كۆڭۈلسىز مەنزىرە، يەنى كۇتۇپخانىغا توساتتىن باستۇرۇپ كىرگەن نۆكەرلەر ۋە بوسۇغىدا يىقىلىپ قالغان ئانىسى تىللاببىنى نېرى كەتمەيتتى. بۇنى ھەر قېتىم ئەسلىگىنىدە، ئەلى قۇشچىنىڭ يۈرىكى سىرقىراپ، نىمە قىلىشىنى بىلمەي قالاتتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق ئېچىشتى - دە، ئەزايى - بەدىنى بوشىشىپ، يەردىكى بورىغا ئولتۇرۇپ قالدى.

ئۇنىڭ يۈرىكى تىنىمسىز سىرقىراپ، قولىنى كۆكسىگە قوي-غىنىچە ئۇزاق ئولتۇردى. نىمە ئۇچۇندۇر، بەختلىك بالىلىق دەۋ-رىنى، ياز كۈنلىرى ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە سايىۋەنلىك ھارۋىدا قوغۇن سەيلىسىگە چىققان چاغلىرىنى ئەسلىدى.

شەھەرنىڭ سىرتىدا، ئابىھەرەم تەرەپتە ئۇلارنىڭ باغ ۋە قو-غۇنلۇقلىرى بار ئىدى.

ئەلى قۇشچى قوغۇن سەيلىسىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. بولۇپمۇ، ئېتىزلىقتا تىكىلگەن قومۇش ئالچۇقلارنى، ھەسەلدەك شېرىن قوغۇنلار كۆڭۈلگە تەگكەندە، پەلەك ئارىلاپ يۈرۈپ خەمەك تېپىپ يېيىشنى، كەچقۇرۇنلىرى شاخ - شۇمبىلار قالانغاندا ئۇ-نىڭدىن چىققىدىغان ئاچچىق ئىس - تۈتەكلەرنى، پايانسىز دالىدىكى ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ياقتۇراتتى ۋە باغلارغا كۆچۈپ چىققىدىغان خۇشاللىق پەيتلەرنى قىشچە سېغىنىپ كۈتەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىشلاقتا ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە كۆپلىگەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بار ئىدى . يۇزلىرى قاقتەك قورۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، تىللىرىدىن بال تېمىپ تۇرىدىغان بۇ مېھرىبان ئۇرۇق - تۇغقانلار ئەلىنى كۆرگەندە ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۇز - كۆزلىرىگە سۆيەتتى ۋە بىرى ئوچۇملاپ ئۇزۇم ، بىرى قاق ، يەنە بىرى ياڭاق بىلەن ئۇنىڭ يانچۇقلىرىنى توشقۇزۇپ تاشلايتتى . ئانىسى تىللابىبى بولسا ، بۇنچىۋالا ئەتىۋالاش ۋە ئەركىلىتىشلەردىن ئەنسىرەپ ، ھەر كۈنى كەچقۇرۇن ئىسرىق سېلىپ ، ئۇنىڭ بېشىدىن ئايلاندۇراتتى ، كېچىلىرى بولسا ، مۇشتتەك تۇگۇلۇپ ، ئۇنىڭ قېشىدا تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرۇپ چىقاتتى...

مېھرىبان ئانا ! ئوغلىنىڭ باللىق چاغلىرىدىلا ئەمەس ، ئەلى قۇشچى چوپچوڭ يىگىت بولۇپ ، بەيگە ، يۇگۇرۇش ۋە توپ مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ يۇرگەن چاغلىرىدىمۇ ، تىللابىبى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالمايتتى . بەزىدە : «ئېھتىيات قىل ، قوزام ! » دەپ ۋارقىرىغىنىچە ، شاش ئاتلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتى . ئانىسىنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن ئۇيالغان ئەلى قۇشچى ئانىسىدىن ئۇنداق قىلماسلىقنى ھەر قانچە ئۆتۈنۈپ سورىسىمۇ ، يىلىنىپ - يالۋۇرسىمۇ ، ھەتتا قاتتىق - قۇرۇق گەپ - سۆزلەرنى قىلىۋالسىمۇ ، تىللابىبى قىلچە پىسەنت قىلماي ، «قوزام ! » دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئارقىسىدىن يۈگۈرۈۋېرەتتى ...

ئەلى قۇشچىنىڭ خىيالىنى يەنە مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ يىغلامسىرىغان ئاۋازى بۆلۈۋەتتى :

— كۆڭلىڭىزگە ئازار بېرىپ قويغان بولسام ، كەچۇرگەيسىز ، بۇرادەر . مەن قانداق قىلاي ؟ ...

ئەلى قۇشچى ئۈندىمىدى . دەل شۇ چاغدا ، تاشقىرىدا تاپۇر - تۇپۇر قىلغان ئاياغ تاۋۇشلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى . ئەلى قۇشچى نەپسىنى ئىچىگە تارتىپ تامغا يۆلەندى . مەۋلانە مۇھەممەدنىمۇ مىشىلداشتىن توختاپ ، بىردىنلا جىمىپ قالدى . تاشقىرىدىكى گۇرسىلدىگەن قەدەملەر يېقىنلىشىپ ، يوغان قۇلۇپلارنىڭ شاراقلىشى سۇ-

كۆتنى بۇزدى .

«ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن ، پەرۋەردىگارى ئالەم !» دەپ پىچىرلى-
دى مەۋلانە مۇھەممەدىن . ئەلى قۇشچى يەنىلا تامغا يۆلىنىپ ئۆرە
تۇراتتى . ئۇنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ ، ئاياغلىرى تىترەشكە باشلىغا-
نىدى .

تۆمۈر قاپلانغان يوغان ئىشىك ئاستا غىچىرلاپ ئېچىلىپ ، شام
تۇتقان زىندانبېگى ۋە ئۇنىڭ كەينىدە ئىككى ياساۋۇل كۆرۈندى .
ئەلى قۇشچى شامنىڭ غۇۋا شولىسىدا ئەمىر سۇلتان جاندار بىلەن
ئالىغاي ياساۋۇلنى تونۇدى . ئەمىر جاندار تاشقىرىدا قېلىپ ، ئالى-
غاي ياساۋۇل زىندانبېگىنىڭ قولىدىن شامنى ئېلىپ ئىچكىرىگە
كىردى . ئۇ شامنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ :

— مەۋلانە مۇھەممەدىن ! قېنى سىز ؟ — دەپ سورىدى .

قاماقخانىنىڭ بىر بۇرجىكىدە تۈگۈلۈپ ياتقان مەۋلانە مۇھەم-
مەدىن سادا چىقمىدى . ئۇ بىھوش يېتىپ قالغاندەك قىلاتتى .

— گاچا بولۇپ قالدىڭمۇ ، مەۋلانە ، — دېدى ئالىغاي ئاچچىق-
لاپ ، — كارامەتلىك شاھىمنىڭ ئىنايىتى بىلەن ئازاد بولدۇڭ !
تۇر ، ئورنۇڭدىن !

— لەببەي ؟ ھە ، ھە ! ... — مەۋلانە مۇھەممەدىن ئالىغاينىڭ
گېپىنى ئەمدى چۈشەنگەندەك ، ئالدىراپ - تېنەپ ئورنىدىن تۇردى-
يۇ ، يورۇققا چىقمىدى . ئۇ قاراڭغۇ بۇلۇڭدا پايپاسلاپ ، نېمىنىدۇر
ئىزدەيتتى ، بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى ، ئەقلىدىن ئازغان
ئادەمدەك ئۆزىنى ئۇياقتىن - بۇياققا ئاتاتتى .

— مەۋلانە ، چىق زىنداندىن ! — دەپ ۋارقىرىدى ئالىغاي .
ئۇ قولىدىكى شامنى ئىگىزرەك كۆتۈرۈپ ، تامغا يۆلىنىپ تۇرغان
ئەلى قۇشچىغا قارىدى .

— يا رەببى ! ئۆزۈڭ شەپقەت قىلغايسەن ؟ ، — دېدى ئەلى
قۇشچى يۈرىكى مۇزلاپ ، لېكىن ياساۋۇل ئۈندىمىدى . ئۇ كۆزلىرى-
نى غەلىتە ئوينىتىپ بىر ھىجايدى - دە ، قاماقخانىدىن چىقىپ
كەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«توختاپ تۇرغان بولسا، گېپىمنى قىلىۋالغان بولسام. بۇ سوغۇق گۆردە يەنە قالدۇرۇپ كېتەرمۇ مېنى؟»
تۆمۈر قاپلانغان يوغان ئىشىك ئاستا غىچىرلاپ يېپىلدى. كارىدوردىن چۇشۇپ تۇرغان غۇۋا نۇر يوقاپ، قاماقخانا يەنە مۇدھىش قاراڭغۇلۇققا چۆمدى.
ئەلى قوشچىنىڭ ئەزايى ـ بەدىنى بوشىشىپ، بورىدا تىزلاندى. مەۋلانە مۇھەممەدنىڭغا دېگەن بايىقى گەپلىرى ئېسىگە كېلىپ، كاللىسىدا: «غورۇرۇم غالىب كېلىپ ئېيتقان بايىقى تەكەببۇرانە گەپلىرىم ئۇچۇن تەڭرى ئاتا قىلغان بىر جازا ئەمەسمۇ بۇ؟» دېگەن پىكىر كەچتى. بىراق، بىر دەقىقىدىن كېيىنلا قەلبىدە يەنە بايىقى ئىسيانكارلىق تۇيغۇسى جۇش ئۇردى: «ۋىجدان ئەمرىگە بويسۇنغان ساداقەتلىك بىر قۇلۇڭغا بۇ جازانى لازىم ۋە زۆرۈر تېپىپ، ئىپلاسلىق قىلىشقا تەمشەلگەن ئۇ مەيدانىسىزغا مېھىر ـ شەپقەت ئىنئام قىلىساڭ... ئادالەت، ئىنساپ دېگەن نەگە كەتتى. ئېھ، پەرۋەردىگارى ئالەم؟» دېدى ئۇ ئىچىدە، ئاندىن پېشانىسىنى ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تامغا يېقىپ پىچىرلىدى: «باشقا چۇشكەننى كۆز كۆرەر، سەۋر قىل، ئەلى، سەۋر!»

## 15

قەلەندەر قەرناقى ئېيتقان كۆھەك دوڭلۇكىنىڭ ئېتىكىدە، «بۆرە»نى يۇزىگە نىقاب تارتىۋالغان بىر ئادەم كۇتۇۋالدى ـ دە، جىلغا بويىدىكى ياڭاقلىق تەرەپكە باشلاپ كەتتى. لېكىن، ئۇ ياڭاقلىققا يېتىپ بارمايلا ئالىقىنىنى ئاغزىغا تۇتۇپ، قاغىدەك «قاق ـ قاق» قىلدى. ياڭاقلىقتىنمۇ دەرھال «قاق ـ قاق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى ـ دە، ئۇچ نەپەر ئاتلىق كۆرۈندى. ئاتلىقلار «بۆرە»نى قورشىۋېلىپ، ياڭاقلىقنىڭ ئارقىسىدىكى ئويمانلىققا باشلاپ چۇشتى. ئويمانلىقتا قەلەندەر قەرناقى گۇلخان يېنىدا ئىسسىنىپ ئولتۇراتتى. بۇ قېتىم قەلەندەر ئۇنى ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى

ئالدى . ھەتتا ئۇنى : «بۆرە» مۇ دېمەي ، «ھە ، خوش كەپ-سىز ، ياساۋۇل بېشى !» دەپ ، يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى .
«بۆرە» قەلەندەرنىڭ يېنىدىكى خەرسەڭ تاشتا زوڭزىيىپ ئولتۇردى . يېرىم كېچىدە چوڭقۇر ئويمانلىقتا گۈلخان يېقىپ ئول-تۇرغان دىۋە سۈپەت قەلەندەر ۋە ئۆزىنى قورشىۋالغان نىقابلىق كىشىلەر «بۆرە»گە يول توسار قاراقچىلاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى - دە ، يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى .
قەلەندەر ئۇنىڭغا چىلىم تۇتۇپ :
— خوش ، نېمە خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ ، دېسەڭچۇ ، ياساۋۇل ؟ ! — دېدى .
«بۆرە» خۇش خەۋەر ئەمەس ، شۇم خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكى-نى ئويلاپ تېپىرلاپ قالدى .
— سۆزلە ، ياساۋۇل ! — دېدى قەلەندەر ، بۇركۇتنىڭ چاڭگى-لىدەك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ تىزىنى سىقىپ .
«بۆرە» قورقۇپ گەپنى مەۋلانە مۇھەممەدىندىن باشلىدى . لې-كىن ، ئۇ تېخى سۆزىنى تۈگەتمەيلا قەلەندەر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . گەپ خۇددى مەۋلانە مۇھەممەدىن ئۈستىدە ئەمەس ، ئۆزى توغرىسىدا بولۇۋاتقاندەك ، قاتتىق ئەپسۇسلانغان ھالدا :
— ئەستاغپۇرۇللا ، ئەستاغپۇرۇللا ! — دەپ قويدى ، — ئاخىر مەيدانىسىزلىق قىپتۇ - دە ! ئۇنىڭدەك ئالىمنىڭ ھالىغا ۋاي ! — ئۇ گۈلخاننى بىر ئايلىنىپ چىقىپ ، «بۆرە»نىڭ ئۇدۇلىدا توختىدى ۋە قاپىقىنى سىلىپ :
— خوش ؟ — دېدى ، — ئەلى قۇشچىنىڭ ئەھۋالى قانداق ؟ ئۇنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالى تېپىلدىمۇ ؟ تۆشۈك ئېچىشنىڭ چارىسى بارمىكەن ؟ پەملەپ كۆردۈڭمۇ ؟
— پەملەپ كۆردۈم ... قەلەندەر ... تۆشۈك ئېچىشنىڭ ئامالى يوق ئىكەن . چۈنكى ، زىندان كۆكسارايىنىڭ ئاستىدا ، تاملىرى مۇستەھكەم . ئەپلىشىپ قالسا ، بىر ئامال بار ، ئەمىر جاندارنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئەمىرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولامدۇ؟
— كەمىنە ئۇنى سىناپ كۆردۈم.
— خوش؟
— ئەمىر شاھزادىدىن نارازى. پەملىشىمچە، شاھزادە ئەمىر جاندارغا، ئەمىر شاھزادىگە ئىشەنمەيدۇ.
قەلەندەر زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلدى.
— ئىنشائاللا، دېگىنىڭدەك بولسۇن! مېھرىبان ئۇستازنىڭ ياخشىلىقىغا مىسلىسىز يامانلىق قىلغاندى بۇ ئەمىر. كىمكى ياخشىلىققا يامانلىق قىلسا، يامانلىقى ئۆزىگە قايتىدۇ. ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش زۆرۈر بولسا، دەرھال قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.
«بۆرە» گۈلخان شولىسىدا كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، ھىجىيىپ قويدى.
— توغرا، قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. بىراق، ئەمىر سۇلتان جاندار تارخاننىڭ نەرخى پېقىرنىڭ نەرخىدىن ئۈستۈن …
قەلەندەر قولىنى سىلكىدى.
— ھە، مۇغەمبەر! ئىش پۈتسىلا بەس. ئاغزىڭغا پاتقىنىنى ئالىسەن!
— بەللى! ئەمما، ئالتۇن ـ ئالتۇن دەپ مىڭ قېتىم دېگەندىن ئۇنى بىر قېتىم كۆرگەن ياخشىدۇ، دەرۋىش!
قەلەندەر قەرناقى ئاچچىقلاپ غودۇڭشىدى ـ دە، بەلۋېغىدىن بەش ـ ئالتە تىللانى ئېلىپ «بۆرە»نىڭ ئايىغىغا تاشلىدى. تاشقا تەگكەن تىللالار قاراڭغۇدا تاراڭلاپ دۇگىلەپ كەتتى. «بۆرە» ئالدىراپ ـ تېنەپ تىللالارنى يىغىشتۇرۇۋېلىپ قوينىغا سالغاچ، قەلەندەرگە قاراپ كۆزىنى قىستى.
— ساڭا دەيدىغان يەنە بىر گېپىم بار، قەلەندەر.
— نېمە گەپ؟ ياخشىلىقمۇ؟
«بۆرە» گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرغانلارغا گۇمان بىلەن قارىدى.
— بۇ گەپنى يالغۇز ساڭىلا ئېيتىشىم كېرەك …

قەلەندەر بىپەرۋالىق بىلەن كۈلدى :
— بۇ يىگىتلەرگە ئۆزۈمگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىمەن ، بۆرە ، گېپىڭنى داۋام قىلغىن .
«بۆرە» مۇرىسىنى قىستى .
— مەۋلانە مۇھەممەدىنىڭ ئەمىر ئىبراھىمبەگنىڭ ئوغلىغا نىكاھلاپ بەرگەن بىر قىزى بار ئىدى . بۇ گۈزەللىكتە ئالەمگە مەشھۇر …
قەرناقى تاقەتسىزلىنىپ :
— داۋام قىلغىن ، ئالىغاي ! — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى .
— سىنىڭمۇ خەۋىرىڭ بار ، رەھمەتلىك شاھزادە ئابدۇل ئەزىز ئەمىر ئىبراھىمبەگنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ ، بۇ نازىنىننى ئۆز ھەرىمىگە ئەكىرىۋالغانىدى .
قەلەندەر ئۇنىڭ ياقىسىدىن بوغۇپ ، ئورنىدىن تۇرغۇزدى .
— ئەزمىلىك قىلماي ، تېز - تېز سۆزلە ، ئىپلاس !
— گەپنىڭ پوسكاللىسى شۇ ، — دېدى بۆرە غودۇڭشىپ ، — بۇ گۈل رۇخسار نازىنىنغا مىرزا ئابدۇللىتىپ كۆيۈپ قاپتۇ …
— خورشىدە بانۇنى نەدە كۆرۈپتۇ ، بۇ قانخور ؟
— ھىم … ھىم ، ياقامنى قويۇۋەت . دەرۋىش … — بۆرە قەلەندەرنىڭ قولىدىن ئاران بوشىنىپ بوينىنى سىلىدى ، — ئۇ گۈلجامالغا شاھزادە كۆيۈپ قالسا ، مەن بىچارىدە نىمە گۇناھ بار ؟ نەدە كۆرۈپتۇ دەپ ھەيران قىلىشنىڭ نىمە ھاجىتى ؟ ئۇ كۆرمىگەن بولسا ، تەرىپىنى قىلىپ بەرگەنلەر باردۇ ، دەرۋىش !
— ساڭا ئوخشاش يالاقچىلار ! … خوش ، سۆزلە ، مۇددىئاسى نىمىكەن شاھزادىنىڭ ؟
— مۇددىئاسى — ئۇنى ھەرەمگە ئېلىپ كىرىپ ، كۆڭۈل ئېچىش ! …
— ئاغزىڭنى يۇم ، ھەي قۇزغۇن ! — قەلەندەر بېشىنى تۆۋ-تۆپ ، ئاستا تەۋرەندى ، — قاچان ؟

— بۇنى ئېھتىمال ، پەقەت ئەمىر جاندارلا بىلىدۇ ، خالاس !
قەلەندەر بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە جىم بولۇپ قالدى . ئوتتۇرىدىكى گۇلخاننىڭ غۇۋا شولىسىدا ، ئۇنىڭ ساقال باسقان ئۇزۇنچاق يۈزى ، بىر نۇقتىغا تىكىلگەن كۆزلىرى ۋە پۈتۈن قىياپىتى قانداقتۇ قورقۇنچلۇق ، گويا ھازىرلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ، ھەممە ياقنى ئوگتەي ـ توگتەي قىلىپ تاشلايدىغاندەك تۇيۇلاتتى . قالپاقلىرىنى قاشلىرىغىچە چۈمكەپ كىيىپ ، گۇلخان ئەتراپىدا ئولتۇرغان يىگىتلەرمۇ جىمىپ قالغان بولۇپ ، ھېچكىمدىن سادا چىقمايتتى . «بۆرە» بۇ يىگىتلەرگە تىكىلىپ قارىغۇسى ، ئۇلارنى تونۇۋالغۇسى كەلسىمۇ ، ئۇنداق قىلىشتىن قورقاتتى .
قەلەندەر بېشىدىكى كۇلاھنى ئېلىپ قاتتىق سىقىملىدى .
«ئېھ ، ئىنسانىيەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان شەھۋانە خاقان ! ھەرىمىڭدىكى نەزەربەند قىلىنغان كېنىزەكلەر ، رىشتىسىز باغلانغان بەختى قارا پەرىزاتلار يېتىشمەسمۇ ؟ يەنە كېلىپ ، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئۇمىدى ، كۆزىنىڭ نۇرى ، كۆڭلىنىڭ گۈلىگە كۆز تاشلامسەن تېخى ؟ قەلبىدە پىلىلداپ تۇرغان ئاخىرقى نۇرنى ئۆچۈرۈپ ، ئۇنى بارلىقىدىن جۇدا قىلماقچىمۇسەن ؟ سەندە ئىنساپ ، ئادالەت دېگەن نەرسە بارمۇ ، ھەي ئىپلاس ؟ ...»
قەلەندەر توساتتىن چاچراپ ئورنىدىن تۇردى .
— ساڭا دەيدىغان بىر گېپىم بار ، بۆرە . قانچىلىك ئالتۇن كېرەك قىلساڭ ، سەندىن ئايىمايمەن . مەۋلانە ئەلى قۇشچىنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ كۆرگەيسەن ، ئانچە ـ مۇنچە تاماق بېرىپ تۇرۇشنىڭ چارىسىنى تاپقايسەن . بۇ ئىشتا ماڭا دەيدىغان گېپىڭ بولسا ، مانا بۇ يىگىتلەر ۋاستىچى بولىدۇ ، — قەلەندەر چەتتىرەك ئولتۇرغان بازغانبەگكە ئىشارەت قىلدى ، — قاچان ، قەيەردە ئۇچرىشىشنى دېيىشىۋېلىڭلار .
قەلەندەر شۇنداق دېدى ـ دە ، «كەتتۇق» دېگەن مەنىدە قول ئىشارىتى قىلىپ ، قاڭتۇرۇلۇق ئاتلار تەرەپكە يۈرۈلدى .

# 16

خۇرشىدە بانۇ تاڭ سەھەر بىلەن ھويلىدا ئاڭلانغان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلاردىن ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ ئۆتۈۋاتقان ئادەملەر- نىڭ ئاياغ تاۋۇشلىرىدىن ئويغىنىپ كەتتى ، يېنىدا ياتقان مومىسى- نىڭ ئورنى بوش بولۇپ ، ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى . خۇرشىدە بانۇنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، مەخمەل كەمزۇلىنى يېپىنچاقلاپ ھويلىغا چىقتى .

ئۇدۇلدىكى مېھمانخانىنىڭ دېرىزىلىرى يوپيورۇق بولۇپ ، شايى پەردىلەردىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ سايىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . «دادام ! دادام قايتىپ كەپتۇ !» دېگەن پىكىر ئۇنىڭ كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە كەچتى ـ دە ، ئۆينىڭ ئەر- كىشىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ ، مېھ- مانخانىغا قاراپ يۈگۈردى ... خۇرشىدە بانۇ مېھمانخانىغا كىرگەندە دادىسى ، توغرىسى ، دادىسىغا ھەم ئوخشايدىغان ، ھەم ئوخشىمايدى- غان ، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ ، كۆزلىرى ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ، ئورۇقلاپ قاق سۆڭەك بولۇپ قالغان بىر بوۋاي سىياقى- دىكى ئادەم (ھەئە ، دادىسى خۇددى بوۋىسىغا ئوخشاش قېرى كۆرۈ- نەتتى ! ) كۆز ياشلىرىنى تاراملىتىپ ، ئادەملەر بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈۋاتقانىدى . خۇرشىدە بانۇ كىچىك باللاردەك يۇم ـ يۇم يىغلاۋاتقان بۇ بوۋايغا قاراپ ، بىر ھازاغىچە گەپ قىلالماي قالدى ـ دە ، ئاندىن ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ ، ئۆزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى...

خۇرشىدە بانۇلارنىڭ ئۆيى بىردەمدىلا توي بولۇۋاتقاندەك قى- زىپ كەتتى . قاسساپلار كېلىپ باغلاردا قوي سويۇشتى ، ئاشپەزلەر ئاش دۈملەشتى . قۇلۇم ـ قوشنىلار ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ، سودى- گەرلەر ، شائىرلار ۋە ئالىملار ، ئەر ـ ئايال ، قېرى ـ ياش كىرىپ تۇردى . قىسقىسى ، كۈن بويى ئۆيدىن ئادەم ئۈزۈلمىدى . چېچىنى ئالدۇرۇپ ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى قىردۇرۇپ ، بېشىغا ئاپئاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەللە ئوراپ، ئۇچىسىغا زەرباپ تون كىيىۋالغان مەۋلانە مۇھەممەدنى ئېغىر كېسەلدىن ئەمدىلا تۇرغان ئادەمدەك كۆرۈنىسىمۇ، ھەر ھالدا بىر ـ ئىككى كۈندىلا خېلى ئەسلىگە كېلىپ، ئادەم سىياقىغا كىرىپ قالغانىدى. خۇرشىدە بانۇ دادىسىنى كۆرگەندە، بولۇپمۇ بىر كۈندىلا قەددىنى رۇسلاپ، بۇرۇنقىدەك تېز ـ تېز مېڭىپ، نوپۇزلۇق مېھمانلارنى ئۆزى كۈتۈپ، ئۆزى ئۇزىتىپ يۈرگەن بوۋىسى سالاھىددىن زەرگەرنى كۆرگەندە، نېمە ئۇچۇندۇر قەلەندەرنىڭ سۆزلىرىنى قايتا ـ قايتا ئېسىگە ئالاتتى ۋە مەۋلانە ئەلى قۇشچىنى ئويلايتتى … «مەۋلانە ئەلى قۇشچىمۇ زىنداندىن چىققانمىدۇ؟ ياكى يەنىلا زىنداندا ئازاب چېكىۋاتقانمىدۇ؟ … يا دادام … ياق، ياق، دادام قەلەندەر پەرەز قىلغاندەك ئادەم ئەمەس! ئەگەر، قەلەندەرنىڭ دېگىنى راست بولسا، دادام ئۈچ ئايدىن بېرى زىنداندا ئازاب چېكىپ ياتماس ئىدى. بۇنداق غېرىبانە، بۇنداق ئېچىنىشلىق ھالەتكە چۈشۈپ قالماس ئىدى! …»

خۇرشىدە بانۇنىڭ دادىسى بىلەن قانغۇچە پاراڭلاشقۇسى، ئۇنىڭدىن ھال ـ ئەھۋال سورىغۇسى، ئەلى قۇشچىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگۈسى كېلەتتى، لېكىن ئۆيدىن مېھمان ئۈزۈلمەيتتى. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن، كېلىدىغانلار سەل شالاڭلاپ، ئۆيلەرمۇ بىر ئاز تىنچىپ قالغانىدى. كەچقۇرۇن ساراي مۇلازىملىرىغا ئوخشايدىغان ئۈچ ـ تۆت سۆلەتلىك ھاكاۋۇر ئادەم كىرىپ كېلىشتى، بۇنىڭ بىلەن سالاھىددىن زەرگەردىن تارتىپ خىزمەتكارلارغىچە ھەممىسى ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ئۆي ئىچى مۇدھىش جىمجىتلىققا چۆمدى. بۇ جىمجىتلىق ۋە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەرىكەت ـ قىلىقلىرى، مەۋلانە مۇھەممەدنى قاماققا ئېلىنغان كۆڭۈلسىز كېچىدىكىگە ئوخشايتتى. قاتتىق شامال چىقىپ، قار ئارىلاش يامغۇر يېغىۋاتقان بولسىمۇ، سالاھىددىن زەرگەر مۇۋۇت تاشلىق سۆسەر جۇۋىسىنى كىيىپ، ناماز شام بىلەن قاياققىدۇر كەتتى. خىزمەتكار ۋە قاراۋۇللار ئىشىك ـ دەرۋازىلارنى تاراق - تۇرۇق يېپىپ، ھوجرىلىرىغا كىرىۋېلىشتى. مومىسى نېمىشقىدۇر

يىغلاپ يىتىپ قالدى . نېمە بولغاندۇ ؟ يا دادىسىنىڭ بېشىغا باشقا بىر كۈلپەت چۈشتىمۇ ؟ بىرەر كۈلپەت چۈشكەن بولسا ، نېمىشقا خۇرشىدەدىن يوشۇرىدۇ ؟

چوڭ مېھمانخانا دېرىزىلىرىنىڭ يورۇق تۈرۈشىدىن قارىغاندا ، دادىسى تېخى ئويغاق بولسا كېرەك . خۇرشىدە بانۇ قۇندۇز ياقىلىق قىزىل چىبەرقۇت كەمزۇلىنى يېپىنىپ ئۆز ئۆيىدىن چىقتى . دادىسى مېھمانخانىنىڭ تۆرىدە قارا موۋۇت چاپىنىغا ئورالغان ھالدا بەدەشقان قۇرۇپ ، سېرىق كۆن مۇقاۋىلىق يوغان بىر كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى . ئۇ قىزىنىڭ كىرگەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى . خۇرشىدە بانۇ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ، ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئاستا ئولتۇردى . خۇرشىدە بانۇ ئولتۇرغاندا ، كۈمۈش شامداندىكى شاملار «لىپ» قىلدى ـ دە ، دادىسى چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى . ئۇنىڭ چوڭقۇر پاتقان چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرىدە قورقۇنچ ئارىلاش ھەيرانلىق ئالامىتى ئەكس ئەتتى .

— كەل ، قىزىم .

دادىسىنىڭ گەجدەك ئاقارغان سولغۇن چىرايىنى ، قورقۇنچ ئارىلاش ئېچىنىشلىق پىلىلداپ تۇرغان غەمكىن كۆزلىرىنى كۆرگەندە ، بانۇنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ ، «غۇرت» قىلىپ يۇتۇندى .

— جېنىم دادا ... كۆپ قىينىلىپسىز ، ئازاب چېكىپسىز ...

مەۋلانە مۇھەددىن بېشىدىكى ئۇچلۇق قارا دۇخاۋا تەقىيىسىنى رۇسلاپ ، يۇمشاق ، مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن :

— ھەقتائالانىڭ بۇ ئىلتىپاتىغىمۇ شۈكرى ، قىزىم ، — دېدى ، — مانا ، ئامان ـ ئېسەن دىدار كۆرۈشتۇق ...

— ھەئە ، پەرۋەردىگارىمغا مىڭ مەرتىۋە شۈكرى . بىر بالايىقازادىن قۇتۇلدۇق ،— دەپ پىچىرلىدى بانۇ . ئۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان گەپلەرنى قىلىشتىن ئەيمىنەتتى ۋە بۇ گەپلەرنىڭ ئاران تۇرغان دادىسىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشىدىن ئەنسىرەيتتى . شۇنداقلا ، قەلەندەر قەرناقىنىڭ گەپلىرى ئېسىدىن زادىلا چىقمايت-

تى . ئۇنىڭ قەلەندەر قەرناقى دېگەن گەپلەرنىڭ يالغان بولۇپ چىقىشىنى ، مەۋلانە ئەلى قۇشچىنىڭمۇ دادىسى بىلەن بىللە قاماق- تىن چىققانلىقىنى ئاڭلىغۇسى كېلەتتى ۋە شۇنداق بولۇشىنى چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلاتتى .

— دادا ! — دېدى ئۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ ، — بۇ مۇدھىش زىنداندا ئۆزىڭىز يالغۇز ياتتىڭىزمۇ ؟

— ياق ، قىزىم ، ئەلى قۇشچى ··· سەن تونۇيدىغان مەۋلانە ئەلى قۇشچى بىلەن بىللە ياتتىم ···

خۇرشىدە بانۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ ، بىر تىنىپ قويدى .

— مەۋلانە ئەلى قۇشچى ··· ئۇ مۆھتەرەم زاتمۇ زىنداندىن چىقتىمۇ ؟

— ياق ، بالام ، تېخىچە زىنداندا ···

— نېمىشقا ، دادا ؟

مەۋلانە مۇھىددىن بەدىنىگە سوغۇق بىر نەرسە تەگكەندەك سەسكىنىپ ، قىزىغا قورقۇپقىنا قارىدى . ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەت- كەن مەيۇس كۆزلىرىدە ئاللىقانداق گۇمان جىلۋىلەندى .

— ئاللانىڭ ئىلتىپاتى شۇ بولسا ، بۇنىڭغا نېمە چارە ، بالام ؟

مەۋلانە كۆزىنى قىزىنىڭ كۆزىدىن قاچۇردى . ئۇنىڭ گەجدەك ئاقارغان سولغۇن چىرايى قىزىرىپ كەتتى .

«راستكەن ! قەلەندەرنىڭ دېگىنى راستكەن !»

خۇرشىدە بانۇنىڭ خىياللىرى قۇيۇندەك قالايمىقانلىشىپ كەت- تى .

— دادا ! — دېدى ئۇ كۆڭلىدىكى دەھشەتلىك گۇمان بىلەن ئېلىشىپ ، — ئۇ بىچارە ··· مەۋلانىنىڭ ئەھۋالى ئېغىرمۇ ؟

— ئېغىر ، قىزىم ، ئېغىر ···

— نېمىشقا ئۇ بىچارىنى قىينايدۇ ؟ نېمىشقا زىنداندىن چىقار- مايدۇ ، دادا ؟

مەۋلانە مۇھىددىننىڭ چىرايىدىكى قىزىللىق ئاستا يوقاپ ، يۈزى يەنە تاتىرىشقا باشلىدى ، قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى

كېرىلدى .
— ئەيىب مەۋلانىنىڭ ئۆزىدە ، قىزىم . ئۇل زات تولىمۇ جاھىل ، تولىمۇ قەيسەر . بۇ زاماندا ... — مەۋلانە قاراڭغۇ دېرىزىگە خۇدۇكسىنىپ قاراپ قويدى ۋە ئاۋازىنى پەسەيتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — مىرزا ئابدۇللىتىپتەك مۇستەبىت شاھ تەختكە چىققاندا قەيسەرلىك قىلىپ بولامدۇ ، قىزىم ؟
— دادا ، مەن بىر گەپ ئاڭلىدىم ... — دېدى خۇرشىدە بانۇ . لېكىن ، ئۇ دۇدۇقلاپ قالدى . مەۋلانە مۇھەددىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزىغا قارىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ ، چىرايىدىكى غەمكىنلىك قانداقتۇر سوغۇق بىر ئىپادە بىلەن ئالماشقانىدى .
— نېمە گەپ ؟
خۇرشىدە بانۇ ئاتىسىنىڭ ئالاق ـ جالاق بولۇپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىك قارىيالماي يەرگە قارىۋالدى .
— مەۋلانە ئەلى قۇشچى مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان نادىر كىتابلىرىنى يوشۇرۇپ قويۇپتۇ ...
— بۇ گەپنى نەدىن ئاڭلىدىڭ ؟
خۇرشىدە بانۇ بېشىنى كۆتۈرمىدى . دادىسىنىڭ ئاۋازىدا ھەم ئەنسىزلىك ، ھەم شەپقەتسىزلىك ئالامىتى بار ئىدى . لېكىن ، بانۇنى بۇ شەپقەتسىزلىك ئەمەس ، تامامەن باشقا بىر نەرسە چۆچۈتەتتى ، ئۇنىڭ مېڭىسىنى : «راستىكەن ! بىچارە مەۋلانە تېخىچە زىنداندا يېتىپتۇ ! » دېگەن پىكىر ئايىماي قوچۇيتتى .
— بۇ گەپنى نەدىن ئاڭلىدىڭ دەيمەن ؟
— ھەممە ئادەم شۇنداق دېيىشىۋاتىدۇ ...
— ھەممە ئادەم دەپ كىمنى دېمەكچىسەن ؟
— ھەممە ... ھەقەمسايىلەر ... بىلىلە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىم . . .
— بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلار ! ... — دېدى مەۋلانە مۇھەددىن ئاللىقانداق يىرگىنىپ ، — مىرزا ئۇلۇغبەگ شەرىئەتكە ئەمەل قىلمىغان تەكەببۇر شاھ ئىدى . چۈنكى ، مۇسۇلمان قىز ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايالىلارمۇ ئوقۇسۇن دەپ، ئۇلارنى يولدىن ئازدۇرۇپ، ئۆزى گۇناھ پاتقىقىغا پاتتى!

خۇرشىدە بانۇنىڭ ئېسىگە يەنە ئاشۇ ھېكايىدەك قىزىقارلىق قىلىپ يېزىلغان رىسالە كەلدى. مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ماۋەرائۇننەھر تارىخىغا بېغىشلاپ يازغان بۇ رىسالىسىنى بىر كېچىدىلا ئوقۇپ بولغانلىقىنى، كېيىن زور ئىشتىياق بىلەن ئاقدا كۆچۈرۈپ بەرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، توساتتىن ھۆڭرەپ يىغلاپ تاشلىدى.

— جېنىم دادا، نېمە بولدىڭىز؟

بىردىنلا سەگەكلەشكەن مەۋلانە مۇھەممەدىن قىزىغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى. خۇرشىدە بانۇ يۈزىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ياقۇت كۆزلۈك نەپىس ئالتۇن ئۈزۈكلەر تاقالغان ئاپئاق، نازۇك بارماقلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چىققان ياش تامچىلىرى بۇرنىنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئېڭىكىگە چۈشەتتى. مەۋلانە مۇھەممەدىن ئۇنىڭغا مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن ئەلى قۇشچىنى يامانلاپ خاتا قىلغانلىقىنى دەرھال بايقىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئەڭ يېقىن شاگىرتىمەن دەپ پەخىرلىنىپ يۈرگەنلىكىدىن بانۇ خەۋەردار ئىدى. ئەستاغپۇرۇللا! ئەمەلىيەتتە پەقەت ئەلى قۇشچىلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ جانجىگىرى، سۆيۈملۈك پەرزەنتى، كۆزىنىڭ نۇرىمۇ ئۇنىڭدىن يىرگىنىۋاتىدۇ!... مەۋلانە مۇھەممەدىن خورسىنىپ، كۆزىگە ياش ئالدى.

— قوي، قىزىم، ئۇ بەختسىز كۈنلەرنى ئېسىمگە سالما. ئاتاڭ تارتقان دەرد ـ ئەلەمنى ئاللاتائالا ھېچبىر بەندىسىگە راۋا كۆرمىسۇن! قانداق قىلاي، مەۋلانە ئەلى قۇشچىنىڭ تەقدىرى مېنىڭ قولۇمدا ئەمەس. داداڭ بىر ئاجىز بىچارە! — مەۋلانە مۇھەممەدىننىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ گەپ قىلالماي قالدى. لېكىن، بۇ سەزگۈر ئادەم بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ كۆز ياشلىرى قىزىنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتەلمىگەنلىكىنى بايقىدى ـ دە، قاتتىق ئاغرىنىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇنىڭ قىزىغا قاتتىقراق گەپ قىلغۇسى كەلدى.

بىراق ، بابا كۆكسارايدىن ئەمىر جاندار باشلىق بىر ـ ئىككى دۇپۇزلۇق ئەمەلدار كېلىپ ، شاھزادىنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزۈپ ، ئەتە ـ ئۆگۈن خۇرشىدە بانۇنى سارايغا ، مىرزا ئابدۇللىتىپنىڭ ھەرىمىگە ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ، شۇ ۋاقىتقىچە ھازىرلىق كۆرۈپ قويۇشىنى ئۇقتۇردى ... يەنە كۆكساراي ! يەنە ھەرەم ! ... دەسلەپتە شاھزادە ئابدۇل ئەزىزنىڭ ھەرىمىدە بولغان ، ئەمدى مىرزا ئابدۇللىتىپنىڭ ھەرىمىدە بولارمىش ! بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان سالاھىددىن زەرگەر نېمە قىلىشنى بىلمەي ، ئاخىر مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن قاياققىدۇر كەتتى . بۇ شۇم خەۋەر مەۋلانىنىمۇ تەمتىرىتىۋەتتى . لېكىن ، سەل كەم ئۈچ ئاي ياتقان مۇدھىش قاماقخانا كۆز ئالدىغا كېلىپ ، رازى بولۇشقا مەجبۇر بولدى . بابا خۇرشىدە بانۇ ئاستا كىرىپ كەلگەندە ، مەۋلانە مۇھەددىن شۇنى ئويلاپ قورقۇپ كەتكەنىدى . ياق ، مومىسى بۇ شۇم خەۋەرنى ئۇنىڭغا ئېيتمىغان بولۇشى مۇمكىن . چۈنكى ، مەۋلانە مۇھەددىننىڭ پەرەز قىلغىنىدەك ، بانۇ بۇ ھەقتە نارازىلىق بىلدۈرۈپ يىغلىماستىن ، بەلكى تامامەن باشقا ئىشلار ئۈستىدە گەپ ئاچتى . ئەمدى ئۇ قىزىغا نېمە دېيىشى كېرەك ؟ بۇ شۇم خەۋەرنى ئۇنىڭغا قانداق يەتكۈزۈش كېرەك ؟

مەۋلانە مۇھەددىن قىزىنىڭ گېپى ئېغىر كەلگەنلىكىنى چاندۇرماي :

— بارغىن ، قىزىم ، — دېدى ، — بۇ ئىش قىزلار ئارىلىشىدىغان ئىش ئەمەس ، ئۆز ئىشىڭنى قىل ، بالام .

خۇرشىدە بانۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ، يېنىك قەدەم بېسىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى .

— خۇرشىدە ! قىزىم ...

بانۇ توختىدى ، ئۇ بېشىنى بۇراپ دادىسىغا قارىدى . شامنىڭ غۇۋا شولىسىدا ئۇنىڭ چىرايى ئېنىق كۆرۈنمىسىمۇ ، لېكىن بېشىنى بىر تەرەپكە بۇراپ ، جىم تۇرۇشىدىن قانداقتۇر يوشۇرۇن جاراھىتى بارلىقى ، ياق ، چەكسىز بىر دەردتە قالغانلىقى چىقىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇراتتى . مەۋلانە مۇھەددىسنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ ، دىمەكچى بولغان گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋالدى .

— بىچارە داداڭنى كەچۈرگەيسەن ، قىزىم ... تەقدىرگە تەن بەرمەسلىككە نىمە ئامال بار ؟ بۇ ئىشتىن سېنى موماڭ خەۋەردار قىلىدۇ ... ئەپۇ قىل ، قىزىم ...

مەۋلانە مۇھەددىسنىڭ لەۋلىرى تىترەپ ، قولياغلىقى بىلەن كۆزىنى سۈرتتى . خۇرشىدە بانۇ كۆڭلىدە توساتتىن پەيدا بولغان گۇماندىن بەدىنى ئۈيۈشۈپ ، دەلدەڭشىگىنىچە مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى .

تالادا يەنىلا قار ئارىلاش يامغۇر يېغىپ ، شامال چىقىۋاتاتتى . باغدىكى قېرى دەرەخلەر ئېچىنىشلىق غىچىرلاپ ، گويا سوغۇقتىن نالە قىلىپ زارلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى . ھويلىدا ھېچكىم يوق بولۇپ ، پەقەت دەرۋازا تەرەپتە قاراۋۇللارنىڭ گۇدۇڭ - گۇدۇڭ قىلغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى . خۇرشىدە بانۇ شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرنىمۇ سەزمەي ، قورانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باراڭنىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلەندى .

«بىچارە داداڭنى كەچۈرگەيسەن ، قىزىم ... بۇ ئىشتىن سېنى موماڭ خەۋەردار قىلىدۇ ، تەقدىرگە تەن بەرمەسلىككە نىمە ئامال بار ؟ ... بۇ گەپلەر نىمىدىن بېشارەت بېرىۋاتىدۇ ؟ مومام مېنى نىمىدىن خەۋەردار قىلماقچى ؟ ... ‹ئەپۇ قىل ، قىزىم › ! ... ئىھ ، دادا ! جېنىم دادا ! ... »

توساتتىن بانۇغا كىمدۇر بىرسى : «خۇرشىدە ! خۇرشىدە بانۇ !» دەپ پىچىرلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ، چۆچۈپ كەتتى . بۇ ئاۋاز باغ تەرەپتىن كەلگەندى . بانۇنىڭ يۈرىكى گۈپ - گۈپ ئۇرۇپ ، بىر - ئىككى قەدەم ماڭدى . باغنىڭ ئىشىكى قىيا ئوچۇق ئىدى .

— بانۇ ...

«قەلەندەر ! دادامدىن مەۋلانە ئەلى قۇشچىنى ئۇققىلى كەپتۇ - دە ... »

خۇرشىدە بانۇ قاياققا يۈگۈرۈشىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى .

دەل شۇ چاغدا ئىشىكتە قەلەندەرنىڭ ئىگىز ، يوغان گەۋدىسى كۆ-رۈندى .

— بانۇ توختاڭ ! سىزگە دەيدىغان بىر گېپىم بار ! ...

خۇرشىدە بانۇ قورقۇپ - ھودۇقۇپ دەۋازىخانىغا قارىدى ۋە پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ باغنىڭ ئىشىكىگە يېقىنلاشتى . قەلەندەر كەينىگە چېكىنىپ باغقا ئۆتتى .

— بانۇ ...

— نېمىشقا كەلدىڭىز ؟ — خۇرشىدە بانۇ ھالسىزلانغان ھالدا تامغا يۆلىنىپ ، ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى توستى ، — مەن بىچارى-نى قىيناپ نېمە قىلىسىز ؟

— توختاڭ ، بانۇ ! — دېدى قەلەندەر توساتتىن بۇيرۇق ئاھا-ڭىدا ، — دادىڭىز سىزگە ھېچ نەرسە دېمىدىمۇ ؟

— دېدى ... سىز راست دەپتىكەنسىز . بىراق ، نېمە چارە ؟ دادام ... ئاجىز بىر بىچارە ...

— توختاڭ ، بانۇ . بۈگۈن بۇ يەرگە كۆكسارايدىن ئادەم كەل-مىدىمۇ ؟

بايا چۈشتە كەلگەن ناتونۇش ، ئەمما يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدىن ساراي مەھرەملىرىگە ئوخشايدىغان ھاكاۋۇر ئادەملەرنى ئېسىگە ئال-غان بانۇنىڭ تېنى سىرقىراپ :

— كەلدى ، — دېدى .

— ئۇلار نېمە مەقسەتتە كېپتۇ ؟ ... — قەلەندەر سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي دۇدۇقلاپ قالدىيۇ ، ئۆزىدىن يىرگىنىپ ، شەپقەت-سىزلىك بىلەن يەنە سورىدى ، — شاھزادە سىزنى ئۆز ھەرىمىگە ئېلىپ بارماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟

خۇرشىدە بانۇ شاققىدە قەلەندەرگە قارىدى . قاراڭغۇدا ئۇنىڭ نەپسى قىسىلىپ ، ھاسىراۋاتقانلىقى ئاڭلاندى .

— ياق ...

— بىلمىگەن بولسىڭىز ، بىلىپ قويۇڭ ، بانۇ . بۇ ئىپلاس ئاتا قاتىلى جامالىڭىزنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ ، سىزنى ئۆز ھەرىمىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېلىشنى قەست قىپتۇ ...

تىترەك باسقان خۇرشىدە بانۇ كۆزلىرىنى يۇمدى . دادىسىنىڭ سولغۇن چىرايى كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيتتى ، ئۇنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى قۇلاق تۇۋىدە قايتا ـ قايتا تەكرارلىناتتى :

«بىچارە داداڭنى كەچۈرگەيسەن ، قىزىم . تەقدىرگە تەن بەر ـ مەسلىككە نېمە ئامال بار ؟ ... »

— نېمىشقا ئۈندىمەيسىز ، بانۇ ؟ — قەلەندەر ئۇنىڭ مۇزدەك قولىدىن تۇتتى ، — گېپىمنى ئاڭلاڭ ، بانۇ ! ئەگەر ... ئەگەر ماڭا ئىشەنسىڭىز ، بۇگۈنلا ئېلىپ كېتىمەن . سادىق ئادەملەر ، جېنىنى ـ مۇ ئايىمايدىغان دوست ـ بۇرادەرلەر بار . بۇ خېيىمخەتەر تۇگىگۇچە يوشۇرۇنۇپ تۇرىسىز . نېمىشقا گەپ قىلمايسىز ، بانۇ ؟

خۇرشىدە بانۇ توساتتىن كۆزىگە ياش ئېلىپ :

— سىز ، — دېدى تىترەپ ، — سىز مېنى تاشلاپ كەتمەـ سىز ؟

قەلەندەر ئاجايىپ بىر جۈرئەت بىلەن ئۇنى نازۇك بېلىدىن قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتتى .

— يا رەببى ! مەن سىزنى تاشلاپ قويۇپ نەگىمۇ كېتەرمەن ، بانۇ ؟

خۇرشىدە بانۇ ياش بىلەن يۇيۇلغان يۈزىنى بىردەم قەلەنـ دەرنىڭ ساقال باسقان يۈزىگە ياقتى . ئۇ ھاقارەتلەنگەن بالىدەك ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلايتتى ۋە بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى .

— خۇرشىدە ! خۇرشىدە بانۇ ! ...

خۇرشىدە بانۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ قەلەندەرگە قارىدى .

— خوپ ، نەگە دېسىڭىز شۇ يەرگە بارىمەن .

— قېلىنىراق كىيىملىرىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ...

— ياق . بۇ ئۆيگە قايتا كىرمەيمەن ، — دېدى خۇرشىدە بانۇ ، — يېنىمدا سىزلا بولسىڭىز ، سوغۇقتىن ئۆلۈپ قالماسمەن ...

قەرناقى لام - جىم دېمەي بانۇنى دەس كۆتۈردى - دە، تېيىلغاق يولدا تېيىلىپ - مۈدۈرۈلۈپ، ئۇيمانلىققا قاراپ كەتتى.

## 17

قاراڭغۇ قاماقخانىدا بورا ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەن مەۋلانە ئەلى قۇشچىنىڭ پۈتلىرى زىڭىلداپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇيۇشۇپ كەتكەن پۇتىنى ئۇۋۇلاپ - ئۇۋۇلاپ، قەپەزدەك تار قاماقخانىنى بىر - ئىككى ئايلىنىپ چىقتى، كېيىن بېشى ئايلىنىپ، خىيالى چېچىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تامغا يۆلەندى.

توساتتىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا پۇتىنى سەندەلگە قاقلاپ، سۆسەر جۇۋىغا ئورنىپ ئولتۇرغان مەۋلانە مۇھەممەدىن كەلدى - دە، پۇتلىرى تېخىمۇ زىڭىلداپ كەتتى. ئۇ شۇنداق چارچىغان، پۇتلىرى شۇنداق زىڭىلداپ ئاغرىغانىدىكى، يەنە بورىدا سوزۇلۇپ يېتىۋالغۇسى كەلدى. لېكىن، زەي يەرگە سېلىنغان بورىدا ئولتۇرۇش مۇزدا ئولتۇرۇش بىلەن باراۋەر ئىدى. ئەلى قۇشچى ئەنە شۇ نەم تېپىپ تۇرغان بورىدا يېتىپ، پۇتىنى كېرەكتىن چىقاردى ... ئەگەر ئۇمۇ مەۋلانە مۇھەممەدىنغا ئوخشاش شاھزادىگە باش ئەگكەن بولسا، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ئۇنى «ئەجدىھا غار» غا باشلاپ بارغان بولسا، ئۇ قاراڭغۇ گۆردىن قۇتۇلۇپ، يوپيورۇق ئۆيدە زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان پۇتىنى شايى كۆرپىلەر يېپىلغان ئىسسىق سەندەلگە قويۇپ راھەتلەنمەسمىدى؟ ئىلمى فەلەكىيات توغرىسىدىكى رىسالىسىنىمۇ شۇ كۆركەم، ئىسسىق سەندەل يېنىدا بەھۇزۇر يازماسمىدى؟ ھەتتا مىرزا ئابدۇللىتىپ ئۆز ئاغزى بىلەن: «يوشۇرۇپ قويغان كىتابلارنى تېپىپ بەرسەڭ، سارايىنىڭ تارىخچىسى قىلىپ قويىمەن» دېمىگەنمىتى؟ دېگەن! تارىخچى بولساڭمۇ بولىدۇ، ئوردا كاتىپى بولساڭمۇ بولىدۇ، دېگەن. «نېمىشقا ئۇنىڭغا بويسۇنمايسەن؟ بويسۇن! نادىر كىتابلارنى قەيەرگە يوشۇرغانلىقىڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نى ئېيت ! ئاندىن شاھانە ئارامگاھلاردا ئولتۇرۇپ ، شاھزادىنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى ، ماۋەرائۇننەھر خەلقىگە قىلغان ياخشىلىقلىرى ، كۆرسەتكەن خەير ـ ساخاۋەتلىرىنى ئۇلۇغلاپ ، كىتابلارنى ياز ، مەدھىيە ئوقۇ ! بۇ كىتابلار بەدىلىگە ساندۇق ـ ساندۇق ئالتۇنلارنى ئالىسەن ، بايلىقىڭ ۋە شان ـ شۆھرىتىڭ ئاشىدۇ . بۇ مىسلىسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇپ ، پاراغەتتە ياشايسەن » . ئەلى قۇشچى مەيۇس كۆلۈمسىرەپ قويدى . خۇددى ئۆزىدىن ئۆزى قورقۇپ كەتكەندەك بولۇپ ، تار قاماقخانىنى يەنە ئايلىنىشقا باشلىدى . «ماڭا نېمە بولدى ؟ مېنى شەيتان ۋەسۋەسىسىدىن ئۆزۈڭ قۇتۇلدۇرۇپ ، ئۆزۈڭ سەۋر ـ تاقەت ئاتا قىل ، پەرۋەردىگارى ئالەم ! ··· »

ئەلى قۇشچى كاللىسىنى چۇلغىۋالغان يامان خىياللاردىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ ، بېشىنى قاتتىق سىلكىدى ، كۆڭلىدىكى غەم ـ ئەندىشىنى يېڭىش ئۈچۈن ، پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ رىسالە ئۈستىدە ئويلاشقا باشلىدى ··· بايا ئويلىنىپ قەيەرگە كەلگەنىدى ؟ ھە ، كۇسۇف ، يەنى سەييارىلەرنىڭ تۇتۇلۇشى ئۈستىدە ، كۇسۇفى كۈلى ۋە كۇسۇفى جۇزئى ھادىسىلىرى ، يەنى ئاي ۋە كۈننىڭ پۈتۈن ياكى قىسمەن تۇتۇلۇشى توغرىسىدا ئويلانغانىدى . ئاي ۋە كۈننىڭ تۇتۇلۇش ھادىسىسى ، ئىككى شار — ئاي بىلەن يەر شارى ئوتتۇرىسىدىكى ۋە قۇياش ئەتراپىدىكى ھەرىكەتلەرگە باغلىق بولىدۇ . لېكىن ، بۇنى قانداق چۈشەندۈرۈش ۋە رىسالىدە قانداق يوسۇندا بايان قىلىش كېرەك ؟ بۇنى شۇنداق پەردازلاپ بايان قىلىش كېرەككى ، پەقەت ئىلىم ئەھلىلا چۈشىنەلىسۇن . چۈنكى ، «ھەرىكەت» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىلا بۇ جاھىل ئۆلىمالارنى لەرزىگە سالىدۇ . ئەلى قۇشچىنىڭ ئېسىدە باركى ، بۇ چىگىش مەسىلە ، جەننەت ماكان ئۇستاز قازىزادە رۇمى بىلەن مەۋلانە غىياسىددىن جەمشىت ھەزرەتلىرى ھايات ۋاقتىدىلا نۇرغۇن مۇنازىرە ۋە تالاش ـ تارتىشلارغا سەۋەبچى بولغانىدى . لېكىن ، ئۇ چاغلاردا رەسەتخانا تېخى ئىشقا چۈشمىگەن بولۇپ ، نۇرغۇنلىغان سەييارىلەرنىڭ بوشلۇقتىكى ئورنى ۋە ھەرىكەتلىرى ياخشى ئېنىقلانمىغانىدى . كېيىنكى يىگىرمە يىلدا بولسا ،

ئۇستاز قازىزادە رۇمى باشچىلىقىدا يۇلتۇزلار ۋە سەييارىلەر ئوتتۇ-رىسىدىكى ھەرىكەتلەر، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئېگىز ۋە ئەڭ تۆۋەندى-كى ھەرىكەتلىرى تەپسىلىي جەدۋەللەشتۇرۇلگەنىدى. ھازىر بۇ جەدۋەللەر ئۇنىڭ قولىدا يوق. بۇ مۇكەممەل جەدۋەللەر بولمىغان ۋە قەغەز - قەلەم يوق شارائىتتا، بۇ رىسالە ئۇستىدە ئىشلەشكە بولارمۇ؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا توساتتىن «ئەجدىھا غار» پەيدا بولدى. غارغا يوشۇرۇلغان ساندۇقلاردىن بىرىگە بىر مىڭ يىگىرمە ئىككى يۇلتۇز ۋە بۇ يۇلتۇزلارنىڭ بوشلۇقتىكى ئورنى كۆرسىتىلگەن قە-رىق ئالتە پارچە رەسىملىك جەدۋەل سېلىنغانىدى ... بۇ جەد-ۋەللەرنى پەزىلەتلىك ئۇستاز مىرزا ئۇلۇغبەگ كېچىلىرى تىم قا-راڭغۇ رەسەتخانىدا ئولتۇرۇپ ئىشتىياق بىلەن كۆرەتتى. جەدۋەل-دىكى ھەل بېرىلگەن رەسىملەر كېچىسى كىشىگە ھەقىقەتەنمۇ ئاس-مانىنى ئەسلىتەتتى؛ ھەل بىلەن كۆرسىتىلگەن يۇلتۇزلار بولسا، قاراڭغۇدا راست يۇلتۇزلاردەك يالتىراپ كېتەتتى ...

ئەلى قۇشچى «زىجى كۆرەگانى» جەدۋەللىرىنى ئېسىگە ئېلى-شى بىلەن، بۇنىڭدىن بەش - ئالتە يىل ئىلگىرى ئۇستاز بىلەن شەيخ نىزامىددىن خامۇش ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بىر توقۇنۇش يادىغا كەلدى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، شەيخنىڭ ئاشۇ چاغلاردا دېگەن گەپلىرى تۈنۈگۈن شاھزادە دېگەن گەپلەر بىلەن ئوپئوخشاش ئىدى. بۇ گەپلەرنى شاھزادىگە شەيخ نىزامىددىن خامۇش ئۆگەتكەن-مىدۇ؟ ياكى ئەكسىچە ... ياق، ئەكسىچە بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق. شاھزادە ئۇ چاغلاردا بۇ جاھىل شەيختىن يىراقتا، يىراق ھىراتتا ئىدى ...

جۈمە كۈنى ئىدى. بىرمۇنچە ئەمىرلەر ۋە نوپۇزلۇق بەگلەر بىلەن (ئۇلار ئارىسىدا ئەلى قۇشچىمۇ بار ئىدى) ئوۋغا چىققان ئۇستاز جۈمە كۈنلىرى جۈمە مەسچىتتە ئوقۇلىدىغان خۇتبىگە ئالدى-رايتتى. لېكىن، ھەرقانچە ئالدىرىغان بولسىمۇ، ئۇلار مەسچىتكە يېتىپ بارغاندا خۇتبە ئوقۇلۇپ بولۇپ، نامازخانلار تارقاشقا باشلى-غانىدى.

شاھ ئالىيلىرىنى دەرۋازا ئالدىدا قارشى ئالغان شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن ، ئۇنى مەسچىتكە باشلاپ كىردى . لېكىن ، ئۇلار ئالدىراپ ـ تېنەپ تاھارەت ئېلىپ ، تېخى ئەمدىلا نامازغا تۇرغاندا ، مەسچىت سەيناسىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ ، كىمدۇر بىر ـ سىنىڭ : «ھەي مۇسۇلمانلار !» دېگەن قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى .

ئىشىكتىن كىرگەنلا يەردە تىزلىنىپ سەجدىگە باش قويغان ئەلى قۇشچى خىيالىنى بۆلمەسلىككە ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ ، بۇ ئۆكتەم ، قوپال ئاۋاز ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ھويلىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى بېسىپ ۋەز ئېيتىۋاتقان كىشى بولسا ، ھەدەپ پايتەختتە دىنسىز ئالىملارنىڭ كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ، ئۇلارنىڭ ئەرشىئەلا ھىسابلانغان ئاسمان ـ پەلەكنىڭ سىرىنى ئاچىمىز دەپ بارلىق مۇسۇلمانلارنى يولدىن ئازدۇرۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا شىكا ـ يەت قىلاتتى ...

چىرايلىرى تاتىرىپ ، لەۋلىرى قاتتىق تىترىگەن ئۇستاز ، ناماز تۈگىگەن ھامان ئالدىراپ مەسچىتتىن چىقتى . ئۇستازنىڭ ئارقىسىدىن چىققان ئەلى قۇشچى ئايۋاندا تۇرۇپ ، سەيناىدىكى يۈز ـ لىگەن نامازخانغا ، ئاق چاپان ، ئاق سەللىلىك ئۆلىمالارغا نۇتۇق سۆزلەۋاتقان شەيخ نىزامىددىن خاموشنى كۆردى . ئۇ چاغلاردا ھا ـ زىرقىدىنمۇ سۆلەتلىك ، بەستلىك ۋە چىرايلىق كەلگەن شەيخ بىر قولىدا ھاسا ، بىر قولىدا كەھرىۋا تەسۋى تۇتقان ھالدا ، مەسچىت ـ تىن چىققان ئۇستازنى كۆرۈپ ھاسىسىنى پۇلاڭلاتتى ۋە كۆزلى ـ رىنى چەكچەيتىپ :

— مانا ! — دېدى ، — ئۇل بىتەۋپىق ئالىملار ئۇستازى مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرى ئۆزى ئىقراردۇر ...

ئۇستاز نېرىراقتا توختاپ :

— سۆزىڭىزنى چۈشەنمىدىم ، تەقسىر ! — دېدى .

— نېمىشقا چۈشەنمەيسىز ؟ ئاللا ئۆز بەندىسىگە ئىنئام قىلغان ۋە تۇپتۇز دېيىلگەن بۇ يەر يۈزىنى يەر شارى دېيىش گۇناھ ئەمەس ـ مۇ ، ھەي ئازغان بەندە؟

ئۇستازنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، لەۋلىرى قىمىرلىدى.
— كەچۈرگەيسىز، تەقسىر! بۇ ھەقىقەتنى بىزدىن سەل كەم بەش يۈز يىل مۇقەددەم ياشىغان ئۇستاز ئەبۇ رەيھان بىرۇنى مۇ- ھەممەت ئىبنى ئەھمەت ھەزرەتلىرى ئالىلىقاچان ئىبتىراپ قىلغان!
— ئۇل زات رەسۇل ئەمەسقۇ، ئۇنىڭ سۆزى ...
— ھەئە، ئۇل زات رەسۇل ئەمەس، ۋە لېكىن ئەقىل - پاراسەتتە تەڭداشسىز بىر ئالىم ئىدى!
— دېمەك، ئەرشىئەلا ھېسابلانمىش ئاسمان - پەلەكنى دې- ڭىزغا، ئاللانىڭ شام - چىراغلىرىنى بېلىققا ئوخشاتماقنىمۇ شۇل بىتەۋپىق ئالىم ئۆگەتكەنمۇ سىزگە؟
— يوقسۇ، تەقسىر! بۇنى شاگىرتىم ئەلى قۇشچى ... — مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەلى قۇشچىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، — مەۋلانە ئەلى ئۆز ئەقىل - پاراستى بىلەن چۈشەنگەن.
— ئەنە! — شەيخ غالىبانە نەزەر بىلەن پەستە باش ئېگىپ تۇرغان ئۆلىمالارغا قارىدى، — پېشقەدەم ئۇستاز دېيىلگەن بۇل زات ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى قۇرئاننى مەجىتنى ئۇنتۇپتۇ! چۈنكى ... ۋەلەقەد زەنەگەن ۋەسسەر دۇنيا بىنا ساھىبىيە ۋە جاھان- نەما... يەنى بىز دۇنيانىڭ ئۈستىدىكى ئاسماننى چىراغلار بىلەن بېزىدۇق ۋە ئۇلارنى شەيتانلارغا ئېتىلىدىغان تاش قىلىپ يارات- تۇق ... بۇ ئايەت ئېسىڭىزدىن چىقىپ قاپتۇ، مىرزا ئۇلۇغبەگ!
— ياق، بۇ ئايەت يادىمدا، تەقسىر. ۋە لېكىن، ئاللا ئۆز بەندىسىگە ئەقىل - پاراسەتنى شۇ مەقسەتتە ئاتا قىلغانكى، ئىلىم ۋە ئۆز زېھنى بىلەن دۇنيانىڭ سىرلىرىنى بىلىۋالسۇن دېگەن! ...
— دەر ھەقىقەت! — دېدى شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن. ئۇ بېشىدىكى سەللىسىنى رۇسلاپ ئالدىغا ئۆتمەكچى بولدى. لېكىن، شەيخ نىزامىددىن خامۇش يەنە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:
— يوقال! — دەپ ۋارقىرىدى، — شەيخۇلئىسلام بولغان سەن بىتەۋپىقىمۇ دىن قائىدىلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلدىڭ. پۈتكۈل ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بەس ! — ئۇستازنىڭ ئاۋازى مەسچىتنىڭ گۈمبەزلىرىنى تىترىتىۋەتكۈدەك جاراڭلىدى ، — خانىقايىڭىزغا بېرىپ ، تەرىقەت بىلەن مەشغۇل بولۇڭ ، بولمىسا ، لەشكەرلىرىمگە پەرمان بېرى-مەن ، هازىرلا زىندانغا تاشلايدۇ . هاكىمىيەت توغرىسىدا پىتنە - ئىغۋالارنىڭ تارقىلىشىغا ۋە بارلىق ئىپلاسلىقلارغا سىزگە ئوخشاش جاهىل ئۆلىمالار سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ !

ئۇستاز شۇنداق دېدى - دە ، سالماق قەدەم تاشلاپ ئايۋاندىن چۈشتى . شەيخ نىزامىددىن خامۇش نىجاتلىق تىلەپ ، پەستە باش ئېگىپ تۇرغان ئۆلىمالارغا قارىدى . لېكىن ... ئۇستاز راسا كۈچە-گە تولغان ، تەختى مۇستەهكەم چاغلار ئىدى ، ئۆلىمالاردىن سادا چىقمىدى ...

شۇ كۈنى يېرىم كېچە بىلەن ئۇستاز رەسەتخانىغا كىردى . ئۇ بىر جايدا ئولتۇرالماي ، بىردەم ئۆزى تۈزگەن جەدۋەللەرگە ، بىر-دەم ئاسمانغا قارىسا ، بىردەم كۈتۈپخانىنى ئاستا ئايلىنىپ ، هەدەپ ئۇھ تارتاتتى ۋە : «جاهىللار ، هەي جاهىللار !» دېگەن بىر سۆزنى تەكرارلايتتى .

هەئە ، ئەلى قۇشچى ئاشۇ چاغلاردا «هەرىكەت» دېگەن سۆزدىن قېچىپ ، ئاسماننى دېڭىزغا ، يۇلتۇزلارنى بېلىقلارغا ئوخشىتىپ بىر رىسالە يازغان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇستازىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغانىدى ...

يۇلتۇز ئەمەس ، شەيتانغا قارشى ئېتىلغان تاش ، يەر شارى ئەمەس ، تۈپتۈز يەر يۈزى ئىمىش ... ئاھ ، جاهىل ئۆلىمالار ، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان نادانلار ! ...

ئەلى قۇشچىنىڭ كاللىسىغا توساتتىن يامان بىر پىكىر كې-لىپ ، تىزگىنسىز قايغۇ يۈرىكىنى يەنە مۇجۇشقا باشلىدى : «بۇ مىسلىسىز جازا ، بۇ ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي ، مۇشۇ سوغۇق گۆردە ئۆلۈپ كەتسەم ، ‹ئەجدىها غار› غا يوشۇرۇل-غان جەدۋەللەر ، ئاشۇ قىممەتلىك خەزىنىنىڭ تەقدىرى قانداق بو-لار؟ بۇ سىرنى پەقەت مىرەم چەلەبىلا بىلىدۇ . بىراق ، مىرەم

چەلەبى تېخى بىر ياش موللىچاق تۇرسا، ئۇنىڭ قولىدىن نېمە كېلەر؟»

بەدىنى بوشىشىپ، تامغا يۆلىنىپ قالغان ئەلى قۇشچى ئىشىك دېرىزىسىنىڭ غىچىرلاپ ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلاپ سەگەكلەشتى. ئالىقانچىلىك دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان غۇۋا شولىدا، ئېچكىرىگە سۇنۇلغان نان كۆرۈندى. بۇ ئادەتتە بېرىلىدىغان پىيالىنىڭ يۇزىچىلىك ئارپا نېنى بولماستىن، قوناق ئۇنىدىن يېقىلغان قېلىن نان ئىدى.

ئەلى قۇشچى ھەيران بولۇپ، ناننى ئالغاچ بويىنىنى سوزۇپ دېرىزىدىن كارىدورغا قارىدى. ئاغزىغا تالقان سېلىۋالغاندەك زۇۋان سۈرمەيدىغان زىندان قاراۋۇلى يەنىلا لام - جىم دېمەي بىر چۆگۈن چاينى ئۇزاتتى.

ئەلى قۇشچى چۆگۈننى ئېلىپ بورىغا بىرىپ ئولتۇردى. ئۇ ئانچە تاماق خالىمايدىغان بولۇپ قالغاچقا، قورسىقىنىڭ ئاچ - توقلۇقىنىمۇ ئاڭقىرالماي قالغانىدى. بىراق، تاماق يېمەي ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، ناننى سۇندۇردى - دە، ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. ناننىڭ ئىچىدىن نەيچە قىلىپ ئورالغان خەت بىلەن غېرىچ كېلىدىغان پىچاق چىقتى. پىچاقنىڭ يېنىدا چىمچىلاقچىلىك بىر قەلەممۇ بار ئىدى... بۇ خۇددى ئەلى قۇشچىنىڭ ئەرزى - ھالى ئەرشئەلاغا يېتىپ، ھەق پەرۋەردىگار ئۇنىڭ كۆز يېشىغا رەھىم - شەپقەت قىلغاندەك ئىش بولدى...

ئەلى قۇشچىنىڭ يۈرىكى گۈپ - گۈپ سوقۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئىشىككە يۆلىنىپ، ئالىقانچە دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان غۇۋا شولىدا نەيچە قىلىپ ئورالغان قەغەزنى ئاچتى.

«مېھرىبان ئۇستاز! ئالدى بىلەن سىز مېھرىبان ئاتىمىزغا دۇئايى سالام يوللايمىز ۋە سالامەت بولۇشىڭىزنى ئاللا تائالادىن كېچە - كۈندۈز تىلەيمىز. ئىككىنچىدىن، شۇنى بىلىشكە ئىنتىزارمىزكى، قۇتلۇق بېشىڭىزغا چۈشكەن بۇ ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ئاسان قىلىش ئۈچۈن سىزگە نېمە كېرەك؟ بۇنى شۇ قەغەزگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېزىپ ، چۆگۈنگە سېلىپ چىقارغايسىز ··· نېسىپ بولسا ، قەلبىڭىزگە تۇتقۇلۇق ئېچىپ كىرسەك ، سىز مۆھتەرەم سايىۋەنىنى بۇ زۇلمەتتىن خالاس قىلىپ ، دىدار كۆرۈشسەك دېگەن ئۈمىدتە بولىۋاتىمىز . ئىنشائاللا ، بۇ تىلىكىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز ، دەپ ، سادىق شاگىرتلىرىڭىزدىن » .

ئەلى قۇشچىنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلى ئېرىپ ، كۆزىگە ياش ئالدى . «بۇ ھىممەت ـ ھىمايىتىڭگە مىڭ مەرتىۋە شۈكرى ، ئېھ ، پەرۋەردىگارى ئالەم ! ··· لېكىن ، سادىق شاگىرتلىرىڭىز ، دېگەنلەر كىملەركىن ؟ مىرەم چەلەبىمىدۇ ؟ ياق ، ئۇ تېخى كىچىك ، بۇ ئىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ . ياش مۇدەررىس مەنسۇر كاشىمىدۇ ؟ ياق ، كاشىمۇ مۆمىن ـ مۇلايىم بىر ئادەم . ئېھتىمال قەلەندەر قەرناقىدۇ ··· » ئەلى قۇشچى قەلەندەرنىڭ كېلىشكەن بوي ـ بەستىنى ، سەھرالىق يىگىتلەرگە خاس مەردلىكىنى ۋە راستچىللىقىنى ئەسلەپ ، مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى . پىچاقنى بولسا تۆمۈر سەمەرقەندى ئۇستا ياسىغان بولۇشى مۇمكىن . بىراق ··· ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى ، ئەلى قۇشچى پىچاقنى نېمە قىلار ؟ قەلەم ئۈچلاشقا ئىشلىتەمدۇ ؟ »

توساتتىن ئەلى قۇشچى يەنە خەتنى ئېسىگە ئالدى : «نېسىپ بولسا قەلبىڭىزگە تۇتقۇلۇق ئېچىپ كىرسەك ، سىز مۆھتەرەم سايىۋەنىنى بۇ زۇلمەتتىن خالاس قىلىپ ، دىدار كۆرۈشسەك دېگەن ئۈمىدتە بولىۋاتىمىز . ئىنشائاللا بۇ تىلىكىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز ··· » بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسى نېمە ؟ «قەلبىڭىزگە تۇتقۇلۇق ئاچساق» دېگىنى زىندانغا تۆشۈك ئاچساق دېگىنى ئەمەسمۇ ؟ ··· ئەلى قۇشچىنىڭ خىيالى چىگىشلىشىپ ، بىر جايدا تۇرالماي قالدى . ئۇ ئۇڭغۇل ـ دوڭغۇل تاملارنى سىلاپ ـ سىيپاپ ، قاماقخانىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى .

ياق ! بۇ خەرسەڭ تاشلارنى ئاجرىتىپ ، بۇ مەزمۇت تامدىن تۆشۈك ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ! بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان خام

خىيال ! بۇ — ئەمىر تۆمۈر ئۆزى ياساتقان مانا بۇ مۇدھىش زىندان ۋە قاماقخانىلارنى كۆرۈپ باقمىغان نادانلارنىڭ خام خىيالى . چۈنكى ، بۇ زىندان سان ـ ساناقسىز قۇللار ۋە تۇتقۇنلار ، گادايلار ۋە چېرىكلەرنىڭ مۇرىسىدە ئېلىپ كېلىنگەن خەرسەڭ تاشلاردىن بەرپا بولغانكى ، ئۇنى تېشەلىگەن بىرەر مەرد يىگىت تا ھازىرغىچە چىققان ئەمەس ! ... بىراق ، سېنىڭ غېمىڭدە يۈرگەن شاگىرتلىرىڭ بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدۇ . سەن بولساڭ بۇنى بىلىپ تۇرۇپ ، يەنە كىمدىندۇر ئۈمىد كۈتىسەن ، نېمىشقىدۇر ھودۇقىسەن . كىمدىن ئۈمىد كۈتۈۋاتىسەن ؟ نېمىشقا ھودۇقىسەن ؟ ئۆزۈڭنى بېسىۋال ، بۇرادەر !

ئەلى قۇشچى قاتتىق خورسىنىپ مېڭىشتىن توختىدى ، نېمىشقىدۇر ئانىسى تىللابىبى يەنە ئېسىگە كېلىپ ، مەيدىسىنى چاڭگاللىغىنىچە ئۇزاق تۇردى ، چەكسىز غەم ـ قايغۇ ئىچىدە ئازابلىنىشقا باشلىغانلىقىنى سەزدى ـ دە ، ئۆزىگە كايىپ كەتتى .

«نېمىشقا بۇنچىۋالا كۆز يېشى قىلىسەن ؟ نېمىشقا بۇنچىۋالا ئاھ ئۇرىسەن ، مەۋلانە ئەلى ؟ ! بۇنداق قىلغاندىن كۆرە ، رەھىمسىز شاھزادىگە ئىخلاس قىلىپ ، ئايىغىغا باش ئۇر ! ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ۋاجىپ دەپ بىل ! بولمىسا ، كۆز يېشىڭنى يوقات ! قەددىڭنى رۇسلاپ ، زېھنىڭنى يىغىپ ، ئۆز ئىشىڭنى قىل ! سۆيۈملۈك رىسالەڭنى پۈتتۈرۈپ تۈگەت ! چۈنكى ، بۇنداق سادىق شاگىرتلىرىڭ بار يەردە ، قىلغان ئىشىڭ زايە كەتمەيدۇ . ئۆزۈڭ خەۋپ ئاستىدا قالساڭمۇ ، يازغان كىتابىڭ ئۆلمەيدۇ ! »

ئەلى قۇشچى ئالىقانچە دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان نۇرنىڭ يورۇقىدا ، ھېلىقى خەتنىڭ كەينىگە : «قەغەز ، قەلەم» دەپ يازدى ۋە بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ ، «ئانام تىللابىبى» دەپ قوشۇپ قويدى ـ دە ، شاگىرتلىرى دېگىنى بويىچە خەتنى چۆگۈنگە سېلىپ ، زىندان قاراۋۇلىغا ئۇزاتتى ، ئاندىن كۆڭلى يورۇغاندەك بولۇپ ، «تاماق» قا كىرىشتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەرەمبېگى تەرىپىنى قىلغان گۈزەللىكتە تەڭداشسىز نازىنىنىڭ قاياققىدۇر قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان مىرزا ئابدۇللىتىپ، ئەمىر سۇلتان جاندارنى: «بۇ ھاياسىزنى تېپىپ، پۇت - قولىنى باغلاپ ئېلىپ كەلمىگۈچە كۆزۈمگە كۆرۈنمە!» دەپ ھەيدەپ چىقارغانىدى. مانا، بىر ھەپتە بولدى. نە ئۇ سەنەمدىن، نە ئەمىر سۇلتان جانداردىن دېرەك يوق! ئامالسىزلىقتىن شاھزادە بۈگۈن ئۆزى ئەمىرگە چاپارمەن ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى. چۈنكى، بۈگۈن كەچقۇرۇن ناماز ئەسىردىن بۇرۇن رەسەتخانا سەيناسىدا ئاتەشپەرەسلەر ۋە كۆپپارلار يۇرتىدىن ئېلىپ كېلىنگەن كۆپۈر كىتابلارنى كۆيدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك ئىدى. شەيخ نىزامىددىن خامۇش ۋە باشقا ئۆلىما - ئاقساقاللار ئۆزۈندىن بۇيان بۇ ساۋابلىق ئىشنى قىلىشقا دەۋەت قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، شاھزادە نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلى تارتماي، كەينىگە سوزۇپ كەلگەنىدى. ئۇ بىر نەچچە قېتىم رەسەتخانىغا بېرىپ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى كۇتۇپخانىنى كۆزدىن كەچۈرگەن، ھەتتا بىرمۇنچە كىتابلارنى سارايغا ئالدۇرۇپمۇ كەلگەنىدى.

دەرۋەقە، كۇتۇپخانىدىكى كىتابلار ئارىسىدا شەيخنىڭ دېگىنىدىكىدەك باشقا ئەللەردىن، ئاتەشپەرەسلەر يۇرتىدىن ئېلىپ كېلىنگەن ۋە يات يېزىقلاردا يېزىلغان كىتابلارمۇ بار ئىدى. بىراق، ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، شاھزادە رەسەتخانىغا ھەر قېتىم بېرىپ كۇتۇپخانىغا كىرگەندە ۋە تورۇسقا تاقىشىپ تۇرغان جاۋەنلەردىكى خورۇم مۇقاۋىلىق قېلىن كىتابلارنى، يىپەك ۋە شايى رەختلەرگە ئورالغان ئېسىل قوليازمىلارنى كۆرگەندە، كۆڭلى نېمىشقىدۇر باشقىچە بولۇپ، كىتابلارنىڭ يېنىدىن نېرى كەتكۈسى كەلمەي قالاتتى. ھىراتتا بوۋىسى شاھرۇھ مىرزىنىڭ قولىدا تەلىم ئالغان بولسىمۇ، پەقەت دىنىي ئىلىملەرنىلا ئەمەس، فەلەكىيات ۋە رىيازىيات ئىلىملىرىنىمۇ ئۆگەنگەن شاھزادە، بۇ كۇتۇپخانىنىڭ داڭلىق-

لىقى سەۋەبسىز ئەمەسلىكىنى بىر كۆرۈپلا چۈشەنگەنىدى . گەرچە ، ئەلى قۇشچى بىلەن ئۇنىڭ شاگىرتلىرى نۇرغۇنلىغان ئېسىل كىتابلارنى ۋە قولىيازمىلارنى يوشۇرۇۋالغان بولسىمۇ ، شاھزادە كۇتۇپخانىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ ، بۇ كۇتۇپخانىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر قىممەتلىك خەزىنە ئىكەنلىكىگە يەنە بىر قېتىم ئىشەندى ۋە بۇ يەردە ھېلىمۇ كۆپلىگەن ياخشى كىتابلارنىڭ بارلىقىنى ، ئاتىسى مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەقىقەتەنمۇ ئەڭ نادىر ئەسەرلەرنى يىغقانلىقىنى بايقىدى . شاھزادىنىڭ رەسەتخانىغا پات - پاتلا بېرىپ ، بۇ كۇپپارلار دەرگاھىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكى شەيخ نىزامىددىن خامۇش ھەزرەتلىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن بولسا كېرەك ، ئۇ تۇنۇگۈن توساتتىن كۆكسارايغا قەدەم تەشرىپ قىلدى . ئىشىكتىن قاپىقىنى تۈرۈپ كىرگەن شەيخ گەپنى يىراقتىن باشلىدى . يەنى ، شاھزادە گەرچە شاھ ئاتىسىنىڭ دىنغا خىلاپ نۇرغۇنلىغان ئىشلىرىغا خاتىمە بېرىپ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولسىمۇ ، كۇپپارلارغا ، بولۇپمۇ بىتەۋپىق ئالىملارغا تېخىچىلا جازا بېرىلمەيۋاتقانلىقىنى تەكىتلىدى . ئۇ شۇنداق قايناپ سۆزلىدىكى ، سۆزلەۋېتىپ تىترەپ كەتتى . ئۇ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، توغرا يولنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى ئىشان ئەبەيدۇللا خوجا ئەھرارنىڭ شاش شەھىرىدىن يوللىغان مەكتۇپىنى تاپشۇردى . ئىشان ھەزرەتلىرىمۇ ئۆز مەكتۇپىدە شەيخ نىزامىددىن خامۇشقا ئوخشاش سۆزلىگەن ، پەقەت بەزى گەپ - سۆزلەرنى تېخىمۇ دەھشەتلىكرەك بايان قىلغان ، ھەمدە بۇ ئىشتا ئىككىلىنىش ۋە ئارىسالدى بولۇش شاھزادىگە ياراشمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە قەيت قىلغان ۋە ماۋەرائۇننەھردە ئۇۋۋا تۇتۇۋالغان بۇ ئىتلارغا ۋە بارلىق ئىمانسىزلارغا قارشى قىلىچ يالىڭاچلاپ ، بوۋىسى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگانىنىڭ پاكىز روھىنى شاد قىلىشقا دەۋەت قىلغانىدى .

مىرزا ئابدۇللىتىپ بۇ مەكتۇپنى ئوقۇپ چىقىپ ، باشقا ئەللەردىن ۋە دىنسىزلار يۇرتىدىن ئېلىپ كېلىنگەن كۇپۇر كىتابلارنى كۆيدۈرۈشكە رازىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ ، بۇ مۇراسىمغا قاتنى-

شىش نىيىتى يوق ئىدى. بىراق، شەيخ يەنە قاپىقىنى تۈرۈپ، بۇ ساۋابلىق ئىشقا ئۇنىڭمۇ قاتنىشىشى لازىملىقىنى ئېيتتى. شەيخ بۇ كۆپۈر كىتابلارنى كۆيدۈرۈش مۇراسىمىغا پايتەختتىكى بارلىق ھەربىي ئەمەلدار ۋە دۆلەت ئەربابلىرى، ئۆلىما ـ ئاقساقاللار، ھەتتاكى بارچە ئالىملار ۋە شائىرلار، مۇدەررىس ۋە مەۋلانىلەرنى، ئۇلۇغبەگ مەدرىسىسىدە ئوقۇپ، ھىدايەت يولىدىن ئازغان ھەممە تالىپلارنى قاتناشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى، كۆپۈر كىتابلارنىڭ ئوتتا كۆيگەنلىكىنى ئاشۇ مۆتىتەھەملەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسۇن، مۇسۇلمانلار بولسا، شاھزادىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ رەقىبلىرىگە شەپقەتسىزلىك قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ، كۆڭلى ئۆسۈپ قالسۇن! ... دېگەندى.

شەيخنىڭ بۇ تەلىپىنى قاندۇرماي بولمايتتى. شۇڭا مىرزا ئابدۇللىتىپ رازىلىق بىلدۈرديۇ، شەيخ كەتكەندىن كېيىن دىۋاندىبېگى بىلەن ياساۋۇل بېشىنى چاقىرتىپ، بەلخلىق لەشكەرلەردىن ئىككى يۈزنى رەسەتخانىغا ئەۋەتىشنى، كۆكساراي بىلەن رەسەتخانا ئارىسىدىكى كوچىلارنىڭ ھەممىسىگە ئاتلىق قاراۋۇل قويۇشنى تاپشۇردى، بۇگۈن بولسا بۇنىڭغىمۇ كۆڭلى ئۇنىماي، ئەمىر سۇلتان جاندارغا چاپارمەن ئەۋەتتى. شاھزادە ماۋەرائۇننەھرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقىنىغا تۆت ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر تا ھازىرغىچە نە ئەل تىنچ تاپمىدى، نە ئۇنىڭ كۆڭلى! توۋا! ئۇ تەختكە چىقىپ نېمە يامانلىق قىلغانلىقىنى بىلمەيتتى، ھىدايەت يولىنى تەرك ئېتىپ، كۆپۈرلۇقتا يۈز تۇتقان بارلىق مۇرتەتلەرنى زىندانغا تاشلاتتى؛ بەزىلىرىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدۇردى؛ مۇرتەتلەر ئۇۋىسى بولغان مەدرىسىلەرنى پېچەتلىتىپ، ئىشىكلىرىگە قۇلۇپ سالدۇردى؛ ھاكىمىيەتنىڭ دۈشمەنلىرىنى، مىرزا ئۇلۇغبەگكە يان باسقان بارلىق ئەربابلارنى، بارلىق سەردار ـ سەركەردىلەرنى شەپقەتسىزلىك بىلەن باستۇرۇپ، ھەممە ياقنى تىنچىتقاندەك قىلسىمۇ، نېقىشقىدۇر كۆڭلى ئارام تاپمىدى. ئۇنىڭغا تەختى تەۋرەۋاتقاندەك، گويا ھەممە ياقتا ئۇنىڭغا قارشى توپىلاڭ

كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك ، قاياقلاردىدۇر قېچىپ يۈرگەن بابا ھۆسەيىن باشلىق بىر توپ سەردار ـ سەركەردە پەيت كۈتۈپ ، ئۇنى ئۆجۇقتۇ- رۇۋېتىش پېيىدە بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . ئۇ كېچىلىرى ئۇخلى- يالمايتتى ، كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا بارسا ، خۇددى بىرسى قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ئويغىنىپ كېتەتتى ـ دە ، تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي چىقاتتى ... ئېھتىمال ، شەيخ نىزامىددىن خامۇشقا ئوخشاش ئۆلىما زاتلارنىڭ دۇئاسى ئىس- تىقبالىنىڭ خەيرلىك ئالامىتىدۇر ، ئېھتىمال بۇگۈن بولىدىغان قالتىس ساۋابلىق ئىش — دىنسىزلارنىڭ كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈش مۇراسىمىدىن كېيىن ، ھەقتائالا ئۇنىڭدىن ئۆز مەرھەمىتىنى ئايىماي ، دىلىغا ئارام ، كۆڭلىگە ئىنساپ ئاتا قىلار ! دەھرىي ئالىملارنىڭ ئەڭ جاھىلى بولغان ئەلى قۇشچىنىمۇ ئۆجۇقتۇرۇش كېرەك ئىدى . شاھزادە ئۇنىڭ تەكەببۇر بېشىنى تېنىدىن ئاللىقا- چانلا جۇدا قىلىۋېتەتتى ، پەقەت يوقالغان كىتابلار ۋە يوشۇرۇلغان ئالتۇن ـ جاۋاھىرلار ئۇنىڭ قولىنى باغلاپ تۇرۇپتۇ ؛ زىنداندىكى ئازابلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى سىرنى ئاشكارىلايدۇ دېگەن ئۈمىد ئۇنى توختىتىپ تۇرۇپتۇ .

ئىشىكنىڭ ئاستا ئېچىلغانلىقىنى سەزگەن شاھزادە شاققىدە بۇرۇلۇپ قارىدى . بوسۇغىدا شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ تەكلىپى بىلەن سارايغا قوبۇل قىلىنغان ئالىغاي ياساۋۇل قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى .

— خوش ، ئەمىر جاندار قېنى ؟

— ئەمىر جاندار ئاغرىپ قېلىپ ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپ- تۇ ، ئۇلۇغ شاھىم !

شاھزادە كۆزلىرىنى قىسىپ ، ياساۋۇلغا تىكىلىپ قارىدى . ياساۋۇل نېمىشقىدۇر ھودۇقۇپ قالدى .

— ئەمىرنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆر- دۈڭمۇ ؟

— ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم . قۇدرەتلىك شاھىم ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئالىغاي كۆزۈڭ بىلەن نېمىنى كۆرەلىدىڭ؟ — شاھزادە زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ، بۆرىگە يېقىنلاشتى، — خوش، ئۇل ھاياسىزدىن دېرەك بارمۇ؟

— يوق، ئۇلۇغ شاھىم ...

— يوق! يوق! قاچان «بار» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كېلىسەن؟ مەۋلانە مۇھىددىن نېمە دەيدۇ؟

— مەۋلانە ... — بۆرە بېشىنى بىر تەرەپكە ئېگىپ، شاھزادىگە جۇرئەتسىزلىك بىلەن قارىدى ـ دە، ئۇنىڭ يەنىلا تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال كۆزىنى قاچۇردى.

— خوش؟ سۆزلە! نېمىشقا ئالىغاي كۆزۈڭنى قاچۇرىسەن؟ — دېدى شاھزادە ئىنچىكە بۇرۇتلىرىنى غەلىتە دىكىلدىتىپ.

— پادىشاھىئالەم! مەۋلانە مۇھىددىن ... ئەقلىدىن ئېزىپتۇ...

— ھە؟! — شاھزادىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، سەل كەينىگە سەنتۈرۈلدى.

— كىمدىن ئاڭلىدىڭ، بۇ گەپنى؟

— تۈنۈگۈن تىنتىشقا بارغان ياساۋۇللاردىن ئاڭلىدىم ... بۈگۈن رېگىستاندا كۆردۈم. يالاڭ ئاياغ، يالاڭۋاش، كۆڭلەكچان يۈگۈرۈپ يۈرۈپتۇ. دادىسى خوجا سالاھىددىن زەرگەر خىزمەتكارلىرى بىلەن تۇتۇۋېلىپ، كىشەنلەپ ئېلىپ كەتتى. بىچارە ...

— بىچارە! — دېدى شاھزادە ھاسىراپ، — كىمكى ئاللاتائالاغا شەك كەلتۈرۈپ، ئىمانىنى ئىبلىسلارغا ساتسا ... ھالى شۇ بولىدۇ! ماڭ! ساراي ئەھلىنى ھازىر بولسۇن! ھېلى يولغا چىقىمىز...

ئالىغاي ياساۋۇل ئېلىپ كەلگەن بۇ شۇم خەۋەر شاھزادىنىڭ كۆڭلىدىكى غەمنى كۆپەيتىپ، ئۇنى تېخىمۇ غەش قىلىۋەتتى. لېكىن، كۆكسارايىنىڭ بىنالىرىدىن ئوچۇق ھاۋاغا چىقىشى بىلەنلا كۆڭلى ئارام تېپىپ قالدى. شۇنىسى قىزىقكى، بۇنىڭدىن بىر ـ

ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ياغقان قېلىن قاردىن ئەسەرمۇ قالماي، ئەكسىچە، كۆن شۇنداق ئىسسىپ كەتكەنىدىكى، كوچىلارنى، ئۆگ-ـزىلەرنى، ھەتتا سوقما تاملارنىڭ ئۈستىنى كۆپكۆك مايسىلار قاپ-ـلاپ، شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ بويىدىكى تال چىۋىقلىرى قىزىرىپ، بىخ چىقىرىشقا باشلىغانىدى. باھارنىڭ غۇر ـ غۇر شاملى گۈل ـ گىياھلارنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى، يەنى يىراق تاغ باغرىدىكى بىنەپشە ۋە قىزىلگۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى، بۇيا ۋە شىۋاقلارنىڭ سەل قاڭسىق، لېكىن مەززىلىك ھىدلىرىنى دىماغقا ئۇرۇپ تۇراتتى. شاھزادىنىڭ يۈزى نۇرلىنىپ، تويۇپ ـ تويۇپ نەپەس ئالغىنىدا، ھىرات ئەتراپىدىكى ياپيېشىل ۋادىلار كۆز ئالدىغا كەلدى. بوۋىسى شاھرۇھ مىرزا بىلەن ھەر ئەتىيازدا بۇ ۋادىلارغا چىقىپ، ئات چېپىپ بەيگىگە چۈشكەن بەختلىك ئۆسمۈرلۈك چاغ-ـلىرى ئېسىگە كېلىپ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ كەتتى ـ دە، ئاستىدا تاقەتسىزلىنىپ، تېپىرلاۋاتقان قارا ئارغىماقنى قامچىلى-ـدى. بۇنى كۆرگەن يېنىدىكى ھەمراھلىرىمۇ ئاتلىرىنىڭ چۇلۋۇر-ـنى قويۇپ بېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن تاش ياتقۇزۇلغان كوچىلار ئات تۇياقلىرىنىڭ دۇپۇرلىگەن ئاۋازى بىلەن لەرزىگە كەلدى. كوچى-ـنىڭ ئىككى تەرىپىدە، كۆك سارايدىن رەسەتخانىغا بارىدىغان يول-ـدا، ھەر ئۇن بەش ـ يىگىرمە قەدەمدە نەيزىلىرىنى ئاسمانغا قاراتـ-قان نەيزىۋازلار تۇراتتى، تۆت كوچىلاردا بولسا ساۋۇت كىيگەن لەشكەرلەر ئات ئوينىتىپ يۈرۈشەتتى.

مىرزا ئابدۇللىتىپ ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، كوچىنىڭ ئىككى چېتىدە نەيزە تۇتقان لەشكەرلەرنىڭ ئارقىسىدا تەزىم قىلىپ تۇرغان مىڭلارچە ئادەملەرنى كۆردى. كوچا ئېغىزلىرىدىكى توپ ـ توپ ئادەملەرمۇ سەجدىگە باش قويۇپ جىم تۇرۇشاتتى؛ بەزىلەر تاملارنىڭ شورىلىرىدىن، بەزىلەر ئىشىكلەرنىڭ يوچۇقلى-ـرىدىن مارىلاپ قارىشاتتى؛ باللار بولسا، ئۆگزىلەرگە چىقىۋېلىش-ـقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە تەئەججۇپ، ھەيرانلىق ۋە قور-قۇنچ ئالامەتلىرى ئەكس ئېتەتتى. شاھزادىنىڭ كۆڭلى بۈگۈنكى

كۆپكۆك ئاسماندەك ئېچىلىپ كەتتى . ھەئە ، ئۇ ماۋەرائۇننەھر ئۈچۈن ، سەمەرقەندتەك ئاۋات شەھەر ئۈچۈن بىكارغا ئېلىشمىغاندى ! ئۇلۇغ بوۋىسى ئەمىر تۆمۈر ئۆزىگە پايتەخت قىلغان بۇ كاتتا شەھەرنىڭ كوچىلىرىدىن بىرەر قېتىم ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈش ۋە خالايىقنىڭ تىزلىنىپ ، سەجدىگە باش قويۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن ، بىر ئەمەس ، يۈز جانىنى قۇربان قىلىشقىمۇ ئەرزىيدۇ ! ... ئېھ ، ئېمىدىگەن ئۇلۇغ ، ئېمىدىگەن شېرىن بۇ سەلتەنەت ، بۇ تاج ـ تەخت ـ ھە ! مۇبادا شاھزادە ھازىر ئېتىنى توختىتىپ ، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان بۇ خالايىققا ، تىزلىنىپ يەر سۆيۈشنى بۇيرۇسىمۇ ئۇنىڭ ئەمرى ۋاجىپ بولىدۇ . تىز پۈك دېسە تىز پۈكىدۇ ، يەرنى سۆي دېسە سۆيىدۇ ، قېنى ، بىرەر ئادەم ئۇنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرمەي باقسۇنچۇ ! ...

رەسەتخانا ئالدىدىكى مەيدانغىمۇ ئادەملەر ناھايىتى كۆپ توپلاشقانىدى . قەلەندەرلەر توپ ـ توپ بولۇپ ، قوللىرىدىكى ئىسرىق سېلىنغان ئىسرىقدانلارنى پۇلاڭلىتىپ ۋە كۇلاھ كىيگەن باشلىرىنى بىر خىلدا چايقىشىپ ، ھەمدۇ سانا ئوقۇشاتتى ؛ يالاڭ ئاياغ ، يالاڭۋاش گادايلار ، يېتىم ـ يېسىرلار قاق سۆڭەك قوللىرىنى ئۇزارتىپ ، تىلەمچىلىك قىلىپ يۇرۇشەتتى ؛ قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىۋالغان لەشكەرلەر تۆت تەرەپتىن سەلدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان ئادەملەر توپىغا ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ ، ئۇلارنى ئارقىسىغا سۇرەتتى ؛ لەشكەرلەرنىڭ ۋارقىراشلىرى ، توپلاشقان خالايىقنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ، قەلەندەرلەرنىڭ : «يائاللا دوست ، يائاللا » سى ۋە رەسەتخانا مۇنارلىرى ئۈستىدە چېلىنىۋاتقان ناغرا ـ سۇنايلارنىڭ ئاۋازلىرى بىرلىشىپ ، يەر ـ جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرەتتى .

رەسەتخانىنىڭ قوش قاناتلىق تۆمۈر دەرۋازىسى كەڭ ئېچىلغان بولۇپ ، دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدا ھاۋانىڭ ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي ، ئۈچىسىغا موۋۇت چاپان ، تۇلكە ۋە سۆسەر تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا ، باشلىرىغا قۇندۇز تەلپەك كىيىشكەن پايتەختنىڭ ئېسىلزادىلىرى ، قوللىرىدا قۇرئان تۇتقان ئىماملار ۋە ئۆلىمالار

تۇراتتى . دەرۋازىدىن كىرگەن يەردە ، ھويلىنىڭ ئوڭ قول تەرىپىـ
گە ياغاچتىن ئېگىز سەھنە ياسالغان بولۇپ ، شەيخ نىزامىددىن
خامۇش باشلىق دىن پېشۋالىرى كۆل رەڭ گىلەم ۋە شايى كۆرپىلەر
سېلىنغان شۇ سەھنىدە ئولتۇراتتى . سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپىدە
تونلىرى ئۈستىدىن ئاق يەكتەك كىيىپ ، باشلىرىغا ئاپئاق سەللە
ئورىۋالغان ئۆلىما ـ ئاقساقاللار ، ئۇچىلىرىغا زەرباپ تون ، باشلىـ
ـرىغا دۇر ۋە سەدەپ قادالغان ئېسىل تەلپەك كىيىپ ، كۈمۈش
كەمەرلىرىگە ئالتۇن ساپلىق قىلىچ ئاسقان ئەمىرلەر تۇرۇشاتتى .
سەھنىنىڭ ئۇدۇلىدا ، رەسەتخانىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكى ئالدىدا
قۇرۇق شىۋاق ۋە سۆكسۆكلەر تەييارلانغان بولۇپ ، ئۈستىگە كىتاب
ۋە قولىيازمىلار تاغدەك دۆۋىلەنگەنىدى . بىراق ، كىتاب ھەددىدىن
ئارتۇق كۆپ بولسا كېرەك ، كىتاب توشۇۋاتقان قەلەندەرلەر كىتاب-
لارنى ئۈستى ـ ئۈستىلەپ دۆۋىلەۋاتاتتى .

شاھزادە ئىشىكتە ئەمدىلا كۆرۈنۈشى بىلەن ، شەيخ نىزامىددىن
خامۇش ئورنىدىن قوزغالدى ، سەھنىنىڭ ئىككى يېنىدا تۇرغان
ئېسىل زاتلار ۋە بەگ ـ ئەمەلدارلار قول قوۋۇشتۇرغىنىچە ئارقىـ
سىغا چېكىنىپ ، ئۇنىڭغا يول بېرىشتى . شەيخ شاھزادىنى ئۆز
يېنىغا ، يەنى قات ـ قات شايى كۆرپىلەر سېلىنغان سەھنىگە
تەكلىپ قىلدى ، ئاندىن قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان ئۆلىمالاردىن
بىرىگە بۇرۇلدى .

— دەھرىيلىكنى ئىختىيار قىلغان بارلىق
ئالىم ۋە شائىرلارنى ھويلىغا ئېلىپ كىرىڭ ! — دېدى ، —
دىيانەتسىز بەندىلەر ! ئۆزلىرى تاپقان مەجۇسىي كىتابلارنىڭ ئوتتا
كۆيگەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرسۇن !

بىردەمدىن كېيىن باشلىرىغا ئۇچلۇق تەقىيە كىيگەن ،
كىيىم ـ كېچەكلىرى يالاڭ مەدرىسە تالىپلىرىدىن يىگىرمىدەك
كىشى ھويلىغا كىرىپ كېلىشتى . ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تېخىچە
مۇدەررىسلىك كىيىملىرىنى تاشلىمىغان ئوندەك مەۋلانە كىرىپ ،
تالىپلارنىڭ يېنىدا سەپ تارتىپ تۇرۇشتى .

شەيخ : «باشلايمىزمۇ» دېگەن مەنىدە شاھزادىگە قارىدى . شاھزادە «باشلاۋېرىڭ» دەپ باش لىڭشىتتى .

شەيخ قولىدىكى كەھرىۋا تەسۋىنى سىيرىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، قارا مەخمەل تونىنىڭ ئېشىدىن كىيگەن ئاق يەكتىكىنى رۇسلاپ ئالدىغا ئۆتتى ۋە مەيدانغا توپلاشقان خالايىققا قاراپ نۇتۇق سۆزلىدى . ئۇ ، ھەقتائالاغا شەك كەلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ قۇرئانى مەجىتىنى ۋە ھەدىسى شەرىفنى مۇقەددەس دەپ بىلمەي ، دەھرىيلىككە يۈز تۇتقان شاھ مىرزا ئۇلۇغبەگ ۋە ئۇنىڭ بىتەۋپىق شاگىرتلىرى توپلىغان بۇ كۇپۇر كىتابلارنى ئوتتا كۆيدۈرۈش قالتىس ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى قاتتىق تەكىتلىدى :

ئاتەشپەرەسلەر ۋە ئىمانسىزلار يازغان بۇ كىتابلار ئوتتا كۆيۈپ ، بارلىق دىنسىزلار بېشىدا ئاپەت چاقمىقى بولۇپ چېقىلسۇن ! يامان ئادەملەر يولدىن ئازدۇرغان ، لېكىن كەلىمەئى شاھادەتنى ئوقۇپ ، كېچە ـ كۈندۈز ئىستىغپار ئەيلىگەن ، ئەۋلىيا ۋە ئەنبىيالارنى ھامىي قىلىپ ، تەڭرىتائالادىن رەھىم ـ شەپقەت تىلىگەن ئاجىز بەندىلەرنىڭ كۆزىنى ئېچىپ ، ھىدايەت يولىنى كۆرسەتسۇن ... ئىلاھە ئامىن !

مەيدانغا توپلاشقان خالايىقنىڭ «ئىلاھە ئامىن» دېگەن ئاۋازى رەسەتخانىنىلا ئەمەس ، پۈتۈن پايتەختنى تىترىتىۋەتكەندەك بولدى...

شەيخ نىزامىددىن خامۇش قەلەندەرلەر قولىدىكى مەشئەللەردىن بىرىنى ئېلىپ شاھزادىگە ئۇزاتتى ، يەنە بىرىنى ئۆزى ئېلىپ ، ئوتتۇرىدىكى شىۋاق ۋە سۆكسۆكلەر ئۈستىگە تاغدەك دۆۋىلەنگەن كىتابلارنىڭ يېنىغا باردى . شاھزادە بۇ مۇراسىمغا قاتناشقان بولسىمۇ ، كىتابلارغا ئۆز قولى بىلەن ئوت يېقىش نىيىتى يوق ئىدى ، لېكىن ، مۇراسىمدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئاللىقانداق ئىلاھىي كۈچ ، رەسەتخانا سەيناسى ۋە دەرۋازا ئالدىغا توپلاشقان ئادەملەرنىڭ گۈرۈلدىشى ، شەيخنىڭ ھاياجانلىق نۇتقى ۋە خالايىقنىڭ : «ئىلاھە ئامىن» دەپ خىتاب قىلىشى — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا يەنە

ئىستىقبالىنىڭ خەيرلىك بەلگىسى بولۇپ كۆرۈندى ـ دە ، روھلىنىپ كەتتى . ئۇ مۇقەددەس بىر ئىشنى قىلىۋاتقاندەك ، لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان مەشئەلنى زور ھاياجان بىلەن بىرىنچى بولۇپ قورۇق شىۋاققا تۇتتى ، ئۇنىڭ كەينىدىن شەيخ ھەزرەتلىرى گۈلخانغا ئوت ياقتى . قورۇپ كەتكەن شىۋاقلار «گۇر» قىلىپ ياندى ـ دە ، ئوتنىڭ يالقۇنى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ، كىتاب دۆۋىسى بىردەمدىلا لاۋۇلداشقا باشلىدى . ئوت بارغانسېرى كۈچىيىپ ، چاراسلىغان ئۇچقۇنلار ھويلىنىڭ ئۈستىدە يۇلتۇزلاردەك چاقنىدى ... «ئىلاھە ئامىن» دېگەن ئاۋاز يەنە جاراڭلىدى . بۇنىڭغا دەرۋىشلەرنىڭ ھەمدۇ سانا ئوقۇغان ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ ، شاھزادىنىڭ ۋۇجۇدىنى يەنە بايىقىدەك قاتتىق ھاياجان قاپلىدى . ئۇ گويا قانات قېقىپ كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك بولۇپ ، كۆزلىرىنى يۇمدى ۋە لەۋلىرىنى ئاستا قىمىرلاتتى : «ئېھ ، خەللاقى ئالەم ! گۇناھكار بەندەڭنى ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن ! ئۆز مەرھەمىتىڭنى ئايىمىغايسەن !» ئۇنىڭ خىيالى چىگىشلەشتى ۋە يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كۆزىنى ئاچتى . ئوتتۇرىدىكى ئوت يەنىلا ئۇچقۇنلارنى چاچرىتىپ ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بولسىمۇ ، ئادەملەرنىڭ كۆزى ئوتتا ئەمەس ، دەرۋازىدا ئىدى . ئۇ يەردە غوۋغا كۆتۈرۈلۈپ ، «تۇت !» ، «توختات !» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىناتتى . توساتتىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بېسىلىپ ، دەرۋازىدا يالاڭ ئاياغ ، يالاڭۋاش ، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى كىندىكىگىچە يىرتىلىپ كەتكەن ، بىر يېڭى سۆكۈلۈپ ئېسىلىپ قالغان ، ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىر ئادەم كۆرۈندى . ئەلپازى قورقۇنچلۇق ، مەجنۇن سۈپەت بۇ ئادەم ... يا رەببى ! ئۇ مەۋلانە مۇھىددىن ئىدى ! مەۋلانە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تەلۋىلەرچە تىكىلىپ قارىغان پېتى دەرۋازىدىن كىرگەن يەردە بىردەم تۇردى ، ئاندىن كىشەنلىرىنى شاراقلىتىپ ، يەرنى تېپىپ ئويناپ كەتتى . توساتتىن ئۇ ئويناشتىن توختىدى ۋە دەرۋازا تەرەپكە بۇرۇلۇپ :

— ھوي ، مۇسۇلمانلار ! — دەپ ۋارقىرىدى ، — بۇ ئوت دوزاخ ئوتىدۇر ! كىمكى ھەقتائالانى دىلىدىن چىقىرىپ ، دەھرىيە

لىكنى ئىختىيار قىلسا، مانا بۇ ئوتتا كۆيىدۇ! مانا، كۆرۈپ قويۇڭلار، ھەي گۇناھكار بەندىلەر! بۇ ئوتتا كۇپپارلىقتا يۈز تۇتقان بەتبەختلەر كۆيىدۇ. كۆرۈپ قويۇڭلار، مۇسۇلمان بەندىلەر!

— تۇتۇڭ، بۇ تەلۋىنى، تۇتۇڭ! — شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ ئاۋازى ۋاراڭ - چۇرۇڭنى بېسىپ جاراڭلىدى. مەۋلانە مۇھىددىن خۇددى قولىقىغا مۇشت يېگەندەك شاققىدە بۇرۇلۇپ، كۆزلىرىنى تەلۋىلەرچە چەكچەيتكەن پېتى بىردەم تىكىلىپ تۇردى - دە، ۋارقىرىدى:

— ھەي، مۇسۇلمانلار! زىنداندىن قاچقان كۇپپار ئەلى قۇشچى تېپىلدى! مانا، بۇ ئىبلىس! تۇتۇڭلار، بۇ كۇپپارنى! تۇتۇڭلار!

بىر نەچچە ياساۋۇل باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ كىشەنلەنگەن قوللىرىنى قايرىدى. لېكىن، مەۋلانە قانداقتۇر غەيرىي تەبىئىي بىر كۈچ بىلەن ئۇلارنى سىلكىپ تاشلاپ، شاھزادە بىلەن شەيخ تەرەپكە يېقىنلىشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ، يەنىلا: «ئەلى قۇشچى! تۇتۇڭلار، بۇ كۇپپار مەۋلانىنى!» دەپ ۋارقىرايتتى. ئۇنىڭ دورداپغان كالپۇكلىرى، چەكچەيگەن كۆزلىرى، قىسىقىسى، پۈتۈن ئەلپازىدىن شۇنداق بىر قورقۇنچلۇق نەرسە چىقىپ تۇراتتىكى، شاھزادە ئىختىيارسىز ھالدا ئارقىسىغا داجىپ:

— تۇتۇڭلار، بۇ تەلۋىنى! — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى. يەنە بىر قانچە ياساۋۇل بىلەن ئوتقا كىتاب تاشلاۋاتقان قەلەندەرلەر مەۋلانە مۇھىددىنغا تاشلاندى. مەۋلانە ئۇلار بىلەن ئېلىشقاچ، كۆزلىرىنى شاھزادىگە تەلۋىلەرچە ئالايتىپ، توساتتىن ۋارقىرىدى:

— ھە... ئاتا قاتىلى! ھەي مۇسۇلمانلار! ئۆز ئاتىسى مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرىنى قەتل قىلغان ئاتا قاتىلىنى تاپتىم! تۇتۇڭلار ئۇنى! تۇتۇڭلار! دوزاخ ئوتىدا كۆيسۇن، بۇ ئاتا قاتىلى! ئوتقا تاشلاڭلار، ئۇنى! ئوتقا!

دەرۋازا ئالدىدىكى مەيدانغا توپلاشقان ئاما، ھەتتا ھويلىدىكىدىن پېشۋالىرى، بەگ - ئەمەلدارلار، قىسقىسى، پۈتۈن خالايىق

خۇددى تىلىدىن قالغاندەك بىر ھازاغىچە جىم بولۇپ قىلىشتى. دەل شۇ پەيتتە، دەرۋازىدا يېشىلىپ كەتكەن سەللىسىنىڭ بىر ئۇچى يەرگە سۆرىلىپ قالغان سالاھىددىن زەرگەر كۆرۈندى. ئىڭەكلىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىۋاتقان سالاھىددىن زەرگەر: «پىرىم!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە شەيخ نىزامىددىن خامۇشقا قاراپ يۈگۈردى. لېكىن، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياساۋۇللار بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئوغلىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا تاشلاندى. بىراق، قەلەندەرلەر بىلەن ياساۋۇللار زەرگەرگە پىسەنت قىلماي، مەۋلانىنى يىقىتتى ـ دە، پۇت ـ قولىدىن تۇتۇپ سۆرەپ ئېلىپ كېتىشتى. بېشى تاشقا تېگىپ يېرىلغان، ئۇستىۋېشى قىپقىزىل قانغا بويالغان مەۋلانە مۇھەممەددىن بولسا يەنىلا تېپىرلايتتى ۋە خىرقىراپ ۋارقىرايتتى:

— ئوتقا تاشلاڭلار، بۇ ئاتا قاتىلىنى، ھەي مۇسۇلمانلار! ئوتقا تاشلاڭلار!

سالاھىددىن زەرگەر يۈم ـ يۈم يىغلاپ، ياساۋۇللارغا ۋە قەلەندەرلەرگە ئېسىلاتتى، ئۇلارنى توختىتىشقا ئۇرۇناتتى. بىراق، ھېچكىم ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايتتى...

شاھزادىنىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، يەر ـ جاھان ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى ـ دە، يىقىلىپ چۈشۈشتىن قورقۇپ شەيخنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، شاھزادە! بارچە خالايىقنىڭ كۆزى سىزدە! قەددىڭىزنى رۇسلاڭ! ھە... — شەيخ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەتراپىغا قارىدى. ئاندىن بايىقىدەك تەمكىنلىك بىلەن كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا:

— ھوي، مۇسۇلمان بەندىلەر! — دەپ خىتاب قىلدى، — ئەلھال، ئۆزۈڭلار شاھىت بولدۇڭلار. كىمكى تەكەببۇرلۇق قىلىپ دەھرىيلىك يولىغا ماڭسا، ئىنشائاللا، قارغىش تەگكەن بۇ ئىمانسىز ئالىمدەك ئاللانىڭ ئىنتىقامىغا دۇچار بولۇر!...

شەيخ يەنە ئۇزاق ۋەز ئېيتىپ، كۇپپارلار ۋە مۇرتەتلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قارغىش ياغدۇردى ، لېكىن ئۇنىڭ گېپى شاھزادىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى ، مەۋلانە مۇھەددىسنىڭ قورقۇنچلۇق سىياقى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا نېرى كەتمەيتتى ، قۇلاق تۈۋىدە ئۇنىڭ خىرقىراق ئاۋازى جاراڭلايتتى : «ئاتا قاتىلىنى تاپتىم ، مۇسۇلمانلار ! ئۇتتا كۆيسۇن ، بۇ ئاتا قاتىلى ! ئۇتتا ... »

## 19

نارەسىدە بالىنىڭ قەبرىسىدەك كىچىككىنە يېڭى قەبرىنىڭ ئالدىدا كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، تىزلىنىپ ئولتۇرغان قەلەندەر قەرناقى : «تۇرۇڭ ، شائىر ، ۋاقىت قىس ، تۇرۇڭ !» دەپ پىچىرلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ، بېشىنى كۆتۈردى . ئۇچ - تۆت قەدەم نېرىدىكى سېدىنىڭ ئاستىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى . بۇ مىرەم چەلەبى ئىدى .

قەلەندەر قەرناقى يەنە بىر قېتىم تىلاۋەت قىلىپ ، ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى سىلىدى - دە ، ئورنىدىن تۇردى ... تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغانىدى . ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن شالاڭ بۇلۇتلار ئارىسىدا غۇۋا چاقناۋاتقان يۇلتۇزلار كۆزگە چېلىقاتتى . يىراقلاردىن ، سېدە - قارىغايلار ئارقىسىدىن تىلاۋەت قىلىۋاتقان قارىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى قەبرىستان ئۈستىدە مۇڭلۇق كۈيدەك ئاستا تارقىلاتتى... بۇ ئاۋاز قەلەندەرگە نېمە ئۈچۈندۇر مەۋلانە ئەلى قۇشچىنىڭ ئاۋازىنى ئەسلەتتى . ئۇنىڭغا گويا قارى ئەمەس ، قاماقتا ياتقان ئۇستازى ئۆز ئانىسى ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ، كۆزىگە يەنە ياش كەلدى...

كۆيۈمچان ئانا ! بەش ئاي يولغا قاراپ ، ئىشىكتىن كىم كىرسە شۇنى : «جېنىم بالام» دەپ باغرىغا باسقۇسى كېلەتتى . نىھايەت ، تۈنۈگۈن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ ...

قەلەندەر بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىدى . چۈنكى ، كېيىنكى چاغلاردا ئۇ ئۇستازىغا مۇناسىۋەتلىك بىر مەخپىي ئىش بىلەن

كېچە ـ كۈندۈز ھەپىلەشتى . مەۋلاننى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بارلىق چارىلىرىنى ئىزدەپ كۆرگەن قەلەندەر ۋە دوستلىرى تۇنۇگۇن ئا-خىرقى ھېسابتا مۇنداق بىر قارارغا كەلدى : ياساۋۇللارچە كىيىن-گەن قەلەندەر قالقانبەگ بىلەن بازغانبەگنى ئەگەشتۈرۈپ ۋە ئات ھەم قورال ـ ياراغلارنى تەق قىلىپ ، يېرىم كېچە بىلەن شاھىزىندە قەبرىستانلىقىغا بارماقچى ، قەبرىستانلىقتا ئۇلارنى «بۆرە» كۈتۈپ تۇرماقچى ... «بۆرە» ئۇلارغا دىۋانبېگىنىڭ ئەلى قۇشچىنى قاماق-تىن ئېلىپ چىقىپ ، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىش توغرىسىدىكى يال-غان يارلىقنى تاپشۇرماقچى .

ياساۋۇلچە كىيىنگەن قەلەندەر بىلەن ئۇنىڭ يىگىتلىرى بۇ يالغان يارلىق بىلەن كۆكسارايغا كىرمەكچى ۋە زىندانبېگىگە يار-لىقنى كۆرسىتىپ ، ئەلى قۇشچىنى ئېلىپ چىقماقچى ...

بۇ پىلان تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى . چۈنكى يالغان يارلىق دەرۋازىۋەن بىلەن زىندانبېگىنى گۇمانلاندۇرۇپ قويۇشى ئېھتىمال-دىن يىراق ئەمەس ئىدى . ئەگەر ئىش ئوڭغا تارتماي قالسا ، ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى يىگىتلەرنىڭ باتۇرلۇقى ۋە قىلىچلىرىنىڭ ئۆت-كۈرلۈكى بەلگىلەيتتى .

تۇنۇگۇن قەلەندەر قالقانبەگ بىلەن بازغانبەگنى باشلاپ ، زە-رەپشان بويىدىكى قومۇشلۇقتا تەييارلىق كۆردى . ئۇلار ياساۋۇلچە كىيىملەرنى تاپتۇرۇپ كېلىشتى ، قىلىچ ۋە خەنجەرلىرىنى بىلەشتى ۋە ئىگەر ـ جابدۇقلارنى تەق قىلىپ قويۇشتى . شاھىزىندەدە ئۇچ-رىشىدىغان ئورۇننى بەلگىلىۋالغاندىن كېيىن ، قەلەندەر ئۇستىنىڭ قېشىغا كەتتى . چۈنكى ، ئۇ بۇ خەتەرلىك ئىشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن ، تەييارلاپ قويغان سوۋغا ـ سالاملىرىنى ئېلىپ خۇرشىدە بانۇنى كۆرۈپ كېلىش نىيىتىدە ئىدى . غارغا بارسا ... بۇ شۇم خەۋەر ! ... ھېلىمۇ ياخشى ، ئۇستىنىڭ قېشىدا مىرەم چەلەبى بولغاچقا ، ئۇنى ئېتىغا مىنگەشتۈرۈپ قەبرىستانغا ئېلىپ كەتتى .

قەلەندەر خۇددى ئۆز ئانىسى بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىد-ۋاتقاندەك ، ئارقىغا قاراپ ـ قاراپ قەبرىستانلىقتىن چىقتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«بۆرە» ئەللىك تىللاغا تېپىپ بەرگەن قاشقىلىق ئارغىماق قەبرىستانلىقنىڭ چېتىدىكى قارىياغاچلىقتا قاتتۇرۇقلۇق تۇراتتى. قەلەندەر غەمكىن ھالدا چوڭقۇر خىيالغا پاتقان مىرەم چەلەبى بىلەن جىمغىنا خوشلاشتى - دە، ئېتىنى مىندى. ئۇنىڭ خىيالى يەنىلا قەبرىستاندا، نارەسىدە بالىنىڭ قەبرىسىدەك كىچىككىنە قەبرە ئاستىدا ياتقان، نېمىسى بىلەندۇر ئانىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تىللابىبىدە ئىدى.

قەلەندەر تېخى ئاخشاملا مۇدھىش گۆرگە ئوخشايدىغان كۆكساراي زىندانىدا ياتقان ئۇستازىدىن خەتنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ، «قەغەز ۋە قەلەم» دېگەن سۆزدىن كېيىنكى «ئانام تىللابىبى» دېگەن سۆزلەرنى ئوقۇپ، تىترەپ كەتكەنىدى... «ئېھ، بىگۇناھ پەرۋەردىگار! ئۇنىڭ — مەۋلانىنىڭ گۇناھى يوق دېگىلى بولمىغان تەقدىردىمۇ، پەرزەنتى ئىشقىدا ئوت بولۇپ يانغان بۇ كۆيۈمچان ئانىنىڭ گۇناھى نېمە؟»

قەلەندەر بىر ھازالارغىچە كۆڭۈلسىز خىياللار گىردابىدىن چىقالمىدى. پەقەت يولنىڭ بىر قىسمىنى تۈگىتىپ، تاڭ ئېتىشقا باشلىغاندىلا كۆڭلى سەل يورۇپ، خىيالى خۇرشىدە بانۇغا كەتتى...

مانا، بىر ئايدىن ئاشتى. خۇرشىدە بانۇ تاغدا، تۆمۈر سەمەرقەندى ئۇستىنىڭ ئاغىنىسى — بابا مۇرات مىراپ دېگەن بىر باغۋەننىڭ ئۆيىدە تۇردى. قەلەندەر ھەپتىدە بىر قېتىم، گاھىدا ئىككى قېتىمدىن بېرىپ ئۇنى يوقلاپ تۇردى. بۇ ئۇچرىشىشلار قەلەندەرنىڭ دىلىنى بەزىدە يورۇق نۇرغا، چەكسىز مۇھەببەتكە تولدۇرسا، بەزىدە ئۇنىڭ كۆڭلىگە قانداقتۇر يامان تەشۋىشلەرنى سالاتتى.

خۇرشىدە بانۇ ئۇنى سېغىنىپ كۈتەتتى، ئۇنى ھەر قېتىم كۆرگەندە كۆزى ياشقا تولاتتى. بىراق، قەلەندەر ئۇنىڭ كۆزىدە قانداقتۇر بىر گۇمان، يوشۇرۇن بىر ئەندىشە بارلىقىنى بىلەتتى. بۇ گۇمان، بۇ يوشۇرۇن غەم، خۇددى يىراق - يىراقلاردىكى يانغىن

شولىسىدەك ئۇنىڭ ئويچان بېقىشلىرىدا ، سەگەك ھەرىكەتلىرىدە پات - پاتلا بىلىنىپ قالاتتى ... قەلەندەر ھەر قېتىم بارغىنىدا ، بانۇ ئۇنىڭدىن ئائىلىسىنىڭ ھال - ئەھۋالىنى قايتا - قايتا سورايت- تى ۋە جاۋابلىرىنى تاقەتسىزلىنىپ ئاڭلايتتى . قەلەندەر يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى قوشۇپ بولسىمۇ ، ئۇنى خاتىرجەم قىلاتتى . ئۇ ئالدىنقى قېتىم بارغىنىدا ، بانۇ ئاتىسىنىڭ ئەقلىدىن ئازغانلىقىنى تېخى ئاڭلىمىغانىدى . لېكىن ، ئەمدىچۇ ؟ رەسەتخانىدا يۈز بەرگەن بۇ قورقۇنچلۇق ۋەقەنى پايتەختتە ئاڭلىمىغان ئادەم قالمىدى . ئېھ- تىمال ، ئۇمۇ ئاڭلىغاندۇ ! ئەگەر ئاڭلىغان بولسا ، قەلەندەر ئۇنىڭ- غا نېمە دېيىشى كېرەك ؟ ئۇنىڭغا قانداق تەسەللى بېرىشى كېرەك ؟

قەلەندەر ئۇستىگە لەشكەرچە كىيىم ، بېشىغا دۇبۇلغا كىيىپ ، بېلىگە قىلىچ ئاسقان ھالدا ئېتىنى بىردەم چاپتۇرۇپ ، بىردەم قاتىرىتىپ كېتىۋاتاتتى ، ئۇنىڭ خىيالىدىن شۇ پىكىرلەر نېرى كەت- مەيتتى . ئۇ تاغقا يېقىنلاشقانسېرى ، كۆڭلىدىكى يامان تۇيغۇلار كۆچىيىپ باراتتى .

يول بارغانسېرى دۆڭگە سوزۇلۇپ ، قىرلار ئېگىزلەپ كېتىۋا- تاتتى . ساپ ھاۋالىق تاڭ سەھەردە يىراقلاردىكى قارلىق چوققىلار ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنەتتى . كۈن تېخى چىقمىغان بولسىمۇ ، قار- لىق چوققىلارنىڭ ئۇستى خۇددى ئوتقا پۈركەنگەندەك ۋال - ۋۇل يېنىشقا باشلىغانىدى . يامغۇردا يۇيۇلغان كۆپكۆك مايسىلار تاڭ سەھەرنىڭ غۇر - غۇر شامىلىدا يېنىك چايقىلىپ ۋە يېپەكتەك تـاۋلىنىپ ، كىشىنىڭ روھىنى كـۆتـۈرەر ئىدى ... گۈل - گىياھلارغا پۈركەنگەن بۇ كۆپكۆك ئېدىرلارنى ، يىراقتىكى قارلىق چوققىلارنى ۋە شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇلارنى كۆرۈپ ، قەلەندەر ئۆز يۇرتىنى ئەسلىدى - دە ، كۆڭلىنى قانداقتۇر بىر مەيۈسلۈك بەند قىلىۋالدى . ھەئە ، ئۇنىڭ ، قەلەندەر قەرناقنىڭ سۆيۈملۈك يۇرتىمۇ ، يەنى قەرناق ئەتراپىدىكى قىر - ئېدىرلارمۇ مانا شۇنداق مەيىن ، ياپيېشىل مايسىلار بىلەن قاپلانغانىدى . بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن باغلاردىكى ئۆرۈك ۋە شاپتۇللارمۇ خۇددى مۇشۇن-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

داق بىخ چىقىرىپ ، چېچەكلەش ئالدىدا تۇراتتى ··· قېنى ئەمدى ، مەۋلانە ئەلى قوشچى زىنداندىن قۇتۇلۇپ چىقالىسا ، قەلەندەر ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ ، بانۇنى ئاتقا مىنگۈزۈپ ، باھارنىڭ مۇشۇ ئىللىق كۈنلىرىدە يولغا چىقسا ! ··· قىرلاردىن ئۆتۈپ ، داۋانلاردىن ئې-شىپ ، جىلغىلارنى كېچىپ ، ئاق كۆڭۈل پادىچىلارنىڭ ئاۋۇللىرىدا تۈنەپ ، ئۆز يۇرتىغا كەتسە ! بانۇ بىلەن بۇ تىنچ دۆڭلەردە ، پايانسىز دالىدا ئاتلىرىنى بىردەم يورغىلىتىپ ، بىردەم چاپتۇرۇپ ، تەنھا سۆھبەتلىشىپ ، ئۇزاق يوللارنى باسسا ، قەلەندەر ئۇنىڭ كۆڭلىدى-كى دەرد ـ ئەلەملەرنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ تاشلىسا ! ···

قوياش تىك كۆتۈرۈلگەندە ، ئالدى تەرەپتىكى ئىككى دۆڭلۈك ئارىلىقىدىكى جىلغا بويىدا «كۆيگەن تۆپە» يېزىسىنىڭ باغلىرى كۆرۈندى . قەلەندەر جىلغىغا چۈشۈپ ، لەشكەرچە كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ ، ئۆز كىيىملىرىنى كىيىۋالدى . بۇ يەرگە لەشكەر-لەر ناھايىتى ئاز كېلەتتى . شۇڭا يېزا خەلقى ، ھەتتا خۇرشىدە بانۇمۇ ئات ئويىنىتىپ كېلىۋاتقان لەشكەرنى كۆرسە ۋەھىمىگە چۈ-شۈپ قېلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى .

بابا مۇرات مىراپنىڭ قورۇ ـ جايى يېزىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى تاغقا تۇتىشىپ كېتىدىغان ئېگىز دۆڭلۈكنىڭ يانباغرىدا ئىدى . قەلەندەر ھەر قېتىم كەلگەندە ، ئادەملەرنىڭ كۆزىگە چېلىقماسلىق ئۈچۈن مەھەللىگە كىرمەستىن ، جىلغا بويلاپ ئۇدۇل دۆڭگە چى-قىپ كېتەتتى . بۇ قېتىممۇ جىلغىدىن چىقىپ ئۇدۇل دۆڭگە قاراپ كېتىۋاتقىنىدا ، بابا مۇرات ئاتىنىڭ بالىخانىسىدا قىزىل رەڭلىك بىر نەرسە «لىپ» قىلغاندەك بولدى .

«بانۇ ! »

قەلەندەرنىڭ يۈرىكى نېمىشقىدۇر «جىغ» قىلىپ كەتتى .

دەرۋەقە ، قەلەندەر بابا مۇرات ئاتىنىڭ قورۇسىنىڭ چىتلىق تېمىغا يېقىنلاشقاندا ، ئىچكىرىدىن يۈگۈرۈپ چىققان بانۇ كۆرۈن-دى . ئۈستىگە ئۆيىدىن كىيىپ كەلگەن گۈللۈك يىپەك كۆڭلەك كىيگەن ، بېشىغا تىۋىت ياغلىق سالغان بانۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ

ئاتنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتتى ـ دە ، يۈزىنى ئارغىماقنىڭ كۆكرىكىگە يېقىپ ، پىخىلداپ يىغلاپ تاشلىدى .
قەلەندەر ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ، بانۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى .
— نېمە بولدىڭىز ، بانۇ ؟ نېمىشقا يىغلايسىز ؟
بانۇ جاۋاب بەرمىدى . هويلىدىن چىقىپ كەلگەن بابا مۇرات ئاتنى كۆرۈپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى . لېكىن ، قەلەندەر مىراپ بىلەن ، ئۇنىڭ هويلىدا يىپ ئىگىرىپ ئولتۇرغان ئايالى ۋە كېلىنلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ، بالىخانىغا چىقىشى بىلەنلا بانۇنىڭ يەنە ئۆپكىسى تىقىلىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى . قەلەندەر ئۇنىڭ ئىگىكىدىن تۇتۇپ بېشىنى كۆتۈردى .
— نېمىشقا ئۇندىمەيسىز ؟ يا بۇ يەردىن كۆڭلىڭىز ئاغرىدىمۇ ، بانۇ ؟
خۇرشىدە بانۇ «ياق » دېگەن مەنىدە باش چايقىدى .
— سىز ··· بىر ھەپتە بولدى ، نەلەردە يۈردىڭىز ؟
قەلەندەرنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ ، ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى .
— ئۆزىڭىز بىلىسىز ، بېشىمدا مىڭ بىر غەم بار ، بانۇ ···
— بىلىمەن ··· — خۇرشىدە بانۇنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرى تەلمۈرۈپ ، قەلەندەرگە تىكىلدى ، — ئاتاملارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپتىڭىزمۇ ؟
— ھەئە ··· — قەلەندەر كۆزىنى بانۇنىڭ تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن قاچۇردى ، — خۇداغا شۈكۈر ، تىنچلىق .
— ··· سارايدىن لەشكەرلەر كەلمەپتىمۇ ؟ پاراكەندىچىلىك سالماپتىمۇ ؟
— ياق ، تىنچلىق ···
— خۇداغا شۈكۈر ··· — خۇرشىدە بانۇ مەيۈسانە كۈلۈمسىرىدى ـ دە ، ياقىسىنى چىشلەپ قويدى ، — يامان چۈش كۆرۈپ قورققانىدىم .

قەلەندەرنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ :
— قانداق چۈش؟ — دەپ سورىدى .
خۇرشىدە بانۇ : «سورىماڭ ، ئىشقىلىپ يامان چۈش» دېگەن مەنىدە باش چايقىدى . كېيىن ، سەل قىزىرىپ :
— بىر ھەپتە بولدى ، كۆزۈم تۈت بولۇپ ، ھەر كۈنى يول-غىزغا قارايمەن ، يامان خىياللاردا بولۇپ ، جېنىم سىرقىرايدۇ ...
— بانۇ ! — قەلەندەر يەنە ئۇنىڭ نازۇك قوللىرىدىن تۇتتى . ئۇنىڭ بىردەم بولسىمۇ بۇ مەيۇس ھالەتتىكى سەنەمنىڭ ئىنچىكە بېلىدىن قۇچاقلاپ باغرىغا باسقۇسى ، يۈزىگە ، لەۋلىرىگە سۆيگۈسى كەلدى . لېكىن بانۇنىڭ كۆزلىرى نېمە ئۈچۈندۇر يەنە جىققىدە ياشقا تولغانلىقىنى كۆرۈپ ، يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى - دە ، ئۇنى ئايلىنىپ كېلىشكە ئۈندىدى .
ئۇلار باغقا چىقتى . باغدىن ئارچىلىق تاغ ئېتەكلىرىگە ئۆتۈپ ، جىلغا بويلاپ يۇقىرى ئۆرلىدى . خۇرشىدە بانۇ ئۈستىگە گۈللۈك يىپەك كۆڭلەكنى بىلەن قىزىل مەخمەل كەمزۇلنى ، پۇتىغا كابۇل-چە قىزىل ئۆتۈكنى كىيگەن بولۇپ ، چىرايى خېلى نۇرلىنىپ قالغان بولسىمۇ ، بوتا كۆزلىرىدىكى ئاللىقانداق يوشۇرۇن غەم - ئەندىشە تېخى يوقالمىغانىدى .
قەلەندەر ئۇنىڭ تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرغان يۇمشاق چاچلىرىغا ، ھاياجانلانغانلىقتىن ئاناردەك قىزارغان غەمكىن چىرايىغا ، بېشىنى بىر تەرەپكە بۇراپ ئويچان ھالدا قەدەم بېسىشىغا تىكىلىپ قاراۋاتـ-قىنىدا ، بۈگۈن كېچە يۈز بېرىدىغان خەتەرلىك ئىش نېمە ئۈچۈن-دۇر قايتا - قايتا ئېسىگە چۈشۈپ ، دىلىنى ئانىنىڭ ئەللىيىدەك مۇڭلۇق بىر تۇيغۇ چۇلغىۋالدى .
پەستە ، دۆڭلۈكنىڭ يانباغرىدا دېھقانلار ئاغدۇرۇلغان يەرلەر-گە ئۇرۇق سېلىۋاتاتتى ، ئاپتاپتا كەتمەنلىرىنى پارقىرىتىپ ، ئېرىـ-قـلارنى ۋە كۆچەتلەرنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىۋاتاتتى ؛ ئۇنىڭمۇ تۆ-ۋەن تەرىپىدە ، ياپيېشىل ئوتلاقتا پادىلار ، قوي - قوزىلار ئوتلاپ يۈرەتتى ؛ مەھەللىدىكى باغلارنىڭ ئۈستىدە بولسا ، كۆكۈچ تۈتۈن

لەيلەپ يۈرەتتى؛ باللارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى، كاللىلارنىڭ مۆرەشلىرى ۋە قوي - قوزىلارنىڭ مەرەشلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس ئاڭلىنىپ تۇراتتى ... قەلەندەرنىڭ يۇرتىدا، يىراق قەرناقتىمۇ مۇشۇنداق كۆنلەر باشلانغاندىمۇ؟ ئادەملەر قەلئەدىن «قاراۋۇل تۆپە» نىڭ يانباغرىدىكى باغلارغا كۆچۈپ چىققانمىدۇ؟ ...

قەلەندەر قاتتىق خورسىنىپ كۆنگە قارىدى. كۆن تىك كۆتۈرۈلگەن، ھەتتا سەل غەربكە ئېغىشقا باشلىغان بولۇپ، ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى. قەلەندەر ئۆز قەلبىنى چۇلغاپ كېتىۋاتقان يامان تۇيغۇلاردىن قۇتۇلماقچى بولۇپ، ئالدىدا گۈل تېرىپ يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتقان خۇرشىدە بانۇغا قارىدى.

— بانۇ!

بانۇ قولىدىكى ئاچ بىنەپشە ۋە سېرىق گۈللەر دەستىسىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، «بۇ ياققا كېلىڭ!» دەپ ئىشارەت قىلدى - دە، چۇۋۇلغان چاچلىرىنى يۇمشاق قارا يىپەك رومالدەك يەلپۈتكىنىچە تاشتىن - تاشقا سەكرەپ كېتىۋەردى. ئۇ يۇقىرىدىكى ئەتراپى ئارچا بىلەن ئورالغان كۆپكۆك مايسىزارلىققا بېرىپ توختىدى.

— مىرزام! ...

بۇ ئاشۇ تونۇش ئاۋاز، يەنى گادايلىق قىلىپ يۈرگەن كۆنلىرىدە ئاڭلىغان ئەلەملىك نىدا ئىدى. قەلەندەر بىر سىلكىنىپ ئۈچىدىكى چاپىنىنى يېشىپ قولىغا ئالدى - دە، دۆڭگە ئېتىلدى.

بانۇ ئۇنى ئارچىزار ئىچىدە كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى سەل ئاقارغان بولۇپ، كۆزلىرىدە يوشۇرۇن تەرەددۇت ئالامىتى بار ئىدى.

— قايتىپ كېتەمسىز؟

— ئولتۇرۇڭ، بانۇ. سىزگە دەيدىغان بىر ئېغىز گېپىم بار.

قەلەندەر چاپىنىنى ئوت - چۆپلەر ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ قىيسايدى. كۆپكۆك ئارچىلار بىلەن قاپسالغان بۇ ئوتلاقتا ئۇلارنى قورشاپ تۇرغان ياش ئارچىلار ۋە تىنىق ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن شالاڭ ئاق بۇلۇتلاردىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى ... بانۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېشىلىپ كېتىپ، تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنى نازاكەت بىلەن يىغىشتۇرۇپ، قەلەندەرنىڭ يېنىدا ئەيمىنىپكىنە ئولتۇردى.

— نېمە گەپ؟

بانۇنىڭ ئاۋازىدا ئاللىقانداق قورقۇنچ، تەلمۈرگەن كۆزلىرىدە يەنە بايىقىدەك تەرەددۇت ئالامىتى كۆرۈندى.

— نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز، بانۇ؟

— نېمە قىلدىم؟

قەلەندەر جاۋاب ئورنىدا ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتتى - دە، بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەۋاتقان لەۋلىرىگە، لېۋىنىڭ چېتىدىكى نۇقۇتتەك خالىغا سۆيدى. بانۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، بىردىنلا لاۋۇلداپ كەتكەن يۈزىنى ئۇنىڭ يۈزىگە ياقتى. بانۇ تىتىرەيتتى، ئۇنىڭ لەۋلىرى چوغدەك قىزىق، كۆكرەكلىرى تولغان، تېخىچە قول تەگمىگەن شاپتۇلدەك يۇپيۇمىلاق ۋە يۇمشاق ئىدى. ئۇنىڭ نازۇك بەدىنى ئاھۇنىڭ بەدىنىدەك ئۈركىگەك ۋە تاقەتسىز ئىدى ...

قەلەندەر خۇددى ھوشسىزلانغان ئادەمدەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇزاق ياتتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئاچقاندا، تىنىق ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاپئاق بۇلۇتلار كۆرۈندى. بۇ بۇلۇتلار كۆكتە لەيلەپ تۇرغان ئاق لەگلەكلەرگە ئوخشايتتى ... ھەممە نەرسە قەلەندەرنىڭ ھېس - تۇيغۇسىدەك ساپ، تىنچ ھالەتتە، ھەممە ياق جىمجىت ئىدى. پەقەت ئېگىزدە، لەگلەكسىمان ئاپئاق بۇلۇتلار ئاستىدا سوپىتورغايلار تىنىمسىز ۋىچىرلايتتى. بۇ ۋىچىر - ۋىچىرلار پەقەت بىرلا نەرسىدىن دېرەك بېرەتتى: ئارام، ئارام، ئارام ...

قەلەندەر بۇ ئاپتاپتەك ئىللىق تۇيغۇغا بويسۇنۇپ، كۆزلىرىنى باشقىدىن يۇمدى - دە، بانۇنىڭ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قەددىنى رۇسلىدى.

خۇرشىدە بانۇ كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان سومبۇل چاچلىرىنى ئوت - چۆپلەر ئۈستىگە تەرتىپسىز يېيىلدۇرۇپ، پىشقان شاپتۇلدەك يۇپيۇمىلاق كۆكرەكلىرى ئوچۇق ھالدا لەۋلىرىنى

چىشلەپ يۇم ـ يۇم يىغلاپ ياتاتتى .
قەلەندەر ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ ، چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى .
— نېمە بولدىڭىز ، بانۇ ؟
خۇرشىدە بانۇ جاۋاب بەرمەي ، قوللىرى بىلەن يۈزىنى يوشۇرۇپ ، ھۆڭگىرەپ ئېتىپ يىغلىۋەتتى .
— بانۇ ! گەپ قىلىڭچۇ ، نېمە بولدى ؟ ئەگەر مەن ...
— ياق ، ياق ! — دېدى بانۇ ئۆكسۈپ ، — سىز ئەمەس ، ئۆزۈمنىڭ بەختى قارا ... مۇھەببەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەمدى بىلدىم ... ئاللا بىزنى نېمىشقا بۇلتۇرلا بىرلەشتۈرۈپ قويمىغاندۇ ؟ سىزگە نېمە ئۈچۈن قىز ۋاقتىمدا ... نېمە ئۈچۈن دەسلەپكى ئىشقىمنى سىزگە ئىنئام قىلىش نېسىپ بولمىدى ، مەن بەختى قارىغا ! ...
— بانۇ ! — قەلەندەر پۈتۈن يىگىتلىك كۈچى بىلەن ئۇنىڭ نازۇك بەدىنىنى ئۆزىگە تارتتى ۋە قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى بانۇنىڭ كۆز كۆرمىگەن ئاپئاق مەيدىسىگە باستى ...
بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ئاسمان بايىقىدىنمۇ تىنىق ، ئاپتاپ بايىقىدىنمۇ ئىللىقراق تۇيۇلدى . كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان سوپىتورغايلارنىڭ ۋىچىر ـ ۋىچىرلىرىغا ئەمدى چەكسىز مۇھەببەتكە تولغان بىر خۇش ئاۋاز قوشۇلغانىدى :
— مىرزام ، مىرزام ، مىرزام ...
قەلەندەر كۆزىنى ئېچىشقا ماجالى يەتمەي ، ئۆزىچە كۈلۈمسىرىدى :
— رىۋايەت قىلىنىدۇرلەركىم ، رەۋزەئى رىزۋاندا ھۆسنى ـ جامالى تەڭداشسىز ھۆرلىقالار بولار ئىمىش . ئېھتىمال ، شۇنداقتۇ . ۋە لېكىن ، پېقىرغا شول تەڭداشسىز جەننىتىڭنى ئاتا قىلساڭ ، ھۆسن ـ جامالدا كامالەتكە يەتكەن ھۆرلىقالىرىڭغا قارىماس ئىدىم .
— نېمە ئۈچۈن ؟ — كۈلدى بانۇ .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— سوراپ نېمە قىلىسىز ؟ يېقىن بارلىق ھۆرلىقا ـ پەرىزات-لارنى تەرك ئېتىپ ، ئاللادىن يالغۇز سىزنى تىلەپ ئالاتتىم .

— مىرزام ! — خۇرشىدە بانۇ ئۇنىڭ باش تەرىپىگە ئۆتۈپ ئېگىشتى ، ئەيمىنىپكىنە ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى سىلىدى ۋە ئۇنىڭ يۈزىگە يۈزىنى ياقتى ـ دە ، نېمە ئۈچۈندۇر يەنە كۆزىگە ياش ئالدى .

— ئەمدى كەتمەڭ ، مىرزام . ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئە-مەس . يەيدىغان نېنىم ، كىيىدىغان كىيىمىم بولسىلا كۇپايە . جورد-ڭىز بولۇپ ، ئۆمۈرۋايەت خىزمىتىڭىزنى قىلىمەن . يۈرتىڭىزغا كېتەيلى ، مىرزام .

قەلەندەر خىيالىغا يامان بىر نەرسە كىرىۋالغاندەك سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى . ئەستاغپۇرۇللا ! كۆن غەربكە سۇرۇلۇپ ، ئارچى-لارنىڭ سايىسى ئۇزىراپ كەتكەندى .

خۇرشىدە بانۇنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ ، قەلەندەرنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى .

— كېتەمسىز ؟

قەلەندەر ئۇنىڭ تەشۋىشلىك كۆزلىرىگە تىك قارىيالماي ، كۆ-زىنى قاچۇردى .

— كەچۈرگەيسىز ، بانۇ . بارماي ئىلاجىم يوق ...

— ھازىر كېتەمسىز ؟ — دېدى بانۇ ، ئاۋازى تىترەپ .

— كەتمىسەم بولمايدۇ ، بانۇ . مۇھىم ئىش بار ...

خۇرشىدە بانۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلىمىدى . ئۇ تىترەك باسقان لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلىدى ـ دە ، شاققىدە بۇرۇ-لۇپ پەسكە قاراپ يۈگۈردى . قەلەندەر ئۇنىڭغا جىلغىدىن ئۆتۈپ ، باغقا يېقىنلىشىپ قالغاندا يېتىشىۋالدى .

— بانۇ ! گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ ، بانۇ ! — قەلەندەر ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى . لېكىن ، خۇرشىدە بانۇ يۈزىنى ئالىقانلىرى بىلەن يوشۇرۇپ ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلايتتى . بۇ بايىقىدەك مەيۈس يىغا ئەمەس ، ئاچچىق ئەلەمگە تولغان چەكسىز پەرياد ئىدى .

— ئۇنداق بولسا ... نېمىشقا بۇ يەرلەرگە باشلاپ كەلدىڭىز؟ ئۆزىڭىز باشلاپ كېلىپ، نېمىشقا ئۆزىڭىز خار قىلىسىز؟ نېمىشقا تاشلاپ قاچىسىز؟

— سەۋەبى ... — قەلەندەر ئۇنىڭ ئازابلىنىدىغانلىقىنى سېزىپ دۇدۇقلىدى، لېكىن راست گەپنى قىلماي بولمايتتى. — سەۋەبى، بۈگۈن مەۋلانە ئەلى قۇشچىنى زىنداندىن قۇتقۇزۇپ چىقماقچىمىز، بانۇ ...

خۇرشىدە بانۇ نەملەشكەن كىرپىكلىرىنى قېقىپ قەلەندەرگە قارىدى. ئۇنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرىدە تەئەججۇپ ئارىلاش ۋەھىمە ئەكس ئەتتى.

— زىنداندىن قۇتۇلدۇرماقچىمۇ سىز؟ قانداق قۇتۇلدۇرىسىز؟

— ئاغىنىلىرىم بار. بىر نەچچە ئايدىن بۇيان شۇ ئىشنىڭ كويىدا يۈردۇق. سىز بىلەن دائىم بىللە بولالماسلىقىمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ، بانۇ ...

قەلەندەر گەپنى باشقا ياققا بۇراشقا ئۇرۇندى، لېكىن خۇرشىدە بانۇنىڭ چىرايى ئۆچۈپ، ئۇنىڭ قولىدىن چىڭ تۇتۇۋالدى.

— بۇ ئىشىڭىز خەتەرلىك ئەمەسمۇ؟ مەن كۆكسارايىنى بىلىمەن ...

— قورقماڭ، خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئالغانمىز ...

— ياق، ياق! مەن بىلىمەن! بىلىمەن!

ھەممە ئاچچىق ـ نارازىلىقلىرىنى ئېسىدىن چىقارغان خۇرشىدە بانۇ تاتىرىپ كەتكەن يۈزىنى قەلەندەرنىڭ كۆكرىكىگە يېقىپ، تاقەتسىزلىك بىلەن پىچىرلىدى:

— ياق، ياق، بۇ ئىشىڭىز بەكمۇ خەتەرلىك! سىز ئۇياقتا ... قاماققا كىرسىڭىز، مەن بۇياقتا قانداق قىلىمەن، مىرزام؟ قانداق قىلىمەن؟

— ئىنشائاللا، ئىشىمىز ئوڭدىن كېلىدۇ. قورقماڭ، بانۇ، ياخشى ھەمراھلىرىم بار! — قەلەندەر ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىلاپ ، يەنە يۈز ـ كۆزلىرىگە سۆيدى ، — مەۋلانە زىنداندىن چىقسا ، بەس ، ئۆز يۇرتۇمغا ئېلىپ كېتىمەن . نېسىپ بولسا ئەتە ، ئۆگۈنلا يولغا چىقىمىز ...

خۇرشىدە بانۇ ئۇنىڭ قىزغىن سۆيۈشلىرىگە پىسەنت قىلماي ، يۈزلىرى ۋىل ـ ۋىل يېنىپ ، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە قەلەندەرنىڭ قۇچىقىدا ئۇندىمەي تىترەيتتى . توساتتىن ، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قەلەندەرگە قارىدى ، كۆزلىرى قانداقتۇر پارقىراپ :

— بابا ... رەۋزەئى رىزۋاندىن گەپ ئاچتىڭىز ... — دېدى ئەندىكىپ ، — ئاللادىن بىر نەرسىنى تىلەيمەن دېدىڭىز . شۇ گېپىڭىز راست بولسا ... كېتىشتىن بۇرۇن ... ئىمام تېپىپ نىكاھ ئوقۇتسىڭىز ...

بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە چۈشىنىپ يەتكەن قەلەندەرمۇ تىترەپ كەتتى .

— مەن سىزنىڭ شەرئىي جورىڭىز بولسام دەيمەن . ئاللا بۇ يالغان دۇنيادا سائادەتلىك كۈنلەرگە يەتكۈزمىسە ، قىيامەتتە ... — خۇرشىدە بانۇ گەپ قىلالماي جىم بولۇپ قالدى . قەلەندەرمۇ لام ـ جىم دېمەي ، ئۇنى باغرىغا باستى ...

قىشلاقتىن ئىمام ئىزدەپ ئولتۇرۇشقا پۇرسەت يوق ئىدى . قەلەندەر ئەھۋالنى بابا مۇرات ئاتىغا چۈشەندۈردى . بۇ گەپتىن نېمە ئۈچۈندۇر خۇشال بولۇپ كەتكەن مىراب خۇتبە دۇئاسىنى ئۆزى ئوقۇپ ، ئۇلارنى نىكاھلاپ قويدى .

نان سۇندۇرۇلۇپ ، داستىخانغا دۇئا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، خېلى تىنچىپ ، جىمىپ قالغان خۇرشىدە بانۇ قەلەندەرنى باغنىڭ چېتىگىچە ئۇزىتىپ قويدى . قەلەندەر ئۇنىڭ تاتارغان لەۋلىرىگە ئاخىرقى قېتىم سۆيۈپ ، ئېتىغا مىندى . ئۇ باغ كەينىدىكى ئاخىرقى دۆڭگە چىقىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىغاندا ، خۇرشىدە بانۇ يەنىلا خوشلاشقان جايىدا ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە قىمىر قىلماي تۇراتتى . قەلەندەر قورقۇنچلۇق ۋەقە يۈز بېرىۋاتقاندەك يۈرىكى جىغىلداپ ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى . ئۇنىڭ ئارقىغا قايتقۇ-

سى ، ئىگىز قىيا ئۈستىدە تۇرغان بانۇنىڭ ئالدىغا ئات چاپتۇرۇپ بارغۇسى ، ئۇنى دەس كۆتۈرۈپ باغرىغا باسقۇسى كەلدى . لېكىن ، ئۇلتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۆڭگە قارىدى ـ دە ، چىشىنى چىشلەپ ، ئېتىنىڭ بېشىنى پايتەخت تەرەپكە بۇرىدى .

## 20

كۆكسارايدىن چاپارمەن كەلگەندە ، ئەمىر سۇلتان جاندارنىڭ چاسا مېھمانخانىسىغا ئەمىرلەردىن بەش ـ ئالتىسى يىغىلغانىدى . ئۇلار شەھەر دورغىسى مىرانشاھ بىلەن شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن جانابلىرىنى كۈتكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . دەرۋازىنى قۇلۇپلاپ ، ھەممە ئىشىكلەرنىڭ زەنجىرىنى ئىلىپ ، دېرىزىلەرگە كۆك مەخمەل پەردىلەرنى تارتىپ ، شام يېقىپ ئولتۇرغان مېھمانلار «چاپارمەن» سۆزىنى ئاڭلاپ ، ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇشتى . ئاق شايى كۆڭلەك تېشىغا بەنارەس[1]تون كىيىپ ، مېھمانلارغا ئۆزى خىزمەت قىلىپ يۈرگەن ئەمىر سۇلتان جاندار ئولتۇرغان جايىدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى . پەقەت مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سۆيۈملۈك نۆكىرى بابا ھۇسەيىن ئەس ـ ھوشىنى يوقاتماي شامدانىدىكى يالغۇز شامنى دەرھال پۈۋلەپ ئۆچۈردى ـ دە ، قاراڭغۇدا ئەمىر سۇلتان جاندارنىڭ يېنىغا كېلىپ :

— مېھمانخانىغا تېشىدىن قۇلۇپ سالدۇرۇڭ ! — دېدى بۇيرۇق ئاھاڭىدا ، — ئۆزىڭىز باشقا ئۆيگە چىقىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىۋېلىڭ ! ئورۇن تۇتۇپ ياتقىنىڭىزنى چاپارمەن كۆرسۇن !

ئەمىر جاندار دەرھال سەگەكلەشتى . ئۇ مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىگە ئاتنىڭ كاللىسىدەك قۇلۇپنى سالدۇرۇپ ، ئۆزى باشقا ئۆيگە چىقىپ پېشانىسىنى تېڭىپ يېتىۋالدى . لېكىن ، ئۇنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئېيتقىلى چىققان خىزمەتكار تېزلا قايتىپ كىردى .

---

[1] بەنارەس — قولدا توقۇلغان بىر خىل شايى رەخت .

— بەلخلىق سارايۋەن ئون نەپەر نۆكەر بىلەن كەپتۇ ، ئەمدىرىم . ئاغرىق تۇگۇل ، سەكراتتا ياتقان بولسىمۇ ئىلىپ كېتىمەن دەيدۇ . شاھزادىنىڭ ئالىي پەرمانى شۇ ئىمىش ... بولمىسا كىرىپ تىنتىش قىلارمىش !

«تىنتىش» سۆزىنى ئاڭلىغان ئەمىر جاندار قاتتىق چۆچۈپ ، ئورنىدىن ئۇپۇل - تۇپۇل تۇردى .

— چىقىپ ئېيت ، هازىر چىقىمەن . ئاتنى جابدۇ !

ئەمىر جاندار كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن ، ئىككى خىزمەتكارىغا قولتۇقىدىن يۆلىتىپ ، ئىڭراپ - ئىنجىقلىغىنىچە تالاغا چىققاندا ، بەلخلىق نېگىر سۇپەت سارايۋەن ئوندەك نۆكەر بىلەن دەرۋازا ئالدىدا تاقەتسىزلەنگەن هالدا ئات ئۈستىدە تۇراتتى . ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ، ئەمىر جاندارنىڭ تېنى شۇركۇنۇپ كەتتى . ئۇ ئەتەيگە قاتتىقراق ئىنجىقلاپ ، خىزمەتكارلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېتىنى مىنىۋېتىپ ، ياش خىزمەتكارنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى :

— سارايدا بىرەر شۇم خەۋەر باردەك قىلىدۇ . مېھمانلارغا ئېيت ، مەن كەلگۈچە تارقالمىسۇن ...

ۋاقىت تۈن يېرىمىدىن ئاشقان ، ئادەتتە بۇ ۋاقىتلاردا جىمجىتلىققا چۆمىدىغان پايتەخت كوچىلىرى نېمىشقىدۇر تىنچ ئەمەس ئىدى . ئەتراپتا ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئىشىتىلەتتى ؛ گاهى - گاهىدا مەشئەل تۇتقان لەشكەرلەر ئۇياقتىن - بۇياققا ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈشەتتى ؛ قاراڭغۇدا نېمە ئۇچۇندۇر تېنەپ يۈرگەن كىشىلەر كۆزگە چېلىقاتتى . كۆكسارايدا پەۋقۇلئاددە بىر ۋەقە سادىر بولغانلىقىدا هېچ شەك يوق ئىدى . بىراق ، بۇ زادى قانداق ۋەقە؟ ئەمىر جاندار ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەيتتى . بۇنى بىلىدىغان بەلخلىق سارايۋەن بولسا ، ئاغزىغا تالقان سېلىۋالغاندەك گەپ - سۆز قىلماي ، ئالدىدا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى .

«خۇدايا توۋا ! بۇ شەپقەتسىز مۇستەبىتنىڭ قەهرى - غەزىپىدىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن !» دېدى ئەمىر جاندار ۋۇجۇدىنى بەند

قىلىنىۋالغان يېقىمسىز تۇيغۇدىن جېنى سىرقىراپ . مانا ، بىر ئايدىن
ئاشتى ، ئەمىر جاندار سارايغا بارمىدى . مەۋلانە مۇھىددىنىنىڭ
قىزى خۇرشىدە بانۇ بىر كېچىدىلا ئىز - دېرەكسىز يوقالغاندىن
بۇيان ، مىرزا ئابدۇللەتىپنىڭ كۆزىگە چېلىقىشتىن قورقۇپ ، يوت-
قانغا كىرىپ يېتىۋالدى . كەلگەن چاپارمەنلەرنىڭ ھەممىسىگە :
«كېسەل بولۇپ قالدىم ، تۇرالمايمەن» دەپ جاۋاب بەردى . ھەتتا
رەسەتخانىدا ئۆتكۈزۈلگەن كىتاب كۆيدۈرۈش مۇراسىمىغىمۇ قات-
ناشمىدى . بىراق ، مۇراسىمدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى ، ئەقلىدىن
ئازغان مەۋلانە مۇھىددىنىنىڭ شەيخ نىزامىددىن خامۇش بىلەن شاھ-
زادىگە قىلغان گەپلىرىنى شۇ كۈنىلا ئاڭلىدى . شۇ كۈندىن بۇيان
مەۋلانە مۇھىددىنىنىڭ گېپى پۈتكۈل پايتەختكە تارقىلىپ ، ھەممە
جاي ، ھەممە ئولتۇرۇش ، ھەممە سورۇندا سۆز - چۆچەك بولماق-
تا . ئاشۇ ۋەقەدىن كېيىن ، ئەمىر جانداردىن ھال - ئەھۋال سوراپ
كەلگۈچىلەرمۇ نېمە ئۈچۈندۇر كۆپىيىپ كەتتى . كەلگەنلەرنىڭ
ھەممىسى رەسەتخانىدىكى ۋەقەدىن گەپ ئاچاتتى ۋە شۇ ئارقىلىق
ئەمىر جاندارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلمەكچى بولۇشاتتى ، لېكىن
سۆھبەت داۋامىدا بىرەر يات ئادەم كىرىپ قالسا ، ماۋزۇ دەرھال
ئۆزگىرىپ ، سۆھبەت باشقا مەسىلىلەرگە كۆچەتتى . شۇنداقتىمۇ
ئەمىر جاندار بىر نەرسىنى ئېنىق بىلىۋالدى : شاھزادىدىن ، ئۇنىڭ
شەپقەتسىزلىكىدىن نارازى ئادەملەر ، بولۇپمۇ ئەمىرلەر ، بەگ ۋە
بەگزادىلەر ئۇ پەرەز قىلغاندىنمۇ كۆپ ئىكەن . نە چارە؟ شەرەپسىز
خۇراسان يۈرۈشىدىن كېيىن مىرزا ئۇلۇغبەگدىن يۈز ئۆرۈپ ،
شاھزادە بىلەن خۇپىيانە تىل بىرىكتۈرۈۋالغان سەركەردىلەر ۋە
نوپۇزلۇق بەگلەر ئۆزلىرى تەمە قىلغان ئىمتىياز ، يۈكسەك مەرتىۋە
ۋە شان - شۆھرەتكە ئېرىشەلمىدى . شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ
ئايىغىغا باش ئۇرغان شاھزادە ، شۇ تەكەببۇر شەيخ بىلەن بىر
گۇرۇھ جاھىل ئۆلىما - ئاقساقاللارنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالدى .
ئۇلار يات دېسە ياتىدىغان ، تۇر دېسە تۇرىدىغان بولۇپ قالدى . ھەتتا
شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىنمۇ بىر چەتكە قايرىلىپ قالدى . سارايدا

بولسا ئىنساپ ۋە ئادالەت قالمىدى ... بۇ ئەھۋاللارنى مەخپىي كۆزىتىپ يۈرگەن ئەمىر جاندار نۇرغۇن مۇلاھىزىلەردىن كېيىن ، ئاخىر بۇگۈن نارازى بولۇپ يۈرگەن بىر قانچە ئەمىرلەر بىلەن نوپۇزلۇق بەگلەرنى چاقىرىشقا جۈرئەت قىلغانىدى . بۇنىڭدىن مەقسەت ـ ئۇلارنىڭ رايىنى سىناپ كۆرۈش ۋە ئەگەر ھەممىسىنىڭ پىكرى بىردەك بولسا ، ئۇ چاغدا ...

ئۇ چاغدا نېمە بولۇشىنى ئويلاشتىن ئەمىرنىڭ ئۆزىمۇ قورقاتتى .

«ئەستاغپۇرۇللا ! بۇ دىيانەتسىز قاتىل مۇددىئايىمنى بىلىپ قالدىمۇ نېمە ؟ بىلىپ قالغان بولسا ، بەس ، بېشىمنىڭ كېتىشى مۇقەررەر ! يا رەببى ! ئوغرىدىن قېچىپ ، قاراقچىغا تۇتۇلدى دېگەن شۇ ـ دە ! مىرزا ئۇلۇغبەگدىن قۇتۇلۇپ ، شان ـ شۆھرىتىمنى ئاشۇرىمەن دەپ ، بۇ شەپقەتسىز قانخورغا يولۇقتۇممۇ نېمە ؟ — دېدى ئەمىر جاندار ۋە توساتتىن كاللىسىغا باشقا بىر پىكىر كېلىپ ، پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى مۇزلاپ كەتتى ، — ئەل قىساسۇمىنەلھەق ! بۇ سەۋدا ۋە نادامەتلەر ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ بىگۇناھ كېسىلگەن بېشى ، تۆكۈلگەن قېنى ئۈچۈن قايتقان بىر جازا ئەمەسمۇ ؟ ...» ئەمىر جاندارنىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ ، ئىنگەرنىڭ قېشىنى تۇتۇۋالدى ـ دە ، ئەتراپىغا قارىدى .

ئۇلار كۆكساراي مەيدانىغا يېتىپ بارغاندا ، دەرۋازا ئالدىدا گۇلخان يېقىپ ئولتۇرغان سىپاھلار ئەمىرنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتتىن چۈشۈردى . ئەمىر جاندارنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر بەدىنى قىزىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ ، دەرۋازىدىن ئۆزى مېڭىپ كىردى ، لېكىن كەڭ سەينادىن ئۆتۈپ سارايغا يېتىپ بارغاندا ، پۇتلىرى تىترەپ تامغا يۆلىنىپ قالدى . سارايۋەن ئۇنى راستىنلا كېسەلكەن دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك ، قولتۇقىدىن يۆلىۋالدى .

ئەمىر جاندار سارايۋەن ئاچقان ئىشىك بىلەن ئىچكىرىگە كىرىپ ، قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرغىنىدا ، مىرزا ئابدۇللەتىپ سالامخانىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا پۇتلىرىنى كېرىپ ، ئالتۇن كۇرسى-

نىڭ يۈلەنچۈكىگە يۆلىنىپ تۇراتتى . ئەمىر جاندار ئىككى پۈكلى-
نىپ تەزىم قىلىۋېتىپ ، ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ قالدى ، شۇ
ئەسنادىلا بىرەر يامان ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سېزىپ ، پۈتۈن
بەدىنى يەنە مۇزلاپ كەتتى . شاھزادىنىڭ ياداڭغۇ ، تاتارغان يۈزى-
دىن ، قاپاقلىرىنىڭ ئاستى كۆكىرىپ كەتكەنلىكىدىن ۋە تىكەندەك
قادىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ھەم ئەندىشە ، ھەم قانداقتۇر سوغۇق
قانلىق ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى . لېكىن ، ئەڭ دەھشەتلىكى شۇ-
كى ، ئۇمۇ خۇددى قېرىندىشى شاھزادە ئابدۇل ئەزىزدەك بېشىنى
گىلدىڭلىتىش ئادىتىنى چىقارغانىدى . ئەمىر جاندار شاھزادىگە
قاراشقا پېتىنالمىسىمۇ ، ئۇنىڭ گىلەمنى يېنىك دەسسەپ يېنىغا
كەلگەنلىكىنى ۋە چوڭ - چوڭ نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى .

— خوش ، ئەمىر جاندار ! ئەبۇ سەئىد مىرزا نەدە ؟

— ئەبۇ سەئىد مىرزا ؟ — ئەمىر جاندار قورقۇپقىنا بېشىنى
كۆتۈردىيۇ ، دەرھال يەرگە قارىۋالدى .

مىرزا ئابدۇللىتىپنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن تەلۋە كۆزلىرى-
دە ، مۇردىدەك قانسىز يۈزىدە ، بېشىنى گىلدىڭ - گىلدىڭ قىلى-
شىدا ، قىسقىسى ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدا شەپقەتسىزلىك ئالامىتى بار
ئىدى .

— نېمىشقا ئۈندىمەيسەن ؟ ئەبۇ سەئىد مىرزا نەدە ؟

— ئەبۇ — ئەبۇ سەئىد مىرزا زىنداندا ، ئۇلۇغ شاھىم !

— زىنداندا بولسا ... تاپ ! — مىرزا ئابدۇللىتىپ ئەمىرنى
ياقىسىدىن تۇتۇپ قاتتىق سىلكىدى ، — زىنداندا بولسا دەرھال
تېپىپ كەل ، دەرھال !

ئەمىر جانـدارنىڭ كـاللىسىغا : «قېچىپتۇ !» دېگەن پىكىر
چـاقـمـاق تېزلىكىدە كـەلـدى : «شاھزادە ئـەبـۇ سەئىد مىرزا
قېچىپتۇ !»

— زىنداندا بولسا نېمىشقا تىترەيسەن ؟ ماڭ ، كىشەنلەپ ئې-
لىپ كەل ، ئۇ مەلئۇننى !

— قۇدرەتلىك شاھىم ! ئۇلۇشكە رازىمەنكى ، ۋە لېكىن ئەبۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەئىد مىرزىدىن خەۋىرىم يوق ... بىر ئاي بولدى، ئۆيدە ئورۇن تۇتۇپ ياتتىم ... كېسەل مەن شاھىم! ...

— كېسەل! — دېدى مىرزا ئابدۇللەتىپ ھاسىراپ، — توڭگۇزدەك سەمرىپ كېتىپسەن، يەنە كېسەل مەن دەپ زارلىنىدىكەن! بىلىمەن! سەن ئىپلاس يوتقاندا يېتىپ، مېنى تورغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۈمۈچۈكتەك تور توقۇۋاتىسەن.

«يا رەببى! بۇ تەلۋە نېمە دەيدۇ؟ بىلىپ دەۋاتامدۇ يا تومۇر تۇتۇۋاتامدۇ؟»

— سۆزلە، ھەي ئازازۇل! ئەبۇ سەئىد مىرزا بىلەن تىل بىرىكتۈردۈڭمۇ - يوق؟

— بىللاھى ئەزىم...

— ئۇنداق بولسا، ئۇل ئىغۋاگەر مىرزىنى دەرھال تۇتۇپ كېلىسەن! ئەكىلىپ ئايىغىمغا تاشلايسەن!

— تۇتۇپ كېلىمەن، ئۇلۇغ شاھىم ...

— بۈگۈندىن قالدۇرمايسەن!

— ئىنشائاللا، جېنىم پىدا!

مىرزا ئابدۇللەتىپ ئەمىرنىڭ ياقىسىنى قويۇۋەتتى ۋە چوڭ - چوڭ نەپەس ئالغىنىچە دەلدەڭشىپ بېرىپ ئۆزىنى تەختكە تاشلىدى. ئەمىر جاندارمۇ ھالسىزلىنىپ تامغا يۆلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆز مېھمانخانىسىدا ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرغان مېھمانلار كەلدى ... «بۈگۈنلا تۇتۇپ كېلىسەن! ئەكېلىپ ئايىغىمغا تاشلايسەن! ...» مەيلى، ئىشقىلىپ، بۇ تەلۋىنىڭ قولىدىن ساق - سالامەت قۇتۇلۇپ چىقساملا بولدى! كېيىن نېمە قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن. نە ياخشىلىقنى، نە يامانلىقنى بىلمىگەن بۇنداق تەلۋىگە خىزمەت قىلىش، ھەددىدىن ئاشقان نادانلىق!

ئەمىر جاندار چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى. تەختتە سالپىيىپ ئولتۇرغان مىرزا ئابدۇللەتىپ ئالتۇن شاقىلدىقنى تاقەتسىزلىك بىلەن شاقىلدىتىۋاتاتتى. ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ، بېشىغا ئوسما رەڭ سەللە ئورىغان بەلخلىق سارايۋەن كىردى.

— ئەمىر سۇلتان جاندار تارخانغا ساراي ياساۋۇللىرىدىن ئوننى بىرىسەن . ئەمىر جانابلىرى ئەبۇ سەئىد مىرزا دېگەن ئىپلاسـنى بوغۇنلا تۇتۇپ ، پۇت ـ قولىنى باغلاپ ئېلىپ كېلىدۇ !

شاھـزادە ئـەمىر جـاندارغـا «چىقىۋەرگىن» دەپ باش لىڭشىتتى ـ دە ، سارايۋەنگە ئىشارەت قىلدى .

— بۇ كاززاپ ئەمىرنىڭ كەينىگە پايلاقچى قوي ! ئېھتىيات قىل ، شەيتانغا دەرس ئۆتىدىغان بۇ تۈلكە ، ئـەبـۇ سەئىد مىرزىغا قـوشۇلـۇپ قـېـچىپ كەتمىسۇن ! بولمىسا بېشىڭ كېتىدۇ ! ئۇقتۇڭمۇ ؟

— ئۇقتۇم ، ئۇلۇغ شاھىم ...

— توختا ! — مىرزا ئابدۇللىتىپ ئىشىككە بۇرۇلغان سارايـۋەننى توختاتتىيۇ ، نېمىشقىدۇر كالللىسى گاڭگىراپ ، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە بىردەم تۇرۇپ قالدى ، — ھە ! زىنداننىڭغا پەرمان بەر ، قاماقتا ياتقان مەۋلانە ئەلى قۇشچىنى ئېلىپ كەلسۇن !

## 21

مەۋلانە ئەلى قۇشچى ھەيرانلىق ۋە غەشلىك ئىچىدە قالدى . مانا ، بىر ھەپتىدىن ئاشتى ، سىرتتىن كېلىپ تۇرىدىغان توقاچ نانلار كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى . تۇنۇگۈندىن بېرى توقاچ تۈگۈل ئارپا نېنى بىلەن بىر چۆگۈن سوغۇق سۇمۇ بېرىلمىدى . ئېھتىـمال ، ئۇنى ئۇنتۇپ قالدى ، ياكى بۇ قاراڭغۇ گۆردە ئاچلىقتىن ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلىشتى . ئەڭ يامىنى شۇكى ، مەۋلانە «فەلەكىيات ھەققىدە قوللانما» دېگەن ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى يېزىپ بولۇپ ، ئۇنى ئەمدى چۆگۈنگە سېلىپ ، «سادىق شاگىرتلىرى» غا مەخپىي يوسۇندا يەتكۈزۈپ بەرمەكچى بولۇۋاتاتتى . ئەھۋالدىن قارىغاندا ، بۇ ئىشمۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغاندەك تۇرىدۇ ... كېيىنكى كۈنلەردە مەۋلانىنىڭ ھەر ئىككى پۇتى ئىششىپ ، ماغدىرىمۇ ، ئولتۇرسىمۇ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ بىر جايدا سائەتلەپ ئولتۇ-

رۇپ پۈتىنى ئۈۋىلايتتى ، چىشىنى چىك چىشلەپ ئىنىشىقلارنى سىلايتتى ، ئاخىر ھالسىزلىنىپ يىرتىق بورىغا يانپاشلايتتى ، لېكىن ئۇزاق ياتالمايتتى ، ئاستىدىن نەم تېپىپ ، سۆڭەك ـ سۆڭەكلىرىگىچە زىڭىلداپ كېتەتتى ـ دە ، تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى . ئۇ ئاغرىۋاتقان پۇتلىرىنى سىلاپ ـ سىلاپ ، ئاغرىقنى سەل پەسەيتكەندىن كېيىن ، ئاقسىغىنىچە تار قاماقخانىنى ئايلىنىپ ، يەنە رىسالە ئۇستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى ۋە ئۆزىگە تەسەللى بېرىش ، جېنىنى قاقشاتقان ئاغرىقنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ئويلىناتتى . بىراق ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كەلگەندە ئويلىنىشقىمۇ ماجالى قالمىدى ، ئاغرىق ۋە ئاچلىق تۇيەيلىدىن قىزىتمىسى ئۆرلەپ ، كۆز ئالدىنى تۇمان قاپلىۋالغاندەك بولدى . بۇ تۇمان ئارىسىدا بەزىدە نۇرسىز كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇۋاتقان ئانىسى تىللابىبى كۆرۈنەتتى ، بەزىدە ئۇستاز مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن قازىزادە رۇمى ھەزرەتلىرى پەيدا بولۇپ پەند ـ نەسىھەت قىلىشاتتى ۋە ئۇنىڭ رىسالىسى ئۇستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ، تۈزىتىش كىرگۈزەتتى . ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى ، قىزىتمىسى تۆۋەنلەپ ، سەل ئەس ـ ھوشىغا كەلگەندە ئويلىنىپ كۆرسە ، بۇ «تۈزىتىشلەر» ھەممىشە ئورۇنلۇق بولۇپ چىقاتتى ... بۇگۈن ئاغرىق ئۇنى ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق قىينىدى . تىرناقلىرىغىچە زىڭىلدىتىۋەتكەن بۇ ئاغرىق بىلەن ئېلىشىشقا ماغدۇرى يەتمەي ئۇتتەك قىزىپ ياتقىنىدا ، گويا ئىشىك ئېچىلىپ ئۇستاز كىرىپ كەلگەندەك ۋە قېشىغا كېلىپ : «نېمە بولدۇڭ ، ئوغلۇم ئەلى ؟» دەپ سورىغاندەك تۇيۇلدى .

— قانداق قىلاي ، ئۇستاز ؟ — دېدى ئەلى قۇشچى ، خىيالەن يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغان ئۇستازغا مۇراجىئەت قىلىپ ، — ئاغرىق ئازابلاۋاتىدۇ ...

«ئەستاغپۇرۇللا ! بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى يۈكلەپ ، سېنى ئوتقا ئىتتىرىپتىمەن ، ئوغلۇم . ئورنۇڭدىن تۇر ، شاھزادىنىڭ ئايىغىغا باش قوي ، بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق ، ئەلى»

— ياق ، ئۇستاز ، سىزنىڭ ۋەسىيىتىڭىزنى ئادا قىلماي ،

مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىغاندىن كۆرە ، بۇ مۇدھىش گۆردە ئۆلگە-
نىم تۈزۈك ، ئۇستاز . بولمىسا قىيامەتتە سىزنىڭ يۈزىڭىزگە قاي-
سى يۈزۈم بىلەن قارايمەن ؟ ...

ئۇستاز ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي قولتۇقىدىن يۆلەپ ئور-
نىدىن تۇرغۇزماقچى بولغانىمىش ، كېيىن بىردىنلا دەرغەزەپكە كې-
لىپ :

— تۇر دەيمەن ! — دەپ ۋارقىرىغانمىش ، — سېنى پادىشاھ-
ئالەم مىرزا ئابدۇللىتىپ چاقىرىدۇ !

«پادىشاھئالەم چاقىرىدۇ ! بۇ چۈشۈممۇ ، ئوڭۇممۇ ؟ » مەۋلا-
نە پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ كۆزىنى ئاران ئاچتى . توۋا ، ئۇنىڭ يېنىدا
ئۇستاز ئەمەس ، بەلكى قولتۇقىدىن يۆلىگەن ئىككى لەشكەر تۇرات-
تى . ئىشىكتە مەشئەل تۇتقان يەنە بىر لەشكەر كۆرۈندى . ئەلى
قۇشچى چىشىنى چىڭ چىشلەپ ، قەددىنى رۇسلاشقا ئۇرۇندى ،
بىراق رۇسلىيالماي تامغا يۆلىنىپ قالدى - دە ، «سۇ» دەپ
پىچىرلىدى .

— سۇ ! — ۋارقىرىدى لەشكەرلەردىن بىرى ، — تېزدىن سۇ
كەلتۈر !

ئەلى قۇشچى بىر قاچا سۇنى بىر كۆتۈرۈشىدە تۈگىتىپ ،
قاچىنى قايتۇرۇپ بەردى . مۇزدەك سۇ نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئىچىنى
قىزىتىۋەتكەندەك بولدى - دە ، پىكرى روشەنلىشىپ : «شاھزادە
پېقىرنى نېمە قىلۇر ؟ — دېدى ئىچىدە ، — ئۇنىڭ مەقسىتى نېمە ؟
يەنە سوراق قىلىشمىدۇ ؟ ‹كۆيۈپ› كىتابلارنى تاپ دەپ
بېسىم ئىشلىتۇرمۇ ؟ — ئەلى قۇشچى دەرمانسىزلىنىپ كۆزىنى
يۇمدى ، — شاھزادە مېنى مۇشۇ ھالەتتە كۆرسە نېمە دەر ؟ جاھىل-
لىق قىلساڭ تېخىمۇ خار بولىسەن دەپ خورسەن بولماسمۇ ؟ »

ئەلى قۇشچى قاماقخانىدىن ئۆزى مېڭىپ چىقماقچى بولدى ،
لېكىن پۇتى ئىرادىسىگە بويسۇنماي تىترەپ كەتتى - دە ، ئۇنى يەنە
لەشكەرلەر يۆلىۋېلىشتى . ئۇزۇن يەر ئاستى يولدىن ئۆتۈپ ئۇستىد-
گە چىققۇچە ، ئۇ ياساۋۇللارغا يۆلىنىپ ماڭدى ، كېيىن چىشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىڭ چىشلىگىنىچە بىر ـ بىر بىسىپ ئۆزى ماڭدى .

تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغان بولسا كېرەك ، ئەتراپتا خورازلارنىڭ چىللاشلىرى ، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى ئاڭلىناتتى ، لېكىن ئاسماندا سانسىزلىغان يۇلتۇزلار سۇپسۈزۈك چاقناپ ، باھارنىڭ ئىللىق غۇر ـ غۇر شامىلىدا گۇل ـ گىياھلارنىڭ خۇش پۇراقلىرى دىماغقا گۇپ ـ گۇپ ئۇرۇلاتتى ... ئۇلار ساراي ئوتتۇرىسىدىكى مەرمەر كۆلچەكنىڭ قېشىغا بارغاندا ، ئەلى قۇشچى بىردەم توختاپ ، ئاسمانغا ، چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا تىكىلىپ قارىدى ... ئەنە ، ئۇنىڭ قاق ئۇستىدە يەتتە قاراقچى يۇلتۇزى ، سەل پەسرەكتە بىر تۇتام چوغدەك پىلىلداۋاتقان ئۇكەر ! گۇمبەز ئۇستىدىكى ناھىت يۇلتۇزى بولسا ، خۇددى سۇرتۇلگەن ئالماستەك يالتىرايتتى ... تاڭ يېقىنلاپ قالغاندى ... مەۋلانە كۆزلىرىنى يۇمۇپ يۇزىنى مەيىن شامالغا تۇتتى ۋە گۇل ـ گىياھلارنىڭ خۇشبۇيىنى تويۇپ ـ تويۇپ پۇرىدى .

خۇدايا تووا ! بۇ جاھان ، بۇ پايانسىز كائىنات شۇنچە كۆركەم ، شۇنچە گۈزەل تۇرۇقلۇق ، ئادەملەر نېمىشقا بۇنداق رەزىل ، بۇنداق رەھىم ـ شەپقەتسىز يارالغاندۇ !

— مەۋلانە ! — ياساۋۇللار ئۇنى ھالسىزلىنىپ كەتتى دەپ ئويلىدى بولغاي ، يەنە قولتۇقىدىن يۆلەشتى ، لېكىن ئەلى قۇشچى : «ئۆزۈم ماڭىمەن !» دېدى ـ دە ، ئاقسىغىنىچە ئۆزى ماڭدى .

ئەلى قۇشچىنى سالامخانىغا ئېلىپ كىرگەندە ، مىرزا ئابدۇللەتىپ ئالتۇن كۇرسىدا چوڭقۇر خىيالغا چۆمۇپ ئولتۇراتتى . ئىشىك ئېچىلغاندا ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى ، كېيىن خۇددى ئەلى قۇشچىدىن ھېيىققاندەك ئاستا مېڭىپ يېنىغا كەلدى ـ دە ، قول قوۋۇشتۇرۇپ :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، مەۋلانە ! — دېدى كۈتۈلمىگەن بىر مۇلايىملىق بىلەن .

«بۇ تۇزكور ئاتا قاتىلى نېمە بولغاندۇ؟ نېمىشقا بۇنچىۋالا مۇلايىم بولۇپ قالغاندۇ ؟» ئەلى قۇشچى تامغا يۆلەنگىنىچە شاھزا-

دىگە ھەيران بولۇپ تىكىلدى. مىرزا ئابدۇللىتىپنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، مىجەز - خۇلقىمۇ غەلىتە بولۇپ، ئۆزى قاتتىق ساراسىمىدە قالغانىدى.

«خۇدايا تۇۋا! ئۇ نېمە بولغاندۇ؟»

شاھزادە تەشۋىشلىك چاقناۋاتقان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قادىلىپ بىردەم تۇردى، كېيىن قولىدىكى شاقىلدىقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق شاقىلداتتى.

— زىندانبېگى ئەقىلسىزلىق قىپتۇ! — دېدى ئۇ ئىشىكتە پەيدا بولغان سارايۋەنگە بۇرۇلۇپ، — مەۋلانە كۆپ ئازاب چېكىپتۇ. بۇ زاتنى شەرىپىنى دەرھال مۇنچىغا ئېلىپ بېرىڭ! ئۈستىگە يېڭى كىيىم كىيگۈزۈپ، قورسىقىنى توقلاپ ئېلىپ كېلىڭ!

ھەيرانلىقتىن تىلى لال بولۇپ قالغان ئەلى قۇشچى ئەس - ھوشىنى يىغىپ بولغۇچە، سارايۋەن ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ سالامخانىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مىرزا ئابدۇللىتىپ ئۆز پەرماندىن مەمنۇن بولسا كېرەك، مىيىقىدا كۈلگىنىچە قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ تەخت ئەتراپىدا ئايلىنىشقا باشلىدى.

ئەلى قۇشچىنى چاقىرتىشتىن مەقسەت، ئۇنىڭدىن زايىچىگە① قاراپ، ئۆز تەقدىرىنى بىلىپ بېرىشنى سوراش ئىدى. چۈنكى، رەسەتخانىدا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن كېيىن شاھزادە يەنە كونا كېسەلگە مۇپتىلا بولغانىدى. ئۇ كېچىسىلا ئەمەس، كۈندۈزىمۇ قورقىدىغان، كۆزىگە بىر نېمىلەر كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى.

توساتتىن تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن شاھزادە سۇلتان مۇھەممەتنىڭ بىر پارچە خېتى ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. خەت شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن جانابلىرىغا يوللانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىككى شاھزادە — مىرزا ئابدۇللا بىلەن ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغانىدى. ئۇزۇندىن بېرى شاھزادە شەيخۇلئىسلام

---

① زايىچە — گوروسكوپ. ئاستورونومىيىدە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. مۇنەججىملەرنىڭ يۇلتۇز ۋە جەدۋەللەرگە قاراپ بېشارەت قىلىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇرھانىددىندىن خەۋپسىرەپ يۈرەتتى ، چىقىر كۆزلۈك بۇ ھاكاۋۇر ئۆلىما گويا ئۇنى مەنسىتمەيۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى ، ئۇنىڭ سارايغا قەدەم باسماسلىقىنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭ قارا نىيىتىدىن دېرەك بېرەتتى . راست ، يىراق خوراساندىن يوللانغان بۇ مەكتۇپ شۇنداق سىرلىق سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن يېزىلغانىدىكى ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بىراق ، سىرلىق سۆزلەر بىلەن يېزىلغان بۇ خەتنىڭ شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىنغا يوللانغانلىقىنىڭ ئۆزى ، خۇسۇسەن ، ئۇنىڭدا ئىككى شاھزادىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغانلىقى ، مىرزا ئابدۇللەتىپنىڭ كۆڭلىدىكى : «پايتەختتە ماڭا قارشى توپىلاڭ بار ! ...» دېگەن گۇماننى تېخىمۇ كۈچەيتتى .

ئۇ مىرزا ئابدۇللانى يېقىندا كۆرگەنىدى ، لېكىن مىرزا ئەبۇ سەئىد ... ئۇ شاھزادە شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىندىن قانچىلىك خەۋپسىرىسە ، قەيسەر تەكە ـ تۈركمەنلەر قېنى ئارىلاشقان بۇ مىرزىدىنمۇ شۇنچىلىك چۆچۈپ يۈرەتتى ... مىرزا ئابدۇللەتىپ ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش قارارىغا كەلدى . ئۇ دىۋانبېگى بىلەن ياساۋۇل بېشىنى ئېلىپ ، كۆكساراي ئاستىدىكى زىندانلارغا ، توغرىراقى ، زىندانلارغا بارىدىغان قاپقاراڭغۇ تار يولغا چۈشتى . زىندانبېگى باشلىق بىر نەچچە ياساۋۇل قوللىرىدىكى مەشئەللەر بىلەن تار ھەم قاراڭغۇ يەر ئاستى يولىنى يورۇتۇپ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى . مىرزا ئابدۇللەتىپ ئەزايى ـ بەدىنىنى چۇلغىۋالغان قورقۇنچتىن يۈرىكى سۇ بولۇپ ، مەشئەل تۇتقان ياساۋۇللارنىڭ كەينىدىن قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ كېتىۋېتىپ ، بوۋىسى بىنا قىلدۇرغان بۇ يەر ئاستى ئۆڭكۈرگە ، يىلان ئىزى بولۇپ كەتكەن بۇ چېكى يوق تار لەخمىگە ھەيران بولۇپ قارايتتى . مەشئەل شولىسىدا ئاللىنېمىلەر يۈگۈرۈپ يۈرگەن بۇ قاراڭغۇ يول تېخىمۇ سوغۇق ، تېخىمۇ ۋەھىمىلىك تۇيۇلاتتى .

ئەبۇ سەئىد مىرزا بۇ قاراڭغۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئەڭ چېتىدە ، بەخت ئىگىسى ئەمىر تۆمۈر ئۆزىنىڭ ئەڭ ياۋۇز دۈشمەنلىرىنى قامايدىغان ، ئىشىكىگە تۆمۈر قاپلانغان تار قاماقخانىدا ياتاتتى . مىرزا

ئابدۇللىتىپنى كۆرۈپ ، ئىمە ئۈچۈندۇر ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن زىندانبېگىنىڭ قوللىرى دىر - دىر تىترەپ ، ئىشىكنىڭ قۇلۇپىنى سىلاشتۇرۇپ ئۇزاق تىمىسقىلىدى . ئاخىر ياساۋۇل بېشى ئۇنى ئىتتىرىپ تاشلاپ ، ئىشىكنى ئۆزى ئاچتى ۋە يېنىدىكى ياساۋۇلنىڭ قولىدىكى مەشئەلنى تارتىپ ئېلىپ ، ئىچىگە بىرىنچى بولۇپ كىر-دى . ئۇنىڭ كەينىدىن مىرزا ئابدۇللىتىپ كىردى - دە ، يۈرىكى مۇزلاپ كەتتى : قاماقخانا بوش بولۇپ ، بىر ئۇچى تامغا مىخلانغان ئۇزۇن كىشەن يەردە ئارغامچىدەك تۇراتتى ! ...

«توپىلاڭ ! تەختكە ئەبۇ سەئىد مىرزىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان توپىلاڭ ! »

بېشى گىلدىڭلاشقا باشلىغان مىرزا ئابدۇللىتىپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ زىندانبېگىگە قارىدى . زىندانبېگى خۇددى بىرسى پۇتى-غا پالتا چېپىۋەتكەندەك ، «گۈپ» قىلىپ يەرگە يىقىلدى - دە ، شاھزادىنىڭ پېشىگە ئېسىلدى .

— قۇدرەتلىك شاھىم ! قەسەم ئىچىمەنكى ، بۇ ئىشتىن خەۋە-رىم يوق !

— يا تاپىسەن ، يا ئۆلىسەن ! — مىرزا ئابدۇللىتىپ ئېتەكلى-رىنى سۆيۈپ ، يەردە دومىلاپ ياتقان زىندانبېگىنى بىر تەپتى - دە ، خۇددى تەلۋىلەردەك ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ راسا دۇمبا-لاشقا باشلىدى . بىر دەمدىلا ئاغزى - بۇرنى قىپقىزىل قانغا بويال-غان زىندانبېگى قوللىرى بىلەن يۈز - كۆزىنى ، بېشىنى يوشۇ-رۇشقا ئۇرۇنۇپ ، يەردە يىلاندەك تولغىنىپ ياتاتتى ، قان تۈكۈرۈپ بىر نېمىلەرنى دەيتتى ، يېلىنىپ - يالۋۇراتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ مېھرى - شەپقەت تىلەپ قىلغان ئىلتىجاسى ، ئاغزىدىن چىقىۋاتقان قان مىرزا ئابدۇللىتىپنىڭ قەلبىدە مېھىر - شەپقەت ئەمەس ، ئەكسىچە قەھر - غەزەپ ئويغاتقاندەك ، ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق ساۋاپتى ، كۆزلىرى تەلۋىلەرچە يېنىپ ، شەپقەتسىزلىك بىلەن مۇشت-لايتتى ۋە تېپەتتى . ئۇ پەقەت زىندانبېگى ھوشىدىن كېتىپ ، جىمىپ قالغاندىلا دۇمبالاشتىن توختاپ ئەتراپىغا قارىدى . ھەممى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سى ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇراتتى ، ھەممىسىنىڭ چىرايىدا قورقۇنچ ئارىلاش ئاللىقانداق يىرگىنىش ئىپادىسى بار ئىدى ... ئۆپكىسىنى ئاران باسقان شاھزادە بىردە دۇمىلاپ ياتقان زىندانبېگىگە ، بىردە قېشىدا تۇرغان مەھرەملىرىگە قارىدى ـ دە ، ئۆزىنىمۇ ۋەھىمە بېسىپ ، شاققىدە بۇرۇلۇپ قاماقخانىدىن چىقتى ...

ئۇ سالامخانىغا قايتىپ بېرىپ ، پۈتۈن كۆكسارايىنى بېشىغا كىيدى ، ئاغرىق ياتقان ئەمىر سۇلتان جاندارنى ئالدۇرۇپ كېلىپ سوراققا تارتتى . لېكىن ، بۇنىڭدىن نېمە پايدا؟ ئۇ ئەمدى ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ تېپىلىشىغا ئىشەنمىدى . پايتەختتە مەخپىي توپىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇۋاتقانلىقىدا ئەمدى ھېچ شەك قالمىدى . لېكىن ، بۇ توپىلاڭنى ئۇيۇشتۇرغۇچى كىم؟ شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىنمۇ؟ ئەگەر شەيخۇلئىسلام بولسا ، ئۇنىڭغا قايسى ئەمىر ، قايسى ھەربىي ئەمەلدار ، قايسى ئەرباب قوشۇلغاندۇ؟ ... كاشكى ، شاھزادە بۇ توپىلاڭنىڭ سىرىنى ئۇققان بولسا ، ئۇنىڭغا ئىشتىراك قىلغان بارچە دۇشمەنلەرنى تۇتسا ! لېكىن ھازىرچۇ ، كىمنى تۇتىدۇ؟ شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىنىنىمۇ؟ ئەپسۇسكى ، ئۇنىڭ كۈچى ئەمىرلەرگە ، بەگ ۋە بەگزادىلەرگە يەتسە يېتىدۇكى ، شەيخۇلئىسلامغا قول تەگكۈزەلمەيدۇ ... شەيتانغا دەرس بېرىدىغان بۇ سەردار ـ سەركەردىلەرنىڭ قايسىبىرىنى تۇتىدۇ؟ مىرزا ئابدۇللەتىپنىڭ نەزىرىدە ، ئەمدى پۈتۈن ماۋەرائۇننەھردە ئىشەنگۈدەك ، تايانغۇدەك ، بۇ ھىيلە ـ مىكىرگە ئارىلاشمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىغان ، ھەتتا بەلختىن ئۆزى ئېلىپ كەلگەن خىزمەتكارلىرىمۇ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا باشلىغاندى...

مىرزا ئابدۇللەتىپنىڭ كاللىسىغا توساتتىن بىر پىكىر كېلىپ ، سالامخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالدى . ئۇنىڭ ئېسىگە ئاتىسى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ بىر گېپى كەلدى . ئاتىسى دەل شۇ يەردە ، ئالتۇن كۇرسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ :

— بالام ! — دېگەنىدى يالۋۇرۇپ ، — بۇ لەنىتى تاج ـ تەخت ، بۇ تۇراقسىز ھاكىمىيەت ھېچبىر ئادەمگە ۋاپا قىلغان

ئەمەس . سەن تۇگۇل ، ھەتتا جەننەت ماكان بوۋاڭ ئەمىر تۆمۈر كۆرەگانىغىمۇ ۋاپا قىلغان ئەمەس . بۇ تاج ـ تەختنى دەپ ھالاكەتكە يۈز تۇتمىغىن ، چۈنكى ، تاج ـ تەخت بىلەن ۋاپاسىز خوتۇن ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق . بالام ...

«ئەستاغپۇرۇللا ، ئۇ بىتەۋپىق شاھنىڭ ئىلتىجاسى ئەرشئەلاغا يېتىپ بارارمۇ؟ ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ئىناۋەتكە ئېلىنىپ قالارمۇ؟ ياق ، ياق ! نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتىمەن . ئىسلام دىنىغا قىلىچ كۆتۈرگەن ئۇ شاھنىڭ تىلىگى ئىجابەت بولماس ! گۇناھكار بەندەڭنى ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن ، خەللاقى ئالەم ! »

ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ ، بوسۇغىدا سارايۋەن كۆرۈندى . ئىشىك ئېچىلغاندا چۆچۈپ قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ قالغان مىرزا ئابدۇللىتىپ قورققانلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ، كۆكرىكىنى كەردى .

— خوش ؟

— مەۋلانە ئەلى قۇشچى ئېلىپ كېلىندى .

— ئېيت ، كىرسۇن !

مىرزا ئابدۇللىتىپ قاتار لەئەل ئورنىتىلغان كۈمۈش كەمىرىنى رۇسلاپ ، تەختكە بېرىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ يۈرىكى نېمە ئۈچۈندۇر تېز ـ تېز سېلىشقا باشلاپ ، ھاياجاندىن نەپسى قىسىلغاندى .

سارايۋەن تەرىپىدىن يۆلىنىۋېلىنغان ئەلى قۇشچى كىرسەل ئادەمدەك ئاستا قەدەم بېسىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى ـ دە ، يەنە بايىقىدەك تامغا يۆلىنىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى . ئۇ تەزىم قىلدىمۇ ياكى ھالسىزلانغانلىقتىن بېشى ساڭگىلاپ كەتتىمۇ ، بۇنى بىلىپ بولمايتتى . ئەلى قۇشچىنىڭ پۇتىغا ئۆتۈك ، ئۇستىگە قارا مۇۋۇت چاپان ، بېشىغا قارا قۇندۇز تەلپەك كىيگۈزۈلگەن بولۇپ ، پەقەت ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئېلىنمىغانىدى . بىراق ئۆسۈپ كەتكەن ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۇنىڭ سولغۇن ، تاتارغان چىرايىغا باشقىچە بىر سالاپەت ، ھەيۋە بەخش ئېتەتتى . مىرزا ئابدۇللىتىپ سارايۋەنگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«چىقىپ تۇر» دەپ ئىشارەت قىلدى ـ دە، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، ئەلى قۇشچىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ:

— قانداقراق تۇردىڭىز، — دېدى، — ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ، مەۋلانە؟

ئەلى قۇشچى كۆزىنى بىر ئېچىپ، يەنە يۇمدى. ئالدىدا تولۇق ئېھتىرام بىلەن قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان مىرزا ئابدۇللىتىپنى كۆرۈپ، يەنە بايىقىدەك ھەيران بولدى. «بۇ كاززاپ نېمە بولغاندۇ؟ بۇ قانخور جاللات بىردەمدىلا ئىنساپىغا كېلىپ قالغانمىدۇ؟»

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى ئۇ ئاستا.

— تاماق يېدىڭىزمۇ، مەۋلانە؟

ئەلى قۇشچى بىلىنەر ـ بىلىنمەس باش لىڭشىتتى.

— يېدىم ...

— بىر يۇتۇم مەي ئىچەمسىز؟

ئەلى قۇشچى ئۈندىمىدى. ئۇ يەنىلا كۆزىنى يۇمۇپ تۇراتتى، مۈنچىغا چۈشۈپ بولۇپ، ياخشى ئوزۇقلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەزايى ـ بەدىنى تامامەن بوشىشىپ، زىڭىلداپ ئاغرىغان پۇتلىرى تىترەپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، خىيالى چىگىشلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئەگەر شاھزادە ئىجازەت بەرسە، ئۇ ھازىرلا يېتىۋالاتتى ـ دە، ئۇيقۇغا كېتەتتى...

مىرزا ئابدۇللىتىپ تەكچىدە تۇرغان نەقىشلىك ئېسىل كوزىدىن بىر پىيالە شاراب قۇيۇپ كېلىپ ئەلى قۇشچىغا تۇتتى.

— بىر يۇتۇم ئىچىڭ، مەۋلانە! شىپا سۈيى، قۇۋۋەت بولۇر.

«شىپا بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس!» ئەلى قۇشچى دىر ـ دىر تىترىگەن قولىغا قەدەھنى ئېلىپ، بىر كۆتۈرۈشتە ئىچىپ بولدى. مىرزا ئابدۇللىتىپ ئۇنىڭ قولىدىن پىيالىنى ئېلىپ تەكچىگە قويدى، كېيىن لام ـ جىم دېمەي سالامخانىنى بىر تەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىقتى. ئۇ شارابنىڭ تەسىر قىلىشىنى كۈتۈپ،

مەۋلانىگە يەر ئاستىدىن پات ـ پات قاراپ قوياتتى . دەرۋەقە ، سەل ئۆتكەندىن كېيىن ، ئەلى قۇشچىنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈردى ، كۆزلىرى چاقناپ ، ھەشەمەتلىك سالامخانىنى كۆزدىن كەچۈردى . مىرزا ئابدۇللىتىپ يۆلەنچۈكىگە ھەل بېرىلگەن يۇمشاق ئورۇندۇقلاردىن بىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى .

— ئولتۇرۇڭ ، مەۋلانە ! ...

ئەلى قۇشچى ئىچىدە كۈلۈپ قويدى . ئۇنىڭ كاللىسىدا : «قىزىق ! بۇ ھىيلىگەر ئىپلاس نېمە بولغاندۇ ؟ ئۇنىڭ مەقسىتى نېمە ؟ » دېگەن پىكىر كەچتى . شاراب ئۇنىڭ پىكرىنى روشەنلەشتۈرۈپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاقشاتقان ئاغرىقنى سەل باستى .

مىرزا ئابدۇللىتىپ ئۇنىڭ ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ توختىدى ۋە يەنە بايىقىدەك مۇلايىملىق بىلەن :

— ئەزىز بۇرادەر ! — دېدى ، — سىزدەك دەۋرنىڭ داناسىنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىشتا كەمىنىنىڭ بىر تىلىكىم بار . لېكىن بۇ تىلىكىمنى ئىزھار قىلىشتىن بۇرۇن ، سىزنىڭ بىر نەرسىنى بىلىپ قېلىشىڭىزنى سورايمەن ... سىزنى قاماققا ئېلىشقا پەرمان بەرگىنىمدە ، بۇ ئالۋاستىلار سىزنى بۇنچىلىك قىيىن ـ قىستاق قىلۇر ، دەپ ئويلىمىغانىدىم . ئەپۇ قىلغايسىز ، مەۋلانە !

«ھەئە ، ئويلىمىغانىدىڭ ! ئېھتىمال ، ئۇستازىڭنىڭ ئارقىسىدىن قاتىل ئەۋەتكىنىڭدىمۇ ، ئۇ زامانىمىزنىڭ تەڭداشسىز ئالىمىنىڭ قۇتلۇق بېشىنى كېسىلىدۇ دەپ ئويلىمىغانسەن ! ... »

— بۇگۈن ھالىڭىزنى كۆرۈپ ، بەكمۇ پۇشايمان قىلدىم . زىندانبېگىنى قاتتىق جازالاپ ، قامىتىپ قويدۇم ... بىنۇقسان پەرۋەردىگار ، غاپىل بەندەڭنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگەيسەن ! ...

«خۇدايا تۇۋا ! بۇ شەپقەتسىز مۇستەبىتنىڭ بېشىغا نېمە كۈن چۈشكىنىگە قاماقتا ياتقان مەندەك ئاجىز بەندىدىن كەچۈرۈم سورايدىكىن ؟ ! » ئەلى قۇشچى مىرزا ئابدۇللىتىپنىڭ ئالاق ـ جالاق بولۇپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كۆزىنى قاچۇردى .

— سىز دەك ھاكىممۇتلەق خاقانلار پېقىر دەك مۆمىن بەندىلەر-
دىن ئەپۇ سورىمايدۇ . مەقسىتىڭىز نېمە ، دەۋىرىڭ ، شاھزادە !

ئەلى قۇشچىنىڭ گېپى مىرزا ئابدۇللىتىپقا ياقمىدى بولغاي ،
ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ قاپىقى سىلىندى .

— سىزنى چاقىرتىشتىن مۇددىئايىم شۇكى ، — دېدى چىرايى
ئۆڭۈپ ، — زايىچىگە قاراپ ، سەلتەنەتنىڭ تەقدىرىنى بىلىپ بەر-
سىڭىز ! ...

ئەلى قۇشچىنىڭ لەۋلىرىگە بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە يۈ-
گۈردى : «فەلەكىيات ئىلمىگە ئىشەنمەي ، ئۇستاز بەرپا قىلغان رە-
سەتخانىنى دىنسىزلار ئۇۋىسى دېگەن ئادەم ، ئەمدى نېمىشقا كەمى-
نىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ ؟ »

شاھزادە ئۇنىڭ كۈلكىسىنى چۈشەندى بولغاي :

— كۆڭلىڭىزگە ئازار بەرگەن بولسام ... كەچۈرگەيسىز ،
مەۋلانە ! — دېدى ئۇھ تارتىپ . ئۇنىڭ كېسەلمەن چىرايىدا چوڭقۇر
بىر دەرد ئەكس ئەتتى ، ئاۋازى تولىمۇ غەمكىن ۋە سەمىمىي ئاھاڭدا
تىترەپ چىقتى :

— ئەمما ... سىزدىن يوشۇرمايمەن ، مەۋلانە . ھادىسىلەردىكى
تەرەققىيات شۇنداقكى ... ئۆز تەقدىرىم ئۈستىدە ئويلانماي ئىلاجىم
يوق . چۈنكى ، ئەل - خەلقنىڭ تەقدىرى تاج ساھىبىنىڭ تەقدىرىگە
باغلىقتۇر ... سىز بولسىڭىز ، كائىنات سىرلىرى بىلەن يۇلتۇزلار-
نىڭ سىرلىرىنى بىلىسىز ، مەۋلانە ...

ئەلى قۇشچى يەنىلا كۆزىنى ئاچماي جىم ئولتۇراتتى ، كاللى-
سىدا ھەرخىل توقۇنۇشلار پەيدا بولاتتى .

«نە يارانقۇچىنىڭ ۋە نە بەندىسىنىڭ جازاسىدىن قورقماي ،
ئۆز ئاتاڭنى قەتل قىلدىڭ . بۇ ۋاپاسىز تاج - تەختنى دەپ ، پۈتكۈل
دانىشمەنلەر سەردارى بولغان ئۇلۇغ ئالىمنىڭ جېنىغا زامىن بول-
دۇڭ . ئەمدى ئاستىڭدىكى تەخت تەۋرىگەندە ، تەقدىرىڭدىن قور-
قۇپ ، زىنداندا ياتقان بىر ئاجىز بەندىگە باش ئېگىسەن - ھە !
بىراق ، پېقىر ئاجىز بەندە نېمە دەيتتىم ؟ ھال - ئەھۋالىڭ چۆچەك-

تىكى يولۇچىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ : ئوڭغا ماڭساڭ شىرغا يولۇقىسەن ، سولغا ماڭساڭ ئەجدىھاغا ! ... چۈنكى ، ئۆز ئاتىسىغا تىغ كۆتۈرگەن تۇز كورنىڭ تەقدىرى زايىچىسىزمۇ ئايان ! پىشانەڭ-گە لەنەت تامغىسى بېسىلىپ ، ئەبەدىلئەبەد بەتنام ۋە خار بولىدىغان-لىقىڭ ئۆزلۈكىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ ، شاھزادە ! »

— كەچۈرگەيسىز ، شاھزادە . پىقىر ئىلمىنۇجۇم تاشلىۋەتكە-نىمگە ئۇزۇن بولدى ...

— بارىكاللا سىزگە ! — كۈلدى مىرزا ئابدۇللىتىپ ، ئۇنىڭ كۈلكىسى ساختا ۋە ئاللىقانداق ئەسەبىيلەرچە ئىدى ، — ئىلمىنۇجۇم بابىدا داڭقىڭىز ئالەمگە پۇر كەتكەنىدىغۇ !

— ئۇ بۇرۇنقى گەپ ! ھازىر ... ئاغرىقمەن ...

— ئاغرىق بولسىڭىز تېۋىپلەرگە كۆرسىتىمەن . خالىسىڭىز كۆكسارايدا تۇرۇڭ ، بولمىسا رەسەتخانىدا تۇرۇڭ . ئەڭ ياخشى باقاۋۇللار ، ئەڭ سادىق مەھرەملەر خىزمىتىڭىزگە تەييار ، — مىرزا ئابدۇللىتىپ ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتۈپ تۇرمايلا شاقىلدىقىنى شاقىلداتتى ۋە ئىشىكتە پەيدا بولغان سارايۋەنگە قاراپ پەرمان بەردى :

— مەۋلانىگە كۆكسارايدىن ئەڭ كۆركەم ، ئەڭ ھاۋالىق جاي تەيىنلەڭ ! بۇ مۆھتەرەم زاتنى بۇگۈنلا ساراي تېۋىپلىرىگە كۆرسىـ-تىڭ ! باقاۋۇللارنى بەلگىلەڭ ، ياخشى تائاملارنى تەييارلاپ بەر-سۇن . مەۋلانىنىڭ ھالىدىن ئەمدى ئۆزۈم خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن...

ئەلى قۇشچى ئانىسى تىللابىبىنىڭ سۆزىنى ئېسىگە ئالدى : «رەھمەتلىك قىبلىگاھىڭ ئېيتقانىدى : ‹شىر بىلەن پادىشاھ-تىن يىراق بولۇش كېرەك ! › »

ئۇ خورسىنىپ ئورنىدىن تۇردى ... «نېمە چارە ، بۇ مۇستەـ-بىتنىڭ قەھرى - غەزىپىنى كۆردۇڭ ، ئەمدى مېھرى - شەپقىتىنىـ-مۇ كۆرۈپ قوي ، ئەلى ! ھەر ھالدا زىنداندا ياتقىنىڭدىن يامان بولماس ... » ئەلى قۇشچى مىيىقىدا كۈلۈپ ، سارايۋەنىنىڭ باشلىشى بىلەن سالامخانىدىن چىقتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 22

خۇرشىدە بانۇ بىلەن خوشلىشىپ «كۆيگەن تۆپە» دىن ئۆتۈپلا ئېتىنى تىنىمسىز چاپتۇرغان قەلەندەر سەمەرقەندكە قاش قارىيىپ، دەرۋازىۋەنلەر دەرۋازىلارنى يېپىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا يېتىپ كەلدى. ئەگەر، ئۇستىدە لەشكەرچە كىيىم بولمىغان بولسا، ئېھتىمال ئۇنى شەھەرگە كىرگۈزمەس ئىدى. قالقانبەگ بىلەن بازغابەگ دېيىشىپ قويغان جايدا — «شاھىزىندە» قەبرىستانلىقىنىڭ ئارقىسىدىكى ئۇيمانلىقتا كۈتۈپ تۇرۇشاتتى، بىراق «بۆرە»دىن دېرەك يوق ئىدى.

«ئالداپ قويغانمىدۇ؟ ئالتۇن بىلەن يانچۇقىنى تولدۇرۇۋېلىپ قېچىپ كەتكەنمىدۇ ياكى سىرنى ئاشكارىلاپ قويغانمىدۇ؟ ۋە ياكى ‹بۆرە›مۇ قولغا چۈشۈپ قالغانمىدۇ؟» قەلەندەر تۈرلۈك خىياللاردىن ئىچى تىتىلداپ، ئۇيمانلىقتا ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى. بىراق ئالغايدىن يەنىلا دېرەك يوق ئىدى. ئەنە، پىل - پىل يېنىپ تۇرغان ئۇپۇق يۇلتۇزلىرى يېنىدا زۆھرە يۇلتۇزىمۇ كۆرۈندى، ئەتراپتا خورازلارمۇ چىللىدى. ئەمدى «بۆرە»نىڭ كېلىشىمۇ پايدىسىز ئىدى. قەلەندەر قايتماقچى بولۇپ، ئېتىنىڭ ئېيىلىنى تارتىۋاتاتتى، دەل شۇ پەيتتە ئۇيمانلىقنىڭ ئۇستىدە ئاللىقانداق شەپە ئىشىتىلدى، كېيىن پەسكە قاراپ يۇگۈرۈپ چۈشۈپ كېلىۋاتقان سايە كۆرۈندى. قەلەندەر ئۆزىنى دالدىغا ئالدى - دە، سايە يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭ ئالدىنى توستى:

— كىم سەن؟ بۆرىمۇ سەن؟

— مەن، دەرۋىش …

«بۆرە» ھاسىراپ توختىدى. قەلەندەر ئۇنى ياقىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى.

— يەنە قانداق باھانە تېپىپ كەلدىڭ، مۇغەمبەر؟ …

— باھانە ئەمەس، شۇم خەۋەر، — دېدى بۆرە. ئۇ يەنىلا ھاسىرايتتى، تېز يۇگۈرگەنلىكتىنمۇ ياكى قورققانلىقتىنمۇ، ئىش-

قىلىپ ، ئۆپكىسىنى باسالمايتتى .
— خوش ؟ — دېدى قەلەندەر تاقەتسىزلىنىپ ، — سۆزلە !
— مىرزا ئەبۇ سەئىد زىنداندىن قېچىپتۇ ، كۆكسارايدا توپىلاڭ ...
— قاچان ؟
— بۇنى خۇدا بىلمىسە ، بەندىسى بىلمەيدۇ . بايا كەچقۇرۇن شاھزادە زىنداننى ئايلىنىۋېتىپ بىلىپ قاپتۇ . قارىسا ، مىرزا ئەبۇ سەئىد زىنداندا يوق . ساراي پاتىپاراق بولۇپ كەتتى ، زىندانبېگىنىڭ ئۆزىمۇ قاماپ قويۇلدى .
قاراڭغۇدا بازغانبەگنىڭ كىمگىدۇر تەنە قىلىپ : «خەپشۇك !» دېگەن ئاۋازى ئىشىتىلدى . قالقانبەگ «گۇرس — گۇرس» دەسسەپ قەلەندەرنىڭ قېشىغا كەلدى .
— يارلىقسىز بارساق نېمە بولىدۇ ؟ يارلىق ئورنىدا قىلىچ بار ، ئاكا !
قەلەندەر جاۋاب بەرمىدى . ئۇنىڭ كاللىسىدا : « ‹بۆرە›نىڭ ئاغزىغا چۈشكەن پۈتۈن چىقمايدىكەن ـ دە !» دېگەن پىكىر كەچتى . دېمىسىمۇ بىر نەچچە ئايدىن بېرى قىلغان ئىشلىرى بىكار كەتكەنىدى . قەلەندەر بوشىشىپ يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى .

## 23

جىلغا بويىغا تىكىلگەن كۆرۈمسىز چېدىرنىڭ يېنىدا تاقەتسىزلىك بىلەن ئايلىنىپ يۈرگەن ئەمىر سۇلتان جاندار ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازىنى ئىشىتىپ بۇرۇلۇپ قارىدى .
دۆڭنىڭ يانباغرىدىكى شالاڭ ئارچىلار ئارىسىدىن يورغا ئېتىنى ياۋىداق مىنىپ ، ئەمىرنىڭ يوغان قارا ئارغىمىقىنى يېتىلىۋالغان «بۆرە» چىقىپ كەلدى . «بۆرە» نېمە ئۈچۈندۇر ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ ، ھىجىيىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇنى كۈتۈۋېرىپ ، تاقىتى تاق بولغان ئەمىر جاندار كۈمۈش ساپلىق يوغان قامچىسىنى ئۇيناـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تتىپ ، بۆرىگە قاراپ ماڭدى .
— نەدە يۈردۈڭ ، شەيتان ؟
«بۆرە» ئەمىرنىڭ قوپال گەپلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك ، ئالىغاي كۆزىنى قىسىپ يەنە ھىجايدى .
— پېقىر ئاجايىپ بىر نەرسىنى كۆردۈم ، ئەمىرىم !
— ئاجايىپ نەرسەڭنى قويۇپ ، ئاتلارنى ئىگەرلە ، ئىپلاس ! ... بولمىسا كەچ قالىمىز !
ئەمىر جاندار كۈمۈش ساپلىق قامچىسى بىلەن قىزىل خۇرۇمدىن تىكىلگەن گۈللۈك ئۆتۈكىنىڭ قونچىنى چىرس - چىرس ساۋاپ ، چىدىرغا كىرىپ كەتتى .
ئەمىرنىڭ غەزەپلىنىشى سەۋەبسىز ئەمەس . «بۆرە» ئاتقا كەتكەندە تېخى چۈش بولمىغانىدى . پېشىن بىلەن جىلغىدىن بىر توپ يىلقا ئۆتۈۋىدى ، ئەمىرنىڭ چۈشەپ قويۇلغان قارا ئارغىمىقى چۇشەكنى ئۈزۈۋېتىپ ، يىلقىلارغا قوشۇلۇپ كەتتى . «بۆرە» يورغا ئېتىنى مىنىپ ، يىلقىلارنى قوغلاپ كەتتى . ئۇ يىلقىلارغا جىلغىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى «كۆيگەن تۆپە» دېگەن قىشلاققا بارغاندا ئاران يېتىشتى . لېكىن ، ئەمىرنىڭ قارا ئارغىمىقى تۇتۇق بەرمەي دۆڭگە قاراپ چاپتى . «بۆرە» ئۇنى دۆڭنىڭ يانباغرىدىكى چىتلىق تام بىلەن قاپسالغان باغقا قاماپ ، ئاران تۇتتى - دە ، بايا دېگەن «ئاجايىپ نەرسە» نى چېلىقتۇرۇپ ، داڭقېتىپ قالدى . بۇ «ئاجايىپ نەرسە» مەۋلانە مۇھەددىنىنىڭ قىزى ، شائىر قەلەندەر قەرناقىنى شەيدا قىلغان ۋە نىھايەت مىرزا ئابدۇللىتىپنىڭ ھەرىمىدىن قېچىپ ، يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن ، ھۆسنى - جامالى تەڭداشسىز ... خۇرشىدە بانۇ ئىدى ! «بۆرە» قارا ئارغىماقنى تىزگىنىدىن تۇتۇپ ، باغدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا ، ئۇنى بالىخانىدا كۆرۈپ قالدى . توغرىسىنى ئېيتقاندا ، يىراق - يىراقلارغا تىكىلىپ تۇرغان بۇ پەرى بىر كۆرۈندى - دە ، گويا بىرەر شەپە سېزىپ قالغان ئاھۇدەك ئۈركۈپ ، غايىب بولدى . لېكىن ، ئاچ قىزىل يىپەك كۆڭلەك كىيىپ ، يۈزىگە زەر پۆپۈكلۈك نېپىز ياغلىق يېپىۋالغان

بۇ نازىنىن بۇ يەرلەرگە شۇنچىلىك يات ۋە شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، «بۆرە» گەرچە ئۇنى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەلەندەر قەرناقىنى ئەقلىدىن ئازدۇرغان، شاھزادە ئابدۇل ئەزىز ئەمىر ئىبراھىمبەگنىڭ ئوغلىدىن تارتىۋالغان، ئەمدىلىكتە مىرزا ئابدۇللىتىپ بىلەن ئەمىر جاندار ئىزدەپ يۈرگەن ئاشۇ پەرىزات ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدى ...

«بۆرە» بۇ تەڭداشسىز گۈزەل ساھىبجامالنىڭ قېچىشىغا ئۆزى ياردەم بەرگەن بولسىمۇ، قەلەندەر قەرناقنىڭ ئۇنى قەيەرگە يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى بىلەلمەي ھەسرەت ئىچىدە يۈرگەنىدى، بۈگۈن ئامەتى كېلىپ بۇ سىرنىمۇ بىلىۋالدى. ئۇنىڭ يىراقتىنلا ھېجىيىپ كېلىشىمۇ شۇ سەۋەبتىن ئىدى. «بۆرە» بۇ خۇش خەۋەرنى ئەمىرگە يەتكۈزۈپ، ئۇنى خۇرسەن قىلىش نىيىتىدە ئىدى. لېكىن ... بېشىغا مۈڭگۈز چىقسا، ئۆز ئىگىسىنى ئۈسىدىغان بۇ ئېشەك ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى، ئەكسىچە ئىتتەك كاپشىدى، بىر جەھەتتىن بۇ كالىنىڭ شۇنداق قىلغىنىمۇ ياخشى بولدى. «بۆرە» بۇ مەخپىيەتلىكنى ئۇنداق ئەرزانغا ساتماسلىقى كېرەك - دە...

ئەمىر جاندار بىلىگە قىلىچىنى ئېسىپ چېدىردىن چىقتى. ئۇ بەش - ئون قاراقچىنىڭ يىغىنىغا ئەمەس، گويا كۆكسارايغا، مىرزا ئابدۇللىتىپنىڭ ھۇزۇرىدا بولىدىغان ھەربىي كېڭەشكە قاتناشقىلى كېتىۋاتقاندەك، زەرباپ تونىنى كىيىپ، كۈمۈش كەمەرنى باغلىۋالغانىدى ... ئۇ قاپقىنى تۈرگىنىچە گۈرس - گۈرس مېڭىپ كېلىپ، تېپىرلاپ تۇرغان قارا ئارغىماقنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتتى - دە، ئالغاينىڭ ياردىمى بىلەن يوغان گەۋدىسىنى ئىگەرگە تاشلاپ ئېتىنى قامچىلىدى...

كۈن ئولتۇرغان بولسىمۇ، قارلىق چوققىلارنى قاپلىغان شەپەق تېخى ئۆچمىگەن، ھەممە نەرسە — ئاسمانغا تاقاشقان تاغلار، كۆپكۆك ئارچىزارلىق قاپتاللار، شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇلار، بۇ شەپەقنىڭ شولىسىدا ئاجايىپ بىر مەنزىرە پەيدا قىلاتتى. تاغۇ

تاشلارلا ئەمەس ، ھەتتا گۈل ـ گىياھلارمۇ ئالتۇندەك جۇلالىنىپ ، مەيىن تاۋلىناتتى . چەكسىز سوزۇلغان ئوتلاقلار شامالدا بىردەم كۆك ـ سارغۇچ يىپەكتەك كۆرۈنسە ، بىردەم قىزغۇچ تۇسكە كىرىپ ۋال ـ ۋۇل چاقناپتتى ... كۆكتە ، كۆز يەتمەيدىغان ئېگىز ـ لىكتە سوپىتورغايلار ۋىچىرلايتتى ، تاغ ـ تاشلار ئۈستىدە كەكلىك ـ لەر سايرايتتى . گاھى ـ گاھىدا ئات تۇياقلىرى ئاستىدىن قىرغا ـ ۋۇللار پۇر ـ پۇر ئېتىلىپ چىقاتتى ، لېكىن سېمىزلىكىدىن كۆپ ئۇچالماي ، ئۆزلىرىنى يەرگە پوك ـ پوك تاشلايتتى . ئات تۇياقلى ـ رى ئاستىدىن ھەر قېتىم قىرغاۋۇللار ئۇچۇپ چىققاندا ، چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەن ئەمىر جاندار قاتتىق چۆچۈپ كېتەتتى ـ دە ، ئىچىدە ئاچچىقلاپ قوياتتى ، لېكىن سەل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە خىيالغا چۆمەتتى . ئەمىرنىڭ كەينىدە قالماي دەپ يورغا ئېتىنى تىنماي قامچىلاپ كېتىۋاتقان «بۆرە» بولسا ، توساتتىن يولۇقتۇ ـ رۇپ قالغان بالىخانىدىكى سەنەم توغرىسىدا ئويلىناتتى . بىر كۆرۈ ـ نۇپلا غايىب بولغان ئۇ نازىنىن ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا نېرى كەتمەيتتى . ئۇنىڭغا نازىنىن بىر دەقىقە نامايان بولسا ، بۇ كەڭ جاھان چاقناپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى . «بۆرە» بۇ مىسلىسىز گۈزەل ـ نى دەپ ، قەلەندەر قەرناقىنىڭ تەركىدۇنيا بولۇشىدىكى ، ئەمىر ئىبراھىمبەگ ئوغلىنىڭ قەتل قىلىنىشىدىكى ، مىرزا ئابدۇللى ـ تىپ ، ھەتتا ئەمىر سۇلتان جاندارنىڭمۇ داغدا قېلىشىدىكى سەۋەب ـ لەرنىڭ ھەممىسىنى پەقەت ئەمدى چۈشەندى . لېكىن ، ئۇ ھازىر كۆزىنى قۇياش نۇرىدەك قاماشتۇرۇۋەتكەن بۇ مىسكىن سەنەم توغ ـ رىسىدا ئەمەس ، كۆپرەك ئەمىر سۇلتان جاندار توغرىسىدا ئويلى ـ ناتتى . «بۆرە» ئالدىدا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان ئەمىر جاندارنىڭ تاغاردەك يوغان گەۋدىسىگە تىكىلگىنىچە كېتىۋېتىپ ، ئۇنىڭغا بۇ خۇش ـ خەۋەرنى يەتكۈزمىگەنلىكىنى ئويلاپ سۆيۈنەتتى .

مانا ، ئىككى ھەپتىدىن ئاشتى ، ئەبۇ سەئىد مىرزا زىنداندىن قېچىپ كەتكەندىن بۇيان ، ئەمىر سۇلتان جاندار تارخان شاھزادى ـ نىڭ ئاچچىقىدىن قورقۇپ ، بۇ يەرلەردە كۆن ئۆتكۈزۈپ يۈردى .

ئەمىر بىلەن بىللە «بۆرە»مۇ قاچتى ، ئۇنىڭمۇ قاچماي ئامالى يوق ئىدى . چۈنكى ، ئۇ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا شەيخ نىزامىددىن خامۇش-تىن قورققان بولسا ، كېيىنكى كۈنلەردە شاھزادىنىڭمۇ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ قالدى . ئۇلار پايتەختتە تۇرال-ماي تاغلارغا قېچىپ كەلگەندە ، گىياھلار تېخى ئەمدىلا ئۈنۈپ چىققانىدى . مانا ئەمدى ئوتلار تېزدىن ئېشىپ ، تاغدىكى ياۋا ئۆ-رۈكلەرنىڭ غورىسى ماشتەك بولۇپ كەتتى … ئۇلار كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن يىراق بۇ تاغلاردا ياۋايى هايۋانلاردەك كۈن كەچۈرەتتى . شاھزادىنىڭ پايلاقچىلىرى بىلەن لەشكەرلىرىدىن قورقۇپ يۈرگەن ئەمىر جاندار بىر جايدا مۇقىم تۇرالماي ، ئۇ جىلغىدىن بۇ جىلغىغا كۆچەتتى ، گاھ غارلارغا كىرىۋالسا ، گاھ ئويمان يەرلەرگە چۈ-شۈپ ، ئەسكى چېدىرنى تىككۈزۈپ يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى . «بۆرە» بولسا كۈندۈزى ئوۋ ئوۋلاپ ، قىرغاۋۇل ئېتىپ خوجايىنىنى باقات-تى ، كېچىلىرى ئەتراپتىكى مەھەللە - كەنتلەرگە ئوغرىلىققا بارات-تى . «ئوقىتى قاملاشقان» كۈنلىرى بىرەر قوي ياكى ئۆچكە تې-پىپ ، ئېتىغا ئارتىپ قايتىپ كېلەتتى . لېكىن ، كېيىنكى ۋاقىت-لاردا ئۆرۈكلۈككە چىقىشمۇ خەتەرلىك بولۇپ قالغانىدى . چۈنكى ، يېزىدا ئالۋاڭ - ياساقچىلار كۆپىيىپ كېتىپ ، دېھقانلار نارازى بولۇپ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكتىن بولسا كېرەك ، ئالۋاڭچىلار يالغۇز يۈرمەي ، قوراللىق سىپاھلار ۋە ياساۋۇللارنىڭ ھىمايىسىدە يۈرىدى-غان بولۇپ قالغانىدى …

ئەمىر جاندارمۇ جىم ياتمايتتى ، ئارىلاپ - ئارىلاپ ، بەزىدە ئۈچ - تۆت كۈندە بىر ، كۆپىنچە كېچىسى خالىي يەرلەردە بەش - ئالتە نامەلۇم كىشىنى يىغىپ مەسلىھەت قىلىشاتتى . ئەمىر جاندار «كېڭەش» دەپ ئاتىغان بۇ مەسلىھەتلەرگە «بۆرە» قاتناشتۇ-رۇلمايتتى . ئادەتتە ئۇ ئاتلارغا قاراپ ، نېرىراقتا ئايلىنىپ يۈرەت-تى . «بۆرە» ئۆزىنىڭ چەتكە قېقىلغانلىقىدىن رەنجىمەيتتى ، لې-كىن ئۆزىنى قاتناشتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ كېڭەشلەر ئۇنىڭغا ناھايىتى سىرلىق تۇيۇلاتتى ۋە كۆڭلىدە قىزىقىش پەيدا قىلاتتى .

كۆنلەر شۇ يوسۇندا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى ، بىراق بۇ خۇپىيانە كېڭەش-لەردىن نەتىجە چىقمايتتى . دېمىسىمۇ ، بەش - ئالتە قاچقۇن ئە-مىرنىڭ قولىدىن نىمە كېلەتتى؟ بېشىدا تاج ، ئاستىدا تەخت ، قولىدا سانسىزلىغان لەشكىرى بار شاھزادىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئاسانمۇ ؟

كېيىنكى كۈنلەردە «بۆرە»نىڭ بېشىنى كۆپ قاتۇرغان بۇ خىياللار ، بۈگۈن ئۇنىڭ كاللىسىدىن زادىلا چىقمىدى . مانا ئۇ ھازىرمۇ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئەمىرنىڭ يوغان گەۋدىسىگە قايتا - قايتا تىكىلگىنىچە كېتىۋېتىپ ، توساتتىن كاللىسىغا بىر ئوي كەل-دى - دە ، ئەزايى - بەدىنى تىترەپ كەتتى .

«بۇ توڭگۇز مىجەز ئەمىردىن يۈز ئۆرۈپ ، كۆكسارايغا قايتىپ بارسام قانداق بولار؟ بېرىپ شاھزادىنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ ، گۇزەللىكتە تەڭداشسىز شۇ ساھىبجامالنى بايا ئۇچراتقانلىقىمنى ئېيتسام قانداق بولار؟ شاھزادە گۇناھلىرىمنى كەچۈرەرمۇ؟ نەدە يۈردۈڭ دەپ سورىسا ، شۇ ساھىبجامالنى ئىزدەپ يۈردۈم ، ئۇنى تاپمىغۇچە قايتىپ كەلمەيمەن دەپ ۋەدە بەرگەنىدىم دەيمەن ، ئەلۋەت-تە . ئەگەر شاھزادە خالىسا ، ئەمىر سۇلتان جاندارنى ، ھەتتا قەلەن-دەر قەرناقنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىشمۇ قولۇمدىن كېلىدۇ . چۈن-كى ، قەلەندەر قەرناقى تۇزاققا چۈشۈپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەل-تۈرمەي ، ھەتتا شاھزادىنىڭ پايلاقچىلىرىدىنمۇ قورقماي ، ئۆزىنى ئوتقا ئۇرغان پەرۋانىدەك ، شۇ ساھىبجامالنىڭ كويىدا يۈرىدۇ !»

بۇ خىياللار بىلەن ھاياجانلىنىپ كەتكەن «بۆرە» يورغا ئېتىنى ئۇستى - ئۇستىلەپ قامچىلاپ ، ئەمىر جاندارغا يېتىشىۋالدى . ئەمىر جاندار خاپا بولغاندەك قىياپەتتە ئالىيىپ بىر قارىدى - دە ، ئېتىنىڭ بېشىنى دۆڭگە بۇراپ ، ئېگىزگە قاراپ ماڭدى . بۇ دۆڭ-نىڭ ئېتىكىدە «كۆيگەن تۆپە» كەنتىگە بارىدىغان ئېرىق بولۇپ ، ناماز شام ۋاقتىدا بۇ يەردە ئادەملەر ناھايىتى كۆپ بولاتتى .

— ئەمىر جانابلىرى ، قاپتالنىڭ كەينى «كۆيگەن تۆپە» دېگەن يەر ، ئۇ يەردە ئادەم كۆپ .

ئەمىر جاندار قاپتالنىڭ يانباغرىدىكى يالغۇز ئارچىنىڭ يېنىدا توختىدى ـ دە ، يوغان گەۋدىسىنى قىمىرلىتىپ ئاتتىن چۈشكەچ :

— مەھەللە جىلغىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ، — دېدى زەردە بىلەن ، — بۇ تەرىپىدە پەقەت قورغانلا بار . دۆڭگە چىقىپ قورغانغا قاراپ باق . قورغان ئىچىدە ئىككى يەردە ئوت يېنىۋاتامدۇ ـ يوق ، ئەگەر ئىككى يەردە ئوت يېنىۋاتقان بولسا ، كېلىپ خەۋەر قىل . ئۇقتۇڭمۇ ، شەيتان ؟

— ئۇقتۇم ، ئەمىرىم !

«بۆرە» قاپتالغا ئات سىلىپ يېتىپ چىققۇچە ، تاغ چوققىلىرى ئۈستىدە خۇددى لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتتەك كۆرۈنگەن قىزغۇچ شەپەق غايىب بولۇپ ، پۈتۈن ۋادا قاراڭغۇلۇققا چۆمگەنىدى . پەس-تىكى جىلغا ۋە جىلغا بويىدىكى قورغان كۆرۈنمەيتتى ، پەقەت جىلغىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى باغلار ئارىسىدا ئوچاقلاردا يېنىۋاتقان ئوتلارنىڭ شولىسى پىلىلدايتتى . «بۆرە» ئېتىنى دېۋىتىپ دۆڭدىن ئەمدىلا چۈشۈشكە باشلىغاندا ، ئالدى تەرەپتە ، ئالەمنى قاپلىغان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە توساتتىن «لاپ» قىلىپ گۈلخان يېقىلدى . «بۆرە» خۇدۇكسىنىپ توختىدى . گۈلخان خېلى يىراقتا بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئاللىكىملەرنىڭ سايىسى كۆزگە چېلىقاتتى . سەل ئۆتكەندىن كېيىن ، ئەمىرنىڭ دېگىنىدەك ئىك-كىنچى گۈلخانمۇ لاۋۇلداپ ياندى ـ دە ، قورغاننىڭ ئېگىز تاملىرى ئەتراپىدا ۋە دەرۋازا ئالدىدا ئات ئوينىتىپ يۈرگەن سۇۋارىلار كۆ-رۈندى . «بۆرە» يورغا ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىدى . لېكىن ، دەل شۇ پەيتتە ، يۇقىرىدىن ئات چاپتۇرۇپ چۈشۈپ كېلىۋاتقان ئەمىر جاندارنىڭ ئۆزى كۆرۈندى . ئۇ : «ئەمىرلەر كەپتۇ ! كەينىم-دىن ماڭ !» دەپ بۇيرۇق قىلدى ـ دە ، «بۆرە»نىڭ يېنىدىن ئات ئوينىتىپ ئۆتۈپ كەتتى .

ئىككى ھەپتىدىن بېرى ئادەم قارىسىنى كۆرسىلا ئۈركۈپ ، خالىي جايلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن ئەمىر جاندارنىڭ بۇ قىلىقى «بۆرە»گە غەيرىي تۇيۇلغان بولسىمۇ ، بۇنى ئويلاشقا ۋاقىت يوق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىدى ، شۇڭا ئۇمۇ ئېتىنى قامچىلىدى . قورغان دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇلارنى بىر توپ ئاتلىقلار بىلەن مەشئەل تۇتقان ناتونۇش نۆكەرلەر قارشى ئالدى . ئەمىر جاندار ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاتتىن چۈ-شۈپ ، بۆرىنى بىر چەتكە تارتتى .

— دەرۋازىدىن نېرى كەتمەي ، كەلگەن - كەتكەنلەرنى پايلاپ تۇر ! كىملەر كېلىپ ، كىملەر كەتتى ، ھەممىنى بىلىشىڭ ! ئۇق-تۇڭمۇ ؟

ئەمىر قامچىسى بىلەن ئۆتۈكىگە چارس - چۇرس ئۇرۇپ ، قورغانغا كىرىپ كەتتى . «بۆرە» ئاتلارنى چەترەكتىكى تالغا باغلاپ قويۇپ ئارقىسىغا قايتىۋاتقىنىدا ، جىلغىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان يەنە بىر توپ ئاتلىقنى كۆرۈپ قەدىمىنى تېزلەتتى . بىراق ، مەشئەل تۇتقان نۆكەرلەر ئۇنىڭ ئالدىدا يېتىپ بېرىپ ، ئاتلىقلارنى ئاتتىن چۈشۈرۈشكە باشلىدى . «بۆرە» نۆكەرلەر ئارىسىغا سۇقۇنۇپ كىرد-ۋېلىپ ، ئاتلارنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتتى - دە ، بىرىنچى بولۇپ ئاتتىن چۈشكەن ، يوغان سەللە ئورىۋالغان قارا ساقاللىق ئۆلىمانى تونۇپ قېلىپ ، يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتتى . بىرىنچى بولۇپ ئاتتىن چۈشكەن يوغان سەللىلىك بۇ ئۆلىما ئۇزۇندىن بۇيان كۆزگە چېلىق-ماي يۈرگەن شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن جانابلىرى ئىدى ! ...
شەيخۇلئىسلام جانابلىرىدىن كېيىن شەھەر دورغىسى مىرانشاھ ئات-تىن چۈشتى . مىرانشاھ بىلەن شەيخۇلئىسلام جانابلىرىنى قورغان-دىن چىقىپ كەلگەن سۆلەتلىك بىر ئەمىر قارشى ئېلىپ ئىچكىرىگە باشلىدى . «بۆرە» بۇ ئەمىرنىمۇ تونۇپ ، يەنە بايىقىدەك بىر قىسما بولۇپ كەتتى . بەدىنىدىكى ھەربىيچە كىيىم ئۆزىگە ئاجايىپ ياراش-قان ، سەرۋىدەك قامەتلىك ، خۇش چىراي بۇ ئادەم مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرىنىڭ سۆيۈملۈك نۆكىرى بابا ھۇسەيىن باھادىر ئىدى ! مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرى تاج - تەختتىن جۇدا بولۇپ ، قەتل قىلىنغاندىن كېيىن ، بابا ھۇسەيىن باھادىرمۇ قاياققىدۇر غايىب بولغانىدى . مىرزا ئابدۇللىتىپ بولسا ئۇنى ئىزدەپ تاپالماي ، ھەسرەتتە يۈرەتتى . ئەجەبا ! بۇ نامدار دۆلەت ئەربابلىرى ، ھەربىي

ئەمەلدارلار ، دىن پېشۋالىرى ، بەگ ۋە بەگزادىلەر بۇ ئەسكى قورغاندا نېمە قىلىدىغاندۇ ؟ ئەمىر جاندار دېگەن چوڭ كېچەشتە قانداق بېتىم تۇزۇلىدىغاندۇ ؟ «بۆرە» قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ ، دەرۋازىدا تۇرغان نۆكەرلەرنىڭ كۆزىنى بوياپ ، قورغانغا غىپپىدە كىرىۋالماقچى بولدى . لېكىن ، نۆكەرلەردىن بىرى كۆرۈپ قېلىپ يولىنى توستى . «بۆرە» ئاستا مېڭىپ ئاتلارنىڭ قېشىغا قايتىپ باردى ۋە چاپىنىنى شىۋاقلىققا سېلىپ يانپاشلىدى .

كېچەشكە چاقىرىلغانلار كېلىپ بولغان بولسا كېرەك ، دەرۋازىدا تۇرغان نۆكەرلەر قوللىرىدىكى مەشئەللەرنى ئۆچۈرۈپ قورغانغا كىرىپ كېتىشتى . قورغاندىكى گۈلخانلارمۇ ئۆچۈرۈلگەن بولۇپ ، پەقەت بىرلا جايدا يېنىۋاتقان ئوتنىڭ شولىسى كۆزگە چېلىقاتتى . ئۇ يەردە كاۋاپ پىشۇرۇلۇۋاتقان بولسا كېرەك ، قورۇلغان گۆش ۋە پىيازلارنىڭ پۇرىقى دىماغقا گۇپ - گۇپ ئۇرۇلۇپ ، بۆرىنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايتتى ...

«بۆرە» ئوڭدىسىغا يېتىپ ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا تىكىلدى . ئاسماندىكى سانسىزلىغان بۇ ئاپئاق يۇلتۇزلار گويا ئۇنىڭغا كۆز قىسىپ زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك ، ئۇلار گويا يۇلتۇز ئەمەس ، ئالەمنىڭ سىرلىرىنى بىلىدىغان ئاللىقانداق جانلىق نەرسىلەردەك تۇيۇلدى . مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرى قالتىس تالانت ئىگىسى ۋە بۇ چەكسىز كائىناتنىڭ ھەممە سىرلىرىنى بىلىدىغان جاھان دانىشمىنى دەپ قارالغاچقا ، ئۆلىما - ئاقساقاللار ئۇ مۆھتەرەم زاتنى ھەم يامان كۆرەتتى ، ھەم ئۇنىڭدىن قورقاتتى ... ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ سۆزدە بىر ھېكمەت باردەك قىلاتتى . چۈنكى ، ئۇ جاھان دانىشمىنىگە دۈشمەنلىك قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھالى خاراب بولدى . مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرىگە تىغ كۆتۈرگەن تۇزكولارنىڭ بىرى سەئىد ئابباس ئىدى ، ئۇمۇ ھەقتائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىدى . ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ تۇزىنى يەپ ، تۇزلۇققا چىچقان قانچىلىغان ئەمىر بەگلەرمۇ جېنىدىن جۇدا بولدى ، نۆۋەت ئەمدى شاھزادىنىڭ ئۆزىگە كەلدى ...

«بۆرە»نىڭ كاللىسىغا بايىقى يولدىكى خىياللار كېلىۋېلىپ، تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ياق، «ئاتا قاتىلى» دېگەن بەتنامنى ئېلىپ، قارغىشتا قالغان بۇ قانخورغا باش ئېگىپ بولمايدۇ! بۇ كېڭەشكە مىرانشاھ بىلەن شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىنىدەك ئالىي زاتلار، ئەمىر سۇلتان جاندار بىلەن بابا ھۇسەيىن باھادىردەك سەركەردىلەر قاتناشتىمۇ، بەس، شاھزادىنىڭ كۆڭلى يېقىنلاشتى دېمەكتۇر! ...

«بۆرە»نىڭ كۆڭلىنى خۇددى ۋادىنى قاپلىۋالغان زۇلمەتكە ئوخشاش غەم باستى، كاللىسىغا: «بۇ جەھەننەمـگە، ھېچكىمنى ساق قويمايدىغان بـۇ ئىككـى ئـوت ئـارىسىغـا نېمىشقىمۇ چۈ-شۈپ قالدىم!» دېگەن پىكىر كېلىپ، كۆڭلى تولىمۇ بىئارام بولۇپ كەتتى، بىراق، ئۇ ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ، بۇ تىزگىنسىز غەم، چىگىش سوئالغا جاۋاب تاپالمىدى.

«بۆرە» ئاتا ـ ئانىسىنى ئەسلىيەلمەيتتى. لېكىن، ئەس ـ ھوشىنى يىغىشى بىلەن بىر نەرسە يادىغا كەلدىكى، ئۇ بولسىمۇ سەمەرقەند بازىرى ئىدى. ئۇ مەغرىبتىن ـ مەشرىققىچە داڭ چىقار-غان شۇ كاتتا بازاردا مىسكاپچى، كارۋان سارايلىرىدا تازىلىقچى، مۇنچىلاردا ئوت قالىغۇچى بولۇپ چوڭ بولدى، قىلمىغان ئىشى، كىرمىگەن تۆشۈكى قالمىدى، ئوغرىلىقمۇ قىلدى، بۇلاڭچىلىقمۇ قىلدى، ئاخىر گۇناھلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن زاھىتلىقنى ئىختىيار قىلىپ، خىلۋەت جايغا چىقىپ كەتتى. بىراق، ئۇ خىلۋەت جايدىمۇ تىنىم تاپمىدى ... بالىلىق چاغلىرىدا بىر كاززاپ ئوغرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ ئوغرى بولغانىدى، تەركىدۇنيا بولۇپ يۈرگىنىدە شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ قولىغا چۈشۈپ پايلاقچى بولدى. ھازىر بولسا، بۇ قانخور ئەمىرنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ، ئىككى تاش ئارىسىدا قالدى ... مانا ئەمدى، يېشى قىرىقتىن ئاشتى. لېكىن، بۇ ئۆتكۈنچى دۇنياغا كېلىپ، نېمە ياخشىلىق كۆردى؟ ...

«بۆرە» لەۋلىرىدە شوردەك بىر نەرسە سېزىپ، نېمىشقىدۇر كۆڭلى بۇزۇلدى ـ دە، ئۆزىنى تۇتالماي مىشىلداپ يىغلىۋەتتى.

بەس ! بۇ گۇناھلىق يولدىن قايتىپ ، گۇناھسىز كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆككەن بۇ شەرمەندە قاتىلدىن يىراق يۈرۈش كېرەك . بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ! ...

«بۆرە» ئەلەملىك خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ ئۇيقۇغا كەت-كەندى ، كىمدۇر بىرسى ئۇنى مۈرىسىدىن تارتىپ ئويغاتتى .

— ئاتلارنى ئىگەرلە ، ياساۋۇل . مېھمانلار تارقايدۇ !

«بۆرە» كۆزلىرىنى ئۇۋىلاپ ، ئالدىراپ - تېنەپ ئورنىدىن تۇردى . ئۇدۇلدىكى ئېگىز چوققىلار كەينىدىن ئالتۇن تاۋاقتەك يالتىراق تولۇن ئاي كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى . ئاينىڭ سۈتتەك نۇرىغا چۈمۈلگەن ۋادا ، ئېگىز تاغلار ، جىلغىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە غىل - پال كۆرۈنگەن باغلار ، شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇلار ، قور-غان ئەتراپىدا چۇشەكلىرىنى سۆرەپ ئوتلاپ يۈرگەن ئاتلار ، قىسقى-سى ، پۈتۈن ئالەم قانداقتۇر ئاجايىپ ، خىيالى بىر مەنزىرە پەيدا قىلغانىدى . «بۆرە» بايىقى قورغان ۋە بايىقى جىلغىغا ئەمەس ، گويا باشقا بىر ئالەمگە كېلىپ قالغاندەك بىردەم ھەيران بولۇپ قالدى .

كېيىن دەرۋازىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ باشلانغانلىقىنى ئىشى-تىپ ، ئالدىراپ - تېنەپ ئاتلارنى يوگەنلەپ ، ئېيىللىرىنى تارتتى . ئۇ ئاتلارنى يېتىلەپ دەرۋازىغا بارغاندا ، ئىچكىرىدىن قاراڭغۇدا ئاق قۇدەك كۆرۈنگەن ئاق تۇلپارنى ئويىنىتىپ ، بابا ھۆسەيىن باھادىر چىقىپ كەلدى . مىرانشاھ دورغا بىلەن شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن جانابلىرى بولسا ، دەرۋازىدا ئەمىر جاندار بىلەن خوشلىشىۋاتاتتى ، باشقا نۆكەرلەر ئۇلاردىن سەل نېرىراقتا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇ-شاتتى .

ئەمىر جاندار «نېمىشقا ساقلىتىسەن؟» دېگەندەك قىلىپ ، بۆرىگە بىر ھومىيىپ قارىدى - دە ، مىرانشاھ ۋە شەيخۇلئىسلام جانابلىرى بىلەن تېزلا خوشلىشىپ ، قارا ئارغىمىقىنىڭ تىزگىنى-دىن تۇتتى . چەتتە تۇرغان نۆكەرلەردىن بىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ ، ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلىمەكچى بولدى . لېكىن ، ئادەتتە ئاتنى ئۆزى مىنەلمەيدىغان ئەمىر جاندار بۇ قېتىم نۆكەرنى ئىتتىرىپ تاشلاپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر سەكرىشىدە يوغان گەۋدىسىنى ئىگەرگە قوندۇردى .

— خوش ، ئامان بولۇڭ ، پىرىم !

— خۇداغا تاپشۇردۇم ، ئەمىر !

ئەمىر جاندار يۇلقۇنۇپ تۇرغان ئارغىمىقىنى ئۈستى - ئۈستىلەپ قامچىلاپ ، قورغاننىڭ كەينىدىكى دۆڭگە چىققۇچە ئېتىنى چاپتۇرۇپ باردى . دۆڭگە چىققاندىن كېيىن ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ، پەسكە ، ئاي شولىسىدا ھەيۋەتلىك كۆرۈنگەن قورغانغا بۇرۇلۇپ قارىدى . قورغاننىڭ ئالدىدا يەنىلا ئاللىقانداق سايىلەر مىڭىپ يۈرەتتى .

— خوش ، كېچەشكە قايسى ئالىي زاتلار كەلگەنلىكىنى تونۇيالىدىڭمۇ ، ياساۋۇل ؟

«بۆرە» ئادەتتىكىدەك ئېھتىياتچانلىق بىلەن جاۋاب بەردى :

— ياق ، قاراڭغۇدا ئانچە تونۇيالمىدىم ، ئەمىرىم ! ...

— مۇغەمبەرلىك قىلىۋاتىسەن ، شەيتان !

— خۇدا ھەققى ، ئەمىرىم .

— بىلمىگەن بولساڭ بىلىپ قوي ، بۇ كېچەشكە پايتەخت دورغىسى مىرانشاھ بىلەن شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن جانابلىرى بىۋاستە قاتناشتى ! بايا نېمە ئۈچۈن ئالدىرىغانلىقىمنى ئەمدى چۈشەندىڭمۇ ، ئالىغاي ؟

— چۈشەندىم ، ئەمىرىم ! — بۆرە يورغا ئېتىنى دىۋىتىپ ، ئەمىرگە يېقىنراق باردى ، — كېچەشتە قانداق مەسلىھەت بولدى ؟ بۇ سەرسانلىق غۇربىتىدىن قاچان قۇتۇلارمىز ، ئەمىرىم ؟

— سەۋر - تاقەت قىلغايسەن ، ئالىغاي ! — دېدى ئەمىر جاندار ۋە نېمىشقىدۇر كۈلدى ، — تاقەت قىلساڭ پات ئارىدا بۇ غۇربەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ ، شاھزادىنىڭ ھەرىمىگە كىرىسەن ، ئۇنىڭ ساھىبجامالىرىنى قۇچاقلاپ ياتىسەن ، ئالىغاي !

«شاھزادىنىڭ كۈنى يېقىنلاشتى ! »

«بۆرە» كۆڭلىدىكى بالىخانىدا كۆرگەن سەنەم توغرىسىدا گەپ

ئاچىدىغان پەيتىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى سېزىپ ، يۈرىكى ئويناپ كەتتى . ئەمما ، بايىقى ئازابلىق خىياللار ئېسىگە كېلىپ ، بىردەم ئىككىلىنىپ قالدى . لېكىن ، ئادىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغان ، ئىنك-كى يۈزلىمىچىلىككە ئۆگەنگەن بۇ ئادەم پىخىلداپ كۈلدى .

— ئەمىر جانابلىرىنىڭ ئۆز سۆزىدە تۇرىدىغان - تۇرمايدىغان-لىقىنى بىلمەيمەن . ئەمما ، بۇ سەرسانلىقتىن قۇتۇلغان كۆڭلىلا سىزگە گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بىر پەرىزاتنى تارتۇق قىلىمەن ، شۇ چاغدا بېشىڭىز كۆككە تاقىشىدۇ ، ئەمىرىم !

— قايسى پەرىزات ؟ — ئەمىر جاندار ئارغىمىقىنى قامچىلاپ ، بۆرىنىڭ قېشىغا بۇركۈتتەك يېتىپ كەلدى ، — يىلانىنىڭ كۆشىگە-نىنى تۇيىدىغان شەيتان ! سەن مەۋلانە مۇھەممەدنىڭ قىزىنىڭ نەگە يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىسەن ! بىلىپ تۇرۇپ مەندىن يوشۇرۇۋاتى-سەن !

«بۆرە» ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىدىن تارتىپ ، كەينىگە داجىدى .

— ئەمىرىم ...

— سۆزلە ، ھەي ئىپلاس ، نەگە يوشۇردۇڭ ئۇ گۈزەلنى ؟

«بۆرە» ئەمىرنى ئۇدۇل خۇرشىدە بانۇ يوشۇرۇنغان جايغا باشلاپ بېرىشنىمۇ ئويلىدى ، بىراق قەلەندەرنىڭ تەھدىتلىك سۆز-لىرى يادىغا كېلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ، ئەگەر بانۇ يوشۇرۇنغان جاينى ئېيتىپ بەرسە ، بۇ شەھۋانە قوتاز ئۇنى ھازىرلا بۇ خەتەرلىك ئىشقا بۇيرۇشتىن يالتايمايدۇ .

— ئەمىرىم ، بۇ سەرسانلىقتىن قۇتۇلغان كۈنى بەش - ئون نۆكەر بەرسىڭىز ، بەس ، ئۇنى تېپىپ كېلىمەن . لېكىن ، ئۇ گۈ-زەلنى ھازىر ئىزدەشنىڭ پايدىسى يوق !

ئەمىر ئۆزىچە ئاچچىقلاپ ، غودۇڭشىدى ، ئاندىن :

— ئەتە ئەمەس ، ئۆگۈنلۈككە تەلىپىڭ بويىچە نۆكەرلەردىن بېرىمەن ، — دېدى ، — جەزمەن تېپىپ كېلەلەمسەن ، شەيتان ؟

— جەزمەن ، ئەمىرىم !

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«باغى مەيدان» نى بىر سەيلە قىلماقچى بولۇپ چىققان مىرزا ئابدۇللىتىپ، باغنى كۆرۈپلا كۆكسارايغا قايتقۇسى كەلمەي قالدى. چۈشتە ياغقان يامغۇردىن كېيىن باغ گويا ئەمدىلا يۇيۇنغان قىزدەك ئېچىلىپ كەتكەندى. يامغۇردا يۇيۇلغان دەرەخلەر، كۆچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەپ تارتقان سەرۋىلەر ئاللىقانداق ياشناپ، ئاجايىپ بىر گۈزەل تۈس ئالغاندى. ئارچىلار ئارىسىدا تاۋلىنىپ تۇرغان ئاق، سېرىق، ناپەرمان ۋە قىزىل تەشتەكلەرنى لىق تولدۇرغان سۈپسۈزۈك تامچىلار، گويا قەدەھلەرگە قۇيۇلغان مەيدەك يالتىرايتتى، گويا ھەممە ياقنى بۇلبۇل قاپلىغاندەك، ھەربىر شاخ، ھەربىر يوپۇرماق ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋالغان بۇلبۇللار بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىپ، باشقا ھەممە قۇشلارنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ، بەس - بەس بىلەن ياپراپ سايرىشاتتى.

ئەبۇ سەئىد مىرزا قاچقاندىن كېيىن يەنە ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ ئۇخلىيالماي غەم - قايغۇدا يۈرگەن شاھزادە، گويا ھەممە تەشۋىش ۋە غەم - ئەندىشىلەردىن قۇتۇلغاندەك راھەتلەندى. يۇمشاق قىزىل قۇم سېپىلگەن بۇ ئىنتايىن چوڭ باغنىڭ ئەڭ چەت جايلىرىغىچە سوزۇلغان يوللارنى، ھىلال ئاي ۋە يۇلتۇزلار شەكلىدە ياسىلىپ، بۆلەكچە بىر مېھىر بىلەن پەرۋىش قىلىنغان بۇ ئاجايىپ گۈلزارلارنى ئايلىنىۋېتىپ، شاھزادە بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا بۇ گۈزەل جايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەرىكىلەرنى، ھەشەمەتلىك تويلارنى، خۇش ئاۋازلىق ناخشىچىلار ۋە توزدەك گۈزەل ئۇسسۇلچىلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بەزمە ئولتۇرۇشلارنى ئەسلەپ، نېمە ئۈچۈندۇر كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، خۇددى مۇشۇنداق ئىللىق باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇ مەلۇم بىر كاتتا مەرىكىگە قاتنىشىش ئۈچۈن يىراق خۇراساندىن جەننەت ماكان بوۋىسى شاھرۇھ مىرزا بىلەن بىللە كەلگەندى. كەم دېگەندە بىر تۈمەن كىشىلىك قوشۇننىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن كەلگەن بۇ

چوڭ كارۋاننىڭ ئالدىدا، يىپەك سايىۋەنلىك ھارۋىلارنىڭ بىرىدە
مومىسى گۆھەرشات بېگىم كېنىزەك ـ دېدەكلىرى بىلەن كارامەت
بىر سۆلەتتە ئولتۇراتتى. يۇزلىرىگە نېپىز يىپەك چۈمبەل تارتى-
ۋالغان بۇ چىرايلىق كېنىزەكلەر شاھزادىنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدى-
تاتتى. ئۇ بىردەم ئات ئويىنىتىپ سايىۋەنلىك ھارۋىلارنىڭ ئەتراپىدا
پەرۋانىدەك ئايلانسا، بىردەم ئارغىمىقىنى ئايىماي قامچىلاپ، يى-
راق ـ يىراقلارغا ئات چاپتۇرۇپ كېتەتتى. بوۋىسى شاھرۇھ مىرزا
تېز مېڭىشنى ياقتۇرمايتتى. ئۇ ئەڭ يېقىن ھەمسايىلىرى، بولۇپمۇ
ئۆلىمالار ۋە دىن پېشىۋالىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەچ، كارۋاننىڭ
ئالدىدا ئارغىمىقىنى ئاستا يورغىلىتىپ ماڭاتتى، لېكىن نەۋرىلى-
رىنىڭ شوخلۇق قىلىشىنى چەكلىمەي، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ئات
ئويىنىتىپ، قىلىچۋازلىق قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرسە خۇشال
بولۇپ كۈلۈپ قوياتتى. كەچقۇرۇنلىرى چوڭ كارۋان كەڭ دالىدا،
گۈزەل ئوتلاقلاردا قوناتتى. دۆڭ ـ قاپتاللارغا رەڭگارەڭ يىپەك
چېدىرلار تىكىلىپ، ھەممە ياقتا لاۋۇلداپ گۈلخان ياناتتى. ھىرات-
نىڭ مەشھۇر باقاۋۇللىرى قوزا گۆشلىرىدىن كاۋاپ ئېتىپ،
دورا ـ دەرمانلىرى تېتىغان مەززىلىك شورپىلارنى تەييار-
لىشاتتى ... مانا ئەمدى، قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن كەڭ «باغى مەيدان»
زور قوشۇننىڭ قارارگاھىنى ئەسلىتىپ، شاھزادىنىڭ خىيالىنى
بۆلۈۋەتتى، قەلبىدە جۇشقۇن، كۈچلۈك تىلەكلەرنى پەيدا قىلدى.
ئۇ گاھ دالىدىكى ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرىگە، گاھ يېقىن چېدىرلار-
دىكى گۈزەل كېنىزەكلەرنىڭ يېقىملىق كۈلكىلىرى ۋە زىننەت
بۇيۇملىرىنىڭ نەپىس جاراڭلاشلىرىغا قۇلاق سېلىپ، ئاسمانغا چې-
چىلغان سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلارغا تىكىلىپ ياتقىنىدا، جاھان
ئۇنىڭغا بىغۇبار، يورۇق بىر ماكان بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى
زور جەڭ ـ جېدەل، دەبدەبىيۇ تەنتەنە، شان ـ شەۋكەت ۋە تاج
ـ تەخت ئىشقىدا ياناتتى. لېكىن، بۇ تاج ـ تەخت ئۇنىڭغا
شان ـ شۆھرەت ۋە بەخت ـ سائادەت ئەمەس، ئەكسىچە بۇنداق
غۇربەت ۋە ئەندىشە كەلتۈرىدىغانلىقى ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ىدى . ئىسىت ، ئاشۇ غۇبارسىز ئۇسمۇرلۇك چاغلىرىنىڭ بىرەر دەقىقىسى بولسىمۇ قايتىپ كەلسە ـ ھە ! ...

شاھزادىنىڭ قەلبىنى مەيۇس ، ئەمما باشقا كۆڭلەردىكى قور- قۇنچلۇق تۇيغۇلارغا ئوخشىمايدىغان ئالىقاناداق ساپ تۇيغۇلار چۇل- غىۋالدى . شاھزادە جاراھەتلەنگەن قەلبىنى ئىللىق نۇرغا چۈمۈل- دۈرگەن بۇ ئەستىلىكلەر ئالىمى بىلەن ۋىدالاشقۇسى كەلمەي ، بىر بىسىپ ، ئىككى بىسىپ ، «قىرىق تۇۋرۇكلۇك»كە قايتتى . كۈن- نىڭ ئولتۇرغان ـ ئولتۇرمىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى ، لېكىن تاملىرى كۆك ، سېرىق ، ئاچ قىزىل رەڭدىكى جۇڭگو كاھىشلىرى بىلەن بېزەلگەن قىرىق تۇۋرۇكلۇك ھەيۋەتلىك ئىمارەت گويا ئۇلۇغ ئوت ئىچىدە قالغاندەك ۋال ـ ۋۇل يېنىپ كۆزنى قاماشتۇراتتى ، پەقەت بىنانىڭ تۆت بۇرجىكىدىكى تىنىق كۆك مۇنارلارلا ، بۇ ئوتقا بوي بەرمىگەندەك ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇراتتى ...

شاھزادە بىنا ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان خىزمەتكار- لارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ، ئاق مەرمەردىن ياسالغان پەلەمپەيلەرنى بىردىن ـ بىردىن بىسىپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى . ئىككىنچى قەۋەتتىكى ھەللىك بېزەكلەردىن چاقناپ كەتكەن ھەشەمەتلىك ئۆي- دە ، ئۇنى بەلخلىق نېگىر سۈپەت سارايۋەن كۈتۈۋالدى . شاھزادە ئۇنىڭ تەزىمىگە ئېتىبار قىلماي ئايۋانغا چىقتى . قىرغاقلىرىغا نەقىشلىك پەنجىرىلەر ئورنىتىلغان چوڭ ئايۋانغا يىپەك كۆرپىلەر سېلىنغان بولۇپ ، ئوتتۇرىدىكى شىرەگە تاۋاق ـ تاۋاق ناز ۇ نېمەت- لەر تىزىلغانىدى . دۆڭگە سېلىنغان بۇ ھەيۋەتلىك بىنانىڭ ئايۋىنىدا تۇرۇپ قارىسا ، يامغۇردا يۇيۇلغان بۇ كۆز يەتكۈسىز چوڭ باغ ، قىزىل قۇم سېپىلگەن يوللار ، ھىلال ئاي ۋە يۇلتۇز شەكلىدىكى گۈلزارلار تېخىمۇ گۈزەل ، تېخىمۇ كۆركەم كۆرۈنەتتى . نېرىراق- تا ، كۆھەك قاپتىلىنىڭ كەينىدە ئاسمانغا تاقاشقان ئېگىز تاغلار نېپىز كۆكۈچ تۇمان ئارىسىدا كۆزگە چېلىقاتتى . سەمەرقەند شەھى- رى دەرەخلەر ئارىسىدا ئېنىق كۆرۈنمىسىمۇ ، لېكىن بىرىراقتا ، ياپيېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىدا يەنە بىر ئېگىز بىنا كۆزنى قاماشتۇ-

رۈپ چاقنايتتى . بۇ ، شەپەقتە جۇلالانغان رەسەتخانا پەشتاقلىرى ئىدى ...

شاھزادىنىڭ خىيالىنى سارايۋەنىنىڭ پەس ئاۋازى بۆلدى :

— ئۇلۇغ شاھىم ، ئەپۇ قىلغايسىز ، دەرھال قايتىشىمىز كېرەك ، بولمىسا پايتەخت دەرۋازىلىرى ئېتىلىپ قالىدۇ ...

«دەرۋازىلار ئېتىلىپ قالىدۇ ؟ ... ياق ، شاھزادە كۆكسارايغا قايتمايدۇ . ئۇ بۈگۈن شۇ باغدا ، شۇ بىنادا تۈنەيدۇ . ئېھتىمال بۇ باغدا تۈنەپ ، يۈرىكىنى مۇجۇغان مۇدھىش ۋەسۋەسىدىن قۇتۇلۇر ! ...»

— مۇسەللەس بارمۇ ؟ — دېدى شاھزادە ئېگىز تاغلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي .

— بار ، ئۇلۇغ شاھىم ... — سارايۋەن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى ـ دە ، دەرھال قايتىپ چىقتى . شاھزادە قارىماي تۇرۇپمۇ كوزىدىن قۇيۇلۇۋاتقان شارابنىڭ يېنىك كورۇلدىشىنى ئىشىتتى .

— مەرھەمەت قىلغايسىز ، ئۇلۇغ شاھىم ...

شاھزادە گۈللۈك جانان چىنىدە قىپقىزىل يالتىراپ تۇرغان قويۇق مەينى بىر كۆتۈرۈشىدە ئىچىۋەتتى ـ دە ، «يەنە» دەپ ئىشارەت قىلدى . ئۇ ئىككىنچى قەدەھنىمۇ بوشىتىپ ، سارايۋەنگە قەدەھنى قايتۇرۇپ بەرگەچ :

— بۈگۈن مۇشۇ يەردە تۈنەيمەن ، — دېدى ، — باقاۋۇللار بارمۇ ؟

— خىزمىتىڭىزگە تەييار ، ئۇلۇغ شاھىم ...

— ئېيت ، ئۆردەك كاۋىپى ئەتسۇن !

— باش ئۈستىگە ...

— توختا ! — شاھزادە كۈلۈمسىرىگىنىچە سارايۋەنىنىڭ قولىدىن گۈللۈك چىنە كوزىنى ئېلىپ شىرەگە قويدى . ئۇنىڭ قەلبىدە قانداقتۇر يېڭى بىر تىلەك ، شوخلۇق ، كەيپ سۈرۈش ئىستىكى پەيدا بولغانىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— كۆكسارايغا چاپارمەن ئەۋەت ! بىرىپ ھەرەمبېگىگە ئېيت-سۇن . بەش ـ ئالتە ياش كېنىزەك بىلەن ئاخشىچىلارنى ئېلىپ ، دەرھال يېتىپ كەلسۇن ... ئۇقتۇڭمۇ ؟ — شاھزادە يەنە كۈلۈمسى-رەپ ، سارايۋەنگە كۆزىنى قىستى :

— بۇگۈن بىرلىكتە كەيپ سۈرىمىز ، كېنىزەكلەر ئارىسىدىن كۆڭلۈڭگە ياقىنىنى تاللىۋال ! ...

— ئاپىرىن ، ئۇلۇغ شاھىم ، — سارايۋەن كۈلۈمسىرەپ ، كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى .

شاھزادە نەقىشلىك چىنە كوزىدىن يەنە بىر قەدەھ مەي قۇيۇپ ئىچتى ـ دە ، شىرەدىكى نازۇ نېمەتلەرگە ئانچە ـ مۇنچە ئېغىز تېگىپ ، يېپەك كۆرپىگە يانپاشلىدى ...

باغلارنىڭ كەينىدىكى شەپەق ئۆچۈپ ، ئاسماندا ، شالاڭ بۇلۇت-لار ئارىسىدا دەسلەپكى يۇلتۇزلار يانغانىدى . پەستە سارايۋەننىڭ قوپال ئاۋازى ۋە دۈكۈرلىگەن ئاياغ تاۋۇشلىرى ئاڭلاندى . بىردەم-دىن كېيىن بۇ ئاۋازلار جىمىپ ، بىنا چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆم-دى . شاھزادە پۈتۈن بەدىنىگە راھەتبەخش بىر نەرسە قۇيۇلغاندەك ئۇگە ـ ئۇگىلىرىگىچە بوشىشىپ ، يۇمشاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەز-دى ـ دە ، بېشىنى پەر ياستۇققا قويدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇشقا باشلاپ ، كۆڭلىدە : «ئېھتىمال ، بۇگۈن ھەممە غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس بولۇرمەن ! — دېگەن ئوي كەچتى . پىچىرلاپ تۇرۇپ ، — يا رەببىم ! ئۆز پاناھىڭغا ئېلىپ ، رەھىم ـ شەپقىتىڭنى ئايىمىغاي-سەن !» دەپ قويدى .

شاھزادە چۈش كۆردى . چۈشىدە ئۇ كۆكسارايدا ، ھەرەمخانىغا يانداش ئوردىدەك كەڭ ، ھەشەمەتلىك ئۆيدە كاتتا بەزمە قىلىۋاتقان-كەن . بەزمىگە بارلىق ئەمىرلەر ۋە نوپۇزلۇق بەگلەر ، ئوردا ۋە ساراي مەھرەملىرى بىلەن شاھزادىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرى يىغىلغانىكەن . باقاۋۇللار ئالتۇن تاۋاقلاردا تائام ئۇستىگە تائام توشۇپتۇ ، مەي ـ شاراب دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ . پەگادا ئولتۇرغان مەشھۇر سازەندىلەر جاننى ئەسىر قىلغۇچى شادىيانە كۈيلەرگە چاپ-

تۇ . ئۆينىڭ تۆرىدىكى نىپىز پەردە ئارقىسىدا بولسا ، يېرىم يالىڭاچ ئازىنىلار زىبۇ زىننەتلىرىنى يىقىملىق جاراڭلىتىپ ، مىڭ مۇقامدا ناز بىلەن خىرامان يۈرۈشۈپتۇ ... توساتتىن ئىشكتىن ئەمىر سۇلتان جاندار كىرىپ سەجدىگە باش قويۇپتۇ . شاھزادە ئەمىر جاندارنى كۆرۈپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ ـ دە :

— تۇتۇڭلار بۇ پىتنىخورنى ! — دەپ ۋارقىراپتۇ ، — بۇ كاززاپ پايتەختكە يوشۇرۇنۇۋېلىپ ، بىزگە ئورا كولاپ يۈرىدۇ !

تۆردە ئولتۇرغان ئەمىرلەردىن بىر نەچچىسى ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇپ قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپتۇ . لېكىن ، ئەمىر جاندار بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ، شاھزادىگە قاراپ يەنە تەزىم قىپتۇ ۋە :

— قۇدرەتلىك شاھىم ! پېقىر — پىتنە ـ پاساتتىن خالىي سادىق قۇلىڭىزمەن ! — دەپتۇ .

— سادىق قـۇلـۇم بـولـسـاڭ ، نـەلـەردە يۈردۈڭ ، ھـەي ئىپلاس ! ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ شاھزادە .

— سادىق قـۇلىڭىز سىز ئـۇلـۇغ شاھىمـغا كېيىك ئوۋلاپ تاغلاردا يۈرگەنىدىم ، بۈگۈن بىر كېيىكنىڭ كاللىسىنى كەلتۈردۈم . ئۇنى يېسىڭىز ، ھەممە غەم ـ ئەندىشە ، ھەممە كېسەلدىن قۇتۇلۇپ ، قۇشتەك يېنىكلەپ كېتىسىز ، پاناھدارىم ! — ئەمىر جاندار شۇنداق دەپتۇ ـ دە ، ئىشىكتىن كىمدۇر بىرسىنى ئىشارەت بىلەن چاقىرىپتۇ . ئۆيگە داستىخان يېپىلغان يوغان بىر ئالتۇن پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ ، ناتونۇش بىر نۆكەر كىرىپتۇ . ئەمىر جاندار ئۇنىڭ قولىدىن پەتنۇسنى ئېلىپ ، شاھزادىگە سۇنۇپتۇ :

— ھەممە دەردىڭىزگە داۋا بولىدۇ ، تېتىپ كۆرۈڭ ، ئۇلۇغ شاھىم !

شاھزادە پەتنۇسنى ئېلىپ ، داستىخاننى ئېچىپتۇ . ئالتۇن پەتنۇستا ... ئۇنىڭ ئۆز كاللىسى قانغا بويالغان ھالدا ھىجىيىپ تۇرارمىش ! ... پەتنۇس قولىدىن چۈشۈپ ، قانغا بويالغان كاللىسى يەرگە دومىلاپ كېتىپتۇ ...

شاھزادە : «داد ! » دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئويغىنىپ كەتتى . ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۈشىدىلا ئەمەس، ئويغىدىمۇ: «داد!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى بولغاي، چاك ۋە ساتارنىڭ ئاۋازى چىقىۋاتقان قوشنا ئۆيدىن بەلخلىق سارايـ ۋەن بىلەن يەنە بىر خىزمەتكار يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇلار چىققاندا، شاھزادە ئوڭ قولىدا يالىڭاچلانغان قىلىچ، سول قولى بىلەن ئايۋانـ نىڭ تۈۋرۈكىنى قۇچاقلىغىنىچە شىر كەيپ ئادەمدەك دەلدەڭشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شۇ تۇرۇشى، ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتكەن كۆزلىرى، پۈتۈن تۇرقى ـ سىياقى شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىدىكى، يۈگۈرۈپ چىققان سارايۋەن بىلەن يەنە بىر خىزمەتكار ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمەي، بوسۇغىدا تۇرۇپ قېلىشتى.

— سىز ... نېمە بولدىڭىز، ئۇلۇغ شاھىم؟

بەلخلىق سارايۋەننىڭ تونۇش ئاۋازى شاھزادىنى ئەس ـ ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇ ھازىر كۆرگەنلىرىنىڭ چۈش ئىكەنلىكىنى بايقاپ، تېنى بوشىشىپ كۆزىنى يۇمدى، لېكىن كۆزىنى يۇمۇشى بىلەن، ئالتۇن پەتنۇستا ھېجىيىپ تۇرغان ئۆز كاللىسى يەنە كۆزىـ گە كۆرۈنۈپ، بىر چۆچۈدى ـ دە، قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇدۇـ لىدا تۇرغان سارايۋەن تەرەپكە يۈگۈردى. سارايۋەن بىلەن ئۇنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋالغان خىزمەتكار ھودۇقۇپ، ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى. بېشىدىكى تاجلىق تەلپىكى بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ كەتـ كەن، كۆزلىرى چانىقىدىن چىققۇدەك چەكچەيگەن شاھزادە دەلدەڭـ شىگىنىچە يوپيورۇق ئۆيگە كىردى. پەگادا تېڭىرقاپ تۇرغان بىر ـ نەچچە سازەندە بىلەن ناخشىچى ئۇنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنى پەلەمپەيـ دىن پەسكە ئاتتى. تۆردە، يىپەك پەردە ئارقىسىدا بىر ـ بىرىنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالغان كېنىزەكلەردىن بىرى چىرقىراپ تاشلىدى.

— يوقال! — ۋارقىرىدى شاھزادە پەگادا توختاپ، — يوقال، بۇ دەرگاھتىن!

يېرىم يالىڭاچ كېنىزەكلەر گويا ئۈركىگەن كېيىكلەردەك بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ، مەرمەر پەلەمپەيدىن ئۆزلىرىنى پەسكە ئېتىشتى.

شاھزادە ئۇلارنىڭ لاغىلداپ تىترەۋاتقان ئاپئاق بەدەنلىرىدىن

كۆزىنى قاچۇرغاچ ، ئويلىدى : «ئۇ يەردىمۇ يالىڭاچ كېنىزەك ، بۇ يەردىمۇ يالىڭاچ كېنىزەك . ئەستاغپۇرۇللا ! بۇ چۈشۈممۇ يا ئوڭۇممۇ ؟ بېشىمدا يەنە قانداق سەۋدالار بار ، خەللاقى ئالەم ! ... »

يورۇق ئۆي ئۇنى خېلى ئەسلىگە كەلتۇردى . ئۇ قىلىچىنى قىنىغا سېلىپ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىدى ، لېكىن يۈرىكى يەنىلا گۇپ - گۇپ سېلىپ ، نەپسى يەتمەي ھاسىرايتتى ...

«خۇداغا شۈكۈر . كۆرگىنىم چۈش ئىكەن ، چۈش ! لېكىن قانغا بويالغان ئۆز كاللام ! ... ئەي ، پەرۋەردىگار ! ئاجىز بەندەڭنىڭ بېشىغا يەنە قانداق سەۋدالارنى سالارسەن ؟ تەقدىر نېمىنى راۋا كۆرىدۇ ماڭا ؟ »

«تەقدىر » سۆزى شاھزادىگە نېمە ئۈچۈندۇر مەۋلانە ئەلى قۇشچىنى ئەسلەتتى .

«ھە راست ، ھەممە ئىلىمدە ۋايىغا يەتكەن ئۇ ئالىم زايىچىگە قاراپ تەقدىرىمنى سۆزلەپ بېرىشى لازىم ئىدى ! » دەپ ئويلىدى شاھزادە ۋە كۆزلىرىنى غەلىتە چەكچەيتىپ ، ئىشىكتە ھاڭۋېقىپ تۇرغان نېگىر سۇپەت سارايۋەنگە قارىدى .

— دەرھال كۆكسارايغا چاپارمەن ئەۋەت ! مەۋلانە ئەلى قۇشچىنى ئېلىپ كەلسۇن !

— ئۇلۇغ شاھىم ! — ئايۋانىنىڭ ئىشىكىدە تۇرغان سارايۋەن جۇرئەتسىزلىك بىلەن قەدەم بېسىپ ، ئىچكىرىگە كىردى ، — پىرىم كېچىدىن ئاشتى ، پايتەخت دەرۋازىلىرى ئېتىلىپ بولدى !

شاھزادىنى تىترەك بېسىپ ، سارايۋەنگە يېقىنلاشتى .

— چاپارمەنگە يارلىق يېزىپ ، مۆھۈر بېسىپ بەر ! بولمىسا ، ئۆزۈڭ بىللە بار ! بەس ! مەۋلانىنى يەرنىڭ ئاستىدىن بولسىمۇ تېپىپ كېلىسەن . ئۇقتۇڭمۇ ؟

سارايۋەن لام - جىم دېمەي ، باش ئەگكىنىچە پەسكە چۈشۈپ كەتتى .

شاھزادە ھالسىزلىنىپ تامغا يۆلەندى . قورقۇنچ ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى . ئۇ دەرمانسىزلىقتىن پالاققىدە يىقىلىپ چۈشەي

دىسمو ، لېكىن يىقىلىشتىن قورقاتتى . چۈنكى ، كۆزىنى يۇمۇشى بىلەنلا ئالتۇن پەتنۇستا قانغا بويىلىپ تۇرغان ئۆز كاللىسىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنىدىغانلىقىنى بىلەتتى . كۆز ئالدىدىن ئېرى كەتمەي-ۋاتقان بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى ئۇنتۇش مەقسىتىدە ، ئۇ يەنە بىر قەدەھ مەي ئىچتى ، لېكىن قېرىشقاندەك ، بۇ بىر قەدەھ مەي ئۇنى تېخىمۇ چۆچۈتتۈەتتى . ئۇ گويا ئىشىكتىن هازىر ئەمىر جاندار كىرىپ كېلىدىغاندەك ، كىرىپ داستىخان يېپىلغان ئاشۇ پەتنۇسنى ئۇنىڭغا سۇنىدىغاندەك ، يەنە بىر هازالارغىچە گاڭگىراپ تۇردى ، پۈتۈن ۋۇجۇدى قۇلاق بولۇپ ، پەستىكى ئاۋازلارغا قۇلاق سالغىنىد-چە داڭقېتىپ تۇرغاچ ، ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتكەن كۆزلىرى توساتتىن تەكچىدىكى كىتابلارغا چۈشتى . ئايۋانغا چىقىدىغان ئى-شىكنىڭ ئۈستىدىكى قۇببىسىمان تەكچىگە تىزىلغان بۇ كىتابلارغا هېچكىم تەگمىگەندەك قىلاتتى . بۇ كىتابلارنىڭ كۆك ، سېرىق ، قىزىل خۇرۇم مۇقاۋىلىرى ئالتۇن قەندىلگە تىزىلغان شاملارنىڭ شولىسىدا رەڭگارەڭ جۇلالىنىپ ، خۇددى يادەك كۆرۈنەتتى .

شاهزادە كۆز ئالدىدىكى قورقۇنچلۇق مەنزىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىدە كۆك خۇرۇم مۇقاۋىسى هەل بىلەن بېزەلگەن قېلىن كىتابنى ئالدى : «نىزامى گەنجىۋى !»

شاهزادە ياشلىقىدا ، مەدرىسىدە تەلىم ئېلىپ يۈرگەن چاغلىد-رىدا ، نىزامىنىڭ مۇزىكىدەك ئاهاڭدار شېئىرلىرىنى ، هېكمەتكە باي رىۋايەتلىرىنى ، داستانلىرىنى كۆپ ئوقۇغانىدى . شۇ سەۋەب-تىن ، شاهزادىنىڭ قەلبىدە قانداقتۇر ئۈمىدكە ئوخشايدىغان بىر نەرسە جاۋاب قىلدى . ئۇ خـۇددى خىيالىنى چـۇلغىۋالغان قـور-قۇنچلـۇق تېپىشماققا نىزامى گـەنجىۋىـدىن جـاۋاب تاپىدىغاندەك ئالدىراپ ـ تېنەپ كىتابنى ئېچىپ ، بىرىنچى كۆپلىتقا كۆز يۈ-گۈرتتى ـ دە ، گويا بېشىغا يوغان كالتەك تەگكەندەك دەلدەڭشىپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ ، كۆك خۇرۇم مۇقاۋىلىق چوڭ كىتاب خۇددى چۈشىدە كۆرگەن ئالتۇن پەتنۇستەك ، قولىدىن سىيرىلىپ چـۈشـۈپ ، يىرتىق ۋاراقـلىرى گىلـەمگـە چېچىلىپ

كەتتى ...

يا رەببى ! هازىر كىتابنى ئاچقاندا دەسلەپتىلا كۆزدە چېلىققان باشتىكى مىسرالار ... چۈشىدە كۆرگەن قانلىق كاللىدىنمۇ دەھشەتلىك ئىدى ... شاھزادە يۈرىكىنى چاڭگاللىغىنىچە كۆزىنى يۇمدى . لېكىن ، ھەل بىلەن يېزىلغان سىرلىق مىسرالار خۇددى بايىقى قانلىق كاللىدەك كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەي ، ئوتتەك لاۋۇلداپ تۇراتتى . شاھزادە ئۆزىنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويغان بۇ ئىككى مىسرانى ئاخىرىغىچە ئوقۇغان ـ ئوقۇمىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى . لېكىن ، ئۇنىڭدىكى : «ئـاتا قاتىلى ، تاج ـ تەخت ، ئالتە ئاي ... » دېگەن سۆزلەر خۇددى قىزىتىلغان تۆمۈر بىلەن ئويۇپ يېزىلغاندەك ، ئۇنىڭ مىڭىسىنى «پىژ ـ پىژ » كۆيدۈرۈپ ، كۆز ئالدىدا ۋال ـ ۋۇل يېنىپ تۇراتتى . «ئـاتـا قـاتىلى... تاج ـ تەخت ... ئالتە ئايدىن ئاشمايدۇ ... »

«ئۇنىڭ تەختكە چىققىنىغا قانچە ئاي بولدى ؟ ... شەئبان ئاي ئىدى . بۈگۈن رەبىئۇل ئەۋۋەل[1]... ئالتە ئاي بوپتۇ ! ... »

شاھزادە تۇرغان يېرىدىلا گىلەمگە تىزلىنىپ ، سەجدىگە باش قويدى ، ئاچچىق پەرياد ئارىلاش بىر سادا ئۇنىڭ كۆكسىنى يېرىپ چىقتى :

«ئاجىز بەندەڭگە ئۆزۈڭ شەپقەت قىلغايسەن ، ئىبە ، پەرۋەردىگارى ئالەم ! ۋە لېكىن ، گۇناھىم نېمە ؟ قۇدرىتىڭگە شەك كەلتۈرۈپ ، ھەق يولدىن تايغان شۇ بىتەۋپىق ئىتلارنى ئۇجۇقتۇرغانلىقىممۇ ؟ دىنسىزلار پۈتكەن مەكروھ كىتابلارنى ئوتتا كۆيدۈرگەنلىكىممۇ ؟ ... ئاجىز بەندەڭگە ئايان قىل ، گۇناھى نېمە ئۇنىڭ ، زادى نېمە ؟ »

شاھـزادە سەجـدىگە بـاش قـويـۇپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ رەھىم ـ شەپقەت تىلەيتتى ، يۇم ـ يۇم يىغلاپ ، تەلۋىلەردەك بىر نېمىلەرنى دەيتتى ...

---

[1] رەبىئۇل ئەۋۋەل — 1450 ـ يىل ، ماي ئېيىغا توغرا كېلىدۇ .

# 25

مەۋلانە ئەلى قۇشچىنى يېرىم كېچىدە ئويغاتقاندا ، ئۇنىڭ كال-
لىسىدا : «يەنە شاھزادە چاقىرتقانمىدۇ ؟ يەنە زايىچىگە قاراپ تەقدى-
رىمنى بىلىپ بەر دەيدىغانمىدۇ ؟ » دېگەن ئوي كەچتى . ئەلى قۇش-
چى دۇنياغا كېلىپ تېخى ئىلمىنۇجۇم بىلەن شۇغۇللىنىپ باقمى-
غاچقا ، بولۇپمۇ تەقدىردىن بېشارەت بېرىش ئادىتى بولمىغاچقا ، ئۇ
شاھزادە بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئەنسىرەيتتى . مانا ، ئىككى ھەپتى-
دىن بېرى ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ ، ئۇنى ئۇمىد بىلەن
كۈتۈۋاتقان شاھزادىگە ئېنىق بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى
ئويلاپ ۋىجدانى ئازابلىناتتى . مانا ئەمدى ، ئاشۇ ئېغىر كۈن يېتىپ
كەلدى . لېكىن ، ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى ، ئەلى قۇشچىنى ئويغات-
قان ياساۋۇللار ئۇنى سالامخانىغا باشلىماستىن ، كۆكسارايدىن تاش-
قىرىغا ئېلىپ چىقىپ ، دەرۋازىدا تەييارلىنىپ تۇرغان ئەرەب ئار-
غىماقلىرىدىن بىرىگە مىنگۈزۈپ ، رېگىستان مەيدانى تەرەپكە ئېلىپ
كېتىشتى .

كۈندۈزدىكى ئىللىق ھاۋا بۇزۇلۇپ ، قاتتىق شامال چىقىۋاتات-
تى . ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىغان بولۇپ ، ئادەمزاتسىز كوچىلار
جىمجىت ئىدى .

«بۇ يېرىم كېچىدە مېنى قەيەرگە ئېلىپ بارىدىغاندۇ ؟ مۇددى-
ئاسى نېمە بۇ ياساۋۇللارنىڭ ؟ » ئەلى قۇشچىنىڭ كۆڭلىدە قور-
قۇنچلۇق بىر گۇمان پەيدا بولۇپ ، تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى ، لېكىن
سەل ئويلانغاندىن كېيىن ، ئىچىدە كۈلۈپ قويدى : «بېشىڭغا نېمە
كۈنلەر كەلمىدى ؟ ئەمدى كۆرىدىغىنىڭ بۇنىڭدىن يامان بولماس .
نېمىشقا تىترەيسەن ، مەۋلانە ؟ ... »

ئالدىدا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان نۆكەرلەر كېش دەرۋازىسى-
دىن چىقىپلا سولغا بۇرۇلدى . ئاندىن قىر - ئېدىرلاردىن ، سۇسىز
خەندەكلەردىن ، ئېرىق - ئۆستەڭلەردىن ئۆتۈپ ، باغ ۋە ئېتىزلىق-
لارنى ئارىلاپ كېتىشتى . ئۇلار شۇ يوسۇندا خېلى مېڭىپ چوڭ

يولغا چىقىشتى . چوڭ يولغا چىقىش بىلەنلا ئەلى قۇشچىنىڭ يۈرىكى يەنە جىغىلداپ كەتتى : «بۇ يول ئۇدۇل رەسەتخانىغا بارىدىغان يولغۇ ! ... مىنى رەسەتخانىغا ئېلىپ بارامدۇ نېمە ؟ ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى زادى نېمە ؟ »

ياق ، ئالدىدا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان نۆكەرلەر رەسەتخانىغا يېتىپ بارمايلا يەنە سولغا ، «باغى مەيدان» تەرەپكە بۇرۇلدى . باغنىڭ ئۈستى يېپىقلىق دەرۋازىخانىسى ئالدىدا ئەلى قۇشچىنى بەلخلىق نېگىر سۈپەت سارايۋەن قارشى ئېلىپ ئىچكىرىگە باشلىدى . سارايۋەن ئېغىز ئېچىپ بىر نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئۇندىمەسلىكى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى . چۈنكى ، قاپقاراڭغۇ تۈن قوينىدا ئورماندەك شاۋقۇنلىنىۋاتقان بۇ چوڭ باغدا نېمە ئىشلار يۈز بەرمىگەن دەيسىز .

«قىرىق تۈۋرۈكلۈك» بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتى قاپقاراڭغۇ بولۇپ ، پەقەت ئۈستۈنكى قەۋەتنىڭ بىر دېرىزىسىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى ، لېكىن ئىچىدىن ھېچقانداق سادا چىقماي ، ھەيۋەتلىك بىنا خۇددى يوغان مەقبەرىدەك چوڭقۇر سۈكۈتتە تۇراتتى .

مەرمەر پەلەمپەيلەر ئارقىلىق ئىككىنچى قەۋەتكە چىققان سارايۋەن ئىشىك ئالدىدا توختاپ ، ئەلى قۇشچىنى كۈتۈپ تۇردى . ئەلى قۇشچى چىققاندىن كېيىن ، ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ ، ئۇنىڭغا يول بەردى . ئۆيگە بىرىنچى بولۇپ كىرگەن ئەلى قۇشچى ھەيران بولۇپ پەگادا توختىدى . ئوتتۇرىغا شىرەلەر قويۇلۇپ ، يىپەك كۆرپىلەر سېلىنغان ، تۆرگە بولسا نېپىز قىزغۇچ پەردە تارتىلغان بۇ ھەشەمەتلىك ئۆي دەسلەپتە ئۇنىڭغا ئادەم يوقتەك تۇيۇلدى . لېكىن ، ئىككىنچى دەقىقىدە ئۇ شىرەنىڭ ئارقىسىدا قىبلىگە قارىغىنىچە سەجدىگە باش قويۇپ ياتقان بىر ئادەمنى كۆردى . بىرىنچىمىلەرنى دەپ پىچىرلاۋاتقان بۇ ئادەم شاھزادە مىرزا ئابدۇللەتىپ ئىدى ! شىرەنىڭ بۇ تەرىپىدە ، ئايۋانغا چىقىدىغان ئىشىكنىڭ ئالدىدا كۆك تاشلىق قېلىن بىر كىتابنىڭ يىرتىلغان ۋاراقلىرى چېچىلىپ ياتاتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەلى قۇشچى ھەيران بولۇپ سارايۋەنگە قارىدى . سارايۋەن شاھزادىنى زاڭلىق قىلغاندەك تەرىنى تۇردى ـ دە ، ئالدىغا ئۆتۈپ :

— ئـۇلـۇغ شاھىم ... — دېدى جۇرئەتسىزلىك بىلەن ، — مەۋلانە ئەلى قۇشچى كەلدى ...

— ھە ؟ — شاھزادە شاققىدە قارىدى . ئۇنىڭ سولغۇن ، تاتىرىپ كەتكەن يۈزىدە ۋە پەردازلانمىغان بۇرۇت ـ ساقاللىرىدا ياش تامچىلىرى يالتىرايتتى .

— ھە ، ھىم ، مەۋلانە ئەلى قۇشچى ! خۇش كەپسىز ، مەۋلانە ، خۇش كەپسىز ... — شاھزادە ئالدىراپ ـ تېنەپ ئورنىدىن تۇردى ، بېلىدىكى قىلىچنى شىرەگە تاراق ـ تۇرۇق تەگكۈزۈپ ئالدىغا ئۆتتى ـ دە ، ئېھتىرام بىلەن سالام بەردى .

— سىزنى كۆرگىنىمگە چەكسىز خۇرسەنمەن ، مەۋلانە ، چەكسىز خۇرسەنمەن ...

شاھزادىنىڭ دۇدۇقلاپ قىلغان گەپلىرىدە ۋە قىلىقلىرىدا كىشىنى چۆچۈتىدىغان ، تەلۋىلەرگە خاس بىر نەرسە بار ئىدى ، لېكىن بۇ تونۇگۈنكىدەك ساراڭلىق ئەمەس ، بەلكى كىشىنى قورقۇتىدىغان بىر تەلۋىلىك ئىدى .

«خۇدايا تۇۋا ! بۇ قۇزغۇن قانداق قىلىپ ئىنسابىغا كېلىپ قالغاندۇ ؟ پېقىر تېخى تونۇگۈنلا ‹مۇرتەت› ، ئالىم ئىدىم ، بۈگۈن قانداقسىگە ‹مەۋلانە› بولۇپ قالدىم ؟ »

شاھزادە سارايۋەنگە قاراپ ، يەردە ياتقان كىتابقا ئىشارەت قىلدى . ئۇ گويا كىتابنى ئەمەس ، چايانني كۆرگەندەك يىرگىنىپ :

— بۇنى ئېلىپ ئوتقا تاشلا ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى .

سارايۋەن گىلەمدە چېچىلىپ ياتقان كىتاب ۋاراقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كىتابنىڭ ئارىسىغا سالدى ـ دە ، ئۇندىمەي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . سارايۋەن چىقىپ كېتىشى بىلەن مىرزا ئابدۇللىتىپ نەملەشكەن كىرپىكلىرىنى شىپ ـ شىپ قىلىپ ، ئەلى قۇشچىغا قارىدى ۋە ئاۋازى ئەنسىز تىترەپ :

— ھۆرمەتلىك مەۋلانە ! — دېدى ، — مەن سىزدىن زايىچىگە

قاراپ بېرىشىڭىزنى سورىغانىدىم . قارىدىڭىزمۇ ؟

شاھزادىنىڭ خوشامەت ئارىلاش ئېچىنىشلىق قىياپەتتە كۆلۈمسىرىگەنلىكى سەۋەبىدىنمۇ ياكى كېيىنكى سۆزلەرنى ئەيمىنىپكىنە قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ ، ئەلى قۇشچىنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كەتتى ـ دە ، كۆزىنى ئۇنىڭ نەملەشكەن كۆزىدىن قاچۇردى . ئۇ ھازىر «ياق» دېسىلا شاھزادىنىڭ دەرغەزەپكە كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى ، لېكىن ئەلى قۇشچى ئۇنىڭدىن قورققانلىقى ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى يۈرەكئوكىدىن ئايرىلىپ ، ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان شاھزادىگە ئېچىنغانلىقتىن ، ئاللىقانداق مۇلايىملىق بىلەن :

— كەچۈرگەيسىز ، شاھزادە ، — دېدى ئۇستا ، — ئىلمىنۇجۇمدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىمنى تۇنۇگۇنلا ئېيتتىمغۇ …

— ياق ! ياق ! — شاھزادە چۆچۈپ كېتىپ كەينىگە سەنتۈرۈلدى ، — سىز دەك يېتۈك ئالىم ئىلمىنۇجۇمدىن خەۋەرسىز بولۇشىڭىز مۇمكىن ئەمەس ، مەۋلانە !

مىرزا ئابدۇللىتىپنىڭ ئاۋازىدا ، ياشقا تولغان كۆزلىرىدە شۇنداق بىر يېلىنىش ئالامىتى بار ئىدىكى ، ئەلى قۇشچىنىڭ كاللىسىدا يەنە بايىقى ئوي كەچتى : «ئۇ تەلۋە نېمە بولغاندۇ؟ نېمىشقا بۇنداق تىترەيدىغاندۇ ؟»

— ئەپسۇسكى ، كەمىنە بۇ ساھەدە بىلىمسىز بىر ئاۋامەن ، — دېدى ئۇ شاھزادىگە قارىماي ، — ئىلمىي رىيازىيات بابىدىن سوئال سورىسىڭىز جاۋاب بېرىمەن . ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ھالىتىدىن سوئال سورىسىڭىزمۇ جاۋاب بېرىشىم مۇمكىن ، ۋە لېكىن …

— يۇلتۇزلار ھالىتىنى بىلگەن ئالىم ئىلمىنۇجۇمدىنمۇ خەۋەردار بولۇشى كېرەك …

— ئەپسۇسكى …

— ياق ، سىز بىلىسىز ! مېنىڭ پېشانەمگە نېمىلەر يېزىلدى ، ھاكىمىيەتنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ ، ھەممىنى بىلىسىز ، ۋە لېكىن دېيىشنى خالىمايسىز ! — شاھزادە ئوڭ قولى بىلەن قىلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

چىنىڭ دەستىسىنى تۇتقىنىچە ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاپىقىنى تۇ-رۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى بايىقى غەمكىنلىك يەنە شەپقەت-سىزلىك ئىپادىسى بىلەن ئالماشتى، نېپىز لەۋلىرى قاتتىق ھىم-لىشىپ، شالاڭ بۇرۇتلىرى دىڭگايدى. ئۇ ھازىرلا جان ـ جەھلى بىلەن: «سارايـۋەن!» دەپ ۋارقىرىشى ۋە: «يـوقـات بۇ مۇرتەت-نى!» دەپ بۇيرۇق بېرىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى...

«قانداق قىلىش كېرەك؟ زايىچىگە قارىدىم، قورقماڭ، تەق-دىرىڭىز يامان ئەمەسكەن دېيىش كېرەكمۇ؟ تۇغۇلۇپ ـ تۆرىلىپ يالغان سۆزلەپ باقمىغان مەن — ئەلى قۇشچى ئەمدى زىنداندىن قورقۇپ، يالغان سۆزلىسەم بولۇرمۇ؟ بىلمىگەن نەرسىنى بىلىمەن دېسەم بولۇرمۇ؟ بولۇپمۇ ئۆز ئاتىسىغا قىلىچ كۆتۈرگەن كۇنىلا تەقدىرى ئايان بولۇپ بولغان بۇ ئاتا قاتىلىغا يالغان سۆزلەپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساش ۋىجدانغا خىلاپ ئەمەسمۇ؟»

ئەلى قۇشچى ئوتتۇرىدا گىدىيىپ تۇرغان شاھزادىگە يەر ئاس-تىدىن بىر قـاراپ قـويـدى. ئـۇ يەنىلا شـاھزادىنىڭ «غەزەپلىـ-نىپ»، تەلۋىلەرچە ۋارقىرىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. بىراق شاھزادە توساتتىن ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى يوشۇرۇپ:

— نېمىشقا رەھىم قىلمايسىز، مەۋلانە؟ — دېدى يىغلامسى-راپ، — يا رەقىبلىرىمنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىغا ئىشىنىپ قالدى-ڭىزمۇ؟ ئۇستازىڭىز بولغان ئۇ زاتنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى شۇ بولسا، بۇنىڭغا نېمە چارە؟ ئۇ زاتقا قەست قىلغان بارلىق قۇزغۇن-لارنى قىرىپ تاشلاپ، قىساس ئالدىم. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق قىلاي؟ گۇناھىم نېمە مېنىڭ؟ ئەگەر كۇپۇر كىتابلارنى كۆيدۈردى دېيىلسە... ئۇنىمۇ ھەقىقەت ئۈچۈن، ئىسلام دىنى ئۈچۈن كۆيدۈر-دۈم...

شاھزادە «كۇپۇر كىتابلار» دېيىشى بىلەنلا، ئەلى قۇشچىنىڭ قەلبىدە يالتىراپ تۇرغان ئاللىقانداق نۇر بىراقلا ئۆچتى. ئۇ: «بۇ كىتابلار كۇپۇر ئەمەس، بەلكى سەلتەنەت ئاسمىنىدا پارلاپ تۇرغان بىر مەشئەل ئىدى. سەن بۇ مەشئەلنى ئۆچۈرۈپ، ئەلنىمۇ، ئۆ-

زۇڭنىمۇ ئەبەدىلئەبەد زۇلمەتكە مەھكۇم قىلدىڭ ، ھەي ئىپ-لاس ! » دېگۇسى كەلدىيۇ ، شاھزادىنىڭ ئۇنسىز تىترەپ يىغلاۋاتقان-لىقىنى كۆرۈپ ، غەزىپىنى بېسىۋالدى .

— چۈش كۆردۇم ، — دېدى مىرزا ئابدۇللىتىپ توساتت-تىن ، — ناھايىتى يامان چۈش ، مەۋلانە . ناھايىتى يامان ...

ئۇ گويا بۇ قورقۇنچلۇق چۈشنى قايتا كۆرۈۋاتقاندەك كۆزلىرد-نى يوغان ئاچقىنىچە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى ، كېيىن يۈزىنى يەنە ئالىقانلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇپ ، ئىڭراپ تاشلىدى ...

ئەلى قۇشچى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ، بىر ھازالارغىچە جىم تۇردى . ئۇ شاھزادىگە تەسەللى بېرىشكە گەپ تاپالمايتتى ، ئۇنىڭ ھالىنىڭ قانچىلىك ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى سەزسىمۇ ، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا قارىتا كۆيۈنۈش تۇيغۇسى يوق ئىدى . شۇنداقلا ، ئۇنىڭ مەجرۇھ ھالىتىنى ، نالە قىلىپ تولغىنىشلىرىنى كۆزىتىپ تۇ-رۇشمۇ بەك ئېغىر كەلگەنىدى .

— پېقىرنى كەچۈرگەيسىز ، شاھزادە ، — دېدى ئۇ ، — ئامال قانچە ، پېقىر ئاللادىن ۋەھى كەلتۈرۈپ ، كۆڭلىڭىزگە ئارام بېرە-لەيدىغان رەسۇل ئەمەس ـ تە ! كەمىنىگە ئىجازەت بەرگەيسىز ، شاھزادە ...

مىرزا ئابدۇللىتىپ جاۋاب بېرىش ئورنىدا توساتتىن تۇرغان يېرىدە تىزلاندى ـ دە ، قىبلىگە قاراپ سەجدىگە باش قويدى ...

ئەلى قۇشچىنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسىگىنىچە ئۆيدىن چىقتى . ئۇ تىك پەلەمپەيلەرنى بېسىپ پەسكە چۈشۈپ كېتىۋېتىپ ، شاھزادىنىڭ :

— گۇناھىم نېمە مېنىڭ ، ئېھ ، پەرۋەردىگارى ئالەم ! — دەپ توۋلىغىنىنى ئىشىتىپ ، يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كەتتى ـ دە ، قەدىمىنى تېزلەتتى .

پەستە ، پەلەمپەيدىن چۈشكەن يەردە قوللىرىنى ئارقىسىغا قى-لىپ ، ئاچچىقىدا ئايلىنىپ يۈرگەن بەلخلىق نېگىر سۇپەت ساراي-ۋەن ئەلى قۇشچىغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى . ئەلى قۇشچى

«ھەيرانمەن» دېگەندەك قىلىپ مۇرىسىنى قىسىپ قويدى . سارايۋەنمۇ «ئەقلىدىن ئېزىپتۇ» دېگەن مەنىدە ئالتۇن ئۇزۇكلۇك كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن چېكىسىگە نىقتاپ قويدى ــ دە ، شاققىدە بۇرۇلۇپ يان ئىشىكتىن ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى . سارايۋەن ئىشىكنى ئاچقاندا ، ئۆي ئىچىدىن كېنىزەكلەرنىڭ شوخ كۈلكىلىرى ، زىبۇ زىننەتلىرىنىڭ نەپىس جاراڭلىشى ئاڭلاندى ــ دە ، ئىشىك يېپىلىشى بىلەن يەنە تىنچىدى . ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى ، سارايۋەن ئۇنى نە ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلمىدى ، نە قاراۋۇللارغا تاپشۇرۇپ بەرمىدى .

ئەلى قۇشچى ھەيران بولۇپ باغقا چىقتى . ئەتراپ يورۇپ ، كۆكتىكى بۇلۇتلار شالاڭلىغانىدى . ئاسماننىڭ سۇرتۇلگەن شىشىدەك تىنىق جايلىرىدا ئاخىرقى يۇلتۇزلار پىلىلداپ تۇراتتى . كېچىسى يامغۇردا چۆمۈلگەن چوڭ باغدا بۇلبۇللارنىڭ ناۋاسى ئەۋج ئالغانىدى ... بىنانىڭ ئالدىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى ، پەقەت گۈلزار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇستى گۈمبەزسىمان ھاۋا رەڭ شىپاڭدا كېچىدە ئۇنى كۆكسارايدىن ئېلىپ كەلگەن ئىككى نۆكەر تۈۋرۈكلەرگە يۆلىنىپ مۈگدەپ قالغانىدى . ئەلى قۇشچى ھەيران بولۇپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ، قىزىل قۇم سېپىلگەن يول بىلەن باغ ئارىلاپ كەتتى . ئۇنىڭ خىيالى ــ پىكرى يەنىلا شاھزادىدە ئىدى . كۆز ئالدىدىن شاھزادىنىڭ ياش بىلەن يۇيۇلغان ئېچىنىشلىق چىرايى ، قۇلىقىدىن ئۇنىڭ زارلىق نالىلىرى نېرى كەتمەيتتى .

«ھەيھات ! بۇ دۇنيادا ھەقىقەت ۋە ئادالەت يوق دەپ كىم دەيدۇ ! بار ! كىمكى بۇ دۇنيادا يامانلىق قىلسا ، مەيلى ئۇ شاھ ياكى گاداي بولسۇن ، ئۇ جازاسىز قالمايدۇ ! ئىنسانغا ئەقىل ۋە ئاڭ شۇنىڭ ئۈچۈن بېرىلگەنكى ، ئۇ بۇ چىن ھەقىقەتنى چۈشەنسۇن ! كىمكى بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنمەي ، ئادالەتسىزلىك قىلسا ، ئاخىر ھالاك بولۇشى مۇقەررەر ! ... مانا بۇ شاھزادە تاج ــ تەخت ۋە شان ــ شۆھرەت ئىشقىدا ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈشتىنمۇ يانمىغانىدى ، ئالىملار سەردارى ياندۇرغان ئىلىم مەشئىلىنى ئۆچۈرۈپ ،

ماۋرا ئۆننەھرنى زۇلمەت قوينىغا تاشلىغانىدى ، ئاقىۋەتتى نېمە بولدى ؟ ھەئە ، بۇ پانىي دۇنيادىمۇ ھەقىقەت ۋە ئادالەت بار ! مۆمىن بەندىلەرنى قىرغان ، مېھىر ـ شەپقەت ئورنىدا جەبىر ـ زۇلۇم قىلغان ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئورنىدا زۇلمەت ئۇرۇقىنى چاچقان ھەرقانداق كىشى ئىنتىقامسىز قالمايدۇ ! ... »

ئەلى قۇشچى «پالاق ـ پالاق» قىلغان ئاياغ تىۋىشىنى ئىشىتىپ بۇرۇلۇپ قارىدى . بايا ھاۋا رەڭ شىپاڭدا مۈگدەپ ياتقان ياساۋۇللارنىڭ بىرى ئۆتىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى .

«يەنە شاھزادىمۇ ؟ يەنە زايىچىگە قاراپ بەر دەمدۇ ؟ »

ياق ، ياساۋۇل ئۇنى «قىرىق تۇۋرۇكلۇك» بىناغا ئەمەس ، بەلكى دەرۋازىغا باشلىدى . دەرۋازا ئالدىدا تەق قىلىنغان ئاتلار تاللارغا باغلاقلىق تۇراتتى . ئەلى قۇشچى ياساۋۇللارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاتقا مىنگەچ : «يەنە كۆكسارايغا ئېلىپ بارارمۇ ؟ — دەپ ئويلىدى ـ دە ، تېنى سىرقىراپ كەتتى ، — ھە ، كۆكسارايغا ، لېكىن ئىككى ھەپتە ياتقان يورۇق ئۆيگە ئەمەس ، بەلكى ئاشۇ جەھەننەمگە ، ئاشۇ مۇدھىش گۆرگە تىقىدۇ مېنى ! »

ئەلى قۇشچى ئىككى يېنىدا ئىككى ياساۋۇلنىڭ نازارەت قىلىشى بىلەن ئېتىنى يورغىلىتىپ كېتىۋېتىپ ، گويا ئالەم بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك ، تۆت ئەتراپىغا — يول بويىدىكى ئېگىز سەرۋىلەرگە ، كېچىسى يامغۇردا چۆمۈلگەن باغلارغا ، ئېدىرلارنى قاپلىغان ھۆل مايسىلارغا ، تىنىق ئاسماندا پىلىلداپ تۇرغان ئاخىرقى يۇلتۇزلارغا زوقلىنىپ ، قاراپ ـ قاراپ تويمايتتى .

يا رەببى ! بۇ ئالەم نېمىدىگەن گۈزەل ـ ھە ! ئېرىق بويلىرىدا گويا يېڭى كېلىنچەكلەردەك باش ئېگىپ تۇرغان مەجنۇنتاللار ، يوپۇرماقلىرىدا يامغۇر تامچىلىرى يالتىراپ تۇرغان ئاق تېرەكلەر ، ئورمانلىقتىكى قۇشلارنىڭ نەغمىسى ، ئەتراپتىن ئاندا ـ ساندا ئىشىتىلىپ تۇرغان قوي ـ قوزىلارنىڭ مەرەشلىرى ، ئوت ـ چۆپ ۋە گـۈل ـ گىياھـلارنىڭ خـۇش پـۇراقلىرىغا قوشۇلغان ئاچچىق ئىس ـ تۈتەك ھىدى ... ئەلى قۇشچى بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەھرۇم بولۇپ، يەنە ئاشۇ مۇدھىش گۆرگە كىرەرمۇ؟ ...

توساتتىن ھەممە ياق پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. چۆچۈپ كەتكەن ئەلى قۇشچى ئىككى تەرەپتىكى قومۇشلۇق ئارىسىدىن ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كەلگەن تۆت نەپەر ئاتلىق كىشىنى كۆردى. يۈزلىرىگە قارا تېرە نىقاب تارتىپ، باشلىرىغا ئۆرۈمە تەلپەك كىيىشكەن بۇ ئاتلىقلار قىلىچلىرىنى ئوينىتىشىنچە قۇيۇندەك باستۇرۇپ كەلدى ـ دە، تەمتىرەپ قالغان ياساۋۇللارنىڭ باشلىرىغا قاپ تاشلاپ، غىپپىدە بوغۇۋېلىشتى. ئەلى قۇشچى ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ بولغۇچە، ئاتلىقلاردىن بىرى ئۇنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ، پەسكە، ئويمانلىققا يېتىلەپ ماڭدى.

«يول توسار قاراقچىلارغا ئوخشايدىغان بۇ كىشىلەر كىم؟ قۇيۇندەك باستۇرۇپ نەدىن كېلىشتى؟»

تۆگە بويى كېلىدىغان قومۇشلۇققا كىرىش بىلەنلا، ئالدىدا كېتىۋاتقان كىشى يۈزىدىكى قارا تېرە نىقابنى ئېلىپ تاشلىدى.

— قەلەندەر قەرناقى!

— ئۇستاز!

قەلەندەر ئاستا ئىگىشىپ قۇچاق ئاچتى.

— ئاھ، ئۇستاز، ئۇستاز! نىيىتىمىز پاك بولغاچقا، دىدار كۆرۈشمەك نېسىپ بولدى!

ئەلى قۇشچى يەنىلا ئېسىنى يىغالماي، قەلەندەرنىڭ ساقاللىق يۈزىگە، ياشقا تولغان كۆزلىرىگە ھەيران بولۇپ تىكىلەتتى. قومۇشلۇق ئارىسىدىن مىرەم چەلەبى بىلەن مەنسۇر كاشىنىڭ چىقىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، يۈرىكى يەنە «جىغ» قىلىپ كەتتى.

— مىرەم، ئوغلۇم! مەنسۇر كاشى!

— ئۇستاز!

قەلەندەر ئەلى قۇشچىنى قويۇپ بېرىپ، ياساۋۇللارنى ئورمانلىققا سۆرەپ كىرگەن نىقابلىق يىگىتلەرگە قارىدى.

— ئارغامچا بىلەن دەرەخكە باغلاڭلار، تېزرەك، قالقانبەگ! ۋاقىت قىس، بازغانبەگ!

نقابلىرىنى ئېلىۋەتمىگەن يىگىتلەر باشلىرىغا قاپ كىيدۈرۈل-
گەن ياساۋۇللارنى دەرەخكە باغلاپ بولۇشى بىلەنلا قەلەندەر ئېتىنى
قامچىلىدى.

— ماڭايلى، ئۇستاز، ۋاقىت قىس!

قەلەندەرنىڭ ئالدىرىشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى، چۈنكى يول-
تۇزلار غايىب بولۇپ، ئەتراپ يورۇپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇلار
سولغا بۇرۇلۇپ، تېخى ئەمدىلا يۇز قەدەمچە مېڭىشى بىلەن، «باغى
مەيدان» تەرەپتە ئـات تـۇيـاقـلـىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭ-
لاندى ـ دە، قومۇشلۇق ئارىسىدا توختاشقا مەجبۇر بولدى. بىر
دەمدىن كېيىن يۇقىرىدا، ئاقىرىشقا باشلىغان ئۇپۇق تەرەپتىكى
چوڭ يولدا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان ئوندەك ئاتلىق كىشى كۆرۈن-
دى. دەل شۇ چاغدا، ئۇدۇلدا، چوڭ يولنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى
دۆڭلۈكتىمۇ بىر توپ ئاتلىق كىشى پەيدا بولدى. دۆڭلۈكتە،توسات-
تىن پەيدا بولغان بۇ ئاتلىقلار قوللىرىدىكى قىلىچلىرىنى باش
ئۈستىدە ئوينىتىپ، قورقۇنچلۇق ۋارقىرىغىنىچە قۇيۇندەك باستۇ-
رۇپ كېلىۋاتاتتى. دوڭلۇكتىن قۇيۇندەك كېلىۋاتقان بۇ ئاتلىقلارنى
كۆرۈپ، «باغى مەيدان» تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاتلىقلار ساراسىمى-
گە چۈشۈپ توختاپ قېلىشتى. ئالدىنقى ئاتلىقلار بولسا ئاتلىرىنىڭ
باشلىرىنى ئارقىسىغا بۇراشتى.

«شاھزادە!» دەپ ئويلىدى ئەلى قۇشچى.

قىلىچلار پارقىراپ، ئاتلارنىڭ زارلىق كىشنەشلىرى ئەتراپنى
زىلزىلىگە كەلتۈردى.

— ماڭايلى، ئۇستاز. بۇ يەردە تۇرۇش خەتەرلىك! —
قەلەندەر قەرناقى ئەلى قۇشچىنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ ئىلگىرىلەپ
كەتتى. ئەلى قۇشچى كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. لېكىن، ئۇ ھەر-
قانچە قىلسىمۇ «قىرىق تۇۋرۇكلۇك» تە قىبلىگە قارىغىنىچە سەجدە
قىلىپ ياتقان شاھزادە كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيتتى. ئۇنىڭ:
«چۈش كۆردۇم، مەۋلانە ... بەك يامان چۈش ...» دەپ ئېچىنىش-
لىق قىياپەتتە يىغلىغان يىغىسى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چوڭ يولدا قىيامەت ـ قايىم يەنە داۋاملىشىۋاتتى. قىلىچلارنىڭ تاراڭ ـ تۇرۇڭلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ۋە ئادەملەرنىڭ ۋەھىمىلىك چۇقان ـ سۈرەنلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى...

*    *    *

مىرزا ئابدۇللىتىپ سارايۋەن باشلىق ئوندەك بەلخلىق نۆكىرى بىلەن «باغى مەيدان» دىن چىققاندا، ئۇپۇق ئاقىرىشقا باشلاپ ئەتراپ يورۇپ قالغانىدى. بىراق، كېچىچە ئۇخلىمىغان، كۆز ئالدىنى قانداقتۇر تۇمان قاپلىۋالغان شاھزادىگە ھەممە ياق، ھەتتا يامغۇردىن كېيىن ئاجايىپ بىر تىنىق تۈس ئالغان سۈپسۈزۈك ئاسمانمۇ قاپقارا تۇيۇلۇپ، يۈرىكى سىرقىراپ كەتتى. ئۇ ئالدىدا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقاندا، يول بويىدىكى سەرۋىلەرنىڭ سايىسىدە، ئېككى تەرەپتىكى ئازگاللاردا ئالىلىقانداق كۆلەڭگىلەر قوتراپ يۈرگەندەك تۇيۇلۇپ، پات ـ پات چۆچۈپ كېتەتتى، گاھ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتسا، گاھ خەۋپسىرەپ يېنىدىكى نۆكەرلىرىگە قاراپ قوياتتى.

ئوڭ قولاقلىرىغا ئالتۇن ھالقا ئېسىپ، باشلىرىغا ئوسما رەڭ سەللە ئورىۋالغان ئىلمەك بۇرۇنلۇق، نېگىر سۈپەت نۆكەرلىرى بولسا، ئۇ قارىغاندا كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ ئارقىسىغا چېكىنەتتى. بۇ نۆكەرلىرىنىڭ ھەر قېتىم تىك بېقىشقا پېتىنالماي كەينىگە چېكىنگەنلىكىنى كۆرگەندە، شاھزادىنىڭ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇلار ئۈستىگە ئات سېلىپ بارغۇسى كېلەتتى، لېكىن بۇنداق قىلىشقا پۇرسەت يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ كۆكسارايغا ئالدىرايتتى. ئۇنىڭغا پايتەختكە بېرىپ، كۆكسارايغا كىرىۋالسىلا، كېچە كۆرگەن چۈشى ۋە تېخىچە كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمىگەن قورقۇنچلۇق مەنزىرىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئەنە، ئالدى تەرەپتىكى ئەفراسىياپ دۆڭلۈكى ئۈستىدە ئۇپۇق-

نى توسۇپ تۇرغان كۇنگۇرىلىك تامنۇ كۆرۈندى . تام تۈۋىدە تىر-
رەن ، سۇسىز خەندەك بار ئىدى . ئۇنىڭدىن ئۆتسىلا بەس ... لېكىن
دەل شۇ پەيتتە ، يەنى ئالدىدا كېتىۋاتقان شاھزادە خەندەككە يېقىن-
لىشىپ قالغاندا ، ئوڭ قول تەرەپتىكى دۆڭدە بىر توپ ئاتلىق
كىشى پەيدا بولدى .

ھەممىسى بىر خىل قارا چاپان ۋە قارا تەلپەك كىيىشكەن ،
بەزىلىرى يۈزلىرىگە قارا نىقاب تارتىۋالغان بۇ قارا گۇرۇھ دۆڭدە
بىردەم ئات ئوينىتىپ تۇردى - دە ، قارا بوراندەك باستۇرۇپ
كېلىشكە باشلىدى ...

قەلبىنى ئەسىر قىلىۋالغان قورقۇنچلۇق تۇيغۇ شاھزادىنى
داڭقېتىپ قويدى . ئۇ دۆڭدىن بوراندەك چۈشۈپ كېلىۋاتقان
ئاتلىقلارنىڭ بارغانسېرى يېقىنلاۋاتقانلىقىنى ، ئۆز نۆكەرلىرى بول-
سا ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى بۇرىشىپ ، ئالمان - تالمان قېچىپ
كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى . لېكىن ، ئۇ چۆقان كۆتۈرۈپ
كېلىۋاتقان ئاتلىقلاردىن خۇددى يىلاننىڭ ھىيلىسىگە ئالدىنىپ قال-
غان پاقىدەك كۆزىنى ئۈزەلمەي ، تۇرغان جايىدا قىمىر قىلماي
تۇراتتى .

ئەنە ، چۆقان - سۇرەنلىرى ئالەمنى مالەم قىلغان ئاتلىقلار
پەستىكى خەندەككە يېتىپ چۈشتى . توپنىڭ ئالدىدا بىر - بىرىنىڭ
ئېتىنى قامچىلاشقان ئىككى ئاتلىق كىشى يېتىپ كەلدى . نىقابلى-
رىنى يۇلۇپ ئېلىپ تاشلىغان بۇ ئىككى ئاتلىقنىڭ بىرى ئەمىر
سۇلتان جاندار ئىدى . يەنە بىرسى ... يا رەببى ! خۇددى چۈشىدە
پەتنۇس كۆتۈرۈپ كىرگەن نۆكەرگە ئوخشايدىغان بۇ ئات-
لىق كىشى ... ئۆز ۋۇندىن بېرى قۇتراتقۇلۇق قىلىپ يۈرگەن بابا
ھۇسەيىن باھادىر ئىدى .

شاھزادە يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ ، ئېتىنىڭ
بېشىنى بۇرىدى . بىراق ، ئۇ قېچىپ كېتىۋاتقان نۆكەرلىرىگە ئەم-
دىلا يېقىنلىشىشى بىلەن ، دۈمبىسىگە قاتتىق قادالغان يا ئوقى
ئۇنى مۈكچەيتكىنىچە ئاتتىن دومىلىتىۋەتتى ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ئۆلۈمنىڭ كۈنى توشۇپ قالدىمۇ نېمە؟ تاج ـ تەخت، ھاكىمىيەت، شان ـ شەۋكەت، ھەممىدىن ئايرىلدىمۇ نېمە؟»

پۈتۈن ئېغىرلىقى بىلەن دومىلاپ چۈشكەن شاھزادە يۈرىكىنى مۇجۇۋاتقان ئاغرىق دەستىدىن تولغىنىپ، كۆزىنى ئاچتى... پايانسىز ئاسمان گويا قانلىق دەريادەك قىزىل تۈسكە كىرگەن بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بۇ قورقۇنچلۇق دەريادا چوغدەك بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى... شاھزادە ھالسىزلىنىپ كۆزىنى يۇمۇۋاتقاندا، قانلىق بۇلۇتلار ئارىسىدىن تۇيۇقسىز چىقىپ كەلگەن ئاتىسى كۆرۈندى.

ئۈستىگە ۋال ـ ۋۇل چاقناپ تۇرغان زەرباپ تون كىيىپ، بېشىغا خۇددى قانغا بويالغاندەك قىپقىزىل سەللە ئورىغان، ھەتتا چاچ ـ ساقاللىرىمۇ قىپقىزىل مىرزا ئۇلۇغبەگ، كۆزلىرى ياشقا تولغان ھالدا غۇلاچلىرىنى خۇددى قانات ياىغاندەك كېرىپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئاستا چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى...

يەر ـ جاھاننى ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازلىرى ۋە ئاللىقانداق قەھرلىك چۇقان ـ سۈرەنلەر قاپلىغان بولۇپ، بۇ سۈرەن ـ چۇقانلار ئارىسىدا ئاتىسىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋۇشى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

«بالام، جانجىگىرىم! ئۆز يىلىكىمدىن بولغان پەرزەنتىم! داداڭنىڭ بېشىنى يېگەن بۇ قۇزغۇنلار سېنىڭ بېشىڭنىمۇ يېمەكچى. بۇنىڭغا نېمە چارە؟ ئاتا ـ بوۋاڭغا ۋاپا قىلمىغان بۇ لەنىتى تاج ـ تەخت ساڭىمۇ ۋاپا قىلمايدۇ دېگەنىدىم، لېكىن گېپىمگە كىرمىدىڭ. ئەمدى قانداق قىلاي، بالام؟ ...»

جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن قەھرلىك چۇقان ـ سۈرەن يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى، يىغا ئارىلاش بۇ مۇڭلۇق ئاۋاز بولسا، ئەكسىچە بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى... شاھزادە گويا ئاتىسىنى توختاتماقچى بولغاندەك بارلىق كۈچىنى يىغىپ تەلپۈندىيۇ، بېشى ئۈستىدە پارقىراپ تۇرغان قىلىچنى كۆرۈپ، كۆزىنى يۇمدى ۋە: «گۇناھكار پەرزەنتىڭىزنى كەچۈرگەيسىز، ئاتا!» دەپ پىچىرلىدى.

# 26

قەلەندەر قەرناقى يولغا چىققاندا تۈن يېرىمدىن ئاشقانىدى. ئۇ بالدۇرراق يولغا چىقىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەلى قۇشچى قەبرىستاندىن قايتىپ كېلىپلا غارنىڭ ئەڭ ئىچكىرىگە كىرىپ دۇم يېتىۋالغاچقا، قەلەندەر ئۇنى ئاۋارە قىلىشقا پېتىنالمىدى.

ئۇستازىنى قەبرىستانغا قەلەندەر ئۆزى باشلاپ باردى. تىللابىبىنىڭ ۋاپات بولغىنىغا تېخى بىر ئاي تولمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەبرىسى كۆپكۆك ئوت ـ چۆپلەر بىلەن قاپسىلىپ بولغانىدى… ئۇستاز ئانىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا نامازدىگەردىن تاكى ناماز خۇپتەنگىچە قىمىر قىلماي ئولتۇردى. قەلەندەر ئۇنىڭ ئورۇقلاپ قىلتىرىقتەك بولۇپ قالغان بوي ـ بەستىگە، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرى كۆز يېشىدىن نەملەنگەن ھالدا ئۈنسىز يىغلىشىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، نېمە ئۈچۈندۇر يىراق قەرناقتا، «قاراۋۇل تۆپە» ئاستىدىكى كونا قەبرىستانلىقتا غېرىبسىنىپ ياتقان ئۆز ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، «غىق» قىلىپ يۇتۇندى.

ئۇستاز قەبرىستاندىلا ئەمەس، يولدىمۇ بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىدى، لېكىن قەلەندەر ئۇنىڭ قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھېس قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، نە تەسەللى بېرىشكە تىلى بارمىدى، نە رۇخسەت سوراشقا…

ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. غارغا يىغىلغان قوشنا تۆمۈرچى ۋە قۇيمىچىلار، قەلەندەر بىلەن خوشلاشماقچى بولۇپ كەلگەن قالقانبەگ ۋە بازغانبەگ — ھەممىسى جىمجىتلىقتا چۆمگەنىدى. قەلەندەر بازغان يېنىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ئۇستىغا قارىدى. ئۇستاز ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى بولغاي، قاراڭغۇ بۇلۇڭدا ياتقان مەۋلانىنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىر نېمىلەرنى دېدى. ئۇستاز ئورنىدىن تۇردى. لېكىن، دەل شۇ پەيتتە، ئىشىك تاراقلاپ، مەۋلانە كاشى بىلەن مىرەم چەلەبى كىرىپ كېلىشتى ـ دە، قەلەندەر يەنە تۇتۇلۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالدى .

مەۋلانە كاشىنىڭ ئېيتىشىچە ، مىرزا ئابدۇللىتىپنى ئۆلتۈرگەن توپىلاڭچىلار شاھزادىنىڭ بېشىنى كېسىپ ، ئۇلۇغبەگ مەدرىسىسىنىڭ دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويغانىمىش ، توپىلاڭچىلار زىنداندا ياتقان شاھزادە مىرزا ئابدۇللانى تەختكە ئولتۇرغۇزغانىمىش . شەھەر تىنچلىقىمىش . كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى چاشقاندەك تۆشۈكلىرىگە كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ ، رېگىستان مەيدانىغا بېرىپ ، دەھشەتلىك مەنزىرىنى تاماشا قىلغۇچىلارمۇ بارئىمىش . قىسقىسى ، بەزىلەر بۇ قىرغىنچىلىقتىن قورقۇپ ئۆيلىرىدە يوشۇرۇنۇپ ياتسا ، بەزىلەر چەكسىز خۇرسەنئىمىش .

قەلەندەر يەنە ئاشۇ تونۇش مىسرالارنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ ، بېشىنى چايقىدى :

*تاتلىق ـ تاتلىق يېگەنلەر ،*
*تۈرلۈك ـ تۈرلۈك يېگەنلەر .*
*ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ ،*
*تۇپراق ئارا ياتقانلار .*

تۆمۈر سەمەرقەندى ئۇستا مىيىقىدا كۈلۈپ :

— «تۇپراق ئارا ياتقانلار !» — دەپ قويدى ، — ئاھ ، بىۋاپا تاج ـ تەخت ! سېنى دەپ نى ـ نى قىرغىنچىلىقلار بولمىدى ! سېنى دەپ نى ـ نى پادىشاھلار ئۆزىنى ئوتقا ئۇرمىدى !

— ھەيھات ! بىراق ھېچبىر شاھ ئۆزىگە بۇنىڭدىن ساۋاق ئالغان ئەمەس ! — ئەلى قۇشچى مەيۇسانە باش چايقاپ ، قەلەندەرگە يۈزلەندى ، — ھەر ھالدا مىرزا ئابدۇللانى مۆمىن ئادەم دەپ ئاڭلىغانىدىم . ئېھتىمال ، بۇ ئاتا قاتىلى بولغان مۇستەبىتنىڭ تەقدىرى ئۇنىڭغا بىر ساۋاق بولۇر . ئېھتىمال ، ئىلىم ئەھلىگە مىرزا ئابدۇللىتىپتەك رەھىمسىزلىك قىلماس . بىرەر ئاي سەۋر قىلغايسەن ، شائىر . ئىنساپىغا كېلىپ ، مەدرىسىنى قايتا ئېچىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس . ئۇ چاغدا بىللە بولۇپ ، تالىپى ئىلىملەرگە

بۇرۇنقىدەك يېتەكچىلىك قىلىمىز ...
قەلەندەر گويا ئۆز دىلىغا قۇلاق سېلىۋاتقاندەك ، بېشىنى تۆ-ۋەن قىلىپ ئۇزاق ئويلاندى . ياق ، ئۇنىڭ جىسمى سەمەرقەندتە بولسىمۇ ، روھى ئالىلىقاچان ئۆز يۇرتى - يىراق قەرشاقا كەتكەنىدى ... ئۇ ئۆز خىيالىدا ئاللىبۇرۇنلا خۇرشىدە بانۇ بىلەن بىرگە قىر - ئېدىرلاردىن ئېشىپ ، ئۆز يۇرتىغا سەپەر قىلغان ۋە ئۆز يۇرتىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەلپۈنۈۋاتقانىدى .
— رەھمەت ، ئۇستاز . ۋە لېكىن ، يۇرتۇمغا كەتمىسەم بول-ماس ...
— نېمىشقا ؟ — دېدى مىرەم چەلەبى ھاياجانلىنىپ ، — ئىنشائاللا ، ھەمىشە بۇنداق جەبىر - جاپا بولۇۋەرمەس ...
مىرەم چەلەبىنىڭ سۆزىگە مەۋلانە كاشىمۇ قوشۇلۇپ ، ئۇنى كۆندۈرۈشكە ئۇرۇنغانىدى ، گەپكە تۆمۈر سەمەرقەندى ئۇستا ئارى-لاشتى .
— ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويغايسىز ، بالام . كىشىنىڭ يۇرتى-دا سۇلتان بولغۇچە ، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول ، تۇغۇلغان يۇرتى-نىڭ تورغىيىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ ، دېگەن گەپ بار . ئوغلۇم قەلەندەر ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپتۇ ، ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىڭ . مەۋلا-نە ! — ئۇستا شۇنداق دېدى - دە ، دۇئاغا قول كۆتۈردى . ئۇستا دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئەلى قۇشچى غارنىڭ ئەڭ چېتىگە يوشۇرۇپ قويۇلغان خۇرجۇننى ئالدۇرۇپ چىقىپ ، قەلەندەر قەرنا-قىغا بىر تۇتام لەئەل ۋە جاۋاھىر بىلەن قويما ئالتۇندىن بىرنى يوللۇق قىلدى .
— پېقىرغا قىلغان ھەممە ياخشىلىقلىرىڭ ئۈچۈن تۈمەن مىڭ رەھمەت ، ئۇكام ! — دېدى ئۇ ، ئاۋازى تىترەپ ، — بۇ ياخشىلىق-لىرىڭ كەمىنىدىن قايتمىسا ، ئاللادىن قايتۇر . تىنچلىق بولسا ، قايتىپ كېلۇرسەن . ئىنشائاللا ، دىدار كۆرۈشكەيمىز ! ...
غار ئالدىدا ئىككى ئات تەييار تۇراتتى . ئۇلار ئاخىرقى قېتىم قۇچاقلىشىپ خوشلاشقاندا ، ئۇستىمۇ ، مەۋلانە ئەلى قۇشچىمۇ ئىخ-

ئىيارسىز ھالدا كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى . بۇنى كۆرۈپ ، قەلەن-دەرمۇ ئىققىدە بوغۇلغانلىقىنى سەزدى ـ دە ، ئېتىغا سەكرەپ مىنىپ ، ئۇستى ـ ئۇستىلەپ قامچا ئۇردى ...

مانا ، پايتەخت ئالىقاچان كەينىدە قالدى . كۆھەك تېغىنىڭ ئېتىكىدە ، قەلەندەر قالقانبەگ بىلەن بازغانبەگنى قايتىپ كېتىشكە ئۇندىدى . ئۇ خۇددى ئۆز ئۆكىلىرىدەك بولۇپ قالغان بۇ ئاكا - ئۇكا بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى ـ دە ، ئېتىنى قاترىتىپ ، جىلغا بويلاپ ماڭدى . بىراق ، ئۇنىڭ خىيالى يەنىلا سەمەرقەندتە بولۇپ ، ئۇستازىنىڭ غەمكىن چىرايى كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيت-تى ، قۇلاق تۈۋىدە بولسا ئۇستازىنىڭ ھاياجانلىق سۆزلىرى ۋە ئاق يول تىلەپ قىلغان دۇئاسى جاراڭلاپ تۇراتتى . ئۇ گويا شەھەرنىڭ ھەربىر رايونى ، ھەربىر رەستىسى ، ھەربىر كوچىسىنى ئايلىنىۋات-قاندەك بولۇپ ، گاھ رەسەتخانا بىلەن ، گاھ سەل كەم يىگىرمە بەش يىل تۇپىسىنى يالاپ ئۆتكەن ئۇلۇغبەگ مەدرىسىسى بىلەن ۋىدال-شاتتى ... سەل كەم يىگىرمە بەش يىل ! ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا كەلگەن بۇ ئاجىز بەندە ، مانا ئەمدى قىرىقتىن ئاشتى ، چاچ ـ ساقاللىرىغا ئاق كىردى ... بۇ ئارىدا بېشىغا كەلمىگەن دەرد ـ ئەلەم ۋە كۈلپەتلەر قالمىدى . لېكىن ، ھەقتائالاغا شۈكرىكى ، گاھىدا ئازاب چەكتۈرگەن بولسىمۇ ، گاھىدا ئىنايىتىنى ئايىمىدى . يەنى شۇ شەھەردە ، ئۇ ئىلىم نۇرىدىن بەھرىمەن بولدى ؛ شۇ شەھە-رى ئەزىمدە مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن مەۋلانە ئەلى قۇشچىدەك يىتۈك ئالىملارغا شاگىرت بولۇپ ، ئۇلارنىڭ مېھرى ـ مۇھەببەتلىرىگە مۇيەسسەر بولدى ... ھەقتائالاغا يەنە شۈكرىكى ، ئۇ خىيانەت يولىغا ماڭماي ، ئۆز ئۇستازلىرى ئالدىدا شاگىرتلىق قەرزىنى ئادا قىلدى . كېيىنكى بىر ـ ئىككى ھەپتىدە ، بولۇپمۇ ، شەيتانغا دەرس بېرىد-غان «بۆرە» قاياققىدۇر غايىب بولغاندىن كېيىن ، قەلەندەر نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ، مەۋلانىنى قۇتقۇزۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەند-دى . خەيرىيەت ، تۆمۈرچى ئۇستىنىڭ : «بۇ سۇلتانىنىڭ شايكىلىرى ئارىسىدا ئالتۇنغا سېتىلمايدىغىنى يوق» دېگەن سۆزى توغرا چىـ

قىپ ، باشقا بىر ياساۋۇل تېپىلىپ قالدى . شۇ ياساۋۇلنىڭ ياردىمى بىلەن ، نىھايەت ، تونۇگۇن ئۇستازنى قۇتقۇزدى . مانا ئەمدى ، پاك ۋىجدانى بىلەن خۇرشىدە بانۇنى ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا كەتسە بولىدۇ . ھە ، ئاللاغا يەنە بىر قېتىم شۈكرىكى ، بۇ يۇرت ئۇنىڭغا شۇنداق كۈچلۈك مۇھەببەت ئاتا قىلدى ... بۇ مۇھەببەت ئۇنى قانچىلىغان ئوتقا تاشلىغان بولسىمۇ ، ئاقىۋىتى ئىنشائاللا ، خەيرلىك بولدى . نېسىپ قىلسا ، ئۇ بۈگۈنلا بانۇنى ئېلىپ ، ئۇزاق يولغا راۋان بولىدۇ ... بىر بىچارە كەمبەغەلگە بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە كېرەك ؟

ئاخىرقى قېتىملىق ئۇچرىشىش قەلەندەرنىڭ يادىغا كېلىپ ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ كەتتى . كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ بانۇنى ئويلىغىنىدا ، ئاشۇ كۈنكى ئىللىق سۆيۈشلەرنى ، قەلبىدە ئويغانغان ئاجايىپ مۇھەببەتنى ، ئىلگىرى ھېچقاچان ھېس قىلمىغان بەخت تۇيغۇسىنى ئەسلىمەكچى بولاتتى ، لېكىن بۇنىڭ ئورنىدا ھە دېگەندىلا بانۇنىڭ غەمكىن چىرايى كۆز ئالدىغا كېلىۋاتاتتى . كۆز ياشلىرىنى تارامىلىتىپ تۇرۇپ دېگەن گەپلىرى : «نىكاھ ئوقۇتۇڭ ، ھالال جۈپتىڭىز بولاي» دەپ يېلىنغانلىرى قايتا - قايتا ئېسىگە كېلىپ ، كۆڭلى بىئارام بولۇپ كېتەتتى ...

مانا ھازىرمۇ ئۇ پايتەختتىن چىقىشى بىلەنلا يۈرىكىنى ئاللىقانداق گۇمانلىق تۇيغۇلار ۋە چوڭقۇر بىر قايغۇ چاڭگاللىۋالدى . بۇ ئېنىقسىز تۇيغۇلار ۋە بۇ چەكسىز قايغۇ جۇدالىقتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ، بۇنى قەلەندەر چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى . شۇنداقلا ، ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايتتى . ئۇ پايتەختتىن يىراقلاشقانسېرى ، يۈرىكىنى مۇجۇۋاتقان بۇ ئاغرىق شۇنچە كۈچىيىپ باراتتى ...

قەلەندەر بېشىدىكى تەلپىكىنى رۇسلاپ ، ئاسمانغا قارىدى ، بايا خۇپتەندە قويۇقلاشقان بۇلۇتلار تارقىغان بولۇپ ، تىنىق ئاسمان يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى ... ئەنە ، ئەڭ ئېگىزدە ، زەردەك چېچىلىپ تۇرغان سامانيولىنىڭ ئۈستىدە يەتتە قاراقچى يۇلتۇزلى-

ـرى دانه ـ دانه بولۇپ چاقناپ تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭدىن سەل پەسرەكتە ئۇكەر يۇلتۇزلىرى ئوچاقتىكى چوغدەك غۇژمەك بولۇپ پارقىراۋاتىدۇ . زۆھرە يۇلتۇزى تېخى كۆرۈنمەيتتى . لېكىن ، تاڭ يېقىنلاپ قالغاچقا ، يىراق ـ يىراقلاردىن ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرى ، خورازلارنىڭ چىللاشلىرى ئىشتىلەتتى ... ئەنە ، ئوڭ تەرەپتىكى تاغ چوققىلىرى چوغدەك يېلىنجاپ ، سەمەرقەند نېنىدەك يۇپيۇمىلاق تولۇن ئاي كۆرۈندى . ئاي چىقىشى بىلەنلا ھەممە نەرسە باشقىچە ھەيۋەتلىك تۈس ئالدى . قىر ـ ئېدىرلار ، جىلغا بويىدىكى ئورمانلىقلار ، قىسقىسى ، ھەممە نەرسە ناتونۇش ۋە ئاللىقانداق سىرلىق بىر ئالەمگە ئوخشاپ كەتتى ...

قەلەندەر ئېتىنىڭ بېشىنى دۆڭگە بۇرىدى . ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى ، كېيىنكى ئىككى ھەپتىدىلا دۆڭدىكى ئوت ـ چۆپلەر تىز بىلەن تەڭ ئۆسۈپ كەتكەنىدى ... قەلەندەر قەرناقىنىڭ يۇرتىدا كۆكلەم سەل كېيىنرەك باشلىناتتى . ئېھتىمال ، ئۇ يەرلەردە ئوت ـ چۆپلەر تېخى بۇنچىلىك ئۆسمىگەندۇر ، لېكىن ياپيېشىل قاپتاللاردا ، سەيھۇن بويلىرىدىكى چەكسىز داللاردا ھېلىغىچە لەيلىقازاقلار ئېچىلىپ بولغاندۇ ! ...

قەلەندەر قەرناقى بۇ قىر ـ ئېدىرلاردىن ، قىزىل گىلەمدەك يېيىلىپ ئۇنگەن بۇ گۈللەردىن خۇرشىدە بانۇ بىلەن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ ، سۆيۈملۈك مەھەللىسىگە كىرىپ كېتىشنى ئويلايتتى . بۇنى ئويلىغىنىدا ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى قايغۇلۇق خىياللار تارقاپ ، دىلى يورۇغاندەك بولۇپ قالاتتى .

ئاي چىققانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك ، سەل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇپۇق ئاقىرىپ ، تاغ چوققىلىرى ئۈستىدە زۆھرە يۇلتۇزى چاقنىدى . قەلەندەر تونۇش جىلغىغا چۈشكەندە ئەتراپ يورۇپ ، تۆپىدىكى يېزا باغلىرى كۆزگە چېلىقتى .

قەلەندەر ئاتتىن چۈشۈپ يۈز ـ كۆزىنى يۇدى ۋە تاھارەت ئېلىپ ، ناماز بامداتنى ئوقۇدى . كېيىن ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىدە كۆڭۈلسىز بىر نەرسە سېزىپ ، ئېتىنى مىندى . ئۇ دائىم شۇنداق

بولاتتى . ھەر قېتىم جىلغىدىن ئۆتۈپ مەھەللىگە يېقىنلاشقاندا ، ۋىسال ئارزۇسى بىلەن يۇغۇرۇلغان تىنچسىز بىر تۇيغۇ ئۇنى بەند قىلىپ ، سېغىنغان قەلبى تاقەتسىز تېپىرلاپ كېتەتتى . بۈگۈن بۇ ھال ئۇنىڭدا بالدۇرراق كۆرۈلدى . ئېھتىمال ، بانۇ تېخى ئۇيقۇدىن تۇرمىغاندۇ ! ئېھتىمال ، ئىسسىق يوتقاندا گۆدەك باللاردەك ساپ نەپەس ئېلىپ ئۇخلاپ ياتقاندۇ ! ...

يا رەببى ! بۇ قانداق ئەھۋال ؟

قەلەندەر قەرناقى دۆڭلۈكتە ، بابا مۇرات ئاتنىڭ قورۇسى ئالدىدا ئات ئويىنتىپ تۇرغان بەش - ئالتە نەپەر ئاتلىق كىشىنى كۆرۈپ ، ئىختىيارسىز ھالدا ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى . يىراق-تىن بۇ ئاتلىقلار خۇددى ئوغلاق تارتىشىۋاتقان چەۋەندازلارغا ئوخ-شايتتى . ئۇلار بىر جايىنى پىر - پىر ئايلىنىپ ، نېمىنىدۇر تارتى-شاتتى ۋە توپلاشقان كىشىلەر بىلەن ئېلىشاتتى . نىھايەت ، ئۇلاردىن بىرى ئاق رەختكە ئورالغان بىر نەرسىنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ ، ئىگەرگە قوندۇرۇۋالدى - دە ، كىشىلەر توپىنى يېرىپ چىقىپ ، دۆڭگە قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كەتتى . ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى دۆڭگە بۇرىغاندا ، ئاق رەخت ئارىسىدىن بىر نەرسە سىيرىلىپ چۈشۈپ ، يېشىلىپ كەتتى - دە ، خۇددى قارا مەخمەل رومالدەك ھاۋادا لەرزان لەپىلدىدى .

«بانۇ !» — بۇ پىكىر كاللىسىدا چاقماق تېزلىكىدە پەيدا بولغان قەلەندەر ئارغىمىقىنى قامچىلىدى . چىتلىق تام يېنىدا تۇر-غان ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئاتلىقلارنىڭ ئارقىسىدىن تەڭلا يۈگۈردى . بىراق ، تۇرنىلاردەك قاتار بولۇپ كېتىۋاتقان ئاتلىقلار بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى .

قەلەندەر ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان چاپقۇر ئارغىمىقىنى ئايىماي قامچىلاپ كېتىۋاتقىنىدا ، كاللىسىغا مۇنۇ خىياللار قۇيۇندەك باس-تۇرۇپ كەلدى : «ئاخىرقى ئۈمىد چىرىغىممۇ ئۆچۈپ قالارمۇ ؟ بىردىنبىر سۆيگىنىمدىن ، زۇلمەت ئالىمىدە پارلىغان بۇ نۇرانە قۇياشتىنمۇ ئايرىلىپ قالارمەنمۇ ؟ ئىنساپ - ئادالەت دېگەن نەدە ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېھ ، پەرۋەردىگار ؟ »

ئەنە ، ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان سوۋارى ئېتىنى توختىتىپ ، ئاق رەختكە ئورالغان ، يېشىلگەن چاچلىرى ئات تۇياقلىرى ئارىسىدا يەلپۈنۈۋاتقان ئايالنى (ئۇنىڭ خۇرشىدە بانۇ ئىكەنلىكىدە شەك قالمىدى ! ) باشقا بىر ئاتقا مىندۈرۈشكە باشلىدى . ئاق رەختنى يىرتىپ ، قوللىرىنى بوشىتىۋالغان بانۇ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ ، ئۆزىنى يەرگە ئېتىشقا ئۇرۇناتتى . بۇنى كۆرگەن قەلەندەر ئارغىمىقىنى راسا قامچىلىدى . ئۇ ئاتلىقلارغا يېقىنلىشىپ قالغاندا ، ئەڭ ئاخىرىدىكى سوۋارى كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى ـ دە ، قورقۇپ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ ، ۋارقىرىغىنىچە ئېتىنى ئۇستى ـ ئۇستىلەپ قامچىلىدى .

«بۆرە ! دەيۈز ! »

قەلەندەر قىلىچىنى قىنىدىن چىقاردى . «بۆرە» ۋارقىرىغاندا خۇرشىدە بانۇنى ئاتقا مىنگۈزۈۋاتقان سوۋارمۇ بۇرۇلۇپ قارىدى .

«ئەمىر جاندار ! »

قەلەندەرنى كۆرگەن ئەمىر جاندارمۇ نۆكەرلىرىگە بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىدى ، لېكىن ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى قەلەندەر ئاڭلىمىدى . ئۇ : «داد» دېگىنىچە ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان «بۆرە»نى قوغلاپ يەتتى ـ دە ، پۈتلىرىنى ئۈزەڭگىگە تىرەپ تۇرۇپ ، كۈچىنىڭ بارىچە ئۇنىڭ دۈبۈلغا كىيىلگەن بېشىغا قىلىچ چاپتى . شارتتىدە كېسىلىپ ئۇچۇپ كەتكەن دۈبۈلغىلىق باش ئات تۇياقلىرى ئاستىغا چۈشۈپ دومىلاپ كەتتى . «بۆرە»نىڭ يەردە دومىلاپ كېتىۋاتقان كاللىسى قەلەندەرگە يەنىلا چىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ، يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى . لېكىن ، ياسىمان ئەگرى قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ ، ئۇنىڭغا قاراپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان ئىككى سوۋارىنى كۆرۈپ ، ئەس ـ ھوشىنى يىغدى . سوۋارىلاردىن بىرى ، ئېھتىمال ، شاھزادىنىڭ چەت ئەللىك نۆكەرلىرىدىن بولسا كېرەك ، بېشىغا پۆپۈكلۈك مىس دۈبۈلغا كىيگەن قارا تەنلىك سوۋارى ئىگەرگە ئىڭىشىپ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى ، يەنە بىرى بولسا ، سەل

كەيىندە قالغانىدى . قەلەندەر ئېتىنى ئۈدۈل قارا تەنلىككە توغرىلىدى . بىر ـ بىرىگە قاتتىق ئۇرۇلغان ئىككى ئارغىماق زارلىنىپ كىشنەپ ، ئاسمانغا چاپچىدى . قارا تەنلىك سۇۋارى پۇتلىرىنى ئۈزەڭگىگە تىرەپ ، ئەگرى قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈردى ، لېكىن قەلەندەر ئېتىنىڭ بېشىنى سولغا بۇرىدى ـ دە ، ئوڭ يانپىشىغا ئۆتۈپ قالغان قارا تەنلىك سۇۋارىنى بىر زەربە بىلەنلا ئېتىدىن دومىلىتىۋەتتى . بۇنى كۆرگەن يەنە بىر سۇۋارى قورقۇپ كېتىپ ، ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىدى . قەلەندەر ئېتىنى ئايىماي دىۋىتكىنىچە ئۇنى قوغلاپ كېتىۋېتىپ ، توساتتىن ئەمىر جاندار بىلەن خۇرشىدە بانۇنى چىلىقتۇردى . بانۇنى قويۇۋەتكەن ئەمىر ئات ئۈستىدە يانىڭ كىرىچىنى تارتىپ ئوق ئۈزمەكچى بولۇۋاتاتتى . بانۇ بولسا ئاتتىن يىقىلاي ـ يىقىلاي دەپ ئۇنىڭغا چاڭگال سالاتتى .

«نامەرد !»

قەلەندەر قېچىپ كېتىۋاتقان سۇۋارىنى تاشلاپ قويۇپ ، ئېتىنىڭ بېشىنى ئەمىر جاندار تەرەپكە بۇرىدى . دەل شۇ چاغدا ، كۆكسىگە زور كۈچ بىلەن قادالغان ئوقنى چاڭگاللىغىنىچە ئېتىنىڭ بوينىغا پوككىدە يىقىلدى . ئۇ جان ئاچچىقىدا ئېتىنىڭ يالىغا ئېسىلىۋېتىپ ، بانۇنىڭ : «مىرزام !» دەپ توۋلىغىنىنى ئاڭلاپ قالغاندەك بولدى .

«خۇرشىدە ! بانۇ ··· شەرئىي رەپىقەم ! ··· » دېگەنلەر ئۇنىڭ خىيالىدىن كەچتى . قەلەندەر ھالسىزلىنىپ ، ئاتتىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىدا ، يىراق قەرناق دۆڭلۈكلىرىدىكى گۆرىستان ، گۆرىستان چېتىدىكى ئانىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يىغلاپ ئولتۇرغان سىڭلىسى نېمە ئۈچۈندۇر كۆز ئالدىغا كەلدى ، يەر ـ جاھان خۇددى چاقپەلەككە ئوخشاش پىر ـ پىر ئايلىنىۋاتقاندەك بولۇپ تۇيۇلدى .

خۇرشىدە بانۇ بىر نەچچە قېتىم ھوشىدىن كېتىپ ، بىرنەچچە قېتىم ھوشىغا كەلدى . ئۇ ئاخىرقى قېتىم ھوشىغا كەلگىنىدە ، ئۆز ئۆيىدە ياتقانلىقىنى ، قېشىدا يۇم ـ يۇم يىغلاپ ئولتۇرغان

قىرى مومىسى بىلەن قاقشاپ ــ قالتىراپ قالغان بوۋىسىنى كۆردى ــ دە، يەنە كۆزىنى يۇمدى… ئۇنىڭ كۆزىنى ئىچىپ يۇمغانلىقىنى كۆرگەن مومىسى: «جېنىم! ئۆرگىلىپ كېتەي، قىزىم!» دېگىنىچە ئۇنىڭ يۈز ــ كۆزلىرىگە سۆيدى. مومىسىدىن كېيىن بوۋىسىنىڭ مۇڭلۇق سۆزلىرى ئىشىتىلدى: «بوستانىمنىڭ گۈلى! بېغىمنىڭ بۇلبۇلى! كۆزۈڭنى ئاچساڭچۇ، ئالتۇنۇم!…»

كىمدۇر بىرسى دىر ــ دىر تىترىگەن قوللىرى بىلەن خۇرشىدە بانۇنىڭ لېۋىگە چەينەك تۇتتى. خۇرشىدە بانۇ قۇرۇپ كەتكەن لېۋىنى چەينەككە تۇتۇپ، بىر ــ ئىككى يۇتۇم سۇ ئىچتى ــ دە، نېمە ئۈچۈندۇر كۆز ئالدىدا كۆكسىدىكى يا ئوقىنى چاڭگاللىغىنىچە ئېتىنىڭ بوينىغا پوككىدە يىقىلغان قەلەندەر پەيدا بولۇپ، قۇلاق تۈۋىدە ئۇنىڭ: «بانۇ!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى جاراڭلاپ كەتكەندەك بولدى ۋە پۈتۈن بەدىنى تىرناقلىرىغىچە سىرقىراپ، يىلاندەك تولغاندى… شۇ دەم بوۋىسىنىڭ ئاۋازى خۇددى يىراق يەرلەردىن، تۇمانلار ئارىسىدىن ئاڭلانغاندەك بولدى:

— يېنىدىن نېرى كەتمە، موماي… ھويلىدا ئەمىر جاندار كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ، مەن تېۋىپ چاقىرىپ كېلەي…

ئەمىر جاندار!… بۇ ئىككى سۆز بانۇغا گويا سىماب بولۇپ قۇلىقىنى تېشىپ ئۆتكەندەك تۇيۇلدى. ئەمىرنىڭ قورقۇنچلۇق قىلمىشلىرى، بانۇنى سىلكىپ تاشلاپ، ئوق ئاتقانلىرى، ئۇنىڭ داد ــ پەريادلىرىغا قۇلاق سالماي ئېتىغا ئارتىۋېلىپ ئېلىپ قاچقانلىرى ئېسىگە كېلىپ ئىڭراپ تاشلىدى ــ دە، تۇساتتىن مېڭىسىدە: «زەھەر!» دېگەن ئوي پەيدا بولدى.

ھە راست، تەكچىدە، ئۇنىڭ زىبۇ زىننەتلىرى سېلىنغان ئالتۇن قۇتىسىدا ئۈزۈكىنىڭ كۆزىگە يوشۇرۇپ قويغان ماشچىلىك زەھەر بار. بۇ زەھەرنى ئۇ ھەرەمدىن تاپقۇزۇپ ئالغان، لېكىن ئىچىشكە ئۈلگۈرمىگەن. مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرى ئۇنى ھەرەمدىن ئازاد قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئالتۇن ئۈزۈكىنىڭ كۆزىگە يوشۇرۇپ قويغانىدى!…

خۇرشىدە بانۇنىڭ كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ، ئۆينىڭ تەكچىلىرىگە قارىدى، ئالتۇن قۇتا كۆرۈنمەيتتى ...

بانۇ تەشۋىشلىنىپ ئولتۇرغان مومىسىغا قارىدى:

— موما، زىبۇزىننەتلەرنى سالغان قۇتام قېنى؟

— جايىدا، ئاپئقىم، جايىدا! — موماي ئالدىراپ ـ تېنەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى دېرىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەكچىنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، ئالتۇن ۋە كۈمۈش تاۋاقلارنىڭ كەينىدىن ئۆزىگە تونۇش بولغان ئالتۇن قۇتىنى ئالدى.

خۇرشىدە بانۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قۇتىنى ئېچىپ، ئاجايىپ تاۋلىنىپ تۇرغان قىممەت باھالىق تاشلار ۋە زىبۇزىننەتلەرنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. مانا، يوغان ياقۇت كۆزلۈك ئاشۇ ئالتۇن ئۈزۈك!

— موما! ... — خۇرشىدە بانۇ مومىسىنى ئۆيدىن چىقىرىشنىڭ باھانىسىنى تاپالماي دۇدۇقلىدى، — جېنىم موما، بىر پىيالە سۇ بەرسىڭىز! ...

— سۇ؟ — دېدى موماي چۈشەنمەي، — مانا، ئۈزۈم شەربىتى بار، بالام.

— ياق، ياق، سۇ بېرىڭ، موما، سوغۇق سۇ!

ساراسىمىدە قالغان بىچارە موماي تاشقىرىغا يۈگۈردى.

خۇرشىدە بانۇ يىڭنە بىلەن ئۈزۈكنىڭ ياقۇت كۆزىنى چىقاردى. خۇداغا شۈكۈر! قارا ئۈزۈمدەك كېلىدىغان زەھەر ئۈزۈكنىڭ كۆزىگە يېپىشىپ قالغانىدى. خۇرشىدە بانۇ ئۇنى تىرنىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كوچىلاپ ئالدى، لېكىن ئاغزىغا سېلىشتىن بۇرۇن، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، زىبۇزىننەتلەر بىلەن تولغان يورۇق ئۆيگە، تورۇستىكى ئالتۇن قەندىلگە، ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەنگەن قۇببىسىمان تەكچىلەردىكى نەقىشدار قاچا ـ قۇچىلارغا تىكىلدى.

بىر يىل ئىلگىرى، دەل مۇشۇ بېزەكلىك مېھمانخانىغا ئۇنىڭ دوستلىرى، پايتەختتىكى ئەربابلارنىڭ قىزلىرى ھەپتىدە ئۈچ قېتىم يىغىلاتتى. ئۇلار ئوتتۇرىغا تارتىلغان نېپىز پەردىنىڭ بۇ

تەرىپىگە سىلىنغان يىپەك كۆرپىلەردە ئولتۇرۇپ، پىخ - پىخ كۈلۈشكىنىچە چىرايىدىن ئاللىقانداق نۇر يېغىپ تۇرىدىغان دىۋە قامەت مۇدەررىسنى كۈتۈشەتتى ...

قەلەندەر قەرناقى كىرىپ كېلىشى بىلەن يۈزلىرىنى يىپەك ياغلىقلار بىلەن توسۇۋالغان بۇ نازىنىنلار بويۇنلىرى ۋە قوللىرىدىكى قىممەت باھالىق زىبۇ زىننەتلىرىنى، ئاياغلىرىدىكى قوش - قوش ئالتۇن خالخاللىرىنى[1] نەپىس جاراڭلىتىپ ۋە بىر - بىرىنى نوقۇشۇپ، شائىرنىڭ دىققىتىنى تارتماقچى بولۇشاتتى، لېكىن ئەتىگە قاپىقىنى تۈرۈۋالغان قەلەندەر قەرناقى كىتابىتىن باش كۆتۈرمەيتتى، كۆتۈرسىمۇ پەقەت ئۇنىڭغا — خۇرشىدە بانۇغا قاراپ قوياتتى ...

بانۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىنى يۇمۇشى بىلەنلا قەلەندەر بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلاشقان چاغلىرى يادىغا كەلدى. شۇ كۈنى نىكاھتىن كېيىن، قەلەندەر ئۇنىڭ ئىشىكىدىن تۇتۇپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە خۇددى ئۇنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەندەك چىرايىغا ئۇزاق تىكىلىپ تۇردى. كېيىن بۆلەكچە بىر مۇھەببەت بىلەن ئۇنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرىگە ئاستا سۆيدى ۋە:

— خۇرشىدەم! — دېدى ئاۋازى تىترەپ، — ئۆزۈمنىڭ شەرئىي رەپىقەم! ...

«شەرئىي رەپىقەم! ... ئېھ، پەرۋەردىگارى ئالەم! نېمە ئۈچۈن ئاشۇ بەختلىك چاغلارنى ئۆزۈڭ ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭدىن يەنە ئۆزۈڭ مەھرۇم قىلدىڭ؟ ئۇ دەرۋىشنىڭ گۇناھى نېمە؟»

كۆڭۈلسىز خىياللارغا چۆمگەن خۇرشىدە بانۇ قولىدىكى زەھەرنى پۈتۈنلەي ئىستىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. توساتتىن ئۇ دەھلىزدە شىپ - شىپ قىلغان ئاياغ تىۋىشىنى ئىشىتىپ، ئەس - ھوشىنى يىغدى. «گۇناھكار بەندەڭنى ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن!»

بانۇ قورۇق ئۇزۇمدەك كېلىدىغان زەھەرنى ئاغزىغا سالدى - دە، بىر يۇتۇم سوغۇق شەربەت ئىچىپ ئۆزىنى ياستۇققا تاشلىدى.

---

[1] خالخال — پۇتنىڭ بېغىشىغا تاقىلىدىغان زىننەت بۇيۇمى.

موماي ئىشىكتىن كىرىپلا ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ يۈكۈندى.

— سۇ ئېلىپ كىردىم، بالام، كۆزۈڭنى ئاچ! ...

خۇرشىدە بانۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، بىر يۇتۇم سۇ ئىچتى ـ دە، ئۆزىنى يەنە ياستۇققا تاشلىدى. سۇ تامىقىدىن ئۆتۈشى بىلەنلا ئىچىگە، ياق، يۈرىكىنىڭ ئاستىغا چوغ تەگكەندەك «پىژ» قىلىپ كەتتى ـ دە، ئازاب بىلەن ئىڭرىدى.

مومايىنىڭ قوللىرى تىترەپ، يەنە ئۇنىڭ لېۋىگە پىيالە تۇتتى.

— نېمە بولدۇڭ، جېنىم بالام؟ ...

بانۇنىڭ يۈرىكىگە تەگكەن چوغ ئەمدى قىزىتىلغان تۆمۈرگە ئوخشاش، ئۇنىڭ ئۈچەي ـ باغرىنى پىژ ـ پىژ كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ بىئارام بولۇپ، بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭغا پۈتۈن مېھمانخانا، تورۇستىكى ئالتۇن قەندىلدىن تارتىپ تاكى تەكچىلەردىكى خرۇستال قاچىلار ۋە تاملارغا ئېسىلغان كۆل رەڭ گىلەملەرگىچە ئوت تۇتىشىپ، ھەممە نەرسە لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىغاندەك، بۇ ئوت ئارىسىدا قەلەندەر قەرناقى ئېتىنىڭ بوينىنى قۇچاقلىغىنىچە تېپىرلاپ ياتقاندەك كۆرۈندى.

— موما!

— مـومـا دېگـەن تىلىڭـدىن ئـۆرگىلـەي! سۇ بېرەيمۇ؟ مانا سۇ ...

— جېنىم موما! — خۇرشىدە بانۇ ئاللىقانداق چاقناپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن مومايغا تىكىلدى، — جېنىم موما، مەن ئۆلدەمەن. ئۆلسەم ... بوۋامغا تىلىكىمنى يەتكۈزۈڭ ...

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن، بالام! ...

— ئۆلسەم ... گۆرۈم قەلەندەر ... قەلەندەر قەرناقىنىڭ گۆرى بىلەن ... بىر بولسۇن!

— بالام، جېنىم بالام! بۇ گەپلەرنى نەدىن تاپتىڭ؟ قايسى قەلەندەر؟ ...

خۇرشىدە بانۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يىغلىغۇسى كەلدىيۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ كۆزىنى يۇمدى .
— ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ ، جېنىم موما ؟ دادامنىڭ شاگىرتى ... مۇساپىر شائىر — قەلەندەر ... گۆرىمىز بىر بولغاي ... — خۇرشىدە بانۇ گەپ قىلالماي ، مىس جامغا قاراپ تەلپۈندى .
مومای كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ، بىر هازالارغىچە داڭقېتىپ قالدى ـ دە ، داد ـ پەرياد كۆتۈرگىنىچە تالاغا ئېتىلدى ...

## 27

ئاشۇ كۈنى ئاقسارايىنىڭ يېنىدىكى هويلىسىغا كەلگەن ئەلى قۇشچى نامازدىگەردىن كېيىن قېلىنراق كىيىنىپ ئۆيدىن چىقتى . ئۇ مەۋلانە مۇهىددىننى يوقلاپ قويۇش قارارىغا كەلگەنىدى . مەۋلانە مۇهىددىن هەرقانچە خىيانەت ۋە نامىغا نامۇناسىپ هالدا هەر قانچە ئوساللىق قىلغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئەقلىدىن ئېزىپ ، كىشەنلەپ قويۇلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئەلى قۇشچى چىداپ تۇرالمىدى . ئارىدا مەيلى قانداق ئىشلار ئۆتۈلگەن بولسۇن ، ئۇلار سەل كەم چارەك ئەسىر بىرىش ـ كېلىش قىلىشقان ، بىر مەدرىسىدە تەلىم ئېلىپ ، تەلىم بېرىشكەنىدى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ، مەۋلانە مۇهىددىن توغرىسىدىكى گەپلەر ئۇنى ئازابلىدى . شۇنداقلا ، مەۋلانە مۇهىددىننىڭ ئەقلىدىن ئازغانلىقى توغرىسىدىكى ، بولۇپمۇ ، ئۇنىڭ رەسەتخانىدىكى كۆپۈر كىتابلارنى كۆيدۈرۈش مۇراسىمىدا شەيخ نىزامىددىن خامۇش بىلەن شاهزادىگە قىلغان سۆزلىرى توغ-رىسىدىكى مىش ـ مىش گەپلەرنى ئاڭلىغاندا ، ئەلى قۇشچىنىڭ كاللىسىغا يەنە ئاشۇ كونا خىياللار كەلگەنىدى : هەئە ، بۇ پانىي دۇنيادا هەقىقەت ۋە ئادالەت يوق دېگەن گەپلەر ، بىكار گەپلەر ! هامان ياخشىلىققا ياخشىلىق ، يامانلىققا يامانلىق قايتىدۇ ! ۋە لې-كىن ... لېكىن بۇ خىياللار ئۇنىڭ قەلبىدە تۇنۇگۈنكىدەك غەزەپ تۇيغۇسى ئەمەس ، ئەكسىچە ، ئاللىقانداق مەيۇس تۇيغۇلار ئويغاتتى . هەيهات ! مەۋلانە مۇهىددىندەك ئەقىل ئىگىسى ، فەلەكىيات ۋە

ئىلمىي رىيازىيات ساھەسىدە يۇكسەك پەللىگە ئۆرلىگەن يىتۇك ئالىم بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنمىسە ياكى ئۇنى چۈشىنىشتىن باش تارتسا، بۇنىڭغا نېمە چارە؟

ئەلى قۇشچى ھەر ئېھتىمالغا قارشى، ئۇدۇل سالاھىددىن زەرگەرنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان چوڭ كوچىلار بىلەن ماڭماي، ئايلانما يوللار ۋە تار كوچىلار بىلەن ماڭدى. شەھەر بۇنىڭدىن يەتتە ـ سەككىز ئاي ئىلگىرى قانداق بولسا، ھازىرمۇ شۇ پېتىچە چۈشەنكىسىز بىر ۋەزىيەتتە ئىدى. كوچا ـ گۇزەرلەردە ئادەم شالاڭ، رەستىلەر، دۇكانلار ئېتىك بولۇپ، ھەممە ياق جىمجىت ئىدى. لېكىن، بۇ جىمجىتلىقتىن قانداقتۇر يامان بىر ۋەھىمىنىڭ شەپىسى كېلىپ تۇراتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەممە ياق تىمتاس ئىدى. كۈن ئۇزىراپ، ھاۋا ئىللىپ قالغاچقا، نامازدىگەردىن كېيىن بولسىمۇ، شەپەق ۋەجىدىن شەھەر نېپىز، سۇس قىزىل پەردە بىلەن ئورالغاندەك قىزغۇچ نۇرغا چۈمۈلگەنىدى.

«باغى مەيدان» تەرەپ بىلەن ماڭغان ئەلى قۇشچى سالاھىددىن زەرگەرلەرنىڭ كوچىسىغا يېقىنلىشىپ قالغاندا، كوچىغا قارىغان ئىشىكلەردىن بىرى ئېچىلىپ، بېشىغا قۇندۇز تەلپەك، ئۇچىسىغا كىمخاب تون كىيگەن دۇگلەككىنە بىر ئادەم چىقتى. ئەلى قۇشچى ئۇنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولىۋىدى، لېكىن كىمخاب تونلۇق بۇ دۇگلەك ئادەم ئايلىنىپ كېلىپ قول قوۋۇشتۇردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەزىز بۇرادەر! ...

ئەلى قۇشچى بىردەم گاڭگىراپ قالدى.

ئايلىنىپ كېلىپ تەزىم قىلغان كىمخاب تونلۇق دۇگلەك ئادەم بۇنىڭدىن يەتتە ئاي ئىلگىرى دەرۋىشلەر تونىغا ئورىنىۋېلىپ، يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن شائىر مىريۇسۇپ خىلۋەتى ئىدى ...

— سىز مۆھتىرەم زاتنى زىنداندا كۆپ جاپا چېكىپتۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم. سىزنى كۆرۈپ چەكسىز خۇرسەن بولدۇم. مەۋلانە، چەكسىز خۇرسەن بولدۇم ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئاللاغا شۈكۈر، — دېدى ئەلى قۇشچى نېمە دېيىشىنى بىلمەي.

— بارچە ئىلىم ئەھلىنى باستۇرغان ئۇل خۇنخور ئاتا قاتىلىدىن ھەزەر، ئەلھەزەر! ئەمما تەختىمىزنىڭ ۋەلىئەھدى مىرزا ئابدۇللانى تولىمۇ مۇرۇۋۋەتلىك، تولىمۇ ئالىيجاناب زات دەپ ئاڭلىغانىدىم، سىزنى كۆرۈپ، بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل بولدى، مەۋلانە...

ئەلى قۇشچى يەنە نېمە دېيىشىنى بىلمەي:

— ئىنشائاللا، شۇنداق بولسۇن، — دەپ قويدى.

— بۇنىڭغا گۇمان قىلمىغايسىز، مەۋلانە. مانا، كەمىنە ئۇل مۇسۇلمانلار تاجدارىغا ئاتاپ بىر قەسىدە يازدىم، خالىسىڭىز ئوقۇپ بەرسەم، مەۋلانە! — مىريۇسۇپ خىلۋەتى شۇنداق دېدى-دە، قوينىدىن زەرباپقا ئورالغان ئالىقانچىلىك بىر كىتابچىنى ئېلىپ، ئەلى قۇشچىنىڭ رازىلىقىنى ئالماستىنلا، تامىقىنى قىرىپ ئوقۇپ كەتتى:

*بوۋىڭىز فەتھ ئېتىپ شۆھرەت قازاندى جۇملە دۇنيانى،*
*بۇ ئالەم كۆرمىگەي ئەمدى، ئۇنىڭدەك زاتى ئەلانى...*

— شائىر خىلۋەتى!

— خوش؟ — مىريۇسۇپ خىلۋەتى ئىلھام بىلەن پارلىغان كۆزلىرىنى كىتابتىن ئۈزۈپ ئەلى قۇشچىغا قارىدى.

— كەمىنە بۇ شېئىرىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان. بارىكاللا، سىزگە!

ئەلى قۇشچى ئاغزى ئېچىلغىنىچە ھاڭۋېقىپ قالغان مىريۇسۇپ خىلۋەتىنى كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدۇرۇپ، يولىغا راۋان بولدى. ئۇ شائىردىن يىراقلاپ كېتىۋېتىپ، ئەلەم بىلەن باش چايقاپ:

— ئاھ، خام سۇت ئەمگەن بەندىلەر! — دەپ قويدى.

شەپەق ئولتۇرۇپ، شەھەرنى قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا باشلىغان-

دى .

ئەلى قۇشچى سالاھىددىن زەرگەرلەرنىڭ مەھەللىسىگە يېتىپ بارغاندا ، ھەممە ياق قاراڭغۇلۇققا چۆمگەنىدى . لېكىن ، ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى ، ھەمىشە يېپىق تۇرىدىغان قوش قاناتلىق تۆمۈر دەرۋازا چوڭ ئېچىقلىق تۇراتتى ! دەرۋازىدىن كىرگەن يەردىكى ئادەتتە قاراۋۇللار ئولتۇرىدىغان قاراڭغۇ باستۇرمىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى . بىراق ، ئورىدىدەك چوڭ ھويلىدا پانۇسلار يېقىقلىق بولۇپ ، داس ۋە ئاپتۇۋا كۆتۈرگەن ئاياللار ئىككى مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە ئۈچۈندۇر ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى .

«نېمە بولغاندۇ؟ مەۋلانە ئامانمىدۇ؟»

ھويلىغا كىرگەن جايدا ھەيران بولۇپ توختاپ قالغان ئەلى قۇشچى ئۇدۇلدىكى چوڭ مېھمانخانىدىن چىقىپ كەلگەن ۋىجىككىنە بوۋاينى كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى - دە ، ئىختىيارسىز ھالدا يەنە توختىدى . ئىككى پۈكۈلۈپ ، مۇشتۇمدەك بولۇپ قالغان بۇ بوۋاي - خوجا سالاھىددىن زەرگەر ئىدى ! ...

ھويلىدىكى پانۇسلارنىڭ يورۇقى ۋە دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان كۆك ، سېرىق قىزغۇچ شولىدا ، ئۇنىڭ كۆزلىرى تەلۋىلەرچە چاقنايتتى ، ساقاللىرى تىترەپ ، بېشى گىلدىڭ - گىلدىڭ قىلاتتى ... ئەلى قۇشچىنى كۆرگەن زەرگەر ئۇنىڭغا قاراپ تەلپۈندى ، كۆز يېشىدىن بوغۇلۇپ :

— ئوغلۇم ... ئالائىددىن ! — دېدى - دە ، مېھمانخانىنىڭ مەرمەر پەلەمپىيىگە ئولتۇرۇپ قالدى .

ئەلى قۇشچى بوۋاينىڭ قېشىغا بېرىپ تىزلاندى .

— مەۋلانە ئامانمۇ ، ئاتا؟

زەرگەر بېشىنى گىلدىڭلىتىپ ، مېھمانخانىنى ئىشارەت قىلدى ۋە يىغلامسىراپ :

— مەددەت بەرگەيسىز ، مەۋلانە ! — دېدى ، — تېۋىپ ! تېۋىپ بار !

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بوۋاينىڭ سۆزىنى مەۋلانىنىڭ ئەھۋالى چاتاق، ئۇنى داۋالىغىلى تېۋىپ كەلدى دېگەن مەنىدە چۈشەنگەن ئەلى قۇشچى ئۆيگە كىرىشكە ئالدىرىدى. دەھلىزدە مىس تەلەڭگىلەر، سۇنۇپ پارە - پارە بولۇپ كەتكەن قاچا - قۇچىلار، تۆكۈلگەن تاماقلار چېچىلىپ ياتاتتى، قانداقتۇر قاڭسىق بىر پۇراق ھويلىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئەلى قۇشچى تېۋىپ بىلەن ئېلىشىۋاتقان تەلۋە مەۋلانىنى كۆرۈشتىن قورققاندەك جۇرئەتسىزلىنىپ دەھلىزدە توختىدى، ئاندىن قەددىنى رۇسلاپ، ئىشىكنى ئاستا ئاچتى...

يوپيورۇق مېھمانخانىنىڭ تۆرىدە كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەن بىر موماي، چاچلىرى چۇۋۇلغان بىھوش بىر قىزنى قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بېشىغا ئۇچلۇق ئاق قالپاق، ئۇچىسىغا ئاق يەكتەك كىيگەن ئورۇق بىر ئادەم تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. ئىشىك ئېچىلغاندا بېشىغا ئۇچلۇق ئاق قالپاق كىيگەن ئادەم شاققىدە بۇرۇلۇپ قارىدى، ئاندىن بىھوش قىزنى قۇچاقلىغىنىچە قېتىپ قالغان مومايغا بىر نېمە دېدى - دە، ئورنىدىن تۇردى. شۇ ئەسنادا مومايىنىڭ داد - پەريادى ئۆينى لەرزىگە سالدى... ئىشىكتىن قېقىلىپ - سوقۇلۇپ سالاھىددىن زەرگەر كىردى ۋە ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقان تېۋىپقا ئۇرۇلۇپ يىقىلىپ چۈشتى. تېۋىپ ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزماقچى بولىۋىدى، بوۋاي ئۇنىڭ قولىنى سىلكىپ تاشلاپ، ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە ئۆزىنى جەسەت ئۈستىگە تاشلىدى:

— بوستانىمنىڭ گۈلى! ئېچىلمايلا سولغان غۇنچەم! سەن ئۆلگۈچە، مەن ئۆلسەم بولماسمىدى؟ قېرى قويدەك مەرىتىپ، قېرى بوۋاڭنى كىمگە تاشلاپ كەتتىڭسەن، جېنىم قىزىم؟... ئىشەنگەن پەرزەنتىم سەن ئىدىڭ! ئەمدى بۇ دۆلەت، بۇ بايلىقىم كىمگە قالۇر، ئالتۇنۇم؟ كىمگە؟...

تۇگۇلۇپ مۇشتتەك بولۇپ قالغان زەرگەرنىڭ گۆدەكلەرچە پەريادى ئەلى قۇشچىنىمۇ تىترىتىپ تاشلىدى. ئۇ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، گاراڭ ھالدا تامغا يۆلىنىپ تۇراتتى. ئەلى قۇشچى

مومايىنىڭ قولىدا جانسىز ياتقان خۇرشىدە بانۇنى تونۇپلا كاللىسىدىن : «قەلەندەر قەرناقى قېنى ؟ — دېگەن ئوي كەچتى ، — ئۇ نېمە بولغاندۇ ؟ يا ئۇ بىچارىمۇ ··· ياق ! ياق ! ئۇ بىچارە دەرۋىشنى ئۆزۈڭ ئامان قىلغايسەن ، پەرۋەردىگار ··· »

مېھمانخانىغا داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ ، بىر توپ ئايال كىرىپ كەلدى ، ھەممە ياقنى قىيا ـ چىيا ، يىغا ـ زار قاپلىدى . ئەلى قۇشچى پېشانىسىگە مۇشتلاپ يىغلاۋاتقان زەرگەرگە تەسەللى بېرىشنىمۇ ، چىقىپ كېتىشنىمۇ بىلمەي ، يەنىلا گاڭگىراپ تۇراتتى ، كىمدۇر بىرسى ئاستا قولىدىن تۇتتى .

— سىزنى بىراۋ ئىزدەپ كەپتۇ ، مەۋلانە ···

— نەدىن كەپتۇ ؟

— بىلمىدىم . مەدرىسە تالىپلىرىدىن ئوخشايدۇ ···

ئەلى قۇشچى يۇرىكىگە ياماشقان مۇدھىش گۇماندىن تېنى سىرقىراپ ، مېھمانخانىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا ، خۇرشىدە بانۇنىڭ قېشىدا يىغلاپ ئولتۇرغان موماي :

— ئوغلۇم ، ئەلى قۇشچى ! — دەپ ئۇنىڭغا قاراپ تەلپۈندى . مومايىنىڭ ئاۋازى شۇنداق ئەلەملىك ياڭرىدىكى ، ئۆينى لەرزىگە سالغان قىيا ـ چىيالار بىردەم تىندى . ئەلى قۇشچى ئىشىكنى ئاچقان پېتى بوسۇغىدا توختىدى .

— ئوغلۇم ئەلى ، قۇشچى ! ··· كۆزۈمنىڭ نۇرى ··· جانجىگەر نەۋرەم جان بېرىۋېتىپ ۋەسىيەت قىلغانىدى ··· — موماي گەپ قىلالماي يۈزىنى كاچاتلىغىنىچە ھۆڭرەپ يىغلىدى . ھەممە ، ھەتتا سالاھىددىن زەرگەرنىڭ ئۆزىمۇ يىغىدىن توختاپ ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى .

— نەۋرەم نېمە دېگەنىدى ؟ ئارزۇسى نېمە ئىدى ئۇنىڭ ؟ دېسەڭچۇ ، موماي ! — دېدى سالاھىددىن زەرگەر ، ئاۋازى تىترەپ . موماي يېڭىنىڭ ئۇچى بىلەن يېشىنى سۈرتۈپ :

— جېنىم نەۋرەم ، — دېدى ئۆكسۈپ ، — مۇساپىر شائىر قەلەندەر بىلەن گۆرىمىز بىر بولسۇن دېگەنىدى ···

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«مۇساپىر شائىر قەلەندەر بىلەن گۆرنىمىز بىر بولسۇن؟! يا رەببى، بۇ موماي نېمە دەيدۇ؟ ...»

بوسۇغىدا گاڭگىراپ تۇرغان ئەلى قۇشچىنىڭ خىيالىنى سالاھىددىن زەرگەرنىڭ:

— شائىر، قەلەندەر؟! — دېگەن ئاۋازى بۆلۈۋەتتى. تېخى ھازىرلا پېشانىسىگە مۇشتلاپ، گۆدەكلەردەك نالە قىلىۋاتقان بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئەتراپقا قارىدى، ئېھتىمال ھېچكىمنى تونۇمىدى.

— بۇ گەپنى نەدىن تاپتىڭ، ھەي كەمپىر!؟ مەن كىم، خوجا سالاھىددىن زەرگەرمەن. بوستانىمنىڭ گۈلى، يالغۇز نەۋرەم، كۆزۈمنىڭ نۇرى، سۆيۈملۈك نەۋرەمنى ئاشۇ گاداي بىلەن بىر يەرگە كۆممەكچىمۇ؟ نېمە دەپ ئالجىۋاتىسەن، كەمپىر؟

— جېنىم قىزىم، — دېدى موماي يىغلاپ، — جېنىم قىزىمنىڭ ئارزۇسى ...

— بەس! يالغۇز نەۋرەمنىڭ بېشىنى يېگەن شۇ گاداي ئۆزىنىڭ بېشىنىمۇ يېدى، بىتەۋپىق! ...

زەرگەر تېخى گېپىنى تۈگەتمەيلا كىشىنىڭ شاراقلىشى ئىشىتىلىپ، ئىشىكتە مەۋلانە مۇھەممەددىن پەيدا بولدى.

ئۇچىسىدىكى بوز كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى كىندىكىگىچە يىرتىلغان، قاق سۆڭەك بولۇپ قالغان بەدىنى دىر - دىر تىترىگەن، ساقال - بۇرۇتلىرىغا تۈكۈرۈك چاپلاشقان مەۋلانە مۇھەممەددىن ئىشىكتە توختاپ:

— توي؟ — دېدى بېشىنى غەلىتە لىڭشىلدىتىپ، — بۇ ئۆيدە توي بولۇۋېتىپتىمۇ، پېقىر تەكلىپ قىلىنماپتۇ - ھە!

مەۋلانە مۇھەممەددىن قورقۇنچلۇق ھىجىيىپ، بىر ئەلى قۇشچىغا، بىر جاي - جايلىرىدا داڭقېتىپ قېلىشقان ئاياللارغا قارىدى. كېيىن، تۆردە چاچلىرى چۇۋۇلۇپ ياتقان بانۇنى كۆردى - دە، چوڭقۇر پاتقان نۇرسىز كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيگەندە، تۈكۈرۈك چاپلانغان يۈزىدىكى قورقۇنچلۇق

ئىپادە ساراسىمە بىلەن، ساراسىمە بولسا قايغۇ بىلەن ئالماشتى. ئۇ يەنىلا بىر ئەلى قۇشچىغا، بىر مۇردىدەك داڭقېتىپ قالغان ئاتىسىغا قارىدى، ئاندىن ئاۋازىنىڭ بارىچە:

— قىزىم! — دەپ ۋارقىرىدى. بۇ ئاۋاز خۇددى ئۇنىڭ قاق سۆڭەكلىك بەدىنىنى تېشىپ چىققاندەك، تورۇستىكى ئالتۇن قەندىللەرنى، تەكچىلەرگە تىزىلغان سان ـ ساناقسىز زىبۇ زىننەتلەرنى ۋە ئالتۇن تاۋاقلارنى جاراڭلىتىۋەتكەندەك بولدى.

— قىزىم! يالغۇزۇم! — مەۋلانە مۇھەددىن زەنجىرلەنگەن قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە ئالدىغا ئىنتىلدى. بىراق، پۇتلىشىپ كېتىپ، بوسۇغىغا گۈپپىدە يىقىلدى ـ دە، ئوق تەگكەن قۇشتەك تېپىرلاپ قالدى.

مەۋلانىگە ئىنتىلگەن ئەلى قۇشچى ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ كىرگەن بىر نەچچە ئادەمنى كۆردى ـ دە، يۈرىكى «جىغ» قىلىپ دەرھال تاشقىرىغا چىقتى. ئۇ ھويلىغا چىقىشى بىلەنلا كىمدۇر بىرسى يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ئۇستاز! ...

ئەلى قۇشچى زورغا ھوشىنى يىغىپ، يېنىدىكى ئادەمگە قارىدى.

— مىرەم چەلەبى؟

— ئۇستاز! قەلەندەر قەرناقى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ ...

— قاچان؟ — ئەلى قۇشچى ئىختىيارسىز ھالدا كەينىگە داجىدى، — كىم خەۋەر قىلدى؟

— خەۋەرنى بابا ئۇستا يەتكۈزدى. بابا خۇپتەندە جەسەتنى ئۇرگۈتتىن ئېلىپ كېلىشىپتۇ ...

ئەلى قۇشچى تۇرغان يېرىدە دەلدەڭشىپ كېتىپ، تۇۋرۈككە تايىنىۋالدى ـ دە، تېز ـ تېز مېڭىپ ھويلىدىن چىقتى. دەرۋازىغا يېتىپ بارغاندا، مېھمانخانىدا كۆتۈرۈلگەن داد ـ پەريادنى ئىشىتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا توختىدى. تاشنى ئېرىتكۈدەك بۇ پەرياد ئارىسىدا سالاھىددىن زەرگەرنىڭ: «ئوغلۇم!» دېگەن ئاۋازى ئېنىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئەلى قۇشچى بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ دەرۋازىدىن چىقتى.

قەلەندەر قەرناقىنى بۈگۈن بامداتتا تىللابىبى ياتقان قەبرىستانغا، يەنى بۇ كۆيۈمچان ئانىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلدى. دەپنە مۇراسىمىغا مەۋلانە ئەلى قۇشچى، تۆمۈر سەمەرقەندى ئۇستا، مىرەم چەلەبى، مەۋلانە كاشى، مەرھۇمنىڭ جەسىدىنى ئۇرگۇتتىن ئېلىپ كەلگەن ئۈچ - تۆت دېھقان ۋە قالقانبەگ بىلەن بازغانبەگ باشلاپ كەلگەن بەش - ئالتە تۆمۈرچى قاتناشتى.

بىر كۈندىلا ئۆزىنى يوقىتىپ مۈكچىيىپ قالغان ئۇستا، مەرھۇمنىڭ جەسىتىنى گۆركارغىمۇ بەرمەي، لەھەتكە ئۆز قولى بىلەن قويدى، كېسەكلەرنى ئۆزى تىزىپ، ئۆزى توپا تارتتى، ئاندىن قەبرە ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇزاق تىلاۋەت قىلدى. بوۋاينىڭ قارا تۈتەك باسقان قورۇق يۈزىدە، يۇمۇق كۆزلىرىدە، ھارغىن ئاۋازىدا چوڭقۇر قايغۇ ئالامىتى بار ئىدى، ئۇ گويا مۇساپىر دەرۋىشنى ئەمەس، ئۆز ئوغلىنى ئۇزاتقاندەك بولدى. ئەلى قۇشچى بوۋاينىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىدىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئانىسىنىڭ قەبرىسى يېنىدا يەرنى تاتىلاپ ئولتۇرغىنىدا، قەلەندەر قەرناقىنىڭ تېخى تۈنۈگۈنلا خوشلاشقان چاغدىكى مەردانە قىياپىتى كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى ۋە ھەقىقەت ھەم ئادالەت توغرىسىدا ئويلىغانلىرى نېمىشقىدۇر قايتا - قايتا ئېسىگە كەلدى:

«ھەيھات! نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسەن، پەرۋەردىگارى ئالەم؟ نېمە ئۈچۈن ئادالەت قىلىچىنى بىردەم شاھزادىدەك مۇستەبىت قانخورلارنىڭ بېشىغا چاپساڭ، بىردەم بۇ مۇساپىرغا ئوخشاش بىچارىلەرنىڭ ئارزۇ - ئۈمىد رىشتىلىرىنى كېسىپ تاشلايسەن! ئۆمرى گادايلىقتا ئۆتكەن بۇ بىچارە كەمبەغەلنىڭ گۇناھى نېمە؟ ھۆكمىڭدە ئىنساپ ۋە ئادالەت بارمۇ؟ ئەگەر بار بولسا، بۇ مىسلىسىز جەبىر - جاپا نېمە ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن؟»

ئەلى قۇشچى مۈرىسىگە كىمدۇر بىرسىنىڭ قولىنى قويغانلى-

قىنى سېزىپ بېشىنى كۆتۈردى . قېشىدا مىرەم چەلەبى تۇراتتى ، ئادەملەر ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشقانىدى .

ئۇپۇق راسا ئۇلغايغان گۈلخاندەك لاۋۇلداپ ياناتتى ، يىراقتىكى قارلىق تاغلار ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشنىڭ نۇرىدا كۇمۇشتەك يالتىرايتتى ، قېرى قارىياغاچلار بىلەن ئورالغان كونا قەبرىستاننى قۇشلارنىڭ نەغمىسى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەنىدى ...

ئۇلار قەبرىستاندىن چىقىپ چوڭ يولغا كەلگەندە ، مىرەم چەلەبى بىلەن مەنسۇر كاشى توختىدى .

— ئىجازەت بەرگەيسىز ، بىز شەھەرگە قايتىمىز ، — دېدى مەنسۇر كاشى ، — سىزچۇ ، ئۇستاز ؟

— مەن ... — ئەلى قۇشچى ھاسىسىغا تايىنىپ ، مۇكچەيگىنىچە كېتىۋاتقان تۆمۈرچى ئۇستىنىڭ كەينىدىن قارىدى ، — مەن ئۇستىنىڭ يېنىدا بولىمەن . بېشىمىزغا ئېغىر مۇسىبەت كەلگەندە ، شۇ نامرات ھۇنەرۋەنلەر ياردەم قولىنى سۇنغانىدى ، ئەمدى بىزمۇ بۇ بوۋاينى يالغۇز قالدۇرمايلى .

كاشى «ماقۇل» دېگەن مەنىدە باش لىڭشىتتى .

— ياخشى ئويلاپسىز ، ئۇستاز . ئىنشائاللا ، يۇرت تىنچىپ قالۇر . شۇ چاغدا كېلىپ خەۋەر ئالىمىز ...

مەنسۇر كاشى تېخى سۆزىنى تۈگەتمەيلا ، مىرەم چەلەبى :

— ئۇستاز ! — دېدى ھاياجانلىنىپ ، — ئەمدى ئەھۋالىمىز قانداق بولۇر ؟ ... نېمە ئىش قىلىمىز ؟

ئەلى قۇشچى مىرەمنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمەي ، ئۇرگۇت تاغلىرىغا تىكىلدى . مىرەم چەلەبىگە ئۇستازى خۇددى «ئەجدىھا غار» نى ئىزدەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ، ئۇمۇ ئاپتاپتا ئاجايىپ يالتىراۋاتقان ئېگىز چوققىلارغا نەزەر سالدى . ئەلى قۇشچى چوڭقۇر تىنىۋېلىپ :

— بۇگۈنگە قەدەر نېمە ئىش قىلغان بولساق ، يەنە شۇ ئىشنى قىلىمىز ، بالام ! — دېدى ، — جەننەت ماكان ئۇستاز مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەزرەتلىرى ياندۇرغان ئىلىم مەشئىلىنى ئۆچۈرۈپ قو-

يۈش مىسلىسىز گۈناھتۇر . چۈنكى ... — ئەلى قۇشچىنىڭ ئاۋازى توساتتىن تىترەپ كەتتى ـ دە ، ئاجايىپ بىر سەممىيلىك بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — چۈنكى ، ئىلىم ئەھلىنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان مۇستەبىت شاھلار كېلىپ ـ كېتىپ تۇرۇۋېرىدۇ ، ئەمما بۇ ماكان ، بۇ ئەمگەكچان خەلق ئەبەدىلئەبەد ياشايدۇ . يۇرت ھۆرمىتى ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلار ھۆرمىتى ئۈچۈن ، ئۇستاز باشلىغان بۇ ئۇلۇغ ئىشنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىش لازىم ، ئوغلۇم .

ئەلى قۇشچى مىرەم چەلەبىنى ھاياجان بىلەن قۇچاقلاپ ، ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى .

ئۇلار قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى . مىرەم چەلەبى بىلەن مەنسۇر كاشى شەھەرگە قاراپ يول ئالدى ، ئەلى قۇشچى بولسا تۆمۈر سەمەقەندى ئۇستىنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى ...

سەككىز يۈز يەتمىش ئىككىنچى ھىجرىيە يىلىنىڭ كۈز كۈنلىرىدىن بىرى ئىدى . ناشتىنى سەمەرقەندتە قىلىپ يولغا چىققان يۈز تۆگىلىك چوڭ كارۋان ، پېشىن بىلەن داردامدىن ئۆتۈپ ، پايانسىز بىر تۇزلەڭلىككە چىقتى . بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن باغلار ، زىچ جايلاشقان مەھەللە ـ كەنتلەر ئارقىدا قېلىپ ، ئالدىدىكى تۇپتۇز چۆل تاكى يىراق ـ يىراقلاردىكى تاغلارغىچە سوزۇلۇپ ياتاتتى ، پەقەت ئۇ يەر ـ بۇ يەردىكى پاكار ـ پاكار دۆڭلەر ، يېرىم خارابىگە ئايلانغان كونا قورغانلار ، بەش ـ ئالتە ئۆيدىنلا ئىبارەت بولغان كىچىك ـ كىچىك مەھەللىلەر كۆزگە چېلىقاتتى .

كارۋاننىڭ ئالدىدا ، يەنى بويۇنلىرىغا ئاپتاپتا ۋال ـ ۋۇل قىلىپ تۇرغان مىس قوڭغۇراقلار ئېسىلغان تۆگىلەرنىڭ ئالدىدا تۆت نەپەر سۇۋارى ئات ئويىنىتىپ كېتىۋاتاتتى ، كارۋاننىڭ كەينىدىمۇ تۆت نەپەر نۆكەر مۇھاپىزەتچىلىك قىلىپ كېتىۋاتاتتى . تەخمىنەن يېرىم پەرسەخ يەرگىچە سوزۇلغان بۇ چوڭ كارۋان ئەھلى ئارىسىدا زەرباپ ۋە كىمخاب تون كىيىشكەن سودىگەرلەر ، بالا ـ چاقىلىرىنى سايىۋەنلىك ھارۋىلارغا ئولتۇرغۇزۇپ ، ئۆزلىرى ئات

ئوينىتىپ كېتىۋاتقان ھاكاۋۇر بەگ ـ تۆرىلەر، ئېشەك ۋە قېچىر مىنگەن پۇقرالار ۋە ھەتتا باشلىرىدىكى كۇلاھلىرىنى لىكىلدىتىپ، ھەمدۇ سانا ئوقۇغىنىچە پىيادە كېتىۋاتقان دەرۋىشلەرمۇ بار ئىدى.

كارۋاننى ئۇزىتىپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا باشلىرىغا مۇدەر-رىسلەر كىيىدىغان ئۇچلۇق قارا مەخمەل تەقىيە كىيىپ، ئۇستىدىن كىچىكرەك سەللە ئورىغان، ئۇچىلىرىغا بولسا قارا چەكمەن سىرتە-دىن ئاق جىلىتكە كىيىۋالغان ئىككى كىشى ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى يىپشى يەتمىشلەرگە بېرىپ قالغان بولسى-مۇ، ناھايىتى ساغلام، قاردەك ئاپئاق قىسقا ساقىلى ئۆزىگە بەكمۇ ياراشقان، كۆزى ئۆتكۈر، خۇش چىراي بىر بوۋاي بولۇپ، يەنە بىرى ئەللىكتىن ئاشقان، لېكىن بۇرۇت ـ ساقاللىرىغا تېخى ئاق سانجىمىغان بىر مويسىپىت ئىدى.

بوزرەڭ ئېتىنى بىرخىل يورغىلىتىپ كېتىۋاتقان ئورۇق، ئەمما سالاپەتلىك بوۋاي قارامتۇل كەلگەن چىرايىغا ياراشقان قويۇق قاشلىرىنى يىمىرىپ، گاھ ئارقىسىغا، يەنى باغلارنىڭ كەينىدە قالغان سەمەرقەندكە تىكىلسە، گاھ ئوڭ قول تەرەپتىكى ئۇرگۇت تاغلىرىغا قادىلىپ قارايتتى. ئۇ خۇددى بىرنېمىدىن بىئارام بولۇۋاتقاندەك چوڭقۇر پاتقان ئويچان كۆزلىرىدە ھەم قاتتىق بىر قايغۇ، ھەم ئاللىقانداق تەرەددۇت ئەكس ئېتەتتى…

كارۋان ئالدى تەرەپتىكى ئانچە ئېگىز بولمىغان بىر دۆڭگە يېتىپ چىققاندا، يىراقتا «قاراقچى تۆپە» دېگەن يېزا كۆرۈندى ـ دە، بوۋاي ئېتىنىڭ بېشىنى سولغا بۇراپ، چوڭ يولدىن يىراقلاشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېنىدىكى ھەمراھىمۇ ئېتىنىڭ بې-شىنى بۇرىدى. لېكىن، ئۇلار چوڭ يولدىن تېخى ئانچە يىراقلاپ كەتمەيلا، ئاتلىق نۆكەرلەردىن بىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىش-تى.

— مەۋلانە ئەلى قۇشچى، نەگە بارىسىز؟

ئالدىدا كېتىۋاتقان ئاق ساقاللىق، قەددى ـ قامىتى كېلىش-كەن بوۋاي بۇرۇلۇپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، لەۋلە-

ىرگە مەسخىرىلىك تەبەسسۇم يوگۈردى :
— قورقماڭ ! قېچىپ كەتمەيمەن ! چۈنكى بۇ يۇرتتىن كې-
تىشنى ئۆزۈم ئىختىيار قىلغانمەن .
ياساۋۇل خىجىل بولغاندەك ، تامىقىنى قىرىپ :
— كارۋاندىن ئايرىلىپ قالمىسۇن دەپ ، ئەندىشە قىلىۋاتا-
مەن ، مەۋلانە ، — دېدى .
— كارۋان «قاراقچى تۆپە» دە تۈنەمدۇ ؟
— تۈنەيدۇ !
— بىر رەكەت ناماز ئوقۇۋېلىپ ، يېتىشىۋالىمەن .
ياساۋۇل ئېتىنىڭ بېشىنى زورغا بۇراپ ، چوڭ يولدا ئۇزاپ
كېتىۋاتقان كارۋاننى قوغلاپ كەتتى .
ئەلى قۇشچى ئالىقىنىنى قېشىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ، ئۇرگۈت
تاغلىرىغا ئۇزاق تىكىلىپ تۇردى ، ئاندىن قاتتىق خورسىنىپ ئات-
تىن چۈشكەچ :
— مەۋلانە كاشى ! — دېدى يېنىدىكى ھەمراھىغا
يۈزلىنىپ ، — مىرەم چەلەبى مۇشۇ يەرگە كەلمەكچى . سىز ئۇنى
كۈتۈپ تۇرسىڭىز ، كەمىنە ھازىر قايتىپ كېلىمەن ...
ئەلى قۇشچى ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى مەنسۇر كاشىغا تۇت-
قۇزدى - دە ، ئۆزى دۆڭ باغرىدىكى شىۋاقلىققا قاراپ ماڭدى...
«ھەي دەرىخ ! دەل مۇشۇ جاي ، مۇشۇ خىلۋەت يەر !»
ھەئە ، ئاشۇ چاغمۇ خۇددى ھازىرقىدەك كۈن ئولتۇراي دەپ
قالغان كەچكى پەيت ئىدى . كەچ كۈز بولسىمۇ ، ئاسمان بىغۇبار ،
كۈن ئىللىق ئىدى ... ئۇ چاغدا رەھمەتلىك قەلەندەر قەرناقىمۇ
ھايات ئىدى . ئۇلار دەسلەپتە پەسكە ، يوشۇرۇن جايغا قاچقان بول-
سىمۇ ، كېيىن ئۇستازنى تونۇپ قېلىپ ، ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى
كەينىگە بۇرىغانىدى . ئۇستازمۇ (پاكىزە روھى جەننەت گۈلشەنىدە
خۇشال بولغاي ! ) ئۇلارنى تونۇپ ، ئات چاپتۇرۇپ كەلگەنىدى .
ئۇلار دەل مۇشۇ شىۋاقلىقتا ئۇزاققىچە قۇچاقلىشىپ تۇرغان ، ئۇس-
تاز كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئاققان ھالدا ئۇنىڭغا ئاخىرقى ۋەسىيە-

تتنى قىلغان ۋە ئاخىرقى ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ئىزهار قىلىپ ۋىدالاشقانىدى . ئەتىسى بولسا ، شۇم خەۋەر پايتەختنى ، ھەتتا پۈت-كۈل ماۋەرائۇننەھرنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنىدى .

تووۋا ! شۇ زامانلار ئۆتكىنىگە سەل كەم يىگىرمە يىل بوپتۇ ! بۇ ئارىدا قانچە سۇلار ئېقىپ كەتتى ، نى ـ نى ۋەقەلەر يۈز بەردى ، نى ـ نى ئادەملەر ئالەمدىن ئۆتتى . ئەمما ، بۇ يەر ، بۇ ئاسمان ، نېپىز تۇمان بىلەن قاپلانغان بۇ ئېگىز تاغلار ... شۇ چاغلاردا قانداق بولسا ، هازىرمۇ شۇنداق تۇرۇپتۇ . گويا يىگىرمە يىل ئەمەس ، يىگىرمە كۇنمۇ ئۆتمىگەندەك ، ئۇستازنىڭ غەمكىن چىرايى ، غەمگە تولغان ئويچان كۆزلىرى ئەلى قۇشچىنىڭ كۆز ئالدىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمەيتتى ، كۆزىنى بىردەم يۇمسا ، ئۇنىڭ بېسىق ھەم مۇڭ-لۇق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتى ... ئاشۇ چاغدا ، يەنى بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن ، ئۇستاز دەل مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ، ئەلى قۇشچى بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالاشقاندا ، بۇ ئەلگە قايتىش ، بۇ يۇرت ، بۇ ماكاننى قايتا كۆرۈش نېسىپ بولامدۇ ـ يوق دەپ غەم يىگەنىدى ، بۇ ئوي ، بۇ تەشۋىشتىن ئۇنىڭ كۆڭلى ۋەيران ئىدى . مانا ئەمدى ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ شۇ ئوي ، شۇ غەم بىلەن بەند بولۇۋاتى-دۇ . سەمەرقەندتىن كېتىش قارارىغا كەلگەندىن بۇيان ، بۇ غەم ئۇنىڭ خىيالىدىن كېچە ـ كۇندۇز نېرى كەتمەي ، يۈرىكىنى قان قىلاتتى . لېكىن ، نېمە چارە ؟ ئۇ قۇتلۇق زات ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ماۋەرائۇننەھر ئاسمىنىنى قاپلىۋالغان قارا بۇلۇتلار تارقاپ كېتەرمىكىن دېگەن ئۈمىدتە يىگىرمە يىل ئۆتتى ، يىگىرمە يىل زۇلمەت ئىچىدە ياشاپ بولسىمۇ ئۇستازنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشتى ، بىدئەتچى ۋە خۇراپاتچى ئۇنسۇرلاردىن يوشۇ-رۇپ يۈرۈپ ، ئۇستازنىڭ كىتابلىرىنى شەرھلەپ تۈگەتتى ، ئىلمىي رىيازىيات ۋە ئىلمىي فەلەكىيات ھەققىدە رىسالىلەرنى يازدى ، قىس-قىسى ، ئۇستاز باقىقان ئىلىم مەشئىلىنى ئۆچۈرمەسلىككە تىرىشتى ... گاھ ئەبۇ سەئىد مىرزا ، گاھ ئىشان خوجا ئەھرار مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ ، ئۇنى يوشۇرۇلغان كىتابلارنى تېپىپ بې-

www.uyghurkitap.com

رىشكە دەۋەت قىلدى؛ گاھ يۈكسەك مەرتىۋە بېرىشكە ۋەدە قىلىشسا، گاھ تەھدىت سېلىشتى، ئەلى قۇشچى ھەممىگە چىدىدى، نامراتلاشسىمۇ، كاتتا ئىنئاملارغا ئالدانمىدى؛ ئۇستازغا بەرگەن ۋەدىسىدىن قايتمىدى، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىمىدى. بىراق، بۇنىڭدىن نىمە پايدا؟ ئۇستازنىڭ ئىلمىي فەلەكىيات ساھەسىدە ياراتقان بۈيۈك ئەسەرلىرى تېخىچە جاھان ئىلىم ئەھلى بىلەن يۈز كۆرۈشمىدى. شۇ ساپ نىيەتلىك ئۇستاز مىرزا ئۇلۇغبەگ يازغان رىسالىلەرنى، ئىلىم بابىدا ياراتقان ئۇلۇغ كەشپىياتلىرىنى جاھانغا تارقىتىش ۋە ئىلىم ئەھلىگە يەتكۈزۈش ئىستىكى ئەمدى ئۇنى ئانا يۇرتىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى. ئانا يۇرتىنى؟ ياق، ئۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن بۇ تۇپراقنى، بارچە ئەجدادلىرى، سۆيۈملۈك ئانىسى تىللابىبى ياتقان بۇ يۇرتنى ئەمەس، ئەلنى زۇلمەت قوينىغا تاشلىغان خاقانلارنى، ئىلىم ئەھلىگە قىلىچ كۆتۈرگەن جاھىل ئۇنسۇرلارنى تاشلاپ كەتمەكتە! ئۇ ئۇستازنىڭ ئەسەرلىرىنى جاھان ئىلىم ئەھلىگە يەتكۈزمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ دەپ ئەندىشە قىلغانىدى. خەيرىيەت، ئابدۇراخمان جامى بىلەن مىر ئەلىشىر نەۋائى ھەزرەتلىرى ھىراتتا تۇرۇپ ياردەم قوللىرىنى سۇندى ۋە ماۋەرائۇننەھر چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىشكە ئىجازەتنامە ئېلىپ بەردى. مەۋلانە ئەلى قۇشچى ئۇ زاتى شەرىپلەرگە كۆڭلىدە رەھمەت ئېيتىپ ۋە دۇئا قىلىپ سەپەرگە ئاتلاندى ... ئەمما، يەنە شۇ ئوي، شۇ تەشۋىش ئۇنىڭ كۆڭلىنى ۋەيران قىلدى: كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن بۇ زېمىنغا، سۆيۈملۈك ئانا يۇرتۇمغا، ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، سەل كەم يەتمىش يىل ياشىغان بۇ ئەلگە، بۇ ئەمگەكچان خەلقىم ئارىسىغا قايتىپ كېلىش نېسىپ بولۇرمۇ، يا قالغان بەش كۈنلۈك ئۆمرۈم سەرسانلىقتا ئۆتۈپ، ئۆلۈكۈم مۇساپىر يۇرتىدا قالۇرمۇ، دېگەن ئوي ئۇنى لەرزىگە سالاتتى ... مانا ھازىرمۇ جەننەت ماكان ئۇستاز بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالاشقان بۇ يەرنى، ئۇنىڭ تەۋەررۈك ئىزى قالغان بۇ شىۋاقلىقنى كۆرگىنىدە كۆڭلى باشقىچە بولۇپ يۈكۈندى - دە، قىبلىگە قاراپ

سەجدىگە باش قويدى .

«ئېھ ، پەرۋەردىگارى ئالەم ! مۇساپىرلىقتا بېشىمغا نېمىلا كۈلپەتلەرنى سالساڭ رازىمەنكى ، ئەمما ئۆلۈكۈمنى بۇ تۇپراقتىن مەھرۇم قىلمىغايسەن ! ... »

مەۋلانە ئەلى قۇشچى كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ ئۇزاق ئولتۇردى . كېيىن رەھمەتلىك تۆمۈر سەمەرقەندى ئۇستا ياساپ بەرگەن پولات پىچىقى بىلەن يەرنى كولاپ بىر سىقىم توپا ئالدى . بۇ توپىنى تۇنۇگۈن ئانىسى تىللابىبىنىڭ قەبرىسىدىن ئالغان بىر سىقىم توپىغا قوشۇپ بېلىگە چىگدى ـ دە ، ئورنىدىن تۇردى ۋە چوڭ يولدىن چۇشۇپ كېلىۋاتقان ئىككى ئاتلىق كىشىنى كۆردى . ئاتلىقلارنىڭ بىرسى مەنسۇر كاشى ، يەنە بىرسى ئوتتۇز بەش ـ قىرىق ياشلار چامىسىدىكى سېرىق ساقال ، كۆك كۆز مۇدەررىس ئىدى .

ياش مۇدەررىسنى كۆرۈپ ، ئەلى قۇشچىنىڭ چىرايىدىكى غەمـ كىنلىك ئىللىق بىر تەبەسسۇم بىلەن ئالماشتى ـ دە ، ئاتلىقلارنىڭ ئالدىغا چىقتى . ئۇنى كۆرگەن ياش مۇدەررىسمۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ، قول قوۋۇشتۇردى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئۇستاز !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، ئوغلۇم مىرەم ! — ئەلى قۇشچى بىر ياش مۇدەررىسكە ، بىر ئىگەرنىڭ ئۇستىدىكى ئىككى تەرىپى كۆپۈپ تۇرغان خۇرجۇنغا قارىدى ، — قانداق ، «ئەجدىھا غار» تىنچلىقمۇ ؟

— تىنچلىق ، ئۇستاز ، تىنچلىق !— دېدى مىرەم چەلەبى مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ ، — ئۇستازنىڭ ساندۇقىنى ئاچـ تىم . بارچە قوليازمىلاردىن بىر نۇسخىدىن ، «زىجى كۆرەگانىي» دىن ئۈچ نۇسخا ئالدىم ، مەۋلانە ...

— جەننەت ماكان ئۇستاز قازىزادە رۇمىنىڭ ئەسەرلىرى ئېسىڭدىن چىقىپ قالمىغاندۇ ، ئوغلۇم ؟

— ياق ، ئۇستاز . ئۇل زاتى ئالىينىڭ «رىيازىيات» دېگەن

ئەسىرىدىن بىر نۇسخا ، غىياسىددىن جەمشىت ھەزرەتلىرىنىڭ «ھەندەسە» ناملىق ئەسىرىدىن بىر نۇسخا ئالدىم ، ئۇستاز ...

— بارىكاللا ، ئوغلۇم ! — دېدى ئەلى قۇشچى ، — ھەممە ساندۇقلار جايىدىمىكەن ؟

— جايىدىكەن ، ئۇستاز !

— غارنىڭ ئاغزىنى ياخشى ئەتتىڭمۇ ؟

— ئەتتىم ، ئۇستاز ...

— بەللى ، ئوغلۇم . خۇرجۇننى ئېتىمغا ئارت ! — ئەلى قۇشچى نېپىز تۇمان ئارىسىدا غىل - پال كۆرۈنۈپ تۇرغان يىراق-تىكى تاغلارغا تىكىلدى . ئۇ گويا ئېگىز چوققىلار ئارىسىغا يوشۇ-رۇنغان «ئەجدىھا غار» نى كۆرمەكچى بولغاندەك ئۇزاق قادىلىپ قارىدى . لېكىن ، كۈن ئولتۇرغان ، بايىقى شالاڭ بۇلۇتلار كۆپە-يىپ تاغ چوققىلىرىنى قاپلىۋالغانىدى .

ئەلى قۇشچى قاتتىق خورسىنىپ ، ئۇدۇلىدا باش ئېگىپ تۇر-غان شاگىرتلىرىغا قارىدى ۋە خۇددى ئۆز - ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقان-دەك ، ئاستا سۆزلىدى :

— ھازىرغىچە ئېسىمدە بار . ئاشۇ پالاكەتلىك كېچىدىن سەل بۇرۇن ، ئۇستاز بىلەن دەل مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىپ ، مۇشۇ يەردە ۋىدالاشقانىدۇق . رەھمەتلىك ئۇستاز بۇ ئېسىل خەزىنىنى ساقلاش-نى مېنىڭ زىممەمگە تاپشۇرغانىدى . ئەمدى مەن بۇنى ئىككىڭ-لارغا ، ئىككىڭلارنى ئاللاغا تاپشۇرىمەن ... ئەبەدىلئەبەد ئېسىڭلاردا بولغايكى ، ماۋەرائۇننەھر دانىشمەنلىرىنىڭ ئەقىل جەۋھەرلىرى توپلانغان ، كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان بۇ خەزىنە كەلگۈسى ئەۋلاد-لار ۋە يىراق پۇشتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ . چۈنكى ، ماۋەرا-ئۇننەھرنى قاپلىغان بۇ زۇلمەت ھەرقانچە ئۇزۇنغا سوزۇلسىمۇ ، ئاخىر بىر كۈنى بۇ قارا بۇلۇتلار تارقاپ ، كۈن چىقىدۇ ... مەن چېغىمدا ماۋەرائۇننەھرنى قاپلىغان بۇ زۇلمەت تارقىغان كۈنى قايتىپ كېلىمەن دېگەن ئۈمىدتىمەن . ۋە لېكىن ، قايتىپ كېلەل-مەي ، مۇساپىرچىلىقتا ئالەمدىن ئۆتسەم ، بۇ خەزىنىنى كۆز قارى-

چۆقۇڭلارنى ئاسرىغاندەك ئاسراڭلار ، كېيىن ، ئىشەنچلىك شا-
گىرتلىرىڭلارغا تاپشۇرۇڭلار ، ئۇلارمۇ ئۆز شاگىرتلىرىغا تاپشۇر-
سۇن . شۇ يوسۇندا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قېلىپ ، ئېلىمىز ئاسمىنى-
غا كۆن چىققاندا ياشايدىغان بەختلىك ئەۋلادلارغا يېتىپ
بارسۇن ... سىلەردىن كۈتىدىغان بىردىنبىر ئۈمىدىم شۇ . پېقىر
سىلەردەك شاگىرتلىرىمدىن مىڭ مەرتە رازىمەن . ئەگەر پېقىر
ئاجىز بەندە دىلىڭلارغا ئازار بېرىپ قويغان بولسام ، رازى
بولغايسىلەر...

— رازىمىز ، ئۇستاز !

— تۈمەن مىڭ رازىمىز ! ...

ئەلى قۇشچى ئاۋۋال مەنسۇر كاشى بىلەن ، كېيىن مىرەم
چەلەبى بىلەن قۇچاقلىشىپ ۋىدالاشتى . ئەلى قۇشچى كۆز ياشلىرى-
نى يوشۇرماي يۈم - يۈم يىغلاۋاتقان سۆيۈملۈك شاگىرتى مىرەم
چەلەبىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈۋاتقىنىدا ، ئۇستازى مىرزا ئۇلۇغبەگ-
نىڭ كۆزىگە ياش ئېلىپ ، ئۇنى قۇچاقلىغىنىچە ئۇزاق ۋىدالاشقىنى
ئېسىگە كېلىپ ، گېلىگە بىرنېمە تۇرۇپ قالغاندەك «غۇرت» قى-
لىپ يۇتۇندى ...

مىرەم چەلەبى بىلەن مەنسۇر كاشى ئۇنى چوڭ يولغىچە ئۇزى-
تىپ قويدى . ئەلى قۇشچى دۆڭگە چىققۇچە كەينىگە قاراپ - قاراپ
ماڭدى . دۆڭگە چىققاندىن كېيىن ، پۈتلىرىنى ئۈزەڭگىگە تىرەپ
تۇرۇپ ، ئاخىرقى قېتىم كەينىگە قارىدى .

شاگىرتلىرى پەستە قول پۇلاڭلىتىپ تۇراتتى ، سەمەرقەند ،
سەمەرقەندلا ئەمەس ، يېقىن ئەتراپتىكى باغلارمۇ كۆرۈنمەي ، گويا
پۈتكۈل ئالەم ئۇنىڭ تاراملاپ ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىغا غەرق
بولغاندەك تۇيۇلاتتى . ئەلى قۇشچى قولىنى ئاخىرقى قېتىم پۇلاڭ-
لىتىپ شاگىرتلىرى بىلەن ۋىدالاشتى - دە ، كۆز ياشلىرىنى سۈر-
تۈپ ئېتىنىڭ بېشىنى داۋانغا بۇرىدى ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب تاشكەنت ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 1980 ـ يىلى 3 ـ نەشرى، 1980 ـ يىلى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据塔什干文艺出版社1980年第3版，1980年第1次印刷本翻译出版。

# ئۇلۇغبەگ خەزىنىسى

**ئاپتورى:** ئادىل ياقۇپوف (ئۆزبېكىستان)
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئارسلان ئابدۇللا
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** مۇنارجان توختاخۇن
**مۇھەررىرى:** پاتىگۇل مىجىت
**مەسئۇل كوررېكتورى:** گۇلشەھەر نىغمەت
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۇچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991 − 2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 15.5
**قىستۇرما ۋارىقى:** 2
**نەشرى:** 2006 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2013 ـ يىلى 11 ـ ئاي 3 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 4001 − 7000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 − 7 − 228 − 09935 − 1
**باھاسى:** 32.00 يۈەن